ۋ.گ.يان

# چىڭگىزخان



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

成吉思汗/(前苏)维·格· 扬著;《成吉思汗》编译组.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2006.3
ISBN 7-228-09906-0

Ⅰ.成… Ⅱ.① 扬… ② 成… Ⅲ.历史小说—前苏联—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I512.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 022359 号

责任编辑:艾尔肯·希力甫
责任校对:阿达莱提·买合苏提
封面设计:米尔扎提·阿布都拉·塔吉

成吉思汗(维吾尔文)

〔前苏〕维·格·扬 著

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230 毫米 32 开本 16.375 印张 2 插页
2006 年 4 月第 2 版 2006 年 4 月第 1 次印刷
印数:1—3000

---

ISBN 7-228-09906-0 定价(平装):30.00 元

# سالام كىتابخان

قانىتى بولمىسا ، لاچىنمۇ ئاسماندا بىكار ، ئېتى بولمىسا كىشىمۇ يەردە ناكار .

ھەرقانداق ھادىسە سەۋەبسىز بولمايدۇ ، تۈگۈننىڭ ئۇچى تېپىلسا ، ئۇنى يەشكىلى بولىدۇ . كەڭ دۇنيادا توغرا تاشلانغان قەدەم ساياھەتچىنى كۆزلىگەن نىشانغا يەتكۈزىدۇ ، خاتالىشىش ۋە بىغەملىك بولسا ئۇنى ئۆلۈم قۇچىقىغا ئېلىپ بارىدۇ .

ئەگەر كىشى ۋولقان ئېتىلىپ ئۆز يېزىسىنى ۋەيران قىلىۋاتقانلىقىنى ، مەزلۇم خەلقنىڭ زوراۋان ھاكىمغا قارشى قوزغىلىڭىنى ياكى نامەلۇم ۋە باشباشتاق خەلقنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە باستۇرۇپ كىرىۋاتقانلىقىغا ئوخشاش پەۋقۇلئاددە ۋەقەلەرنى كۆرسە ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ قالدۇرۇشى كېرەك . ئەگەر ئۇ ھېكايە سۆزلەرنى قەلەم ئۇچى بىلەن تىزىش سەنئىتىدىن خەۋەرسىز بولسا ، ئۆز ئەستىلىكلىرىنى تەجرىبىلىك بىر قەلەمكەشكە سۆزلەپ بېرىشى كېرەك . قەلەمكەش بۇنى ياخشى قەغەزگە يېزىپ ، نەۋرە - چەۋرىلىرىگە قالدۇرسۇن .

ئاجايىپ ۋەقەلەرنى باشتىن كەچۈرگەن تۇرۇقلۇق بۇ ھەقتە سىر ساقلاپ ئۆتۈپ كەتكەن كىشى ئۆلۈمنىڭ سوغۇق قوللىرى بېشىغا تېگىپ تۇرغان ھالىتىدە خۇددى قىممەتلىك بۇيۇمنى چاپانغا ئوراپ چوڭقۇر يەرگە كۆمۈۋەتكەن بېخىل ئادەمگە ئوخشايدۇ .

بىراق ، قومۇش قەلەمنى ئۇچلاپ دۇۋەتكە چىلاۋېتىپ ئىككىلىنىپ قالدىم ... خەلقلەرنى رەھىمسىز يوسۇندا قىرغان چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ۋەھشىي قوشۇنى توغرىسىدا ھەقىقەتنى سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن ، مېنىڭ سۆز ۋە قۇدرىتىم يېتەمدىكىن ؟ بۇ ۋەھشىيلەرنىڭ شىمالىي سەھرا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كېلىشى ، بۇ قوشۇننىڭ بېشىدا سېرىق ساقال ھاكىمنىڭ ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈ-

شى ، جاھىل قوشۇننىڭ ھارماس ئاتلاردا مىڭلىغان كىشىلەرنى
خانىۋەيران قىلىپ ماۋەرائۇننەھر[1] ۋە خارەزمنىڭ تىنچ ۋادىلىرىدىن
ئۆتۈشى ، ھەر قەدەمدە يېڭى دەھشەتلەر تۇغدۇرۇشى شۇنداق مۇد-
ھىش ئىدىكى ، ئادەملەر بىر - بىرلىرىدىن : «بۇ يېنىۋاتقان يېزى-
لارنىڭ ئىسى بىلەن قاپلانغان ئاسماننىڭ يۈزىنى كۆرگىلى بولامدى-
كىن ياكى شۇنىڭ بىلەن دۇنيا تۈگەمدىكىن ؟» دەپ سورىشاتتى .

كۆپ كىشىلەر مەندىن چىڭگىزخان ۋە موڭغۇللارنىڭ ئىستىلا-
سى توغرىسىدا بىلگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمدىن بىر نەرسە يېزىپ
قالدۇرۇشۇمنى ئىلتىماس قىلىشتى . مەن خېلى ۋاقىتقىچە ئىككى-
لىنىپ يۈردۈم ... ئەمدى جىم يۈرسەم بولمايدۇ ، دېگەن پىكىرگە
كەلدىم ، شۇنىڭ ئۈچۈن يەر يۈزىدە بولغان ، پۈتۈن ئىنسانىيەت
بېشىدىن كەچۈرگەن ، بولۇپمۇ خارەزمنىڭ بەختسىزلىككە دۇچار
بولغان دالىلىرىدا تىنچ مېھنەت قىلىپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ بېشى-
غا چۈشكەن چوڭ كۈلپەتلەرگە ئوخشاش تارىختا مىسلى كۆرۈلمە-
گەن ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەشنى قارار قىلدىم .

بەك يىراقلاپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ، سۆزۈمنى شۇ يەردە تۈگە-
تەي . يازغانلىرىمنىڭ ھەممىسى راست ئىكەنلىكىنى قەبرىلارمۇ
تەستىقلىشار .

تىرىشچان ۋە چىداملىق كىشىلەر باشلىغان ئىشلىرىنىڭ را-
ھىتىنى كۆرۈشىدۇ ، بىلىم كويىغا چۈشكەن كىشىلەر ئۇنى تاپماي
قويۇشمايدۇ ...

---

[1] ماۋەرائۇننەھر — ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جاينىڭ
ئىسمى . «تۈركىستان» دېگەن نامنى ئۇ ۋاقىتلاردا تېخى بىلمەيتتى ، خارەزم ئامۇ دەرياسى
ۋادىسىدا مەۋجۇت بولغان دۆلەت . VII ئەسىردە خارەزمگە ئارال دېڭىزىدىن تارتىپ تا ئىران
قولتۇقىغىچە بولغان ناھايىتى ئۇزۇن جاي بويسۇناتتى . قەدىمكى خارەزمنىڭ مەدەنىيىتى
توغرىسىدا پروفېسسور س . پ . تولستوف تەكشۈرۈشلىرىگە قارالسۇن .

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى كىتاب


بۈيۈك خارەزمدە خاتىرجەملىك ........................ 1

بىرىنچى قىسىم دەرۋىش توندا ........................ 3
بىرىنچى باب ئالتۇن لاچىن ........................ 3
ئىككىنچى باب كۆچمەنىڭ قارا ئۆيىدە ........................ 9
ئۈچىنچى باب چۆل يىگىتى ........................ 15
تۆتىنچى باب ھەق ھۆكۈم چىقارغۇچى ھاكىم ........................ 21
بەشىنچى باب ئارزۇ قىلىنغان دەرۋازا ........................ 26
ئالتىنچى باب شاھنىڭ سەلنامىچىسى ........................ 30

ئىككىنچى قىسىم خارەزم شاھ قۇدرەتلىك ۋە دەھ-
شەتلىك ........................ 41
بىرىنچى باب ئەتىگەنلىكى سارايدا ........................ 41
ئىككىنچى باب ئۇلۇغ ئىسكەندەرگە «نۆبە» ........................ 49
ئۈچىنچى باب غەزەپ كىنەزى ........................ 55
تۆتىنچى باب تىكىلگەن كۆلەڭگە ........................ 60
بەشىنچى باب سېخىيلىق ........................ 65
ئالتىنچى باب تۈركەن خاتۇن پىتىنىسى ........................ 71
يەتتىنچى باب ھەرەم ئەسىرى ........................ 78
سەككىزىنچى باب «قايغۇ ئەلچىسى»مۇ خۇش خەۋەر كەلتۈ-
رەلەيدۇ ........................ 83
توققۇزىنچى باب ئەيىبلەنگەن ۋارىس بىغدا ........................ 92

## ئۈچىنچى قىسىم ئىرغىز دەرياسى بويىدا ئۇرۇش


ئۈچىنچى قىسىم ئىرغىز دەرياسى بويىدا ئۇرۇش ........................ 103
بىرىنچى باب دەشتى قىپچاقتا يۇرۇش ........................ 103
ئىككىنچى باب نامەلۇم قەبىلە بىلەن ئۇرۇش .................. 113

تۆتىنچى قىسىم دۈشمەن چېگرىدا ........................ 125
بىرىنچى باب موڭغۇل قوشۇنى ھۇجۇمغا تەييار .................. 125
ئىككىنچى باب شەرق ھۆكۈمرانىنىڭ ئەلچىسى ........................ 128
ئۈچىنچى باب شاھنىڭ ئەلچى بىلەن كېچىسى قىلغان سۆھبىتى ........................ 133
تۆتىنچى باب چىڭگىزخان توغرىسىدا ئەلچى نېمىلەرنى دېدى ........................ 137
بەشىنچى باب ئۇلۇغ قاغان ئەلچىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلايدۇ ........................ 149
ئالتىنچى باب چىڭگىزخان تەشۋىشلەنگەن كېچە .................. 152
يەتتىنچى باب قولان خاتۇن ئۆيىدە ........................ 157
سەككىزىنچى باب قاغان بارماق بىلەن سانايدۇ .................. 163
توققۇزىنچى باب يوقالغان كارۋان ........................ 167
ئونىنچى باب ئەلچىگە ئۆلۈم يوق ........................ 171
ئون بىرىنچى باب چىڭگىزخان غەزەپلەندى ........................ 174
ئون ئىككىنچى باب مەكتۇپ يېزىش يوللىرى توغرىسىدا ........................ 181

بەشىنچى قىسىم نامەلۇم ئەلنىڭ ھۇجۇمى ........................ 189
بىرىنچى باب كىم ئۆزىنى ھىمايە قىلمىسا، ھالاك بولىدۇ ........................ 189
ئىككىنچى باب قۇربان قىزىقچى ........................ 196
ئۈچىنچى باب ئۇرۇش باشلاندى ........................ 205

تۆتىنچى باب  ئەسكەرنى ئۇنىڭ ئۆتكۈر قىلىچى ساقلايدۇ ........................................ 210
بەشىنچى باب . بويسۇنماس تېمۇر مەلىك ............................ 216
ئالتىنچى باب  موڭغۇللار چۆل بويلاپ كەلمەكتە .................. 220
يەتتىنچى باب  قامال قىلىنغان بۇخارادا ............................. 223
سەككىزىنچى باب  بۇخارا ئۇرۇشماي تەسلىم بولدى ............ 230
توققۇزىنچى باب  «كەرۋەن چۆللىرى قانداق ياخشى - ھە» ........................................ 236


## ئىككىنچى كىتاب


موڭغۇل قامچىسى ئاستىدا ........................................ 247

بىرىنچى قىسىم  خارەزم ئۈستىدە بوران ...................... 249
بىرىنچى باب  قورالىنى تاشلىغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي ...... 249
ئىككىنچى باب  سەمەرقەند سەركەردىلىرى شەھەرنى بەردى ........................................ 256
ئۈچىنچى باب  خارەزم شاھ ھېچقانداق يەردە تىنچلىق تاپالمىدى ........................................ 261
تۆتىنچى باب  ئەبېسكۇن دېڭىزىنىڭ بىر ئارىلىدا ......... 268
بەشىنچى باب  قۇربان قىزىقچى ئۆيىگە كەتتى ................ 275
ئالتىنچى باب  قۇربان بالا - چاقىلىرىنى ئىزدەيدۇ ....... 281
يەتتىنچى باب  تۈركەن خاتۇننىڭ قېچىشى .................... 285

ئىككىنچى قىسىم  بۈيۈك خارەزمنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ........................................ 289
بىرىنچى باب  جالالىددىن چىڭگىزخاننى ئۇرۇشقا چاقىردى ........................................ 289
ئىككىنچى باب  سىند بويىدىكى ئۇرۇش ......................... 295

ئۈچىنچى باب ھاجى رەھىم مىرزا بولدى ........................ 299
تۆتىنچى باب «قارا ئاتلىق» ............................................ 305
بەشىنچى باب ھاجى رەھىمنىڭ سۆزلىگەن چۆچىكى ...... 312
ئالتىنچى باب چىڭگىزخاننىڭ ئۈچ ئوغلى ئۈرگەنچنى تالىشىپ بىر - بىرىگە دۈشمەنلىك قىلدى ........................ 326
يەتتىنچى باب قارا خەنجەر چۆچەكنى يەشمەكچى ......... 331
سەككىزىنچى باب ئۈرگەنچنى ئېلىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇنى بۇزۇش كېرەك ................................................ 340
توققۇزىنچى باب قارا خەنجەر «ئۇلۇغ مۇنارى»دا ........ 344
ئونىنچى باب ھاجى رەھىم ياش باتۇخاننىڭ ھوزۇرىدا ... 355

ئۈچىنچى قىسىم كەلكە يېنىدا ..................................... 360
بىرىنچى باب چىڭگىزخاننىڭ پەرمانى ............................ 360
ئىككىنچى باب «ئۇلۇغ قاغان»غا مەلۇمات كەلدى......... 363
ئۈچىنچى باب ئاخىرقى دېڭىزنى ئىزدەپ ...................... 368
تۆتىنچى باب ئەلەن ۋە قىپچاقلار يۇرتىدا ..................... 371
بەشىنچى باب كەلكە يېنىدىكى تاتارلار قارارگاھىدا ...... 376
ئالتىنچى باب جاھانكەچتە پلوسكىنە تاتارلار قولىدا ...... 382
يەتتىنچى باب كىيېۋتا ئەنسىزلىك ............................... 390
سەككىزىنچى باب سۇبەتەي باتۇرنىڭ پىلانى ................ 407
توققۇزىنچى باب موڭغۇللار دنېپر بويىدا ..................... 411
ئونىنچى باب ئۇرۇسلار ۋە قىپچاقلار دالىغا ماڭدى ...... 415
ئون بىرىنچى باب تاتارلارنىڭ تۇزىقى .......................... 421
ئون ئىككىنچى باب سۇبەتەي باتۇر ئۇرۇشقا تەييارلاندى ................................................ 424
ئون ئۈچىنچى باب ئۇرۇش باشلاندى .............................. 431
ئون تۆتىنچى باب «قەھرىلىك ۋە غەزەپلىك ئۇرۇش» ... 437
ئون بەشىنچى باب ئۇلۇكلەر ئۈستىدە تاتارلارنىڭ بەزمىسى ...................................................... 445

تۆتىنچى قىسىم  چىڭگىزخاننىڭ تۈگىشى ............ 451
بىرىنچى باب  چىڭگىزخان ئاتلارنىڭ بېشى قايتۇرۇلسۇن ،
دەپ پەرمان بەردى ................................ 451
ئىككىنچى باب  چىڭگىزخاننىڭ كەمبەغەل دانىشمەن بىلەن
يېزىشقانلىرى ................................ 459
ئۈچىنچى باب  ماڭا ئۆلمەسلىكنىڭ داۋاسىنى تاپ ......... 465
تۆتىنچى باب  موڭغۇللار ئەسلىي ئوردىسىغا قايتىشتى ... 477
بەشىنچى باب  چىڭگىزخان ئۇرۇش سەپىرىدە ئۆلۈشنى
قارار قىلدى ................................ 481

خاتىمە ................................ 494
بىرىنچى باب  بۇ يەردە موڭغۇللار ئۆتكەن ................ 494
ئىككىنچى باب  ئاۋات سەمەرقەند قېنى ................ 501
ئۈچىنچى باب  تۆمۈر قەپەس ........................ 506
تۆتىنچى باب  كىتابنىڭ ئاخىرقى بېتى ................ 510

[illegible] 312

[illegible] 326

[illegible] 344

ئۈچىنچى باب  ھاجى رەھىم باشى باتۇرلۇقىنىڭ ھەرۋار [illegible] 355

[illegible] 360

[illegible] 363

[illegible] 368

تۆتىنچى باب  ئەلەن ۋە قىرغىنلار يۇرتىدا .................. 371

بەشىنچى باب  كەلكە يېنىدىكى تاتارلار قارارگاھىدا ...... 376

ئالتىنچى باب  جاھانگىرچە بىلوسكىنە تاتارلار قولىدا ...... 382

يەتتىنچى باب  كىشىۋاتا ئەنسىزلىك .................. 390

سەككىزىنچى باب  سۈبەتەي باتۇرنىڭ پىلانى .................. 407

توققۇزىنچى باب  موڭغۇللار دېنىپىر بويىدا .................. 411

ئونىنچى باب  ئۇرۇسلار ۋە قىپچاقلار كالقا ياقىسىدا ...... 415

ئون بىرىنچى باب  تاتارلارنىڭ تويى .................. 421

ئون ئىككىنچى باب  سۈبەتەي باتۇر ئۇرۇشتا ئەپيارلايدى .................. 424

ئون ئۈچىنچى باب  [illegible] ئىسلانى .................. 431

ئون تۆتىنچى باب  بەھەرلىنىش ۋە ھەۋەسلىنىش تۇرۇشىدا ...... 437

ئون بەشىنچى باب  ئاتولوكىلار تۇمەنىدە تاتارلارنىڭ بىر [illegible] .................. 445

## بىرىنچى كىتاب

# بۈيۈك خارەزمدە خاتىرجەملىك

ܒܫܡ [illegible]

[illegible]

# بىرىنچى قىسىم

# دەرۋىش توندا

## بىرىنچى باب

## ئالتۇن لاچىن

*بىز ياشايدىغان يەر يىپىپ قويۇلغان كونا تونغا ئوخشايدۇ ، ئۇ ھەر تەرىپىدىن چەكسىز ئوكيانلار بىلەن ئورالغان ئارالدۇر .*

(كونا ئەرەب دەرسلىكىدىن)

ئەتىياز ، كېچىكىپ قالغان قار بورىنى بۈيۈك قارا قورۇم سەھراسى تەكشىلىكىنىڭ جانسىز بارخانلىرى ئۈستىدە غۇيۇلدىماقتا ئىدى . شامال قۇم ئارىسىدىن ئۇ يەر - بۇ يەردە چىقىپ تۇرغان ئەگرى چاتقاللارنى سىيپىلايدۇ . قار ئۇچقۇنلىرى يەر ئۈستىدە ئوينايدۇ . لايدىن ياسالغان ئۈگزىسى گۈمبەزگە ئوخشاش بىر ئۆينىڭ ئالدىدا ئونغا يېقىن تۆگە تەرتىپسىز توپلىنىپ تۇرىدۇ . كارۋانباشلىرى قەيەرگە كېتىشتىكىن؟ نېمىشقا تۆگىچىلەر ئىغىر يۈكلەرنى چۈشۈرۈشمىدى ۋە ئۇلارنى رەتلەپ قويۇشمىدى؟

تۆگىلەر قار باسقان ، يۇڭلۇق باشلىرىنى كۆتۈرۈشىدۇ ، ئۇلارنىڭ غەمكىن پۈشۈلداشلىرى بورانىنىڭ گۈركىرەشلىرىگە قو-

شۇلۇپ كېتىدۇ. يىراقتىن قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلاندى... تۆگىلەر
شۇ تەرەپكە بۇرۇلۇپ قاراشتى. قارا ئېشەك كۆرۈندى، ئېشەكنىڭ
قۇيرۇقىنى تۇتۇپ ئۇزۇن تون كىيگەن، بېشىغا دەرۋىشلەرچە كۇلا
كىيىپ مەككىگە بارغان ھاجىدەك ئاق سەللە ئورىغان ساقاللىق بىر
كىشى سۆرىلىپ كېلەتتى.
— ماڭ، ماڭ جانىۋار! يەنە ئون چامدام ماڭساڭ، سامىنىڭ-
نى بېرىمەن. سادىق دوستۇم بەكىر، قارىغىنا بىز كىمنى ئۇچرات-
تۇق! تۆگىلەر قەيەردە بولسا ئىگىلىرىمۇ شۇ يەردە دەم ئېلىۋاتقان
بولىدۇ. خىزمەتچىلىرى بولسا گۈلخان يېقىشىپتۇ، گۈلخان ئەترا-
پىدا ئولتۇرغان ئون كىشى بار جايدا، ئون بىرىنچى كىشى ئۇچۇنمۇ
بىر ئاز شويلا تېپىلماسمۇ؟ ھاي، كىم بار بۇ يەردە! مۇسۇلمانلار،
ئون چىقىرىڭلار!
ھېچكىم ئۈن چىقارمىدى. يېتەكچى تۆگىنىڭ بوينىدىكى
قولدۇرما جاراڭلاپ كەتتى.
قار باسقان يولۇچى ئېشەكنى ھەيدەپ، پەس تام بىلەن ئورال-
غان ئۆينى ئايلىنىپ چىقتى، نەقىش سېلىنغان ئىشىك تاقاپ
قويۇلغانىدى. ئۆينىڭ ئارقىسىدا، قوم بارخانلىرى بىلەن قاپلانغان
مەيداندا ئاق ۋە قارا تاشلار تىزىلغان قەبرىلەر تۇراتتى.
يولۇچى ئېشىكىنى قومۇش بىلەن يېپىلغان ئايۋاننىڭ تۈۋرۈ-
كىگە باغلاۋېتىپ: «بۇ تىنچ ۋادىدا ئەبەدىي ئۇيقۇغا كەتكەن مۆھتە-
رەم زاتلار، دەرۋىش ھاجى رەھىم باغدادىدىن سالام! بۇ جىمجىت
بارگاھنىڭ قوغدىغۇچىسى نەدىكىن؟ بەلكى ئۆيدىدۇر؟» دېدى.
دەرۋىش ئالا توۋرىغا ئۇۋۇتۇلغان نان سېلىپ، ئېشەكنىڭ
بېشىغا ئىلدى.
— سادىق دوستۇم، مانا ساڭا ئاخىرقى غىزانى بېرىۋاتىمەن،
سېنى ئوزۇقلاندۇرۇش زۆرۈر، كېچىسى سوغۇقتا مۇزلاپ قالمى-
ساق، ئەتىگە يەنە مېنى يولغا ئېلىپ كېتىسەن. گۈزەل ئەرەبىستان
جەزىرىلىرىدە خورما دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدا ئىككىمىز ئىسسىقتىن
قاغجىرىغىنىمىزنى ئەسلىسەم تەرلەپ كېتىمەن.

دەرۋىش تاقاقنى ئېلىپ تاشلاپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوچاقنىڭ ئوتى ئۆچۈپ، كۈل بولۇپ ياتاتتى. گۈمبەز كۆتۈرۈلۈپ، يوقىرىغا چىققان يېرى ئىس چىقىدىغان تۈ-شۈك بىلەن تۈگىگەن، تامنىڭ تۈۋىدە تۆت كىشى زوڭزىيىپ ئول-تۇرۇشاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دېدى دەرۋىش. ئولتۇرغانلار ئۇ-نىڭغا جاۋاب بېرىشمىدى، ئۇ بىر چامدام ئالدىغا ماڭدى، ئولتۇر-غانلار قىمىرلاشمىدى، ئاۋازمۇ چىقىرىشمىدى، ئۇلارنىڭ رەڭلىرى ئۆچكەنىدى. بۇنى كۆرۈپ دەرۋىش كەينىگە داجىدى ۋە يۈگۈرۈپ تاشقىرىغا چىقىشقا مەجبۇر بولدى.

«ھاجى رەھىم، سىز قورقماڭ، تۆت مۇردا بىزنى كىم كې-پەنلەيدىكىن دەپ كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. سەن ئاچ ۋە يالىڭاچ بول-ساڭمۇ تېخى كۈچلۈكسەن، بۇ دۇنيانىڭ پايانسىز يوللىرىدا كې-زىشكە قادىرسەن. ئەنە، ئىگىسىنى يوقاتقان پۈتۈن بىر كارۋان تۇرۇپتۇ. ئەگەر خالىسام، قىممەت باھا ماللار يۈكلەنگەن تۆگىلەر-نى قولۇمغا ئالاتتىم. لېكىن، ھەقىقەت ئاختۇرغۇچى دەرۋىشكە ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس. ئۇ كەمبەغەل پېتىچە قېلىۋېرىدۇ، ناخشى-لارنى ئېيتىپ ئۆز يولىنى داۋام قىلىدۇ. بىراق، بىچارە ھايۋانى-مۇ رەھىم قىلىش كېرەك.»

دەرۋىش تۆگىلەرنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ چىقتى. ئارغامچى-لىرىنى بوشىتىپ قويۇپ، يانمۇيان قاتار قىلىپ چۆكتۈردى. يۈك-لەرنىڭ ئارىسىدىن بىر قاپ ئارپا تېپىپ، تۆگىلەرنىڭ ئالدىغا بىر نەچچە ئوچۇمدىن سېلىپ قويدى.

ئەگەر بىرەر كىشى ھاجى رەھىم ئۆمرىدە ساۋابلىق ئىش قىلغانمۇ دەپ سورىسا، بۇ تۆگىلەر بىر ئېغىزدىن: «سوغۇق ۋە بوراندا دەرۋىش بىزگە يەم بەردى، شۇ تۈپەيلىدىن بىز سوغۇقتا مۇزلاپ قېلىشتىن قۇتۇلدۇق» دەپ جاۋاب بېرەتتى.

دەرۋىش كېچىچە ئاياغلىرىنى يېغىپ ئولتۇرۇپ ياتقان ئېشەككە كەينىنى قىلىپ، بىر باغلام قومۇشنىڭ ئۈستىدە يېتىپ چىقتى،

ئەتىگەندە شامال بۇلۇتلارنى ھەيدىدى، كۈنچىقىشتا قۇياش كۆرۈندى.

دەرۋىش قەبرىلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ تۇرغان قىزغۇچ شولىنى كۆرۈپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى.

— قېنى بەكىر، يولغا ماڭايلى!

دەرۋىش قالغان ئارپىنى تاغىرى بىلەن ئېشەككە ئارتىپ، ئۆينىڭ ئىچىگە قارىدى. تام تۈۋىدە ئولتۇرغان تۈت كىشىدىن پەقەت بىرسىلا قاپتۇ، ئۇنىڭ خىرە كۆزلىرى پارقىراپ تۇراتتى. قالغان مۇردىلار قاياققا كەتكەندۇ؟ ياكى گۆرگە كىرىپ كەتتىمىكىن؟ ياق، ھاجى رەھىم بۇ يەردىن كېتىدۇ. خارەزم شەھەرلىرىگە بارىدۇ، يەنى خۇش چاقچاق ئادەملەر كۆپ، دانا كىشىلەرنىڭ سۆھبىتى سۈت ۋە ھەسەلگە ئوخشاش ئاقىدىغان يەرلەرگە بارىدۇ.

— ھەي مۇسۇلمان، ياردەم قىلغىن! — دەپ خىرىلدىغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئولتۇرغان ئادەمنىڭ بۇدۇر ساقىلى مىدىرلاپ كەتتى.

— كىمسەن؟

— مەھمۇد ...

— خارەزملىكمۇ سەن؟

— مېنىڭ ئالتۇن لاچىنىم بار...

— ۋاي! — دېدى دەرۋىش ئەجەبلىنىپ، — ئۆزى ئۆلەي دەۋاتىدۇ، لاچىنىنى ئويلايدۇ! سۇ ئىچ!

كېسەل قاپاقتىن ئارانلا بىر - ئىككى يۇتۇم سۇ ئىچتى. ئۇ پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى دەرۋىشكە تىكتى.

— قارا خەنجەرنىڭ قاراقچىلىرى مېنى ئېغىر يارىدار قىلىشتى. ئۈچ ھەمراھىم ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرغاندى، كىمدۇر ئىشىكنى ئېتىپ قويدى، بىز سولىنىپ قالدۇق. ئەگەر سەن مۇسۇلمان بولۇپ تۇرۇپ، بىر مۇسۇلماننى بەختسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرمىساڭ، بىرسىنى ئۆلتۈرگەندىنمۇ يامان ئىش قىلغان بولىسەن...

«كالامۇ شەرىپ»تە شۇنداق دېيىلگەن .

ئۇنىڭ چىشلىرى جاقىلداپ كەتتى ، دەرۋىش تەرەپكە ئۆزىتىلغان قولى ھالسىزلىنىپ چۈشۈپ كەتتى ، كېسەل يېنىغا ئاغدۇرۇلدى .

ھاجى رەھىم كېسەلنىڭ يۇڭ چاپىنىنى يەشتى . ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى يارىسى قارىيىپ ، قان ئېقىپ تۇراتتى .

— قاننى توختىتىش كېرەك . بۇنى نېمە بىلەن تاڭسامكىن ؟

كېسەلنىڭ يېنىدا ياخشىلاپ ئۇرالغان ، قېلىن ، ئاپئاق سەللە ياتاتتى . دەرۋىش ئۇنى يېشىشكە باشلىدى .

نېپىز داكا سەللىنىڭ ئىچىدىن يۇمىلاق ئالتۇن تەمتەك چۈشۈپ كەتتى ، دەرۋىش ئۇنى قولىغا ئالدى . ئۇنىڭغا قاناتلىرىنى يېيىپ تۇرغان لاچىننىڭ سۈرىتى سىيلىنغان ۋە بىر ئىزدىن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان چۈمۈلىلەردەك قانداقتۇر خەتلەر يېزىلغانىدى .

دەرۋىش ئويلىنىپ قالدى ۋە سىنچىلاپ كېسەلگە قارىدى .

«بۇ ئادەمنىڭ يۈزىدە كەلگۈسىدىكى بۈيۈك قوزغىلاڭلارنىڭ يالقۇنلۇق ئالامىتى بار . مۇردىنىڭ تىرىلىش سىرىمۇ شۇنىڭدا ئەكەن» دەپ پىچىرلىدى دەرۋىش ، «بۇ بۈيۈك تاتار قاغانىنىڭ تەمتەكى[1] ،بۇ ئالتۇن لاچىننى ساقلاش كېرەك . مەن ئۇنى كېسەل تۈزۈلۈپ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن قايتۇرۇپ بېرىمەن . » دەرۋىش بۇ ئالتۇن تەمتەكنى كەڭ بەلۋېغىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويدى .

دەرۋىش كېسەلنىڭ مەيدىسىدىكى يارىسىنى نېپىز داكا بىلەن باغلاش ئۈچۈن خېلى ئاۋارە بولدى . كېيىن ئۇ ئۆيدىن چىقىپ ، تۆگىلەرنىڭ بىرىنى تۇرغۇزدى ۋە ئۇنى ئېشەكنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى . ئۇ تۆگىنى چۆكتۈردى ، كېسەلنى ئېلىپ چىقىپ پاخپايغان ئۆركەشلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا مىندۈردى – دە ، قىل ئارغامچا

---

① تەمتەك — چىڭگىزخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن يېزىلغان مەدەن ياكى ياغاچ لەۋھە . تەمتەك موڭغۇل تۇپرىقىدا ئەركىن يۈرۈش ئۈچۈن گۇۋاھنامە ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى . تەمتەك چوڭ ھوقۇقلارنى بېرەتتى : مەھەللىلەردىكى ھۆكۈمەت ئەربابلىرى تەمتەك بار كىشىلەرگە ياردەم ئات ، يول كۆرسەتكۈچى ۋە ئوزۇق – تۈلۈكلەرنى بېرىشكە مەجبۇر ئىدى .

بىلەن باغلاپ قويدى .
قوياش بارخانلار ئۈستىگە يېيىلغاندا ، دەرۋىش ئېرىپ كېتىـ
ۋاتقان قار ئۈستىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس سەھرا يولىدىن كېتىۋاـ
تاتتى . ئۇنىڭ كەينىدىن ئېشەك ئۇششاق قەدەم بىلەن تېز ماڭاتتى ،
ئېشەكنىڭ ئارقىسىدىن بولسا ئىككى ئۆركەشلىك ئېگىز تۆگە سالـ
ماقلىق قەدەملەر بىلەن مېڭىپ باراتتى ، ئۇنىڭ ئۈستىدە باغلاپ
قويۇلغان بىچارە كېسەل تەۋرىنەتتى .

— قېنى ماڭ . بەكىر ! تېزرەك گۇرگەنجگە[1] يېتىۋالساق ، ئۇ
يەردە سەن بىر قوچاق قورۇق بېدە يەيسەن . بۇ يەر خەۋپلىك ،
دۆڭلۈكنىڭ كەينىدىن قاراقچى قارا خەنجەر چىقىپ قالسا ، خوجايىـ
نىڭنى قول قىلىدۇ ، سېنىڭ قارا تېرەڭنى سويۇۋالىدۇ . بۇ يەردىن
پاتراق كېتەيلى !

---

① گۇرگەنج (يەنى ئۇرگەنچ ) — ئامۇ دەرياسى بويىدىكى شەھەر بولۇپ ، خارەزمنىڭ پايتەختى ، كېيىنرەك موڭغۇلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان .

# ئىككىنچى باب

## كۆچمەننىڭ قارا ئۆيىدە

خارەزم شاھىنىڭ ۋارىس ئوغلى جالالىددىن مەڭگۈبەردى قاراقۇمدا ئوۋ قىلىپ يۈرەتتى. ياش خاننى خىللانغان ئىككى يۈز ئاتلىق يىگىت شاھىنىڭ «قاراڭلار، جالالىددىن خارەزم چېگرىسىدىن چىقىپ قېچىپ كەتمىسۇن» دېگەندەك مەخپىي بۇيرۇقى بويىچە كۆزىتىپ باراتتى. يىگىتلەر سەھرادا يېرىم دائىرە بولۇپ يۈرۈشەتتى، ئۇلار جەرەن ۋە ياۋايى ئېشەكلەرنى خىزمەتچىلەر تەرىپىدىن ئۈستى ئاق، ئۆزى قارا چېدىر تىكىلگەن ۋە ئوۋنىڭ بارلىق قاتناشچىلىرى ئۈچۈن زىياپەت تەييارلانغان دۆڭنىڭ كەينىگە ھەيدەشكە تىرىشاتتى.

باھار قۇملارغا تېخى كەم ئۇچرايدىغان گۈللەرنى يايغان، قالغان ـ قاتقان قار دۆۋىلىرى بولسا قوياشنىڭ كۈچلۈك نۇرلىرى بىلەن پاتلا ئېرىمەكتە. ئوۋنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگەردى، شىمالدىن دەشتى قىپچاق① سوغۇق شامال چىقىپ، قار بورىنى باشلاندى.

قارا، شاش ئارغىماققا مىنگەن جالالىددىن ياردار بولغان جەرەننىڭ كەينىدىن قوغلاپ ھەمراھلىرىدىن ئۇزاقلاشتى. ئۇ جە-

---

① دەشتى قىپچاق — دنېپردىن تارتىپ تا شەرقتە يەتتە سۇغىچە بولغان ناھايىتى كەڭ تېررىتورىيە بولۇپ، تۈرك قەبىلىلىرىدىن كېلىپ چىققان كۆپ ساندىكى كۆچمەن خەلقلەر قىپچاقلار ياشىغان جاي. قىپچاقلار رۇس يىلنامىلىرىدە «پولوۋتسلار»، غەربتە بولسا ئۇلارنى «كومانلار» دەپ ئاتىشاتتى. ۋېنگرىيىدە VIII ئەسىردە موڭغۇل، تاتار باسقۇنچىلىقىدىن قاچقان كۆچمەن پولوۋتسلارنىڭ ئەۋلادلىرى ياشايدىغان «ئۇلۇغ كومانىيە» ۋە «كىچىك كومانىيە» دېگەن ئوبلاستلار بار.

رەنىنىڭ ئاقساپ، قولاقلىرىنى دىڭگايتىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇراتتى، ئۇنى تۇتۇۋېلىشقا ئاز قالغانىدى. بىراق، جەرەن قايرىلـ. غان مۈڭگۈزىنى سىلكىپ، يەنە چۆل تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. غەزەپلەنگەن خان قارا قۇيرۇقى كۆتۈرۈلگەن جەرەننىڭ قارىسىنى كۆزدىن يوقاتماي يەنە ئات قويدى.

ئاخىر جەرەننى ئوقيا بىلەن ئۇرۇپ يىقىتتى ۋە ئېگەرگە باغلىۋالدى. شۇ ئارىدا بوران كۆچىيىپ، يالغۇز ئاياغ يوللارنى قار باستى. جالالىددىن ئەگەر بوران يەنە بىر نەچچە كۈن داۋام قىلسا، يولدىن ئادىشىپ ھالاك بولۇشىنى چۈشەندى. ئۇ ئاتنى يېتىلەپ، شامالغا قارشى يۈردى. قاراڭغۇ چۈشمەكتە، ھالىدىن كەتكەن خان يوپۇقنى يېيىپ ئاتنى ياپتى ۋە يېرىمىغىچە قارغا كۆمۈلگەن پېتى كېچىنى ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزدى.

قۇياش چىقىپ شامال توختىدى. قار ئېرىپ، بارخانلار ئارىـ. سىدىن سۇلار ئېقىشقا باشلىدى. جالالىددىن يىراققا قاراپ، دۆڭـ. لۈكتىكى سۆڭەك ۋە دەرەخ شاخلىرىدىن ياسالغان بەلگىنى كۆرـ. دى، دېڭىزغا ئوخشاش بىر خىل تەكشىلىكتىن شۇ بەلگىگە قاراپ يول ئالدى. قۇم دۆڭلۈكلىرى ئارىسىدىكى توپىلىق ۋادىدا قورۇم باسقان تۆت قارا ئۆي كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئىتلار قاتتىق ھاۋشىپ قارا ئۆيدىن قېرى كۆچمەن — تۈركمەن چىقتى. ئۇ ئۈستىگە يېپىنىۋالغان جۇۋىسىنى تۇتۇپ، ئۇلۇغۋارلىق بىلەن يۈرۈپ ئاتلىقنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە مېھماندوستلۇق بىلەن ئاتنىڭ تىزگىنىدىن تۇتتى.

— ئەگەر بىر كەمبەغەلنىڭ ئۆيىنى مۇناسىپ كۆرسەڭ، مەرـ. ھەمەت قىل، مۆھتەرەم بەگ يىگىت! — دېدى بوۋاي. ئۇ يولۇچىـ. نىڭ ئۈستىدىكى قىممەت باھا كىيىملەر، قېلىن شايىدىن تىكىلـ. گەن توق قىزىل شالۋۇرنى، بولۇپمۇ سۇلتانلارغىلا مۇناسىپ ھەـ. شەمەتلىك تورۇق ئايغىرنى كۆرۈپ ئەجەبلەندى.

— سالام! ئارپاڭ بارمۇ؟ باھاسىدىن ئىككى باراۋەر ئارتۇق پۇل بېرىمەن.

— چوڭ جايدا ئاشلىق پۇلدىن ئېزىزراق . لېكىن ، ئىززەت-لىك مېھمانغا خالىغان نەرسىسى تېپىلىدۇ . سېنىڭ ئېتىڭغا ئارپا ئورنىدا ئەڭ تازا بۇغداي بېرىمىز...

يېقىن ئارىدىكى قارا ئۆيدىن يارغۇنچاقنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى ، بۇنىڭدا ئاياللار بۇغداي تارتىشىۋاتاتتى .

— هاي ، ماڭا قاراڭلار ! ئاتنى تۇتۇڭلار !

توق قىزىل كۆڭلەكلىك تاپىنىغا چۈشكەن ئىككى قىز كۆكرىكىدە-گە تاقىغان تەڭگىلىرىنى جىرىڭلىتىپ ، بېشىدىكى داكا ياغلىقىنىڭ چېتى بىلەن يۈزىنى ياپقان پېتى قارا ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ، ئىككى تەرەپتىن ئاتنىڭ تىزگىنىدىن تۇتۇپ ئېلىپ كېتىشتى .

خان قارا ئۆيگە كىردى . ئۆينىڭ ئىچى ئىسسىق ئىدى ، ئوتتۇ-رىدا دېۋرقايلىق يىلتىزلاردىن يېقىلغان گولخان يېنىپ تۇراتتى . تامنىڭ تۆۋىدە ، كىگىزنىڭ ئۈستىدە بىر كىشى ئوڭدىسىغا ياتاتتى ، ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن قارا ساقاللىق رەڭگى ، كۆكرىكىدىكى قول-لىرى ئۆلۈشكە ئاز قالغىنىدىن دېرەك بېرەتتى . پات - پات نەپەس ئېلىشى بۇ هالسىزلانغان گەۋدىنىڭ هاياتتىن ئۈمىد ئۈزۈشىنى خالى-ماي ، تېخىچە جان تالىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتەتتى .

كېسەلنىڭ ئاياغ تەرىپىدە بېشىدىكى كۇلاسىغا هاجىلىقىنى بىلدۈرىدىغان سەللە ئورىغان ، ساقاللىق دەرۋىش ئولتۇراتتى ، ئۇ يېرىم يالىڭاچ بەدىنىگە هەر خىل ياماق سېلىنغان چاپان يېپىنىۋال-غانىدى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! — دېدى جالالىددىن كېسەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ، پېشانىسىگىچە ياغلىق ئورىۋالغان دېدەك خوتۇن تىزلىنىپ كېلىپ ، خاننىڭ هۆل بولۇپ كەتكەن يېشىل ئۆتۈكىنى يەشتى . جالالىددىن ئەگمە قىلىچ باغلانغان بۇلغار كەمىرىنى يېشىپ يېنىغا قويدى .

— كىمسەن ؟ — دەپ سورىدى ئۇ دەرۋىشتىن ، — سېنىڭ كىيىمىڭگە قارىغاندا ، يىراق ئەللەردىن كەلگەن ئوخشايسەن .

— مەن دۇنيانى كېزىپ ، يالغانلار دېڭىزىدىن هەقىقەت ئارد-

لىنى ئىزدەيمەن .

— ۋەتىنىڭ قەيەردە ، قەيەرگە كېتىۋاتىسەن ؟

— ئېتىم ھاجى رەھىم ، باغدادتا ئوقۇغىنىم ئۈچۈن يەنە باغدادىمۇ دېيىشىدۇ . مېنىڭ ئۇستازلىرىم ئەڭ ياخشى ، ئالىيجاناب بىلىملىك ئادەملەر ئىدى . كۆپ پەنلەرنى ئۆگەندىم ، ئەرەبلەر ، تۈركلەر ، پارسلار ۋە قەدىمكى پەھلىۋى تىلىدا يېزىلغان كۆپ كىتابلارنى ئوقۇدۇم . ئەمما ، پۈتۈن ياشلىقىمدىن ئەپسۇس ۋە گۇ-ناھلاردىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىدى ...

جالالىددىن شۇبھىلىنىپ قاشلىرىنى يىمىرىپ :

— نەگە ۋە نېمە ئۈچۈن كېتىۋاتىسەن ؟ — دېدى .

— مەن بەش دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى يەر يۈزىنى كېزىمەن . شەھەرلەرگە ، ۋاھەلەرگە ۋە چۆللەرگە بارىمەن . ئۇ يەرلەردىن ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان ئوت يۈرەكلىك كىشىلەرنى تاپىمەن . مەن پەۋقۇلئاددە كىشىلەرنى كۆرۈشنى ، ھەقىقىي قەھرىمان ۋە مۇقەد-دەس كىشىلەرگە تەن بېرىشنى خالايمەن . مەن ھازىر ئۆرگەنچكە ماڭىمەن . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، بۇ شەھەر خارەزمنىڭ ۋە پۈتۈن دۇنيانىڭ ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ باي شەھىرى ئىكەن . ئادەملەرنىڭ گېپىگە قارىغاندا ، مەن ئۇ يەردە بىلىملىك دانىشمەنلەرنى ، بۈيۈك سەنئەت نەمۇنىلىرى بىلەن شەھەرنى بېزىگەن ماھىر ئۇستىلارنى تاپالايدىكەنمەن ...

جالالىددىن ئويلىنىپ تۇرۇپ دېدى :

— سەن ئۆز قەھرىمانلىقلىرىنى ئۇرۇش مەيدانىدا نەيزە ئۇچى بىلەن يازغان باتۇر كىشىلەرنى ئىزدەمسەن ؟ سەن قەھرىماننىڭ كۆرسەتكەن ئىشلىرىنى شۇنداق ياللۇنلۇق قۇرلار بىلەن تەسۋىرلى-يەلەمسەن ؟ سېنىڭ بۇ قوشاقلىرىڭنى ياشلار ، ھەتتا قىزلار قوشاق قىلىپ ئېيتىشسۇن ، بۇلارنى ئۇرۇشقا كېتىۋاتقان جەسۇر يىگىتلەر ياكى ئۆلۈمگە قاراپ ئاخىرقى قەدىمىنى بېسىۋاتقان قېرىلارمۇ تەك-رارلايدىغان بولسۇن .

دەرۋىش شېئىر بىلەن جاۋاب بەردى :

گەرچە شائىر رۇداكى[1] — مەشھۇر زامان شائىر،
ئەمما غېرىب دەرۋىشمۇ — شائىردىن راۋان شائىر.
گەرچە رۇداكى ئۇستاز، مەپتۇنى — جاھان شائىر،
ئەمما، سەھرا ئېلىگە دەرۋىش قەدىردان شائىر.

ئۆي ئىگىسى خان ئۆلتۈرگەن جەرەننى قارا ئۆيگە ئېلىپ كىردى، جەرەن سويۇلغان ۋە ئىچى تازىلانغانىدى.

— ئىجازەت قىل، گۆشىنىڭ بىر بۆلىكىنى ئاياللارغا بېرەي، ئۇلار ساڭا غىزا تەييارلاپ بېرىشسۇن.

— ھەممىڭلار يەڭلار! ھەممىسىنى ئېلىۋېرىڭلار! — دەپ جاۋاب بەردى جالالىددىن، — مەن شاھنىڭ ئۇۋچىسى ئەمەس. مەن ئۆزۈم بەگمەن، شاھنىڭ ئوغلى بولىمەن. ئوۋنى تاپشۇرىدىغان خوجايىنىممۇ يوق، — ئۇ غىلاپىدىن ئىنچىكە خەنجىرىنى سۇغۇ-رۇپ، جەرەننىڭ بېقىنىدىن بىر نەچچە پارچە گۆشنى نېپىز قىلىپ كېسىۋالدى - دە، نودىغا ئۆتكۈزۈپ گۈلخاننىڭ چوغىدا كاۋاپ قىلىشقا باشلىدى.

ئۆي ئىگىسى جەرەننىڭ گۆشىنى خوتۇنلارغا بەردى - دە، ئۆزى مېھماننىڭ يېنىدا ئولتۇردى، كېيىن ئۇ ساقاللىرىنى سى-لاپ، مۇلايىملىق بىلەن ئەھۋال سوراشقا باشلىدى.

— سالامەتمۇ سەن؟ دەم ئالدىڭمۇ؟ ئىسسىندىڭمۇ؟ ئاتا - ئاناڭ سالامەتمۇ؟

ئۆرپ - ئادەت بويىچە، خانمۇ ئۇنىڭدىن ھال - ئەھۋال سورىغان بولۇپ، ئاخىرى:

— بىر نەرسىنى سورىسام مالال كەلمەس، بۇ كىمنىڭ ئۆيى؟ مەن قەيەردە تۇرۇپتىمەن؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭ ئۆيۈم نىسا[2] شەھىرىنىڭ چوڭ كارۋان يولىدىن بىر

---

① رۇداكى — IX ئەسىردىكى مەشھۇر بۇخارالىق شائىر.

② نىسا — ھازىرقى ئاشخاباتقا يېقىن قەدىمكى كىچىك بىر قورغان يېزا. موڭغۇللار ۋەيران قىلىپ، قۇم ئاستىدا يوقىلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ خارابىلىرى سوۋېت ئالىملىرى تەرىپىدىن 1931 - يىلىدا تېپىلغان.

كۈنلۈك يول ، مەن بولسام پايانى يوق چۆلدە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ئاددي كۆچمەنمەن ، ئىېتىم قۈرقىت چوپان .

تاشقىرىدا خىرىلداپ ياتقان ئىت بىردىن قاۋاپ كەتتى . ۋارقى-رىغان ، ھۆڭرەپ يىغلىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى ، ئات تۈيىقىنىڭ ئاۋازى يىقىنلىشىپ جىم بولدى .

— ئۆيدە كىم بار ؟ جاۋاب بەر ، قۈرقىت چوپان ! — دەپ ۋارقىرىغان كۈچلۈك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى .

## ئۈچىنچى باب

# چۆل يىگىتى

بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا چىقتى، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا سۆزلىشىۋاتقان ئاۋازى ئارانلا ئاڭلىناتتى.

— ئۇ نېمىشقا بۇ يەرگە كەلدى؟ — دېدى ئاتلىق بوغۇق ئاۋاز بىلەن، — ياكى ئۇنىڭ ئەجىلى يېتىپتىمۇ؟

— ئۈچىسىلا مېنىڭ مېھمىنىم.

— بۇلارنىڭ قانسىز پېشانىلىرىگە خۇدانىڭ نېمە يازغانلىقىنى كۆرستىپ قويىمەن...

— بۇلارغا تېگىشكە ھەققىڭ يوق، بۇ بەش يېڭى قۇلنى قەيەردىن ئېلىپ كەلدىڭ؟

— بۇلار تەجرىبىلىك ئۇستىلار — مىسكەر ۋە قورال ياسايدىغانلار، ئۇلار كارۋانغا قوشۇلۇپ كېتىشىۋاتقانىكەن. بۇ كارۋاننىڭ «ساقال - بۇرۇتىنى ئېلىپ قوياي» دەپ تۇرسام، ئاتلىق بەگ ئۈچۈن جەرەن ئوۋلاپ يۈرگەن ئىككى يۈزگە يېقىن يىگىت قاياقتىندۇر پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار تۆگىلەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى، مەن پەقەت بەش كىشىنىلا ھەيدەپ ئېلىپ كەلدىم. ئەمدى مەن بۇلارنى مەرۋىگە ئەۋەتىپ، ياخشى باھا بىلەن ساتىمەن.

— خۇدا ئىشىڭنى ئوڭدىن كەلتۈرسۇن! — ئۆي ئىگىسى يېڭى مېھماننى ئۆيگە ئېلىپ كىردى.

يېڭى مېھمان ئېگىز بويلۇق، كەڭ يەلكىلىك ۋە نازۇك بېلىگە يېشىل غىلاپلىق ئۇزۇن خەنجەر ئېسىۋالغان ياش بىر يىگىت ئىدى. تۆگە تېرىسىدىن تىكىلگەن ئېگىز، ئىنچىكە پاشنىلىق سېرىق ئۆتۈكى، قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن دۇگىلەك پاپىخى ۋە

ئالاھىدە پىچىمدىكى قارا چاپىنى ئۇنىڭ تۈركمەن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. ئۇنىڭ كەسكىنلىك ئەكس ئېتىپ تۇرغان يۈزى ۋە قاپىرىپ چىققان ئېڭەكلىرىمۇ شۇنى تەستىقلايتتى.

— ئۇتقا يېقىنراق ئولتۇر، — دېدى ئۆي ئىگىسى.

بىراق، مېھمان گىلەمگە ئولتۇرماستىن، ئىشىك يېنىدا تۇ-رىۋەردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ، خۇددى ھۇۋقۇشنىڭكىدەك دۈگىلەك بولۇپ قالدى.

جالالىددىن بېشىنى كۆتۈرمەستىن:

— سەن كىمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— چۆللۈكمەن.

— چارۋىچىمۇ ياكى ھۈنەرۋەنمۇ؟

— كارۋان - سودىگەرلەرنىڭ ساقچىسىنى ئالىمەن.

چۆل ئۆرپ - ئادىتى بويىچە، بۇنداق دەپ جاۋاب بېرىش قوپاللىق ھېسابلىناتتى. گۈلخان ئەتراپىدا ئولتۇرغانلار باي ۋە كەمبەغەل بولۇشى، تونۇش ياكى ناتونۇش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى باراۋەر ھېسابلىنىپ، ئادەتتە بىر - بىرىدىن تەن ساق-لىق، مالنىڭ ئەھۋالى، يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى توغرىسىدا ئەھۋال سورىشىدۇ، لېكىن بۇ تۈركمەن جاڭجال چىقارماقچى بولسا كې-رەك.

جالالىددىن بېشىنى بىر سىلكىدى - دە، يەرگە قارىدى ۋە لېۋىنىڭ بىر چېتى سەل قىمىرلاپ كەتتى. جالالىددىن ئاتاقلىق بىر خان بولۇپ تۇرۇپ، ئاددىي كۆچمەن بىلەن جاڭجاللاشسۇنمۇ؟

— بۇ كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، سەن ئۇرگەنچ يولىنى ئاختۇر-غۇدەكمىشسەن؟ مەن سېنى ئاپىرىپ قويۇشۇم مۇمكىن، — دېدى تۈركمەن بىرئاز جىم تۇرۇپ.

جالالىددىن باتۇر، لېكىن ئۇنىڭ ئېتى چارچىغان. بۇ يەر ئۇنىڭغا خەتەرسىز، چۈنكى ئۇنى مېھماندوستلۇق يوسۇنى ھىمايە قىلىدۇ. يولغا چىققان تەقدىردە، يىراققا بارمايلا ئۇنىڭ ئۆزى خۇددى جەرەننى ئوۋلىغاندەك، بۇ تۈركمەن ئۇنى بابلايدۇ. شۇنىڭ

ئۇچۇن ، خان :
— ھازىر ئۆرگەنچكە بارمايمەن ، — دەپ جاۋاب بەردى .
— بۇ ئىگراۋاتقان ۋە بىزنىڭ غەمكىن دۇنيايىمىزغا كىتىۋاتقان كىم ؟
— قاراقچىلار ياردار قىلغان ئادەم . بۇ جاھىل قارا خەنجەرنىڭ ئىشى بولسا كىرەك . بۇ چۆل قاپلىنى ھىچكىمنى ئايىمىغۇدەكمىش ، — دىدى دەرۋىش .
— باشقىلار قارا خەنجەرنى ئايىغان دەپ ئويلامسەن ؟
— جاھانكەچتىلىك شامىلى چۆلدە قۇرۇق ياپاقتەك ئۇچۇرۇپ ، دومىلىتىپ يۈرگەن بىر ئادەممەن . نىمىمۇ دىيەلەيتتىم ! — دىدى دەرۋىش .
— قارا خەنجەر سۇسىز ، شورلۇق ۋە كىشى ياشىمايدىغان بىر باياۋاندا ياشايدۇ . ئۇ قۇمدا شۇڭغۇپ يۈرىدىغان ، تۇتقىلى بولمايدىغان كەسلەنچۈكتەك ياكى قومۇشلۇقتا سۆرىلىپ يۈرىدىغان يىلاندەك چاققان ، ئۇنىڭغا ھىچكىمنىڭ قولى يەتمەيدۇ ، ئۇ بولسا ھەممە يەردە تەييار .
جاالىددىن كاۋاپنى ئۆرۈپ قويۇپ ، پەرۋاسىزلىق بىلەن :
— قاراقچىلىق قىلغان كىشىنىڭ ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ ، ئۇنىڭ بىشى ئۆرگەنچ تىمىدىكى خادىغا سانجىلىپ ھەممىسىنىڭ بىشىدىن يۇقىرىغا قويۇلىدۇ ، — دىدى .
— قارا خەنجەر دۇشمەننىڭ ئارقىسىغا چۈشكەن تۇن كۆلەڭگىسى ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى تۈركمەن ، — قارا خەنجەر قىساس خەنجىرى ، غەزەپ نەيزىسى ، قىساس قىلىچى . قارا خەنجەر ھازىر يالغۇز ، ئۇنىڭ يا ئوغلى ، يا ئاكا - ئىنىلىرى يوق . بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ھالاك بولىدۇ ، ئۇنىڭ ئۆيى تۇرغان يەر بوشاپ قالىدۇ . شۇ چاغدا ياخشى بولامدۇ ؟
— ياخشى بولمايدۇ ، ئەلۋەتتە ، — دىدى جاالىددىن .
— بۇرۇن قارا خەنجەرنىڭ مويسىپىت ئاتىسى ، باتۇر ئاكا - ئىنىلىرى ، چىرايلىق سىڭىللىرى بار ئىدى . شاھ مۇھەممەدكە

يۇزلەپ ئات كېرەك بولۇپ قالسا ، ئۇ ئۆزىنىڭ قىپچاق ئەسكەرلىرى بىلەن بىزنىڭ يۇرتقا كېلىپ يۈز ئەمەس ، ئۈچ يۈزلەپ ياخشى ئاتلىرىمىزنى ئېلىپ كېتەتتى . كۆچمەنلەر قەيەردىدۇر قىپچاق خانىنى تالىغانمىش ، شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرگە جازا بولسۇن ، دەپ خوتۇنلارنىڭ كۈمۈش زىننەتلىرىنى تارتىۋالاتتى . شاھ سارايدا ئۈچ يۈز خوتۇنى بار تۇرۇقلۇق ، يەنە قىپچاقلىرى بىلەن كېلىپ ، يۈزلىگەن يىگىتلەرنىڭ كۆزى چۈشكەن ، ئەڭ ياخشى قىزىمىز گۈلجامالنى زورلۇق بىلەن ئېلىپ كېتىپ ، ئۈچ يۈز بىرىنچى خوتۇنۇم دەپ سارايغا مەجبۇرىي قاماپ قويدى . مۇشۇنداق قىلسا ياخشىمۇ ؟

— بۇمۇ ياخشى ئەمەس ، — دېدى خاتىرجەملىك بىلەن جالالىددىن ، — لېكىن يۈز يىگىتنىڭ ئۇلار بىلەن ئېلىشماستىن قاراپ تۇرۇپ ، شۇنداق ئاجايىپ قىزنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقى يامان بوپتۇ .

— ئۇ ۋاقىتتا كۆچمەن يىگىتلىرىمىز بۇ يەردە يوق ئىدى . قىپچاقلار ھىيلىگەر ، بىزنىڭ تەرەپكە قايسى ۋاقىتتا كېلىشنى ناھايىتى ياخشى بىلىشىدۇ .

— ماڭا قارا ، يىگىت ، — دېدى جالالىددىن ، — دادام ، ئاكا - ئىنىلىرىم ، ھەدە - سىڭىللىرىم بار ئىدى دېدىڭمۇ ؟ نېمىشقا ھازىر يوق ؟

— مويسىپىت دادامنى شاھنىڭ جاللاتلىرى تۇتۇۋېلىپ ، ئۇرگەنچ مەيدانىدا تاپىنىدىن بېشىغىچە قىيما - چىيما قىلدۇەتتى . ئاكا - ئىنىلىرىم كۆنچىقىشقا - كۆنپېتىشقا قېچىپ كەتتى ، ھەدە - سىڭىللىرىمنى قىپچاق ئەسكەرلىرى تۇتۇپ كېتىشتى . شۇ ئىشلىرى ياخشىمۇ ؟

— بۇمۇ ياخشى ئەمەس ، — دېدى جالالىددىن .

— ئەمدى مەن قايسى گۆرگە باراي ؟ نېمە قىلسام بولىدۇ ؟

جالالىددىن قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى :

— ئەگەر قىلىچىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئېلىمىزنى دۈشمەندىن ساقلاش ئۈچۈن قولۇڭدا پارقىرىسا ، ئەگەر كارۋان يوللىرىدا تېنەپ

يۇرۇشتىن باشقا مەردلىك كۆرسىتىش ئىختىيارىڭ بولسا ۋە يېشىل بايرىقىمىزغا تايانچ بولۇشنى خالىساڭ ، ئۈرگەنچكە ، مېنىڭ يېنىمغا كەل ، ساڭا شۆھرەت قازىنىشنى ئۆگىتىپ قويىمەن .

تۇركمەن يېڭى بىلەن لېۋىنى ئېرتىپ ، ئاچچىق بىلەن :

— ماڭا قارا ، بەگ يىگىت ، — دېدى ، — مەن ئۈرگەنچكە بارسام شاھنىڭ ئايغاقچىلىرى بۆرىلەردەك ئۈزىمغا چۈشۈشىدۇ . ئەمما ، مەن كۆرەشتە ئۆلسەم ئۆلەرمەن ، تەسلىم بولمايمەن . ئۇنىڭ نېمە كېرىكى بار ؟

— بۇنداق بولمايدۇ ، — دېدى جالالىددىن ، — ئۈرگەنچنىڭ قىبلە تەرىپىدىكى دەرۋازىغا كەلسەڭ ، يوغان تېرەكلىك باغنى كۆرىسەن ، دەرۋازىۋەنلەرگە «تىللالىق دېگەن يېڭى ساراي مۇشۇ ، مېنى ئىگىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىڭلار !» دېگىن ۋە مانا بۇ قەغەزنى كۆرسەتكىن .

جالالىددىن زەپەرەڭ سەللىسىنىڭ قېتىدىن بىر پارچە قەغەز ئالدى ۋە ئوتتۇرا بارمىقىدىن ئالتۇن تامغا ئۈزۈكنى چىقاردى . تامغا ئۈزۈكنى ئوتقا تۇتۇپ قارايتتى ـ دە ، قەغەزنىڭ بىر چېتىنى تۈكۈرۈك بىلەن ھۆللەپ باستى . قەغەزگە چىرايلىق نەقىش بىلەن يېزىلغان نام چۈشتى . قەغەزنى ئوراپ ئوتتۇرىسىدىن ئىككى پۈكلىدى ، كېيىن تىزىغا قويۇپ تەكشىلىدى ـ دە ، تۇركمەنگە ئۇزاتتى . تۇركمەن قەغەزنى سۆيۈپ پېشانىسىگە تەگكۈزدى ۋە بەلۋېغىغا ئېسىلغان مىس قۇتىسىغا سېلىپ قويدى .

— سۆزۈڭگە ئىشىنىمەن بەگ يىگىت ، بارىمەن ، خەير ! — دەپ تۇركمەن چىقىپ كەتتى .

ساھىبخان جىمغىنا ئۇنىڭ كەينىدىن چىقتى . ئۆي ئالدىدىكى گۈلخاندا يوغان مىس قازان قاينايتتى ، قار ئېرىشكە باشلىغان زەي يەردە جۇلدۇر كىيىملەرگە ئورالغان ئورۇق بەش قۇل ئولتۇراتتى . بۇلارنىڭ قوللىرى كەينىگە باغلانغان . بويۇنلىرىغا سېلىنغان سىرتماقلارنىڭ بىر ئۇچى قىل ئارغامچىغا باغلانغانىدى . قۇللارنىڭ يېنىدا بوينىغا كۈمۈش بويۇنچاق سېلىنغان ، تىزگىنىنىڭ بىر ئۇچى

ئېگەرنىڭ قېشىغا باغلانغان، ئېگىز بويلۇق جەردە ئات تۇراتتى، قـۇللار بـاغلانغان ئـارغامچىنىڭ بـىر ئۇچى ئېگەرنىڭ قېشىغا ئورالغان.

تۇركمەن ئاتقا مىندى.

— مېڭىش، كاپىر هايۋانلار! ئەگەر كەينىمدىن ئەگىشىپ ماڭمىساڭلار، كاللاڭلارنى ئېلىپ ئۆلۈكۈڭلارنى يولدا قالدۇرۇپ كېتىمەن.

بەش قول ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، كەينى - كەينىدىن ئاقساپ يولغا چۈشتى. تۇركمەن قامچىسىنى كۆتۈردى، هە دېمەي هەممىسى دۆڭلۈكنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كېتىشتى. ساهىبخان ئۆيگە قايتىپ كىردى.

— هۆرمەتلىك مېهمان، يىراقتا يۈزگە يېقىن ئاتلىق بىز تەرەپكە كېلىشىۋاتىدۇ.

— بىلىمەن، خارەزم شاهىنىڭ مېنى ئىزدەپ يۈرگەن يىگىتلىرى. مەن هازىر سۆزلەشكەن كىشى كىم بولىدۇ؟

ساهىبخان خۇددى تۇركمەن كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، پىچىرلاپ: «بۇ قاراقۇمنىڭ قاپلىنى، كارۋان يوللىرىنىڭ ئاپىتى، ئاجايىپ قاراقچى قارا خەنجەر بولىدۇ. خۇدا ئۆزى ئىنساپ بەرسۇن!» دېدى.

## تۆتىنچى باب

# ھەق ھۆكۈم چىقارغۇچى ھاكىم

ھاجى رەھىم كۆچەنىڭكىدە قونغاندىن كېيىن، تار چۆل يولىدا ئىككى كۈن يۈرۈپ شىمال تەرەپكە — ئاۋات خارەزم شەھىرى ۋە يېزىلىرى ئورناشقان جەيھۇن[1] دەرياسىنىڭ بويىدىكى ۋاھەگە قاراپ كەتتى، ئېشەك ئاستا يۈرەتتى. تېخىچە ھوشىغا كەلمىگەن كېسەل سودىگەر مىنىۋالغان تۆگە ئۇنىڭ كەينىدىن بىر خىلدا ماڭاتتى. دەرۋىش ئەرەب - پارس ناخشىلىرىنى ئېيتىپ كېتىپ باراتتى ۋە خارەزم مەسچىتلىرىنىڭ رەڭگارەڭ گۈمبەزلىرىنىڭ كۆرۈنۈشىنى كۈتۈپ يىراقلارغا تىكىلەتتى.

قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكەن تار يول ئۈچىنچى كۈنى چوڭ يولغا تۇتاشتى، بۇ يول تاشلىق تۆپىلىككە چىقاتتى. ئۇ يەردىن گۈللەۋاتقان كۆكۈللۈك ۋادا - باغلار، دەرەخزارلار ۋە دالىلار كۆرۈندى. ھەممە جايدا دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆيلەر، قورۇم باسقان توپ - توپ قارا ئۆيلەر، دۆلەتمەن قىپچاق خانلىرىنىڭ مۇنارلىق قورغانلىرىنىڭ ئوخشىغان ھويلىلىرى كۆرۈنەتتى، خۇددى نەيزىگە ئوخشىغان ئىنچىكە مۇنارلارنىڭ ئۇچى ئاندا - ساندا چىقىپ تۇراتتى ۋە ئۇلارنىڭ يېنىدا مەسچىتلەرنىڭ ھەر خىل رەڭدىكى نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن گۈمبەزلىرى تاۋلىناتتى. سۇ قۇيۇلغان تۆت بۇرجەك يەرلەر خۇددى يوغان ئەينەكتەك پارقىرايتتى. بۇ يەرلەردە يېرىم يالىڭاچ، جۇل - جۇل كىيىملىك، ئاياغلىرىغا كىشەن سېلىنغان كىشىلەر يۈرۈشەتتى.

---

① جەيھۇن — ئامۇ دەرياسىنىڭ VIII ئەسىردىكى نامى.

دەرۋىش دۆڭنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئۆزىچە پىچىرلىدى: — مانا، جەننەت بولۇش ئۈچۈن يارىتىلغان يەر، لېكىن ئازاب ۋە كۆز يېشى ۋادىسىغا ئايلانغان. بۇنىڭدىن ئون بەش يىل بۇرۇن مەن بۇ يەردىن خۇددى جىنايەتچىدەك قورقۇپ ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ قاچقانىدىم. ئاپتاپتا قارايغان دەرۋىشنىڭ شۇ ۋاقىتتا ئىمام قارىغان يىگىت ئىكەنلىكىنى ھازىر كىم بىلىدۇ؟ ئالغا، بەكىر، مۇسۇلمان ھاكىملىرى ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈكى، لېكىن ئەڭ مەشئۇمى[1] بولغان خارەزم شاھ مۇھەممەد ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان پايتەختلەرنىڭ پايتەختى، دۇنيادىكى ھەممە شەھەرلەرنىڭ ئەڭ بېيى — ئۈرگەنچنىڭ دەرۋازىسى يېنىدا تۈنەيمىز...

دەرۋىش يەنە يولغا چۈشتى. يولدا ئۇزۇن مۈڭگۈزلۈك يوغان ئۆكۈز قوشۇلغان ھارۋىلار، پىيادە يولۇچىلار، بېزەلگەن ئات مىنگەن ۋە ياسانغان ئاتلىقلار، ئورۇق ئېشەك مىنگەن ۋە ئاپتاپتا قارىيىپ كەتكەن دېھقانلار كۆپ ئۇچراشقا باشلىدى. ھەر تەرەپتىن كالىلارنىڭ مۆرىشى ۋە قويلارنىڭ مەرىشى، پادىچىلارنىڭ چۇقانلىرى ئاڭلىناتتى.

بىرىنچى يېزىدىلا دەرۋىشنى ئۇزۇن ئاق تاياق تۇتقان ئادەملەر ئورىۋېلىشتى.

— سەن قانداق ئادەم؟ پۇلۇڭ يوق. دەرۋىش بولساڭ، نېمىشقا تۆگە يېتىلەپ يۈرىسەن؟ يۈر ھاكىمنىڭ ئالدىغا، ئۇ سېنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلسۇن.

دەرۋىشنى ئېگىز كۈمۈلاچ تاملىق ھويلىغا ئېلىپ كىرىشتى، يوغان گىلەم سېلىنغان ئايۋاندا يوللۇق تون كىيگەن ئورۇق بىر بوۋاي باداشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يوغان ئاق سەللىسى، كۆڭۈل قويۇپ تارالغان ئاپئاق ساقىلى، جىددىي ۋە ئۆتكۈر قارىشى، ئاستا ھەرىكەت قىلىشى ئۇنىڭغا يېقىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەشۋىشكە سالاتتى، ئۇنىڭدىن ئۇلار تىز چۆكۈشەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ياشقىنا مىرزا مۈكچەيگەن پېتى قولىغا قومۇش قەلەم

① مەشئۇمى — بەختسىزلىك كەلتۈرگۈچى، كۆڭۈلسىز، ناخوش دېگەن مەنىدە.

تۇتۇپ پەرمان كۈتۈپ ئولتۇراتتى .

— كىمسەن؟ — دەپ سورىدى ھاكىم .

— مۆھتەرەم ئانامنىڭ گۇناھكار پەرزەنتىمەن . ئېتىم ھاجى رەھىم باغداد . مۇقەددەس باغداد شەيخلىرىنىڭ شاگىرتىمەن . يىراق يوللاردا يۈرۈپ ، سوغۇق قاراڭغۇ قەبرىدە يوشۇرۇنغان ئەۋلىيالارنىڭ ئىزىنى ئاختۇرىمەن .

بوۋاي شۇبھە بىلەن قېشىنى يىمىرىپ قويدى - دە ، دەرۋىشكە تىكىلدى .

— تۈگمەنىڭ ئۈستىدىكى كېسەل كىم؟ ئۇ نېمىشقا سەللىسىز؟ مۇسۇلمانمۇ ياكى دىنسىزمۇ؟ ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، سەن ئۇنى ياردار قىلىپ ، بار - يوقىنى ئوغرىلاپ ساتقانمىشسەن ، شۇ توغرىمۇ؟

دەرۋىش قوللىرىنى پاتىھگە كۆتۈردى .

— ئەي ئالەمنى ياراتقۇچى پەرۋەردىگار ، سەن مېنىڭ پاناھىمسەن ! يالغان سۆزلەشتىن باشقا ئىشى بولمىغان تۆھمەتچىلەرگە ھەيرانمەن ! مېنىڭ مېھنەت ۋە قايغۇلىرىم بىلەن ئۇلارنىڭ نېمە ئىشى بار ئىكەن؟

ھاكىم كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى يۇقىرىغا مەنىلىك قىلىپ كۆتۈرۈپ ، ئاستاغىنا :

— راستىنى ئېيتقىن ، بۇ كېسەل توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسەن ! — دەپ سورىدى .

دەرۋىش قاراقچىلار بولغان كارۋانلارغا دۇچ كەلگەنلىكىنى ۋە بۇ ياردارنىڭ جېنىغا ئارام بېرىش ئۈچۈن قانداق ئۇرۇنغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى .

بوۋاي كۈمۈش ساقىلىنى سىلاپ :

— ئېھتىمال بۇ ياردار ناھايىتى چوڭ ئادەمدۇر ، بەلكى ئۇنىڭ قولى قۇياشقا يېتەر ، كېسەلنى ئۆزۈم كۆرەي ، — دېدى بوۋاي ۋە كەشىنى كىيىپ ئايۋاندىن چىقتى - دە ، تۈگمەنىڭ يېنىغا كەلدى . ئۇنى قاتتىق ۋارقىرىشۋاتقان يېزا ئاھالىسى

قورشۋالدى .

— بىز بۇ كىشىنى بىلمىز . بۇ كىشى ئۇرگەنچلىك باي سودىگەر مەھمۇد يالۋاچ ، مانا تۆگىدە ئۇنىڭ تامغىسىمۇ بار . مەھمۇد يالۋاچنىڭ ئىككى - ئۈچ يۈز تۆگىلىك كارۋانلىرى تەۋرىزگە ، بۇلغارغا[1] ۋە باغداد شەرىپكە قاتنايدۇ .

ھاكىم ئاھالىنىڭ سۆزىنى تىڭشاپ بولۇپ ، لەۋلىرىنى چىشلەپ جىم تۇردى - دە ، ئۆز ھۆكۈمىنى مەغرۇرلۇق بىلەن بايان قىلدى ، مىرزا بولسا ئۇنى يېزىۋالدى .

— بىلگەن مۆتىۋەر كىشىلەر بۇ كىشىنىڭ ئۇرگەنچلىك سودىگەر مەھمۇد يالۋاچ ئىكەنلىكىنى تەستىقلاۋاتقانلىقلىرى ئۈچۈن ، ئۇنى تۆگىدىن ئاستا چۈشۈرۈپ ، مېنىڭ ئۆيۈمدە ياتقۇزۇشنى ۋە تېۋىپ چاقىرىپ دورىلىق گىياھلار بىلەن داۋالىتىشنى بۇيرۇيمەن . بىر كېسەل مۇسۇلمانغا ياخشىلىق قىلغان دەرۋىش ئۆز يولىدا داۋام قىلسۇن ، سودىگەر ساقايغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا سوۋغا بەرسۇن . تۆگە دەرۋىشنىڭكى بولمىغانلىقى سەۋەبلىك ، ئىگىسى ساقايغۇچە مېنىڭ ھويلامدا تۇرىدۇ . ھۆكۈم چىقىرىپ تامغا باسقىنىم ئۈچۈن ، دەرۋىشنىڭ ئېشىكى مېنىڭ ئىختىيارىمدا قالدۇرۇلسۇن .

— يازدىڭمۇ ؟ — دېدى ھاكىم مىرزىغا .

— توغرا ئېيتتىڭىز تەقسىر ! — دېدى مىرزا پىچىرلاپ .

ھاكىم ئىلاۋە قىلدى :

— دانىشمەن دەرۋىش ، ئال مانا بۇ بىر دەرخەمنى[2] مېنىڭ پېقىر خەزىنەمدىن !

ھاجى رەھىم مىس پۇلنى قولىغا ئېلىپ پېشانىسىگە سۈرتتى ، سۆيدى ۋە مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ :

— سېنىڭ دانالىقىڭ چەكسىز ، ئادىل ھاكىم . سەن مېنى

---

① تەۋرىز — تەبرىز دەپمۇ ئاتىلىدۇ ، شىمالىي ئىراندىكى چولڭ شەھەر . بۇلغار X — XIV ئەسىرلەردە كاما دەرياسىنىڭ ۋولگا دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان يېرىدىكى ۋولگالىق بۇلغارلارنىڭ پايتەختى بولۇپ ، باي ، سودا ۋە سانائەت شەھىرىدۇر .

② دەرخەم — 20 تىيىنلىق كۈمۈش . قارا مىس دەرخەم ئىككى تىيىنگە توغرا كېلىدۇ .

ياربدار ۋە تۆگىنىڭ تەشۋىشىدىن ، ئېشەكنى بېقىش غېمىدىن خا-
لاس قىلدىڭ . مەن ئاجىز بىر ئىنسانمەن ، سېخىي قولىدىن قارىغۇ-
نىڭ ياغاچ چۆچەككە چۈشىدىغان قارا پۇلغا ئوخشاش نەرسىمەن .
ئەگەر سېنىڭ سېخىيلىقىڭ كۈمۈش ساقاللىرىڭغا ئوخشاش ساپ ،
قېنىق بولسا ، بۇ مىس دەرخەم ئالتۇن دىنارغا① ئايلىنىدۇ ، —
دېدى - دە ، ئالىقىنىنى ئاچتى . ئالىقىنىدا ئالتۇن پۇل دىنار
پارقىراپ تۇراتتى .

— راستىمنى ئېيتىمەن ، مۆھتەرەم ھاكىم ، سېنىڭ ئايغىڭ
تەگكەن يەر ھېچقاچان ھوسۇلسىز بولمايدۇ .

ھاجى رەھىم يەنە ئالىقىنىنى يۇمۇپ ، قىمىرلىماي تۇرۇشنى
داۋام قىلدى . ھاكىم ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر بولسا گاھىدا
بىر - بىرلىرىگە ، گاھىدا دەرۋىشنىڭ يۇمۇلغان ئالىقىنىغا قاراپ
ھەيران بولۇپ تۇرۇشاتتى .

— مەن ئۇنىڭغا مىس دەرخەم بەرگەنىدىم . بۇنى ئېنىق بىلى-
مەن . بىراق ، ھەممىڭلار بۇنىڭ قولىدا ئالتۇن دىنار بارلىقىنى
كۆردۈڭلار ، — دېدى ھاكىم . ئۇ كۈتۈلمىگەن بىر ئاچ كۆزلۈك
بىلەن دەرۋىشنىڭ قولىغا يېپىشتى .

— ئالتۇن دىنارنى بەرگىن ! سەن ئۇنىڭ بىلەن دەۋا سوت
خىراجەتلىرىنى تۆلىشىڭ كېرەك !

ھاجى رەھىم ئالىقىنىنى ئاچتى ، ھاكىم پۇلنى تارتىۋالدى .
بىراق ، قارىسا ھېلىقى قارا مىس دەرخەم ئىدى .

ھاكىم ئۆزىگە سۇپ - كۆچ قىلىپ دەم سالدى - دە ، ئايۋانغا
كىرىپ كەتتى .

ھاجى رەھىم بېرىپ ئېشىكىدىكى خۇرجۇننى ئالدى ۋە مۇرد-
ىسىگە تاشلىدى - دە ، ئارقىسىغا قارىماستىن :

«يا - ھۇ - ھۇ ! يا - ھەق ! لائىلاھە - ئىللا -
ھۇئۇ !» دېگىنىچە ۋارقىراپ ئۆرگەنچ تەرەپكە يول ئالدى .

---

① دىنار — ئالتۇن پۇل ، تەخمىنەن 10 سومغا توغرا كېلىدۇ .

## بەشىنچى باب

# ئارزۇ قىلىنغان دەرۋازا

«ھەممە ياق بىر نەچچە يىللار ئىلگىرى قانداق بولغان بولسا، شۇ پېتىچە تۇرۇپتۇ» دەپ ئويلىدى ھاجى رەھىم ئۇرگەنچنىڭ جىمجىت كوچىلىرىنىڭ ئىگىز كومۇلاچ تېمىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، «ھازىرمۇ ئاشۇ ئۈرۈك ۋە ئۈجمە دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىغا كۆمۈل-گەن ئۆيلەر، ھېلىمۇ شۇ سۈزۈك ئاسماندا ئاق كەپتەرلەر ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ. ئۇلاردىنمۇ ئېگىزرەكتە قارا سارلار ئاندا ـ ساندا ئاۋاز چىقىرىپ ئاستا ئايلىنىپ ئۇچماقتا، شۇنىڭدەك تامنىڭ ئۈستىدە گۈللەۋاتقان ئاكاتسىيىنىڭ شاخلىرى ئېسىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاستىدا ھېلىقى ئارزۇ قىلىنغان كىچىك ئىشىك شۇ پېتىچە تۇرۇپ-تۇ، ئۇنىڭ شامال تەسىرى بىلەن كۆل رەڭ ھالغا كىرگەن تاختاي-لىرىدا ئۇستىلىق بىلەن سىزىلغان نەقىشلىرى ھازىرمۇ بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. بىر ۋاقىتلاردا شۇ ئىشىكتىن ھال رەڭ كۆڭلەك كىي-گەن، توق سېرىق رومال ئورىغان قىز چىقاتتى. ھازىر ئۇ قەيەر-دە؟ نىمە بولدىكىن؟»

ئىشىك ئېچىلىپ ئۇزۇن، ھال رەڭ كۆڭلەك كىيگەن، بېشى-غا توق سېرىق رومال ئورىغان، خېلى بويىغا يەتكەن بىر قىز چىقتى، ئۇ قولىغا كۈرجەك تۇتقانىدى. ئۇنىڭ بىرئاز كۆپۈپ چىققان مەڭزىلىرىنى، سوزۇنچاق كۆزلىرىنى، كىيىمىنى ۋە رو-ملىنىڭ توگۈنىنى كۆرگەن كىشى بۇ قىزنىڭ تۈرك قەبىلىسىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ناخشا ئېيتىپ، باغقا كىرىدىغان ئېرىقنى تازىلايتتى، سۇ بولسا كومۇلاچ تامنىڭ تېگى-دىكى سۈڭگۈچتىن ئۆتۈپ تۇراتتى.

قىز بىردىن قەددىنى توغرىلاپ، قارا قولىنى قېشىنىڭ ئۈستىگە قويدى - دە، كوچىنىڭ بېشىغا قارىدى.
كوچىنىڭ بېشىدا بىرسى تىترەك ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتاتتى:

كېچىلىرى سەۋرىم تۈگەر، تاڭ ئاتقۇچە ئۇيقۇسىزمەن،
تاڭغىچە يۇلتۇز ساناپ، يۇلتۇز كۆزىگە رازىمەن.
يېڭى ئاي چىققان كېچە — قايرىلما قاش يادقا چۈشەر،
باغرى تاش، قايرىلما قاش — ماڭا نېسىپ بولغانمىكىن؟
ياكى قەددىم قېشىدەك، ھەجرىدە قايرىلغايمىكىن؟

كوچىنىڭ بېشىدا قارا كۆك چەكمەن كىيگەن، چىپار بەلۋېغىنى قاتتىق باغلىغان، تورۇق ئات مىنگەن ياش يىگىت كۆرۈندى. قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن تۇمىقىنى قېشىغا چۈشۈرگەن بۇ يىگىت ئويناقلاپ تۇرغان ئايغىرنى ئاستا - ئاستا ماڭغۇزۇپ كېلىۋاتاتتى. يىگىت ئاتقا بىر قامچا ئۇرۇپ، بىردىنلا چاپتۇرۇپ قىز تۇرغان يەرگە يەتكەندىن كېيىن توختىدى.
قىز قولىدىكى گورجىكىنى تاشلاپ ھويلىغا يۈگۈرۈپ كىردى - دە، ئىشىكنى يېپىۋالدى. يىگىت تۇمىقىنى گەجگىسىگە سۈرۈپ قويۇپ، يولىغا ئاستا كېتىۋەردى.
ئىشىك قىيا ئېچىلىپ قىز ماردى. ئۇ قورقۇپ ئۇياق - بۇياققا قارىدى - دە، گورجىكىنى ئېلىپ كىرىپ كەتتى.
ئۇزۇن كۆلا كىيىپ سەللە ئورىغان، قوراق تونلۇق، ئىسسىقتىن قارىيىپ كەتكەن ساقاللىق دەرۋىش قارىغۇغا ئوخشاش ئۇزۇن ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ، كوچىنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتتى. ئۇياق - بۇياققا قارىدى - دە، ئىشىككە قىسىلىپ قالغان بىر پارچە ھال رەڭ لاتىنى ئاستا ئېلىپ قوينىغا سالدى.
— شۇنداق، — دەپ غودۇڭشىدى ئۇ، — بۇ يەرلەر بۇرۇنقىدەكلا: شۇ دەرەخنىڭ ئۆزى، پەقەت ئۆسۈپتۇ، قويۇقلىشىپتۇ. شۇ ئىشىكنىڭ ئۆزى، پەقەت بىرئاز قارىيىپتۇ، قىيسىيىپ-

تۇ ... قىزمۇ شۇ قىز ، ئۇن ئالتە يېشىمدا ياخشى كۆرگەن قىزغا ئوخشايدۇ ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزى ئەمەس . كۆپ يىللار بۇرۇن بۇ يەردە سېۋەتتە ئۆرۈك كۆتۈرۈپ تۇرغان ، ئۆزىمۇ ئۆرۈككە ئوخشاش قىزىل ۋە شېرىن قىز نەدىكىن؟ ھەممە نەرسە بۇرۇنقىدەك ، ھەتتا ئەنە ئاۋۇ كونا مۇنار ئۈستىدە ئىلگىرىكىدەك قارچىغىلار ئايلىنىدۇ . پەقەت ھاجى رەھىملا بۇرۇنقى ھاجى رەھىم ئەمەس ...

دەرۋىش ھاسىسى بىلەن ئىشىكنى قاقتى ، قېرى كىشىنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . كونا قارىياغاچ ئىشىك ئېچىلىپ ، بېلى مۈكچەيگەن ، قاتاڭغۇ ، ئاپئاق سەللە ئورىغان بوۋاي چىقتى .

— يا - ھۇ - ھۇ ! يا - ھەق ! — زىكىر قىلدى دەرۋىش .

بوۋاي ياشاڭغىراپ تۇرغان قىزىل كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ ، بەلۋېغىنىڭ قېتىدىن كونا چەم ھەميانىنى ئالدى . ئۇ قاندىسىز ، مومغا ئوخشاش بارماقلىرىنى ھەميانغا تىقىپ نېپىز قارا پۇل ئالدى .

— ئاللاھۇ - سەللىئالا ! — دېدى دەرۋىش پۇلنى سۆيۈپ ، — بۇ ئۆيدە كىم تۇرىدۇ؟ يەككە - يېگانە خۇدايىمدىن كىمگە ئۆمۈر تىلەي؟

— بۇ ئۆيدە مەن تۇرىمەن ، ئەمما ئۆي مېنىڭ ئەمەس ، قارى مەخسۇم تۆمۈرچىنىڭ ، قارى مەخسۇمنىڭ بازار بېشىدىكى تۆمۈرچىلىك دۇكىنىنى ۋە قورال - ياراغ ئۇستىخانىسىنى ھەممە بىلىدۇ ، دىن يولىدىكى كىشىلەردىن سەدىقىنى ئايىمايدۇ .

— ئىسمىڭ نېمە ، كارامەت ئىگىسى؟

— مېنى «كارامەت ئىگىسى» دەپ يۈكسەك نام بىلەن ئاتىمىغىن . مەن شاھنىڭ كونا تارىخ يازغۇچىسى مىرزا يۇسۇپ ، شائىر ئېيتقاندەك :

قېرىسامۇ ئۆكۈزدەك — بويۇنتۇرۇق بوينۇمدا ،
بالا - چاقام مەپتۇنى ۋە قۇلىمەن ئۆيۈمدە .
ئۆيۈم - مۈلكۈم ، بار - يوقۇم بارماق بىلەن سانارلىق ،

لېكىن، جاپا ساناقسىز، ئاتەشىدە يانارلىق...
جاپالاردىن نىتەيكى، ماڭا ئەسلا يوق ناجات[1]...

— ياق، ياق! سەن كارامەت ئىكەنسەن، — دېدى دەرۋىش، — سەن ماڭا قارا دەرخەم بەردىڭ، سېنىڭ بۇ سەدىقەڭ چىن كۆڭۈلدىن بولغىنى ئۈچۈن، دەرخەم دەرھال ئالتۇن دىنارغا ئايلاندى.

بوۋاي ئېڭىشىپ دەرۋىشنىڭ قارا، قۇشلارنىڭكىگە ئوخشىغان ئالىقىنىغا قارىسا، خەت چېكىلگەن ئالتۇن دىنار تۇرۇپتۇ.

— مەن شۇنچە ئۆمۈر كۆرۈپ مۇقەددەس كىتابلاردا ئېيتىلىدىغان كارامەتنى ھېچقاچان كۆرمىگەنىدىم. سەن كارامەت كۆرسىتىشكە قادىر دەرۋىشسەن، يا بولمىسا بازاردىكى كۆز باغلىغۇچىلارغا ئوخشاش نەيرەڭ قىلىپ، كۆزى زەئىپ بوۋايلارنى زاڭلىق قىلىۋاتىسەن.

— مانا، دىنارنى ئۆزۈڭ سىناپ كۆرگىن. خىزمەتكارىڭنى بازارغا ئەۋەتكىن، كاۋاپ، ھەسەل، شېرىن قوغۇنلارنى كەلتۈردۇ. بەلكى شۇ نازۇنېمەتلەردىن تويتوغرا باغدادتىن كېلىۋاتقان بىچارە يولۇچىغىمۇ بېرەرسەن.

— سەن شانلىق باغدادتىن كەلدىڭمۇ؟ ئۇنداق بولسا ئۆيۈمگە كىرگىن، ئۇ يەردە كۆرگەن - بىلگەنلىرىڭنى سۆزلەپ بەرگىن. مەن سېنىڭ ئاجايىپ دىنارىڭنىڭ كۈچىنى سىناپ كۆرەي.

① كېسانى شېئىرلىرىدىن (IX ئەسىر).

# ئالتىنچى باب

## شاھنىڭ سەلنامىچىسى

*ئۇ ئۆيلىرىمىزنىڭ ئارىلىقى يىراق بولۇشى، يول-نىڭ ئۇزاق بولۇشىغا ۋە يول ئازابلىرىغا قارىماي، مەن تەرەپكە يولغا چىقتى.*

(ئىبنى ھەزم، IX ئەسىر)

بوۋاي سىرىق ئۆتۈكىنى سۆرەپ ھويلىدىن ئۆتۈپ ئايۋانغا كىردى.

— كەينىمدىن كىلىۋەرگىن سەيياھ!

دەرۋىش بوۋاينىڭ كەينىدىن خىش تىزىلغان ۋە تام ياقىلاپ تار گىلەم سېلىنغان ئۆيگە كىردى، تەكچىدە ئىككى دانە كۈمۈش كوزا ۋە شىشىدىن ياسالغان ئىراق جامى تۇراتتى. ئۆينىڭ گۈمبەز تورۇسىغا بويالغان ۋاسا ئۇستىلىق بىلەن تىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىس چىقىدىغان تۈڭلۈكى بار ئىدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرى-سىدىكى تۆت بۇرجەكلىك ئوچاقتا كۆمۈر چوغى يېنىپ تۇراتتى. ئۆينىڭ تۆرىدە تونۇكە بىلەن قاپلانغان ساندۇق تۇراتتى، ئوچۇق قاپقاقتىن ئىچىدە سىرىق چەم مۇقاۋىلىق يوغان كىتابلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

دەرۋىش ھاسا ۋە باشقا نەرسىلىرىنى ئىشىكنىڭ ئالدىدا قالدۇ-رۇپ، كەشىنى يېشىپ بوۋاينىڭ يېنىغا باردى ۋە يۈكۈندى.

بوۋاي تىترىگەن ئاۋاز بىلەن:

— بەنت زەنكىجە! — دەپ چاقىردى.

تاپىنىغىچە چۈشىدىغان ئۇزۇن يوللۇق تون كىيگەن ، ھاۋارەڭ سەللە ئورىغان بالا كىرىپ ، قوللىرىنى قوشتۇرۇپ پەرمان كۈتۈپ تۇردى .

— مانا بۇ ئالتۇن دىنارنى ئالغىن ، ئۇنى قېرى ساقلابقا بەرگىن ۋە ئۇنىڭغا : «ساقلاب بوۋا ، بۇنى ئېلىپ بازاردىكى ئىچىگە ئالتۇن ۋە كۈمۈش پۇل سېلىنغان ساندۇقلارنى ئالدىلىرىغا قويۇپ ، قاتار ئولتۇرغان ھىند سەرراپلىرىغا بارغىن ! يەنە شۇ سەرراپلار پىقىرىغۇچ ۋە ئويۇنچۇق ياسايدىغان سۆڭەكلەرنىمۇ سېتىشىدۇ . ئۇلارنىڭ ئەڭ قېرىلىرىدىن بىرىنى تاپقىن ـ دە ، ئۇنىڭدىن : «بۇ ئالتۇن دىنارنىڭ ھەقىقىي ئالتۇن ياكى ساختا ئالتۇن ئىكەنلىكىنى باھالاپ بەر » دېگىن . ئەگەر ھىند سەرراپ بۇ دىنارنى ساختا ئەمەس دېسە ، ئۇنى كۈمۈش دەرخەمگە تېگىشىپ بەرسۇن . ساقلاب كۈمۈشنى ئېلىپ سەيياھلار غىزالىنىدىغان رەستىگە بارسۇن ۋە بۇ ھەقىقەت ئىزدىگۈچى مۆھتەرەم ھازىر ساڭا ئېيتىدىغان تائاملارنى ئېلىپ كەلسۇن .

— خىزمەتكار نېمىلەرنى ئالسۇن ؟ — دېدى بالا دەرۋىشكە قاراپ .

دەرۋىش بالىغا قارىدى . ئۇنىڭ نازۇك يۈزى تونۇشتەك كۆرۈندى . ئۇنى قەيەردە كۆردىكىن ؟ دەرۋىش :

— خىزمەتكارغا ئېيتقىن ، سېۋەت ئالسۇن ـ دە ، نەچچە يىللاردىن بېرى كۆرمىگەن ئاكىسىنى نېمىلەر بىلەن مېھمان قىلماقچى بولسا ، شۇنى ئالسۇن . خىزمەتكارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىختىيارى ، — دېدى .

بوۋاي بالىنى ئىشارەت قىلىپ چاقىردى ـ دە ، قۇلىقىغا شۇنداق دېدى :

— ساقلاب بازاردىن قايتقىنىدىن كېيىن ، بۇ يەرگە ئادەتتىكىچە جول ـ جول كىيىمدە كىرمەستىن ، مېنىڭ كونا تونۇمنى كىيىۋالسۇن . سەن دىنارنى ئۇنىڭغا بەرگەندىن كېيىن دۇۋەت ، قەلەم ۋە قەغەز ئېلىپ كەلگىن . سەن ھازىر بۇ كىشىنىڭ ئېيتقان-

لىرىنى يېزىۋالسەن، — بالا چىقىپ دەررۇ قەغەز، قەلەم ۋە دۇۋەت كۆتۈرۈپ كىردى.

— قېنى، سەيياھ، ئاۋۋال ئېيتقىنى ئېيتقىن، كېيىن قەيەر-لىكسەن ۋە قانداق قىلىپ باغداد شەرىپكە باردىڭ؟

— ئېتىم ھاجى رەھىم باغدادى. بەسرە ئەتراپىدىكى بىر كىچىككىنە يېزىدا تۇغۇلغانمەن. مەن سېنىڭ ھەممە سوئاللىرىڭغا جاۋاب بېرىشكە تەييارمەن، لېكىن ئاۋۋال مېنى تەشۋىشكە سېلىۋات-قان بىر نەرسە توغرىسىدا سۆزلەشكە رۇخسەت قىل.

— قېنى، سۆزلە، — دېدى بوۋاي.

— باغدادتا چوڭ مەدرىستە مەشھۇر مۇددەرىسلەرنىڭ قولىدا تەلىم ئالدىم. مەن بىلەن بىللە بۇ ئىلىم مەشئەللىرىدىن يورۇقلۇق ئاختۇرغان موللا باللارنىڭ ئارىسىدا ھەر دائىم غەمكىن، كەم سۆز ۋە ئۆزىنىڭ ئارتۇق دەرىجىدە تىرىشچانلىقى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدى-غان بىر يىگىت بار ئىدى. مەن ئۇنىڭغا: «سەيياھلىق كەمىرىنى بېلىمگە باغلاپ، جاھانكەزدىلىك ھاسىسىنى قولۇمدا تۇتۇپ، شان-لىق ئۇرگەنچكە، بۇخارائى شەرىپكە، گۈزەل سەمەرقەندكە سەپەر قىلىمەن» دېسەم، ئۇ يىگىت ماڭا: «ھاجى رەھىم باغدادى، ئەگەر سەن خارەزم شاھىنىڭ باي شەھىرى بولغان ئۇرگەنچكە بارساڭ، بازاردىن كۇنپېتىشتىكى دەرۋازىغا بارىدىغان چوڭ يولدىكى ئۇ-چىنچى كوچىغا كىرىپ، ئۇ يەردە تۆمۈرچى ۋە قورال - ياراغ ساتقۇچى قارىي مەخسۇمنىڭ ئۆيىنى تاپ ۋە ئۇلاردىن سورىغىن: ‹مېنىڭ مۆھتەرەم ئاتا - ئانام ساق - سالامەتمىكىن؟ مېنىڭ باغدادقا نېمە قىلىپ يۇرگەنلىكىمنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەرگىن. باغدادقا قايتىپ كەلگىنىڭدە ئۇلار توغرىسىدا بىلگەنلىرىڭنى ماڭا سۆزلەپ بېرىسەن›، دېدى، مەن ئۇنىڭغا ۋەدە بېرىپ يولغا چىقتىم. بىراق، تاسادىپ شامىلى ۋە كۆرگۈلۈك بورىنى مېنى دۇنيانىڭ ئۇ بۇرجىكىدىن بۇ بۇرجىكىگە تاشلايتتى. مەن ھىندىستان قۇياشىنىڭ

ھارارەتلىك نۇرلىرى ئاستىدا قەدەم باستىم ، تاتارىستاننىڭ[1] يىراق
چۆللىرىنى كەزدىم . خىتاي پادىشاھلىقىنى تاتارلار ھۇجۇمىدىن
ساقلايدىغان بۈيۈك سېپىلگىچە باردىم . گۈركىرەپ تۇرغان ئوكيان
بويلىرىدا يۈردۈم ، تەڭرىتاغنىڭ قار باسقان چوققىلىرىدىن ئاش-
تىم ، ھەممە يەردە مۇسۇلمانلارنى[2] ئۇچراتتىم . شۇنداق قىلىپ ،
ئۆرگەنچكە باغدادلىق دوستۇم تاپىنلىغان شۇ كوچىغا يېتىپ كەلگى-
نىمچە نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى . مەن ئۇ ئېيتقان ھويلىنىمۇ ،
ئاپئاق ئاكاتسىيە دەرىخى تېگىدىكى دەرۋازىنىمۇ تاپتىم ۋە ئاخى-
رى سەن كارامەت ئىگىسى بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپتىمەن .
سەن بۇ يەردە مانا شۇ ھويلىدا تۇرغان ، بۇنىڭدىن ئون بەش يىل
بۇرۇن ئۆرگەنچتىن كېتىپ قالغان يىگىتنى تونۇيدىغاندۇرسەن ؟
— ئۇ يىگىتنىڭ ئېتى نېمە ئىدى ؟ — دېدى بوۋاي قاپىقىنى
سېلىپ .
— ئۇ يەردىكى بىلىملىكلەرنىڭ ھەيۋەتلىك سارىيىدا ئۇنى ئەبۇ
جەففار خارەزمى دەپ ئاتىشاتتى .
بوۋاي ئاغزىدىن تۇكۇرۇكلىرىنى چاچرىتىپ ۋارقىرىدى :
— بۇ نامنى تىلغا ئالغىلى قانداق جۈرئەت قىلدىڭ ، بەختى-
سىز ؟ سەن ئۇنىڭ چوڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن ؟ ياش
بولۇشىغا قارىماستىن ئۇزىنىمۇ ، ئاتا - ئانىلىرىنىمۇ ئاھانەتكە
قويدى ، پۈتۈن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى بەختسىزلىك ئازگىلىغا
تاشلاشقا سەللا قالدى .
— ئۇ ناھايىتى ياش ئىدىغۇ ؟ قولىدىن نېمىمۇ كېلەتتى ؟ ئادەم
ئۆلتۈرۈپ قويدىمۇ ياكى ئېسىلزادە بەگلەردىن بىرىگە تېگىپ قويدى-

---

① تاتارىستان — شۇ ۋاقىتلاردىكى يېزىقلارغا قارىغاندا ، ھازىرقى موڭغۇلىيە ۋە غەربىي خىتاي تېررىتورىيىسى بولۇپ ، ئۇ يەردە كۆپلىگەن تۈركلەردىن كېلىپ چىققان كۆچمەن قەبىلىلەر ياشىغان ، ئۇلار «تاتارلار» دەپ ئاتالغان .

② ئوتتۇرا ئاسىيالىق ھۈنەرۋەن ۋە چاققان سودىگەر سوغدىلار (مۇسۇلمانلار) ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى تاجىكلار قەدىمكى زامانلاردىن بېرى ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارتىپ خىتايغىچە بولغان بۈيۈك سودا يوللىرىدا ئۆزلىرىنىڭ سودا ۋە ھۈنەرۋەنلىك يېزا-قىشلاقلىرى بىلەن داڭ چىقارغان .

مۇ ؟

— بۇ دەھشەتلىك ئەبۇ جەففار بەختكە قارشى ياشلىقىدىن ئۆزىنىڭ چوڭ قابىلىيىتى ۋە تىرىشقاقلىقى بىلەن ئايرىلىپ تۇراتتى. ئۇ باشقا شاگىرتلار قاتارىدا ئوقۇش، ھۆسنخەتنى مەشىق قىلىش ۋە كالامى شەرىپنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى بىلىش نىيىتىدە ئەڭ ياخشى مۇدەررىسلىرىمىزدە ئوقۇدى. ئۇ ھەممە ساۋاقلاردا ئالدىدا بولۇپ، فىردەۋسى، رۇداكى ۋە ئەبۇ سەئىدلەرگە تەقلىد قىلىپ خېلى ياخشى شېئىرلارنى يازدى. بىراق، ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى باشقىلارنى تەربىيىلەشكە ئەمەس، پەقەت يېنىك تەبىئەتلىك كىشىلەرنىلا قىزىقتۇرۇشقا خىزمەت قىلاتتى.

بوۋاي پىچىرلاپ داۋام قىلدى:

— بۇ بەختسىز يىگىت دىنغا قارشى چىقتى. ئۇ مويسىپىت ئۆلىمالار ۋە ئىماملار بىلەن بەسلىشىپ، باشقا ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنى شۈبھىگە سېلىپ قويدى. ئاخىرى ئىمام ئۇنىڭغا: «سەن جەننەت يولىدىن ئەمەس، جەھەننەم يولىدىن كېتىۋاتىسەن» دېگەندە، ئەبۇ جەففار ئۇنىڭغا قوپاللىق بىلەن: «يوقال نېرى، مېنى جەننەتكە باشلىما! سەن تەسۋى تارتىش، ئىبادەت قىلىش ۋە سەۋرلىك توغرىسىدا ۋەز قىلغىنىڭغا مەن مۇھەممەدنىڭ مەسچىتى، ئەيسانىڭ قوڭغۇراق چېلىنىدىغان موناستىرى ياكى مۇسانىڭ سىنا گوگى ئارىسىدا قانداق پەرق بار ئىكەن دەپ ئەجەبلىنىمەن. مەن خۇدانى ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالمىدىم، خۇدا يوق، ئۇنى، ئۇنىڭ نامىنى سېتىپ يۇرۇشكەنلەر ئويلاپ چىقىرىشقان. مېنىڭ پىرىم — ئىبنى سىنادۇر[1]» دېدى. شۇ چاغدا ئىماملار ئۇنىڭغا لەنەت دېيىشتى ۋە ئۇنى تۇتۇشقا ئەمر قىلدى. ئۇلار يارىماس ئىللەتلىك

① ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا بۇخارادا تۇغۇلغان IX ئەسىرنىڭ بۈيۈك ئالىمى، ياۋروپادا ئۇنى ئاۋىسېننا دەپ ئاتىشىدۇ. خۇداغا ئىشەنمىگىنى ۋە ئەركىن پىكىر تەرەپدارى بولغىنى ئۈچۈن، ئىنفخانىدا زىندانغا تاشلانغان ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغاندى. ئۇ تەبىئەت ئىلىملىرى، مېدىتسىنا، خىمىيىدىن كۆپ كىتابلار يېزىپ قالدۇردى ۋە مۇسۇلمان شەرقىدە ئەركىن پىكىر ئۈچۈن كۈرەشكەنلەرنىڭ ئەڭ باتۇر جەڭچىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇنىڭ لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «قانۇن» ناملىق مېدىتسىنا قامۇسى ۋراچلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم قوللانما ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى.

شېئىرلارنى يازمىسۇن ، دەپ شەھەر مەيدانىدا ئۇنىڭ زەھەرلىك تىلىنى ۋە ئىككىلا قولىنى كەسمەكچى بولۇشتى . ئەمما ، ئەبۇ جەففار يىلاندەك ئەپچىللىك بىلەن غايىب بولۇپ كەتتى . دەسلەپ ئاتىسىنى ئەيىبلەك بالىسىغا رەھمى كېلىپ ، ئۇنى يوشۇرغان ، دەپ ئويلاشتى . خارەزم شاھى مۇھەممەد بۇ سۆزلەرنى ئىماملار-دىن ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ ئاتىسىنى تۇتۇپ ، چوڭچۇن باسقان زىندانغا تاشلاشنى ، بويىنىغا «ئۇمۇرۋايەت ۋە ئۆلگۈچە» دەپ يېزىلغان زەن-جىر ئېسىپ قويۇشنى بۇيرۇدى . شاھ ئەگەر ئاتىسى ئۆلۈپ قالسا ، تا ئەبۇ جەففارنىڭ ئۆزى ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەلگۈچە ئورنىغا يېقىن قېرىنداشلىرىدىن بىرىنى سولاڭلار ، دەپ پەرمان بەردى .

— ئاتىسى ھازىرغىچە زىنداندىمۇ ؟ — دەپ ئاستا سورىدى دەرۋىش . ئۇنىڭ يوغان ئېچىلغان كۆزلىرى چاقنايتتى، يۈزى بول-سا ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتكەندى .

— ئاتىسى يەر ئاستىدىكى زەيلىككە ، قاراڭغۇلۇققا ، دەھشەت-لىك سالجا - چوڭچۇنلەرگە چىدالماستىن ئۆلۈپ كەتتى . جاللاتلار شاھنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ، ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى توغاننى تۇتۇپ ، ئۇنىڭ بويىنىغىمۇ خۇددى شۇ زەنجىرنى سېلىپ ، ئاشۇ زىندانغا تاشلىدى .

— قانداق جىنايەت ! — دېدى دەرۋىش پىچىرلاپ .

— مەن ياش توغانغا ئېچىنىمەن ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى بوۋاي ، — ئۇنىڭغا كۆپ غەمخورلۇق قىلدىم . توغان يولدىن ئازغان ئاكىسىنىڭ ئىزىدىن كەتمىسۇن ، دەپ ئۇنىڭغا ئىلىم - مەرىپەت بەردىم ، توغان مېنىڭ قولۇمدا خەت ساۋاتىنى چىقاردى . ئۇ ھۈنەر ۋە ھەربىي ئويۇنلارغىمۇ قىزىقاتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ياخشى قورال - ياراغ ياساشنى ئۆگەنگىن ، دەپ قارىي مەخسۇم تۆمۈرچىگە شاگىرتلىققا بەرگەنىدىم . ئەمدى ماڭا توغاننىڭ قىلىدى-غان ئىشىنى دېدەك خوتۇننىڭ يېتىم قىزى بەنت زەنكىچە قىلىدۇ ، بۇ قىز ئوقۇش - يېزىشقا ۋە تۈرلۈك شېئىر ، قوشاقلارنى يادلاشقا ناھايىتى لاياقەتلىك چىقىپ قالدى . يىللار ئۆتۈپ كۆزلىرىم خىرە-

لىشىشكە باشلىدى ، نەرسىلەر ئىككى ، ئاي بولسا ئۈچ بولۇپ كۆ-
رۈندۇ . بەنت زەنكىجە مېنىڭ ياردەمچىم ، مىرزام بولۇپ قالدى .
ئۇ مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى يازدۇ ۋە كىتابلارنى كۆچۈردۇ ، مانا
ئالدىڭدا قەلەم تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ .

شۇنىڭدىن كېيىن ، دەرۋىش بايا ئىشىككە گورجەك كۆتۈرۈپ
چىققان قىز مۇشۇ كۆك سەللىلىك مىرزا ئىكەنلىكىنى چۈشەندى .

دەرۋىش ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قويدى - دە ، ئۇن ئالتە ياش
ۋاقىتلىرىدا شۇ يەردە كۆرگەن باشقا بىر قىزنى سوراشقا پېتىنالمە-
دى . دەرۋىش ئۆزىنىڭ ھاياجانلانغانلىقىنى بېسىپ شۇنداق دېدى :

— سەن كارامەت ئىگىسى ئىكەنسەن . بىر قىزغا ئوقۇش ۋە
يېزىش سەنئىتىنى ئۆگىتىپسەن ، ئەمدى ئۇ مىرزىلارغا خاس بىر
تەرزدە سەللە يۆگەيدىغان بوپتۇ ، سېنىڭ ئۆيۈڭدە ھەممە نەرسە
ئىلىم - مەرىپەتكە قارىتىلغانىكەن .

بوۋاي ئىنچىكە بارماقلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ دەرۋىشكە قاتتىق
تىكىلىپ قارىدى .

— ئەمدى سەن ئۆزۈڭ توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگىن . قاچانغى-
چە جاھانكەزدىلىك قىلىپ يۈرىسەن ؟

دەرۋىش بېشىنى چايقاپ ، قارا ، ئۆتكۈر كۆزلىرىنى بوۋايغا
تىكتى .

— مېنىڭ دادام — مېنى چۆللەردە ھەيدەپ يۈرگەن ئاچلىق ،
ئانام بولسا گۆدەك بالىسى ئۈچۈن كۆكرىكىدە سۈتى يوق ، غەمدىن
زار - زار يىغلىغان موھتاجلىقتۇر . مېنىڭ ئۇستازىم — جاللات
قىلىچىدىن قورقۇش . ئەمما ، مەن : «قايغۇرما ، دەرۋىش ، سەن
ھەمىشە ئۆزۈڭگە مۇناسىپ ئىشلارنى قىلدىڭ» دېگەن ئاۋازنى ئاڭ-
لايمەن .

قېرى مىرزا بېشىنى چايقىدى .

— سەن بىلىملىك ئادەم ئىكەنسەن ، سېنى ھەرقانداق قازى
ياكى ھاكىم جان - دىلى بىلەن مىرزا قىلىۋالىدۇ . مەن ئۆزۈممۇ
شۇ تاپتىلا سېنى شاھنىڭ كىتابخانىسىغا كاتىپ قىلىپ ئالاتتىم ،

ئۇ يەردە ھەتتا ئادەملەرگە ئېتىمۇ نامەلۇم بولغان كەمدىن ـ كەم تېپىلىدىغان كىتابلار بار. شۇلارنى كۆچۈرۈپ يېزىش كېرەك، ئۇلار ئىنسانىيەت ئۈچۈن كېرەك كىتابلاردۇر. ساڭا تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرۈشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ جاھانكەچتىلىكنىڭ ئۇزۇن يوللىرىدىكى چاڭ ـ توزان ۋە شىغىل ـ تاشلارنىڭ نېمىسىگە قىزىقىسەن؟

دەرۋىش پەس ئاۋاز بىلەن گەپ باشلىدى:

— ماڭا: «سەن نېمىشقا ئۆزۈڭنىڭ تۇرار جايىڭنى رەڭگارەڭ گىلەملەر بىلەن بېزەتمەيسەن» دېيىشىدۇ. بىراق، «قەھرىمانلار ـ نىڭ جاراڭلىق ئاۋازلىرى ئاڭلانغاندا، ھاپىز ناخشىسىنىڭ نېمە كېرىكى بار؟»، «ئات ئۇرۇشقا چېپىپ كېتىۋاتقاندا، قانداق قىـ ـلىپ مەن چىمەنلىكتە ياتىمەن؟»①

بوۋاي ھەيران بولۇپ قوللىرىنى كەردى.

— قانداق ئۇرۇش توغرىسىدا سۆزلەۋاتىسەن؟ بارلىق مۇسۇل ـ مان ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدا ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ بۈيۈك بولغان سۇلتانىمىزغا قارشى كىم قول كۆتۈرەلەيدۇ؟ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىلا ئۇرۇشۇشنى خالىغىنىدىن، باشقا جەڭگىۋار قارارگاھلاردا ئوت يانىدۇ...

— كونچىقىشتىن دەھشەتلىك ئوت كەلمەكتە، ئۇ ھەممە ياقنى ياندۇرۇۋېتىدۇ.

بوۋاي بېشىنى چايقىدى.

— ياق خارەزم شاھىنىڭ قىلىچى قىنىدا بولسا، ماۋەرائۇننەھر ۋادىلىرىدا ۋە خارەزم پادىشاھلىقىنىڭ بارلىق چېگرىلىرىدا تىنچلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ.

پۇتلىرىغا ئېغىر زەنجىر سېلىنىپ كەمىرگە چېتىپ قويۇلغان بىر قېرى قول ئاستا كىردى. ئۇ ئاجايىپ دىنارغا سېتىۋېلىنغان بىر سېۋەت تۈرلۈك غىزالارنى ئېلىپ كىردى.

ھېرىپ قالغان ئېگىز بويلۇق بوۋاينىڭ ئۈچىسىدا قىسقا،

---

① ئىبراھىم مۆتەنەسەرنىڭ شېئىرلىرىدىن (X ئەسىر).

يوللۇق تونى بار ئىدى، ئۇزۇن، ئاق چۇشكەن چىچى يەلكىسىگە چۇشۇپ تۇراتتى. ئۇ گىلەمگە شايى رومالنى يايدى ـ دە، نان، سامسا، ھەسەل، پىستە بادام، كىشمىش، قوغۇن ۋە باشقا تاتلىق نەرسىلەرنى قويدى.

— بۇ قېرى قۇل بىلەن سۆزلىشىشكە رۇخسەت قىلامسەن؟

— سۆزلىشۋەرگىن، مۆھتەرەم سەيياھ.

— ئاتا، قەيەرلىكسەن؟ — دەپ سورىدى دەرۋىش قولدىن.

— يىراقتىن، ئوروس تۇپرىقىدىن. مەن دادام بىلەن بىللە تۇراتتىم، دادام ۋولگا دېگەن چوڭ دەريا بويىدا ياشايدىغان بېلىقچى ئىدى. بۇ يەردىكىلەر ۋولگىنى ئەتىل دەپ ئاتىشىدۇ. مېنى بالىلىق چېغىمدا قوشنا سۇزدال كىنەزلىكىنىڭ يىگىتلىرى تۇتۇۋېلىشتى، كىنەز دېگىنى بىزنىڭچە خان ياكى بەگكە توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭ كىنەزلىرىمىز ئۆزئارا ئۇرۇشىدۇ، كىم يەڭسە، يېڭىلگەن كىنەز-نىڭ دېھقانلىرىنى، خوتۇن ـ قىز، بالا ـ چاقىلىرىنى ئەسىر قىلىۋالىدۇ. كېيىن شۇ كىنەز ئۇلارنى باشقا ئەللەرگە قويغا ئوخ-شاش ساتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، كىنەز مېنى سىڭلىم بىلەن بىللە بۇلغار سودىگەرلىرىگە سېتىۋەتتى. ئۇلار بولسا بىزنى ئۆزلىرىنىڭ كاما دەرياسى بويىدىكى سودا شەھىرى بولغان بىلەرگە ئېلىپ بېرىشتى. ئۇ يەردىكى ھەممە ئەسىرلەرنىڭ قاتارىدا مېنىمۇ چۆلدىن ھەيدەپ بۇ ياققا — ئۇرگەنچكە ئېلىپ كېلىشتى. سىڭلىمنى نەگە سېتىۋەتكىنىنى بىلمەيمەن، بۇنىڭغا خېلى يىللار بولدى. مانا ئەمـ-دى چاچلىرىممۇ ئاقىرىپ، قېرى ئۆچكىنىڭكىدەك ئېسىلىپ چۈش-تى، لېكىن ھازىرمۇ دەريا بويىدىكى ئۆز يېزامنى كۆرسەم دەيمەن. تۈركمەنچە ۋە پارسچە سۆزلىشىشنى ئۆگەندىم، ئەگەر ئەسىرلەر ئارىسىدا ئۆزىمىزنىڭكىلەردىن بولمىغاندا، ئۆز ئانا تىلىمنى پۈتۈن-لەي ئۇنتۇپ قالاتتىم. بەزىدە بازاردا يۇرتداشلارنى كۆرۈپ قالسام، بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆزلىشىپ قويىمەن. بۇ يەردە ئۇنداقلار كۆپ، ھەممىسىنىڭ ئايىغىدا كىشەن.

— ئېتىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى دەرۋىش.

— مېنى بۇ يەردە ساقلاب دەپ ئاتىشىدۇ ، ئۆزىمىزنىڭكىلەر بولسا «سلاۋكا بوۋا» دېيىشىدۇ . پېتىنىپ سۆزلىگىنىم ئۈچۈن كەچۈرگىن ، — دەپ بوۋاي دەرۋىشكە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ، — ئاڭلىشىمچە ، سەن يۇرتمۇيۇرت يۇرگۇدەكمىشسەن ۋە ئىلىم - كارامەت بىلەن مىس دەرخەملەرنى ئالتۇن دىنار قىلارمىشسەن ، شۇڭا مېنى خوجايىنىمدىن سېتىۋېلىش ساڭا ھېچ نەرسە ئەمەس . مېنى سېتىۋال ، ساڭا سادىق بولۇپ ، ھالال خىزمەت قىلىمەن . بەلكى سەن بىز تەرەپلەرگە — ئورۇسلار تۇرىدىغان جايلارغىمۇ بارارسەن ، شۇ چاغدا مېنىمۇ ئېلىپ كېتىسەن .

— سەن مېنىڭ قولۇمنى ئۆزۈڭگە قارىتىۋالماقچىمۇ سەن ؟ — دېدى خوجايىن دەرۋىشكە ھومىيىپ .

— قول توغرىسىدا ئويلاشنى ماڭا كىم قويۇپتۇ ، — دېدى دەرۋىش ، — مەن بىرەر سېخىي سەدىقە قىلىپ بېرىدىغان بىر ئوچۇم سۆككە موھتاج ئادەممەن .

— مەيلى ، مېنىڭ تۇپرىقىم شۇ يەرلەردىن ئېلىنغانىكەن ! — دېدى ساقلاب خۇرسىنىپ ، كېيىن يەنە قاتتىق ئاۋاز بىلەن ، — قېنى مەرھەمەت قىلىڭ ، داستىخانغا قاراڭ ! — دېدى - دە ، ئۇ گىلەم ئۇستىدىن ئاستا مېڭىپ ئاپتۇۋا بىلەن چىلاپچا ئېلىپ كەلدى .

مىرزا يۇسۇپ بىلەن دەرۋىش قوللىرىنى يۇيۇپ ، كەشتىلىك لۆڭگىگە سۇرتۇشتى ۋە ئۇنچىقماستىن غىزالىنىشقا باشلىدى . دەرۋىش داستىخاندىكى غىزالارنىڭ ھەممىسىدىن يەپ كۆرگىنىدىن كېيىن ، مىننەتدارچىلىق بىلدۇرۇپ كېتىشكە ئىجازەت سورىدى .

جىمجىت كوچىدا دەرۋىش دەرەخ سايىسىدە كونا ئىشىككە قاراپ ئۇزاق تۇردى .

«بىر ۋاقىتلاردا بۇ ئەزىز بوۋاي مېنى قومۇش قەلەم تۇتۇپ ئېلىپبە يېزىشقا ئۆگەتكەن بۇ ئۆينى ئەمدى مەن ئىككىنچى كۆرەلمەسلىكىم مۇمكىن . ئۇنىڭ بىلەن ئىلاجى بار ئۇزاقراق سۆھبەتلىشىش ، ئۇنىڭ قەدىرلىك ئاۋازىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ، بار - يوقۇم بولغان بىر ئالتۇن دىنارىمنى ئايىمىدىم... ئەمدى يولغا

چۈشمەن!»

مىرزا يۈسۈپمۇ ئاجايىپ مېھمان چىقىپ كەتكەن ئىشىككە ئۇزاق تىكىلىپ تۇردى. بەنت زەنگىجە كىردى ۋە دېدى:

— ئەزىزىم مىرزا يۈسۈپ بوۋا! بۇ دەرۋىش — ھاجى رەھىم باغدادى بىزدىن قېچىپ كەتكەن دەھرى ئەبۇ جەففارىمىزغا ناھايىتىمۇ ئوخشايدۇ، دېگەن پىكىر يۈرىكىمدە يىلانغا ئوخشاش تولغىنىماقتا. پەقەت ئۇنىڭ ساقىلىلا ئۆسكەن، ئۆزى ئىسسىقتىن قارايغان، شۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئۇنى ئىلگىرىكى بالىلىق چېغىڭغا ئوخشىتالمايسەن.

— جىم، بولمىسا ئۆيىمىز ۋەيران بولىدۇ! مەن مۇقەددەس ئىماملارنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغان دىنسىز بىلەن سۆزلىشەتتىممۇ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ مېھمان توغرىسىدا ئېغىز ئاچما! بىز شۇنداق زاماندا ياشاۋاتىمىزكى، غەزەپ قۇلىقى ھەر بىر تۆشۈكتىن بىزنىڭ ئاغزىمىزدىن چىققان پىچىرلاشنى تىڭشايدۇ. بىز كېچە - كۈندۈز شائىرنىڭ: «جىمجىتلىق كۈچ، باشقا ھەممە نەرسە زەئىپلىكتۇر»[1] دېگەن سۆزلىرىنى يادىمىزدا تۇتۇشىمىز كېرەك.

— دوستلارنىڭ ئالدىدىمۇ ئۈنچىقماسلىق كېرەكمۇ؟ شۇ ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئۆزى: «دوستۇڭدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئالدىدا ئېغىز ئاچما» دېگەنىدىغۇ؟ ئۆمۈر بويى ئېغىز ئاچماسلىق كېرەكمۇ؟ - ياق! ئۇنىڭدىن كۆرە، ناخشا ئېيتىپ خۇشال - خۇراملىق بىلەن ئۆلگەن ياخشى.

— جىم، جىم دەيمەن! — دەپ ۋارقىرىدى بوۋاي، — ھەي خۇدا، ئۆزۈڭ مەدەت بەر! يالغۇزمەن! تۈن ئۇزاق، بۈيۈك خارەزم شاھى داستانى بولسا تېخى تۈگىمىگەن. مەن ئۇنىڭدىن ھەمىشە شانلىق قەھرىمانلارنى كۈتىمەن، بىراق بۈيۈك ئىشلارنى كۆرمەستىن، پەقەت قەتلى قىلىشلارنىلا كۆرىمەن. قەھرىمان پۇچەك، ئىچىدە ئالتۇندەك پارقىراق كۈيلەر يۈرىدىغان ۋە زەھەرلىك چاياندلارغا تولغان تاش بۇت بولۇپ چىقمىسىدى، دەپ قورقىمەن... يا خۇدا، ماڭا نەزەر سالغىن، پاك نۇرۇڭدىن بەھرىمەن قىلغىن!

① ئەبۇ سەئىد شېئىرلىرىدىن (XI ئەسىر).

# ئىككىنچى قىسىم

# خارەزم شاھ قۇدرەتلىك ۋە دەھشەتلىك

## بىرىنچى باب

## ئەتىگەنلىكى سارايدا

*پادىشاھلارغا خىزمەت قىلىشنىڭ ئىككى تەرىپى بار: بىرىنچىسى قورساق تويدۇرۇش ئۈمىدى؛ ئىك-كىنچىسى ئۆلۈم خەۋپى.*

(سەئىدى ، XII ئەسىر )

تاڭ قاراڭغۇسىدا ئۇرگەنچنىڭ تار كوچىسىدىن ئەتراپىغا ياغ-لىق قەغەز تۇتۇلغان خىرە پانۇس تۇتقان خىزمەتكار كەينىدىن ئۈچ قېرى ئىمام كېتىپ بارىدۇ. قېرىلار كەڭ تونلىرىنىڭ ئۇزۇن ئېتەكلىرىنى كۆتۈرۈپ، شارقىراپ سۇ ئېقىپ تۇرغان ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتۈشتى.

يېپىق دۇكانلاردىن مۇرچ، ئەمبەر ۋە بوياقلارنىڭ خۇش پۇ-راقلىرى قاراڭغۇدا پۇرقۇراپ تۇراتتى. ئىماملار ئۆتۈك، ئېگەر ۋە جابدۇقلار تىزىپ قويۇلغان دۇكانلار يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، كۆننىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. مەيداندا قوپال بىر ئاۋاز ئۇلارنى توختاتتى:

— توختاڭلار ! كېچىسى نېمە قىلىپ يۈرىسىلەر ؟

— بىز جانابىي ئالىيلىرىنىڭ مەرھەمىتى بىلەن چوڭ مەسچىتنىڭ ئىماملىرى ، پادىشاھنىڭ سارىيىغا بامدات نامىزىنى ئۆتەشكە كېتىۋاتىمىز .

— مەرھەمەت قىلىڭلار !

ئۈچ ئىمام سارايى دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاشتى ، دەرۋازىنى قېقىشتىن نەتىجە چىقمايدۇ . ئىشىكنى تاقىلدىتىش ھاقارەت ، دەرۋازىنىڭ ئۆزى ئېچىلىپ كەتتى . بىر نەچچە ئاتلىق قاراڭغۇلۇقتىن چىقىپ مەيداندىن چېپىپ ئۆتۈپ كېتىشتى ، بۇلار «دىن ۋە ئادالەتلىكنىڭ ئۇلۇغ ۋە زېرەك ھامىيسى»نىڭ پەرمايىشى بىلەن ئۆزلىرىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان تەرەپكە كېتىشىۋاتىدۇ .

قېرىلار چوڭ كۆلچەكتىكى تاشلارنىڭ بىرىدىن ئىككىنچىسىگە ئاتلاپ دەرۋازىدىن كىرىشتى . سارايىنىڭ كەڭ ھويلىسىدا شاھنىڭ ئەسكەرلىرى يۈرۈشەتتى ، ئىككى قورۇقچى كېلىۋاتقانلارنىڭ ئىمام ئىكەنلىكلىرىنى بىلىپ يول بېرىشتى . ئۈچ قېرى بىر نەچچە ھويلىدىن ئۆتۈشتى . ئۇيقۇغا قانغان دەرۋازىۋەنلەر ئاچقۇچلىرىنى شاراقلىتىپ ئېچكىرىدىكى يوغان دەرۋازىلارنى ئېچىشتى .

ئاخىر ئىككى قاناتلىق ئىشىك كۆرۈندى . ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا نەيزىلەرگە تايانغان ، ساۋۇت ۋە تۆمۈر قالپاق كىيگەن ئىككى ئەسكەر قېتىپ تۇراتتى .

تۇتەك يېنىۋاتقان قارا چىراغ كۆتۈرگەن خىزمەتكار كېلىپ :

— ئەمىرەلمۇسلىمىن تېخى چىققىنى يوق ، — دېدى .

— كۈتۈپ تۇرىمىز ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى قېرىلارنىڭ ئۈچىلىسىلا ۋە كەشلىرىنى يېشىپ گىلەمگە چىقتى . دەرھال چۆكۈپ چەم مۇقاۋىلىق يوغان كىتابلارنى ئېچىشتى .

— تۈنۈگۈن ئىسيان كۆتۈرگەن تۆت خان كېپىل قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ياش بالىلىرىنى ئەۋەتىشىپتۇ ، شاھ زىياپەت بەردى . ئۇن ئىككى قوي سويۇلدى ، — دېدى ئىماملاردىن بىرسى .

— بۈگۈن يەنە نېمە قىلماقچىكەن ؟ — دەپ پىچىرلىدى ئىك-

كەتكەنچىسى.

— ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ ھەممە سۆزلىرىنى ماقۇللاش، سۆزىگە سۆز قايتۇرماسلىق، — دەپ خۇرسىندى ئۇچىنچىسى.

— خارەزم شاھ مۇھەممەد چۈش كۆرۈپتۇ: ئۇ چۆلدە بىر دۆڭنىڭ ئۈستىدە تۇرغانمىش، ئەتراپىنى بولسا مىڭلىغان ئادەملەر ئورىۋالغانمىش. پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياش نۇرىدىن ئاسمان قىپقىزىل كۆرۈنگۈدەك، قۇياش بىر خىلدىكى قوم بارخانلىرىنىڭ ئارقىسىغا بىردەمدە پېتىپتۇ.

«بار بولسۇن، ياشىسۇن پادىشاھىمىز!» دېگەن سادالار يىراقلاردىن ئاڭلىنىپتۇ. ئادەملەر ئاستا ـ ئاستا بەللىرىنى پۈكۈپ ئېگىلىپتۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئاپئاق سەللىلەر توساپتۇ.

— خالايىقنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمران ئالدىدا تىز چۆكۈپتۇ، خارەزم دېڭىزىنىڭ① تىنىمسىز دولقۇنلىرىغا ئوخشاش تونلىرىلا كۆرۈنگۈدەك.

«ياشىسۇن شاھ!» دېگەن ئاخىرقى ئاۋازلار يىراقلاردىن ئەكس سادادەك ئاڭلىنىپتۇ، كېيىن ھەممە جىم بولۇپ قېلىشىپتۇ. قۇياش كۆزدىن غايىب بولۇپ، چۆلنى قاراڭغۇلۇق ۋە جىمجىتلىق بېسىپتۇ. شاھ چۈشۈۋاتقان قاراڭغۇلۇقتا دۆڭنىڭ ئېتەكلىرىدىن ئۆزى تەرەپكە ئېڭىشىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرۈپتۇ.

«يېتەر، قايتىڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلىپتۇ شاھ. بىراق، يوللۇق تون كىيگەن، سارغۇچ بەلۋاغ باغلىغان ھېسابسىز ئادەملەر ئېگىشكەن ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتقانىكەن. شاھقا بۇلارنىڭ ھەممىسى قوينىغا چاقلانغان پىچاق سېلىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپتۇ، ئادەملەر ئۆز ھاكىمىنى بوغۇزلاپ تاشلاشنى ئويلىغاندەك بىلىنىپتۇ، ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ يېقىن كېلىپ قالغان بىر كىشىنى تېپىپتۇ، ئۇنىڭ تونى قۇشقا ئوخشاش ئۇچۇپ كېتىپتۇ. شاھ قارىسا تونىنىڭ تېگىدە ھېچكىم يوق. شاھ ئايىغى بىلەن باشقا تونلارنىمۇ تېپىپتۇ، بۇلارنىڭ تېگىدىمۇ ھېچكىم يوق ئىكەن.

---

① XIII ئەسىردە ئارال دېڭىزى «خارەزم دېڭىز» دەپ ئاتالغان.

«لېكىن، بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر كىشى بار! ئۇ ماڭا يېقىن كېلىپ يۈرىكىمگە — شانلىق خارەزم شاھلار ئەۋلادىنىڭ بەختى ۋە سائادىتى ئۈچۈنلا ئۇرۇپ تۇرغان يۈرىكىمگە پىچاق سالماقچى بولۇپ يوشۇرۇنغان.»

«يېتەر! شاھ سىلەرگە بۇيرۇيدۇ: كېتىڭلار!» دەپتۇ شاھ، ئۇنىڭ ئاۋازى ياخشى چىقمىغۇدەك. ھەممە كۆزدىن غايىب بوپتۇ، ئەتراپ جىمجىت ۋە نۇرسىز چۆل ئوتلىرىنىڭ قاتتىق غوللىرى خۇددى ئۆلۈك ئاسلاننىڭ تاتىلانغان يۈزىگە ئوخشايدۇ. ئەمدى شاھ يالغۇز، چۆلدە پۈتۈنلەي يالغۇز قالغان، ئېتىمۇ يوق. لېكىن، قەيەردىدۇر شۇ يەردە، ناھايىتى يېقىن جايدا كۈل رەڭ دۆڭلەردىن بىرىنىڭ كەينىدە، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ھېلىقى يالغۇز كىشى پايلاپ يېتىپتۇ... ھەممىسىمۇ ئۇنىڭ ئۆلۈشىنى خالايدۇ، ئەمما بىر كىشىلا ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قارار قىلغان. ئۇ كىم ئىكەن؟

يىراقتىن ئالامانىڭ: «جالالىددىن ئۇزاق ياشىسۇن! خارەزم شاھىنىڭ ئوغلى ۋە ۋارىسى باتۇر جالالىددىنغا شەرەپلەر بولسۇن!» دەپ ۋارقىراشقان سادا ئاڭلىنىپتۇ.

«بۇلار مېنى ئۇنتۇپ، ئوغلۇمنىڭ قوللىرىنى سۆيۈشكە تەييار بولسا كېرەك؟ بۇنىڭغا يول قويماسلىق كېرەك، يېتەر! ماڭا قارشى چىققان كىشىنى يانجىپ تاشلايمەن. ئۇ باغداد خەلىپىسى بولسىمۇ ياكى جاھىل ئوغلۇم بولسىمۇ، بەربىر! يېتەر!»

شاھ چالا ئۇيقۇ ئارىلاش يېنىدا بىرسىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىدى ۋە ئۆزىگە قانداقتۇر سوغۇق نەرسە تېگىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇنى قورقۇش ۋە ياشاش خاھىشى بار كۈچىنى يىغىپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. شاھ كۆزىنى ئېچىپ، ئۆيىنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرىغا تەشۋىشلىك قاراشقا باشلىدى.

يوغان ئوچاقتىكى ئوتنىڭ ئىسسىقى ئۇرۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا كىمدۇر بىرى ئولتۇراتتى. بۇ تونۇگۇن تۇتۇپ كېلىنگەن ياۋايى چۆل قىزى ئىدى، ئۇ قورققىنىدىن قوللىرى بىلەن يۈزىنى توساپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

— سەن كىم ؟

— ئۇلۇغ تەڭرىم ! مەن چۆلدىن كەلگەن تۈركمەن قىزى گۈلجامالمەن . سىنى تونۇگۇن ئۇخلاپ ياتقان ھالىڭدا كۆتۈرۈپ شۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشكەندى ، بېشىڭنى ياستۇققا قويۇشۇڭ بىلەن قاتتىق ئۇخلاپ قالدىڭ . مەن سېنىڭدىن ناھايىتى قورقتۇم ، چۈنكى سەن چۈشۈڭدە خۇددى جان بېرىۋاتقاندەك خىرىلدىدىڭ ۋە ئىڭرىدىڭ ، سىنى دىۋىلەر بوغقانغا ئوخشايدۇ . ئۇلار قاراڭغۇدا ، قارا ئۆيلەرنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرۈشىدۇ ۋە قان تۆككەن كىشىلەرگە ئازاب بېرىش ئۈچۈن تۈڭلۈكتىن ئىچكىرىگە چۈشىدۇ .

— قولۇڭدىكى نېمە ئىدى ؟ — دەپ شاھ ئۇنىڭ نازۇك قوللىرىنى قىستى .

— ئاغرىيدۇ ! قويۇۋەتكىن !

— قولۇڭدا نېمە بار ئىدى ، كۆرسەتكىن !

— مېنىڭدە ھېچ نەرسە يوق ئىدى . خالىساڭ گۈلگە ئاشىق بولغان بۇلبۇل توغرىسىدىكى چۆل قوشىقىنى ئېيتىپ بېرەي . ياكى ئەينەكتە خىتاي كىنەزىنىڭ قىزىنى كۆرگەن پارس شاھزادىسىنىڭ چۆچىكىنى سۆزلەپ بېرەيمۇ ؟

— ھېچقانداق گۈل ، ھېچقانداق شاھزادە ھەققىدىكى چۆچەك كېرەك ئەمەس ! ھە ، مانا مەن خەنجەرنىڭ غىلاپىنى تېپىۋالدىم . نېمىشقا ئۆز شاھىڭ ئالدىغا پىچاق كۆتۈرۈپ كەلدىڭ ؟

— قويۇۋەت مېنى ! قېرىلار : «ئېتىڭنى ئۇرما ، يولدىشىڭدىن ئايرىلىسەن» دېيىشىدۇ .

گۈلجامال ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ نېرى تۇردى .

— ۋاي ئۆلەي ! سەن مېنى بوغۇپ قويىسەن ! سەندىن قورقىمەن .

قىز يۈگۈرۈپ ئىككى قاناتلىق ئىشىكتىن چىققىنىدا ، قولاق سېلىپ تۇرغان ئىككى خىزمەتكار خوتۇنغا دۇچ كەلدى .

شاھ ئېغىر نەپەس ئېلىپ ، ئوچاقنىڭ يېنىغا كەلدى . ئۇنىڭ ئۆكۈزنىڭكىگە ئوخشاش قاپىرىپ چىققان كۆزلىرى ئوتتەك چاق-

نايتتى . ئۇ قومۇش چوكا بىلەن جاڭ ئۇردى ، ئىككى قاناتلىق ئىشىكتىن قىرى ، ئۈچكە ساقال خىزمەتكار كىرىپ شاھنىڭ ئايە. غىغا يىقىلدى .

— بۇ قىزنى كەچقۇرۇن گىلەملىك ئۆيگە ئېلىپ كىرىڭلار . ۋەكىل[1] ۋە ئۇلۇغ ۋەزىر شۇ يەردىمۇ ؟

— ھەممىسى سىلىنى كۇتۇپ تۇرۇۋېتىۇ ، شۇنىڭدەك «جانا. بىي ئاخباراتچى»[2] ۋە ئۈچ ئىمامىمۇ بار .

— جالالىددىن خان تېخى كەلمىدىمۇ ؟

— تەخت تايانچى تېخى يوق .

— كۇتۇپ تۇرۇشسۇن ، ھاممامغا خادىملار ۋە ساقىلىمنى بوياشقا ساتىراش ئەۋەت .

خارەزم شاھ ياندىكى ئۆيگە چىقتى . قاتما ، مۇكچەيگەن ۋە قىزارغان كۆزلىرى ياشلىنىپ تۇرغان قىرى خىزمەتكار ياستۇق ۋە يوتقانلارنى مەرەپكە يىغىشقا باشلىدى ، گىلەمنىڭ ئۈستىدە نېمە. دۇر بىر نەرسە پارقىراپ كەتتى . بوۋاي ئېڭىشىپ ، پىل سۆڭىكى. دىن ياسالغان دەستىلىك ئۆتكۈر خەنجەرنى ئالدى .

— بۇ تۈركمەن پىچىقى . ھەي ، بۇ تۈركمەن خوتۇنلار ! دۆنىڭ چاققان زەھىرىدىن كۆرە ، بۇلارنىڭ غەزىپىدىن كۆپرەك ئېھتىيات بولۇش كېرەك . بۇنى ھازىر ۋەكىلگە تاپشۇرساممىكىن ياكى يوشۇ. رۇپ قويسامىمكىن ؟ مېنى ئالدىرىتىۋاتقان ئادەم يوققۇ ؟

شاھ كەڭ شايى شالۋۇرنىنىڭ پۇشقىقىنى قىسىپ باغلىدى ، بېلىگە يوللۇق بەلۋاغ ئورىدى ۋە ئۇنىڭغا كۈمۈش غىلاپلىق پىچىقى. نى قىستۇردى ، يەلكىسىگە كىمخاب بىلەن تاشلانغان ئۇزۇن سۆسەر جۇۋىسىنى يېپىندى . شاھ تەكچىدىن ئۈستىلىق بىلەن ئورالغان ئاق سەللىسىنى ئالدى ـ دە ، ئاقىرىشقا باشلىغان بۇدۇر چاچلىق بېشىغا ئادەتتىكىدەك كىيدى .

شاھ ئىشىكنىڭ ئالدىدا پىچاقنىڭ سوغۇق سېپىنى قاتتىق

---

① ۋەكىل — ساراي باشقۇرغۇچىسى .

② ئاخباراتچى — دۆلەت پوچتا باشلىقى .

تۇتقىنىچە نەپسىنى چىقارماستىن بىرئاز قولاق سېلىپ تۇردى. «ئېھتىيات قىلغان ئادەم ھەر دائىم ھوجۇمنى قايتۇرىدۇ. سارايىنىڭ قاراڭغۇ ئايلانما جايلىرىدا مېنىڭ قەبىھ دۈشمىنىم باغداد خەلىپىسى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بىرەر ئىسمائىلىي[1] پىچاق تۇتۇپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن...»

— ۋەكىل، سەن شۇ يەردىمۇ؟ — دېدى ئۇ ئاستا.

— مەن سىزنى خېلىدىن بېرى كۈتۈپ تۇرۇۋېتىمەن.

شاھ ياغاچ تاقاقنى سۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى، ئىككى چىراغنىڭ خىرە شولىسىدا شاھنىڭ يېقىن مەنسەپدارلىرى مۈكچىيىپ تۇرۇشاتتى.

شاھ مۇھەممەد كېچىچە مۈزلاپ قېتىپ قالغان كەشنى كىيىپ، نېرىقى ئۆيگە ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ يەردە خىزمەتكارلار كۈتۈشۈپ تۇراتتى. ئۇلاردىن بىرى قارا چىراغ، ئىككىنچىسى كۈمۈش جام، ئۈچىنچىسى بولسا ئاپتۇۋا تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇلار شاھقا ئەۋرەز ئالدىدا تاھارەت ئېلىشقا ياردەم بېرىشتى. تۆتىنچىسى كەشتىلەنگەن لۆڭگىنى ئۇزاتتى ۋە ئۇنىڭ سېمىز پۇتلىرىغا گۈللۈك يۇڭ پايپاق كىيگۈزۈپ قويدى.

خارەزم شاھ كىيىنىش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقاندا، ۋەكىل ئاخىرقى يېڭىلىقلاردىن خەۋەر بەردى:

— تالا ناھايىتى سوغۇق، ھەممە ياقنى قىرو باسقان، ئۈچ ئىمام كېلىپ ئەمرىڭىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. جاللاتبېشى جاھان پالۋانمۇ سىزگە مۇنتەزىر. تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن بۇلغاردىن ئۈچ يۈز تۆگىلىك چوڭ كارۋان كەلدى، كارۋان بىر تۇركۈم بۇلغار ئۆتۈكى ۋە يۈزگە يېقىن ئەسىر ئېلىنغان ئورۇسلارنى ئېلىپ كەلگەن. ھەر كۈنى سۆك ئاش ۋە كۈنجۈت يېغى بىلەن بېقىپ كەلگەن بولسىمۇ، يولدا ئىككى يۈزگە يېقىن قول ئۆلگەن. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، باشقا بىر كارۋان تۈركمەن قاراقچىلىرى تەرىپىدىن تالانغانىدى. ئېھتى-

---

① ئىسمائىلىي — XIII ئەسىردە ناھايىتى ئەۋج ئالغان قاتىللار، بوغۇپ ئۆلتۈرگۈچىلەر مەزھىپى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا موڭغۇللار تەرىپىدىن يەكسان قىلىنغان.

مال ، بۇ قارا خەنجەرنىڭ ئىشى بولسا كېرەك .
— مەن تۈركمەن كۆچمەنلىرىنى تارمار قىلىپ تاشلايمەن ! بىراق مېنى ھەممىدىنمۇ باغدادتىن كەلگەن ھاجىلار تىنچىتمايۋاتىدۇ . باغدادتىن كەلگەن ئەرەب دەرۋىشلەر كۆرۈنمەمدۇ ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى باغداد خەلىپىسىنىڭ ئايغاقچىلىرى ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا يامانلىق قىلىدىغان ئادەملەر .
— قانداق يارىماس ئادەملەر ، دىنىنىڭ ئۇلۇغ ھامىيسىغا يامانلىقنى قانداق راۋا كۆرىدىكىن ؟
— مۇسۇلمانلار شۇنداق بولۇپ كېتىشكەن !
شاھ مۇھەممەد كىيىنىپ بولغاندىن كېيىن ، ئادەتتىكى يولى بىلەن ئاۋۋال تارچۇقلاردىن ئۆتۈپ ، كېيىن ئايلانما تاش پەلەمپەيدىن چىقىپ كەتتى . ۋەكىل بىلەن مەشئەل كۆتۈرگەن ھەرەمبېگى ئالدىدا ئىشىكلەرنى ئېچىپ باراتتى ، شاھ سارايىنىڭ تاش مۇنارىغا چىقتى .

# ئىككىنچى باب

## ئۇلۇغ ئىسكەندەرگە «نۇبە»①

تۇپتۇز مەيداندا قەلئەنىڭ كۇنگۈرىلىك سېپىلىنى بويلاپ ، يېرىم دائىرە بولۇپ يىگىرمە يەتتە ياش خانزادە تۇرۇشاتتى ، بۇلار گۇر ، غەزنە ، بەلخ ، باميان ، تېرمىز ۋە باشقا ۋىلايەت ھاكىملىرى- نىڭ ئوغۇللىرى ئىدى . بۇلارنىڭ ئاتىلىرى بولغان فېئودال خانلى- رى ئىسيان قىلىچىنى كۆتۈرۈشمىسۇن ، دەپ شاھ بۇ يىگىتلەرنى ئۆز سارىيىدا گۆرۈ تەرىقىسىدە قاتتىق نازارەت ئاستىدا ساقلايتتى . يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى سۇناي ، دومبىرا ۋە داپلارنى تۇتۇپ تۇرۇ- شاتتى .

شۇ يەردە كانايچى ، سۇنايچىلارمۇ بار ئىدى ، بىر چەتتە خارەزم قوشۇنىنىڭ بىرقانچە سەركەردىلىرى تۇرۇشاتتى .

شاھ كۆرۈنگەندە ھەممە :

— دىن ھامىيسى ، مەجۇسىلەرنىڭ ئاپتى بولغان يېڭىلمەس شاھىمىز كۆپ يىللار ياشىسۇن ! — دەپ ۋارقىراشتى .

شاھ ھومايغان ھالدا ئەتراپقا قارىدى .

— تېمۇر مەلىك قېنى ؟

— شۇ يەردىمەن ، شاھىم .

— سەپەرلەردە شاھ مۇھەممەدنىڭ ئايرىلماس ھەمراھى بولغان ئېگىز بويلۇق ، ھەمىشەم خۇش چاقچاق تېمۇر مەلىك ئىككى بالىنى يېتىلەپ ئالدىغا چىقتى . باللارنىڭ بىرى شاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىپچاق خوتۇنىدىن بولغان كەنجى ئوغلى ، ئىككىنچىسى بولسا

---

① نۇبە — ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ نامايىش مارشى.

ئۇنىڭ ئوغلى جالالىددىننىڭ تۈركمەن خوتۇندىن بولغان ئوغلى ، شاھنىڭ نەۋرىسى ئىدى . تېمۇر مەلىك باللارنى شاھنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپ قويدى . شاھ ئېڭىشىپ ، ئوغلىنىڭ يۈزىنى ئەركىلىتىپ سىلىدى . نەۋرىسىدىن بولسا داغدۇغا بىلەن :

— جالالىددىن خان قەيەردە؟ — دەپ سورىدى .

— دادام لاچىننى ئېلىپ ئوۋغا كەتكەنىدى ، — دېدى بالا . ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرى ئاپئاق سەللىسى تېگىدىن يېنىپ تۇراتتى .

— تېمۇر مەلىك ! ئۈچ تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ جالالىددىن خاننى ئىزدىتىڭ ! تۈركمەنلەر كارۋانلارغا ھۇجۇم قىلىشنى داۋام قىلماقتا ، ئۇلار مېنىڭ ئوغلۇمغىمۇ ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن .

— ئەمرىڭىزنى بىجا كەلتۈرىمىز ، مۆھتەرەم شاھ !

يۇقىرىدىن خۇددى بۇلۇتلار ئارىسىدىن باللارنىڭكىگە ئوخشاش ئىنچىكە ئاۋاز ئاڭلاندى :

— ئەسسالاتى خەير مىنەننەۋم !

ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ شامدەك تىك تۇرغان مۇنارنىڭ ئۈچى يىراقتىكى تاغلارنىڭ ئارقىسىدىن چىققان قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرىدا پارقىرىدى . لېكىن ، شەھەردىكى ھەممە بىنالار تېخى تاڭ قاراڭغۇسى ئىلكىدە ئىدى .

ياش خانلارنىڭ چوڭى خارەزم شاھقا دۇمبىقىنى بەردى . شاھ مۇھەممەد ۋارقىرىدى :

— بۈيۈك ئىسكەندەر[1]گە شەرەپلەر بولسۇن ! دۇنيا فاتىھىگە شەرەپلەر بولسۇن ! ئىسكەندەر ئىراندىن تارتىپ جەيھۇن ۋە زەراپشان دەريالىرىغىچە بولغان ھەممە يەرنى بېسىپ ئۆتتى . ئىسكەندەر بىزگە ئۆرنەك ، ئۇ بىزنىڭ ئۇستازدۇر ! بىز ئۇنىڭغا شەرەپ بېغىشلاپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئۈچ مەرتىۋە «نۆبە» چالايلى !

داپ ۋە دۇمباقلار گۈمبۈرلىدى ، جاڭلار ئۇرۇلدى ، كاناي - سۇنايلار چېلىندى ، ھەممە باتۇر ئىسكەندەرنى ئۈچ مەرتىۋە ئالقىشلىدى . ھەممە جىم بولۇپ ، شاۋقۇننىڭ ئەكس ساداسى سارايىنىڭ

---

① ئىسكەندەر زۇلقەرنەين — يەنى ئالېكساندىر ماكېدونسكىي .

ئېگىز سېپىللىرىدىن ياڭراپ تۇرغاندا، تېمۇر مەلىك سۆز باشلى-
دى:

— بىز ئۇلۇغ رۇمىي شاھ ئىسكەندەرگە تېگىشلىك شەرەپ
بېغىشلىدۇق. ئۇنى خۇدا رەھمەت قىلسۇن! لېكىن، ئۇ ياش
بولغىنى ئۈچۈن، ئۇستىدىكى ۋەزىپىلىرىنىڭ پەقەت يېرىمىنىلا
ئورۇنلىيالىغانىدى. ھازىر بىزنىڭ يېڭى ئىسكەندىرىمىز، بۈيۈك
ساھىبقىران ۋە سەركەردە مۇھەممەدىمىز، بۈيۈك خارەزم ئىمپېرى-
يىسىنى ياراتقان كىشىمىز بار! خۇدا ئىسلام ئەللىرىنىڭ قۇدرەت-
لىك ھۆكۈمرانى شاھ مۇھەممەد ئەلائىددىننىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن
قىلسۇن! ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ شەرىپىگىمۇ ئۈچ قېتىم «نۆبە»
چالايلى!

جىمىلىقنى يەنە داپ، جاڭ، دۇمباق ۋە كاناي - سۇنايلارنىڭ
قاتتىق ئاۋازى بۇزدى.

شاھ مۇھەممەد سېپىل كۇنگىرىسى يېنىدا غەزەپلىك، قەھىر-
لىك ۋە ئۈچان بىر ھالەتتە يەلكىلىرىنى كېرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ
ئاپئاق سەللىسى ئاستىدا چوڭ پىكىرلەر خۇددى ئۇزۇپ يۈرگەندەك
تۇيۇلاتتى.

— ئاق يول تىلەيمەن! بېرىڭلار! — دېدى خارەزم شاھ
مۇھەممەد.

ھەممە نۆۋەت بىلەن قول قوشتۇرۇپ يورغىلاپ ئۇنىڭ يېنىغا
كەلدى، شاھنىڭ ئېتىكىنى سۆيۈپ، ئارقىغا قايتىشتى ۋە قاراڭغۇ
پەلەمپەيگە چۈشۈپ كۆزدىن يوقالدى.

تېمۇر مەلىك ئىككى بالىنى يېتىلەپ ھەممىدىن كېيىن كەت-
تى.

شاھنىڭ نەۋرىسى:

— دادام ماڭا تىرىك جەرەن ئېلىپ بېرىمەن دېگەنىدى، —
دېدى.

— ماڭا شاھ ئۈچۈن قاپلان بېرىدۇ. سېنىمۇ، جەرىنىڭنىمۇ
يەپ قويىدۇ!

شاھ تامغا يۆلەندى . تۆۋەندە ئېگىز ـ پەس ئۆگزىلەر ، ساراي بىر ـ بىرىگە تارچۇقلار بىلەن تۇتاشقان نۇرغۇن پەس ئىمارەتلەردىن تەركىب تاپقان ، ئېگىز كونا تاملار ۋە كۆزىتىش مۇنارلىرى بىلەن ئورالغان كېلەڭسىز بىر بىنا ئىدى . يورۇق ئاسمان بوشلۇقىدا نەيزە تۇتقان قاراۋۇللارنىڭ ھەرىكەتسىز گەۋدىلىرى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ .

شاھ يىراقلارغا ، ئىس چىقىۋاتقان ئۆگزىلەرگە ، ئويغىنىپ كېلىۋاتقان چوڭ شەھەرگە خېلى قاراپ تۇردى . كېيىن ساراي ھويلىلىرىنىڭ بىرىدىكى كونا ئېگىز تېرەكنىڭ ئاستىدا ئاقىرىپ تۇرغان قارا ئۆيگە كۆزى چۈشتى . ئۇنىڭدا ھەرەمنىڭ يېڭى مەرۋايىتى ، ئۇنىڭ ئالدىدىن ئەتىگەندە قېچىپ كەتكەن قارا تۈركمەن قىزى گۈلجامال تۇرىدۇ . ئۇ سارايىنىڭ قاراڭغۇ ھۇجرىلىرىدا تۇرۇشقا رازى بولمىدى ۋە تۈركمەن ئاياللىرىغا ئوخشاش ئوچۇق ھاۋادا تۇرۇشنى خالاپ ، ئاددىي ، ئىس باسقان قارا ئۆي تىكتۇردى ، ئۇ ھەرەمگە ، باشقا «ئادەم گۈللىرى» يېنىغا كىرىشنى خالىمىدى . ئۇ تېخىچە ئۆزىنى قانداق تۇتۇش كېرەكلىكىنى بىلمەيدۇ ! شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ شاھنىڭ ئانىسى تۈركەن خاتۇن ئۇنى ياقتۇرمايدۇ .

— گىدەيگەن قىز ئىكەن ! ئۆز ھۆكۈمرانىغا قارشى قول كۆتۈرۈپتۇ ! كۆرەرمەن ، گىلەمىلىك ئۆيگە ، ئۇنىڭ يېنىغا مېنىڭ سۆيۈملۈك قاپلىنىم كىرگەندە قانداق ۋاي دادلايدىكىن !

پەستىن ، مۇنارنىڭ ئاستىدىن ئاۋازلار ئاڭلاندى . ئەتىگەنكى جىمجىتلىقتا بۇ ئاۋازلار ئوچۇق ئاڭلىناتتى .

— قۇلاق سېلىڭلار مۇسۇلمانلار ! شاھ مۇھەممەد شەرىئەتتىن يۈز ئۆرۈپ يىرگىنچلىك گىتە[①] مەزھىپىگە كىردى . ئۇ كاپىر پارسلارغا مەرھەمەت قىلىدۇ ۋە ئۆز ئەتراپىغا مەجۇسىي قىپچاقلارنى توپلايدۇ . ئۇنىڭ دادىسى شاھ تەكىش ، پاك تۈركمەن ئىدى .

---

① مۇسۇلمانلار ئاساسەن ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنىدۇ : سۈننىلەر ، بۇ ئوسمانلى تۈركلەرگە تارقالغان . شىئەلەر (ياكى شافىئىلار) : بۇنىڭ ئاساسىي مۇھىبلىرى پارسلار (ئىرانلار) .

شاھ مۇھەممەد بولسا تۈركمەنلەرگە پەس نەزەر بىلەن قارايدۇ، ئۇنىڭغا ئىشەنمەيتتى!

— ئۇ يەردە ۋالالىۋاتقان كىم؟ ۋەكىل، نېمىشقا سەن تەرتىپ-كە نازارەت قىلمايسەن؟

ۋەكىل ئەپۇ سوراۋاتقاندەك شاھقا تەزىم قىلىپ دېدى:

— ۋارقىراۋاتقان زىنداندىكى شەيخ مەجدىددىندۇر. ئۇ زەن-جىر دىنمۇ ۋە زىندان زۇلمىتىدىنمۇ قورقمايدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭغا سىزنىڭ دانا ئاناڭ تۈركەن خاتۇن ئۆزىنى يېقىن تۇتىدۇ. لېكىن، ئۇ ئۆز پادىشاھىغا قارشى ئەدەپسىز سۆزلەرنى قىلىدۇ. تۈنۈگۈن شەھەردىكى ھەممە دەرۋىشلەر يىغىلىپ، بۇ دىۋانە شەيخ مەجدىددىن-نى زىنداندىن قۇتۇلدۇرۇپ كېلىشكە قەسەم قىلىشىپتۇ.

شاھ مۇھەممەد ۋەكىلنىڭ يەلكىسىنى سىلىدى.

— ئەزىمە! تېزرەك جالالىتىپشى جاھان پالۋانغا ئېيت، مەن بۇ ئىسيانچىنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇردۇم. ئېيت، دىۋانە دەرۋىشلەر كېلىپ، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇشتىن بۇرۇن، تېزرەك ھەرىكىتىنى قىل-سۇن.

خارەزم شاھ مۇناردىن چۈشۈپ، قوبۇلخانىسىغا كىردى. بۇ ئۆينىڭ تاملىرى قىزىل مۇۋۇت بىلەن قاپلانغان، بۇ يەردە شاھنى ئۈچ موپىسىت ئىمام كۈتۈپ تۇراتتى. شاھ ئىشىك ئالدىغا كەلگە-نى يېتىپ، ئۆي ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ گىلەمگە ئولتۇردى، كې-يىن ئۇ ئايغىنى شايى يوتقان يېپىلغان قىزىق سەندەلگە تىقتى.

— قېنى، كېلىڭلار، ئولتۇرۇڭلار، ئۇستازلىرىم!

گىلەمدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ئۈچ ئىمام مىننەتدارلىق بىلدۇ-رۇپ يېقىن كەلدى ۋە سەندەلگە ئاياغلىرىنى ئۇزىتىشتى.

— قېنى، — دېدى شاھ، — ماڭا ئېيتىڭلارچۇ، ئىسلام ئېلىنىڭ قۇدرەتلىك ھۆكۈمدارى بولۇپ، باغداد خەلىپىسى ماڭا بويسۇنسۇن، دېسەم توغرا بولامدۇ؟ ئەگەر خەلىپە ماڭا بويسۇنمى-سا، نېمە قىلىشىم كېرەك؟

ئىماملار ئېلىپ كېلىشكەن يوغان كىتابلىرىنى ئېچىشتى ۋە

كەينى - كەينىدىن قۇرئان سۈرىلىرىنى قىرائەت قىلىپ ، خارەزم
شاھ مۇھەممەد ئاللادىن كېيىن يەردىكى ئەڭ ئالىي ھاكىم ئىكەنلى-
كىنى ، ئۇنىڭ ھەر بىر بۇيرۇقى ، ھەر بىر سۆزى مۇقەددەس
ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلىشقا تىرىشتى .

ئۆي قاراڭغۇ ئىدى ، پەنجىرىدىن خىرە يورۇق چۈشۈپ تۇرات-
تى ، مىس چىراغداندىكى جىنچىراغ پىلىلداپ تۇراتتى . ئىماملار
كىتابقا قارىماستىن ، سۈرىلەرنى ياد ئوقۇشقا باشلىدى .

شاھ مۇھەممەدنىڭ كەينىدە ئۇنىڭ باش داستىخانچىسى مەغ-
رۇر قىياپەتتە تۇراتتى . ئۇ سۆز ياكى قاش ئىشارىتى بىلەن ئاياغ
ئۇچىدا يۈرگەن چاققان خىزمەتكارلىرىغا بۇيرۇقلار بېرەتتى ، ئىك-
كىنچى باقاۋۇل[1] باش ئاشپەزدىن كۈمۈش لىگەنلەرنى ئالاتتى . شاھ
مۇھەممەدنىڭ مەرھەمىتىنى كۈتۈپ تۇرغان بىر توپ ئەمەلدارلار
ئىشىكتىن ماراپ تۇرۇشاتتى .

بۇرنىغا كۈمۈش بالداق تاقىغان ھەبەش قۇل دوشنى كەلتۈرۈپ
قويدى ، داستىخانچى ئەپچىللىك بىلەن شايى داستىخان سالدى .
باقاۋۇل قوي يېغى سىلىنغان قايناق چايلىق پىيالىلەرنى كۈمۈش
پەتنۇستا ئېلىپ كىردى . داستىخانغا بىر دەستە سىڭىپ پىشقان
نان ، قايماق ، پىشقان قۇيرۇق ياغ ۋە ھەسەل قويۇلدى .

شاھ مۇھەممەد ئىماملارنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشىغاچ نان يەپ
پىيالىلەرنى كەينى - كەينىدىن بوشاتتى . سەندەل ۋە چاينىڭ
ئىسسىقى بىلەن قىزىغان شاھ مۇھەممەد ئۆز ۋاقتىدا قويۇلغان
ياستۇققا يۆلىنىپ خورەك تارتىشقا باشلىدى . بۇ شاھ مۇھەممەدنىڭ
ئۆلىما - ئىماملار تەرىپىدىن بېرىلگەن پەتىۋالاردىن قانائەتلەنگىند-
نى كۆرسىتەتتى . ھەممە ئاستا - ئاستا چىقىپ كەتتى ، داستىخانمۇ
ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈلدى ، مەنسەپدارلارمۇ ، خىزمەتكارلارمۇ غايىب
بولۇشتى . پەقەت ھەبەش قۇللا ئىسلام ئېلىنىڭ ئۇلۇغ سەركەردى-
سىنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ ، ئىشىكنىڭ يېنىدا يۈكۈنگەن پېتى
ئولتۇراتتى .

① باقاۋۇل — زىياپەتلەردە تاماق توشۇغۇچى .

## ئۈچىنچى باب

# غەزەپ كىنەزى

شاھ سارىيىنىڭ يېنىغا جايلاشقان چوڭ مەيداندىكى ئېگىز سورۇن — «ئۆلۈم مۇنارى»نى ئۇرگەنچتە بىلمەيدىغان ئادەم يوق.

ئۇنىڭ پاكار تۈمۈر قاپلانغان ئىشىكىگە يوغان قۇلۇپ سېلىنغان، ئاچقۇچ ئىشىكنىڭ يېنىدىكى پەلەمپەيدە دات بېسىپ كەتكەن كالتە نەيزىسىنى خىش تامغا يۆلەپ ئولتۇرغان قاراۋۇلنىڭ بويىنىغا ئېسىلغان. قاراۋۇلنىڭ ئالدىدىكى بىر پارچە گىلەمگە ئۆتكەن - كەچكەنلەر نان، بىر باغلام پىياز، بىر سىقىم قارا پۇل ۋە باشقا نەرسىلەرنى تاشلاپ ئۆتۈشەتتى. قاراۋۇل گاھىدا سېخىيراق ئادەمگە مۇنارغا يېقىنراق كېلىپ قاماقتىكىلەر بىلەن سۆزلىشىشكە ئىجازەت بېرەتتى.

مۇنارنىڭ تېگىدە پەنجىرىلىك بىر نەچچە تۆشۈكلەر قارىيىپ تۇراتتى، گەمىدىن بوغۇق ئاۋازلار ئاڭلىناتتى. ئۆتكۈنچىلەرنىڭ ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلانغاندا، گەمىدىن چىقىدىغان ئاۋازلار كۆپىيەتتى، تۆشۈكلەردىن ئورۇق قوللار چىقاتتى. يوللۇق تون كىيگەن ۋە ئۆكۈپ كەتكەن كۆك سەللە ئورىغان بىر ئادەم سەھرالىق بىلەن ئاپئاق يوغان سەللىلىك ئىمام قاراۋۇلغا پۇل بېرىپ، تامدىكى تۆشۈككە يېقىن كېلىشتى ۋە پەنجىرىدىن سوزۇلغان ئورۇق، كىر قوللارغا نان تۇتقۇزۇشتى. شۇ چاغدا ۋارقىراشلار ئۆلغىيىپ، تۆشۈككە قولى يەتمىگەنلەر تىللىشاتتى.

— يورۇق دۇنيادىن مەھرۇم بولغانلارغا سەدىقە قىلىڭلار!

— كونا كۆڭلەكلىرىڭلارنى ئاتاڭلار! سالجا تالاپ كەتتى.

— ۋايەي! كۆزۈمنى دەسسىۋالدىڭ!

تار كوچا تەرەپتىن ئالامانىنىڭ شاۋقۇنى ئاڭلاندى . ئۇزۇن كۆلا كىيگەن ، هاسا تۇتقان دەرۋىشلەر مەيدانغا چىقىشتى ، ئۇلار قورئان ئوقۇشاتتى ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشكەنلەر يۇگۇرۇشەتتى .

دەرۋىشلەر زىندانىنىڭ ئىشىكىگە يېپىشىپ قولۇپنى سۇندۇ. رۇش مەقسىتىدە تاش ۋە هاسىلىرى بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى ، بەزىلىرى زىندانىنىڭ تۆشۈكىگە باشلىرىنى تىقىپ ۋارقىرىشاتتى :

— شەيخ مەجدىددىن باغدادى ! سەن تىرىكمۇ؟ بىز ساڭا — دىن ۋە هەقىقەت يولىدا ئازاب چېكىۋاتقان كىشىگە مەدهىيە ئوقۇشقا كەلدۇق ! هازىر سېنى ئازاد قىلىمىز !

يەرنىڭ تېگىدىن سوزۇق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە هەممە قۇلاق سېلىپ جىم بولۇپ قالدى .

— خەلقنى ئەزگۈچى زالىم خانلار خۇدانىڭ لەنىتىگە ئۇچرى. سۇن ! خەلىپىگە قارشى قىلىچ كۆتۈرگەنلەر خۇدانىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ ! جاللاتلار ، ئوغرىلار يەر بىلەن يەكسان بولسۇن !

دەرۋىشلەر چەتكە ئىتتىرىۋەتكەن قاراۋۇل سارايغا چېپىپ كەت. تى . سارايدىن قىپچاقلار ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ، ئالامانى قامچا بىلەن ئۇرۇپ هەيدەشتى ، دەرۋىشلەر ۋاي ـ داد قىلىشىپ مەيدان. دىن قېچىشتى .

يۇقىرىدا ، سارايىنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىدە بىر نەچچە ئادەم كۆرۈندى . ئېگىز بويلۇق ، سېرىق يوللۇق تون كىيگەن بىر كىشى ئالدىدا تۇراتتى ، قالغانلار قول قوشتۇرۇپ ئۇنىڭ ئەمرىنى كۈتەت. تى . خارەزم شاهىنىڭ ساراي دەرۋازىسى ئۈستىدە كۆرۈنۈشى كىم. نىڭدۇر ئۆلتۈرۈلۈشىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى .

دەرۋازىدىن «جاندارلار» — كۆك كۆڭلىكىنىڭ يېڭىنى يەل. كىسىگىچە تۈرۈۋالغان ، قىزىل نەقىش تىكىلگەن كەڭ سېرىق ئىشتان كىيگەن ، قامىتى كېلىشكەن ، گەۋدىلىك كىشىلەر — شاهنىڭ جاللاتلىرى چىقىشتى . بۇلار يوغان خوراسان شەمشەرلىرى. نى مۈرىلىرىگە قويۇپ ، مەيدانغا يامراپ كېلىۋاتقان خالايىقنى سۈ. رۈپ ئايلانما بولۇپ تىزىلدى . هەممىدىن كېيىن ئېگىز بويلۇق ، مۈكچەيگەن ، ئورۇق قوللىرى كېرىلگەن ، تونىنىڭ هەممىسى خۇ.

روم شىمىغا تىقىلغان ، ئۈستىدىن كەمەر باغلىۋالغان ، ئاتاقلىق بوغقۇچى ، جاللاتبېشى — «غەزەپ كىنەزى» مەھمۇد جاھان پالۋان چىقتى . ئۇ يەلكىسىگە خۇرجۇن سالغان بولۇپ ، ئادەتتە مۇھىم ئەيىبدارنىڭ بېشىنى كەسكەندىن كېيىن ، شۇ خۇرجۇنغا سېلىپ شاھقا ئېلىپ باراتتى .

مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا گوداڭ قارىيىپ تۇرىدۇ ، ئۇنىڭ يېنى-دا سۇپا ، ئۇنىڭغا يېقىن يەردە بولسا ئىككى دار تۇراتتى . ئىككى يېرىم يالىڭاچ قول زەنجىرلىرىنى شاراقلىتىپ سۆگەت نوتىسىدىن توقۇلغان يوغان سېۋەتنى سۆرەپ كېلىپ ، سۇپىنىڭ يېنىغا قوي-دى .

زىندان نازارەتچىسى تۆمۈر قاپلانغان پاكار ئىشىكنى ئاچتى ، جاللاتبېشى بىر قانچە ياردەمچىلىرى بىلەن بىللە زىندانغا چۈشۈپ كەتتى . ئۇ يەردىن قاتتىق پەرياد ئاڭلاندى ، كېيىن جىملىق باس-تى . جاللاتلار زىنداندىن ئون بەش مەھبۇسنى ئېلىپ چىقىشتى ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوڭ ئايىغىدىن بىر زەنجىرگە باغلانغانىدى .

ھەممە يېرى لاي ، لاتا - پىتىغا ئورالغان ، زىنداندا ئۇزاق يېتىپ چاچلىرى پاخما بولۇپ ئۆسۈپ كەتكەن مەھبۇسلار بىر - بىرلىرىگە يۆلىنىپ ، قۇياشنىڭ كەچكى نۇرلىرىدىن كۆزلىرى چې-قىلىپ مەيدانغا چىقىشتى ، زىنداننىڭ ئىشىكى يېپىلدى ، يەنە قۇ-لۇپ سېلىندى ، زىنداندىن پەرياد ئاۋازلىرى ئاڭلاندى .

پايلاقچىلار زەنجىرلەنگەن گۇناھكارلارنى ئوراپ مېڭىشاتتى . پاخمىۋاش قېرى بىر مەھبۇس پۇتلىشىپ ئارقىسىدىكى ئىككى ھەمراھى بىلەن بىللە يىقىلدى . ئۇلارنى ئۇرۇپ تۇرغۇزۇشتى ۋە دارنىڭ ئاستىغا ھەيدەشتى ، سۇپا ئۈستىگە چىققىنىدا ھەممىسىنى تىز چۆكتۈرۈشتى . جاللاتلاردىن بىرى مەھبۇسلاردىن بىرىنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ تۇردى . جاللاتبېشى بولسا ئىككى قولىغا تۇتقان شەمشىرى بىلەن بىر ئۇرۇپ بېشىنى ئالدى - دە ، كۆتۈرۈپ تىنچ تۇرغان خالايىققا كۆرسەتتى ۋە سېۋەتكە تاشلىدى .

خالايىقنىڭ ئىچىدىن : «سولانغانلاردىن قايسىبىرى دەرۋىش-لەرنىڭ باشلىقى شەيخ مەجدىددىن باغدادى ؟» دېگەن سوراقلار

ئاڭلاندى. ئاچلىق ۋە كېسەللىكتىن ئورۇقلاپ كەتكەن تۇتقۇنلار بىر-بىرلىرىگە تولىمۇ ئوخشاپ كېتىشەتتى. ئون تۆتىنچى كىشىنىڭ بېشى كېسىلگەندە، مەيداندا:

— پادىشاھ سۆزلىمەكچى! پادىشاھ ئەمر قىلماقچى! — دېگەن شاۋقۇن كۆتۈرۈلدى.

ھەممە سارايىنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىگە قارىدى. يۇقىرىدا تۇرغان خارەزم شاھ چىپار رومىلىنى سىلكىدى. بۇ «توختا! قالغان گۇناھكارنى كەچۈردۇم!» دېگىنى ئىدى.

جاللاتبېشى ئۇزۇن شەمشىرىنى قىزىل لاتا بىلەن ئېرتىۋېتىپ: «تۆمۈرچىنى ئېلىپ كېلىڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى.

گۇناھكارلارنىڭ ئون بەشىنچىسى مىرزا يۇسۇپنىڭ شاگىرتى توغان ئىدى. بۇ ياش بالا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئەتراپىغا قارايتتى، قانداق ۋەقە بولۇۋاتقىنىنى چۈشىنەلمەيتتى.

— شاھنىڭ يۈكسەك مەرھەمىتى ئۈچۈن قۇللۇق قىلغىن! — دېدى جاللات ۋە بالىنى سارايغا قارىتىپ ئېڭىشتۈردى.

تەييار تۇرغان تۆمۈرچى توغاننىڭ ئايىغىدىكى زەنجىرنى سۇندۇرۇشقا باشلىدى.

— ئالدىرىما! نەگە بارىسەن؟ مەن تېخى بولغىنىم يوق! — دەپ ۋارقىرىدى تۆمۈرچى. بىراق، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلار زەنجىردىن قۇتۇلغىنىنى كۆرگەن توغان ئۆزىنى سۇپىدىن خالايىقنىڭ ئارىسىغا ئاتتى ۋە كەينىدىن ۋارقىراشلىرىغا قارىماستىن، ئېڭىشكىنىچە قىسىلىشىپ تۇرغان ئاھالىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

زىندان مۇنار تۇرغان مەيدان بوشاپ قالدى. قاراۋۇل داتلاشقان نەيزىسىگە يۆلىنىپ تۇراتتى.

تامنىڭ تۈۋىدىن يوغان رومالغا پۈركىنىۋالغان قىز ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ مۇنار ئاستىدىكى تۆشۈككە يېقىن كېلىپ، ئېھتىيات بىلەن:

— توغان! ھاي، توغان! — دېدى.

تۆشۈكتىن ئۇزۇن، ئورۇق قول چىقتى ۋە خىرقىرىغان ئا-

ۋازدا جاۋاب بەردى :

— توغاننىڭ بېشى ئالىقاچان ئېلىنغان ! بىزگە بىر ئاز غىزا بەرگىن ، ئۇنىڭغا قۇرئان ئوقۇيلى .

قىز تۆشۈككە ئۆزىنى ئېتىپ :

— توغان ، جاۋاب بەرگىن ! سەن تىرىكمۇ ؟ — دەپ ۋارقىرىدى .

زىنداندىن يەنە ئاۋاز ئاڭلاندى :

— ئېلىپ كەلگەنلىرىڭنى بىزگە بېرىۋەرگىن ! سېنىڭ توغانىڭغا ئەمدى ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس ! ئۇ ھازىر جەننەتتە پەيغەمبەر بىللە پولۇ يەپ ئولتۇرغاندۇر !

قىز قولىدىكى نان ۋە قوغۇننى ئۆزىتىلگەن قوللارغا بېرىپ ، قاراۋۇلنىڭ يېنىغا كەلدى .

— نەزەر بوۋا ، راستىنى ئېيتسىلا ، توغان دېگەن بالا ئۆلدىمۇ ؟

— ئۆلگەن بولسا ئۆلگەندۇر ، ئۇنى باشقىلار بىلەن بىللە ئاسقىلى ئېلىپ كېتىشكەندى ، — دېپ قاراۋۇل مەيداننى كۆرسەتتى .

قېرى بىر دەرۋىش كېلىپ قاراۋۇلنىڭ قولىغا بىر نەچچە قارا پۇل بەردى - دە ، قۇلىقىغا :

— ئېسىلغانلارنىڭ ئارىسىدا ئىمىشقا بىزنىڭ مۇقەددەس شەيخىمىز مەجدىددىن باغدادى يوق ؟ ئۇنى ئېسىش كېيىنگە قالدىمۇ ياكى خارەزم شاھ ئەپۇ قىلدىمۇ ؟ — دەپ پىچىرلىدى .

قاراۋۇل پۇلنى پوتىسىنىڭ قېتىغا قىستۇرۇۋېتىپ :

— پادشاھ شەيخنىڭ تىللاشلىرىغا غەزىپى كېلىپ ، دەرۋىشلەر ئازاد قىلىشتىن بۇرۇن ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇدى ، — دېدى .

— ئۆزى تېخى ئامانمۇ ؟

— ياق ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلارنى زىنداندىن ئېلىپ چىقىۋاتقاندا ، جاللاتبېشى جاھان پالۋاننىڭ ئۆزى چۈشۈپ ، شەيخنى ئۆز قولى بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈردى ...

## تۆتىنچى باب

# تىكىلگەن كۆلەڭگە

*يولۇڭدا ئۇچرىغانغا ياخشى گەپ قىلىپ خۇشال قىلغىن، بەلكى باشقا كۆرمەسسەن.*

(شەرق ماقالىسى)

توغان ئالىمان ئىچىدىن چىقىپ، ئىككى تەرىپى ئۆزۈن كۆمۈ-لاچ تاملىق جىمجىت كوچىغا كىردى، بۇ كوچىدىن يۈرۈپ دەريا بويىغا چىقتى.

چوڭقۇر دەريادا لاي سۇ ئاستا - ئاستا ئاقاتتى. يۇك، شاخ، پىچاق ۋە قويلارنى ئارتقان ئۆزۈن، كېلەڭسىز كېمىلەر ئاستا قىمىرلايتتى.

«شۇ كېمىدە يىراق يەرلەرگە، باشقا يۇرتلارغا كېتىپ قال-سام ئىدى. يىراق، بۇنچىلىك كىر باسقان، يارىلىنىپ كەت-كەن، جۇل - جۇل كىڭلىكىم بىلەن مېنى كىم كېمىگە چۈشۈرەتتى!»

قىرغاقتا يېقىن يەردە ساپسېرىق قۇم يېيىلىپ ياتاتتى. توغان شۇ قۇملۇقتا چۈشۈپ كىيىملىرىنى يېشىپ يۇيۇۋالدى، چۆمۈلدى، ئۆزىنى ئاپتاپقا سېلىپ ياتتى، خىيال سۈرۈپ دەم ئالدى.

«بىر ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ زىنداندىن چىققان ئادەم قەيەرگىمۇ بارالايدۇ؟ ئۇنى كىم ئىشقا ئالاتتى؟ شەھەر كىچىككىنە، ئادەم كۆپ، ھەر كىم ئۆزىگە بىر كاپام پولۇ تېپىش ھەرىكىتىدە...»

توغان ئايىغىدا تېخىچە ئېسىلىپ تۇرغان زەنجىرگە «ئەبەدىي ۋە ئۆلگۈچە» دەپ ئويۇپ يېزىلغان خەتكە قارىدى: «مېنىڭ قىبرى

مىرزا يۇسۇپۇم زىنداندىن چىققان بەندە بىلەن سۆزلىشىشنىمۇ خالىماس، بەلكى پەقەت بەنت زەنجىرىنىڭلا رەھمى كېلەر. لېكىن، موخۇغا ئوخشاش يارا باسقان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ بولاتتىمۇ؟

ھەرقانداق بولسىمۇ خوجايىنىم قارى مەخسۇمنىڭ ئالدىغا بېرىشىم كېرەك بولىدۇ. ئۇ مانا بۇ زەنجىرنى ئېلىپ تاشلاشقا يول قويىدۇ.»

توغان ئىككى تەرىپى قاتار كەتكەن ھەرقايسى دۇكاننىڭ ئالدىدىكى سۇپىدا باققاللار ئولتۇرغان ئۇزۇن كوچىدىن يۈردى،ماللار دۇكاننىڭ ئوچۇق قاناتلىرىغا ئېسىلغان ۋە تەكچىلەرگە تىزىلغان. ئۇستى يېپىق كوچا خېلى قاراڭغۇ ئىدى. قۇياشنىڭ يانتۇ چۈشكەن نۇرى گاھىدا قىزغۇچ ۋە كۆك يىپەك بىلەن تىكىلگەن بىر جۈپ سېرىق ئۆتۈككە، گاھىدا كۈمۈش بىلەن ئايەت يېزىلغان مىس لىگەنلەرگە، گاھىدا بۆرە تېرىسىدىن تىكىلگەن تۆپە كىيگەن كۆچمەن ئالدىغا دۇكانچى يېيىپ قويغان يوللۇق گەزلىمىگە ياكى رەڭگارەڭ كىيىم كىيگەن خوتۇنلار گۇرۇھىغا چۈشۈپ تۇراتتى.

قارى مەخسۇمنىڭ تۆمۈرچىلىك دۇكىنى تۆمۈرچىلىك دۇكىنىنىڭ نېرىقى بېشىدا ئىدى. بۇ يەردىن ئۇرۇلۇۋاتقان بولقا ۋە داراڭلاۋاتقان تۇنۇكە پارچىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى، بۇ يەردە تۆمۈرچىلەر شەمشەر، پىچاق، نەيزە ۋە باشقا قورال - ياراغلارنى ياسايتتى.

پارس ۋە ئورۇس قۇللار ئىشتانچان، چەم پەش كىيىپ ئىشلەشەتتى، ئۇلار سەندەلگە ئېگىشىپ بولقىلىرى بىلەن مىس داسلارغا چىرايلىق نەقىش سالاتتى. باشقىلار خىرىلداپ نەپەس ئېلىپ، قىزىتىلغان تۆمۈرلەرنى ئېغىر بازغانلار بىلەن يانجىيتتى. قورۇم باسقان كۇرۇكچى باللار سۇغىلار كۆتۈرۈپ ئېرىقتىن سۇ ئېلىپ كېلىشكە يۈگۈرۈشىدۇ.

ساقىلىنىڭ ئۇچىغا خېنە قويغان بەستلىك، كەڭ غوللۇق قارى مەخسۇم بىر پارچە گىلەم سېلىنغان سۇپىدا ئولتۇرۇپ ئىشچىلارغا ۋارقىرايتتى، ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ سالىمىنى ئېلىك

ئالاتتى . ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى قول ، يەنى بىرى ياش ، قاچماقچى بولغىنى ئۈچۈن پېشانىسىگە كۆيدۈرۈپ تامغا بېسىلغانىدى ؛ ئىك-كىنچىسى قېرى ، قورۇم باسقان ، كىچىككىنە بولقا بىلەن پەرۋا-سىز ھالدا سىمدىن بىر نېمە ياساۋاتقانىدى . بۇلار ئەڭ قىممەتلىك ئىشنى ئورۇنلىشاتتى ، يەنى ئوتقا سالماي «سوۋۇغوچە» مەشھۇر دەمەشق پولاتى «جەۋھەر»نى ئىشلىمەكتە ئىدى .

— سەن بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ ؟ ئارقاڭغا قايتقىن ! — دەپ ۋارقىرىدى خوجايىن ، — زىنداندىن چىققان بەندىنى يەنە ئىشقا ئالىدۇ دەپ ئويلامسەن ؟

— رۇخسەت قىل ، بولقىنى ئېلىپ زەنجىرنى ئۆزۈم سۇندۇ-رۇۋالاي!

— جىنايەتلىك قوللىرىڭ بىلەن بولقامنى ئىپلاس قىلامسەن ، بۇ ساڭا لايىقمۇ ؟ يوقال ، بولمىسا قىسقۇچ بىلەن كۆيدۈرىمەن .

توغان ناھەق رەنجىتىلگىنىدىن غەزەپلىنىپ نېرى كەتتى ، بىچارە بالا بېشى قايغان تەرەپكە كېتىشكە تەييار ئىدى . ئۇ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان دەرۋىشكە پەرىشان بىر ھالدا قارىدى ، لەمپە-نىڭ تۆشۈكلىرىدىن چۈشۈپ تۇرغان قۇياش ئۇنىڭ قوراق تونىنى يورۇتاتتى .

دەرۋىش ھەدىسلەر ئوقۇپ ، يوغان يىڭنە بىلەن قوراق تونغا ھال رەڭ لاتىنى ياماق سالماقتا ئىدى .

توغان رەنجىگەنلىكىدىن ۋە ئاچچىقى چىققىنىدىن نېمە قىلى-شىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى ، ئۇنىڭ كۆلەڭگىسى دەرۋىشنىڭ تىزى-غا چۈشۈپ تۇراتتى .

— كۆردۈڭمۇ ، ئوغلۇم ، — دېدى دەرۋىش ، — مەن تونۇمغا ياماق سالدىم . ياماق سالغان جايىمغا بولسا سېنىڭ كۆلەڭگەڭ چۈشكەنىدى ، ياماق بىلەن قوشۇپ سېنىڭ سايەڭنىمۇ تىكتۇەتتىم . ئەمدى سەن ماڭا مەھكەم باغلاندىڭ ، بۇنىڭدىن كېيىن كۆلەڭگە ئوخشاش كەينىمدىن قالمايسەن .

بالا يۈگۈرۈپ بېرىپ دەرۋىشنىڭ يېنىدا ئولتۇردى .

— راست دەۋاتامسەن ياكى زاڭلىق قىلىۋاتامسەن؟ مەن ساڭا خىزمەت قىلاي، بۇير ۇغانلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنلاي. پەقەت مېنى كەتلا دېمىگىن!

دەرۋىش باش چايقىدى.

— توك خوجايىن سېنى ھەيدىۋەتكىنىنى ئاڭلىدىم. نېمىشقا خاپا بولىسەن؟ دۇنيا ساڭا تارلىق قىلامدۇ؟ ماڭا يول كۆرسەتكۈچى بولغىن! بىرلىشىپ بۇخارائى شەرىپكە بارىمىز. سېنى قوغلىغان يەردىن دەررۇ كەت، چاقىرغانلارنىڭ ئالدىغا خۇشال بولۇپ بار- غىن! ئەمدى سەن دەرۋىشنىڭ تونىغا تىكىلدىڭ، جاھانكەچتىلىك دەۋرىڭ باشلاندى. قېنى يۈر كەينىمدىن ئۇكا!

دەرۋىش ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ ئىلگىرى ماڭدى، ھالىدىن كەتكەن توغان بولسا ئۇنىڭ كەينىدىن ئاقساقلاپ ئەگەشتى. بىر نەچچە تۆمۈرچىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، دەرۋىش كوچى- نىڭ دوقمۇشىدا توختىدى. بۇ يەردە كىچىككىنە بىر مەيدان بو- لۇپ، قورۇم بېسىپ كەتكەن بىر تۆمۈرچى كۈرۈك يېنىدا ئايلىنا- تى، ئۇ پەقەت سۆڭەك ۋە تېرىدىنلا ئىبارەت ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئۇرۇق قوللىرى مىخ سەندىلىدە بولقا ۋە قىسقۇچنى ئەپچىللىك بىلەن ئىشلىتەتتى، تەييارلانغان ئۇششاق قارا مىخلار قۇتىغا چۈ- شۈپ تۇراتتى.

— ھەي، مۇھتەرەم ئۇستا! بالىغا زىيان يەتكۈزمەستىن، مانا بۇ زەنجىرنى سۇندۇرالامسەن؟

تۆمۈرچى زەنجىرنى كۆرۈپ:

— ئىككى دەرخەم بەرسەڭ سۇندۇرىمەن. پادىشاھ زىنداندىكى- لەرگە ياخشى، پۇختا تۆمۈردىن زەنجىر سالىدۇ. ئەگەر يەنە بىر كۈمۈش دەرخەم قوشۇپ بەرسەڭ، شۇ تۆمۈرنىڭ ئۆزىدىن ياخشى بىر پىچاق سوقۇپ بېرىمەن، — دېدى.

دەرۋىش بەلۋېغىنىڭ قېتىدىن ھەميانىنى ئېلىپ تۆمۈرچىگە تەڭگە كۆرسەتتى.

— سېنىڭ ئېيتقىنىڭ بولسۇن! ئەمما، زەنجىرگە «ئەبەدىي

ۋە ئۆلگۈچە» دەپ يېزىلغان خەتنى كۆردۈڭمۇ؟ پىچاقنى شۇنداق قىلىپ ياسىغىنىكى، بۇ خەت پىچاقنىڭ ئۆزىدە قالسۇن.

— ئېيتقىنىڭدەك قىلىپ بېرىمەن، — دېدى بوۋاي توغاننى ئالدىغا تارتىپ، — ئايىغىڭنى سەندەلگە قوي! — يەنە پىچىرلاپ قوشۇمچە قىلدى، — شاھ ۋە ئۇنىڭ جاللاتلىرىغا قارشى «ئەبەدىي ۋە ئۆلگۈچە» كۈرەش!

## بەشىنچى باب

# سېخىيلىق

دەرۋىش ھاجى رەھىم ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ، ئۆرگەنچتىكى چوڭ ئاۋات بازارنىڭ تار كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.

بۇ يەردە مىسكەرلەرنىڭ ئۇستىلىق بىلەن نەقىش چېكىلگەن مىس جام، لىگەن، ئاپتۇۋا ۋە باشقا قاچىلار پارقىراپ كۆزنى چېقىلدۇرىدۇ. نەقىش چېكىلگەن مىس شامدانلار ۋە ساپال تاۋاقلار، نازۇك ئاق، كۆك خىتاي قاچىلىرى، شۇنىڭدەك ساپ جاراڭلايدىغان ئىراق شىشىسىدىن ياسالغان قاچىلارنىڭ بازىرىمۇ شۇ يەردە ئىدى.

خۇش پۇراق، شىپالىق بالزاملارنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان چەرچىن ماللار ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا قىممەتلىك دورىلار، يەنى تاڭغۇت رەۋىنى، سۇرگە ۋە گۈل يېغى، تىرە، مىلىك ھەمدە ئاشقازانغىمۇ داۋا بولىدىغان شورتاڭ يەرنىڭ ئۆسۈملۈكلىرىدىن ياسالغان سوۋۇن توپىسى «گاسول» سېتىلاتتى. بۇ يەردە خۇش پۇراق نەرسىلەر ئارىلاشتۇرۇلغان، ھامماملاردا ئىشلىتىلىدىغان قىممەتلىك توپىلارمۇ ۋە تۈكلەرنى دەررۇ يوقىتىدىغان ئىراننىڭ يېشىل لىيىمۇ، باشقا سۇرۇپ چاچنى كۆپەيتىدىغان بۇخارا يېغىمۇ، تىبەت ئۇپىسىمۇ، ھىند ئەنبىرىمۇ ۋە كىشىنى كەيپ قىلىدىغان قاپقارا دومىلاق نىشىمۇ تېپىلاتتى.

ھاجى رەھىم بازارچىلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، تىلىگەندەك دۇكانلارنىڭ ئالدىدا توختايتتى، ئەمما بىرسىنى ئاختۇرغاندەك ھەر بىرىگە تىكىلىپ قارايتتى.

ئۇ رەخت ساتىدىغان رەستىگە كىرگەندە، باداشقان قۇرۇپ

گىدىيىپ ئۆلتۈرغان دۇكاندارلارنىڭ ئۇنىڭغا ئۇششاق قارا پۇللارنى ئېتىپ:

— ئۆتۈك دۇئاخان! — دېيىشەتتى.

بۇلار دەرۋىشنىڭ قاپقارا قولى شايىغا ياكى چوك، داڭلىق بەگلەرگە خىزمەت ۋە ئېھتىرام ئۇچۇن سوۋغا قىلىنىدىغان قىممەت باھا زەر كىمخابلارغا تېگىپ كەتمىسۇن، دەپ قورقۇشاتتى.

بۇ رەستىدە ھاجى رەھىم ئىزدىگەن كىشىگە ئوخشاش بىر كىشىنى كۆردى. بۇ كىشى باشقا بەززازلار قاتارىدا شايى ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئۇرۇق، سەمەرقەند قەغىزىدەك نۇرسىز يۈزى، ئىچىگە كىرىپ كەتكەن قارا كۆزلىرى ئېغىر كېسەل بولغىنىنى كۆرسىتەتتى. يېنىدا ئولتۇرغان سودىگەرلەر ئۇنى ئىززەت قىلىشاتتى ۋە ئالدىغا سامسا، توش، ياڭاق ۋە پىستە قويۇشاتتى. بۇ سودىگەر قىممەت باھا كۆل رەڭ يوڭ كىيىم كىيىگەن، بېشىدا شايى دوپپا بولۇپ، خىتاي چىنىسىدە چاي ئىچەتتى، كۆرسەتكۈچ بارمىقىدا فىرۇزە ئۈزۈك كۆكىرىپ تۇراتتى.

دەرۋىش دۇكاننىڭ ئالدىدا توختىدى. سودىگەرلەر ئۇنىڭ چۆچىكىگە بىر نەچچە چاقا پۇل تاشلىدى، لېكىن دەرۋىش ئۇنچىقماستىن تۇرىۋەردى.

— ماڭغىن، دۇئاخان! — دېيىشتى سودىگەرلەر، — سەدىقە بەردۇق، بولدى!

— سەن كۈچلۈك ئادەممىشسەن ۋە ئالەمنى كارۋان بىلەن ئايلىنىپ، ئۆز ھاياتىڭدا كۆپ نەرسىلەرنى كۆرگەنمىشسەن؟ — دېدى ھاجى رەھىم، — بىر سوئالىمغا جاۋاب بېرەلەمسەن؟

— ئەگەر سەن مۇقەددەس كىتابلارنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىن دېسەڭ، مەندىن كۆرە كۆپرەك بىلىدىغان ئۆلىما ۋە پۈزالار بار. مەن پەقەت پۇل ساناشنى ۋە مال گەزلەشنىلا بىلىمەن.

— بولدى، دىۋانە دەرۋىش! يولۇڭدىن قالمىغىن! — دەپ ۋارقىراشتى سودىگەرلەر، — سەدىقە بەردۇققۇ، — دەپ ئۇنىڭ چۆچىكىگە سامسا ۋە ياڭاق تاشلىدى.

— ياق ، مەن جاۋابىڭنى كۈتۈپ تۇرۇۋېتىمەن ، چۈنكى مېنىڭ سوئالىم ئۆزۈڭگە تېگىشلىكتۇر ، مۆھتەرەم سودىگەر .

— ئېيتقىن !

— ئەگەر سېنىڭ دوستۇڭ بولسا ، ئۇ دوستۇڭ ساڭا سادىق بولسا ، سەن بىلەن باراۋەر غەم تارتسا ، مۇساپىرچىلىقنىڭ ئېغىرلىقىنى سەن بىلەن باراۋەر كەچۈرسە ، ئاچلىقنى ، ئىسسىقنى ۋە قار - بورانلىرىنى سەن بىلەن بىللە بېشىدىن كەچۈرسە ، سەن ئۇنىڭ قەدرىگە يېتەتتىڭمۇ ؟

— ئەلۋەتتە يېتەتتىم ، قېنى سۆزلە ! — دېدى سودىگەر .

دەرۋىش ھەممىگە مۇراجىئەت قىلدى :

— خۇدا سىلەرگە تەن ساقلىق ، خاتىرجەملىك بەرسۇن ! ئۆز ۋاقتىدا باي ۋە سېخىي ، كەم - كۈتىسىز ، بەختلىك ، ئۆيى ۋە گۈللىگەن باغ ئىگىسى ، مەي كاسىسى دائىم تولۇق بولغان كىشىگە بىر قاراڭلار ! بىراق ، تەقدىر قامچىسىنى ، باشقا كەلگەن بەختسىزلىكنى ، ئۆچ ئوتىنى قايتۇرالمىدىم . بۇ بەختسىزلىك بالاسى قولۇم قورۇپ ، ئۆيۈم بوشاپ ، بېغىم غازاڭ بولۇپ ، ئۇلپەتلىرىم تارقىغۇچە ئىزىمدىن قالمىدى . ھەممە نەرسە ئۆزگەردى ، ماڭا غەم ئۇزۇق بولدى ، قورسىقىم ئاچلىقتىن ئىچ - ئىچىگە كىرىپ كەتتى ، سارغايغان يۈزۈمنى قىزارتىدىغان ئۇيقۇدىنمۇ مەھرۇم بولدۇم . بىرلا دوستۇم قالدى ، ئۇ مېنى مۇساپىرچىلىقتا ، غارلار ماكانىم ، تاشلار تۆشىكىم بولغان چاغلاردا ، يالاڭ ئاياغلىرىمنى قاتتىق تىكەنلەر قاناتقان چاغلاردىمۇ يالغۇز قويمىدى . بۇ دوستۇم مەن بىلەن شانلىق باغداد شەھرىگە ، مەككەئى مۇكەررەمگە باردى . ئۇ ھەممە ۋاقىت مۇشكۇلۇمنى ئاسان قىلاتتى ، خۇرجۇنۇمنى كۆتۈرەتتى ۋە سوغۇق كېچىلىرى مېنى ئىسسىتاتتى . بىراق ، بەختلىك كۈنىنىڭ كېلىشى ئۇزاق ۋە قىيىن بولدى . خارەزم ۋاھەسىگە يېتىپ كەلگىنىمدە كۈتۈلمىگەن پالاكەت مېنى دوستۇمدىن ئايرىدى . ئەمدى مەن نامراتلىقتا ئۇلپەت بولۇپ ئۆيسىز ۋە ياتىدىغان جايسىز قالدىم .

كېسەل سودىگەر سورىدى :

— سېنى نېمىشقا دوستۇڭدىن ئايرىدى ؟ ئەگەر ئۇ پەيغەمبەر-نىڭ ۋەتىنى مەككىگە بارغان بولسا ھاجى ئىكەن ، سەن بىلەن ئۇنى رەنجىتىشكە كىم جۈرئەت قىلدى ؟

— بىزنى بىر سودىگەر ئايرىدى .

— ئۇ توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگىن .

— گەرچە مەن بەختسىزنىڭ ئەڭ بەختسىزى بولساممۇ ، يولدا مەندىنمۇ بەختسىزرەك كىشىنى قاراقچىلار يارىدار قىلىپ ، ياردەم-سىز قالغان بىر سودىگەرنى ئۇچراتتىم . مەن ئۇنىڭغا قولۇمدىن كەلگەن ياردەمنى قىلدىم ، يارىلىرىنى تاڭدىم ، ئۇرگەنچكە ئېلىپ كەلمەكچى بولدۇم ۋە ئۇنىڭ ئالتۇن لاچىنىنى ساقلىدىم .

دىققەت قىلىپ قۇلاق سېلىپ تۇرغان سودىگەر بىردىنلا سەس-كىنىپ ، دەرۋىشنىڭ سۆزىنى بۆلدى :

— بولدى ! ئۇ سودىگەر كېيىن نېمە بولغىنىنى ھەممىمىز بىلىمىز ، شۇ سودىگەر مەن بولىمەن . مەن خېلىدىن بېرى سېنى ئىزدىدىم ، تەشەككۇر بىلدۈرمەكچى ئىدىم ، دوستۇڭ كىم ئىدى ؟ بەلكىم مەن ئۇنى كۆلپەت زىندانىدىن قۇتۇلدۇرارمەن .

— پەقەت سەنلا دوستۇمنى قايتۇرۇپ بېرەلەيسەن . ئۇ ئۆزىنى ھاجى دېيەلمەيدۇ ، چۈنكى شەيتانغا ئوخشاش قۇيرۇقى بار . دوستۇم ئېشىكىم ئىدى ، سېنى داۋالىغان پىخسىق ھاكىم ئېشىكىمنى ئې-لىپ قالغانىدى . ئەگەر بىرەر ئېشەك سېتىۋېلىشقا ياردەم قىل-ساڭ ، مۇرادىم ھاسىل بولىدۇ .

— ئۆزۈڭنىڭ ئېشىكىنى تېپىپ بېرىمەن . مەن ئۇنى ھاكىم-دىن سېتىۋالدىم . ھازىر شۇ يەردە ، ھويلىدا . قۇلاق سالغىن ، ھاڭراپ سېنى ئالقىشلاۋاتقان شۇ ئەمەسمۇ ؟ بۇ ھېچ نەرسە ئەمەس . مانا شۇ دۇكاندىكى بار نەرسىلەردىن خالىغىنىڭنى ئالغىن ! ئەڭ ياخشى كىيىملىكلەرنى دەمسەن ، سەھتىيان ئۆتۈك دەمسەن...

— مەن دەرۋىشمەن ! مېنىڭ قېلىن يوڭ چەكمىنىم بار ، ماڭا مۇشۇ بولىدۇ . لېكىن ، يالىڭاچ كۆلەڭگەمگە بىر قۇر كىيىم قە-

لمىپ بەرسەڭ كۆپايە . بۇ كۆلەڭگە كەينىمدىن زادىلا قالمايدۇ . سودىگەرلەر كۈلۈشۈۋەتتى .
— چاقچىقىڭنى قويساڭا ! كۆلەڭگىمۇ كىيىم كىيگۈزەمدۇ ؟
دەرۋىش تامغا يۆلىنىپ تۇرغان توغاننى كۆرسىتىپ :
— مانا ئالدىڭلاردا تۇرۇپتۇ ! — دېدى .
كېسەل سودىگەر قولىغا ئۇرۇپ قويدى .
— ھەسەن ، — دېدى ئۇ خىزمەتكارىغا ، — مانا بۇ بالىنى تەييار كىيىم سېتىلىدىغان دۇكانغا ئېلىپ بارغىن - دە ، ئۇزاق سەپەرگە كېتىۋاتقان كىشىنى قانداق كىيىندۈرۈشنى خالىساڭ ، شۇنداق كىيىندۈرۈپ قويغىن .
— پۈتۈنلەي يېڭىدىن كىيىندۈرەيمۇ ؟
— ھە ، باشتىن - ئاياغقىچە كىيىندۈرگىن . تون ، كۆڭلەك ، ئىشتان ، پايپاق ، ئۆتۈك ، بەلۋاغ ، قالپاق … ھەممىسىنى بەرگىن . سەن بولساڭ جاھانكەچتە ، بۇگۈن كەچقۇرۇن مېنىڭ يېنىمغا كەلگىن ، ھەسەن ئۆيۈم قەيەردىلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ .
خىزمەتكار دەرۋىشنى ۋە خىجالەتتە قالغان توغاننى ئەر - ئايال ۋە بالىلارنىڭ تەييار كىيىملىرى ئېسىقلىق تۇرغان دۇكانغا ئېلىپ كىردى . خىزمەتكار ھەسەن ئەڭ ياخشى كىيىملەرنى تەكلىپ قىلىسىمۇ ، دەرۋىش پەقەت يولغا لايىق ، چىداملىق كىيىملەرنىلا تاللايتتى . توغان ئۇرگەنچ بالىلىرىدەك كىيىنىپ ، بېشىغا كۆك سەللە ئوراپ دۇكاندىن چىققىنىدا ، ھەسەن دەرۋىشكە بىر چەم ھەميان ئۇزىتىپ دېدى :
— خوجايىنىم مەھمۇد يالۋاچ يولدا قىستىلىپ قالماڭلار ، دەپ مانا شۇ بەش ئالتۇن دىنارنى ساڭا بېرىشنى تاپشۇردى ، بۇنىڭدىن تاشقىرى خوجايىنىمنىڭ ھويلىسىدا توقۇلۇق ئېشىكىڭ سېنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ ، ئۇنى خالىغان ۋاقتىڭدا ئېلىشىڭ مۇمكىن . سەن مېنىڭ خوجايىنىمغا چوڭ ياخشىلىق قىلغان ئوخشايسەن ، كەمدىن - كەم بۇنداق سېخىيلىق قىلىدۇ .
كەچقۇرۇن ھاجى رەھىم سودىگەر مەھمۇد يالۋاچنىڭكىگە بار-

دى ، ئۇ گۈزەل باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شىپاڭدا قارشى ئالدى . ئۇلار بىر پىيالىدىن چاي ئىچكەندىن كېيىن ، خىزمەتكار چىقىپ كەتكەندە ، سودىگەر پىچىرلاپ :

— قانداق ئالتۇن لاچىن توغرىسىدا سۆزلەۋاتقانىدىڭ ؟ — دېدى .

دەرۋىش بەلۋېغىنىڭ قېتىدىن لاچىن سۈرىتى ئويۇپ سىپلىنىغان ئالتۇن تەمتەكنى ئېلىپ مەھمۇد يالۋاچقا ئۇزاتتى ، ئۇ بولسا دەررۇ ئېلىپ قويىنغا سالدى .

— مېنىڭ سۆزۈم يادىڭدا بولسۇن ، — دېدى ئۇ ، — قانداق ۋەقە يۈز بەرمىسۇن ، دۇنيا ئاستىن ـ ئۈستۈن بولغان تەقدىردىمۇ ، مېنىڭ دېرىكىمنى ئاڭلىساڭ ، توغرا ئۆيۈمگە كېلىۋەرگىن ، ھەر دائىم ياردەم قىلىمەن . ئۇرگەنچتە نېمە قىلماقچىسەن ؟

ئەتىلىككە بۇخاراغا ماڭىمەن . ھەمىشە بېشىڭدا قىلىچ تەييار تۇرغان گۇناھكار بولۇش بولماسلىقىڭغا قارىماستىن ، بوينۇڭغا قىلىچ چۈشۈش مۇمكىن بولغان بۇ يەردە ئارتۇق تۇرۇشتىن قورقىمەن . ياق ، ئۇنىڭدىن كۆرە سەيياھ ھاسىسى ۋە ئۇزاق يول ياخشى .

## ئالتىنچى باب

# تۆركەن خاتۇن پىتنىسى

*تۆركەن خاتۇندەك ئەقىللىق خوتۇننىڭ رەھبەر-لىكى ئاستىدا ھەربىي ئارىستوكراتىيە (قىپچاقلار)-نىڭ تەسىرى تېز پۇرسەتنىڭ ئىچىدە تەختنى بوشاش-تۇرۇپ قويدى. قىپچاقلار گەرچە ئازاد قىلىشقا كەل-گەن بولسىمۇ، ئۆزلىرى ئىشغال قىلغان جايلارنى بە-مالال تالايتتى ۋە پادىشاھلىرىنى خەلققە يامان كۆر-ستەتتى.*

(ۋ. ۋ. بارتولد)

ئارك دەرۋازىسى ئېچىلدى ۋە ئۇنىڭدىن بېقىلغان ئايغىرلارغا مىنگەن، ئاپئاق پاپاخ، قىزىل يوللۇق كەمزۇل كىيگەن، ئالتۇن شەمشەر تاقىغان ئاتلىقلار جۈپ ـ جۈپ بولۇپ كەينى ـ كەينىدىن چىقىشقا باشلىدى.

تولۇق كەلگەن، سۆلەتلىك، ئاق شايى قالپاق كىيگەن خارەزم شاھ مۇھەممەد ئالتۇن ئەسۋابلار بىلەن زىننەتلەنگەن كەڭ تۆشلۈك تورۇق ئاتتا ھومىيىپ كېلەتتى. شاھنىڭ زەڭگەر كىمخاب تونى، كەمىرى ۋە ھەر خىل قىممەتلىك تاشلار قويۇلغان قىلىچى قۇياشتا پارقىراپ كۆزنى چاقنىتاتتى.

خارەزم شاھنىڭ كەينىدىن ئىككى ياش ئاتلىق كېتىپ باراتتى. كۈمۈش ئۈمۈلدۈرۈك سېلىنغان قارا تۆركمەن ئايغىرىنىڭ ئۈستىدە قارىراق بىر يىگىت كېرىلىپ كېتىپ باراتتى، بۇ تۆركەن خاتۇننىڭ ئوغلى، شاھنىڭ ۋارىسى جالالىددىن ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا، ئۇزۇن قارا يالللىرى ئۆشىشاق ئۆرۈلگەن تورۇق يورغىدا كىمـ

خاب تون كىيگەن بالا كېتىۋاتاتتى ، بۇ شاھنىڭ قىپچاق خوتۇنىدىن بولغان كەنجە ۋە ئەڭ سۆيۈملۈك ئوغلى ئىدى .

ئۇلارنىڭ كەينىدىن قىزىل زۇلپۇشقا ئورالغان ئاتلاردا خارەزمنىڭ مەغرۇر مەنسەپدارلىرى كېتىۋاتاتتى .

شاھنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى بىر مىڭ ئەسكەر ئىككىگە بۆلۈنگەن . بىر قىسمى ئالدىدا بازارنىڭ مەركىزىي كوچىسىدىن ئۆتۈپ ، تاماشىچىلارنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ ھەيدەيتتى ، قالغان قىسمى شاھنى ئوراپ ماڭاتتى .

ئۇچرىغان ھەر بىر كىشى ئېگىلىشىپ تەزىم قىلاتتى . ئۇلار ئىسلام ئېلىنىڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمرانىغا يېقىندىن قاراش ھوقۇقىدىن مەھرۇم ئىدى . كاناي ، ناغرا سادالىرىنى ئاڭلىغان سودىگەرلەر ئالدىرىشىپ ، دۇكانلىرىدىن گىلەملىرىنى ئېلىپ چىقىپ ، كوچىنىڭ لايلىرىغا قارىماستىن شاھقا پاياندار سالاتتى .

شاھ مۇھەممەد ماختاشلارغا ۋە ساداقەت بىلدۈرگەن سادالارغا ئۆگەنگەندى . ئۇ ئېتىنىڭ تۇۋاقلىرى ئاستىغا باش قويغان يوللۇق تون كىيگەن سان ـ ساناقسىز كىشىلەرگە پەرۋاسىز نەزەر تاشلىدى . ئۇنىڭ ئىششىپ كەتكەن يۈزى ھېچنېمىنى ئىپادە قىلمايتتى ، ئاپئاق سەللىسى قاپقارا ساقىلىنى تېخىمۇ قارىراق كۆرسىتەتتى .

شاھنىڭ ئانىسى تۈركەن خاتۇننىڭ سارىيىغا كىرىدىغان دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىدا ئوق ئۆتمەيدىغان مەشھۇر خارەزم ساۋۇتلىرى ۋە تۆمۈر قالپاقلىرىنى كىيگەن ، ئىنچىكە ئۇزۇن نەيزە تۇتقان قىپچاق چېرىكلىرى تۇراتتى .

چېرىكلەر ۋە ئالىمان :

«يېڭىلمەس شاھىمىز ياشىسۇن ، تەختلىرىدە مەڭگۈ ئولتۇرسۇن !» دەپ ۋارقىراشتى . ئەتراپتىكى تار كوچىلاردىن ئادەملەر يوپۇرۇلۇپ چىقىشتى . تاملارنىڭ ئۈستى ۋە ئۆگزىلەر ئادەمگە لىق تولغانىدى .

بۇ قېتىم قىپچاق ئەسكەرلىرىنىڭ سانى ئادەتتىكىدىن ، ھەتتا قورۇقچىلارغا قارىغاندا كۆپلۈكى شاھ مۇھەممەدنى ئەجەبلەندۈردى .

بۇلارنى نېمىگە توپلىدىكىن؟ تۇزاق قويماقچىمىكىن؟ پۇرسەتنىڭ بارىدا ئارقىغا قايتسامىمىكىن؟ ياقەي، شۇبھىلىنىشنىڭ نېمە ھاجىتى! ئانا ئۆز ئوغلىغا ھېچقاچان تۇزاق قويمايدۇ. ئەجەب، ئۇ دادىسى تەكىش شاھ ئۆلگەندىن كېيىن ئانىسىغا ئۆزىنىڭكىگە بارار دېگۈدەك ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى بەرمىدىمۇ؟ ئەجەب، ئانىسىنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان قىپچاق چېرىكلىرى ئۇنىڭ بارلىق يۈرۈشلىرىدە قاتنىشىپ، يۇرتلىرىغا دادىلىرىمۇ كۆرمىگەن ئولجىلارنى ئېلىپ كېلىشمىدىمۇ؟ ئالغا!

شاھ مۇھەممەد دەرۋازىنىڭ ئالدىدا توختاپ قالغان ئېتىغا بىر قامچا ئۇرۇپ، سەكرىتىپ سارايغا كىردى.

بايرامدىكىدەك ياسانغان قىپچاق قىرىلىرى ئاتنى تىزگىنىدىن تۇتۇشتى، خارەزم شاھ دۇخاۋا پاياندازغا ئىرغىپ چۈشتى. قېرىپ قېلىشقا قارىماستىن، تېخى تېتىك ۋە قەددى كېلىشكەن شاھ نەقىشلىك تۇۋرۇكلۇك ئايۋانغا پەلەمپەيدىن چىقتى ۋە تەزىم قىلىپ تۇرغانلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، سارايىنىڭ سالقىن مېھمانخانىسىغا كىردى. ئۇنى ئالتۇن بۇرۇنبالداق تاقىغان ھەبەش قارشى ئالدى.

— شاھلارنىڭ شاھى سېنىڭ ئالدىڭغا چىقىپ كېلىۋاتىدۇ. سالام ساڭا ھۆرمەتلىك شاھ! — دەپ ھەبەش پەردىنى كۆتۈردى ۋە قاتتىق ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى، — سەردار ئالەم! دىنىنىڭ ھامىيسى! ئىسلامنىڭ قىلىچى!

شاھ بىر نەچچە قەدەم قويدى. پارقىراق ياغاچ تاملىق ۋە پەنجىرە دېرىزىلىك قاراڭغۇراق ئۆيدە زەر كىمخابقا ئورالغان كىچىككىنە بىر گەۋدە كۆرۈندى، ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا يىگىرمە داڭلىق قىپچاق خانلىرى يۈكۈنگىنىچە قېتىپ قېلىشقانىدى. شاھ مۇھەممەد قول قوشتۇرۇپ ئېگىلدى ۋە يورغىلاپ ئانىسىنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، پىچىرلىدى:

— سالام ياخشىلىق مەنبەئى، ھەققانىيەت نەمۇنىسى!

كىمخاب قىمىرلىدى، توز پەرى ئورنىتىلغان دومىلاق قالپاق يەرگىچە ئېگىلىپ چۈشۈپ يەنە كۆتۈرۈلدى.

— بەختسىز ، بىچارە ، تۇل ئاناڭ شاھى جاھاننى ئالقىشلايدۇ . مىنى ھۆرمەت ۋە خۇشال قىلىپ ، يېنىمدا ئولتۇرغىن .

شاھ مۇھەممەد قەددىنى توغرىلىدى ، ئاق ۋە سېرىق ئەتلەك سۇرتۇلگەن كىچىككىنە يۈزنى ، چاقناپ تۇرغان قارا كۆزلەرنى كۆردى . تۇركەن خاتۇن پەتنۇسقا ئوخشاش سەككىز قىرلىق ئالتۇن تەختنىڭ ئۈستىدە ئاياغلىرىنى يىغىپ ئولتۇراتتى . شاھ مۇھەممەد ئەل تۇرىسى سۈپىتىدە ئانىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشى كېرەك . بىراق ، تەختتە ئارتۇقچە جاي يوق ئىدى ، تەختنى كىمخاب كىيىم ئىگىلىگەنىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، شاھ پەستىكى گىلەمدە ئولتۇردى . خارەزم شاھنىڭ ئۆزىدىن پەستە ئولتۇرۇشنى قىپچاقلىرىغا كۆرستىشنى خالىغان تۇركەن خاتۇن ئۈچۈن شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە .

شاھ مۇھەممەد دۇئاغا قول ئاچتى ، ئولتۇرغانلار پىچىرلىشىپ دۇئا ئوقۇشتى .

تۇركەن خاتۇن يۇمشاق ئاۋاز بىلەن بېشىنى لىڭىلدىتىپ سۆز باشلىدى . ئۇنىڭ كىمخاب كىيىملىرى سىلكىنەتتى ، بېشىدىكى پەي تىترەيتتى .

— سېنى ، ئۇلۇغ ۋە سۆيۈملۈك ئوغلۇم ، مۇھىم ئىشلارنى بىللە مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن چاقىرغۇزدۇم . بۇ ئىشلار بىزنىڭ شانلىق خارەزم شاھلار ئەۋلادىنىڭ بەختى ۋە سائادىتى ، شۇنىڭدەك ساڭا سادىق بولغان قىپچاق خانلىرىنىڭ تەقدىرىگە تەئەللۇقدۇر . تەختىمىزنى ، ھاكىمىيىتىمىزنى ۋە دوستلىرىمىزنى ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك !

ئۆينىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى ، پەقەت پەنجىرىلىك دېرىزىدىن يىراقتىن «ياشىسۇن خارەزم شاھ !» دېگەن ئاۋازلارلا ئاڭلىناتتى .

— قۇلىقىم سەندە ، دانا ئانا !

— ئاڭلىشىمغا قارىغاندا ، سەن يىراق ئەللەرگە سەپەر قىلىش تىلىكىدىمىشسەن . سەن لاچىندەك ئېتىڭنى يەنە ئۇرۇش مەيدانلىرىدىن چاپتۇرۇپ يۈرۈشنى خالىغۇدەكمىشسەن . تەقدىرى ئەزەلنى كىم ئالدىن بىلىدۇ ، ئاۋۋال كىم ئوقالايدۇ؟ خۇدا ساقلىسۇن !

ئەگەر سەن دىن يولىدا شېھىت بولۇپ، جەننەت باغلىرىغا چاقماق-تەك راۋان بولساڭ، سەنسىز بۇ يەردە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈشى مۇمكىن. مەغرۇر نەۋرىمىز جالالىددىن بىز قىپچاقلارنى قىرىپ تۈگىتىش نىيىتىدە تۈركمەنلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشنى ئەۋزەل كۆرگىنىنى نەزەرگە ئالغاندا، خارەزم ئېلىنى كەلگۈسىدە ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، باشقا بىر ئادەمنى ئىلگىرىراق تاييىنلاپ قويۇش توغرا بولماسمۇ؟

— سۆزلىرىڭىز دانا سۆزلەر! ئالماستەك قىممەت باھا! — دەپ قىپچاق خانلىرى ۋارقىراشتى.

— شۇنىڭ ئۈچۈن، — دەپ داۋام قىلدى تۈركەن خاتۇن، — مېھرىبان قىپچاق خەلقىمىزنىڭ مانا ئەڭ داڭلىق خان-لىرى بىلەن مەسلىھەت قىلغاندىن كېيىن، تەخت ۋارىسلىقىغا قىپچاق كىنىزىكى، سۆيۈملۈك خوتۇنۇڭدىن بولغان كىچىك ئوغ-لۇڭ قۇتبىددىن ئۆزلاغ شاھنى تەيىنلىشىڭنى پۈتۈن قىپچاقلار نامىدىن سوراشقا قارار قىلدىم، ئوغلۇم. جالالىددىننى بولسا ئەڭ ئۇزاق ۋىلايەتلەردىن بىرىنى ئىدارە قىلىشقا ئەۋەتكىن. بۇ يەردە ئۇ ساقىمۇ ۋە ھەممىمىزگىمۇ قورقۇنچلۇقتۇر!

شاھ مۇھەممەد نېمە دەيدىكىن، دەپ ھەممە جىم تۇراتتى، ئۇ بولسا تىترىگەن بارمىقىغا يېپەكتەك ساقىلىنى ئوراپ ئويلا-غىنىچە تۇراتتى.

— ئەگەر سەن بۇنى رەت قىلساڭ، بارلىق قىپچاقلار رەزىمنى تاشلاپ ئۆزلىرىنىڭ چۆللىرىگە چىقىپ كېتىشىدۇ، مەنمۇ بىر گادايدەك ئۇلارغا قوشۇلۇپ كېتىمەن.

شاھ مۇھەممەدنىڭ تېخىچە ئىككىلىنىپ تۇرغىنىنى كۆرگەن تۈركەن خاتۇن يۈزىنى ئۆرۈدى. ئىلگىرى غۇلام (باش خىزمەتكار) بولۇپ، چىرايلىق بولغىنى ئۈچۈن ئەمەلدارلىق مەرتىۋىسىگە ئې-رىشكەن مۇھەممەد بىننى سالىھ ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغانىدى، قولى بىلەن قىلغان ئىشارىتىنى پەملەپ تاشقىرىغا چىقتى - دە، دەررۇ كىمخاب تون كىيگەن يەتتە ياشتىكى بالىنى يېتەكلەپ كىردى.

تۈركەن خاتۇن ئۇنلۇك ۋە بۇيرۇق ئاۋازى بىلەن :
— مانا تەختىنىڭ ۋارىسى . قىپچاق خانلىرى ، بەگلىرى ، ئەس-كەرلىرى ۋە بارلىق ئاھالىسىگە بىلدۈرىمەنكى ، بۇ بالىنىڭ تەختكە ۋارىس بولۇشىغا خارەزم شاھ رازى ، — دېدى .
خانلار ئىرغىپ تۇرۇپ بالىنى ئېلىشتى - دە ، بىر - ئىككى قېتىم كۆتۈرۈپ قويۇشتى :
— ياشىسۇن ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرسۇن ، بىزنىڭ قوۋم - قې-رىنداش قىپچاق سۇلتانىمىز !
شاھ مۇھەممەد ئورنىدىن تۇردى ، ئوغلىنى يېتەكلەپ مومىسى تۈركەن خاتۇننىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى .
— قۇلاق سېلىڭلار ، بەگلەر ، — دېدى شاھ مۇھەممەد ، — كۆردۈڭلارمۇ ، مەن ئېلتىماسىڭلارنى ئورۇنلىدىم . ئەمدى سىلەر مېنىڭ ئەمرىمنى ئورۇنلاڭلار . مېنىڭ كونا دۈشمىنىم ، باغداد خەلىپىسى ناسىر ماڭا قارشى يەنە پىتنە قىلماقتا ۋە قول ئاستىدىكى خەلقلەرنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە چاقىرماقتا . ياۋۇز ناسىر تەختتىن چۈشۈرۈلمىگۈچە خارەزمدە تىنچلىق بولمايدۇ . بىز تايىنلىغان ، بىزگە سادىق بولغان ئىمام خەلىپە بولۇشى كېرەك ! شۇنىڭ ئۈ-چۈن ، خەلىپە قوشۇننى تارمار قىلىپ ، نەيزەمنىڭ ئۇچىنى باغداد-نىڭ مۇقەددەس تۇپرىقىغا تىقمىغۇچە تىنچىمايمەن .
قىپچاقلارنىڭ قېرىسى ، قاتاڭغۇر ، ئاپئاق ، چوقچا ساقاللىق بوۋاي دېدى :
— بىز بىر تەن بولۇپ سېنىڭ قۇدرەتلىك قولۇڭ كۆرسەتكەن تەرەپكە ئات قويىمىز . بىراق ، ئاۋۋال بىز ئېلىمىزنى تىنچىتىشى-مىز ۋە قورقۇقان قېرىنداشلىرىمىزغا ياردەم قىلىشىمىز كېرەك . قىپچاق چۆلىدە ئەلچىلەر كەلدى ، بىزنىڭ تۇپرىقىمىزغا شەرقتىن نامەلۇم بىر قەبىلە كىشىلىرى بېسىپ كىلىۋاتقانىمىش . پاتراق بېرىپ بۇ مەجۇسىيلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىشىمىز ، پادىسىنى تارتىۋېلىپ ، خوتۇن ۋە بالا - چاقىلىرىنى ئەسكەرلىرىمىزگە قول قىلىپ بۆلۈپ بېرىشىمىز كېرەك .

— قوشۇننى بىزنىڭ چۆلگە ئېلىپ بارغىن! — دەپ ۋارقى-راشتى خانلار.

مىرزا خارەزم شاھنىڭ يېنىغا كېلىپ يۈكۈندى ۋە يېزىلغان قەغەزنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

— بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى شاھ مۇھەممەد.

— مىراسنى سۆيۈملۈك كىچىك ئوغلۇڭ قۇتبىددىن ئۆزلاغ شاھقا تاپشۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇلۇغ پەرمان. بالا قۇرامىغا يەتكۈ-چە خارەزمگە ھاكىمە، يەنى ياش ۋارىسنىڭ مومىسى — سىنىڭ ئاناڭ تۈركەن خاتۇن تەيىنلىنىدۇ. ۋارىسنىڭ تەربىيىچىسى ۋە خارەزمنىڭ ئۇلۇغ ۋەزىرى قىلىپ، تۈركەن خاتۇن ئەملەكدارى مۇھەممەد بىننى سالىھ تەيىنلىنىدۇ.

— ئۇلۇغ پەرزەنتىم، يېڭىلمەس خارەزم شاھ، ئەلنى ھازىر-چە بىز ئىدارە قىلىمىز. ئۆز قوشۇنۇڭ بىلەن يەر يۈزىنى ئايلى-نىپ، خالىغان ئېلىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىۋەرگىن، — دېدى تۈركەن خاتۇن.

شاھ مۇھەممەد پەرماننى ئوقۇماستىن قول قويدى ۋە قومۇش قەلەمنى ئانىسىغا ئۇزاتتى. ئۇ قەلەمنى ئالدى ۋە يوغان قىلىپ دىققەت بىلەن يازدى:

«جۇملە جاھان ھۆكۈمرانى، دۇنيادىكى بارلىق خوتۇنلارنىڭ شاھى تۈركەن خاتۇن.»

شاھ مۇھەممەد چوڭ ئوغلى جالالىددىننى ئىزدەپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. ئۇ چوڭ ئوغلىنىڭ كۆزىگە قاراشقا پېتىنالمايتتى، بىراق ئوغلى يوق ئىدى. ۋەكىل خارەزم شاھنىڭ قۇلىقىغا پىچىر-لاپ:

— جالالىددىن خان توپلانغان قىپچاق ئەسكەرلىرىنى كۆرۈپ: «قىپچاقلارنىڭ تۈزىقىغا چۈشىدىغان مەخلۇق يوق» دېدى - دە، بىر چەتكە بۇرۇلۇپ قوينىدەك چىقىپ كەتتى.

## يەتتىنچى باب

# ھەرەم ئەسرى

خارەزم شاھنىڭ ئۈچ يۈز خوتۇنىنىڭ «ۋاقتىنى خۇش قىلىپ تۇرۇش» ۋەكىلىنىڭ ئۈستىدە ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى بولارنىڭ خۇلقىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش، بىرەر خوتۇندىن يېنىكلىك سادىر بولسا، بۇنىڭدىن خارەزم شاھنى خەۋەردار قىلىشمۇ ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى.

تۈركمەن چۆلىدىن كەلتۈرۈلگەن قىزنىڭ ئارزۇلىرى، ئاھ چېكىش ۋە كۆز ياشلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلىش توغرىسىدا شاھ مۇھەممەدنىڭ پەرمانىنى ئالغان ۋەكىل خوتۇنلارنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭى ۋە سىرلىرىنى ئېچىشتا تەجرىبە ھاسىل قىلغان ئىلان تورچ دېگەن پالچىنى چاقىرتۋالدى. بۇ خوتۇن ھەم جادۇگەر، پالچى، ھەم قىزىق ۋە دەھشەتلىك ھېكايىلەرنى ئېيتىدىغان ھېكايىچى ئىدى.

ۋەكىلنىڭ تۇتۇق سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىلان تورچ ئۇنى ئۈچ نەرسە قىزىقتۇرۇشنى بايقىدى. چۆلدە گۈلجامالنى ياخشى كۆرىدىغان بىرەر يىگىت يوقمۇ، قىز تۈركمەنلەر بىلەن يوشۇرۇنچە سۆزلەشەمدۇ ۋە شاھ يېنىدا يېتىپ قالغان كېچىسى خەنجىرى بارمىدۇ؟

ئىلان تورچ ئالقىنىنى ئېچىپ:

— ھەممىسىنى چۈشەندىم، — دېدى.

ۋەكىل ئۇنىڭغا بىر نەچچە تەڭگە بەردى.

— تەڭگىلەرنىڭ ئارىسىدا بىرمۇ ئالتۇن كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلسەڭ، ئالتۇنمۇ بېرىمەن!

قاتاڭغۇر قارا قۇمچاق قۇلاقلىرىغا يوغان كۈمۈش بالداق تاقى- غان جادۇگەر موماي ھەرەمدىكى يېڭى كېنىزەكلەر تۇرىدىغان ھوي- لىغا كىرىپ ئىشىكنىڭ يېنىدا توختىدى، ئېگىز تام بىلەن ئورال- غان كىچىككىنە ھويلىغا قاپقارا قىسىق كۆزلىرى بىلەن قاراپ چىقتى. شاھنىڭ باشقا خوتۇنلىرىنىڭكىگە ئوخشاش بۇ ھويلىنىڭمۇ بىر تەرىپىدە بىر قەۋەتلىك ئۇزۇن ئىمارەت، ئۇنىڭ ئالدىدا ئايۋىنى بار، ئايۋانغا بەش قوش قاناتلىق ئىشىك ئېچىلغان. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىۋاتقان ئېرىق كۆلچەككە چۈشىدۇ، ئۇنىڭ ئەترا- پى گۈلزارلىق، ھويلىنىڭ تۆرىدە، تامنىڭ يېنىدا، يوغان تېرەك- نىڭ تېگىدە ياسىتىلغان ئاپئاق كىگىز تۈركمەن ئۆيى.

ئىلان تورچ يوللۇق كەمزۇلىنى قېقىپ كۆل تەرەپكە قاراپ ماڭدى. قارا قۇمچاق قارا كۆز، بادام قاپاق بىر قىز خىش پەلەم- پەيدە ئولتۇراتتى، ئۇ كۆك قەشقەر تاۋىقىدىن پىشقان گۇرۇچ دانلىرىنى ئېلىپ، سۇدىكى ئۇششاق تەڭگە بېلىقلارغا تاشلايتتى. ئىلان تورچ پەلەمپەيگە ئۆزىنى تاشلاپ، قىزنىڭ گۈلنەپشە رەڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى سۆيدى ۋە ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن سۆز باشلىدى:

— سالام ساڭا، گۈزەل «گۈلچېھرە!» مۇبارەك قوللىرىڭدىن سۆيۈشكە، سايەڭگە يېقىنلىشىشقا رۇخسەت قىل!

جادۇگەر قىزنىڭ يېنىدا ئولتۇردى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن شېرىن سۆزلەر، ماختاشلار ئۇزلۇكسىز ياغاتتى. ئۆزى بولسا: «شاھ بۇنىڭ نېمىسىنى ياخشى كۆرىدىكىن؟ بۇنىڭ يۈزى كىچىككىنە ئۈرۈكتەك قىپقىزىل ئىكەن. شاھ ھەرەمدىكى باشقا نازىنىنلارنىڭ ھۆسنى ۋە قەددى - قامىتىدىن بۇنىڭدا ئەسەر يوققۇ! شاھىمىزمۇ قىزىق - تە!» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

گۈلجامال ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

— چۆلدە قانداق گەپلەر بار؟ — دەپ سورىدى.

— چۆلدىكى خانلاردىن بىرى بىر قىزغا خۇشتار بولۇپ قالغا- نىكەن. دەردىمگە داۋا قىلسۇن، دەپ يېقىندا ماڭا ئادەم ئەۋەتىپتۇ.

ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى سېنى ئەسلەيدۇ ، ھەممىسى سېنى بەختلىك دەيدۇ . «خارەزم شاھ ھەممە خوتۇنلاردىنمۇ بىزنىڭ تۈرك. مەن قىزىمىزنى ئارتۇقچە ياخشى كۆرىدۇ ، ئۇنىڭ بارلىق بارماقلى. رىغا تاقاپ قويغان ئۈزۈكلىرىنىڭ كۆزىدىن گۈلنەپشە رەڭ ئۇچقۇن. لار چاقنارمىش . ئۇنىڭغا ئىران گىلەملىرى بىلەن بېزىتىلگەن ئاق ئۆي تىكلەپ بېرىپتۇ ۋە ھەر كۈنى پىستە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇلغان قىرغاۋۇل ، ئۆردەكلەر ئەۋەتەرمىش» دېيىشىدۇ .

— مەن پادىشاھنىڭ خوتۇنى دەپ ئاتالسامۇ ، ھەقىقەتتە ئۇ. نىڭ ئۈچ يۈز بىرىنچى خوتۇنىمەن ! بۇنىڭدىن كۆرە ئاددىيغىنا بىر يىگىتنىڭ خوتۇنى بولغىنىم ياخشى ئىدى . چۆلدىكىلەرنىڭ ماڭا ھەۋىسى كەلسە ، مەن قاراقۇمنىڭ شىۋاقلار پۈرىقىنى كەلتۈرىدىغان شامىلىنى سېغىنىمەن . بۇ يەردە شاھ ئاشخانىسىدىن تىنىماي چىقىپ تۇرىدىغان ئىستىن بېشىم ئاغرىيدۇ . بۇ يەردە تام ، قاراۋۇل تۇرغان قاراۋۇلخانا ۋە ئاۋۇ قېرى تېرەكتىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمە. گىنىمدىن كېيىن ، ئاق ئۆينىڭ ماڭا نېمە كېرىكى بار ؟ بىر كۈنى پايانسىز چۆلنى بىر كۆرەي دەپ دەرەخنىڭ ئۇچىغا چىققانىدىم ، ھەرەم ئاغىلىرى ئايىغىمدىن تارتىپ چۈشۈرۈشتى . شۇنىڭدىن كې. يىن ، ھەتتا ئىلەڭگۈچىنىمۇ كېسىپ تاشلىدى . شۇنى بەخت دېگىلى بولامدۇ ؟

— ھۆسنۈڭنىڭ يۈزدىن بىرى مەندە بولسا ، بەختلىك بولات. تىم ، ماڭا ھېچكىم پىستىلىق ئۆردەك پىشۇرۇپ بەرمەيدۇ !

— قىزلار ، — دەپ ۋارقىرىدى گۈلجامال ، — داستىخان سېلىڭلار ! سەن ، ماڭا پال بېقىپ قوي .

ئىككى دېدەك ئاق ئۆيگە چېپىپ كەتتى . تەڭگە قادالغان ، قىزىل ياغلىق ئورىغان قېرى تۈركمەن خوتۇن كېلىپ يەرگە ئول. تۇردى ، ئۇ جادۇگەرگە تىكىلىپ قارايتتى .

ئىلان تورچ سىلىقلانغان تاش ئۈستىگە گۈلنەپشە رەڭ ياغلىقى. نى يايدى ـ دە ، قىزىل خالتىسىدىن بىر سىقىم ئاق ۋە قارا پۇرچاق تۆكتى . سۆڭەكتىن ياسالغان ئىنچىكە تاياقچىسى بىلەن پۇرچاقلار.

نى ئۇياق - بۇياققا سۈرۈپ قارىسىغا بىر نېمىلەرنى دېدى . ئۇ قارا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ، بوغۇق ئاۋاز بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى :

— چۆلدە ئۆزى ياش بولسىمۇ ، ناھايىتى باتۇر بىر يىگىت بار . يولۋاستىنمۇ قورقمايدۇ ، ئۇنىڭغا نەيزە سانجىيدۇ ، ئون قا- راقچىغا دۇچ كەلسە ھەممىسىنىمۇ چېپىپ تاشلايدۇ . بۇ يىگىت سېنىڭ ئوتۇڭدا كۆيىدۇ ، كېچىلىرى ئۇخلىمايدۇ ، باغچىنىڭ ئىشقى ناخشىلىرىنى ئاڭلايدۇ ۋە ئاسمانغا قاراپ خىيال سۈرىدۇ... «ئۇنىڭ كۆزلىرى مانا شۇ يۇلتۇزلارغا ئوخشايتتى» دەيدۇ . سەنمۇ خۇرسىنىۋاتقاندەك كۆرۈنىسەن ، سۆزۈم توغرا بولسا كېرەك ؟

گۈلجامال سەسكەندى ، كۆڭلىكىدىكى ئالتۇن ۋە كۈمۈش تەڭ- گىلەر جاراڭلاپ كەتتى . ئۇ تەڭگىلەردىن بىرنى ئۈزمەكچى بولغاند- دى ، ئۈزەلمەي :

— ئانىجان ، قايچىنى ئېلىپ كېلىڭ ! — دېدى .

ئېلان تورچ ئاستاغىنا :

— ئاق ساپلىق پىچىقىڭ قېنى ؟ چۆل قىزلىرىغا ئوخشاش دائىم يېنىڭدا يۈرەتتىڭغۇ ، — دېدى .

گۈلجامالنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ كەتتى . قېرى تۈركمەن خوتۇن ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئۆيدىن گىلەم توقۇغاندا يىپ قىرقىيدىغان يوغان قايچىنى ئېلىپ كەلدى . گۈلجامال كۆڭلىكىد- دىن نېپىز ئالتۇننى كېسىپ ئالدى - دە ، قولىدا تۇتۇپ تۇردى .

— سەن ھازىر مېنىڭ دەردىمدە يۈرگەن يىگىت توغرىسىدا چۆچەك توقۇدۇڭ ، نېمىشقا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېيتمايسەن ؟

— پالغا چىقمايۋاتىدۇ ، پىراق ئوتىدا يانغان يىگىتنىڭ ئىسمد- نى پەقەت سېنىڭ يۈرىكىڭلا ئېيتىپ بېرەلەيدۇ .

— مېنى قىپچاقلار زورلاپ بۇ يەرگە ، پادىشاھنىڭ ھەرىمىگە ئېلىپ كېلىشتى . چۆلدە مەن كۆپ يىگىتلەرگە تالاش ئىدىم ، بىز بىچارە قىزلارنىڭ كۆڭلىمىز كىمدە ئىكەنلىكىنى قېرىلار سوراپ

ئۆلتۈرۈشاتتىمۇ؟
— بۇ ئالا قارغا ھەممىنى چېتىشتۇرۇۋەتتى، — دېدى ئاچچىق بىلەن قېرى تۈركمەن خوتۇن، — پادىشاھ خوتۇنىنىڭ يۈرىكىدە پەقەت بىر كىشىنىڭلا — رۇستەمدەك گۈزەل، ئىسكەندەردەك باتۇر ھۆكۈمرانىمىز خارەزم شاھ مۇھەممەدنىڭ ئىشقى بولۇشى مۇمكىن. سارايدىكى ھەر بىر ئايال ئۇنىڭ ئۇچۇنلا ياشايدۇ ۋە شۇ توغرىدىلا ئويلايدۇ، قۇلاق سالما بۇ مەككار خوتۇنغا، گۈلجامال!
ئىشىكتىن يوغان سەللە ئورىغان ھەرەم ئاغىسى كىرىپ، پالچى خوتۇننى ئىشارەت قىلىپ چاقىردى. پالچى خوتۇن ھەرەمنىڭ قۇدرەتلىك قاراۋۇل يېنىغا يۈگۈرۈپ باردى - دە، ئۇنىڭ بىلەن پىچىرلىشىپ سۆزلەشتى. يېنىپ كېلىپ پەلەمپەيگە ئۆزىنى تاشلىدى - دە، گۈلجامالنىڭ ئېتەكلىرىنى سىلاپ:
— كەچۈر مەن بىچارىنى، ھازىر مېنى يېڭى ۋارىس ئۆزلاغ شاھنىڭ ئانىسى پال ئېچىشقا قىچقارتىپتۇ. بىردەم تىنچىپ ئۆلتۇرۇشقا قويۇشمايدۇ، — دېدى ۋە ئالغان ئالتۇننى يەنە بىر قېتىم سۆيۈپ ھەرەم ئاغىسىنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى.

## سەككىزىنچى باب

# «قايغۇ ئەلچىسى»مۇ خوش خەۋەر كەلتۈرەلەيدۇ

خارەزم شاھ ئەڭ ئىچكەركى ئۆيلەرنىڭ بىرىدە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى. «تامىنىڭمۇ قۇلىقى بار» دېيىشىدۇ، بىراق ئەينەكسىز تاملىرىغا گىلەملەر قېقىلغان، قۇدۇقتا ئوخشاش كېچىلىرى تۇڭلۇكتىن يۇلتۇزلارلا كۆرۈنىدىغان بۇ ئۆيدە قۇلاق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئۆيدە شاھ جاللاتبېشى بىلەن يۈزمۇيۈز سۆزلىشىشتىن ياكى زېرىكىپ ياتقان ساناقسىز خوتۇنلىرىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى توغرىسىدا ساراي ۋەكىلـنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاشتىن قورقمايدۇ. بۇ يەردە شاھ زىياپەت ۋاقتىدا ئۆز شاھىغا قارشى سۆزلەرنى ئېيتقان خاننى يوشۇرۇن بوغۇپ ئۆلتۈرۈش ياكى كۆپتىن بېرى ئاركقا ئالتۇن كەلتۈرمىگەن قېرى پىخسىق بەگنىڭ ھويلىسىغا ئاتلىقلارنى ئەۋەتىش توغرىسىدا مەخپىي بۇيرۇقلارنى بېرەتتى. شاھ كۆپىنچە بۇ گىلەملىك ئۆيدە مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزگىنىدىن كېيىن، سەھەردە ئېگىز مۇناردىن تاشلانغان كىشى ۋاي - دادلىغىنىچە يەرگە چۈشۈپ پاچاق-پاچاق بولۇپ تۇراتتى. ئايدىڭ كېچىلەردە جاللاتلار قولۋاقتىن تېز ئاقىدىغان جەيھۇن دەرياسىغا شاھقا ياقماي قالغان بىچارىلەرنى تاغارغا سېلىپ تاشلاپ تۇراتتى. تاغار سۇغا تاشلانغاندىن كېيىن، كەڭ دەريا ئۈستىدە ناخشا ياڭرايتتى.

باھار ۋاقتى باغلىرىڭدا ناۋا قىلار بۇلبۇللار،

چۈنكى سەھەر خۇش ھىد يايار قىزىل گۈللەر ،
سۇمبۇللار...
قولۋاقچىلار بولسا ناقىراتنى كۆتۈرۈشەتتى ،
ئاھ ، گۈزەل خارەزم !

بۇ كېچە شاھ مۇھەممەد غەمكىن ۋە كەم سۆز ئىدى . ساراي ۋەكىلى ئۇنىڭغا بۇگۈن كەچكىچە ئوغلى جالالىددىن خان يېنىغا قانداق شەخسلەر كەلگەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات بېرەتتى :

— كېلىشكەن ئاتلىق ئۈچ تۈركمەن كەلدى . بۇلاردىن بىرى يۈزنى ياغلىق بىلەن ئېتىۋالغان ، ئۇنىڭ ياش ، كېلىشكەن يىگىت ئىكەنلىكىنى ۋە كۆزلىرى قارچىغىنىڭكىدەك ئۆتكۈر ئىكەنلىكىنى بايقىشىپتۇ .

— نېمىگە تۇتمىدىڭ ؟

— نېرىراقتا ، چاتقاللىقنىڭ ئىچىدە ئۇنى قىرىققا يېقىن ئەپ-چىل تۈركمەن يىگىتلەر كۈتۈپ تۇرۇشقانىكەن . لېكىن ، بازاردىكى ھەر دائىم تۈركمەنلەر چۈشىدىغان مەردانىنىڭ ساماۋەرخانىسىدا قارا خەنجەر دېگەن ئىسمىنىڭ كۆپ تەكرارلانغانلىقىنى مەن قويغان ئادەم ئاڭلاپتۇ .

— قارا خەنجەر كارۋانلارنىڭ ئاپىتى !

— شۇنداق ، ھەزرەت ! لېكىن ۋارىس خان ئۇنىڭ بىلەن...

— ئۇ ئەمدى ۋارىس ئەمەس .

— شاھنىڭ سۆزى ئاللانىڭ سۆزى ! شۇنداق بولسىمۇ ھەر قانداق ئاددىي بەگمۇ كارۋان يوللىرىنىڭ قاراقچىسى بىلەن سۆھ-بەتلىشىش دەرىجىسىدە رازالەتكە چۈشمەس .

— بۇ تەشۋىشلىك زامانىمىزدا بۇنىڭدىن بەتتەررەكمۇ بولۇشى مۇمكىن !

— جالالىددىن يىراقتا ، مەسىلەن پەيغەمبەرنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن مۇقەددەس مەككىگە كەتسە ، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ تۈركمەنلەر بىلەن پىچىرلىششى تۈگەرمىكىن ؟

— مەن ئۇنى ھىندىستان چېگرىسىدىكى يىراق خەزىنىگە ھا-كىم قىلىپ تەيىنلىدىم . ئەمما ، ئۇ يەردىمۇ ئۇ ئىسيانچى خانلارنى ئۆز ئەتراپىغا يىغىپ ، ئۇلارنى خىتايغا يۈرۈش قىلىشقا ئۈندەيدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن خارەزىم خۇددى پىچاق بىلەن سويۇلغان تاۋۇزدەك پارچىلىنىپ كېتىدۇ . ياق ، ياخشىسى جالالىددىن مېنىڭ يېنىمدا بولسۇن ، مەن ئۇنى ھەمىشە بىلىپ تۇراي .

— توغرا قارار !

— ماڭا قارا ، خۇشامەتچى ۋەكىل ! ئەگەر مەن قاراقچى قارا خەنجەرنىڭ ئۇرگەنچتە ئۆز يېرىدە يۈرگەندەك بىمالال ئايلىنىپ يۈرگىنىنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلاپ قالسام ، بېشىڭنى جالالىددىننىڭ سارىيى ئالدىدىكى ياغاچقا سانجىپ قويىمەن .

ۋەكىل ئىشىك تەرەپكە كېتىۋېتىپ :

— خۇدا ساقلىسۇن ، تەقسىر ، — دەپ غودۇڭشىدى .

قېرى ھەرەم ئاغىسى كىردى .

— جانابىڭىزنىڭ ئەمرلىرىگە مۇۋاپىق گۈلجامال دەرگاھىڭىز-غا كېلىپ ، بۇيرۇقىڭىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ .

شاھ خالار - خالىماي ئورنىدىن تۇردى .

— سەن ئۇنى شۇ يەرگە ، گىلەملىك ئۆيگە ئېلىپ كىر !

شاھ يولەككە چىقتى ، ئېگىشىپ تار ئىشىكتىن چىقتى - دە ، ئايلانما پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا چىقىپ كەتتى . كىچىككىنە ھۇجرىدى-كى تار دېرىزىنىڭ نەقىشلىك ياغاچ پەنجىرىسىگە يۆلىنىپ گىلەم-لىك ئۆيدە قانداق ۋەقە بولۇشىنى كۆزىتىپ تۇراتتى .

مۈكچەيگەن ، كوسا ، كەشمىر ياغلىقىنى باغلىغان قېرى ھەرەم ئاغىسى نەقىشلىك ئىشىكنى ئاچتى ، ئۇنىڭ قولىدا تۆت شاملىق شامدانى بار ئىدى .

يوللۇق گەزلىمىگە ئورالغان كىچىككىنە بىر گەۋدىنى كۆر-گەندىن كېيىن ئۇھ تارتتى .

— يۈرئۆرگىن ! — دېدى ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن .

— ئۇ ئېغىر پەردىنى سۈرۈپ ، قولىدىكى شامدانىنى ئېگىز

كۆتۈردى . گۈلجامال خۇددى ئۈستىگە بىر نەرسە چۈشۈپ كېتىۋات-
قاندەك ئېگىلىشىپ ئۆتتى – دە ، ئىشىكنىڭ ئالدىدا كەشىنى يېشىپ
ئىككى قەدەم ئالدىغا ماڭدى .
قىزىل بۇخارا گىلەملىرى سېلىنغان تار ئۆي ئويۇنچۇققا ئوخ-
شايتتى ، ئۇنىڭ تورۇسى ئېگىز ۋە قاراڭغۇ .
ھەرەم ئاغىسى چىقىپ كەتتى ، ئىشىكنىڭ ئاچقۇچى جاراڭلاپ
بۇرالدى . تامنىڭ ئېگىز يېرىدىكى نەقىش پەنجىرىلىك يۇملاق
دېرىزە يورۇق بولۇپ كەتتى ، ھەرەم ئاغىسى ئۇ يەرگە شام قويغان
بولسا كېرەك . ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامدا خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش
قاراڭغۇ دېرىزە بارئىدى ، ئۇ يەردىن بىرەرسى ماراۋاتامدىكىن ؟
گۈلجامال ئۆينى بىر ئايلىنىپ چىقتى ، يەرگە بىر نەچچە
كىچىككىنە جايىنامازغا ئوخشاش گىلەملەر سېلىنغان . «ئولتۇرۇل-
گەن خوتۇنلارنى كېچىسى سارايدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا ،
بەلكى شۇ گىلەملەرگە ئورىشار ؟ »
گۈلجامال ئەنسىرەپ ھەر شەپىدىن سەسكەنگەن ھالدا بۇرجەك-
تە گۈللۈك ياستۇقلار ئۈستىدە ئولتۇراتتى .
بىردىن ئىشىك ئالدىغا تارتىلغان گىلەم مىدىرلاپ ، ئۇنىڭ
ئاستىدىن قانداقتۇر بىر يىرتقۇچنىڭ بېشى كۆرۈندى ، غۇۋا قاراڭ-
غۇلۇقتا ئۇنىڭ دومىلاق كۆزلىرى كۆك ئۇچقۇنلار چاچاتتى .
گۈلجامال سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى تامنىڭ تۈۋىگە
ئالدى . سېرىق چىپار يىرتقۇچ جىملا ئۆيگە كىرىپ ، بېشىنى
ئالدىنقى پۇتلىرىنىڭ ئۈستىگە قويغىنىچە يېتىۋالدى ، ئۇنىڭ ئۇ-
زۇن قۇيرۇقى ئۆرۈلۈپ – بۇرۇلۇپ يەرگە ئۇرۇلاتتى .
«قاپلان !» دەپ ئويلىدى گۈلجامال ، «ئادەم يەيدىغان ئوۋچى
قاپلان ! لېكىن ، بەربىر تۈركمەن خوتۇنلىرى ئاسانلىقچە تەسلىم
بولمايدۇ !» ئۇ يۈكۈنۈپ گىلەمنىڭ بىر چېتىنى تۇتتى ، قاپلان
خىرىلداپ گۈلجامال تەرەپكە سىلجىدى .
— ۋاي ، ئۇلەي ! ياردەم قىلىڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى گۈل-
جامال گىلەمنى كۆتۈرۈپ ، يىرتقۇچ بىر ئىرغىپ ئۇنى يىقىتتى .

گۈلجامال گىلەمنىڭ ئاستىغا بېكىنمەكچى بولدى، قاپلان ئايىغى بىلەن گىلەمنى تارتىپ يىرتماقچى بولدى.

— ۋاي داد! كۆڭلۈم تۈگىدى! — دەپ ۋارقىرايتتى گۈلجامال. ئۇ ئىشىكنىڭ قاتتىق تاقىلدىغىنىنى ۋە كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرىنى ئاڭلىدى. كىشىلەرنىڭ ۋارقىراشلىرى ۋە يىرتقۇچنىڭ خىرىلدىشى بارغانسېرى ئەۋج ئالدى، كېيىن شاۋقۇن تىندى، بىرسى گىلەمنى ئېچىپ كۆتۈردى.

قىزنىڭ ئالدىدا ئېگىز، ئورۇق، قارا قۇندۇز تۇماق كىيگەن، چېكىسىدىن ئېڭەكگىچە تىلىنغان بىر يىگىت قانلىق خەنجىرىنى گىلەمنىڭ بىر چېتىگە سۈرتۈپ تۇراتتى. قېرى ھەرەم ئاغىسى يىگىتنىڭ يېڭىگە يېپىشىپ، ئۇنى تاشقىرىغا سۆرەيتتى.

— بۇ يەرگە، خالىي ئۆيگە كىرىشكە قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟ نېمە قىلىپ قويدۇڭ، ئۆيۈڭ كۆيگۈر؟ پادىشاھنىڭ سۆيۈملۈك قاپلىنىنى ئۆلتۈرۈشكە قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟ شاھ بېشىڭنى نەيزىگە ئىلىدۇ.

— جىم بول، كوسا! بولمىسا سېنىڭمۇ بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن.

گۈلجامال ئورنىدىن تۇردى، ئەمما دەرمانسىزلىنىپ يەنە ياستۇققا يىقىلدى. قاپلان ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا كېسىلگەن بېشىنى خۇددى ئۆزى تۇتۇپ ياتقاندەك ياتاتتى، ئۇنىڭ تېنى تېخىچىلا تىپىرلاۋاتاتتى.

— خوتۇن، تىرىكمۇ سەن؟

— قاتتىق ياربدار بولغان ئوخشايسەن - ھە، يىگىت! يۈزۈڭدىن ھازىرمۇ قان ئېقىۋاتىدۇ.

— ھېچنېمە بولمايدۇ! يۈزدىكى تارتۇق سەربازنىڭ زىننىتى.

ھۇجرىغا سەركەردە تېمۇر مەلىك يۈگۈرۈپ كىردى، ئىشىكنىڭ ئالدىغا بىر نەچچە چېرىك توپلانغانىدى.

— كىمسەن؟ سارايغا قانداق قىلىپ كىردىڭ؟ قورۇقچىلارنى ئۆرۈشقا قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟ قورالىڭنى بەرگىن!

يىگىت قىلىچىنى ئالدىرىماستىن غىلاپىغا سالدى - دە، ھو-دۇقماستىن جاۋاب بەردى:

— ئۆزۈڭ كىمسەن؟ سەركەردە تېمۇر مەلىك ئەمەسمۇ سەن؟ سالام! مەن مۇھىم بىر ئىش بىلەن، خارەزم شاھ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىم. سەمەرقەندتىن يامان خەۋەر بار!

— بۇ جاسارەتلىك كىشى كىم! — دېگەن ئاۋاز جاراڭلىدى. گىلەملىك ئۆيگە خارەزم شاھ چوڭ - چوڭ چامداپ، خەنجىرىنىڭ دەستىسىنى تۇتقان پېتى كىرىپ كەلدى.

يىگىت قول قوشتۇرۇپ:

— سالام، ئۇلۇغ شاھ! — دېدى - دە، بىردىن قەددىنى رۇسلىدى، — سەن بۇ يەردە چاقچاق بىلەن ئاۋارىسەن، ئاجىز ئاياللارنى ياۋايى مۇشۇك بىلەن قورقىتىسەن، دۇنيادا بولسا جىددىي ۋەقەلەر يۈز بەرمەكتە. كارۋان يولىدا مەن سەمەرقەندتىن كېلىۋاتقان شاتىرنى ئۇچراتتىم، ئۇ چېپىۋېرىپ ئېتىنى ئىشتىن چىقىرىپتۇ. كېيىن ئېتىنى تاشلاپ پىيادە يۈگۈرۈپتۇ، ئاخىرى يىقىلىپتۇ. ئۇ ساراڭلارغا ئوخشاش: «سەمەرقەندتە ئىسيان، بارلىق قىپچاقلارنى ئۆلتۈرۈشۈۋاتىدۇ، خۇددى سويۇلغان قويلاردەك كانالارغا ئېتىشىۋاتىدۇ» دەيدۇ. ئىسيانچىلارغا سەمەرقەند ھاكىمى، كۆيئوغلۇڭ سۇلتان ئوسمان باشلىق ئىكەن. ئۇ سېنىڭ قىزىڭنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغانىكەن، قىزىڭ يۈز قاۋۇل يىگىت بىلەن قەلئەگە كىرىۋېلىپ كېچە - كۈندۈز ئۇرۇشۇۋاتىدۇ. مانا قىزىڭدىن خەت.

خارەزم شاھ يىگىتنىڭ قولىدىن قىزىل لىپاپىنى تارتىۋېلىپ، خەنجىرىنىڭ ئۇچى بىلەن ئاچتى.

ئۇ قاراڭغۇدا خەتنى ئوقۇشقا ئۇرۇنۇپ دەيتتى:

— مەن ئۇلارغا ئىسياننى كۆرسىتىپ قويىمەن! سەمەرقەند دائىم ئىسيانچىلار ماكانى ئىدى. مانا قارا، تېمۇر مەلىك! تېزلىك بىلەن قىپچاق ئەسكەرلىرىنى يىغىش كېرەك! مەن سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلىمەن. ئۇ يەردە ئاللانىڭ يەردىكى سايىسىگە قارشى قول

كۆتۈرگەنلەرنى ئېسىشقا تېرەكمۇ، ئارغامچىمۇ يېتىشمەي قالار! بۇ قىزنى ئاق ئۆيگە ئاپىرىپ، تېۋىپ قىچارتىڭلار. يىگىت، سې- نىڭ ئېتىڭ نېمە؟

— سوراپ نېمە قىلىسەن! پايانسىز چۆلدە يۈرگەن بىر يىگىت- مەن - دە!

— سەن ماڭا «يامان خەۋەر» كەلتۈردۈڭ، قەدىمكى ئادەتكە يارىشا «قايغۇ ئەلچىسى»نى ئۆلتۈرۈشۈم كېرەك ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى سەن مېنىڭ ياخشى كۆرگەن قاپلىنىمنى ئۆلتۈردۈڭ، ئەمدى ساڭا قانداق جازا بېرىشكە ئۆزۈممۇ ھەيرانمەن.

— بۇنى مەن بىلمەن شاھىم! — دېدى تېمۇر مەلىك، — رۇخسەت قىلىڭ ئېيتاي.

— سۆزلە، باتۇر تېمۇر مەلىك، ئۆز قارارىڭنى بۇ جاسارەت- لىك يىگىتكە مېنىڭ نامىمدىن ئېلان قىل.

— ئۇرۇشتا بىر كۈننى، ھەتتا بىر سائەتنىمۇ قولدىن بې- رىش، غەلىبىنى قولدىن بېرىش دېمەكتۇر. بۇ يىگىت چوڭ ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىلىپ، مۇھىم ۋە ياخشى مەكتۇپ ئېلىپ كەلدى. بۇ مەكتۇپتا قىزىڭىزنىڭ ساق - سالامەتلىكى ۋە دۈشمەنلەر ھۇجۇمى- نى باغادۇرلارچە قايتۇرۇۋاتقانلىقى يېزىلغان. سەن، ئۇلۇغ شا- ھىم، تېزلىك بىلەن سەمەرقەندكە يېتىپ بارساڭ، باتۇر قىزىڭنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئۈلگۈرىسەن. مانا شۇنداق خىزمىتى ئۇ- چۈن شاھ يىگىتنىڭ توققۇز گۇناھىنى توققۇز قېتىم كەچۈرىدۇ. ئۆلتۈرۈلگەن قاپلان ئورنىغا خارەزم شاھ باشقا ئۇنىڭدىنمۇ شىجا- ئەتلىك قاپلانغا، خۇددى مانا شۇ جەسۇر يىگىتكە ئىگە بولىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزى ئېلىپ كېتىدىغان يۈز تۈركمەن ئاتلىقىغا يۈزبېشى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئۇلار شەخسەن سېنىڭ قوروقچى ئەترىتىڭگە كىرىشىدۇ.

خارەزم شاھ ھەيران بولغان ھالدا قارا ساقىلىنىڭ ئۇچىنى ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈك سالغان بارمىقىغا ئورايتتى.

— لاچىن يولدىن قايتمايدۇ، خارەزم شاھنىڭ سۆزى بىر

بولىدۇ ، — دېدى يىگىت مەغرۇرلۇق بىلەن ، — تۈركمەن قىزىنى نەگە ئاپىرىپ قويای ؟

يىگىت ئېگىشىپ يەردە ياتقان گۇلجامالنى ئاۋايلاپ كۆتۈردى . ئىشىكنىڭ يېنىغا بېرىپ بۇ ئېگىز ، قاتاڭغۇر ، هومايغان يىگىت بىرئاز توختىدى - دە ، خارەزم شاھقا بۇرۇلۇپ ، خۇددى ئۆز تەڭتۇشىغا سۆزلىگەندەك :

— ساڭا كارۋانلىرىڭنىڭ ئاپىتى قارا خەنجەردىن سالام ! — دېدى ۋە مەغرۇرلۇق بىلەن چىقىپ كەتتى .

شاھ تېمۇر مەلىككە قارىدى ۋە ئۇنىڭغا غەزەپلىنىشىنىمۇ ، مەرھەمەت قىلىشىنىمۇ بىلمەيتتى . تېمۇر مەلىك قاتتىق كۈلۈۋەتتى .

— راسا چەبدەس يىگىتكىنە ! سەن بولساڭ شاھىم ، تۈركمەنلەرگە ئىشىنىپ بولمايدۇ ، دەيسەن ، بۇنداق يىگىتلەردىن توپلانغان قوشۇن بىلەن دۇنيانى ئېلىشىڭ مۇمكىن .

بىر نەچچە كۈن ئۆتتى . تۈن ، ئۇن بەش كۈنلۈك ئىنچىكە ئورغاقتەك ئاي مۇنار ئۈستىدە تۇراتتى . بىر نەچچە كىشى ئاستا سارايىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ، قېرى تېرەكنىڭ شاخلىرى تامدىن چۈشكەن يەرگە بېرىپ توختىدى .

ئارغامچىدىن ياسالغان شوتىنىڭ ئىلمىكى تامنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى ، بىر كىشى تامنىڭ ئۈستىگە چىقتى . ئاق ئۆيىنىڭ ئۈستىدىن ئىس چىقىپ تۇراتتى ، تۆشۈكلىرىدىن بولسا يورۇق چۈشەتتى . هۇۋقۇش سايرىغاندى ، ئۆيدىن بىر نەرسىگە پۈركەنگەن خوتۇن چىقتى .

قاراڭغۇلۇقتا ئادەملەرنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلاندى :

— هەممە تۈركمەنلەر — ئاكا - ئۇكىلار ، سالام ! گۇلجامال سالامەتمۇ ؟

— مەن ئۇنىڭ خىزمەتكارىمەن ! شورىمىز قۇرۇسۇن ! خارەزم شاھ ئۆز قوشۇنى بىلەن ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن سەمەرقەندكە كەتكىنىگە ئۈچ كۈن بولدى . ئەمدى ساراي خانىنىڭ ئانىسى ، رە-

ھىمىسىز موماي تۇركەن خاتۇننىڭ قاتتىق نازارىتىدە قالغان . ئۇ «گۇلچېھرىمىز » نى سارايىنىڭ تاش مۇنارىغا كۆچۈرۈشنى بۇيرۇدى ۋە قورۇقچىلار ساننى ئىككى باراۋەر ئارتتۇردى . ئۇ گۇلجامال ئۆلگۈچە مۇشۇ يەردە تۇرىدۇ ، دېدى .

— سەن بىر ئىلاج قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كىرگىن . مانا بۇ بىر ئالتۇن دىنارنى ھەرەم ئاغىسىغا ، مانا بۇ ئىككى دىنارنى قو-رۇقچىلارغا بەرگىن . گۇلجامالغا ئېيتقىن ، ئۇ شەھەردىن تاشقىرى چوڭ يولدىكى شەيخنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغىلى شاھنىڭ ئانىسىدىن ئىجازەت ئالسۇن ، تۇركەن خاتۇن زىيارەت قىلىشقا جا-ۋاب بەرمەستىن ئىلاج يوق . گۇلجامال شەھەردىن چىقسۇن ، كې-يىن قارا خەنجەر نېمە قىلىشنى ئۆزى بىلىدۇ .

ئۇ كىشى يەنە تامنىڭ ئۈستىگە چىقتى ـ دە ، قاراڭغۇلۇقتا كۆزدىن غايىب بولدى .

خىزمەتكار خوتۇن :

— دۇنيادا تۇركەن خاتۇندەك جاھىل ۋە ھىيلىگەر خوتۇن يوق ! ئۇ بىرەر كىشىنى يورۇق دۇنيادىن يوق قىلىمەن دېسە ، كىم ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلالايدۇ ، — دەپ پىچىرلايتتى .

## توققۇزىنچى باب

# ئەيىبلەنگەن ۋارىس بېغدا

*مانا مېنىڭ ئىتىم، مانا قورالىم! بۇلار مېنىڭ ئۇچۇن باغدا قىلىدىغان مەئىشەتنىڭ ئورنىغا ئۆتىدۇ.*

(ئىبراھىم مۇنتەسەر، X ئەسىر)

تېمۇر مەلىك چېنىققان، كۆپ ئورۇشلارنى كۆرگەن كىشى ئىدى، ھېچقانداق خەۋپتىن قورقمايتتى. دۈشمەننىڭ قىلىچى ئۇنىڭ بېشىدا كۆپ ئوينىغان، نەيزىلەر قالقىنىنى تەشكەن، ئوقلار ساۋۇتىغا سانجىلغان، يولۋاسنىڭ چاڭگىلىغا چۈشكەن قاپلان ئۇنى كۆپ مەرتىۋە قوغلاپ يەتكەن، ئۆلۈم ئۇنىڭ كۆزلىرىنى تىنىدۇرۇپ، ئەتراپىدا كۆپ ئايلانغان. ئۇ يەنە نېمىدىن قورقسۇن؟ شۇنىڭ ئۈچۈن، تېمۇر مەلىك خارەزم شاھ غەزىپىدىن قورقماي شەھەرنىڭ سىرتىدىكى تىنىللىق باغقا، ئۇنىڭ ئىگىسى، خارەزم شاھنىڭ ۋارىسلىقتىن چۈشۈپ قالغان ئوغلى جالالىدىننىڭ ئالدىغا ماڭدى.

ئۇ كەلگەندە ياش خان بۇك - باراقسان باغدا ئىدى. جالالىددىن گىلەمنىڭ ئۈستىدە بىر ئۆزى ئويغا چۆمگەن ھالدا ئولتۇراتتى.

ئۇ ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، مېھماننىڭ ئالدىغا چىقتى.

— سالام، باتۇر تېمۇر مەلىك! مەن بۇ يەرگە بىر نەچچە دوستلىرىمنى چاقىرغانىدىم، بىراق كۆپلىرى بىتاپ ئىكەنلىكلىرى-

نى ئېيتىپ «ئەپسۇس» بىلدۈرۈشتى . يىراق خەزىنە ھاكىمىنىڭ ، گۇناھكار ۋارىسىنىڭ ئالدىغا كېلىشتىن پەقەت چۆلدىن كەلگەن ئۈچ كۆچمەن ۋە سەنلا تارتىنمىدىڭ . بۇنىڭدىن كېيىن ، مەن خەزىنىنى ھېچقاچان كۆرەلمەيمەن .

تېمۇر مەلىك گىلەمگە ئولتۇرۇۋېتىپ :

— شاھنىڭ ئەمرى مۇقەددەسدۇر ، — دېدى .

— تۈركمەن خوتۇندىن تۇغۇلغىنىم قىپچاقلار ۋارىسىنىڭ قىپچاقتىن بولۇشىنى خالىغانلىقلىرى ئۈچۈن مەن ئەيىبلىكمۇ ؟ — دېدى جالالىددىن ئويچان ھالدا ، — قىپچاق ۋارىس بولسا بولىۋەرسۇن ، لېكىن دادام ماڭا دائىم توقۇنۇشلار بولۇپ تۇرىدىغان چېگرىغا ئاددىي يىگىت بولۇپ كېتىشكە ئىجازەت بەرسۇن . مەن ئويناق ئاتنى ، پارقىراپ تۇرغان قىلىچنى ، چۆلنىڭ شامىلىنى ياخشى كۆرىمەن . گىلەمدە ئېغىناپ يېتىپ مويسىپىتلارنىڭ قوشاق ۋە چۆچەكلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇشقا خۇشۇم يوق .

— ھەممە يەردە ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتىغۇ ، — دېدى تېمۇر مەلىك ، — قىپچاق بەگلىرى خارەزم شاھتىن چۆللەرگە قوشۇن تارتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشۋاتىدۇ . ئۇ يەرلەرگە شەرقتىن كەلگەن نامەلۇم خەلق ھۇجۇم قىلىپ ، يەرلىرىمىزنى بېسىپ ئېلىشۋاتقانمىش ، قىپچاقلارنىڭ ماللىرىنى ياخشى يايلاقلاردىن ھەيدەپ چىقىرىۋاتقانمىش .

— دادام خارەزمدىن قىپچاقلارنىڭ ھەممىسىنى ھەيدەپ ، ئەلنى ئۇلارسىز ئىدارە قىلسا ياخشى بولاتتى ، — دېدى جالالىددىن ، — قىپچاقلار ھەددىدىن ئاشقان ۋە بۇزۇلۇپ كەتكەن . دادامنىڭ بېشىغا مۇشكۇل ئىش چۈشكىنىدە ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىشىدۇ .

— نېمىشقا ئۇنداق دەپ ئويلايسەن ؟ — دېدى تېمۇر مەلىك .

— شاھ خارەزم خەلقىگە ئىشەنمەي ، ھاكىمىيەت ۋە تەرتىپ ساقلاشنى پەيت كەلگەندە ، قىپچاقلارنىڭ قولىغا تاپشۇرىدىغان بولسا ، قوينىڭ يۇڭىنى ئېلىشنى بۆرىلەرگە تاپشۇرغان بولىدۇ . ھە

دېمەي ئۇ يۇڭدىنمۇ ئايرىلىدۇ، قويمۇ، ئۆزىمۇ بۆرىلەرگە يەم بولىدۇ.

جالالىددىن چەتتە تۇرغان غۇلامغا قاراپ قېشىنى يىمىرىپ قويدى، غۇلام كېلىپ تەزىم قىلدى.

— كۆپ مېھمان كېلىدۇ، دەپ داستىخان تەييارلانغانىدى، كېلىشمىدى. يولغا ئادەم چىقىپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى سۈرۈش-تۇرسۇن، كىم كۆڭلۈمنى ئاچىدىغان بولسا، بۇ يەرگە ئېلىپ كەلسۇن. مېنىڭ سۆيگەن ئايغىرلىرىمنىمۇ كەلتۈرۈپ قوي، چاقى-رىلغان مېھمانلار كېلىشمىسە، ئاتلىرىمغا ۋە كوچىدىكى ئاچ - يالىڭاچلارغا زىياپەت قىلىمەن.

— سەن مېنى چاقىرغۇزغانىكەنسەن، كەلدىم! — دېگەن مۇلايىم ئاۋاز ئاڭلاندى. چاتقاللارنىڭ ئارىسىدىن ئېگىز بويلۇق ئىنچىكە كەلگەن، پاپاخ كىيگەن تۈركمەن كىرىپ كەلدى، ئۇ قول قوشتۇرۇپ تەزىم قىلدى.

— سېنى كۆرگىنىم ئۈچۈن بەختلىكمەن، چۆل قاپلىنى قارا خەنجەر. قېنى كەل، ئولتۇر بىز بىلەن.

خارەزمنىڭ كۈنچىقىش چېگرىسىدىكى قەلئەنىڭ ئونبېشى ئە-لىجان بەش يىگىتى بىلەن چوڭ كارۋان يولىدىن ئات چاپتۇرۇپ كېلەتتى، پەقەت ئاتلارغا يەم بېرىش ئۈچۈنلا بىر ئاز توختايتتى. ئەلىجان ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئەسىرىنى ئۈرگەنچكىچە يەتكۈزەلمەسلى-كىدىن قورقاتتى.

يولدا ئۇچرىغان يولۇچىلار توختاپ قانداق خەۋپلىك قاراقچىنى قولغا چۈشۈردۈڭلار، دەپ سورىشاتتى. ئاتلىق يولۇچىلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ بۇلارغا يېقىنلىشاتتى ۋە باغلانغان ئەسىرنى كۆرۈشكە تىرىشاتتى. بىراق، ئەلىجان ئۇلارغا يېقىنلاشقانلارنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ ھەيدەيتتى.

ئىككى ئۆستەڭدىن كېچىپ ئۆتتۇشتى، خادا ۋە شاخلاردىن ياسالغان، ئارانلا تۇرغان كۆۋرۈكمۇ ئارقىدا قالدى. يىراقتا، تې-رەكلەرنىڭ ئارىسىدا ئۈرگەنچنىڭ مەسچىت ۋە مۇنارلىرىنىڭ ھاۋا-

رەك گۈمبەزلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. تۆت كوچا قوشۇلۇشىدا قىزىل كەمزۇل كىيگەن ۋە ئاق جابدۇقلۇق قارا ئاتلارنى مىنگەن ئالتە كىشى ئەلىجاننىڭ يولىنى توسىدى.

— توختاڭلار، يىگىتلەر!

— يوقىلىڭلار، يولنى توسماڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ئەلى-جان، — دىن ھامىيسى نامى بىلەن ئېيتىمەن، مۇھىم ئىش بىلەن دۆۋانى ئەرزگە كېتىۋاتقانلارنى يولدىن قويماڭلار.

— بىزگە خۇددى سىلەر كېرەك ئىدىڭلار، خارەزم شاھىنىڭ ئوغلى جالالىددىن دەررۇ ئۆز بېغىغا كىرىشىڭلارنى بۇيرۇدى.

— بىز ھېچ يەردە توختىماستىن، توغرا ئۈرگەنچكە — سەركەردىمىز تېمۇر مەلىكنىڭ ئالدىغا بېرىشىمىز كېرەك!

بىراق ئاتلىقلار ئەلىجاننىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى مەھكەم تۇ-تۇۋالغانىدى.

— تېمۇر مەلىكنىڭ ئۆزى ھازىر باغدا بەگ بىلەن قوشاق ئاڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ، قايتقىن! كىمگە ئېيتىۋاتىمەن! نېمىشقا ئۇرۇشىسەن؟ ئەسىرنىڭ ئۆلۈپ قالمايدۇ. جالالىددىن ساڭا جۇۋا سوۋغا قىلىدۇ، پولۇ بىلەن قورسىقىڭنى تويغۇزىدۇ، بىر سىقىم كۈمۈش دەرخەم بېرىدۇ. بەگنىڭ پولۇسى قانداق دېسەڭچۇ! بۇنداق پولۇنى يېمەي كەتسەڭ، بۇ دۇنياغا كەلگىنىڭگە پۇشايمان قىلى-سەن!

ئەلىجاننىڭ دىمىغىغا قوي يېغىـنىـڭ پۇرىقى كىرگەندەك بولدى ـ دە، يىگىتلەرگە:

— توختاڭلار! باغقا يۈرۈڭلار! ھۇزۇر قىلىمىز! — دەپ ۋارقىرىدى.

يىگىتلەر باغلانغان ئەسىر بىلەن يولدىن بۇرۇلۇپ، ئېگىز دەرۋازىنىڭ يېنىدا ھومىيىپ تۇرغان قاراۋۇللارنىڭ ئالدىدىن ئۆ-تۈپ، تاشقارقى ھويلىغا كىرىشتى. گۇگۇم ۋاقتى، قاتار تىزىلىپ تۇرغان ئالتە ئوچاقتا ئوت قىپقىزىل لاۋۇلداپ ياناتتى، ئوچاقلار-نىڭ ئالدىدا قىزىل كىيىم كىيگەن ئاياللار يۈرۈشەتتى، ئۇلار

ئوتنىڭ شولىسىدا قىزىل بولۇپ كۆرۈنۈشەتتى.

ئاتلىقلار چۈشۈپ، ئاتلىرىنى تۈۋرۈكلەرگە باغلاشتى. ئەسىر بولسا ئاتنىڭ ئۈستىدە قېلىۋەردى، ئۇنىڭ تېگىدىكى ئات تېپىنەتتى، باش چايقايتتى، يىگىتلەر پىچان سېلىپ كەتكەن باشقا ئاتلارنىڭ ئالدىغا ئىنتىلەتتى. ئاياللار يۈگۈرۈپ كېلىشىپ، بۇ ئاجايىپ ئەسىرنى ئورىۋېلىشتى.

ئۇ قىل ئارغامچا بىلەن ئاتقا باغلانغانىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن كۆك كىيىمى، يېڭىگە تىكىلگەن يوللۇق قىزىل جىيەكى ۋە گەردىشى، يۇقىرىغا قايرىلغان كىگىز قالپىقى باشقا قەبىلىدىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئىككى چېكىسىدىن ئۆكۈزنىڭ مۈڭگۈزلىرىگە ئوخشاش ئىككى كوكۇلى يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ قىيسايغان ۋە ھەمىشە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرى غەلىتە كۆرۈنەتتى. ئادەملەر ئۆزئارا پىچىرلىشىشقا باشلىدى.

— بۇ ئۆلۈكقۇ!

— ياق، جېنى بار، نەپەس ئېلىۋاتىدۇ، مەجۇسىيلەرنىڭ جېنى قاتتىق بولىدۇ.

ئەلىجانغا خىزمەتكار:

— مېنىڭ كەينىمدىن يۈر، ئەنە ئۇ دەردىسەرنىمۇ بىللە ئېلىپ كەل، — دېدى.

ئەلىجان ئەسىر مىنگەن ئاتنى يېشىپ، يوغان قارا ياغاچلارنىڭ، شاپتۇل دەرەخلىرىنىڭ سايىسى چۈشكەن يولدىن ئاستا-ئاستا ئېلىپ كەتتى.

كىچىككىنە شىپاڭ ئەتراپىدىن ئايلىنىپ ئاققان ئېرىق شىلدىرلايتتى. شىپاڭ ئالدىدا ئالتىسى قارا، ئالتىسى تورۇق، پارقىراپ تۇرغان، ياللىرى تارىلىپ، ئۇنىڭغا قىزىل لاتىلار قوشۇپ ئۆرۈلگەن ئون ئىككى ئايغىر تۇراتتى، پەس تۈۋرۈكلەرگە زەنجىر بىلەن باغلانغانىدى. ئىككى يىگىت مىس لىگەن كۆتۈرگەن ھالدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئايغىرلارغا توغرالغان قوغۇن يېدۈرەتتى.

ئەلىجان ئاتلارنىڭ چىرايلىقلىقىغا، ئوتتەك يانغان كۆزلىرىگە ۋە ئاققۇنىڭ بوينىدەك بوينىغا شۇنچىلىك قىزىقىپ قېلىپ، يوغان

قارا ياغاچ تېگىدە ئولتۇرغان بىر توپ ئادەمنى كېيىن كۆردى.

سۇپىغا ئىران گىلەملىرى سېلىنىپ، داستىخانغا كۈمۈش قاچىلار، ئىراق شىشە ـ ۋازىلار قويۇلغان، ئۇلاردا پەرۋەردىلەر، ھۆل ۋە قۇرۇتۇلغان مېۋىلەر ۋە باشقا نازۇنېمەتلەر تۇراتتى، داستىخاننىڭ ئەتراپىدا بىر نەچچە كىشى چۆرگىلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ھىندىچە سەللە ئوراپ، قارا چەكمەن كىيگەن قارا قۇمچاق يىگىت ئۇلاردىن ئايرىلىپ، باشقا يەردە ئولتۇراتتى، ئۇنى ھەممە ئىززەت ـ ھۆرمەت قىلاتتى. سۇپىنىڭ يېنىدا سازەندىلەر مەشىق قىلىشماقتا، بىرى غىجەك، ئىككىنچىسى نەي، ئۈچىنچىسى بولسا ئۇستىلىق بىلەن داپ چالاتتى. باغ يېقىملىق ۋە كەيپ بەرگۈچى ساز ئاۋازى بىلەن تولغانىدى.

— خوش كېلىپسىز! خوش كېلىپسىز! — دېدى ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرغان قارا قۇمچاق يىگىت، ئۇنىڭ كەينىدىن باشقىلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. يىگىت مىدىرلىماي ياتقان ئەسىرنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئەلچان بۇ يىگىت شاھنىڭ ئوغلى جالالىددىن ئىكەنلىكىنى پەملىدى.

— بۇنى سەن تۇتتۇڭمۇ؟ قەيەردە ئىكەن؟

— مەن بۇنى چۆلدە ئوتتارغا يېقىن يەردە ئۇچرىتىپ قالدىم. ناھايىتى كۈچلۈك، ناھايىتى چەبدەس ئادەم ئىكەن، ئاران باغلىدىم!

— بۇ كىم ئۆزى؟ قايسى قەبىلىدىن ئىكەن؟ نېمە دېدى؟

— سوئاللىرىمغا جاۋاب بەرمىدى، ئۈنچىقمايدۇ.

— ئەجىلى يېقىنلاشقانغا ئوخشايدۇ، ئۆلۈپ قالسا كېرەك؟

— بىلمىدىم، خان ھەزرەتلىرى. بۇنى خارەزىم شاھنىڭ ھوزۇرىغا تىرىك ئاپىراي، دەپ جېنىمنىڭ بارىچە چاپتىم.

— چىپىۋېرىپ ماغدۇرىنى كەتكۈزۈپسەن، بۇنى سۆزلەشكە مەجبۇر قىلىش كېرەك.

جالالىددىن قولىنى قولىغا ئۇردى، خىزمەتكار كەلدى.

— زەبان تېۋىپنى چاقىرىپ كەل، دورا ـ دەرمانلىرىنى ئېلىپ كەلسۇن، كېسەل ئۆلۈش ئالدىدا دېگىن.

— ھازىر ، شاھىم !
— ئەسىر ئۆزىگە كېلىشكە باشلىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ ، ئوچۇق ئاغزىدىن قانداقتۇر مەنىسىز تاۋۇشلار چىقتى . ئۇ ۋارقىراپ ئارغامچىنى ئۈزۈشكە ئۇرۇندى .
— نېمە دەۋاتىدۇ ؟ — دەپ سورىدى جالالىددىن .
ئەلچجان چۈشەندۈردى :
— ئاتلىرىڭنى كۆرۈپ زوقى كېلىۋاتىدۇ : «ياخشى ئاتلار ئىكەن ! چىرايلىق ئاتلار ئىكەن ! بىراق بۇلار بۇ يەردە قالمايدۇ ، بۇ ئاتلار يېڭىلمەس چىڭگىزخانغا ئۆتۈپ كېتىدۇ ، بۇلارنى چىڭگىزخاننىڭ ئۆزى مىنىدۇ !» دەيدۇ .
— بۇ مەجۇسىيلەرنىڭ تىلىنى سەن قەيەردىن بىلىسەن ؟
— مەن ئىلگىرى كارۋانلار بىلەن خىتايغا ۋە تاتارلارنىڭ يۇرتىغا بارغانمەن ، بۇلارنىڭ تىلىنى شۇ چاغدا ئۆگەنگەنمەن .
— يېڭىلمەس چىڭگىزخان دەۋاتقىنى كىم ئۆزى ؟ نېمىشقا ئۇ يېڭىلمەس ؟ بۇ مەجۇسىي بۇ يەردە بۇنداق ئەدەپسىز سۆزلەرنى سۆزلەشكە قانداق جۈرئەت قىلىدۇ ؟ — دەپ ئاچچىقلاندى تېمۇر مەلىك . يەر يۈزىنىڭ يېڭىلمەس پادىشاھى پەقەت بىرلا ، ئۇ بولسا مۇ خارەزم شاھ مۇھەممەد . ئەگەر بۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلىدىغان بولسا ، مەن بۇ ئەسىرنى ھازىر چېپىپ تاشلايمەن .
— قويىۋەر ، ۋالاقلاۋەرسۇن ، — دېدى جالالىددىن ، — بىز تاتارلارنىڭ بۇ يېڭىلمەس سەركەردىسى توغرىسىدا بىلگەنلىرىنى سوراپ بىلىۋالىمىز .
باغنىڭ چاتقاللىرى ئارىسىدىن ئىنچىكە ئاۋاز ئاڭلاندى ، كىمدۇر سۆزلەپ تېزدىن يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى :
— خۇدا ھەر بىر مۆمىنگە ، ئەمىرەلمۇسلىمىننىڭ ئوغلى سۇلتان ماس قىلىچ ۋە ئۇچار ئاتلار ئىگىسى ، ئادىل ۋە باغادۇر جالالىددىنغا شەۋكەت بېغىشلىسۇن ! ئىلاھىم ئۇنىڭ قىلىچى جىمىكى ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ بېشىغا بالا بولسۇن !
باغ كوچىسىدىن ئۇزۇن ساقاللىق ، يوغان سەللە ئورىغان جۇۋەككىنە بىر كىشى يۈگۈرۈپ كېلەتتى . ئۇ قولىغا چەم خالتا

ۋە يوغان ساپال ئاپتۇۋا تۈتۈۋالغانىدى ، ھەر بىر ھەرىكەت قىلغىنىدا بەلۋېغىغا ئېسىلغان تۈرلۈك مىس ئەسۋابلىرى ، پىچاق ۋە شىشە قاچىلىرى جاراڭلايتتى . ئۇ جالالىددىننىڭ ئالدىغا كېلىپ ، يەرگە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى .

— سېنىڭ مەرھەمىتىڭ ئارقىسىدا بىر بالادىن قۇتۇلدۇم ، سېنىڭ چەكسىز ھىممىتىڭ مېنى دەرگاھىڭغا كەلتۈردى . ماڭا ھازىر ئۆلۈۋاتقان كىشىنىڭ جېنىغا ئارا كىرگىن دېيىشتى .

جالالىددىن بىر قول ھەرىكىتى بىلەن ئۇنى سۆزلەشتىن توختاتتى .

— زەبان تېۋىپ ! تىلىڭ بىر ئاز ئارام ئالسۇن ! مانا بۇ كېسەلنى كۆرگىن . ھەممە بىلىمىڭنى ، قاچىلىرىڭدىكى ھەممە دورا ـ دەرمانلىرىڭنى ئىشلەتكىن . بۇ ئادەمنى ساقايتىشقا ھەرىكەت قىل !

— مەن سېنىڭ خىزمەتكارىڭ ، قۇلۇڭ بولىمەن . ھەر بىر ئەمرىڭنى ئورۇنلاشقا تەييارمەن !

جۇۋەك تېۋىپ ئىشقا چۈشتى ، خىزمەتكارلار ئەسىرنى يېشىپ ، ئاتتىن چۈشۈرۈشتى . ئۇ ئاياغلىرىنى كېرىپ ، خۇددى ئاتتا تۇرغاندەك قېتىپ ئارانلا تۇراتتى . يىرگەنگەن خىزمەتكارلار دۇئا ئوقۇشۇپ ، تېۋىپنىڭ بۇيرۇقىغا يارىشا ئۇنى يېشىندۇرۇپ ، كىگىزگە ياتقۇزۇشتى . ئەسىر ھوشسىز ياتاتتى ، كۆزلىرى ئالايغاندى .

تېۋىپ دۇئا ئوقۇيتتى ، كېسەلنىڭ مەيدىسىگە رەڭسىز ياغ سۈركەيتتى ۋە سۆڭەك قوشۇق بىلەن قېتىپ قالغان يارىدىكى قۇرتلارنى سىپىرىپ ئالاتتى .

— قۇرتلاپ كېتىپتۇ ، لېكىن مۇقەددەس كىتابتا : «خۇدا قانچە كېسەل ياراتقان بولسا ، ئۇلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن شۇنچە دورا ـ دەرمانمۇ ياراتقان» دېيىلگەن .

يارىدىن قان ئېقىشقا باشلىغاندىن كېيىن ، تېۋىپ ئۇنىڭغا ياغلانغان پاختا باستى ۋە پۈتۈن بەدىنىنى لاتا بىلەن ئوراپ تاشلاشنى بۇيرۇدى .

— ئەي مۆھتەرەم خان ! ئەي ، شاھىم ! — دېدى ئۇ جالالىد-

دىنغا قاراپ ، — مەن ئوقۇغان ئەرەب تېۋىپمەن ، رۇملۇق گىپ-
پوگراتىنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇغان . كۆز كېسەللىكلىرىگە قارايدى-
غان كۆزگە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدىغان «قەدداھ»[1] مەن ، چىققان
سۆگەكنى سالىمەن ، ئادەمنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىمەن . مەن سېنىڭ
خىزمەتكارىڭ ۋە قۇلۇڭمەن ، سېنىڭ دۆلىتىڭدىنلا كۈن كۆرىمەن !
ئېيت ، بىر كوزا كونا مۇسەللەس كەلتۈرسۇن ، مەن ئۇنىڭدىن دورا
ياساي . مېنىڭ داۋالىشىمدىن كېيىن كېسەل بىر - ئىككى كۈن
سۆزلەيدۇ ، ئۇنىڭدىن كېيىن خۇدانىڭ ئىرادىسى بولىدۇ . يا ئۆلى-
دۇ ، يا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ .
مۇسەللەسكە تۈرلۈك دورا - دەرمانلارنى ئارىلاشتۇرغاندىن
كېيىن ، تەييار بولغان دورىنى بىر ئۆزى ئىچىپ كۆردى ، بىر
كېسەلگە ئىچكۈزدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، كېسەل كۆزىنى ئېچىپ
تىلغا كىردى .
يۈزلىرى قىپقىزىل بولۇپ كەتكەن ئەسىر ئاۋۋال نېمىلەرنى-
دۇر دەپ ناخشا ئېيتتى ، ۋارقىرىدى ، كېيىن شېئىر ئوقۇۋاتقاندەك
ئوچۇق - ئوچۇق قىلىپ سالماقلىق بىلەن سۆزلەشكە باشىدى .
ئەلىجان دىققەت بىلەن ئاڭلاپ تەرجىمە قىلدى :
يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىككەن ئەسىر :
— ۋەتىنىمدىن گۈزەل ۋە ئاجايىپ يەر يوق . قىزغۇچ قىرلار-
نىڭ ئارىسىدا سوزۇلۇپ ياتقان ئوتتۇز ئۈچ قوم سەھراسى بار ،
ئەڭ ئۆتكۈر يۈگۈرۈك ئاتمۇ بۇ يەرلەرنى چېپىپ ئايلىنىپ چىقال-
مايدۇ . ۋەتىنىمنىڭ باغرىدىكى ئېگىز ۋە يۇمشاق مايسىزارلىرىدا
تۈرلۈك يىرتقۇچ هايۋانلار ، يەتمىش خىل بۆكەن چېپىپ يۈرىدۇ ،
قۇشلار يېقىملىق ئاۋازدا سايرايدۇ ، فىرۇزىدەك ئاسماندا ئاپئاق
غازلار ، ئاق قۇلار ئۇچۇپ ئۆتىدۇ … ۋەتىنىمنىڭ دالالىرىدا ھەم-
مىگە جاي تېپىلىدۇ ، پەقەت مېنىڭ بىچارە كۆچمەن قەبىلەمگىلا

[1] شۇ ۋاقىتلاردا ئەرەب ئالىملىرىنىڭ مېدىتسىنا ئىلمى ناهايىتى يۈكسەك ئىدى . «يۇنان ئوتتۇرا ئەسىر بويىچە ياۋروپا تېۋىپلىرى ئافتالمولوگىيە (كۆزنى ئۆگىنىش بىلىمى ) ساهەسىدە ئەرەبلەرنىڭكىگە تەڭ كېلەلەيدىغان بىرەرمۇ ئىلمىي كىتاب چىقىرالمى-دى . پەقەت XVIII ئەسىردىلا «ياۋروپا بۇ ئىلىم بىلەن ئەرەبلەرنىڭكىدىن ئىلغار بولۇشقا ئىنتىلگىنىنى كۆرىمىز» (ئاكادېمىك ئى . يو . كراچكوۋسكىي ) .

جاي يوق . كۈچلۈك قەبىلىلەرنىڭ ئاچ كۆز خانلىرى ياپپېشىل يايلاقلىرىمنى تارتىۋالدى ، بۇ يەرلەردە ئەمدى دۈشمەننىڭ ئاتلىرى ، كالىلىرى ، قويلىرى ئوتلاپ يۈرىدۇ... مېنىڭ كەمبەغەل ئاجىز قەبىلەمگە بولسا پەقەت تاقىر سەھرالار ۋە ھاڭتاشلىق جىرالارلا قالدى . بۇ يەرلەردە ماللىرىمىز ئورۇقلىدى ، كېمەيدى ، ئاتلىرىمىز دەرمانسىزلىقتىن تىترەيدۇ . بۇنىڭ ھەممىسىگە سەۋەبچى تەكەببۇر خانلار ۋە ئۇلارنىڭ قاغانى ، قىزىل ساقال موڭغۇللارنى ، باشقا ئەللەرنى تالاشقا باشلايدىغان يېڭىلمەس چىڭگىزخاندۇر...

— قانداق چىڭگىزخاننى دەۋاتىدۇ ؟ — دەپ سورىدى جالالىددىن .

ئەلچىجان سوئالنى تەرجىمە قىلدى . ئەسىر :

— تېمۇچىن چىڭگىزخاننى كىم بىلمەيدۇ ! — دېدى ، — مەن ئۇنىڭ ئالدىدىن قېچىپ كېتىۋاتىمەن . ئۇ ئالدىدا قۇلدەك بويۇن ئېگىپ تۇرمىغان كىشىنى ساق قويمايدۇ ! بويسۇنمىغانلاردىن ئۆچ ئالىدۇ ، ئۆزىگە قارشى كۆرەشكەنلەرنىڭ پېيىغا چۈشۈپ ، ئۇرۇق - ئايمىقىنى ، بۆشۈكىدىكى بالا - چاقىلىرىغىچە قىرىپ تاشلايدۇ .

— ئۆزۈڭ كىم بولىسەن ؟ نېمىشقا چىڭگىزخانغا قارشى بۇنداق دىدىل سۆزلەيسەن ؟

— مەن ئەركىن مەرگەن ئوۋچى باغادۇرمەن . مەن ئۆزۈمگە خان ، ئۆزۈمگە بەگ . بۇ تەرى سوغۇق بوۋاي دادام ۋە ئاكامنىڭ قوۋۇرغىلىرىنى سۇندۇرۇپ قىيناشقا ئەمر قىلدى ، بۇ قىزىل ساقال قاغان ئەڭ گۈزەل قىزلارنى تارتىۋېلىپ ئۆزىگە دېدەك قىلىدۇ . قول ئاستىدىكى يۇرتلاردا دېگىنى دېگەن ، قىلغىنى قىلغان . شۇ سەۋەبتىن ، مەن چىڭگىزخاننىڭ قوشۇنىدىن قاچتىم . مەن دۇنيانىڭ نېرىقى بۇرجىكىگە ، پەقەت ۋەھشىي ھايۋانلار ۋە ماڭا ئوخشاش ئەركىن ئوۋچىلارلا ياشايدىغان جايلارغا ، ئاچچىقى يامان چىڭگىزخاننىڭ نۆكەرلىرى بارالمايدىغان يەرلەرگە كېتىمەن .

— چىڭگىزخان ھازىر قەيەردە ؟ ئۇ نېمە قىلماقچىكەن ؟ —

دەپ سورىدى جالالىددىن .
— ھازىر چىڭگىزخاننىڭ ئېلى سۇغا تولۇپ ، توغان ئارانلا تۇتۇپ تۇرغان تاشقىن كۆلگە ئوخشايدۇ . چىڭگىزخان تەييار ، ئۇ-نىڭ ھەممە چېرىكلىرى بولسا قىلىچلىرىنى چاقلىغان ھالدا كۈنېي-تىشتىكى ئەللەرگە ھۇجۇم قىلىش ھەققىدە قاغاننىڭ ئەمرىنى كۈتۈپ تۇرۇشۇپتۇ . ئۇلار بۇ يەرگە ، ئۆلكىلىرىڭلارنى تالاشقا ، ۋەيران قىلىشقا كېلىشىدۇ .
— بۇ يىگىتنى شۇ يەردە بىز بىلەن ياشاشقا قالدۇرايلى ، — دېدى تېمۇر مەلىك ، — ئۇ تۇركمەن قىزىغا ئۆيلىنىپ ، قورقماس قارا خەنجەرنىڭ ئېلىدە ئۆي - ئوچاقلىق بولسۇن ۋە قاراقۇم چۆللىرىدە ئەركىن ئۇۋچىلىق قىلىپ يۈرگۈەرسۇن .
— چىڭگىزخان دېگىنى كىم ئىكەن ؟ — دەپ سورىدى جالا-لىددىن ، — بۇنىڭ سۆزلىرى مېنى تەشۋىشكە سېلىپ قويدى . ئۇ ئادەمنى تۇزۇۋكرەك بىلىش كېرەك !
تېمۇر مەلىك ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ :
— ماڭا ئىجازەت ، مۆھتەرەم خان . مەن بۇ ئەسىر بىلەن دۆۋانى ئەرزگە بېرىشىم كېرەك . بۇنىڭدىن چىڭگىزخان دېگەن ئەبلەخ توغرىسىدىكى ھەممە سۆزلەرنى سوراپ بىلىۋالىمەن ، — دېدى .
— ماڭىمۇ ئىجازەت ، مۆھتەرەم خوجايىن ، — دېدى ئەلچ-جان ، — يىگىتلىرىم نازۇنېمەتلىرىڭ بىلەن قورساقلىرىنى تويغۇ-زۇۋېلىشتى ، ئاتلىرىمىزنىڭ قورساقلىرىمۇ تويدى ، ھۇزۇر قىلىپ كۆپ خۇشال بولدۇق . ئەمدى رۇخسەت قىلساڭ ، بىزمۇ يولغا چىقايلى ، بۇ مەلئۇن مەجۇسىينى ئۆرگەنچكىچە ، ئوردىغا ئاپىرايلى .
— ماقۇل ! غۇلام ، يىگىتكە يېڭى جۇۋا بەرگىن ، — دېدى جالالىددىن .
ئەلچجان تەزىم قىلىپ :
— قۇشلارغا قانات ، مېھمانلارغا سالامەتلىك ، مىزمانغا ھۆر-مەت ، يىگىتلەرگە ئاق يول ! — دېدى .

# ئۈچىنچى قىسىم

# ئىرغىز دەرياسى بويىدا ئۇرۇش

## بىرىنچى باب

## دەشتى قىپچاقتا يۈرۈش

***ئەفراسياب : «مەن ئۇرۇشقا بارىمەن! ئېتىمنىڭ قۇيرۇقىغا خېنە قويۇڭلار!» دېدى.***

(قەدىمكى پارس قوشىقىدىن)

غەزەپلەنگەن خارەزم شاھ مۇھەممەد ئۈرگەنچتىن سەمەرقەندكە ئات قويۇپ كەلدى. ئۇ ئۆز كۈيئوغلى ئوسماندىن ۋە ئۆز شاھىغا قارشى قىلىچ كۆتۈرگەن ئاھالىدىن رەھىمسىز ئۆچ ئېلىشقا قارار قىلغانىدى.

شاھ مۇھەممەد شەھەرنى قامال قىلدى ۋە ئىتائەت قىلمىغانلارنى بالا - چاقىلىرىغىچە قىرىپ تاشلايمەن، دەپ پوپوزا قىلدى. سەمەرقەندلىكلەر تار كوچىلارنى لىملار بىلەن توساپ ئۇزاق ئۇرۇش قىلدى، ئاخىرى ئوسمان خان خارەزم شاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ شەھەرنى ئەپۇ قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئوسمان خارەزم شاھ ئالدىغا قولىدا يالىڭاچلانغان قىلىچ ۋە كېپەن ئۈچۈن ئاق داكا ئېلىپ كەلگەنىدى. بۇلارنى كەلتۈرۈش بىلەن شاھقا

مۇتلەق بويسۇنغىنىنى ۋە شۇ قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشكە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى ئىدى . ئايىغى ئاستىغا يىقىلغان كۈيـ. ئوغلى ئوسماننى كۆرۈپ ، خارەزم شاھنىڭ كۆڭلى يۇمشىدى ۋە ئۇنى كەچۈرۈشكە رازى بولدى . شەھەر تەسلىم بولغاندىن كېيىن ، ئىسيانچىلار ئورنىۋالغان قەلئەنى باغادۇرلارچە مۇداپىئە قىلغان قىـ. زى خان سۇلتان دادىسىنىڭ يېنىغا كەلدى . ئۇ ئۆز ئېرىنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىنى خالىماي ، ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلدى . شۇ كېچىسى ئوسمان ئۆلتۈرۈلدى ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇرۇق ـ ئايمىقى ، بالا ـ چاقىلىرى قىرىپ تاشلاندى . سەمەرقەند ھاكىمى بولغان قەدىمكى قاراخانىيلار[1] ئۇرۇقى قۇرۇدى .

خارەزم شاھ بىلەن بىللە كەلگەن قىپچاق خانلىرى سەمەرقەند ئاھالىسىنى رەھىمسىز جازالىدى ، ئۇلار ئون مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ھالاك قىلدى ۋە شەھەرنى تالاش ، ئاھالىسىنى ئۆلتۈرۈشنى داۋام قىلماقچى ئىدى . بىراق ، شاھنىڭ ئانىسى تۈركەن خاتۇن ئۆزى رەھىمسىز بولسىمۇ ، بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ ، قىپچاق خانلىرىنى قان تۆكۈشتىن توختاشقا كۆندۈردى .

شۇنىڭدىن كېيىن ، سەمەرقەند خارەزم شاھنىڭ پايتەختى بولۇپ قالدى ، شاھ چوڭ ساراي قۇرۇشقا كىرىشتى .

قىپچاق خانلىرى خارەزم شاھتىن قوشۇننى دەشتى قىپچاققا ئاپىرىپ ، كۆنچىقىش سەھرالىرىدىن كېلىپ ئەلنى بوزەك قىلغان تاتار قەبىلىلىرىنى تارمار قىلىشنى تەلەپ قىلىشتى ، شاھ ئەل ئىشلىرىنى ۋە ساراي قۇرۇلۇشىنى باھانە قىلىپ ۋەج كۆرسەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئانىسى تۈركەن خاتۇنمۇ ئۇنىڭغا شۇ ئىلتىماس بىلەن مۇراجىئەت قىلدى .

خوتۇنلارنىڭ ئەڭ مەككارى ۋە ئېھتىياتكارى بولغان تۈركەن خاتۇن تاغ چوققىسىدىكى خەۋپ ـ خەتەرلەردىن يىراق ئۇۋىسىدا

---

[1] قاراخانىيلار — X ئەسىردە تۈرك قەبىلىلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۇجۇم قىلىپ ، سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى ئىشغال قىلغان ، سەمەرقەندتە تۇرۇپ قالغان تۈركلەر ئۇرۇقىنىڭ ئىسمى . (ۋ . ۋ . بارتولد )

ئۆلتۈرغان هالدا كۆزلىرىنى يىراق چۆللەرگە تىكىپ، باللىرىنى ئېھتىيات قىلغان قېرى بۈركۈتتەك شاھنىڭ تەختىنى ھەممە ۋاقىت نارازى بولغان خەلقنىڭ مۇدھىش ئىسيانلىرىدىن، مەككار خانلار-نىڭ خىيانىتى ۋە يامان نىيەتلىرىدىن ئاسرايتتى. تەخت خەۋپ ئاستىدا قالغان ۋاقىتلاردا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈرگەنچتىكى قول يەتمەي-دىغان ۋە قورقۇنچلۇق سارىيىدىن ئۆزىگە سادىق قىپچاق چېرىكلە-رىنى ئوغلى — يېڭىلمەس خارەزم شاھقا قارشى قول كۆتۈرگەنلەر-گە ئازاب بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. شۇنداق بولغاندىن كېيىن، خارەزم شاھ ئېھتىياتچان ئانىسىنىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالمايتتىمۇ؟

ئەتىيازدا شاھ مۇھەممەد ئۈرگەنچكە قايتىپ كەلدى - دە، ئۇلۇغ ئاتلىق قوشۇنغا باش بولۇپ يۈرۈشكە ئاتلاندى. شەھەردىن ئون تۈركۈم ئەسكەر ئون كۈندە چىقتى، ھەر بىر تۈركۈمدە ئالتە مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەر بار ئىدى. ئاتلارغا ئارپا، تېرىق، گۈرۈچ، ياغ ۋە چاناچلاردا قىمىز ئارتىلغانىدى.

خارەزم شاھ ئۇرۇش ھەشەمىتىنى، دومبىرىلارنىڭ گولدۇر-لىگەن ئاۋازىنى، كانايلارنىڭ ئۇرۇشقا چاقىرغۇچى بوغۇق ناۋۇشىد-نى ياخشى كۆرەتتى. ئون مىڭلىغان ئاتلىق چېرىكنىڭ ئالدىدا قىزىل رەڭگە بويالغان قۇيرۇقىنى سىلكىتىپ، كەڭ تۆشلۈك تو-رۇق ئات ئويناقشىپ كېتىپ باراتتى. ئاتنىڭ ئالتۇن يوگەن-جابدۇقلىرى، ئۇنىڭغا قادالغان قىممەت باھا تاشلار پارقىرايتتى، ئايغىدىكى قوڭغۇراقلار جاراڭلايتتى. تورۇق ئات مىنگەن، قارا ساقاللىق زەرھال يىپلار بىلەن تىكىلگەن قالپاق كىيگەن ئاپئاق سەللىلىك كىشىنى خارەزمدە كىم تونۇمايدۇ!

ئىسلام دىنىنىڭ ھامىيسى، مۆمىنلەرنىڭ پاناھى، مەجۇسىي-لەرنىڭ ئاپىتى بولغان بۇ ئادەم ئىرادىسى ۋە غەزەپ كۈچىنى ھەتتا باغداد خەلىپىسىگە، پەيغەمبەر نەسلىدىن بولغان ناسىرغىمۇ كۆر-سىتەتتى. بۇ ئادەم ئۆزىگە قاراشلىق يەرلىرىنىڭ چېگرىسىنى، ھەتتا يېڭىلمەس ئىسكەندەر رۇمىينىڭمۇ قولى يەتمىگەن سەھرالار-غىچە كېڭەيتىۋەتكەن خارەزمنىڭ شاھى ئەلائىددىن مۇھەممەد

ئىدى .

قوشۇن ئۇن كۈنلۈك يولغا سوزۇلدى . بىر نەچچە مىڭ ئاتلىق-تىن ئىبارەت بۇ ھەر بىر توپ قونغاندا ، قۇدۇقلارنىڭ سۈيىنى قۇرۇتاتتى ، قۇدۇقتا پەقەت بىر سوتكىدىن كېيىنلا سۇ ھاسىل بولاتتى .

ئالدىنقى توپتا خەۋەرچىلەر كېتىۋاتاتتى ، خارەزم شاھ ئىك-كىنچى توپ بىلەن كېتىۋاتاتتى . چېدىر ، قازان ۋە شاھنىڭ غىزا - تامىقىغا كېرەكلىك ئوزۇقلار ئارتىلغان تېز يۈرىدىغان تۆگىلەرمۇ مانا شۇ توپتا ئىدى .

ئەڭ كېيىنكى ئۈچىنچى توپتا ھەمىشە تىنچلانمايدىغان ۋە بويسۇنمايدىغان تۈركمەنلەر بىلەن بىللە شاھنىڭ جارالانغان ئوغلى جالالىددىن كېتىۋاتاتتى . تۈركمەنلەر قىپچاقلارغا دۈشمەن ، ئۇلار قىپچاقلارنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى ۋە ئاچ كۆزلۈكىنى يامان كۆرۈشەت-تى . تۈركمەنلەر چوڭ گۈلخانلار يېقىپ ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا كەچقۇ-رۇنلۇقى بەزمە قىلىشىدۇ . قوشاقلار ئېيتىشىپ ، باشلىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىچ ئوينىتىشىدۇ .

يول خارەزم (ئارال ) دېڭىزىنىڭ قىرغىقىدىن ئۆتەتتى . سەي-ھۇن (سىر ) دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، قوشۇن تار سېرىق چاغاناق كۆرپىنزىگە چىقتى ، شاھ بۇ يەردە قوشۇننى توختاشقا بۇيرۇدى . ئۇ ئالدىن ئەۋەتىلگەن خەۋەرچىلەردىن خەۋەر كۈتۈپ ، بوش ۋاقتىدا قارچىغىلىرىنى ئېلىپ ، سۈزۈك دېڭىز قىرغىقىغا ئوۋغا چىقتى ۋە بىر تالاي ئۆردەك - تۇرنىلار ئوۋلاپ قايتتى .

خەۋەرچىلەر شىمال تەرەپتە ، ئىرغىز دەرياسى چېلكەر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان جايدا مەركىتلەرنىڭ كۆرۈنگەنلىكىنى خەۋەر قىلىش-تى . خارەزم شاھ ھەممە توپلار يېتىپ كېلىشىنى كۈتتى - دە ، ئۇلارنىڭ سەركەردىلىرىنى چاقىرىپ كېڭەش قىلدى ۋە ھۇجۇم پىلانىنى چۈشەندۈردى . ھەممە قوشۇن ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنۈپ ھۇ-جۇم قىلىدۇ ، شاھنىڭ ئۆزى ئاخىرقى ھەل قىلغۇچى زەربە بېرىدى-غان ئوتتۇردىكى قىسىمدا بولىدۇ . قوشۇننىڭ سول قانىتىغا قىپ-

چاق خانى تورغاي ، ئۇلۇغ قانتىغا خارەزم شاھىنىڭ ئوغلى جالالىد-
دىن قوماندانلىق قىلىدۇ . خارەزم شاھ ئۆزىگە بويسۇنمايدىغان ،
ئۆزىگە ئۆزى ئىشەنمەيدىغان ئوغلىنىڭ ئۇرۇشتا ئۆزىنى قانداق تۇتۇ-
شىنى سىناپ كۆرمەكچى ئىدى .

بۇ يەرگە ئۆرگەنچتىن خەۋەرچى كېلىپ ، شاھىنىڭ ئانىسى
تۇركەن خاتۇندىن مەكتۇپ ئېلىپ كەلدى . ۋەكىل بىلەن مىرزا
شاھىنىڭ كەينىدىن چېدىرغا كىرىپ كېتىشتى . شاھ مۇھەممەد
خەنجىرى بىلەن مەكتۇپنى ئاچتى ، قەغەزنىڭ ئىچىدە قىزىل شايى-
دىن تىكىلگەن خالتا بار ئىدى . خارەزم شاھ خالتىنى پېشانىسىگە
تەگكۈزۈپ سۆيدى ــ دە ، ئاچتى . خالتىنىڭ ئىچىدە تار ۋە ئۇزۇن
قەغەزگە[1] يوغان ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان مەكتۇپ بار ئىدى .

«دىن ۋە ھەققانىيەت ھامىيسى ، خارەزمنىڭ بۈيۈك
شاھى ئەلائىددىن مۇھەممەدكە ، ئىلاھىم تەختىڭدە بەر
قارار بولغىن ! سالام !

بارلىق ئىماملار مەسچىتلەردە بەش ۋاقىت نامازدىن
كېيىن خۇدا تائالادىن ساڭا ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشۈڭنى
ۋە كۆپ يىللار پادىشاھلىق قىلىشىڭنى ، دۈشمەنلەر
ئۈستىدىن غالىب كېلىشىڭنى تىلەيدۇ ! ئىلاھە ئامىن !

بازاردا باغداد خەلىپىسىنىڭ ئايغاقچىسى بولغان
بىر دەرۋىشنى تۇتتۇق . بۇ دەرۋىش ساددا ئادەملەرنىڭ
ئارىسىدا : «سۆيۈملۈك شاھىڭلار ئىرانلىقلارنىڭ يارد-
ماس دىنىنى قوبۇل قىلغىنىغا ئاللانىڭ غەزىپى كەل-
گەن ، شۇنىڭ ئۈچۈن خارەزمگە يەجۇج ـ مەجۇج كېلىپ
بىزنىڭ پادىشاھلىقىمىزنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ،
دەپ سۆز تارقىتىپ يۈرگەنىكەن . بۇ دەرۋىشنى جالالىتىپ-
شى جاھان پالۋان تۇتۇۋېلىپ ، قىزدۇرۇلغان تۆمۈر بد-

[1] بۇ زاماندا سەمەرقەند قەغەز ئىشلەپچىقىرىش بىلەن داڭ چىقارغانىدى . سەمەر-
قەندتە ئىشلەنگەن قەغەزلەر باشقا مەملىكەتلەرگىمۇ چىقىرىلاتتى .

لەن ئازابلىغاندىن كېيىن ، تىلىنى كېسىپ بازارنىڭ
بېشىغا ئېلىپ قويدى .
بۇ مىڭلىغان كىشىلەرگە تەنبىھ ، باشقا ھەممە ئىش
جايىدا . سېنىڭ ئېلىڭدە تىنچلىق ۋە ئاراملىق ئىلاھىم
كۆپ يىللار داۋام قىلسۇن !
پۈتۈن دۇنيا خوتۇنلىرىنىڭ ھۆكۈمرانى تۇركەن خاتۇن»

.

ئەتىسى ئەتىگەندە قوشۇن يولغا چىقتى ۋە ئىلدام مېڭىپ ئىككى قونغاندىن كېيىن ، ئىرغىز دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ بېرىشتى .

چۆل باھارنىڭ مايسا ئوتلىرى بىلەن قاپلانغان ، ئادەتتە قاغجىراپ ياتىدىغان قۇم سەھراسىدا سېرىق ۋە گۈلنەپشە رەڭ گۈللەر ، قىزىل لەيلىقازاقلار ئېچىلىپ كەتكەندى . قۇياش گاھىدا نۇرلىرىنى قىزىتىپ چاچاتتى ، گاھىدا بولسا يامغۇر بۇلۇتلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇناتتى .

ئىرغىز دەرياسى نېپىز مۇز بىلەن قاپلانغانىدى . بەزى يەرلەرنىڭ سۈيى مۇزنىڭ ئۈستىگە ، بەزى يەرلەرنىڭ مۇزى سۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كەتكەن ، بەزى يەرلىرىنىڭ مۇزى سۇنۇپ ئېقىپ كەتكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ، قوشۇننىڭ دەريادىن ئۆتۈشى مۇمكىن بولمىدى .

خارەزم شاھ مەركىتلەر سېزىپ قېلىپ چۆلگە قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ، ئۆز قوشۇنىغا قومۇشلارنىڭ ئارىسىغا ، چوڭقۇرلۇقلارغا مۆكۈنۈپ كۈتۈپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى .

قوشۇن ئىككى كۈنگىچە گۈلخان ياقماي دەم ئالدى . ئىككىنچى كېچىسى ئاسماندا قانداقتۇر چۈشىنىپ بولمايدىغان يورۇقلۇق پەيدا بولدى .

ئاسمان چوغدەك قىزاردى ، يۇلتۇزلارمۇ كۆرۈنمەي قالدى ،

كەچقۇرۇنقى شەپەق تاڭ ئاتقۇچە داۋام قىلغاندەك تۇيۇلاتتى[1]. قوشۇننى كۆزىتىپ كېتىۋاتقان شەيخۇلئىسلام بۇنى خارەزم شاھ مۇھەممەدنىڭ بۈيۈك غەلىبە قازىنىشىدىن دېرەك بېرىدىغان ئاللانىڭ تۇغى، دەپ چۈشەندۈردى.

دەريانىڭ مۇزى ئېرىپ تۈگىگەندىن كېيىن، خەۋەرچىلەر تېيىز جايلارنى تېپىشتى ۋە ھەممە قوشۇن نېرىقى قىرغاققا ئۆتۈشتى.

ئۇنسىز، سىرلىق، ئۇ يەر - بۇ يەردە دۆڭلۈكلەر ئۇچرايدىغان دەشت سوزۇلۇپ ياتاتتى. قوشۇن بىلىنەر - بىلىنمەس يالغۇز ئاياغ يوللاردىن كۈنچىقىشقا قاراپ ماڭاتتى. ئۇرۇش يېقىن بولغىنىدىن ئۇلار بىر - بىرلىرىگە يېقىن، زىچ بولۇپ مېڭىشاتتى.

ۋادىلارنىڭ بىرىدە، تاشلىق دالا باغرىدا قارا ئۆيلەر كۆرۈندى، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىگىلىرى ئالدىراپ قېچىشقان بولسا كېرەك. يولنىڭ بويىدا كىگىز، خوتۇنلارنىڭ كىيىملىرى ۋە كونا گىلەملەر چېچىلىپ ياتاتتى. بۇلارنىڭ يېنىدا ئىككى ئۆرۈم قارا چېچى قولاقلىرى ئارقىسىدىن چىقىپ تۇرغان، سېرىق قىسىق كۆزلۈك بىر ئادەم ياتاتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن تاپىنىغا چۈشىدىغان ئۇزۇن، كۆك كۆڭلىكى ئۆتمۈتۆشۈك بولۇپ كەتكەن، ئۇنىڭ نېرىسىدا يېنىغا ئۆرۈلگەن ئىككى چاقلىق ھارۋا بار ئىدى.

خەۋەرچىلەر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قوللىرى بىلەن ئۇلار كەتكەن تەرەپنى كۆرسىتىپ ئىشارەت قىلىشتى، قوشۇنمۇ ئۇلار كۆرسەتكەن تەرەپكە يېرىم دائىرە بولۇپ بۇرۇلدى.

ئاتلىقلارنىڭ مېڭىشى يەنە ئاستىلاشتى، ئۇلار خۇددى قارا لاتىلار يېيىپ تاشلانغاندەك بىر تۈزلەڭنى كۆرۈشتى، ئېگەرلەنگەن بىر ئات تۈزلەڭدە ئىگىسىز كېزىپ يۈرەتتى.

— ئۇرۇش مەيدانى ئىكەن! — دېيىشتى ئەسكەرلەر، — خۇدانىڭ خاھىشى بىلەن بۇلارنىڭ كۈنى تۈگەپتۇ.

---

① شىمالنىڭ يورۇق كېچىلىرىگە ئوخشاش بۇ ھادىسە توغرىسىدا شۇ زاماندىكى تارىخچىلارنىڭ ھەممىسى يازغاندى.

— كۆڭۈللىرىنىڭ تۈگمىشىگە كىم سەۋەب بولىدىكىن؟ بىزنىڭ ئۇلجىنى كىم قولىمىزدىن تارتىۋالىدىكىن؟ بۇلارنىڭ ماللىرى، ئاتلىرى، تۈگىلىرى قەيەردىكىن؟

قوشۇن ئۆلۈكلەر يېيىلىپ ياتقان دالىدىن ئۆتۈپ كېتىشتى. قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلانغان، نەيزە، ئوقيا تەگكەن جەسەتلەر يىراقتىن قارىسا لاتىلارغا ئوخشايتتى. ئۆلۈكلەر بەزى جايدا يالغۇز، بەزى جايدا توپ - توپ بولۇپ ياتاتتى، بەزىبىرلىرىنىڭ كىيىمى ۋە ئۆتۈكلىرى يېشىۋېلىنغانىدى.

ئاتلىقلار دالىغا يېيىلىپ، قىلىچ، قالقان ۋە نەيزىلەرنى يىغىشتى.

خارەزىم شاھ قارا ساقىلىنى تولغاپ ئويلىنىپ ماڭاتتى، ئۇنىڭ يېقىن بەگ - تۆرىلىرى ئۆزئارا ئاستا - ئاستا پىچىرلىشىپ سۆزلىشەتتى.

— بۇ يەردە چوڭ ئۇرۇش بولغان ئوخشايدۇ. ئۆلگەن مەركىتلەر ھېسابسىز. ئاياش، شەپقەت دېگەننى كۆرگىلى بولمايدۇ، ياردارلارنىمۇ ئۆلتۈرۈشكەن.

ئاتلىقلاردىن بىرى چېپىپ كېلىپ:

— مەن تىرىك مەركىتنى تاپتىم، سۆزلەتسەك بولىدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى.

خارەزىم شاھ ئېتىغا قامچا ئۇردى، ئۇنىڭ كەينىدىن يېقىن ئەمەلدارلار ئات چاپتۇرۇپ كېتىشتى.

مەركىت دۆڭنىڭ ئېتىكىدە ئولتۇراتتى. قىپچاقلار زوڭزىيىشىپ ئولتۇرۇۋېلىشىپ، ئۇنىڭدىن گەپ سورىشاتتى. مەركىتنىڭ بېشى پېشانىسىدىن يەلكىسىگىچە شىلىنگەن بولۇپ، قان ئېقىپ تۇراتتى.

خارەزىم شاھ ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ ئېتىنى توختاتتى.

— ئۇ نېمە دەيدۇ؟ ئۆزى قايسى قەبىلىدىن ئىكەن؟ بۇلارنى كىم قىرىپ تاشلاپتۇ؟

مەركىت تولاپ ۋە يىغلاپ سۆزلەپ بەردى:

— بىزنىڭ خەلق بۈيۈك خەلقلەردىن ، مەركىتلەر دەپ ئاتىلا-
تى . قىرىلىپ تۈگىدى ! خانىمىز توقتوغا خان ، ئۇ ئوغلى توقۇز
خان بىلەن قاچتى . ئوغلى ئاتاقلىق مەرگەن ئوۋچى ، ھېچكىم
ئۇنداق ئوقيا ئاتالمايتتى . ئىككىلىسىلا ئاددىي چېرىكلەرگە شۇنداق
دەيدىغان : «بىز بىلەن بىللە قىزىل ساقال چىڭگىزخانىنىڭ غەزىپى-
دىن قېچىڭلار ، ئۇ مەركىتلەرنىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇۋەتمەكچى .
كۈنپېتىشتە ، شور كۆللەرنىڭ نېرىقى يېنىدا ، دېڭىز قىرغىقىغىچە
سوزۇلغان دەشتى قىپچاق بار ، شۇ يەردىن بىزگىمۇ جاي تېپىلىپ
قالىدۇ . ئۇ يەرلەردە ماللىرىمىز ياخشى كۆرىدىغا ئوت ، جاي -
دالىلار ۋە قومۇشلۇقلار ، توقايلىقلار بار ، ماللىرىمىز ئۇ يەردە يەنە
ئاۋۇيدۇ . قىپچاقلار بىزگە شەپقەت قىلىشىدۇ ، بىر قازاندىن غىزا-
لىنىشقا ، بىر چاناقتىن سۇ ئىچىشكە رۇخسەت قىلىدۇ . » خانلىرى-
مىز شۇنداق دېيىشەتتى ، ئەمدى نېمە قىلىمىز ؟ ئارقىمىزدا ئۆ-
لۈم ، ئالدىمىزدا ئازادلىق ۋە شادلىق كۆرۈنەتتى ، كەينىمىزدىن
ئىككى ئىت تۇمشۇقىنى بىزنىڭ ئىزىمىزدىن ئۈزمەي قوغلاپ كې-
لەتتى . بۇ ئىتلارنى بىزگە قىزىل ساقال چىڭگىزخانىنىڭ چوڭ
ئوغلى جوچى ئالقىشلىدى . بۇ ئىتلاردىن بىرىنىڭ ئېتى سۇبەتەي ،
ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى تۇقۇچار نويون . بىز جېنىمىزنىڭ بارىچە
قاچتۇق ، ئاتلىرىمىزنىڭ ئىزىنى گوبى ۋە قىزىل قۇم سەھراسىدا
يوقىتىشنى خالايتتۇق . بىراق ، ئاتلىرىمىزنىڭ دەرمانى قۇرۇدى ،
تۇۋاقلىرى يېرىلىپ كەتتى ۋە ئاۋۋالقى يۈرۈشلىرىنى يوقاتقانىدى .
موڭغۇللار يىرتقۇچلارغا ئوخشاش بىزگە يوپۇرۇلدى ، ئۈستىمىزگە
يىگىرمە مىڭ ئاتلىق موڭغۇل چېرىكى بېسىپ كېلىۋاتقاندا ، ھېچ
يەرگە قاچالمىدۇق . ئىرغىز دەرياسى تاشقان ، ئۈستىدىن مۇزلار
ئېقىۋاتقان ، ئاتلىرىمىز يۇمشاق ۋە نەم يەرلەردە يېتىپ قالاتتى .
شۇنداق قىلىپ ، بۈيۈك مەركىت خەلقىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى !
موڭغۇللار بۇ دالىدا بىرسىنى چاپتى ، بىرسىنى ئەسىر قىلىپ
ئېلىپ كەتتى . سېرىق چىڭگىزخان سېرىق ئۆيدە ئولتۇرۇپ كۈلە-
دۇ ! مەركىتلەرنىڭ قەدىمكى شۆھرىتى يەكسان بولدى ! مەركىتلەر

ئەۋلادىدىن پەقەت بىرلا خائىن — مەركىت خانىنىڭ ياش، چىراي-لىق قولان دېگەن قىزى تىرىك قالدى! چىڭگىزخان ئۇنى ئۆزىگە توقال قىلىۋالدى.

قىپچاقلار ۋارقىراشقا باشلىدى:

— بىزنى بۇ باسقۇنچىلارنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ بارغىن! بىز ئۇلارنىڭ جازاسىنى بېرەيلى! ئۇلار يىراق كېتىشمىگەن! ئۇلار ئەسىرلەرنى ۋە ماللارنى پات ھەيدەپ كېتىشەلمەيدۇ. بىز ئولجىلە-رىنى قولىرىدىن تارتىۋالىمىز.

— بىز ئۇلارنى پات ئارىدا قوغلاپ يېتىمىز! — دېدى خا-رەزم شاھ ۋە ئۆلتۈرۈلگەن مەركىتلەرنىڭ دالىدا يېيىلىپ ياتقان كىيىم - كېچەكلىرىنى ئېلىپ يۈرگەن ئەسكەرنى يىغىشنى كاناىچىغا بۇيرۇدى.

## ئىككىنچى باب

# نامەلۇم قەبىلە بىلەن ئۇرۇش

*— بىلەمسىز ، تەقسىر ، زال رۇستەمگە : «دۈشمەننى ئاز ۋە ئاجىز دەپ بولمايدۇ» دېگەن .*

(كونا پارس قوشاقلىرىدىن)

قوشۇن كېچىچە يۈردى ، ئاتقا يەم بېرىش ئۈچۈن ئىككى قېتىملا توختىدى .

ئەتىگەندە دەشتنى تۇمان باستى ، ئايرىم توپلار بىر - بىرىنى يوقىتىپ قويۇشتى . خەۋەرچىلەر بورى ۋە چىلبۆرىلەردەك ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن بىر - بىرلىرىنى چاقىرىشاتتى .

تۇيۇقسىز چىققان شامال تۇماننى ھەيدىدى ، ئاسماننىڭ قىزغۇچ ئۇپۇقىدا قىرلارنىڭ ئۈستى كۆرۈنۈشكە باشلىدى . ئۇلارنىڭ ئېتىكىدە سان - ساناقسىز ئوتلار پىلىلدايتتى ، يېقىنلاشقانسېرى ئاتلىقلار ، تۆگىلەر ۋە يۈك ئارتىلغان يوغان چاقلىق ھارۋىلار ئوچۇقراق كۆرۈنەتتى .

بۇ نامەلۇم قەبىلىنىڭ قارارگاھى ئىدى . ئۇ يەردىكىلەر خارەزم شاھ قوشۇنىنىڭ يېقىنلاشقىنىدىن ئاللىقاچان خەۋەردار بولۇشتى . تارقىلىۋاتقان تۇماننىڭ ئىچىدە ئوتتۇزچە ئاتلىق چېرىك چىقتى . ئۇلار ئوندىن ئۇچكە بۆلۈنگەن . ئەتىگەنكى قوياش نۇرلىرى ئۇلارنىڭ ئۇزۇن كۆك كىيىملىرىنى ، تۆمۈر سىپاھلىرى ۋە تۆمۈر قالپاقلىرىنى يورۇتۇپ تۇراتتى ، ئۇلار ئېگىز كۆركەم ۋە ياللىرى ئۇزۇن ئاتلارنى مىنگەنىدى . ئالدىدا كېلىۋاتقان ئون چېرىكنىڭ ئىچىدە توركمەن ئېتى مىنگەن ، ئاق سەللە ئورىغان ، گۆللۈك

قىزىل كىمخاب تون كىيگەن مويسىپىت بىر مۇسۇلمان بار ئىدى ، بۇ مويسىپىتنىڭ يېنىدا نەيزە تۇغ كۆتۈرگەن بىر ئاتلىق كېلىۋاتاتتى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، — دەپ ۋارقىرىدى بوۋاي ، — مەن مۇسۇلمانمەن ! رۇخسەت قىلىڭلار ، سىلەرنىڭ سەركەردەڭلار بىلەن سۆزلىشەي ، ئۇنى ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن !

— قوشۇنىمىزدا سەركەردىلەر كۆپ ، لېكىن يولباشچىمىز بىرئىسلام دىنىنىڭ ھامىيسى ، ئالەمگە دەھشەت سالغۇچى خارەزم شاھ جالالىددىن مۇھەممەدتۇر .

بوۋاي ئاتتىن چۈشتى . قوللىرىنى قوشتۇرۇپ ئاستا ئېگىلىپ چىرايلىق ئاتنىڭ ئۈستىدە ، ياسالغان خانلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان خارەزم شاھنىڭ ئالدىغا يېقىنلاشتى .

— موڭغۇل قوشۇنىنىڭ سەردارى ، كۇنچىقىش ئېلىنىڭ قاغانى ، چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى ئۇلۇغ جۇچى خان ماڭا ، يەنى ئۆزىنىڭ تىلماچىغا كۈنپېتىش ئېلىنىڭ قۇدرەتلىك قاغانى ئەلائىددىن مۇھەممەدنى تەبرىكلەشنى بۇيرۇدى . ئىلاھىم يۈز يىگىرمە يىل شاھلىق قىلغىن !

— سالام ، سالام ، — دېدى ئۇ .

— سالامەت بولسۇن ! — دېدى شاھ .

— جۇچى خان ، نېمىشقا شاھنىڭ جەسۇر قوشۇنى كېچىسى بىلەن ئالدىراپ ، موڭغۇل قوشۇنىنىڭ ئىزىدىن قوغلاپ كېلىۋاتىدىكىن ، دەپ سورايدۇ .

بوۋاي جاۋاب كۈتەتتى . بىراق ، شاھ قارا ساقىلىنى سىلىغىنىچە موڭغۇل ئەلچىسىگە غەزەپلىك نەزەر تاشلاپ جىم تۇراتتى .

— جۇچى خان يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ قويۇشنى بۇيرۇدىكى ، ئۇنىڭ دادىسى يېڭىلمەس قاغان چىڭگىزخان قوشۇبېشى سۇبەتەيگە ۋە تۇقۇچار نويونغا خان ئىرادىسىدىن قاچان ئىسيانچى مەركىتلەر قەبىلىسىنى جازالاشنى تاپشۇرغان . ئۇلارنى ئۇرۇق - جەمەت بىلەن قۇرۇتقاندىن كېيىن ، موڭغۇل قوشۇنى ئارقىغا ئۆز يۇرتىغا

قايتمدۇ.
بوۋاي شاھنىڭ پەرۋاسىز، لېكىن غەزەپ بىلەن تولغان يۈزىگە تىكىلگىنىچە بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، يەنە داۋام قىلدى:
— كىگىز ئۆيلەردە ياشايدىغان، بارلىق خەلقلەرنىڭ شاھى بولغان چىڭگىزخان مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىگە دۈچ كېلىدىغان بول- ساڭلار، ئۇلارغا بوراداەرلەرچە مۇئامىلە قىلىڭلار، دەپ بۇيرۇدى. دوستلۇق بەلگىسى سۈپىتىدە جوچى خان شاھ جانابلىرىنىڭ ئەس- كەرلىرىگە ئېلىنغان ئولجىسىنىڭ بىر قىسمىنى ۋە ئەسىر ئېلىن- غان مەركىتلەرنى قول قىلىپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىدۇ.
شاھ شۇ چاغدا ئاتقا بىر قامچا ئۇردى، شاھ مۇھەممەدنىڭ قوۋۋەتلىك قوللىرى بىلەن توختىلىپ تۇرغان تورۇق ئات ئويناقلاپ كەتتى. شاھ شۇنداق مەشھۇر سۆزلىرىنى ئېيتقانىدىكى، بۇ سۆز- لەرنى ساراي تارىخ يازغۇچىسى مىرزا يۈسۈپ دەررۇ «ئۇرۇش ۋە قەھرىمانلىقلار ھەم شاھ ئېيتقان ھېكمەتلەر دەپتىرى» گە يېزىپ قويدى.
— سەن ئۆز سەركەردەڭگە شۇنداق دېگىن: ئەگەر چىڭگىز- خان ساڭا مەن بىلەن ئۇرۇشۇشنى مەنئى قىلغان بولسا، ئاللا ماڭا باشقىچە ئەمر بەرگەن. سىلەرنىڭ قوشۇنۇڭلارغا ھۇجۇم قىلىشنى، سىلەرگە ئوخشاش ئىپلاس مەجۇسىلەرنى قىرىپ تاشلاش بىلەن ئۆز مەرھەمىتىگە سازاۋەر بولۇشنى بۇيرۇغان!
خارەزم شاھىنىڭ سۆزىدىن گاڭگىراپ قالغان تىلماچ تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن سۆز ئاختۇرۇۋاتقاندا، شاھ مۇھەممەد جەڭگىۋار تەرتىپتە سەپ تارتىۋاتقان قوشۇنى تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كەتتى.
تىلماچ كۈتۈپ تۇرغان موڭغۇللارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئېيتىپ مىندى ـ دە، ھەممىسى ئۆز قوشۇنلىرى تەرىپىگە ماڭدى. بىر ئاز ئاستا يۈرۈپ، كېيىن ئۆز قارارگاھلىرىغا قاراپ ئات يايلىغا ئېڭىشىپ چېپىشىپ كەتتى.
ئۇرۇش قىزىپ كەتتى.
مويسىپىت مۇسۇلمان موڭغۇللار قارارگاھىغا ئەمدىلا يېتىپ

بارغاندا ، ئۇ يەردىن بىر نەچچە توپ چېرىك ئايرىلىپ چىقتى ۋە خارەزم شاھنىڭ قوشۇنى ئالدىغا ئاستا يۈرۈپ ، دۆڭلۈكنىڭ يانباغ-رىلىرىدا توختاشتى .

خارەزم شاھ خانلارغا بۇيرۇق بەردى :

— قوشۇن ئۈچ قىسىمغا : ئوڭ قاناتقا ، سول قاناتقا ۋە ئوتتۇرا قاناتلارغا بۆلۈنسۇن . ئىككى چەتتىكى قىسىم موڭغۇل قارارگاھىنى قورشىۋېلىشلىرى كېرەك . ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ قېچىپ قۇتۇلمى-سۇن . ئوتتۇرىدىكى مەن بىلەن بىللە بارىدىغان قىسىم ئېھتىيات قىسىم بولىدۇ ، بۇ قىسىمنى مەن كېرەك بولغان يەرگە سالىمەن . دۈشمەن بىزگە توپتوغرا ھۇجۇم قىلمايدۇ ، توپتوغرا ھۇجۇم قىلى-دىغان بولسا تېخىمۇ ياخشى ، ئۇلار شورلۇق يەردىكى پاتقاقلىقلارغا پېتىپ ھالاك بولۇشىدۇ .

شاھ دۆڭنىڭ چوققىسىغا چىقتى . ئۇرۇش بولىدىغان مەيدان سوزۇلۇپ كەتكەن چۆل كۆرۈنۈپ تۇراتتى . شاھ ئاتتىن چۈشۈپ گىلەمگە ئولتۇردى ، داستىخانچى شاھقا يىپەك داستىخان سېلىپ پەتنۇستا نان ، كىشمىش ۋە قوغۇن قېقىنى قويدى . ئۇ ئاپقۇر چىنىلەرگە قىمىز قۇيۇپ ، شاھنى يۈرۈشلەردە كۆزىتىپ يۈرۈپ ، ئۇنىڭدىن ئۇرۇش تەلىمى ئالىدىغان ئۈسمۈر بەگلەرگە ئۇزاتتى .

ئۇزۇق - تۈلۈك ئارتىلغان تېز يۈرەر تۆگىلەرنى چۆكتۈرۈش-تى . داستىخانچى خىزمەتكارلىرىنى ئىشقا سېلىپ ، ئالتۇن كوزىلار ، ئالتۇن پىيالىلەر ، شۇنىڭدەك ئەڭ مەززىلىك غىزالارنى ئالاتتى ۋە يۈرۈشتە چارچىغان شاھقا ياخشىلاپ زىياپەت بەردى .

ئوڭ قاناتتىكى قىسىمغا شاھنىڭ ياقتۇرمايدىغان ئوغلى جالا-لىددىن قوماندانلىق قىلاتتى . قارا ئايغىر چاپقىنىچە ئۇنى بارخان چوققىسىغا ئېلىپ چىقتى ، ياش خان كىچىككىنە قوراللىرى بىلەن قىسىق كۆزلىرىنى قوياشتىن يوشۇرۇپ ، ئۇرۇش مەيدانىغا كۆز تاشلىدى .

— قارا خەنجەرنى چاقىر ! — دەپ ۋارقىرىدى .

پاكار بويلۇق ، غوللۇق ، قىزىل چەكمەن كىيگەن تۈركمەن

يىگىت دۆڭدىن ئات چاپتۇرۇپ چۈشۈپ كەتتى ـ دە ، قارا پاپاخ ، قارا تون كىيگەن قاتاڭغۇر بىر ئاتلىقنى باشلاپ چىقتى . قارا خەنجەر جاالىددىننىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئېگىلىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى ، خان بولغۇسى ئۇرۇشنىڭ پىلانىنى چۈشەندۇردى . قارا خەنجەرنىڭ شۇڭقارنىڭكىدەك يۈزىدە ھېچقانداق ھاياجان ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى ، پەقەت ئۇكىنىڭكىدەك دومىلاق ۋە سارغۇچ كۆزلىرىدىلا خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى .

— كۆردۇڭمۇ ، ئەنە ئۇ شورلۇق يەرنى ؟ — دەيتتى جالالىددىن ، — بۇ يەر بىزگە ھەم ئەجەل ، ھەم بەخت بېغىشلىشى مۇمكىن . تاتارلارنىڭ سانى ئۇنچىلىك كۆپ ئەمەس ، بىز ئۇلاردىن ئۈچ ھەسسە كۆپ . بىراق ، مەسىلە ساندا ئەمەس ، ئەسكەرلىرىمىزدە ، ئۇلارغا ئىشەنگىلى بولارمۇ ؟ مەسىلە شۇنىڭدا ! ئۇلۇغۋاتقان مەركىتنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ، موڭغۇللارنىڭ سانى ھەممىسى بولۇپ يىگىرمە مىڭغا يېقىن . دېمەك ، بىزنىڭ توپىمىزغا ئۇلارنىڭ يېرىمى يۈرۈش قىلسا ، پەقەت ئون مىڭلا بولىدۇ . بىزدە بولسا تۈركمەنلەرنىڭ ئۆزىلا ئالتە مىڭ ، يەنە بەش مىڭ قارا خىتاي بار . ئەمما ، قارا خىتايلار پادىشاھقا موھتاجلىق ۋە ئاچلىقتىنلا بويۇن ئەگكەن . ئۇلار يۈرۈشكە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئەمەس ، باشقىلارنىڭ گۆلخانىدا قولىنى ئىسسىتىش ئۈچۈنلا چىققان . مەن ئۇلارنى ئۇرۇشقا ئالدىن كىرگۈزىمەن ، ئۇلار تاتارلارنىڭ ئۆلجىسىغا ئىلگىرىراق يېتىمىز ، دەپ خۇشاللىق بىلەن ئالغا يۈگۈرىدۇ . لېكىن ، شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى ، شۇ مەركىت تاتارلارنى «قۇترىغان يولۋاسلار» دەپ تەرىپلىدى . ئۇرۇشتا تاتارلار ئەلۋەتتە قارا خىتايلارنى يانجىپ ئۆتۈپ بىزگە ھۇجۇم قىلىشىدۇ . مانا شۇ چاغدا ئۇلارنى بىز پۈتۈن قەھرى ـ غەزىپىمىز بىلەن قارشى ئېلىشىمىز ، يان تەرەپتىن زەربە بېرىپ ، ئەنە شۇ پاتقاق شورلۇق يەرگە سۈرۈشىمىز كېرەك . ئۇ يەردە پاتقاقتا پېتىپ قېلىشلىرى شۈبھىسىز . بىز ھەممىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزىمىز ، شۇنىڭدىن كېيىن بىز دادامنى قۇتقۇزۇشقا بارىمىز . پادشاھ بۈگۈن شېرىن ئۇيقۇ ، ئۇر-

دەك گۆشلىرىنى ئۇنتۇشى كېرەك . ھاي يىگىتلەر ، تۈركمەن خانـ
لىرىغا بېرىپ ئېيتىڭلار ، بۇگۇن ئۇلارنى جەڭگە قاراقۇمنىڭ قاپـ
لىنى قارا خەنجەر ئېلىپ كىرىدۇ .

ئالتە يىگىت دۆڭلەرنىڭ ئۈستىدە تارقالغان تۈركمەنلەرنىڭ توپلىرىغا قاراپ چىقىپ كەتتى ، قوشۇن قارا خەنجەرنىڭ نامىنى ئاڭلىشى بىلەن غۇلغۇلىغا چۈشۈشتى . خۇراسان ۋە ئاسترائابادقا دەھشەت سالغان قارا خەنجەرنىڭ نامىنى كىم ئاڭلىمىغان ! قاراقۇم چۆلىنىڭ چاققان ۋە جەسۇر يىگىتىنىڭ جەردە ئات مىنىپ يۈرىدىغان شۇ كەم سۆزلۈك كىشى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئويلىمىغانىدى .

قارا خەنجەر تۈركمەنلەر تۇرغان يەرگە ئات چېپىپ كەلدى ، بىر نەچچە ئاتلىقلارنى ئالدىغا چاقىردى . ئۇلارغا ئۇرۇش پىلانىنى قىسقىچە چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ، ئۈچ مىڭغا يېقىن ئەسكەرنى دۆڭنىڭ كەينىگە ئېلىپ ئۆتتى . ئۇلار بۇ يەرگە مۆكۈنۈپ ، تاتارلارـ
نى پايلاپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى .

جالالىددىن قارا ئايغىرىدا قارا خىتايلارنىڭ ئالدىغا ئوقتەك ئۇچۇپ كەلدى ، كىگىز قالپاق كىيگەن پاكار ـ پاكار ۋە يوغلۇق ئاتلارغا مىنگەن قارا خىتايلار قىسقا نەيزىلىرىنى تۇتقان ھالدا تەرتىپسىز يوسۇندا تۇرۇشاتتى .

— باتۇر قارا خىتايلار ! — دەپ توۋلىدى جالالىددىن ، — سىلەر تاغ قاپلانلىرى ، ئۇرۇشتا ئەڭ قەھرىمان كىشىلەر ! مانا ، ئالدىڭلاردا قورققان ، تەمتىرەپ يۈرگۈچىلەرنىڭ قارارگاھى تۇرىـ
دۇ ، ئۇلار كېچىسى تام تەشكۈچى ئوغرىلاردەك بىزنىڭ ئولجىلىرىـ
مىزنى ئوغرىلاشتى . بۇ ئولجىلار بىزنىڭكى ، بۇ چۆللەرنىڭ ئىگىـ
سىنىڭكىدۇر . ئۈستىگە ئات سېلىڭلار ، خالىغىنىڭلارچە قارارگاـ
ھىنى تالاڭلار !

قارا خىتايلار ھەرىكەتكە كېلىپ ، ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە تاتارلارنىڭ قارارگاھىغا قاراپ مېڭىشتى ، چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلـ
دى . ئاتلىرىنى تېزلەتكەنسېرى ، ئۇلارنىڭ يىرتقۇچلارچە توۋلاشلىـ
رى ئەۋج ئالاتتى .

سۈسەر جۇۋسىنىڭ پەشلىرىنى بېلىگە قىستۇرۇۋالغان خارەزم شاھ مۇھەممەد گىلەمدە ئولتۇرۇۋېلىپ، چەك ۋە ئاپئاق چىشلىرى بىلەن ياۋايى ئۆردەكنىڭ پاقالچىقىنى غاجايتتى. ئۆردەكنىڭ ئىككىنچى پاقالچىقىنى شاھنىڭ ئەربابلىرى ئارىسىدا بولغان، چەك گىلەمدە شاھ بىلەن بىللە ئولتۇرۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن شەيخۇلئىسلام غاجاۋاتاتتى، ھەتتا بارلىق يۈرۈشلەردە شاھقا ھەمراھ بولىدىغان، شاھنىڭ سۆيۈملۈك كىشىسى، «قىلىچنىڭ دەستىسى، خاتىرجەملىكنىڭ قالقىنى» تېمۇر مەلىكمۇ ئۇلارنىڭ ھوزۇرىدا قول قوشتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ بۇ يۈرۈشتە ھەمىشە ئىبادەت قىلىپ، خۇدادىن پادىشاھقا غەلىبە تىلەش ئۈچۈن بىللە يۈرگەن شەيخۇلئىسلام بىلەن شاھ مۇھەممەدنىڭ مەنىلىك سۆھبەتلىرىنى تىڭشايتتى.

خارەزم شاھ چاقچاقلىشاتتى، چۆلدە توپ - توپ بولۇپ تۇرغان دۈشمەنگە قاراپ قويۇاتتى. ئەتىگەنكى تىنچ ۋە ساپ ھاۋادا، ئايرىم قىسىملارنىڭ ئارىسىدا ئوقتەك چېپىپ يۈرگەن ئاتلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ دۈگىلەك قالقانلىرىنىڭ پارقىرىشى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

موڭغۇل ئەزىمەتلىرىدىن بىر توپى ئالغا قاراپ چاپتى، ئۇلار قىپچاق يىگىتلىرى بىلەن توقۇنۇشتى... قىپچاقلار ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ چۈشەتتى. ئەسكەرلەردىن بىرى يىقىلدى، ئۇنىڭ ئېتى ئېگىرىنى قورسىقىغا چۈشۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېلەڭسىز دوڭغاقلاپ، چېچاڭشىپ چۆلگە قاراپ چېپىپ كەتتى.

كېيىن ھۇجۇم باشلاندى، بىر نەچچە توپ قىپچاق ئاتلىقلىرى سېرىق دەھشەتكە قاراپ ئات قويۇشتى.

شاھ غاجاۋاتقان ئۆردەك پاقالچىقىنى تەخسىگە قويۇپ:

— ھۇجۇمغا ئۆتۈڭلار، بەگلەر خۇدا مەدەت بەرسۇن! — دەپ توۋلىدى.

شاھنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن قىپچاق ئەسكەرلەر موڭغۇللارنى قورشاشقا باشلىدى. بىراق، موڭغۇللار بۇ قورشاۋنى يېرىپ چە-

قىپ كېتىشكىمۇ ئۇرۇنمىدى .
قارارگاھتىن بىر توپ موڭغۇل ئايرىلىپ چىقتى . مىڭ ئاتلىق يۈزدىن بولۇپ ، تۈمۈر ۋە چەم ساۋۇتلارغا ئورالغان كىچىككىنە ، يۈگۈلۈق ئاتلاردا توپ بولۇپ چېپىپ كېلىۋاتاتتى . ئۇلار چۆل بويلاپ تەرتىپسىز سوزۇلۇپ ، ئىككىلىنىپ تۇرغان قىپچاقلارنىڭ قاتىرىنى ئەلۋەتتە يېرىپ ئۆتۈشلىرى كېرەك ئىدى .
موڭغۇللار يىرتقۇچلاردەك چۇقان سېلىپ : «قۇۋ ! قۇۋ !» دېيىشەتتى .
قارارگاھتىن يەنە مىڭ ئاتلىق چىقىپ چۆلگە يېيىلدى . پولات قالپاقلار ، تۈمۈر قالقانلار ۋە ئەگمە قىلىچلار ئاپتاپتا پارقىرايتتى .
موڭغۇل چېرىكلىرى تۇپلىنىپ تۇرغان يەردىن ئادەملەر كەينى - كەينىدىن ئايرىلىپ چىقىپ : «قۇۋ ! قۇۋ !» دەپ ۋارقىراشقىنىچە ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقلىرىنى دۆڭنىڭ چوققىسىدا تۇرغان شاھ ئوچۇق كۆرۈپ تۇراتتى .
قىپچاقلار ھەرىكەتكە كەلدى ، ئەڭ چەتتىكى موڭغۇللار قارارگاھنى تالاشقا يول ئالدى . بىراق ، قارارگاھتىن يەنە بىر مىڭ چېرىك چىقىپ شۇ تەرەپكە ئات سالدى - دە ، قىپچاقلارنىڭ يولىنى توسىدى ، ئىككىلا توپ ئۇرۇشقا كىرىشتى .
ئۇرۇش مەيداندىن چاڭ كۆتۈرۈلدى . ئايرىم قىپچاقلار ئاتىنىڭ بويىنىغا يېتىۋېلىپ ، چۆل تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى .
شاھ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ :
— بۇنداق ئۇرۇشنى مەن ئەمدى كۆرۈشۈم ! — دېدى ئەنسىز ئىچىدە ساقىلىنىڭ ئۇچىنى بارمىقىغا ئورايتتى ۋە يىراقلارغا تىكىلىپ قارايتتى .
موڭغۇل توپلىرىدىن تۈتى كەينى - كەينىدىن تەرتىپلىك يوسۇندا شاھ ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدىن يول ئېلىپ ، ئۇنىڭ ئەرباپلىرى تۇرغان دۆڭگە قاراپ چېپىشتى .
موڭغۇللارنىڭ «قۇۋ ! قۇۋ !» دېگەن ۋارقىراشلىرى بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى .

بۇ قوشۇننى كىممۇ توختىتالايتتى؟ شاھ مۇھەممەد ئەتراپىغا كۆز سالدى، تېمۇر مەلىك ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇرۇش بولۇۋاتقان تەرەپكە چېپىپ غايىب بولغانىدى.

موڭغۇللارغا قارشى ئېتىلغان ئەڭ ياخشى قىپچاق قىسىملىرى ھۇجۇمغا ئۆتتى. موڭغۇللار يول ئېچىش ئۈچۈن بىر نەچچە مىنۇت توختاپ، كېيىن شاھ مۇھەممەد تۇرغان دۆڭگە قاراپ چېپىشتى.

— ئاتنى كەلتۈرۈڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى شاھ، — ئاتنى دەيمەن! — شاھ كۈتۈپ تۇرماستىن دۆڭنىڭ ئېتىكىگە، ئىككى ئات باقار قىزىل قۇيرۇقلۇق تورۇق ئايغىرنى تۇتۇپ تۇرغان جايغا يۈگۈرۈپ چۈشۈپ كەلدى.

شاھ ئاتقا سەكرەپ مىنىپ، چۆلگە چېپىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن يېقىن ئادەملىرى قورال - ياراغلىرى، ئېگەر جابدۇقلىرىنى جاراڭلىتىپ ۋە دۇمباقلىرىنى چېلىپ يولغا چۈشتى.

دۆڭنىڭ ئۈستىدە پۈكلىنىپ كەتكەن گىلەم، گىلەم ئۈستىدە مىس ۋە ئالتۇن قاچىلار، تۈرلۈك نازۇنېمەتلەر چېچىلىپ ياتاتتى. شامال چىپار شايى داستىخاننىڭ چېتىنى ھىلپىرلىتەتتى. شاھنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن پەقەت بىرسىلا قېچىپ ئۈلگۈرمىدى، ئۇ مويسىپىت شەيخۇلئىسلام ئىدى. شاھ مۇھەممەدنىڭ يېقىن كىشىلىرى ئۇنىڭ كەينىدىن يولغا چۈشكىنىدە، ئۇ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكەنىدى. ئۇ دۆڭنىڭ چوققىسىغا قايتىپ چىقتى، گىلەمنى تۈزىتىپ سالدى - دە، يۈكۈنۈپ ئولتۇردى ھەمدە ئاپئاق داكا سەللىسىنىڭ قېتىدىن ئالتۇن تەمتەكنى ئالدى.

موڭغۇللار دۆڭگە يېقىنلاشقىنىدا، باشلىقلاردىن ئۈچى ۋە كونا تىلماچ دۆڭنىڭ چوققىسىغا چىقتى. بۇلاردىن بىرىنچىسى ياش، ھومايىغان، قارا كۆز ۋە غۇجمەك ساقال ئىدى، ساقىلىنىڭ ئۇچى بۆرالغان ۋە سول قۇلىقىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتكۈزۈۋېتىلگەنىدى. ئىككىنچىسى قېرى، سېمىز، ئېغىر - بېسىق، ئوڭ قولى قايرىلغان موڭغۇل ئىدى. يۈزى پېشانىسىدىن ئېڭىكىگىچە تارتۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر كۆزى قىسىقراق، يەنە بىر كۆزى بولسا سىنچى-

لاپ ئەتراپىغا قارايتتى . ئۈچىنچىسى ئۇزۇن بويلۇق، ئورۇق، ھەممە يېرى پولات ساۋۇت بىلەن قاپلانغان كىشى ئىدى . بۇلارنىڭ بىرى چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جۇچى، ئىككىنچىسى خىتايدا داڭقى چىققان سەركەردىلەر — بىر كۆزلۈك سۇبەتەي باغادۇر بىلەن ئورۇق تۇقۇچار نويون ئىدى . ئىمام ھېچ نەرسىگە ئەھمىيەت بەرمەستىن ناماز ئوقۇيتتى، سەجدە قىلاتتى . تىلماچ : «ئۇ ناماز ئوقۇۋاتىدۇ» دېدى . ئىمام ئورنىدىن تۇردى - دە، تەزىم قىلغىنىچە يورغىلاپ موڭغۇللاردىن بىرىنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— ئۈچ يىلدىن بېرى مەن شاھى جاھان چىڭگىزخاننىڭ سادىق خىزمەتكارىمەن، — دەپ موڭغۇلغا ئالتۇن تەمتەكنى ئۇزاتتى، — خىتاينىڭ چوڭ يولىدا تۇرغان بىرىنچى موڭغۇل قورۇلىغا كارۋانلار ئارقىلىق ھەر ئايدا بىر مەكتۇپ ئەۋەتىپ تۇراتتىم . ئەمدى مېنى موڭغۇل قوشۇنىدا خىزمەت قىلىشقا قوبۇل قىلىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن، مەن خارەزمگە قايتىپ كېتىشنى خالىمايمەن...

تىلماچ ئىمامنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلدى، جۇچى خان ئالتۇن تەمتەكنى تارتىۋالدى .

— نىشانلىق كىچىك تەمتەك، — دېدى ئۇ . ھەر تەرەپكە ئاتلىقلار چېپىشۋاتقان دەشتتىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ، ئۇ ئالتۇن تەمتەكنى شەيخۇلئىسلامغا قايتۇرۇپ بېرىپ :

— ياق ! سەن ئۆز شاھىڭنىڭ ئىسسىق قوچىقىدا تۇرغىنىڭدىلا بىزگە كېرەكسەن، ئىشەنچلىك شاھىڭنىڭ ھوزۇرىغا قايتىپ بىزگە ساداقەت ئەرز قىلغان مەكتۇپلىرىڭنى ئەۋەتىۋەرگىن، — دېدى .

موڭغۇللار ئىمامنى دەررۇلا ئۇنتۇشتى، ئورۇش دۆڭنىڭ ئېتىكىگە يېقىنلىشىپ كەلمەكتە ئىدى . جالالىددىن قوماندانلىقىدىكى تۈركمەنلەر موڭغۇللارنىڭ سول قانىتىنى يېڭىپ، بىر قىسمىنى قىرىپ تاشلىدى، قالغانلىرىنى پاتقاق تەرەپكە سۈرۈشكە باشلىدى .

موڭغۇل سەركەردىلىرىنىڭ ئۈچىلىسىلا ئات چاپتۇرۇپ دۆڭ-

دىن پەسكە چۈشۈپ كەتتى .
ئۇرۇش كەچكىچە داۋام قىلدى . تۈركمەنلەر ۋە قارا خىتايلار دۈشمەننىڭ سول قانىتىغا ئۆتۈپ ھۇجۇم قىلىشتى ، ئۇلار توپ ـ توپ بولۇپ ئۇرۇشاتتى . موڭغۇللار گاھىدا تىرىپىرەن بولۇپ قاچاتتى ، گاھىدا ئاتلىرىنى بۇراپ قوغلاپ كېلىۋاتقان تۈركمەنلەرگە ھۇجۇم قىلاتتىيۇ ، يەنە قېچىشاتتى . گۇگۇم چۈشكەندىن كېيىن ، موڭغۇللار ھەممىسى بىردىن ئۆز قارارگاھلىرىغا قاراپ چېپىپ كېتىشتى .
خارەزم شاھ دۆڭگە قايتتى ۋە تەشۋىشلىك كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى ، ئەتراپتا ئارغامچىغا باغلانغان ئاتلىرىنىڭ يېنىدا قىپچاق ئەسكەرلىرى يېتىشاتتى .
ئۇزاقتا ئاسماندىن موڭغۇل گۇلخانلىرىنىڭ قىزغۇچ شولىسى ئەكس قىلاتتى ، گۇلخانلار كېچىچە ئۆچمىدى . قىپچاقلار : «موڭغۇللار ئەتىگەنلىك ئۇرۇشقا تەييارلىنىشىۋاتىدۇ» دېيىشەتتى .
دەشتنىڭ ھەممە تەرىپىدىن ئىگىرىغان ، ياردەم سورىغان ئۈنلەر ئاڭلىناتتى . چۈنكى ، بۇ ئۇرۇشتا قىپچاق قوشۇنىنىڭ يېرىمى ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ياربدار قىلىنغانىدى .
جالالىدىن خارەزم شاھقا سۆزىنى ماقۇللىتاتتى :
— موڭغۇللار بىزنىڭ قوشۇننى ھېچنېمە قىلالمىغان بىر چاغدا ، چېكىنىش ئۆز شۆھرىتىمىزنى يوقىتىش دېمەكتۇر . ئۇلار ھازىر ئۆز قارارگاھلىرىغا مۇستەھكەم ئورناشماقتا . دېمەك ، شۇ كېچىسى بىلدۈرمەي تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ، ھەممىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىش كېرەك !
شاھ مۇھەممەد سۆسەر جۇۋىسىغا ئورىلىۋېتىپ :
— ئۇرۇشنى ئەتىگە داۋام قىلدۇرىمەن ، — دېدى .
قۇياشنىڭ قىيپاش نۇرلىرى دەشتكە يېيىلىپ ، دۆڭلەرنىڭ ئۇزۇن سايىسى سوزۇلۇشقا باشلىغاندا ، خارەزم شاھنىڭ قوشۇنى يەنە ئۈچ قىسمىغا بۆلۈنۈپ ، موڭغۇللارغا ھۇجۇم قىلىشنى باشلىدى .

بىراق ، دۈشمەننىڭ قارارگاھىنى ئىس ـ تۈتەكلەر قاپلىغان گۈلخانلارنىڭ كەينى بوش ، بىرەرمۇ موڭغۇل چېرىكى يوق ئىدى ، پەقەت مەركىتلەرنىڭ يىرتقۇچلارچە پارچىلانغان جەسەتلىرىلا ياتاتتى ۋە بىر نەچچە ئاقساق تۆگىلەر يۈرەتتى .

موڭغۇللارنىڭ كەينىدىن ئەۋەتىلگەن تۈركمەنلەر توپى كەچكە يېقىن قايتىپ كەلدى .

— موڭغۇللار شۇنچىلىك تېزلىك بىلەن كۈنچىقىشقا قاراپ كېتىۋاتىدۇكى ، بىز پەقەت ئۇزاقلىشىۋاتقان چاڭ بولۇتلىرىنىلا كۆرەلىدۇق .

— ئۇلار ياخشى ئەسكەرلەر ئىكەن . مەن بۇنداق ئەسكەرلەرنى ئەمدى كۆرۈشۈم ! — دېدى خارەزم شاھ ئۆز قوشۇنىنى كەينىگە قايتىشنى بۇيرۇدى .

— بۇلار ئالدىنقى خەۋەرچىلەر ، — دېدى شاھقا جالالىد-دىن ، — ئۇلار چوڭ قوشۇن بولۇپ كېلىشىدۇ . ھازىر ئۇلارنىڭ پېيىگە چۈشۈپ ، نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقلىرىنى ، نېمىگە تەييارلى-نىۋاتقانلىقلىرىنى كۆزىتىپ ئېنىقلاپ ، ئۆزىمىزمۇ شۇنىڭغا قاراپ ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشىمىز كېرەك .

— سەن تەجرىبىسىز ئۇسمۇرلەردەك مۇلاھىزە قىلىۋاتى-سەن ، — دەپ جاۋاب قايتۇردى شاھ مۇھەممەد ، — موڭغۇللار بۇنىڭدىن كېيىن ھېچقاچان ماڭا ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالماس !

# تۆتىنچى قىسىم

# دۈشمەن چېگرىدا

## بىرىنچى باب

## موڭغۇل قوشۇنى ھۇجۇمغا تەييار

*بۇ پادىشاھ ئارتۇق دەرىجىدە رەھىمسىزكى، دا-
نالىقى ۋە غەلىبىلىرى بىلەن ئايرىلاتتى.*

(پارس چۆچەكلىرىدىن)

قارا ئەرتىش دەرياسىنىڭ بېشىدا، كۆپكۆك دەشتتىكى يالغۇز تۆپىلىكنىڭ ئېتىكىدە سېرىق شايى چېدىر تۇراتتى، بۇ چېدىرنى چىڭگىزخان خىتاي خانىدىن تارتىۋالغانىدى. چېدىرنىڭ كەينىدە ئاق كىگىز بىلەن يېپىلغان ئىككى يوغان موڭغۇل ئۆيى تۇراتتى، بۇلاردىن بىرىدە چىڭگىزخاننىڭ كېيىنكى خوتۇنى قۇلان (موڭغۇل-لار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن مەركىت خانىنىڭ قىزى) ئۆزىنىڭ قۇلقان دېگەن كىچىك ئوغلى بىلەن تۇراتتى؛ ئىككىنچى ئۆيدە يەتتە نەپەر خىتاي خىزمەتكارلار ياشايتتى.

چېدىرنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا تاشلاردىن ياسالغان بۇتلاردا ئوت ياناتتى، ئۇلۇغ قاغاننى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ ھەم-مىسى شۇ ئوتلارنىڭ ئارىسىدىن بىر قېتىم ئايلىنىپ ئۆتۈشلىرى

زۆرۈر ئىدى . چۈنكى ، شامانلارنىڭ ئېيتىشىچە : «ئوت ئادەمنى
يامان نىيەتلەردىن تازىلايدىكەن ، ھەمىشە يامان نىيەتلىك كىشىلەر
ئەتراپىدا كۆزگە كۆرۈنمەي ، ئىلىنىپ يۈرۈپ بەختسىزلىك ۋە
كېسەللىك كەلتۈرىدىغان ياۋۇزلار «دىۋىلەر» نى ھەيدىكەن» .
باقى ناملىق قېرى كۆك شامان ئۈچلۇق كىگىز قالپاق كىي-
گەن ، ئاپئاق تونلارغا ئورالغان تۆت ياش شامان بىلەن بۈتنىڭ
ئەتراپىدا داپ چېلىپ ئىلىنىپ يۈرىدۇ . تۆتىلىسى زىكىر ئارىسىدا
دۇئا ئوقۇشاتتى . ئوتقا نودىلار ۋە قورۇتۇلغان خۇش پۇراق گۈللەر-
نى تاشلىشاتتى .
چېدىرنىڭ بىر تەرىپىدە «سەتتار» دەپ ئاتالغان ئاپئاق ئايغىر
ئالتۇن قوزۇققا باغلىنىپ تۇرىدۇ ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوتتەك ياند-
دۇ ، يۇڭى كۈمۈشتەك پارقىرايدۇ . ئۇ شۇ ۋاقىتقىچە ئېگەرلەنمە-
گەن ، ئۇنى تېخىچە ئادەم بالىسى مىنمىگەن . شامانلارنىڭ سۆزلەپ
بېرىشىگە قارىغاندا ، چىڭگىزخاننىڭ يۈرۈشلىرىدە شۇ بوز ئاتنىڭ
ئۈستىدە موڭغۇللار قوشۇنىنىڭ ھامىيىسى ، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان
ۋە قۇدرەتلىك ئۇرۇش ئىلاھى سۇلدەر يۈرەرمىش ۋە ئۇلارنى بۈيۈك
غەلىبىلەرگە ئېرىشتۈرەرمىش .
چېدىرنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ھەر دائىم ئېگەرلەنگەن ياۋايى
چۆل ئاتلىرى جىنسىدىن بولغان كەڭ تۆشلۈك «نايمان» —
چىڭگىزخاننىڭ سۆيۈملۈك ، جەڭگىۋار جەردە ئېتى باغلاقلىق تۇرات-
تى ، ئۇنىڭ ئاياغلىرى ۋە قۇيرۇقى ، قوشقىنىمۇ قارا ئىدى .
سەتتارنىڭ يېنىدا ئۇزۇن بامبۇك ياغىچىغا ئورنىتىلغان چىڭ-
گىزخاننىڭ ئاق تۇغى تۇراتتى .
دۆڭنىڭ ئەتراپىغا ساۋۇت ۋە تۆمۈر قالپاقلار كىيگەن «تۇرغا-
ۋۇتلار» — قوروقچىلار جايلاشتۇرۇلغان . ئۇلار بۈيۈك قاغان چې-
دىرىنىڭ يېنىغا بىرەرمۇ ئادەم يېقىنلاشمىسۇن ، دەپ پايلاپ تۇرۇ-
شاتتى ، پەقەت يولۋاس بېشىنىڭ سۈرىتى سىيلىنغان ئالتۇن تەمتەك
بولغان كىشىلەرلا تۇرغاۋۇتلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ، شاھنىڭ سې-
رىق شايى چېدىرى تۇرغان يەرگە يېقىن كېلەلەيتتى .

بىرئاز نېرىدا، چۆلدە تاتار قارا ئۆيلىرى ۋە سېرىق تاڭغۇت يۇڭ چېدىرى كەڭ دائىرە بولۇپ ئورناشقان. بۇ چىڭگىزخاننىڭ خىللانغان شەخسىي كۈرەنى[1] — مىڭلىغان بوز ئاتلىق تۇرغاۋۇتلارنىڭ تۇراق جايى ئىدى. بۇلار ئاتاقلىق خانلارنىڭ ئوغۇللىرىدىن بولۇپ، قاغان بۇلاردىن يۈرەكلىك ۋە سادىقلىرىنى ئايرىم قىسىملارغا سەركەردە قىلىپ تەيىنلەشتى.

بۇنىڭدىن نېرىدا باشقا كۈرېنلار چۆلدىن تارتىپ قويۇق ئورمانلىق تاغلارغىچە يېيىلىپ كەتكەن. كۈرېنلارنىڭ ئارىسىدا تۆگىلەر ۋە ھەر خىل رەڭدىكى ئاتلار ئوتلاپ يۈرىدۇ. يىلقىچىلار تۈرلۈك يىلقىلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتمىسۇن ياكى تايلىق بىيىلەرگە يېقىنلاشمىسۇن، دەپ قولىغا ئارغامچا سېلىپ ئۇياقتىن - بۇياققا چېپىپ يۈرۈشەتتى.

مۇسۇلمانلار تۇپرىقىغا قەدەم قويۇشتىن ئىلگىرى، موڭغۇل ھۆكۈمرانى بۇخاراغا — خارەزم شاھ مۇھەممەدكە چوڭ سوۋغىلار بىلەن ئەلچى ئەۋەتتى، ئەلچىلەرگە باشلىق قىلىپ ئۆزىگە سادىق بولغان ئۈرگەنچلىك مۇسۇلمان، دۆلەتمەن سودىگەر، ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىن خىتايغا كارۋانلارنى ئەۋەتىپ تۇرغان مەھمۇد يالۋاچنى تەيىنلىدى، ئۇنىڭغا كۈنپېتىشتىكى ئەللەردە نېمە ئىشلار قىلىنىۋاتقىنىنى، قوشۇننىڭ ئەھۋالىنى ۋە خارەزم شاھنىڭ ئۇرۇشقا تەييار ياكى تەييار ئەمەسلىكىنى بىلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چىڭگىزخان ئۇ يەرگە كۆپلىگەن ئايغاقچىلارنىمۇ ئەۋەتتى.

---

[1] كۈرەن — موڭغۇللارنىڭ «كۈرىيەن» دېگەن سۆزىدىن ئېلىنغان. كۆچمەنلەرنىڭ بىر تۈركۈم ئۆيى (سەركەردىسىنىڭ ئۆيى مەركەزدە) تۇرغان يەر مەنىسىدە.

## ئىككىنچى باب

# شەرق ھۆكۈمرانىنىڭ ئەلچىسى

*ئۇلارنىڭ كىيىملىرىدىن ھامان يىراق ئۆلكە چې-*
*چەكلىرىنىڭ خۇش پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ .*

(پارس چۆچىكىدىن )

تارمار قىلىنغان سەمەرقەند خارەزم شاھىنىڭ ۋاقىتلىق پايتەخ-
تى بولۇپ قالدى . ئۆز بېشىمچى سەمەرقەندلىكلەر ئۈستىدىن غا-
لىب كەلگىنى شەرپىگە شاھ مۇھەممەد ئۇ يەردە چوڭ مەسچىت
سالدى ۋە چوڭ ساراي قۇرۇشقا باشلىدى . ئۇ ئۆزىنى ئىككى
مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەرگە ئوخشاش بۈيۈك پاتىھ ھېسابلايتتى ، ئۆ-
زىگە سادىق قىپچاقلار قوشۇنى بىلەن ئالەمنىڭ نېرىقى چېتىگىچە
بېرىشنى ، خارەزم شاھلار تۇپرىقىنىڭ چېگرىسىنى نېرىقى يېقى
قاراڭغۇلۇق بولغان ئاخىرقى دېڭىزغىچە[1] كېڭەيتىشنى ئويلايتتى .
ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي ۋە ئەڭ قورقۇنچلۇق دۈشمىنى دەپ
ئەمىرەسلىمىنلىك ئۇنۋانىنى بېرىشتىن باش تارتقان باغداد خەلىپى-
سى ناسىرنى تارمار قىلىشنى ۋە نەيزە ئۇچىنى مۇقەددەس باغدادنىڭ
چوڭ مەسچىتى ئالدىدىكى مەيدانغا سانجىپ ، كېيىن ئاتنى بۇراپ
كۈنچىقىشقا قاراپ ، ئۆز بايلىقلىرى بىلەن داڭ چىقارغان يىراق
خىتاينى قولغا ئېلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىش كېرەك ئىدى .
شاھ مۇھەممەد كۆپ قوشۇن يىغدى ، ئۇ كۆك بايرىقىنى

---

[1] ئۇ ۋاقىتلاردا يەر ئەتراپى چەكسىز دېڭىزلار بىلەن ئورالغان ئارال دەپ ھېسابلە-
ناتتى .

كۆتۈرۈپ ، ئىران ئارقىلىق ئەرەب خەلىپىلىرىنىڭ پايتەختى بولغان باغدادقا قاراپ يۈردى .

بىراق ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي ، شاھ قوشۇنىنىڭ ئىسسىق كېيىندۈرۈلمىگەن ئالدىنقى قىسىملىرى ئىران تاغلىرىدا قار بورىنىغا ئۇچراپ ھالاك بولدى . ئۇلار كۆچ - قۇۋۋەتلىرىنى يوقىتىپ دەرمانسىزلانغانلىرىدىن كېيىنلا ، كۇردلار تەرىپىدىن قىرىلدى . بۇ بەختسىزلىك شاھ مۇھەممەدنى توختاشقا مەجبۇر قىلدى ، شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ خەلىپە بىلەن كۈرۈشۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە شۈبھىلىنىپ قالدى . «بۇ خۇدانىڭ غەزىپى كەلگىنىنىڭ ئالامىتى ئەمەسمۇ ؟ » دەپ ئويلىدى -دە ، بۇخاراغا قايتىپ «ئۆزىنىڭ سەپەر جابدۇقى» نى ۋاقىتىنچە توختاتتى .

توشقان يىلى (1219 - يىلى ) كۈزدە بۇ يەرگە موڭغۇللار ، تاتارلار ، خىتايلار ، شۇنىڭدەك كۆنچىقىشتا ياشايدىغان باشقا خەلقلەرنىڭ ئۇلۇغ قاغانى بولغان چىڭگىزخاندىن كۆپ ئەلچى كەلدى . خارەزم شاھقا يەنە تاتارلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالدى ...

شاھ سارىيىنىڭ ئىگىز دەرۋازىسى ئالدىغا ياخشى چۆل ئاتلىرىغا مىنگەن چىڭگىزخاننىڭ ۋەكىللىرى كەلدى ، بۇلار ھەر يىلى خارەزمدىن ئاسىيانىڭ ھەممە تەرىپىگە كارۋانلار ئەۋەتىدىغان دۆلەتمەن ئۈچ مۇسۇلمان سودىگەر ئىدى . ئۇرگەنچ ، بۇخارا ۋە ئوترار شەھەرلىك[1] بۇ سودىگەرلەر كۆپتىن بېرى چىڭگىزخاننىڭ خىزمىتىدە ئىدى . بۇنداق دۆلەتمەن سودىگەرلەر ئادەتتە سودا ئورۇنلىرى تۈزەتتى ۋە سودا ئىشىدا بەختلىرىنى سىنىماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ پۇلىنى ئىشلىتىشكە ئالاتتى . جىق پۇلغا سېتىۋېلىنغان ماللار

① ئوترار شەھىرى — موڭغۇللارنىڭ ئىستىلاسىدىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ شەھەرلەردىن بىرى بولغانىدى . 1219 - يىلى بۇ شەھەر چىڭگىزخان تەرىپىدىن خانىۋەيران قىلىنىپ ، ئۇنىڭ ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قىرىپ تاشلانغان . ئاقىۋەتتە ئۇ قايتىدىن تىكلەنگەن ، ئۇنىڭ نامى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئۇچرايدۇ . بىراق ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاۋاتلىقى ۋە بايلىقىغا ئېرىشەلمىدى . ھازىر ئۇنىڭ نورغۇنلىغان قورغانلىرى ۋە دۆڭلۈكلىرى ئاستا - ئاستا شەھەر خارابىلىرىنىڭ تېگىدە كۆمۈلۈپ يوقاپ كەتكەن . بۇ خارابىلىك تاشكەند — ئورېنبۇرگ تۆمۈريولىنىڭ تېمۇر ئىستانسىسى يېنىدا .

ئۇچۇن پۇل تۆلەش توغرىسىدا بۇلارنىڭ بەرگەن بۇيرۇقلىرى ھەممە يەردە — يىراق كۇنچىقىشتىمۇ، شۇنىڭدەك كۇنپېتىشتىمۇ توختىماستىن ئىجرا قىلىناتتى، پۇلنى ئۇندۇرۇۋېلىش بولسا ھۆكۈمەت خەزىنىسىگە چۈشىدىغان سېلىقتىنمۇ تېز ئورۇنلىناتتى.

خارەزم شاھ مۇھەممەدكە ئاتالغان سوۋغىلار يۈزلىگەن تۆگە ۋە يۈكلۈك قوتاز قوشۇلغان ھارۋىلاردا كەلدى، كوچىلارغا توپلانغان خالايىقنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق. ئەلچىلەرگە ئاجرىتىلغان شەھەردىن تاشقىرىدىكى سارايدىن تارتىپ ئاركىنىڭ دەرۋازىسىغىچە يېڭنە تاشلانسا يەرگە چۈشمەيتتى. بۇ سودىگەرلەرنىڭ خىتاي شايىسىدىن بىر خىلدا تون كىيىپ ياسانغان خىزمەتكارلىرى تۆگىلەردىن يۈكلەرنى چۈشۈرەتتى ۋە يېشەتتى، ئاجايىپ ۋە ئېسىل سوۋغىلارنى شاھنىڭ سارىيىغا ئېلىپ كىرىشەتتى.

سوۋغىلارنىڭ ئىچىدە قىممەت باھا ۋە تېپىلمايدىغان مەدەن پارچىلىرى، كەركىداننىڭ مۈڭگۈزى، ئېپار سېلىنغان خالتىلار، قىزىل ۋە ھال رەڭ مارجانلار، چاقماق تېشى، ئېسىل سەدەپتىن ئىشلەنگەن تۇرلۇك قاچىلار، پەقەت خانلارغىلا تارتۇق قىلىنىدىغان، ئاق تۆگىنىڭ يۇڭىدىن توقۇلىدىغان «تارغۇ» دېگەن گەزمال توپلىرى، ئالتۇن ئارىلاش توقۇلغان شايى كىمخابلار بار ئىدى. ئاخىرى خىزمەتكارلار يوغانلىقى تۆگىنىڭ بويىنىدەك كېلىدىغان، خىتاي تاغلىرىدا تېپىلغان ئالتۇن پارچىسىنى ئېلىپ كىردى، بۇ ئالتۇن پارچىسىنى يۈكلۈك قوتازلار قوشۇلغان ھارۋىدا كەلتۇرگەنىدى.

خارەزم شاھ ئەلچىلەرنى قاراخانىيلار ئەۋلادىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۇلتانى ئوسماندىن قالغان كونا ئېگىز تەختنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرۇپ قوبۇل قىلدى، شاھ ۋە ئۇنىڭ ئەربابلىرى كىمخاب تون كىيىشكەنىدى. شاھ ئويلانغان ۋە پەرۋاسىز قىياپەتتە ئولتۇراتتى، توپلانغانلارنىڭ ئۇستىدىن يىراقلارغا قارايدۇ. تەختنىڭ يېنىدا ئۇلۇغ ۋەزىر، شاھنىڭ باشقا ئالىي ئەمەلدارلىرى تۇرۇشاتتى.

ئەلچىلەرنىڭ ئۇچىلىسىلا يەرگىچە تەزىم قىلىپ يەردە ئولتۇ-

رۇپ، كېلىشلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى. ئېگىز بويلۇق تولۇق كەلگەن كىشى — باش ئەلچى مەھمۇد يالۋاچ سۆز باشلىدى:

— بارلىق موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانى، ئۇلۇغ چىڭگىزخان سىلەر بىلەن دوستلۇق، تىنچلىق ۋە بۇرادەرلىك ئالاقىسىنى باغ-لاش ئۈچۈن، بىزنى پەۋقۇلئاددە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلۇغ قاغان خارەزم شاھقا ئەۋەتكەن سوۋغا - سالاملىرىمىزنى تاپشۇرۇش بىلەن بىللە، تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىشنى بۇيرۇدى، — مەھمۇد يالۋاچ ئەلچىلەردىن بىرىگە ئاق يىپ ئۆتكۈزۈپ كۆك موم بىلەن تامغىلانغان قەغەزنى ئۇزاتتى.

ئىككىنچى ئەلچى — ئەلى خوجا بۇخارائى ئوقۇشقا باشلىدى:

«مەن سېنىڭ مەرتىۋەڭ قانچىلىك ئۇلۇغ ئىكەنلىكىدىن، پادىشاھلىقىڭ قانچىلىك كەڭ ۋە قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىدىن خەۋەر-دارمەن، شۇنىڭدەك سېنىڭ شاھلىق ھۆرمىتىڭنىڭ دۇنيادىكى كۆپ ئەللەر ئالدىدا يۇقىرىلىقىنىمۇ بىلىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، خارەزم شاھ، سەن بىلەن دوستلۇق ئالاقىسىدە بولۇشنى ئۆزۈمنىڭ بۇرچۇم دەپ بىلىمەن. چۈنكى، سەن ماڭا پەرزەنتلىرىمنىڭ ئىچىدە ئەڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتىمدەك قەدىرلىكسەن...»[①]

— پەرزەنتىم؟ نېمە دېدىڭ، پەرزەنتىم دېدىڭمۇ؟ — خۇددى ھازىر ئۇيقۇدىن ئويغانغان كىشىدەك ۋارقىرىدى شاھ، بېلىگە ئې-سىلغان خەنجىرىنىڭ سەدەپ دەستىسىنى تۇتتى - دە، بىرئاز ئېڭىشىپراق ئەلچىگە تىكىلدى. ئەلچى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

«... شۇ ئۆزۈڭگە ئاياندۇركى، مەن خىتاي پادىشاھلىقىنىڭ شىمالىي پايتەختىنى ئېلىپ، ئۇنى ئۆزۈمگە ئىتائەت قىلدۇردۇم، ئۇنىڭدىن تاشقىرى ساڭا قاراشلىق يەرلەرگە قوشنا تۇپراقلارنىمۇ قولغا ئالدىم...»

شاھ باش چايقاپ قويدى - دە، ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈك

---

① شۇ زامانلاردا شەرقتە بىر دۆلەت باشلىقى پەقەت ئۆزىگە بويسۇنۇشلۇق بولغان باشقا ھۆكۈمەت باشلىقىنىلا پەرزەنتىم دەپ ئاتايتتى.

سالغان بارمىقىغا قاپقارا ساقىلىنى ئوراشقا باشلىدى.
«... ماڭا قاراشلىق يەرلەر مېنىڭ يېگىلمەس قوشۇنۇمغا قارارگاھ ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ يەرلەردە كۈمۈش كانلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ھەممىدىنمۇ سەن ياخشىراق بىلىسەن. مېنىڭ ناھايىتى كەڭ يەرلىرىمدە تۇرلۇك ئوزۇق ـ تۈلۈكلەر يېتىشىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تاشقىرىغا چىقىپ ئۆزۈمگە ئولجا ئىزدەشتە ھېچقانداق ئېھتىياجىم يوق. ئۇلۇغ شاھ ئەگەر سەن بىر ـ بىرىمىزنىڭ تۇپرىقىمىزغا سودىگەرلىرىمىز ئۈچۈن يول ئېچىشنى پايدىلىق دەپ بىلسەڭ، ئىككىلىمىزگىمۇ پايدىلىق بولىدۇ ۋە ئىككىلىمىزمۇ بۇنىڭدىن چوڭ قانائەت ھاسىل قىلىمىز.»
ئەلچىلەرنىڭ ئۈچىلىسىلا كۈنپېتىشتىكى مۇسۇلمان ئۆلكىلەرىنىڭ قاغانى كۆچمەن كۈنچىقىشتىكى ئەللەر ھۆكۈمدارىنىڭ مەكتۇپىگە بېرىدىغان جاۋابىنى كۈتەتتى. خارەزم شاھ ئۈنچىقماستىن جىم ئولتۇرۇۋەردى. ئۇ باش ۋەزىر بىر نەزەر تاشلاپ، ئالتۇن ئۈزۈك سالغان قولىنى خۇشياقماسلىق بىلەن كۆتۈرۈپ ئىشارەت قىلدى.
باش ۋەزىر چىڭگىزخاننىڭ نامىسىنى تەنتەنە بىلەن قوبۇل قىلىپ، شاھ مۇھەممەدكە قارىدى. شاھ مۇھەممەد بولسا چىۋىننى قورۇۋاتقاندەك يەنە قول سىلكىتىپلا قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن، باش ۋەزىر ئېگىلىپ باش ئەلچى مەھمۇد يالۋاچنىڭ قۇلىقىغا ئاستاغىنا پىچىرلىدى:
— بۈيۈك قوبۇل مۇراسىمى تۈگىدى. ئەمدى پادىشاھ مەرھەمەت قىلىپ، ئىشى زۆرۈر كىشىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ.
ئەلچىلەرنىڭ ئۈچىلىسى ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، كەينىگە يۈرۈپ ئىشىكتىن چىقتى. ئىككىنچى خانىدا ۋەزىر كەينىدىن يېتىشىپ بېرىپ، مەھمۇد يالۋاچنىڭ قۇلىقىغا:
— كېچىسى كۆرۈشىمىز! — دەپ پىچىرلىدى.

## ئۈچىنچى باب

# شاھنىڭ ئەلچى بىلەن كېچىسى قىلغان سۆھبىتى

*كۈچلۈكمەن دېمىگىن، ئۆزۈڭدىن كۈچلۈكرەككە يولۇقىسەن. مەن ھەييارمۇ دېمىگىن، ئۆزۈڭدىنمۇ ھەييارغا ئۇچراپ قالىسەن.*

(قىرغىز ماقالى)

كېچىسى خىزمەتكار مەھمۇد يالۋاچنى موڭغۇل ئەلچىلىرى كىلىپ چۈشكەن سارايدىن ئېلىپ كەلدى. ئېگەرلەنگەن ئاتلار قىرى چىنارنىڭ تېگىدە كۈتۈپ تۇراتتى. مەھمۇد يالۋاچ ئايدىڭدا، ئاتلىقلار ئارىسىدا باش ۋەزىرمۇ بارلىقىنى بايقىدى.

— سەن مەن بىلەن كېتىسەن، ئاتقا مىن! — دېدى ۋەزىر.

ئۇلار ئۇيقۇغا پاتقان بۇخارانىڭ قاراڭغۇ كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ ئېگىز تامنىڭ يېنىدا، تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئالدىدا توختاشتى. مەلۇم يوسۇندا تاقىلدىتىلغاندىن كېيىن، دەرۋازا ئاستا ئېچىلدى. ئىچكە-رىدە ساۋۇت ۋە تۆمۈر قالپاق كىيگەن قاراۋۇل تۇراتتى، ئايدىڭدا ئۇ خۇددى كۈمۈشتىن قۇيۇلغاندەك كۆرۈنەتتى. مەھمۇد يالۋاچ ۋەزىرنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ، باغدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، باغدىكى كۆلدە ئاق قۇشلار ئۈزگەيتتى، كۆلنىڭ يېنىدىكى شىپاڭدا خوتۇن-لارنىڭ پىچىرلاشقان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى.

ئۇ مېڭىپ ناھايىتى چىرايلىق شىپاڭغا چىقتى. قېلىن پەردە كەينىدە كىچىككىنە، پارچە گۈللۈك زەدىۋاللار بىلەن بېزەلگەن بىر ئۆي بار ئىكەن. ئېگىز كۈمۈش شامدانلاردا يوغان موم شاملار

چارسلداپ ياناتتى ، كەشمىر رەختىدىن چىپار تون كىيگەن شاھ مۇھەممەد شاھى پەر ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى .
مېھمانىنىڭ تەبرىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، شاھ :
— يېقىنراق ئولتۇر ! — دېدى ، — مەن سەن بىلەن ئۆزۈم ئۈچۈن مۇھىم ئىشلار توغرىسىدا خالىي جايدا سۆزلەشمەكچىمەن . سەن مېنىڭ پۇقرايىم بولۇپ ھېسابلىنىسەن ، سېنىڭ ئەسلىڭ خارەزملىك ، ئۇرگەنچلىكقۇ ؟ سەن ئىپلاس مەجۇسىي ئەمەس ، مۆ-مىن مۇسۇلمانسەن . دېمەك ، سەن ھازىر جېنىڭ ، دىلىڭ ، قىلى-مىشلىرىڭ بىلەن ئىسلام دۈشمەنلىرىگە ساتقىن ئەمەس ، بەلكى بارلىق مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئىكەنلىكىڭنى ماڭا ئىسپات قىلى-شىڭ كېرەك .
— سۆزىڭىز توغرا ، ئەلۋەتتە پادىشاھ ! مەن ئۇرگەنچتە تۇغۇل-غانمەن ، — دەپ مەھمۇد يالۋاچ شاھ مۇھەممەدنىڭ ئايىغىغا تىزلان-دى ، — شاھ ئالىيلىرىنىڭ سۆزلىرىگە ھۆرمەت ۋە خۇشاللىق بىلەن قۇلاق سالىمەن ، ئىسلام ئېلىنىڭ ھۆكۈمدارىغا جېنىمنىڭ بارچە خىزمەت قىلىمەن ، مانا خىزمەت قىلىشقا تەييارمەن .
— ئەگەر سوئاللىرىمغا توغرا جاۋاب بەرسەڭ ، سەندىن ھىم-مىتىمنى ئايىمايمەن . ۋەدەمدە تۇرۇشۇمغا مانا بۇ گۆرۈ ! — دەپ شاھ ئۆزۈكىدىكى دۈرنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى ، — لېكىن ئۇن-تۇمىغىن ، ئەگەر يالغانچىلىق ياكى ساتقىنلىق قىلساڭ ، ئەتىنىڭ ئۆزىدىلا قوياش يۈزىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم بولىسەن .
— نېمە قىلاي شاھىم ! خىزمەتلىرىگە تەييارمەن !
— مەن سەندىن تاتارلار قاغانى چىڭگىزخان توغرىسىدا مەلۇ-مات ئالماقچىمەن . سەن ئۇنىڭ ئالدىدا مېنىڭ كۆزۈم ۋە قۇلىقىم بولۇشۇڭنى خالايمەن . سەن ئۇ يەردە ماڭا ئىشەنچلىك ئادەملەر ئارقىلىق پات - پات خەتلەرنى ئەۋەتىپ ، چىڭگىزخانىنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى ، ئۇ قانداق نىيەتتە ئىكەنلىكىنى ۋە قەيەرگە يۈرۈش قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرىسەن . شۇلارنى ئورۇنلاي-مەن ، دەپ قەسەم قىل !

— پادشاھىم ، خۇدا ھەققى خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن ۋە خىزمىتىڭىزنى قىلىمەن ! — دەپ ساقىلىنى سىلاپ قويدى مەھمۇد يالۋاچ .

— بۇ يەردە يەنە بىر كېچە ـ كۈندۈز تۇرۇپ ، مېنىڭ تارىخ يازغۇچۇم مىرزا يۇسۇپكە چىڭگىزخان توغرىسىدا كۆرگەن ـ بىلـ گەنلىرىڭىنى ، ئۇنىڭ قەيەردىن كېلىپ چىققىنىنى ، قانداق ئۇرۇشـ لار قىلغىنىنى ۋە قانداق قىلىپ تاتارلارغا ھۆكۈمران بولغىنىنى سۆزلەپ بېرىسەن ! — دېدى شاھ .

— جېنىم بىلەن سۆزلەپ بېرىمەن ، پادشاھىم !

— چىڭگىزخاننىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ، ئۇ ھازىر قۇدرەتلىك خىتاي ئۆلكىسىگىمۇ ھۆكۈمران ، ھەتتا خىتاينىڭ پايتەختىنىمۇ قولغا كىرگۈزگەنمىش .

— ھەقىقەتەن شۇنداقمۇ ياكى قۇرۇق ماختانچاقلىقمۇ ؟

— ئەزىبىرايى خۇدا ، راست ! بۇنداق ئۇلۇغ ۋەقەنى يوشۇرۇپ بولمايدۇ . بۇنىڭ راست ئىكەنلىكىگە يېقىندا ئۆزىڭىزمۇ قانائەت ھاسىل قىلىسىز شاھىم ، — دەپ جاۋاب بەردى مەھمۇد يالۋاچ .

— پەرەز قىلايلى ، شۇنداق بولسۇن ، — دېدى شاھ ، — لېكىن ماڭا قاراشلىق يەرلەر چەكسىز ، قوشۇنۇم ھېسابسىز ئىكەنـ لىكىنى بىلسەڭ كېرەك ، ئەلۋەتتە ؟ شۇنداق بولغاندىن كېيىن ، ئۇ مەجۇسىي ، پادىچى مېنى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قۇدرەتلىك ھۆكۈمدارىنى «ئوغلۇم» دەپ ئېيتىشقا قانداق جۈرئەت قىلـ دى ؟ — شاھ كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئەلچىنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئالدىغا تارتتى ـ دە ، كۆزلىرىگە قاتتىق تىكىلدى ، — ئېيت ھازىر ، ئۇنىڭ قوشۇنى قانداق كۈچكە ئىگە ؟

مەھمۇد يالۋاچ خارەزم شاھىنىڭ سۆزلىرى تېگىدە قانداقتۇر غەزەپ يوشۇرۇنغىنىنى سەزدى ـ دە ، ئۇنىڭ غەزىپى ۋە ئۆلۈم جازاسىدىن قورقۇپ قول قوشتۇرۇپ ، ھۆرمەت بىلەن جاۋاب بەرـ دى :

— سىزنىڭ سان ـ ساناقسىز ۋە يېڭىلمەس قوشۇنۇڭىزغا

قارىغاندا ، چىڭگىزخاننىڭ قوشۇنى دەريادىكى سامان پارچىسى !

— توغرا ! — دېدى شاھ ۋە ئەلچىنى ئىتتىرىۋەتتى ، — مېنىڭ قوشۇنۇم كۆپ ۋە يېڭىلمەستۇر ، بۇنى پۈتۈن دۇنيا بىلىدۇ ، سەنمۇ ماڭا ھەممىسىنى توغرا ئېيتتىڭ . بىر كۈندىن كېيىن ، سەن مېنىڭ تاتار پادىشاھى مەكتۇپىگە بېرىدىغان جاۋابىمنى ئالىسەن . مەن ساڭا ۋە موڭغۇل سودىگەر ھەمراھلىرىڭغا مۇسۇلمانلار ئېلىنىڭ ھەممە يېرىدە ئەركىن سودا - سېتىق قىلىش ۋە ئەركىن يۈرۈش ئۈچۈن قەغەز يازدۇرۇپ بېرىمەن . سەن ھازىر ۋەكىلىم بىلەن بىللە بارغىن ، ئۇ سېنى دۇگىلەك ھۇجرىغا ئېلىپ بارىدۇ . ئۇ يەردە سېنى مېنىڭ تارىخ يازغۇچۇم قېرى مىرزا يۈسۈپ كۈتۈپ تۇرۇپتۇ .

خارەزم شاھ بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ سۆھبەتنىڭ تامام بولغانلىقىنى بىلدۈردى - دە ، چاۋاك چېلىپ خىزمەتچىنى چاقىردى .

## تۆتىنچى باب

# چىڭگىزخان توغرىسىدا ئەلچى نېمىلەرنى دېدى

*ھېچكىمنىڭ كەينىدىن يامانلىمىغىن، تامىمۇ ئۇ-نىڭغا يەتكۈزىدۇ.*

(شەرق ماقالى)

ۋەكىل ئەلچىنى ئەگەشتۈرۈپ سارايىنىڭ ئەگرى - توقاي ۋە ئايلانما تارچۇقلىرىدىن ئېگىز گۈمبەزلىك دۈگىلەك بىر ھۇجرىغا ئېلىپ كىردى. تامنىڭ تۈۋىدە تۈنۈكە قاپلانغان قارا ساندۇقلار تۇراتتى، تار جاۋەنلەرنىڭ تەكچىلىرىدە توپا باسقان قەغەز باغلاملىرى ياتاتتى.

مەھمۇد يالۋاچ «شاھنىڭ كىتابخانىسى بولسا كېرەك!» دەپ ئويلاپ، بىرئاز كۆڭلى ئارام تاپتى. ئۇ زەي زىندانغا ئېلىپ چۈشۈپ، سوراق قىلىپ قىينار، دەپ ئويلىغانىدى.

گىلەمنىڭ ئۈستىدە ئورۇق قىپقىزىل كۆزلىرى ياشاڭغىراپ تۇرغان بىر بوۋاي مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ يېنىدا مۇلايىم ۋە بالىدەك بىر ياش مىرزا خەت يېزىپ ئولتۇراتتى.

ۋەكىل زۆرۈر ئىشى بارلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى.

ئېگىز بويلۇق، قامىتى كېلىشكەن، قىزىل شايى تون، ئۇزۇن، ئۇچى ئېگىلىپ چۈشكەن قالپاق كىيگەن ئەلچى كۆك كەشتىنى يېشىپ بوۋاينىڭ يېنىغا باردى ۋە كۆرسىتىلگەن يەرگە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. ئىككىلىسى پاتىھە ئوقۇپ بولغاندىن، كېيىن،

بىر ـ بىرىدىن ھال ـ ئەھۋال سوراشتى .
ئەلچى سۆزلەشكە باشلىدى :
— ئۇلۇغ شاھ ساڭا تاتارلارنىڭ قاغانى توغرىسىدا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمنى سۆزلەپ بېرىشنى بۇيرۇدى . مەن ئادەتتە قاغاننىڭ تىلماچى بولىمەن ، ھازىر بۇ يەرگە بولسا ئەلچى بولۇپ كەلدىم ...
— قۇلىقىم سەندە ، ئېيتقانلىرىڭنى دىققەت بىلەن ئاڭلايمەن ، ئەزىز مېھمان . ئۇلۇغ شاھ ماڭىمۇ شۇنى بۇيرۇغان ، سەندىن ۋەتىنىمىز ئۈچۈن كېرەكلىك مەلۇماتلارنى سورىۋېلىپ ، ھەممە ئاڭلىغانلىرىمنى سارايىنىڭ مەخپىي تارىخ كىتابىغا يېزىۋېلىشىم كېرەك .
مەھمۇد يالۋاچ يەرگە قاراپ بىرئاز جىم بولۇپ قالدى . ئۇ : «بۇ يەردە ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى بىر نەچچە كۈندىن كېيىن سارايىنىڭ ھەممە غەيۋەتچىلىرىگە مەلۇم بولىدۇ . ئەگەر بىرەر ئەھمىيەتلىك مەلۇمات بەرمىسەم ، غەزەپلەنگەن شاھتىن بالاغا قالىمەن . ئەگەر ئېيتىپ بەرسەم بۇ كېچىدىكى سۆھبەتتىن ئۇلۇغ تاتار قاغانى خەۋەردار بولۇشى تۇرغانلا گەپ . قانداق قىلسام بولىدىكىن ؟ چىڭگىزخاننىڭ ئايغاقچىلىرى بۇ يەردىمۇ بار ، ئەلۋەتتە...» دەپ ئويلايتتى .
ئەلچى ئۆزىدىن تەشۋىش ۋە غەمگە چۆكۈپ ، سەدەپ تەسۋىسىنى تارتىشقا باشلىدى .
— مەن كۆپ نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرىمەن ، ئاڭلىغان كىشىنىڭ ئەقلى ھەيران قالىدۇ ، — دېدى ئۇ ، — بۇلار ئادەتتىكى ئىشلاردىن شۇنچىلىك يىراق ، بۇ سۆزلەرگە تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئۆزۈممۇ ئىشەنمەي قويىمەن . مۇبادا مەن بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان دېسەم ، بەربىر سەن نېمىشقا يالغان ئېكەنلىكىنى بىلىشكە قىزىقىپ قالىسەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ، مەن ئاڭلىغانلىرىمنى سۆزلەپ بېرىمەن ، ھەر كىممۇ پۈتۈلىشىدۇ . ئەگەر بىرەر كىشى : «مەن كامالەتكە يەتتىم ، ئەمدى پۈتۈلمەيمەن» دەيدىغان بولسا ، ئۇنداق

كىشى بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق!

مەھمۇد يالۋاچ سۆزدىن توختىدى ۋە قېشىنى كۆتۈرۈپ ياش مىرزىنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى بۇنچىلىك تېزلىك بىلەن يېزىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئەجەبلەندى. قومۇش قەلەم قەغەزنىڭ ئۈستىدە يېنىك يۈرەتتى، چىرايلىق ئەرەب ھەرپلىرىدىن تۈزۈلگەن سۆزلەر كەينى ـ كەينىدىن تەكشى قۇر بولۇپ تىزىلاتتى.

بۇ يىگىت نېمىشقا ھەممىسىنى يېزىۋاتىدۇ؟ تاتارلار توغرىسىدا تېخى مەن سۆز باشلىغىنىم يوققۇ!

— ئۇ يىگىت ئەمەس، بەنت زەنكىجە. مەن كۆزدىن قالدىم، قوللىرىمۇ تىترەيدىغان بولۇپ قالدى، ماڭا نەۋرەم ياردەم بېرىدىغان بولدى. ئۇ چاپسان ۋە چىرايلىق يازىدۇ، ئۆزى ئەرەب خەتتاتلىرىدەك خۇش خەتچى. لېكىن، بۇ قىز ماڭا ئۇزاق ۋاقىت ياردەمچى بولالمىسا كېرەك. ئۇ ھېلىتىنلا «قارا كۆزلەر»، «لېۋىدىكى خاللار» توغرىسىدا بېيىت ئېيتىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېقىن ئارىدا مېنى تاشلاپ كەتسە كېرەك، دەپ قورقىمەن... شۇنداق بولىدىغان بولسا، قوللىرىمنى قوشتۇرۇپ «مۇقەددەس تاشقا»[1] يۈزۈمنى سۈرتۈپ يېتىشتىن باشقا ئىلاجىم قالمايدۇ.

قىز خەتتىن بېشىنى كۆتۈرمەي، يېزىشنى داۋام قىلدۇرۇپ:

— مەن سىنى ھېچقاچان تاشلاپ كەتمەيمەن بوۋا! — دېدى.

بوۋاي يەنە ئەلچىگە مۇراجىئەت قىلدى:

— پادىشاھ بىزگە بېرىدىغان مۇھىم، كېرەكلىك مەلۇماتلىرىڭ ئۈچۈن، سېنى كاتتا تارتۇقلاشقا ۋەدە قىلدى. پەرۋاسىزلىقىمىز نەتىجىسىدە، ئىسلام ئېلىگە كۈچلۈك دۈشمەن تۇيۇقسىزدىن ھۇجۇم قىلىپ قالسا ياخشى بولمايتتى، ئەلۋەتتە! سەنمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش مۇسۇلمانغۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا بىزنى ئاگاھلاندۇرۇش قولۇڭدىن كېلەمدۇ؟ چوڭ مۇكاپاتقا ئىگە بولىسەن.

---

[1] «مۇقەددەس تاش» — مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي مەركىزى بولغان مەككىدە ھاجىلار تاۋاپ قىلىدىغان ئاسماندىن چۈشكەن يوغان قارا تاش (مېتېئورىت).

— ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس ! — دېدى ئەلچى خۇرسەنلىك بىلەن چىرايى ئېچىلىپ ، — جاھانكەچتىلىكتە تارتقان ئازابلىرىم بەدىلىگە ۋەكىللەر ماڭا دۇئا قىلىشسۇن ، مەھشەر كۈنى يۈزۈم يورۇق بولسا بولدى !

قىزنىڭ لەۋلىرىدە ئاجايىپ كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى . ئۇ ئەلچىگە ، ئۇنىڭ غوللۇق گەۋدىسىگە ، ئالتۇن ئۈزۈكلەر سالغان بارماقلىرىغا ئىشەنچسىز قاراپ قويدى ، ئەلچى دېمەكچى بولغان ھەر بىر سۆزىنى ئۇيلاپ جىم بولۇپ قالدى .

— نىيىتىڭگە يېتىسەن ! — دېدى بوۋاي خەيرخاھلىق بىلدۇرۇپ .

ئورۇق ، چاچلىرى ئاپئاق ۋە ئېگىز بوي بىر خىزمەتكار تورلۇك مېۋىلەر سېلىنغان كۈمۈش پەتنۇسنى كەلتۈرۈپ مېھماننىڭ ئالدىغا قويدى ـ دە ، كوزىـدىن كۈمـۈش قەدەھلەرگە قىپقىزىل مەينى قۇيدى .

— سارايىنىڭ كونا مېيىنى تېتىپ كۆرگىن ، — دېدى تارىخچى ، — ئاۋۋال بىزگە موڭغۇللار ۋە تاتارلار قانداق خەلق ئىكەنلىكىنى ، ئۇلارنىڭ قەيەردە ياشاشلىرىنى ، سانى قانچە ۋە قانداق ئۇرۇش قىلىشلىرىنى ئېيتىشىڭ كېرەك . ئۇلار چېگرىمىزدا تۇيۇقسىزدىن پەيدا بولۇشىدۇ ، خۇددى قورقۇنچلۇق يەجۇج ـ مەجۇجلەرگە ئوخشايدۇ .

ئەلچى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى :

— موڭغۇللارمۇ ، تاتارلارمۇ سەھرا ئادەملىرى ، ئۇلار يىراق شەھەر — ئەللەردە بىر ـ بىرلىرىگە قوشنا بولۇپ ياشايدىغان كۆچمەن خەلقلەردۇر . ئۇلارنىڭ چەكسىز يەرلىرى ئوتلۇق ، سۈيى كەم چۆللەردىن ئىبارەت . بۇ يەرلەر يىلقا ، قوي ۋە تۆگىلەرنى بېقىشقا ياخشى ، چۈنكى بۇ ھايۋانلار كۆپ ئوت يېيىشىدۇ ، بىراق كەم سۇ ئىچىدۇ ...

مىرزا يۇسۇپ ئەلچىنىڭ سۆزىنى بۆلدى :

— ئۇلار قوشۇن سۈپىتىدە بىز ئۈچۈن خەۋپلىكمۇ ياكى خەۋپسىزمۇ ؟

— ئەگەر مەن موڭغۇل ۋە تاتارلار ئۆز قوشنىلىرى ئۈچۈن مۇدھىش يەجۇج ـ مەجۇجلەردەك خەۋپلىك ئەمەس دېسەم، ئىسلامغا خىيانەت قىلغۇچى، ساتقىن ئالدامچى بولاتتىم...

— خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن! — دېدى قېرى مىرزا يۇسۇپ.

— ئۇلار ئۆز تەبىئىتى يېقىدىن ئۇرۇشقاق خەلق. يۈز يىلدىن بېرى بىر قەبىلە ئىككىنچىسىگە دۈشمەن بولۇپ ئۇرۇشۇپ كەلگەن... بۇگۈن شۇنداقلا بىر تاتار خانى مىڭلاپ ئات، ھېسابسىز قوي ۋە يۈزلىگەن پادىچىلارغا ئىگە. بۇ قويچىلار ئاچ ـ يالىڭاچ ۋە دائىم نارازى، چۈنكى ھەر بىر قويچىنىڭ قارىمىقىدا ئاچ ئولتۇرغان خوتۇنى ۋە بالىلىرى بار... خان قويچىنىڭ سەۋر ـ تاقىتى قالمىغىنىنى، يىرتقۇچتەك ھۇۋلىغىنىنى كۆرسە، دەررۇ: «قوشنا قەبىلىگە بېسىپ بارىمىز! ئۇ يەردىن قورسىقىمىزنى تويغۇزۇپ، باي بولۇپ قايتىمىز!» دەپ بۇيرۇيدۇ. شۇنداق قىلىپ، خان ئۆزىنىڭ قويچىلىرى بىلەن يۇرۇشكە چىقىدۇ... بەزىدە ئۇرۇش شۇنداق تۈگەيدۇكى، بۇ خانىنى كىشەنلەپ مال ـ مۈلكى ۋە قويچىلىرى بىلەن ھەر قايسىسىنى تۆت دەرخەمدىن سېتىۋېتىدۇ، ئۇلارنى بولسا ئۈچىنچى بىر قوشنا قەبىلە ياكى قۇل سودىگەرلىرى سېتىۋالىدۇ...

—بۇلارنى ئېيتىشتىن مەقسەت نىمە؟ — دېدى تەنە قىلىپ تارىخچى، — بىزگە تاتار خانىنىڭ قۇللىرى ۋە باشقا ئۇششاق سۆزلەر توغرىسىدا ئەمەس، ئۇلارنىڭ قوشۇنى، قورالى، چېرىكىنىڭ سانى ۋە جەڭگىۋار سۈپەتلىرى توغرىسىدا سۆزلىگىن!

ئەلچى مەينى ئالدىرىماستىن ئىچتى.

— تاغقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن، — دېدى ئۇ، — بەزىدە ئاۋۋال دەريالاردىن، كۆللەردىن ۋە شورلۇق يەرلەردىن ئۆتۈش كېرەك بولىدۇ...

— مۆھتەرەم مېھمان، شورلۇق يەرلەر توغرىسىدا ئەمەس، ئاۋۋال تاتار پادىشاھى توغرىسىدا سۆزلىگىن.

— خارەزم شاھنىڭ مېيى ناھايىتى خۇش پۇراق ئىكەن ! — دېدى مەھمۇد يالۋاچ پەرۋاسىزلىق بىلەن ، — ئىلاھىم شاھنىڭ دۆلىتى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كەم بولمىسۇن ! ئۇرۇشقاق تاتار خانلىرى ئىچىدە تېمۇچىن دېگىنى ئۆزىنىڭ ئۇرۇشلاردا قولى ئۇزۇنلۇقى ، دۈشمەنگە شەپقەتسىزلىكى ، دوستلارغا مۇرۇۋۋىتى ، ھۇجۇمدا چاققانلىقى بىلەن باشقا خانلاردىن ئايرىلىدۇ . بۇ تېمۇچىن خان ئىلگىرى كۆپ جەبىر - جاپالارنى كۆرگەن . ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا ، تېمۇچىن ياشلىقىدا ھەتتا خىزمەتكارمۇ بولغانىكەن . ئۇ بوينىغا تاقاق سالغان ھالدا دۈشمەن قەبىلىلىرىنىڭ[1] تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرىدا ئەڭ ئېغىر ئىشلارنى ئورۇنلاپ كەلگەنىكەن . بىراق ، ئۇ ئۆزىنىڭ زەنجىرى بىلەن قاراۋۇلنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ ، ئۇ يەردىن قاچقانىكەن . شۇنىڭدىن كېيىن بىر نەچچە يىل ئۇرۇشلاردا بولۇپ ، باشقا خانلارنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈمران بولۇشقا تىرىشقانىكەن ... خانلار داڭلىق خانلارنىڭ خاھىشىغا قاراپ ئىش قىلار ، دېگەن ئۈمىدتە ئاق كىگىزدە قاغان قىلىپ كۆتۈرۈشكەنلىرىدە ، تېمۇچىن ئەللىك ياشتا ئىدى . بىراق ، تېمۇچىن ھەممىنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى ، ئۆزىگە يېڭى «چىڭگىزخان» («خۇدا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن» ) دېگەن نامنى قويدى . ئىتائەتسىز قەبىلىلەرنى تارمار قىلىپ قول قىلدى ۋە سەركەردىلىرىنى بولسا تىرىكلىكىچە قازانلارغا تاشلىدى...

— بۇ قانداق دەھشەت ! — دەپ ئاھ ئۇردى تارىخچى ، — بىراق ، سەن ئۇلۇغ تاتار قاغانىنىڭ قوشۇنى توغرىسىدا سۆزلىمەستىن ، دەھشەتلىك ھېكايىلەر سۆزلەش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتىسەن !

ئەلچى يەنە بىر پىيالە مەي ئىچىۋالدى . تارىخچى «سارايىنىڭ مېيى ئۆتكۈر ، ئەلچى خارەزم شاھقا كىرەكلىك سۆزلەرنى ئېيتىپ ئۈلگۈرەمدىكىن ياكى مەست بولۇپ قالارمىكىن ؟» دەپ خەۋپسىرەپ قالدى . قىرى ئورۇق خىزمەتكار كۈمۈش قەدەھكە يەنە مەي

---

[1] چىڭگىزخان ياش ۋاقتىدا نامرات ۋە موھتاجلىقتا ياشىغان ، قوشنا قەبىلىگە ئەسىر ئېلىنىپ ، قىيچىپ قۇتۇلغىنىچە ئۈچ يىل ئېغىر قۇللۇق ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرگەن .

قويدى .

— مەن قوشۇن توغرىسىدا سۆزلەۋاتىمەن - دە ، — دېدى خاتىرجەملىك بىلەن ئەلچى ، — چىڭگىزخان ئۇلۇغ قاغان ئاتالغان كۈندىن باشلاپ ، ئىلگىرى بىر - بىرىگە دۈشمەن بولغان تاتار قەبىلىلىرى بىرلەشتى ۋە كۈچلۈك قوشۇنغا ئايلاندى . ئۇنىڭ ئۆزى تاتارلارنى بۆلۈپ ، ئۇلارغا مىڭبېشى ، يۈزبېشى ۋە ئونبېشىلار تەيىنلىدى . كونا سەركەردە بولۇپ كەلگەن خانلاردىن قايسىسىغا ئىشەنمىسە بوشاتتى ، شۇنىڭدەك ئۇ جاكارچى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يېڭى ياسىقىنى ئېلان قىلدى . بۇ ياساققا بىنائەن ھېچبىر كۆچمەن قەبىلە باشقا بىر قەبىلىگە دۈشمەن بولۇشقا ، ئۇنى بېسىشقا ، تالاشقا ياكى ئالداشقا ھەققى يوق . شۇنداق جىنايەت قىلغان كىشى ئۈچۈن پەقەت بىرلا جازا — ئۆلۈم !

— چىڭگىزخاننىڭ ياسىقى تاتارلاردىن باشقا قەبىلە كىشىلىرىنى تالاش ۋە ئالداشقا يول قويامدۇ ؟

— ئەلۋەتتە ! — دېدى ئەلچى ، — تاتار بولمىغان قەبىلىدىكىلەرنى تالاش ۋە ئۆلتۈرۈش ئۇلاردا ھەتتا شەرەپلىك ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

— چۈشىنىشلىك ، — دەپ پىچىرلىدى تارىخچى ، — ئاددىي چارۋىچىلار بۇنىڭغا نېمە دېيىشتى ؟ ئۇلاردا شۇنىڭ بىلەن ئاچارچىلىق ئازايدىمۇ ؟

— چىڭگىزخان ئۆزىگە بويسۇنغان قەبىلىلەرنى يەر يۈزىگە خۇدا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بىردىنبىر دانا خەلق ، بۇ خەلق بۇنىڭدىن كېيىن «موڭغۇللار» ، يەنى «غالىبلار» دېگەن نامغا ئىگە بولىدۇ ، دەپ ئېلان قىلدى . يەر يۈزىدىكى باشقا خەلقلەر بولسا موڭغۇللارنىڭ قۇللىرى بولۇپ قېلىشلىرى كېرەك دەيدۇ . چىڭگىزخان ئۆزىگە بويسۇنمىغان قەبىلىلەرنى يەر يۈزىدىن زىيانلىق قۇرتلاردەك يوق قىلىپ ، پەقەت موڭغۇللارنىلا قالدۇرىدۇ .

— دېمەك ، تاتارلار قاغانىنىڭ بىزنىڭ چېگرىمىزغا كېلىشتىن مەقسىتىمۇ مۇسۇلمانلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ئىكەن - دە ؟

لېكىن، بىزنىڭ پادىشاھ قوشۇنى سان ـ ساناقسىز قەھرىمان ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپقان، ئۇلار ئىسلامنىڭ مۇقەددەس كۆك تۇغى ئاستىدا شىردەك ئۇرۇشىدۇ، شۇنداق شەۋكەتلىك مۇسۇلمان قوشۇنى خارەزم شاھ ئەلائىددىن مۇھەممەدتەك شانلىق سەركەردە چارۋىچىلارنىڭ ئەخمەق قاغانىغا تەسلىم بولىدۇ، دەپ ئويلاش ئەقىلسىزلىق، ئەپسانە! قوشۇنىمىزنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەرۋاھلىرى قوللايدۇ، ئۇنىڭغا غەلىبىلەر بېغىشلايدۇ!

ئەلچى سېمىز قوللىرىنى قوشتۇرۇپ قورسىقىغا قويدى ۋە خۇرسىنىپ كۆزلىرىنى يۇمدى.

— سۆزلىگەنلىرىمنى ئەپسانە، چۆچەك، دەپ ئېيتىسەن دېگەنىدىمغۇ!

— ياق، ياق، ئەزىز مېھمان! سۆزۈڭنى داۋام قىل! سۆزلەۋاتقانلىرىڭ پەۋقۇلئاددە ۋە غەيرىي تەبىئىي نەرسىلەر بولسىمۇ ئاڭلاۋاتىمەن.

ئەلچى قەددىنى رۇسلىدى. قىز مېھماننىڭ كۆزلىرىدىن ھوشيارلىق ۋە دانالىق ئەكس ئېتتۈۋاتقىنىنى سەزدى، بىراق مېھمان ھارغاندەك يەنە كۆزلىرىنى يۇمدى ـ دە، ئېرىنچەكلىك بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— تاتار قاغانى قارىسا، خانلار ھامان بۇرۇنقىدەكلا ئاچ كۆز، ئاددىي قويچىلارنىڭ ئاچ ـ يالىڭاچلىقى كۆچەيدى، تاتار خەلقى ئىلگىرى ئۆزئارا ئۇرۇشۇشقا ئورۇنسىز سەرپ قىلغان كۈچىنى ئەمدى يىغىۋالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاددىي چارۋىچىلار ئۆز خانلىرىغا قارشى چىقمىسۇن، دەپ چىڭگىزخان بۇ توپلانغان كۈچنى باشقا تەرەپكە بۇراشقا قارار قىلدى. ئۇ قۇرۇلتاي چاقىردى، ئەڭ مەشھۇر خانلارنى يىغىپ شۇنداق دېدى: «سىلەر يېقىندا بۈيۈك يۇرۇشكە چىقىسىلەر، ئۇرۇشتىن نۇرغۇن ئالتۇن، يىلقىلار، مىڭلىغان مال ۋە ھۈنەرۋەن خىزمەتكارلارغا ئىگە بولۇپ قايتىسىلەر، نامرات قويچىلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزىمەن، ئۇلارغا شايىدىن كىيىملەر كىيگۈزىمەن، ھەر بىرىگە بىر نەچچىدىن ئەسىر قىز

بېرىمەن. بىز ئەڭ باي ئەلنى قولغا ئالىمىز، سىلەر شۇنچىلىك بېيىپ قايتىسىلەركى، ئالغان ئولجىلىرىڭلارنى يۈكلەپ ئېلىپ كەلگىلى ئات ـ ئۇلاغلار يەتكۈزەلمەي قالىسىلەر...» كۆكلەمدە، چۆل مايسا ئوت بىلەن قاپلانغاندا چىڭگىزخان ئاتلىق ئاچ قوشۇننى باي قەدىمكى خىتايغا ئېلىپ باردى. ئۇ ئالدىغا چىققان خىتاي قوشۇننى يەر بىلەن يەكسان قىلدى، مىڭلىغان خىتاي شەھەرلىرى-نىنىڭ كۈلىنى كۆككە سورىدى ۋە ئاخىرى ئۈچ يىل دېگەندە خىتاي ئېلىنىڭ يېرىمىنى بويسۇندۇرۇپ، ناھايىتى نۇرغۇن ئولجىلار بى-لەن چۆلدىكى يايلاقلىرىغا قايتتى.

— ئىلاھىم بۇنىڭدىن ئۆزى ساقلىسۇن، — دەپ پىچىرلىدى تارىخچى.

— بۇ سۆزلىرىمۇ ساڭا چۆچەكتەك تۇيۇلغاندۇر؟ ۋەھالەن-كى، بۇنىڭ ھەممىسى بولغان ئىش!

— ماڭا ئېيتقىنا، مۇھتەرەم مەھمۇد يالۋاچ، بۇ ئادەتتىن تاشقىرى سەركەردە چىڭگىزخان قانداق ئادەم ئۆزى؟

— ئېگىز بويلۇق كىشى، ھازىر ئاتمىش ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇ تېخى ناھايىتى كۈچلۈك. سالماقلاپ قەدەم تاشلىشى ۋە قوپال ھەرىكەتلىرىدىن ئېيىققا ئوخشايدۇ، ھەييارلىقتا تۈلكە، ئاچچىقى يامانلىقتا يىلان، ئەپچىللىكتە قاپلان، ھارماسلىقتا تۆگە، ئۆزىگە ياققان كىشىگە مېھرىبانلىقتا ئۆز بالىلىرىنى ئەركىلەتكۈچى چىشى شىر. پېشانىسى كەڭ، ئۈچكە ساقال، كۆزلىرى سېرىق ۋە مۈشۈككە ئوخشاش، كىرپىك يۇممايدۇ، ھەممە خانلار ۋە ئاددىي چېرىكلەر ئۇنىڭدىن خۇددى يانغىن ياكى چاقماقتىن قورققاندەك قورقىدۇ. ئەگەر ئۇ ئون چېرىكلىرىگە دۈشمەننىڭ مىڭ چېرىكىگە ھۇجۇم قىل دەپ بۇيرۇسا، چېرىكلەر ئويلاپ ئولتۇرماستىن كېتى-ۋېرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار غەلىبە قىلىشقا ئىشىنىدۇ، چىڭگىزخانمۇ ھەرقاچان غەلىبە قىلىدۇ...

— مەن خېلى ياشقا باردىم، — دېدى تارىخچى، — قەھرىمان، باتۇر سەركەردىلەرنى كۆپ كۆردۈم. ئەمما، سەن ئېيت-

تىۋاتقاندەك كىشىنى تېخى ئۇچراتقىنىم يوق... سېنىڭ ئېيتقانلى-
رىڭ چۆچەككە ناھايىتى ئوخشايدۇ... سەن ماڭا شۇنى چۈشەندۈرۈپ
بەرگىن : ھەر بىر قويچىسىنى باي ۋە دۆلەتلىك قىلغان تاتار قاغانى
ئەمدى ئۆزى ۋەتىنىدىن ئۇزاق بولغان بىزنىڭ چېگرىدا نېمە قىلىپ
يۈرىدۇ ؟

ئەلچى قەدەھتىكى مەينى ئىچىپ تاماملىدى ـ دە ، يەنە كۆزلى-
رىنى يۇمۇپ تەۋرىنىپ كەتتى . تارىخچى يەنە مەي قۇيماقچى بولۇپ
تۇرغان خىزمەتكارغا قاراپ ھومىيىپ قويدى . بىراق ، ئەلچى كۆز-
لىرىنى ئېچىپ بوش تۇرغان كۈمۈش قەدەھنى كۆردى ـ دە ،
خىزمەتكارغا ئىشارەت قىلدى ، خىزمەتكار بولسا قەدەھكە تولدۇ-
رۇپ يەنە قىپقىزىل مەي قۇيدى .

— بۇ قەدەر كۆپ ئىچىۋاتقىنىڭىزغا ئەجەبلەنمە ! سەن ئۆزۈڭمۇ ،
مۆھتەرەم مىرزا يۇسۇپ ، ياردەمچىڭمۇ بىر يۇتۇم ئىچمىدىڭلار .
دېمەك ، ئۆزۈم ئۈچ كىشىنىڭ ھەققىنى ئىچىشىم كېرەك بولۇپ
قالدى ، — مەھمۇد يالۋاچ قولىدا قەدەھ تۇتقان ھالدا ئاستا تەۋرى-
نىپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — ئۇلۇغ قاغان ئۆزىنىڭ يېرىدە ئۈچ
يىل دەم ئالدى ، قوشۇنىنىڭ يېرىمىنى خىتايدا قالدۇردى . چۈن-
كى ، ئۇ يەردە خەلق ھازىرغىچە ئۆز ۋەتىنىنى ھىمايە قىلىش
ئۈچۈن كۈرەشنى داۋام قىلدۇرماقتا . قوشۇنىنىڭ قالغىنىنى بولسا
تاغلار ۋە سەھرالاردىن كۆنۈپىتىشقا ئېلىپ كەتتى...

تارىخچى قۇلاقلىرىنى ئېرتىپ :

— بىر بالا بولىدۇ ، ئەلۋەتتە ! — دەپ ئىڭرىدى .

ئەلچى سۆزىنى داۋام قىلدى :

— خانلارنىڭ ئاچ كۆزلۈكى ، ئاددىي كىچىك چەنچىلەرنىڭ
ئاچ ـ يالىڭاچلىقى چەكسىز . خانلار ئەڭ ياخشى ئولجىنى ئۆزلىرى-
گە ئېلىپ ، كەمبەغەللەرگە قالدۇقلىرىنى بېرىشتى ، دەپ چېرىك-
لەر نالە قىلىشىدۇ . شۇ چاغدا چېرىكلەر بىر ـ بىرلىرىنى ۋە ئۆز
خانلىرىنى ئۆلتۈرۈشمىسۇن ، دەپ چىڭگىزخان ئۇلارنى يىراققا ئې-
لىپ كېتىشكە قارار قىلدى...

— ھازىر تاتار قوشۇنى قانچە؟

ئەلچى ئۇيقۇسىرىغان ۋە ئاڭلىنار - ئاڭلانماس ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى:

— چىڭگىزخان كۇنپېتىشقا ئون بىر تۈمەن چېرىك ئېلىپ كەتكەن. ھەر بىر تۈمەن — ئون مىڭ ئاتلىق تاتاردىن ئىبارەت، ھەر بىر ئاتلىقنىڭ يېنىدا ئېھتىيات ئۈچۈن ئېلىنغان بىر ياكى ئىككى كۆتەل ئېتى بولىدۇ...

— دېمەك، تاتار قاغانىنىڭ چېرىكى ھەممىسى بولۇپ بىر يۈز ئون مىڭ ئاتلىق دەڭ؟ — دېدى تارىخچى، — بىزنىڭ پادىشاھىنىڭ چېرىكى ئۇنىڭكىدىن تۆت ھەسسە كۆپ. ئەگەر ئۇ غازاتقا بىزنىڭ بارلىق قەبىلىلىرىمىزنى چاقىرغۇدەك بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ئىسلام قوشۇنىغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ!

— مەنمۇ خارەزم شاھ ئەلائىددىن مۇھەممەد ھەزرەتلىرىگە خۇددى شۇنداق دېمەكچىمەن! شاھ مۇھەممەدنىڭ قوشۇنى ئالدىدا — ئىلاھى يۈز يىگىرمە يىل پادىشاھلىق قىلسۇن — بەربىر، تاتار قوشۇنى دەريادىكى بىر تامچە! ھەقىقەتتە، كۈنپېتىشقا يۈرۈش ۋاقتىدا، يولدىن تاتار قوشۇنىغا ھەممە چۆل خەلقلىرى — ئۇيغۇرلار، ئالتايلىقلار، قىرغىزلار ۋە قارا خىتايلار قوشۇلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن چىڭگىزخانىنىڭ قوشۇنى پاتلا كۆپىيىشكە باشلىدى، بۇ ئەپسانە ئەمەس!

ئەلچى تەۋرەندى، قولى بىلەن گىلەمگە تاياندى، كېيىن سوزۇلۇپ يېتىپ قالدى. قىز ئۇنىڭ بېشىغا يېشىل ساھتىيان[①] ياستۇق قويۇپ بېرىپ، قېرى مىرزا يۈسۈپنىڭ قولىقىغا:

— تولكىدىنمۇ ھەييار ئىكەن! ھەقىقەتنى ئېيتقۇسى كەلمەيۋاتىدۇ، — دەپ پىچىرلىدى.

— ئەلچىلەر شۇنداق بولىدۇ! ساپ دىل ئەلچىنى قەيەردىن تاپاتتىڭ!

ۋەكىل كىردى، ئۇخلاپ ياتقان ئەلچىنى نېمە قىلىشنى بىلـ

① ئۆچكە تېرىسىدىن ئىشلەنگەن ياستۇق.

مەي ، ھەممىسى ئۇزاق ۋاقىتقىچە كۇتۇپ ئۇنچىقماي ئولتۇرۇشتى .
— مەھمۇد يالۋاچ تۇيۇقسىز كۆزىنى ئېچىپ بىردىنلا ئورنىدىن تۇردى ۋە غودۇڭشىپ ئەپۇ سورىدى :
— مەستلىكتە سىلەرگە نېمىلەر دېگىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ! سۆزلىرىمنى بىكارغا يېزىۋالدىڭلار ! بۇ خەتلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىڭلار !
ۋەكىل ئەلچىنى سارايىنىڭ تار ۋە قاراڭغۇ يوللىرىدىن باشلاپ ، باغنىڭ ئارقا ئىشىكى ئالدىغا ئېلىپ چىقتى . ئۇ يەردە ئېگەرلەنگەن ئاتلار كۇتۇپ تۇراتتى ، يىگىتلەر دەلدەڭشىۋاتقان مەھمۇد يالۋاچنى قىيىنچىلىق بىلەن ئاتقا مىندۇرۇشتى . بۇلار تاڭ قاراڭغۇسىدا ئۇيقۇغا چۆمگەن بۇخارانىڭ جىمجىت كوچىلىرىدىن ئۆتۈشۈپ ، شەھەردىن تاشقىرىدىكى شاھنىڭ يازلىق سارىيىغا بېرىشتى .
بىر كۈندىن كېيىن ، مەھمۇد يالۋاچ شاھتىن جاۋاب يېزىلغان خەتنى ئېلىپ تاتار ئەلچىلىرى بىلەن كۇنچىقىشقا — بارلىق تاتارلارنىڭ ئۇلۇغ قاغانى تۇرىدىغان جايغا يول ئالدى .

## بەشىنچى باب

# ئۇلۇغ قاغان ئەلچىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلايدۇ

*چىڭگىزخان ئېگىز بويلۇق قاۋۇل ئادەم ئىدى،*
*كۆزلىرى مۈشۈكنىڭ كۆزىگە ئوخشايتتى.*

(تارىخچى جوزجانىي، XIII ئەسىر)

ئۈچ ئاتلىق تاتارلارنىڭ قارا ئۆيلىرىنى ئارىلاپ تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ تىۋىت چەكمەنلىرى خۇددى ئورۇشۇۋاتقان بۈركۈتلەرنىڭ قانىتىدەك يېيىلغان. ئىككى تۇرغاۋۇت نەيزە بىلەن يولنى توسىدى، ئاتلىقلار ئاتتىن چۈشۈپ، چاڭ باسقان چەكمەنلىرىنى قۇمنىڭ ئۈستىگە تاشلاشتى.

كەلگەنلەردىن بىرى قىزىل يوللۇق تونىنى تۈزىتىۋېتىپ:

— قاغاننىڭ مەرتىۋىسى ئۇلۇغ بولسۇن! مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلدۇق! — دېدى.

يېقىندىكى بىر قارا ئۆيدىن يېڭىگە قىزىل جىيەك تىكىلگەن كۆك جۇۋىلىق ئىككى چېرىك يۈگۈرۈپ كەلدى.

— بىز كۈنپېتىشتىكى ئەلدىن كەلدۇق، ئۇ يەرگە ئۇلۇغ قاغاننىڭ ئەلچىسى بولۇپ كەتكەنىدۇق. بىزنىڭ كەلگىنىمىزنى قاغانغا بىلدۈرۈڭ، مەن ئەلچى مەھمۇد يالۋاچ بولىمەن.

سىرىق چېدىرنىڭ شايى پەردىسى ئېچىلدى-دە، ئۇ يەردىن بۇيرۇق ئاۋازى ئاڭلاندى. يولدا تۇرغان سەككىز تۇرغاۋۇت كەينى-كەينىدىن: ئۇلۇغ قاغان «كىرىشۈن» دەپ بۇيرۇ-

دى ، دەپ بۇيرۇقنى تەكرارلىدى .

ئەلچىلەرنىڭ ئۈچىلىسىلا قول قوشتۇرۇپ تەزىم قىلىپ ، چېـ ـدىر تەرەپكە يۈردى ، قاغاننىڭ خىتاي خىزمەتكارى ئۇلارغا يول بەردى . ئۇلار تەزىم قىلغىنىچە ئىچكىرىگە كىرىپ ، گىلەمگە ئولـ ـتۇردى .

— سۆزلە ! — دېگەن پەس ئاۋاز ئاڭلاندى .

مەھمۇد يالۋاچ بېشىنى كۆتۈردى . ئۇدۇلدا يىرىك سېرىق ساقاللىق جىددىي قارا قىياپەتنى كۆردى ، ئۇنىڭ ئىككى ئۆرۈم ئاقارغان چاچلىرى كەڭ يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى . قارا ، پارقىـ ـراق قولاقچىنىڭ ئاستىدىن سارغۇچ يېشىل كۆزلەر زومرەتتەك يېنىپ تىكىلىپ تۇراتتى .

— خارەزم شاھ ئەلائىددىن مۇھەممەد سوۋغىلاردىن ۋە دوستـ ـلۇق ھەققىدىكى تەكلىپتىن ناھايىتى خۇشال بولدى . ئۇ سىزنىڭ سودىگەرلىرىڭىزگە تۇرلۇك يېڭىلىكلەرنى بېرىشكە جان - دىلى بىلەن تەييار ، بىراق ئۇ غەزەپلەندى...

— ئوغلۇم دېگىنىڭمۇ ؟

— تاپتىڭىز ، ئۇلۇغ قاغان . شاھ شۇنچىلىك غەزەپلەندىكى ، بېشىمنى ئېلىشقا سەللا قالدى .

قاغاننىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ كەتتى .

— سەن ئەمدى بۇنداق قىلىدۇ ، دەپ ئويلىغاندۇرسەن ؟ — دېدى قاغان ۋە يوغان بارمىقى بىلەن ئۇلۇم ئىشارىتىنى قىلىپ .

بۇ ئىشارەتتىن ھەممە قورقۇشتى ، چۈنكى چىڭگىزخان بىرـ ـسىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلسا ، شۇنداق ئىشارەت قىلاتتى .

— مەن خارەزم شاھنىڭ غەزىپىنى ياندۇردۇم ، سىزگە سالام دېدى ۋە مەكتۇپ ئەۋەتتى .

— سەن ئۇنىڭ غەزىپىنى ياندۇردۇڭمۇ ؟ قانداق قىلىپ ؟ — دېگەن ئەجەبلىنىش ئاۋازى ئاڭلاندى . تىكىلىپ تۇرغان كۆزلەر گاھ يوغان ئېچىلاتتى ، گاھ قىسىلاتتى .

مەھمۇد يالۋاچ شاھ مۇھەممەدنىڭ قانداق قوبۇل قىلغىنى ،

كېچىسى ئۇلۇغ ۋەزىر كېلىپ مەخپىي سۆھبەتكە چاقىرغىنى ۋە شاھ بىلەن نېمىلەرنى سۆزلەشكىنى توغرىسىدا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى . كېيىن خارەزم شاھتىن ئالغان مەرۋايىتنى چىڭگىزخاننىڭ كەڭ ئالىقىنىغا قويدى .

مەھمۇد يالۋاچ يەرگە قاراپ ئولتۇرسىمۇ ، قاغاننىڭ تىكىلىپ تۇرغىنىنى ۋە كۆڭلىدىكى سۆزلەرنى بىلىشكە ھەرىكەت قىلغىنىنى سېزىۋاتاتتى .

— بولغان گەپ شۇمۇ ؟

— ئەگەر بىرەر نەرسىنى ئۇنتۇغان بولسام ، كەچۈرۈڭ ! مەن ئاجىزنى !

قاغان چوڭقۇر نەپەس ئالدى — مىننەتدار بولغىنىدى . ئۇ ئېغىر قولى بىلەن مەھمۇد يالۋاچنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ دېدى :

— سەن ھەييار مۇسۇلمانسەن ، مەھمۇد سەن مېنىڭ قوشۇ-نۇمنى دەريا دېگەن بولساڭ ، ياخشى ئىش قىلىپسەن . شاھ شۇنى بىلىپ قويسۇن ! ئۇچلىنچىلار كەچقۇرۇنلۇقى غىزاغا كېلىڭلار .

ئەلچىلەر چېدىردىن چىقىشتى .

قېلىن رەختتىن كىيىم كىيگەن ، ئالتۇن كەمەر باغلىغان ئېگىز بويلۇق ، مۇكچەيگەن قاغان ئورنىدىن تۇردى ، ئاق تېرىدىن ئۆتۈك كىيگەن قاغان ئېغىر ۋە سالماقلىق قەدەم تاشلاپ ، چېدىر-نىڭ بۇ چېتىگە كەلدى - دە ، پەردىنى كۆتۈردى . ئاق قالپاق ۋە ئالا تون كىيگەن ئەلچىلەرنىڭ ئۇچلىنىسلا چاڭ باسقان ئاتلارغا مىنىپ ئاستا - ئاستا يولغا چۈشۈۋاتقىنىنى كۆزىتىپ تۇردى .

«بۈيۈك ئەمىر» [1] پۈرسىتى كەلدى ، «سەپەر ئېيى» نى كۈتمەن .

---

[1] «بۈيۈك ئەمىر» — يۇرۇش .

## ئالتىنچى باب

# چىڭگىزخان تەشۋىشلەنگەن كېچە

چىڭگىزخان نازۇك خىتايلارغا ئوخشاش ، ھامماممەك تېگىدىن ئوت يېقىلىدىغان كاڭدا ياكى مۇسۇلمان سودىگەرلىرى يېتىپ ئۆگەنگەن پەي چۈشەكتە ئۇخلاشنى ياقتۇرمايتتى ، قاتتىق ئورۇندا يېتىشنى ياخشى كۆرەتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، قېرى خىتاي خىزمەتكار گىلەمگە پەقەت ئىككى قاتلانغان قېلىن كىگىزنىلا سېلىپ بېرەتتى .

ئادەتتە قاغان يېتىشى بىلەنلا ئۇخلاپ قالاتتى ، ئۇ پات - پات چۈش كۆرۈپ تۇراتتى . شۇ چاغدا شامانلار ياكى ئۆزىنىڭ دانا مەسلىھەتچىسى خىتاي (يەنى قىتان ) يوللىغ چۇسەيدىن[1] كۆرگەن چۈشلىرىنىڭ تەبىرىنى سورايتتى ، لېكىن بۇ تەبىرلەرگە ئىشىنىۋەرمەيتتى ۋە ئۆزى بىلگىنىچە ئىش قىلاتتى . ئۇ سەھەردە ئويغىنىپ ، سۆسەر جۇۋىسىنىڭ تېگىدە يېتىپ ئۇن مىڭلىغان چېرىكى ۋە ئاتلىرى ، تويماس قوشۇنىنى بېقىشنىڭ ياخشى يوللىرى ، موڭ-

---

① خىتاي پايتەختىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ، چىڭگىزخان ھوزۇرىغا ئېلگىرى پادشاھلىق قىلغان قىدانلار سۇلالىسىدىن بولغان يوللىغ چۇسەينى ئېلىپ كېلىشتى . يوللىغ چۇسەي ئۆزىنىڭ مەلۇماتلىرى ، شېئىرلىرى ، خىتاي قانۇنلىرى ، ساراي ئۆرپ - ئادەتلىرىنى بىلىشى بىلەن مەشھۇر ئىدى . خوراپاتقا ئىشىنىدىغان چىڭگىزخانغا ئۇنىڭ يۇلتۇزلارغا قاراپ كەلگۈسىنى ئېيتىپ بېرىشى ناھايىتى ياقتى . چىڭگىزخان يوللىغ چۇسەينى ئىشغال قىلغان يەرلەرنى ئىدارە قىلىش بويىچە ئۆزىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى قىلدى . يوللىغ چۇسەي شۇنىڭدىن كېيىن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ يۈكسەك ئەربابلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى . بۇ ئادەم ئۆز ھاياتىدا تەلەپچان ئەمەسلىكى ۋە چىڭگىزخاننىڭ غەزىپىنى قايتۇرۇشقا ناھايىتى ماھىر ئىكەنلىكى ھەم ۋىجدانلىق ئىش قىلىشى بىلەن ئايرىلىپ تۇراتتى . يوللىغ چۇسەي ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق بايلىق تاپالمىدى . پەقەت كۆرپە - ياستۇق ، كىتابلار ۋە ئاسترونومىيە ئەسۋابلىرىلا قالغان .

غۇلىستاندا قالغان بەش يۈز خوتۇنى ۋە باللىرى ، غالچىلىرى ، كېنىزەكلىرىنىڭ تەمىناتى توغرىسىدا ئويلايتتى ، بۇنىڭدىن تاشقىرى يۈرۈش قىلماقچى بولغان ئەللىرىگە ئالدىن ئەۋەتىپ قويغان ئايغاقچىلىرى سان ـ ساناقسىز مەلۇماتلارنى ئويلايتتى . قىزغاق چۇق ، بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەيدىغان ئوغۇللىرى ، ئايىغى ۋە ئۇكىلىرىنىڭ ئاغرىشى ، ئۆلۈم ... توغرىسىدا ئويلايتتى .

قاغان ئۇستۇنكى كىرپىكلىرى چۈشۈپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئاچتى ـ دە ، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالدى ، ئۇ چېدىرنىڭ چاڭغىرىقى ئارىسىدىن كۆپكۆك ئاسماننىڭ بىر پارچىسىنى كۆرەتتى . يۇلتۇزلار ئاللىقاچان ئۆچكەن ، بەزەن نېرى ـ بېرى يۈرۈپ تۇرغان قورۇقچى نۆكەرنىڭ سايىسى قارىيىپ كۆرۈنەتتى .

ئېغىر بىر ئوي قاغاننىڭ كۆڭلىدىن چىقمايتتى . كۈنپېتىشكە يۈرۈش ئالدىدىن چىڭگىزخاننىڭ قېرى سېمىز خوتۇنى بۆرتە ئۇنىڭغا دانا سۆزلەرنى ئېيتتى .

«ئۇلۇغ قاغان ، — دېدى تەزىم قىلىپ ۋە ئېغىر نەپەس ئېلىپ ، — سەن قوشۇنۇڭ بىلەن تاغلار ئېشىپ ، سەھرالاردىن ئۆتۈپ ، كۆرمىگەن ئەللەرگە باشقا خەلقلەر بىلەن دەھشەتلىك ئۇرۇش قىلغىلى بارىسەن . بىراق ، دۈشمەن ئوقى كۈچلۈك كۆكسۈڭگە سانجىلىشى ياكى دۈشمەن قىلىچى پولات قالپىقىڭنى كېسىپ ئۆتۈشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئويلامسەن ؟ ئەگەر بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا (خوتۇن «ئۆلۈپ قالساڭ» دېمەكچى ئىدى ، لېكىن جۈرئەت قىلالمايتتى ) ، تۆت ئوغلۇڭدىن قايسىبىرى ۋارىس بولۇپ ، سېنىڭ ئورنۇڭغا قاغان بولسۇن ؟ ھازىردىن ئېيتىپ قويمىغىن ، كېيىن ئوغۇللىرىڭ ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىپ ، بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈپ يۈرۈشمىسۇن » .

شۇ كۈنگىچە ھېچكىم ئۇنىڭ قېرىغىنى ۋە كۈنى يېقىنلىشىپ قالغىنى توغرىسىدا ئېغىز ئاچقىلى جۈرئەت قىلمىغانىدى . ھەممە بىر ئېغىزدىن ئۇنى بۈيۈك ، ئېغىشماس ، يېگانە ۋە ئۇنىڭسىز دۇنيا تۇرالمايدۇ ، دەپ كېلىشەتتى . پەقەت قېرى ۋە سادىق بۆرتەلا ئۇنىڭ

ئۆلۈمى توغرىسىدا سۆزلەشكە جۈرئەت قىلدى...
ياكى ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىشتىن چىقىپ قالدىمۇ ؟ ياق ، ئۇ ئۆزى-نىڭ دۈشمەنلىرىگە ياۋىداق ئاتتا چېپىپ ، ياۋايى توڭگۇزغا نەيزە ئۇرالىشىنى ، قاتىلنىڭ قولىنى قايرىپ ، كۈچلۈك بارماقلىرى بى-لەن ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ ئاجىزلىقى ياكى قېرىغىنى توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىل-غانلارغا رەھىمسىز يوسۇندا جازا بېرىدۇ...
بىراق ، ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ھەققىدە سۆز ئاچقان دانا ، جەسۇر بۆرتە ھەقلىق ئىدى . تۆت ئوغلىدىن قايسىبىرىنى ئۆز ئورنىدا قالدۇرىدۇ ؟ ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ھەممىدىنمۇ كۆپرەك سۆزگە كىرگۈزۈپ بولمايدىغان ، ئۆز بېشىمچى تۇنجى ئوغلى جوچى خالاي-دۇ . ئۇ ھازىر قېرىق ياشقا كىرگەن ، چىڭگىزخاندىن پادىشاھلىق تىزگىنىنى تارتىۋېلىپ ، ئۇنى قېرىلارنىڭ ئېچىگە قوشۇپ قويۇشنى خالىسا كېرەك . شۇنىڭ ئۈچۈن ، جوچىنى ئۆزىدىن يىراققا ، يىراق ۋىلايەتكە ئەۋەتكەن ۋە ئۇنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى ، نىيەتلىرى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىپ تۇرۇش ئۈچۈن مەخپىي كىشىلەر قوي-غان...
ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي دادىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كۆرە ، كۆپ-رەك رەقىبى بولغان ئاكىسى جوچىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ . تېخى ھازىر ئۇلار بىر - بىرىگە زىت ، ئۆزئارا كۈرەش قىلسا خەۋپلىك ئەمەس . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇ ئۈچىنچى ئوغلى ئۆگەتەينى ئۆز ۋارى-سى ، دەپ ئېلان قىلىشقا قارار قىلغان . بۇ ئوغلى يۇمشاق كۆ-ڭۈل ، بىغەم ، ئەيش - ئىشرەتنى ، لاچىن بىلەن ئوۋ ئوۋلاشنى ، بەيگىنى ياخشى كۆرىدۇ ، دادىسىغا ئورا كولىمايدۇ . تۆ-تىنچى — كەنجى ئوغلى تولۇي خانمۇ خۇددى شۇنداق ، ئىككىلىسى-مۇ كەيپ - ساپاغا بېرىلگەن ، ھۆكۈمرانلىققا ھەۋەسمەن ئەمەس .
شۇنىڭ ئۈچۈن ، يۇرۇشنى باشلاۋېتىپ چىڭگىزخان ئۈچىنچى ئوغلى ئۆگەتەينى تەخت ۋارىسى دەپ ، ئېلان قىلدى ، بۇ ئەھۋال ئىككىنچى چوڭ ئوغلىنى ناھايىتى غەزەپلەندۈردى . شۇنىڭ ئۈ-چۈن ، ئۇنىڭغا دائىم ھوشيار بولۇشقا ، قاراڭغۇ ، بۇلۇڭ - پۇچقاق-

لاردىن ئېتىلغان زەھەرلىك ئوق ياكى چېدىر پەردىسىنىڭ كەينى-
دىن سانجىلىدىغان نەيزىنى كۆتۈشكە توغرا كېلەتتى...
شۇنىڭدىن بېرى رەنجىگەن جۇچى دائىم يىراقتا، ئۆزىگە تاپ-
شۇرۇلغان بىر تۈمەن چېرىكنىڭ بېشىدا يۈرەتتى. ئۇ باشقا ئوغۇل-
لاردىن ئايرىلىشقا، چېرىكلەرنىڭ مۇھەببىتىنى ئۆزىگە تارتىشقا،
نام چىقىرىشقا تىرىشىدۇ. ئۇ تېخى ياش ۋە كۈچلۈك، ياشلىق
قانداق ياخشى - ھە!
قاغان ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆرۈلۈپ، قېرى سېمىز بۆرىنىڭ
سۆزلىرىنى پات - پات ئەسلەيتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا
ئويلايتتى. ئۇ چاققان مۇڭگۈزى ئېگىلگەن كېيىكلەر يۈگۈرۈشۈپ
يۈرىدىغان، ئېگىز ئاسماندا بۈركۈتلەر ئاستا پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن
چۆلدىكى ئېگىز دۆڭلۈكنى ئويلايتتى... بۈيۈك باغادۇرنىڭ جەسەت-
لىرى مانا شۇنداق تۆپىلىكلەردە ياتىدۇ، خەلقلەرنىڭ ئەڭ قۇدرەت-
لىك ھۆكۈمرانلىرى شۇ ۋاقىتقىچە ھەرقاچان ئۆلۈپ كېلىشكەن.
بىراق، ئۇ چىڭگىزخان ھەممىسىدىنمۇ قۇدرەتلىكرەك، شۇ ۋاقىت-
قىچە بىرەر كىشى ئۇنىڭدەك كۆپ يەرنى ئىشغال قىلالىغانمۇ؟
ئۆلۈم نېمە دېمەك؟ شۇنداق ئالىم تېۋىپلار، سېھىرچىلار باركى،
ئۇلار تۆمۈرنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرىدىغان تاشنى تېپىشقان، دېيىشى-
دۇ، شۇنىڭدەك ئۇلار كىشىنى ياشارتىدىغان ئىچىملىك، توقسان
توققۇز خىل گىياھدىن ئادەمگە مەڭگۈ ھايات بېغىشلايدىغان دورا
قىلىشنى بىلگۈدەكمىش...
ئاددىي نۆكەر تېمۇچىن، بوينىغا زەنجىر سېلىنغان بۇرۇنقى
خىزمەتكار قۇرۇلتايدا «خۇدا ئەۋەتكەن» بىردىنبىر ھۆكۈمدار،
دەپ ئېلان قىلىنغانمۇ؟ ئەگەر كۆپكۆك ئاسمان مەڭگۈ بولىدىغان
بولسا، تەڭرىنىڭ يەردىكى سايىسىمۇ مەڭگۈ بولۇشى كېرەك. ئەتى-
گىلا بۈيۈك خىتاي مەسلىھەتچىسى يوللىغ چۇسەي ئەلنىڭ ھەممە
تەرىپىگە، قاغاننىڭ قارارگاھىغا مۆجىزە كۆرسىتەلەيدىغان ئا-
لىم - دانىشمەنلەر، شۇنىڭدەك خىتاي جادۇگەرلىرى، تىبەت سې-
ھىرگەرلىرى ۋە ئالتاي شامانلىرى تېزلىك بىلەن كۆچكە كۆچ
قوشىدىغان، ئادەمنى ياشارتىدىغان ۋە مەڭگۈ ھايات بېغىشلايدىغان

دورىلارنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىشسۇن، دەپ پەرمان ئەۋەتسۇن. بۇنداق ئاجايىپ دورا كەلتۈرگەنلەرگە ئۇلۇغ قاغان دۇنيادىكى پادىشاھلاردىن ھېچبىر بەرمىگەن مۇكاپاتلارنى بېرىدۇ...

ئۇنىڭ خېلى ۋاقىتقىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى، كېيىن ئەمدىلا كۆزى ئىلىنغاندا بىردىن پۈتىنىڭ باش بارمىقىدا ئاغرىق سەزدى، بارمىقىنى نېمىدۇر چىمدىۋالغاندەك بولدى. لېكىن، ئۇ قورقمىدى، بۇ كۆچمەنلەرنىڭ ئادەتتىكى شەرتلىك بەلگىسى ئىدى. قاغان بېشىنى كۆتۈردى، قاراڭغۇدا ھېچ نەرسىنى كۆرمىدى. بۇ بەلگىنى ئۇ ياخشى بىلەتتى، ياشلىق چېغىدا، ئۇ ۋاقىتلاردا نازۇككىنە، توشقاندىن چاققان بولغان سۆيۈملۈك خاتۇنى بۆرتەنىڭ بارمىقىنى خۇددى شۇنداق چىمدايتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا پۈتۈن ئائىلە قىزنىڭ ئاچچىقى يامان دادىسى دەي سەچەننىڭ قارا ئۆيىدىكى كىگىزنىڭ ئۈستىدە قاتار يېتىپ ئۇخلىشاتتى.

ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە كىم بار ئىكەن؟ ئۇنى كىم ئىملاۋاتىدىكىن؟

ئۇ ئاستا قولىنى سوزغانىدى، يۇمشاق شايى كۆڭلەك، يۇمشاق مۈرە ۋە چاچقا قولى تەگدى، بۇ كىم ئىكەن؟ خوتۇننى ئۆزىگە تارتقانىدى، خوتۇن ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاستاغىنا موڭغۇل تىلىدا پىچىرلىدى:

— سېنىڭ كۇسۇلتۇيىڭ، سۆيگىنىڭ، قۇلان خاتۇن ئۆلەي دەۋاتىدۇ. بارغىن، تىنچلاندۇرغىن... سەن قۇياش، كۇسۇلتۇ — ئاي...

«بۇ كۇسۇلتۇ» دەپ ئاتىغىنى ياش خوتۇنى قۇلان خاتۇننىڭ خىزمەتكارى — خىتاي خوتۇنى ئىدى. بۇ خوتۇن قارا ئۆيگە چاشقاندەك بىلىندۇرمەستىن كىرىپتۇ، ئۇنى قۇلان چاقىرىۋاتقاندەكەن.

قاغان ئىچىگە يۇڭ سېلىپ تىكىلگەن كەڭ ئۈتۈكىنى كىيدى. يېنىدا ياتقان ئىككى ئوغلى ئۆگەتەي بىلەن تولۇينى ئويغىتىۋەتمەسلىككە ھەرىكەت قىلىپ، چېدىردىن ئاستا چىقىپ كەتتى.

## يەتتىنچى باب

# قۇلان خاتۇن ئۆيىدە

*گۈزەللىكتە تېڭى يوق! بۇلارنىڭ كۆزلىرى قە-*
*سىق بولىدۇ.*

(موڭغۇل قوشىقى)

تىنچ ئاخشام، قارلىق تاغلاردىن مۇزدەك سەلكىن چىقىپ تۇرىدۇ. ئاي قارا بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغان، ئۇ يەر-بۇ يەردە نۇرسىز يۇلتۇزلار پىلىلدايدۇ. خىزمەتكار خوتۇن يېقىم-لىق گۈل پۇراقلىرىنى سېپىپ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى.

ئىككى كۆلەڭگە قوزغالدى.

— توختا! كىم ئۇ كېلىۋاتقان؟

— قارا ئەرتىش ... — دەپ پىچىرلىدى خىتاي خوتۇن.

— زەبت قىلىنغان جاھان، — دېدى قاراۋۇل ۋە يول بەردى.

قاغان ئاق ئۆيگە يېقىنلىشىۋېتىپ، «كوسۇلتۇ بۈگۈن قانداق ئويۇن كۆرسىتىدىكىن» دەپ ئويلايتتى. ھەر قېتىم قاغان ئۆز سەركەردىلىرى بىلەن بولىدىغان سۆھبىتىنى تاشلاپ كەلگىنىدە، قۇلان خاتۇن ئۇنى ھەر تۈرلۈك قارشى ئالاتتى، گاھىدا پارچە گۈللۈك شايىدىن كىيىم كىيىپ، خىتاي خوتۇنلىرىغا ئوخشاش ئولتۇراتتى، گاھىدا سۆسەر چايشاپقا پۈركىنىپ، ئۆلمەن، دەپ ئىڭراپ ياتاتتى ۋە قاغاننىڭ قۇدرەتلىك قوللىرىنى يۈرىكى ئۈستىگە قويۇشنى سورايتتى، گاھ بېشىنى تۇتۇپ، قېرى موڭغۇل خوتۇن-

نىڭ كەرۇلەننىڭ[1] كۆپكۆك قىرغاقلىرى ۋە چەكسىز سەھرالىرىدىكى يالغۇز ئاۋۇل توغرىسىدا ئېيتىلىدىغان قەدىمكى موڭغۇل قوشىقىنى تىڭشاپ يىغلاپ ئولتۇراتتى.

خىتاي خوتۇن ئاق ئۆينىڭ ئىشىكىدىكى پەردىنى كۆتۈردى، قاغان ئىچكىرىگە كىردى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوچاقتا چۆل گىياھلىرىنىڭ يىلتىزلىرى كۆيۈپ، خۇش پۇراق ئىس تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ تۈڭلۈكتىن چىقىپ تۇرىدۇ. قۇلان خاتۇن تىزلىرىنى قۇچاقلاپ كىچىك كۆزلىرىنى گۈلخانغا تىكىپ ئولتۇراتتى، ئادەتتىكى يىپەك گىلەملەرنىڭ ئورنىغا ئۈچ ئاددىي گۈللۈك كىگىز سېلىنغان، بىر چەتتە ئاغزى باغلىنىپ يولغا تەييارلانغان خۇرجۇنلار ياتاتتى.

قاغان ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختىدى، ئۇنىڭ مۇشۇكنىڭكىدەك پارقىراق كۆزلىرىدە خۇشاللىق ئالامەتلىرى پەيدا بولدى. ئۇ ئۆزىچە «مانا، يېڭى ئۆيۈن!» دەپ قويدى.

قۇلان خاتۇن كۆزىنى ئاچتى، ئالقىنى بىلەن سۈرمە قويغان كۆزلىرىنى ۋە چېكىسىگىچە ئۇسما قويغان قاشلىرىنى سىلىدى. ئۇ سەكرەپ تۇردى، بېشىنى كەينىگە ئېگىپ ئۆزىنى يەرگە ئاتتى - دە، قاغاننىڭ ئاياغلىرىنى قۇچاقلىدى.

— ئۇيقۇڭدىن، پىكرىڭدىن ياكى چېرىكچىلە كېڭىشىڭدىن قالدۇرۇپ تەشۋىشكە سالغىنىم ئۈچۈن كەچۈر. ئەي ئۇلۇغ، دۇنيادا بىردىنبىر قاغانىم. لېكىن، مەن بۇ يەردە ئارتۇق تۇرالمايمەن. ئۆلۈم ماڭا ۋە ئوغلۇمغا ھەر تەرەپتىن، ھەتتا ھەر تۆشۈكتىن قولىنى ئۇزىتىپ تۇرىدۇ. سادىق بىر خىزمەتكارىمنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىپ، مېنى ھېچكىم تونۇمايدىغان چۆللەرگە چىقىپ كېتىمەن.

— ئالدىرىما، ماڭا بىر پىيالە چاي بەر، مەن يېنىڭدا بىر ئاز ئولتۇرۇپ قەيەردىن ۋە كىم تەرىپىدىن ساڭا خەۋپ كېلىۋاتقى-

---

① كەرۇلەن ۋە ئونون — ئارغۇن دەرياسىنىڭ تارمىقى، موڭغۇلىيىنىڭ ئاساسلىق دەريالىرى بولۇپ، ئۇنىڭ قىرغاقلىرىدا چىڭگىزخاننىڭ بالىلىق يىللىرى ئۆتكەن.

ىنىنى بىلەي .
قاغان ئۇچاقتىن ئايلىنىپ كىگىزگە ئولتۇردى . ئۆيىنى بېزەپ تۇرغان يىپەك گىلەملەر قېنى ؟ ئىلگىرى تاملاردا ئېسىقلىق تۇرغان ، قۇشلار ۋە گۈللەرنىڭ رەسىمى سىپلىنغان پەردىلەر قەيەردە قالدى ؟ ئەمدى بۇ قارا ئۆي ئاددىي كۆچمەنلىنىڭ قارا ئۆيىگە ئوخشاپ قاپتىغۇ ؟
قۇلان يەنە پۇركىنىپ ئولتۇرۇۋالدى ۋە قاغانغا ئاچچىقى چىققان قاپلاندەك كۆزلىرىدە ئوت چاقناپ قارىدى . ئۇنىڭ يېنىدا ئوغلى يالىڭاچ ، قارا قوڭچاق ، چېچى ئېلىنغان ، قولىقى ئۈستىدىن ئىككى كوكۇلا چىقىپ تۇرغان قۇلقان ئۇرۇلۇپ ياتاتتى . خاتۇن يۇمشاق ۋە مەيۈس ئاۋاز بىلەن سۆز باشلىدى :
— مەن ھېچ نەرسىگە ۋە ھېچقانداق ھىمايىگە ئۈمىد باغلىمايمەن . يە دادام يوق ، يە ئانام . تۇغقانلىرىمدىن پەقەت ئاكاملا قالدى . ئۇ ھازىر ئاددىي بىر نۆكەر بولۇپ يۈرىدۇ ، ئىلگىرىكى زامان بولسا ، ئۆزى مىڭلىغان نۆكەرگە ئىگە بولاتتى ، ئۇمۇ ھە دېمەي ھالاك بولىدۇ .
— نېمىشقا ھالاك بولىدۇ ؟
— بىز مەركىتلەر ، بەختسىز ، پۈتۈن قەبىلىمىز يولۋاس كۆزلۈك ، قامچىسىدىن قان تامىدىغان ، رەھىمسىز ئوغلۇك جۇچىنىڭ نۆكەرلىرى قولىدا ھالاك بولدى . ئۇ يېقىندا بۇ يەرگە كېلىدۇ ، دادام ۋە پۈتۈن ئەۋلادىمىزنى ھالاك قىلغان قاتىلنىڭ كۆزىگە كۆزۈم چۈشىدۇ . ھەر مىنۇتتا ئۈستۈمگە ئاغدۇرۇلۇپ چۈشۈپ ، ماجاقلاپ تاشلايدىغان تاغ تېگىدە ئولتۇرۇپ نېمە قىلىمەن ؟ مېنى قويۇۋەتكىن ! كېتىشكە تەييارلىنىپ قويدۇم .
— جۇچى خان بۇ يەرگە كەلمەيدۇ ، ئۇ ئىرغىز دەرياسى بويىدا يېڭى يۈرۈشكە تەييارلىق كۆرمەكتە . مەن بولسام تېخى تىرىك ، ئالەمنىڭ تىزگىنىنى قولۇمدا مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇۋېتىمەن . مەندىن بۆلەك سېنى يەنە كىم ھىمايە قىلىدۇ ؟
قۇلان نازۇك بارمىقى بىلەن كۆزىدىكى ياش تامچىلىرىنى

سۇرتتى .

— ئاكاڭ جامال ھاجىنى مېنىڭ نۆكىرىمگە ئالتىنچى يۈزبېشى قىلىپ تەيىنلەيمەن . ئەتىلىككە مەن مىڭبېشىم چاغانغا ئېيتىمەن ، بۇ يۈزبېشى ئۆزىنىڭ نۆكەرلىرى بىلەن سېنىڭ ئۆيۈڭنى ۋە كەـ چىككىنە باغادۇرۇڭ قولقانىنى قورۇقلىسۇن . مېنىڭ قول ئاستىمدا بولۇپ تۇرۇپ خەۋپسىرەشكە كىمنىڭ ھەددى بار ؟

قولان يەرگە قارىدى ۋە ئاستا ، تىترەك ئاۋاز بىلەن :

— سېنىڭ ئۆزۈڭگىمۇ قارشى نەيزىلەر توغرىلانغان ، — دېدى .

— قانداق نەيزە ؟ ئېيت ، كىمنىڭ نەيزىسى ؟ — دەپ قاغان قولىنى قولاننىڭ يەلكىسىگە تاشلىدى .

قولان لەۋلىرىنى چىشلەپ ، ئەپچىللىك بىلەن ئىرغىپ تۇردى ـ دە ، ئۆزىنى چەتكە ئالدى . ئۇنىڭ ئۇزۇن قارا چاچلىرى كىگىزنىڭ ئۇستىدىن سۆرىلىپ كېتىۋاتقان يىلانغا ئوخشايتتى . قاغان ئايىغى بىلەن چېچىنىڭ ئۇچىنى دەسسەپ توختاتتى ـ دە ، يەنە :

— ئېيت ، مېنى كىم ئۆلتۈرمەكچى ئىكەن ؟ — دەپ پىچىرـ لىدى .

قولان قارا ئۆينىڭ پەنجىرىسىگە يۆلىنىپ :

— ئۇلۇغ تېڭى يوق قاغان ! ھېچقانداق خەلق ، ھېچقانداق قوشۇندىن تەپ تارتمايسەن ، سەن ئۇلارنى خۇددى كۆز شامىلى يوپۇرماقلارنى ئۇچۇرغاندەك تارمار قىلىۋېتىسەن . بىراق ، ئۆزۈڭ بىلەن بىر چېدىردا ئولتۇرغان ، كېچە ـ كۈندۈز پېيىڭغا چۈشكەن دۈشمەنلىرىڭدىن ئۆزۈڭنى ساقلاپ قالالامسەن ؟ يالغۇز مەن ساڭا سادىق مەن ۋە سېنى چوققىلىرى قار بىلەن قاپلانغان كۆركەم ۋە ئېگىز ئالتاي تاغلىرىنى سۆيگىنىمدەك سۆيىمەن . مېنىڭ يالغۇز ھىمايىچىم سەن ، سەن بولمىساڭ ، مېنى يول بويىدىكى تاشتەك بىر چەتكە ئىرغىتىپ تاشلىشىدۇ ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ ئاخىر سېـ نىڭ ئۆزۈڭ يەرنىڭ تېگىدە يىلان قىمىرلىسا بىلىسەن ، ئېيتقان

سۆزلىرىمنىڭ ھەممىسى راست ئەمەسمۇ ؟
— ھەممىسىنى ، بىلگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى سۆزلە ، — دەپ خىرىلدىدى قاغان چىچىنى قويۇۋەتمەي .
قۇلان خاتۇنىنىڭ كۆزلىرىدە ئەلەم ئوتلىرى چاقناپ كەتتى .
— دەشت قىرىلىرى ۋارىس ھەممە ۋاقىت ئۆيدىكى ئوتنى ساقلايدىغان خاننىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى بولۇشى كېرەك ، دەپ ناھايىتى دانا ھۆكۈم چىقىرىشقان . چوڭ ئوغۇللار پات چوڭىيىپ دادىلىرىنىڭ قولىدىن ئېتىنىڭ تىزگىنىنى ئېلىشقا ئالدىرىشىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتىلار ئىگىلىكىنى ئۆزلىرى باشقۇرسۇن ، دەپ ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئايرىپ بېرىدۇ . كىچىك ئوغۇل چوڭ بولغۇچە دادام خاتىرجەم يىلقىلىرىنى بېقىپ يۈرۈۋېرىدۇ . سەن ھەممىگە ئۆز تېگىشىنى بەردىڭ ، بارلىق ئوغۇللىرىڭغا ئۇلۇسلار تەقسىم قىلىپ بەردىڭ ، نېمىشقا ئەمدى كىچىك ئوغلۇڭ قۇلقاننى ۋارىس قىلىشنى ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويدۇڭ ؟
قاغان خاتۇنىنىڭ چىچىنى قويۇۋەتتى ، ئۇزاق پۈشۈلداپ ئاخىرى :
— مەن بالاڭنىمۇ ، ئۆزۈڭنىمۇ مۇھاپىزەت قىلىۋاتىمەن ! شۇنىڭ ئۈچۈن ، مەن ئۇنى ۋارىس قىلىپ بەلگىلىمىدىم . موڭغۇللار ھېچقاچان مەركىت خوتۇندىن بولغان ئوغۇلنى ياخشى كۆرۈشمەيدۇ ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشمايدۇ ، — دېدى .
قۇلان تىز چۆكتى .
— مانا مەن سېنى ، مەركىت خوتۇندىن بولغان ، خۇدا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ، دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ، بىردىنبىر كىشىنى ياخشى كۆرۈشتىن قورقمايمەن ، قاغانىم . چۈنكى ، سېنىڭ ئاناڭ بۈيۈك ئۆلۈن موڭغۇل قەبىلىسىدىن ئەمەس ، مېنىڭ قەبىلەم مەركىتلەردىن ئىدى .
چىڭگىزخان خىرىلداپ ئورنىدىن تۇردى .
— شۇنداق ، توغرا ئېيتتىڭ ! بۇنى كىشىلەر ئۇنتۇپ كەتكەن . ئەمدى ئەسلىمەيلا قويۇشسۇن... سېنىڭ سۆزلىرىڭ كۆڭ-

لۇمدە تۇردۇ . سەن بۇ يەردىن ھېچنەگە كەتكۈدەك بولما ، گىلەم-لىرىڭنى يېپىپ قوي . نويونلىرىم بىلەن بولىدىغان كېڭەشتىن كېيىن سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ تۇرىمەن ، قاپلىنىم ، سۆيۈملۈ-كۈم ، كۈسۈلتۇم !

قاغان سالماق قەدەم تاشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى . قۇلان ئورنىدىن تۇردى ۋە قاشلىرىنى كېرىپ ، ئويچان ھالدا ئۇزۇن قارا چېچىنى ئاستا قولىغا ئوراشقا باشلىدى . خىزمەتكار خوتۇننى چا-قىردى ، خىتاي خوتۇن تامنىڭ تۈۋىدە ئۇخلاپ ياتاتتى . قۇلان ئۇنى ئايىغىنىڭ ئۇچى بىلەن تۈرتۈپ ئويغاتتى ۋە دېدى :

— قوپاللىقىنى قارا ! قولۇمنى سۇندۇراي دېدى ! گىلەملەرنى سېلىپ قويغىن ! ئۇلىما چاچ تاپ ، ۋەھشىي ، چېچىمنى يۇلۇۋەتكۈ-دەك قىلدى ! ئەتلىككە خارجى ئەل ئەلچىلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن چوڭ زىياپەت بولىدۇ . دەرھال ھاۋا رەڭ خىتاي كۆڭلىكىم-نى تەييارلاپ قويغىن ...

## سەككىزىنچى باب

# قاغان بارماق بىلەن سانايدۇ

قاغان «ئاچچىقى كەلگەن قاپلان»نىڭ ئېيتقانلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ، دۈگىلۈكنى ئاستا ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا يەنە بىر كۈلەڭگە پەيدا بولدى. ئۇلار بىر - بىرلىرىگە: «قارا ئەرتىش!»، «زەبت قىلىنغان جاھان!» دەپ پارول ئېيتىشتى، قاغان ئۇنىڭ يۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسىدە كۆزىتىپ يۈرىدىغان ئۆزىنىڭ قېرى نۆكىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— نېمە ئاڭلىدىڭ؟ نېمىلەرنى كۆردۈڭ؟

— ئاۋۇ يىراق تاغلاردا نۇرغۇن ئوت كۆرۈنۈۋاتىدۇ. كۆرۈۋاتامىز، يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ، شۇ ۋادىدىن تاغ ئارىلىرىغا قېچىپ كەتكەن ئاھالىنىڭ گۈلخانلىرى، ئۇلار بىزنىڭ قوشۇندىن قورقۇشىدۇ.

— نۆكەرلەر ئۆزئارا نېمىلەرنى سۆزلىشىۋاتىدۇ؟

— قويلارنىڭ ھەممىسىنى يەپ قويۇۋاتىمىز، ئاتلىرىمىز ئوتلارنى يەپ تۈگىتىشتى، ئەمدى كۈنىمىز يىلتىزلارغا قالدى، قىلچىلىرىمىز قانسىراپ قالدى. ئۇلۇغ قاغان بىزدىن كۆرە دانا-راق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەممە نەرسىنى كۆرىدۇ، بىلىدۇ، يېقىندا بىزنى ئۆزىمىزگىمۇ، يىلقىمىزغىمۇ مولچىلىق بولىدىغان جايلارغا باشلايدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ.

— توغرا! قاغان ھەممە نەرسىنى كۆرىدۇ، ھەممىنى بىلىدۇ، ھەممىسىنى مۇلاھىزە قىلىدۇ. يۇگۇرۇپ بېرىپ مىڭبېشى چاغانغا ئېيت، ئاتلىرىغا مىنىپ ئالتە يۈز چېرىك بىلەن دەررۇ يېتىپ كەلسۇن. توختا! يەنە چاغانغا شۇنى ئېيت، مەن ئالىقىنىمنى

ئېچىپ، ئۇنى شۇ كۆكلەمزار دۆڭلۈكتە كۈتۈپ ئولتۇرىمەن.

موڭغۇل ئىرغاڭلىغىنىچە دۆڭلۈكتىن پەسكە قاراپ چېپىپ كەتتى، قاغان بولسا مىدىرلىماي ئولتۇراتتى ۋە قاراڭغۇ دەشتتىن كېلىۋاتقان ئاۋازلارغا دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى. ئۇ: «بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت...» دەپ ساناشقا باشلىدى ۋە يۈزگە يەتكەندە بىر بارمىقىنى پۈكتى.

ئاي گاھىدا بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇناتتى، گاھىدا چىقاتتى. نۆكەرلەرنىڭ دۆڭلۈك ئەتراپىدا تىزىلغان قارا ئۆيلىرى بولسا گاھىدا ناھايىتى يېقىندىن ئېنىق، گاھىدا بۇلۇتلار سايىسىدە قارا داغدەك كۆرۈنەتتى.

قاغان ئىككى يۈزنى ھېسابلاپ، ئىككىنچى بارمىقىنى پۈككەندە، قارا ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدا يوگۇرۇپ يۈرگەن كۆلەڭگىلەر كۆرۈندى. بىر مۇنچە نۆكەرلەر تۇمانلىق چۆل تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كەتتى، پۈتۈن قارارگاھ بويلاپ «پەخەس!» دېگەن ئاۋازلار ياڭراپ كەتتى.

قاغان مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ ھېسابىنى ئۈچ يۈز، تۆت يۈزگە يەتكۈزدى... يىراقتىن ئاڭلانغان ۋاراڭ - چۇرۇڭلار بارغانسېرى كۈچەيدى. قاغان مىڭ ئاتلىق چېرىكنىڭ چېپىپ كېلىۋاتقىنىنى پەملىدى. چېرىكلەر چېپىپ كېلىپ دۆڭلۈكنىڭ ئېتىكىدە توختىدى، قاغان تۇرغان يەرنى تەرلىگەن ئاتلارنىڭ پۇرىقى بېسىپ كەتتى ۋە كۆتۈرۈلگەن چاڭ بىردەمدە قارارگاھنى قاپلىدى.

قاغان ھېسابلاپ بارماق پۈكۈشنى داۋام قىلاتتى، ئاتلار كىشنەيتتى ۋە بىر - بىرىنى تېپىشەتتى. قاغان پەس، بوغۇق ئاۋاز بىلەن:

— چاغان! ھاي، چاغان! — دەپ چاقىردى.

قاراڭغۇلۇقتىن:

— ھاي، لەبەي! — دېگەن جاۋاب ئاڭلاندى.

— مېنىڭ ھېسابىمدا ئالتە يۈز بولدى! نېمىشقا قىمىرلىمايسەن؟

— يەنە ئىككى يۈزنى ساناڭ، بىز ھەممىمىز ئاتلىنىمىز!
ئاي يەنە بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ، قارا ئۆيلەر ئارىسىغا ھەر تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان موڭغۇللارغا يورۇق نۇر چاچتى. بەزىلىرى ئىگەر ـ جابدۇقلىرىنى كۆتۈرۈپ چاپاتتى، بەزىلىرى ئاتتا ئاۋۋالىدىن بەلگىلىنىپ قويۇلغان يەرگە چېپىپ بېرىشاتتى.
قاغان تېخىچە ھېسابلايتتى. ئۇ يەتتىنچى بارمىقىنى پۈككىنىدە، كەينىدە كېلىۋاتقان كىشىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ قايرىلىپ قارىدى، ئىككى نۆكەر چىڭگىزخاننىڭ ئىگەرلەنگەن جەردە ئېتىنى يېتىلەپ كەلگەنىدى. ئۇ ئاتنىڭ يالىدىن تۇتۇپ مىندى ـ دە، دۆڭلۈكنىڭ چوققىسىغا قاراپ ئاستا يۈردى. ئۇنىڭ كەينىدىن يەتتە نۆكەر ئەگىشىپ ماڭدى، بۇلاردىن بىرى لەپىلدەپ تۇرغان تۇغنى كۆتۈرۈۋالغانىدى.
قاغاننىڭ ئالدىدىن توپ ـ توپ ئاتلىقلار ھەر تەرەپكە ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇلار تېزلىك بىلەن بەلگىلەنگەن يەرگە كېلىپ، چىڭگىزخان تېخى سەككىزىنچى بارمىقىنى پۈكمەستىنلا ئۇنىڭ ئالدىدا ئالتە قاتار ئاتلىق سەپ بولۇپ تۇرۇشتى. ھەر قاتار يۈز ئاتلىقتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئالدىدا مىڭبېشى چاغان ۋە ئۇنىڭ يېنىدا بىر نەچچە تۇرغاۋۇتلار تۇراتتى.
— چاغان، بۇياققا كەل! — دەپ ۋارقىرىدى چىڭگىزخان.
چاغان ئات چاپتۇرۇپ دۆڭگە چىقتى ـ دە، قاغاندىن ئۈچ قەدەم نېرىدە توختىدى.
— سەن ئەنە ئۇ تاغقا، چۆلنىڭ بارلىق قارا خەلقى، كەمبەغەل كۆچمەنلەر ۋە ئۇزۇن قولاق توشقانلىرى يىغىلغان يەرگە بارسەن، ئۇلارنىڭ بىر قوينىمۇ قولدىن بەرمەستىن، ھەممە مال ـ يىلقىلىرىنى ھەيدەپ كېلىسەن. ئالغا!
چاغان ئېتىنى بۇراپ، چېرىكلەرگە قاراپ چېپىپ كەتتى.
— مېنىڭ كەينىمدىن يۈرۈڭلار!
چېرىكلەر ئاينىڭ كۈمۈش نۇرلىرى ئاستىدا ئاقىرىپ كۆرۈن-

گەن يولغا بۇرۇلۇپ، قاتار ـ قاتار بولۇپ يۇزدىن تىزىلىپ ماڭ-
دى. قاغان دۆڭنىڭ چوققىسىدا قىمىرلىماي، پۈتۈن چېرىكلەر
كۆزدىن غايىب بولغۇچە ھېسابلاپ، بارماقلىرىنى پۈكۈپ تۇراتتى.
ئۇ ئونىنچى بارمىقىنى پۈكۈپ:
— مەغرۇر ۋە ماختانچاق خارەزم شاھ شۇنچىلىك قوشۇن
يىغالىدىمىكىن؟ بىز بۇنى يېقىن كۈندە بۇخارا يېنىدىكى ئۇرۇشتا
كۆرىمىز، — دېدى.

## توقۇزىنچى باب

# يوقالغان كارۋان

چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئەلچىلىرىدىن چوڭ كارۋان تەشكىل قىلىپ، سودا - سېتىق قىلىش نىقابى ئاستىدا خارەزم شاھىنىڭ قول ئاستىدىكى يەرلەرگە مېڭىشنى بۇيرۇدى. چىڭگىز-خان خىتايدا تالىلىۋالغان قىممەت باھا بۇيۇملاردىن كۆپ قىسمىنى ئۇلارغا بەردى ۋە خىزمەت كۆرسەتكەن كىشىلەرنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن، شۇ نەرسىلەرنىڭ پۇلىغا مۇمكىنقەدەر كۆپرەك گەزلىمە سېتىۋېلىشنى تاپشۇردى.

مەھمۇد يالۋاچ كارۋان بىلەن ناھايىتى كۆپ مال ماڭغۇزدى، بىراق ئۆزى خارەزمگە بېرىشتىن باش تارتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككى ھەمراھى بىلەن ئۆيدە ياتاتتى ۋە ئۇلار «بۇخارادا بىزگە زەھەر بېرىشتى» دەپ توۋلايتتى. كارۋان بەش يۈز تۆگىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا تۆت يۈز ئەللىك كىشى سودىگەر ۋە خىزمەتچى نىقابى ئاستىدا كېتىپ باراتتى، كارۋانبېشى قىلىپ چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ موڭغۇل نۆكەرلىرىدىن ئۇسۇننى تەيىنلىدى.

كارۋان تەڭرىتاغنىڭ تارماقلىرىدىن ئۆتۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ چېگرىدىكى شەھىرى ئوترارغا كەلدى. بۇ يەردە «كارۋانبېشى» ئۇسۇن شەھەر باشلىقىغا شاھ مۇھەممەدنىڭ ئىمزاسى ۋە تامغىسى بىلەن بېرىلگەن يارلىقنى كۆرسەتتى. بۇ يارلىقتا شاھ موڭغۇل سودىگەرلىرىگە «خارەزمنىڭ ھەممە شەھەرلىرىدە ئەركىن يۈرۈش ۋە سېلىق تۆلىمەي سودا قىلىش»قا ئىجازەت بەرگەنىدى.

ئوترار شەھىرى ئۆزىنىڭ بازارلىرى بىلەن مەشھۇر ئىدى.

باھار ۋە كۈزدە بۇ يەرگە يىراق يايلاقلاردىن كۆچمەنلەر كېلىشەتتى ، ئۇلار قويلار ، قۇللار ، ئاشلانغان تېرىلەر ، يۇڭلار ، تۇرلۇك مويلار ، گىلەملەر ئېلىپ كېلىپ گەزلىمە ، ئۆتۈك ، قورال - ياراغ ، پالتا ، قايچا ، يىڭنە ، بولاپكا ، ئاپقۇر - چىنە ، مىس ۋە ساپال قاچىلارغا ئالماشتۇرۇپ كېتەتتى . بۇ بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىنى ماۋەرائۇننەھر ۋە خارەزمنىڭ شەھەرلىرىدىكى ماھىر ئۇستىلار ۋە ئۇلارنىڭ قۇللىرى ياسايتتى .

بۇ قېتىم كەلگەن كارۋان ئوترار بازارلىرى ئۈچۈن ئادەتتىكىدىن باشقىچە ئىدى . سودىگەرلەر گىلەملەر ئۈستىگە شۇنداق ئاجايىپ ۋە قىممەت باھا ماللارنى يېيىپ قويۇشتىكى ، بۇنداق نەرسىلەرنى ئوترارلىقلار چۈشىدىمۇ كۆرۈشمىگەنىدى . ئۇلار توپ - توپ بولۇپ كېلىپ ، ئاددىي مەدەندىن ياسىلىپ ئالتۇن سۈيى يالىتىلغان ، خۇددى ئالتۇندىن قۇيۇلغاندەك بۇتلارنى ، چاقماقتىن ياسالغان بۇيۇملارنى ، چىنە - قاچىلارنى ، ئالتۇن ساپلىق ۋە قىممەت باھا تاشلار ئورنىتىلغان پىچاق ۋە قىلىچ غىلاپلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشاتتى . بۇ ماللارنىڭ ئىچىدە قۇندۇز ۋە قارا تۈلكە تېرىلىرى ، قېلىن شايىدىن تىكىلگەن سۆسەر ياقىلىق ئەركەكلەر ۋە ئاياللار كىيىملىرى ، تۈرلۈك تېپىلماس ۋە قىممەت باھا بۇيۇملار بار ئىدى . ئادەملەر ئۆزئارا :

— بۇ قىممەت باھا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تاتارلار خىتايدىن ، شاھنىڭ سارايلىرىدىن تالاۋېلىشقان . بۇ چىرايلىق كىيىملەردە قاننىڭ داغلىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن ، ئەسكەرلەر تالىۋالغان بۇيۇملىرىنى ئەرزان باھا بىلەن سودىگەرلەرگە سېتىشقان ، بۇ يەردە بولسا سودىگەرلەر بۇلارنى قىممەت باھا بىلەن سېتىپ پايدا ئېلىشىدۇ ، — دەپ سۆزلىشەتتى .

— نېمىشقا بىزنىڭ قوشۇنىمىز خىتايغا ھۇجۇم قىلمايدۇ ؟ — دەپ مۇلاھىزە قىلىشاتتى بەزىبىرلىرى ، — بىزمۇ شۇنداق قىممەتلىك ماللارغا ئىگە بولاتتۇق .

— تاتار سودىگەرلىرى بۇ ئاجايىپ ماللىرىنى يېرىم باھاسىغا

ساتىدىغان بولسا، بىزنىڭ ماللىرىمىزغا كىشىلەر قاراپمۇ قويمايدۇ. ئۇ چاغدا ئوترار سودىگەرلىرى نېمە قىلىدۇ؟

چۆلدىن مال ھەيدەپ كەلگەنلەر باشلىرىنى چايقاپ دېيىشەتتى:

— بۇنداق ماللار كىمگە كېرەك؟ پەقەت خان ۋە بەگلەرگە، ئۇلاردىن قالسا قازى ۋە ئىماملارغىلا كېرەك. بۇ قىممەت باھا كىيىملەرنى سېتىۋالسەن، دەپ ئەمدى ئۇلار بىزدىن ئىككى بارا ۋەر ئارتۇق سېلىق ئېلىشىدۇ.

ئوترار شەھىرىنىڭ باشلىقى — خارەزم شاھىنىڭ ئانىسى تۇركەن خاتۇننىڭ جىيەنى ئىنالچىق قاھىرخان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەنسەپدارلىرى بىلەن بازارنى ئايلاندى، موڭغۇل كارۋىنى يېيىپ قويغان ماللارنىڭ ئالدىدا توختاپ، سودىگەرلەردىن سوۋغىلار ئالدى. كېيىن تەشۋىشلەنگەن ھالدا قەلئەگە قايتىپ، خارەزم شاھقا ئۇشبۇ مەلۇماتنى يېزىۋەتتى:

«ئوترارغا سودىگەر قىياپىتىدە كەلگەن بۇ كىشىلەر ھەقىقەتتە سودىگەر ئەمەس، تاتار قاغانىنىڭ ئايغاقچىلىرى بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ بۇرۇنلىرى قاڭشارلىق، سودىگەرلەردىن بىرى ھىندى بولسا كېرەك. مېنىڭ ئىسمىمنىلا ئېيتتى، «خان» دېمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئۇنى قامچا بىلەن ئۇرغۇزدۇم، باشقا سودىگەرلەر بولسا خېرىدارلاردىن سودىغا ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان ئىشلار توغرىسىدا گەپ سورىشىدۇ. ئۇلار ئوترارلىقلاردىن بىرەرسى بىلەن خالىي قالغان چاغلىرىدا: ‹نېمە ئىشلار بولۇۋاتقىنىدىن خەۋەرىڭلار يوق، يېقىندا شۇنداق ۋەقەلەر يۈز بېرىدۇ، سىلەر ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىپ قالىسىلەر...›، دەپ قورقۇتۇپتۇ.»

بۇ مەكتۇپتىن تەشۋىشلەنگەن خارەزم شاھ مۇھەممەد موڭغۇل كارۋىنىنى قولغا ئېلىشقا بۇيرۇدى. تۆت يۈز ئەللىك سودىگەرنىڭ ھەممىسى موڭغۇل كارۋانبېشى ئۇسۇن بىلەن بىللە قەلئەنىڭ زىندانىغا سېلىنىدى ۋە قەتلى قىلىنىدى، ئۇلارنىڭ ماللىرى بولسا ئوترار شەھىرىنىڭ باشلىقى تەرىپىدىن بۇخاراغا سېتىش ئۈچۈن

ئەۋەتىلدى . بۇ ماللاردىن چۈشكەن پۇلنىڭ ھەممىسىنى خارەزم شاھ مۇھەممەد ئۆزى ئالدى .

كارۋانلاردىن پەقەت بىرلا كىشى تىرىك قالدى ، ئۇ قېچىشقا ۋە موڭغۇللارنىڭ بىرىنچى قاراۋۇلى تۇرىدىغان يەرگە يېتىپ بې-رىشقا مۇۋەپپەق بولدى . ئۇنى بۇ يەردە قوڭغۇراق ئېسىلغان پوچتا ئېتىغا مىندۈردى ـ دە ، ئۇ چىڭگىزخانغا دەھشەتلىك خەۋەر ئېلىپ كەتتى[1] .

---

① چىڭگىزخان مەملىكەتتىكى چوڭ يوللارغا پوچتا ئۆتەڭلىرى قۇرغانىدى . بۇ يەردە قاغاننىڭ پەرمانىنى تارقىتىش ئۈچۈن ، دائىم ئاتلار ۋە چاپارمەنلەر تەييار تۇرۇشاتتى . كوچىدىكىلەر يول بەرسۇن دەپ ، پوچتا ئاتلىرىنىڭ بوينىغا تاسمىغا تىزىلغان ئۇششاق قوڭغۇراقلار ئېسىلغانىدى .

## ئونىنچى باب

# ئەلچىگە ئۆلۈم يوق

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتە ـ ئۆتمەي، تاتار قاغانىدىن بۇخاراغا ئىبن كىفرىج بوغرا دېگەن يېڭى ئەلچى كەلدى، ئۇنىڭ دادىسى بىر ۋاقىتلاردا خارەزم شاھىنىڭ دادىسى تەكىشنىڭ ئەمرى بولۇپ خىز- مەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن بۇخاراغا يەنە ئىككى ئابرۇيلۇق موڭغۇلمۇ كەلدى.

خارەزم شاھ مۇھەممەد ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن، ئۆزىنىڭ قىپچاق چېرىكچى بەگلىرى بىلەن ئۇزاق مەسلىھەتلەشتى. ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىگە بىنائەن موڭغۇل ئەلچىلىرىنى سىپايىلىك بىلەن گىدىيىپ قوبۇل قىلىشقا، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ چىڭگىز- خاننىڭ نىيىتىنى ئېنىقلىۋېلىش مەقسىتىدە ئەلچىلەرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىشقا قارار قىلدى.

باش ئەلچى كۆكرەك كېرىپ دىدىللىق بىلەن كىرىپ، تەزىم قىلمىدى. قائىدىگە مۇۋاپىق قوراللىرىنى تاشقىرىدا قالدۇرۇپ كىرگەن بولسىمۇ، خۇددى ئۇرۇشۇشقا تەييار كىشىدەك تىك تۇر- غان پېتى سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەي كۈنپېتىش ئەللىرىنىڭ ھۆكۈمرانى! — دېدى ئۇ، — بىز چىڭگىزخان ئېلىدىن سىزنىڭ ئوترارىڭغا كەلگەن سودى- گەرلىرىمىزگە ئۆز قولۇڭ قويۇلغان ۋە تامغاڭ بېسىلغان يارلىق بەرگەنلىكىڭنى ئەسلىتىش ئۈچۈن كەلدۇق. بۇ يارلىقتا بىزنىڭ سودىگەرلەرگە خالىغان يېرىدە سودا قىلىشقا ئىجازەت بېرىۋېدىڭ ۋە ئۇلارغا دوستلارچە مۇئامىلە قىلىنىشنى بۇيرۇغانىدىڭ، بىراق سەن ئۇلارنى مەككارلارچە ئالدىدىڭ — ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈ-

رۇلگەن ، ماللىرى بولسا تالانغان . خىيانەت قىلىشىنىڭ ئۆزى قەبىھ ئىش ، بىراق بۇ نەرسە ئىسلام ئېلىنىڭ شاھى تەرىپىدىن سادىر بولسا ، يەنىمۇ يىرگىنىچلىك بولىدۇ .

خارەزم شاھ ۋارقىرىۋەتتى :

— نومۇسسىز ! مەن بىلەن بۇ خىلدا سۆزلىشىشكە قانداق جۈرئەت قىلدىڭ ؟ خىزمەتكارىم قىلغان ئىشنى مېنىڭ بوينۇمغا ئارتىشتىن تارتىنمامسەن ؟

— ئۇلۇغ شاھ ! دېمەك ، سەن ئوترار شەھىرىنىڭ باشلىقى ئۆزىچە شۇنداق قىلغان دېمەكچىمۇ سەن ؟ ياخشى ! ئۇنداق بولىدىغان بولسا ، ئەيىبدار ئىنالچىق قاھىرخاننى بىزنىڭ قولىمىزغا تاپشۇر ، بۇيۇك قاغانىمىز ئۇنى قانداق جازالاشنى ياخشى بىلىدۇ . ئەگەر «ياق» دەپ جاۋاب بېرىدىغان بولساڭ ، ئۇ چاغدا ئۇرۇشقا تەييارلان . بۇ ئۇرۇشتا ئەڭ شەۋكەتلىك يۇرەكلەر يەكسان بولىدۇ ۋە تاتارلارنىڭ تەقلەپ قويۇلغان كۆچلۈك نەيزىلىرى نىشانغا بېرىپ تېگىدۇ .

بۇ دەھشەتلىك سۆزلەرنى ئاڭلاپ خارەزم شاھ ئويلىنىپ قالدى ، ئۇرۇش بولۇش ـ بولماسلىقنىڭ شۇ تاپتا ھەل بولۇشىنى كۈتۈپ ھەممە جىم بولۇپ قالدى . لېكىن ، بەزىبىر تەكەببۇر قىپچاق خانلىرى ۋارقىرىشىپ كەتتى :

— ماختانچاققا ئۆلۈم ! ئۇ بىزگە دوق قىلماقچىمۇ ؟ ئۇلۇغ شاھ ، ئىنالچىق قاھىرخان ئاناڭغا جىيەن بولىدىغۇ ؟ قانداق قىلىپ سەن ئۇنى كۇپپارلارنىڭ قولىغا تاپشۇرىسەن ؟ بۇ يۈزسىزنى ئۆلتۈرۈشكە ئىجازەت بەرگىن ، بولمىسا ئۇنى ئۆزىمىز ئۇجۇقتۇرىمىز !

خارەزم شاھ مۇردىدەك رەڭگى ئۆچۈپ ، تاتىرىپ ئولتۇراتتى . ئۇ ئاستاغىنا :

— ياق ! سادىق خىزمەتكارىم ئىنالچىق قاھىرخاننى بەرمەيمەن ! — دېگىنىدە ، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى .

شۇ چاغدا قىپچاق خانلىرىدىن بىرى موڭغۇل ئەلچىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە ، ساقىلىنى سىقىملاپ تۇرۇپ خەنجىرى بىلەن

شارتتىدە قىرقىدى ۋە يۈزىگە ئاتتى . ئەلچى ئىبن كىفرىج بوغرا كۆچلۈك ۋە يۈرەكلىك كىشى بولسىمۇ ، ئۇرۇش - جېدەل قىلمىدى ، ئۇ پەقەت :

— مۇقەددەس كىتابتا : «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دېگەن ! — دەپ ۋارقىرىدى .

— سەن ئەلچى ئەمەس ، تاتار قاغانىنىڭ ئۇتۇكىدىكى چاڭ. سەن ! نېمىشقا مۇسۇلمان بولۇپ تۇرۇپ ، بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزگە خىزمەت قىلىسەن؟ سەن ساتقىنسەن ، تاتارلارنىڭ چىقىندىسىسەن ! ۋەتەن خائىنى سەن ! — دەپ ۋارقىراشتى خانلار .

شۇ ئارىدا قىپچاق خانلىرى ئەلچىگە ھۇجۇم قىلىشىپ ، ئۇنى خەنجەر بىلەن چاناپ تاشلاشتى ، ئۇنىڭ ئىككى شېرىكى بولغان موڭغۇللارنى تۇتۇۋېلىپ ئۇرۇشتى .

ئۇلار ئەلچىلەرگە ئېغىر ئازابلارنى بېرىپ ، خارەزم شاھ ئېلىنىڭ چېگرىسىغا ئېلىپ بېرىپ ، بۇ يەردە ساقاللىرىنى كۆيدۈرۈشتى ، كېيىن ئاتلىرىنى تارتىۋېلىپ قويۇۋېتىشتى .

## ئون بىرىنچى باب

# چىڭگىزخان غەزەپلەندى

كۇندۇزى قاغان بىر نەچچە قېتىم ئۆز چېدىرىدىن چىقىپ يىراقلارغا كۆز تىكتى، ئۇ نېمىنىدۇر كۇتەتتى. چېدىرغا قايتىپ كىرىپ، يىپەك گىلەم ئۇستىگە ئولتۇردى ۋە ئۆزىنىڭ باش كې-گەشچىسى يوللىغ چۇسەينىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاشقا باشلىدى. بۇ كېڭەشچى ئېگىز بويلۇق، ئالدىرىماي ھەرىكەت قىلىدىغان، ھوشـ-يار ۋە ئۆتكۇر كۆزلۇك، ئورۇق بىر خىتاي ئىدى.

— ئاتنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرۇپ جاھاننى ئېلىش مۇمكىن، بىراق ئاتتىن چۇشمەي تۇرۇپ ئۇنى باشقۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. تېزلىك بىلەن ھەر بىر ۋىلايەتكە باشلىق تەيىنلەش كېرەك، ئۇلار ئاشلىق زاپاسلىرى توغرىسىدا غەم يېسۇن، ئاھالىدىن سېلىق يې-غىش ئۇچۇن مەمۇرىيەتلەر تەسىس قىلىنىشسۇن، بۇ مەمۇرىيەتلەر سېلىق تۇلەشتىن باش تارتقانلارغا جازا بەرسۇن. ھەر بىر مەمۇرى-يەتكە ئىككى ئىشەنچلىك، ئوقۇمۇشلۇق كىشىدىن باشلىق ۋە يار-دەمچى تەيىنلەش كېرەك. دارامەتنى كۆپەيتىش ئۇچۇن، سودىگەر-لەردىن باج ئېلىش، مۇسەللەس، سىركە، تۇزغا ۋە تۇمۇر، ئال-تۇن، كۇمۇش كانلىرىغا سېلىق، يەرنى سۇغۇرۇشتا سۇدىن پايدى-لانغانلىقى ئۇچۇن سۇ پۇلى ئېلىنسۇن...

— ھەممە سۆزۈڭ توغرا، — دېدى چىڭگىزخان.

تامغىچى — ئۇيغۇر ئىسمايىل خوجا تامغىنى ئۇزاتتى، بۇ ئەتراپى قىزىل بويالغان، كەڭ ئېسىل سەدەپتىن ياسالغان، يول-ۋاس سۇرىتى قوندۇرۇلغان ئالتۇن تامغا ئىدى. قاغان يوللىغ چۇسەي تەييارلاپ قويغان پەرمانغا تامغىنى باستى.

چۈش ۋاقتى ، كۈن ئىسسىق ، شامالسىز تىنجىق ، چىڭگىز-
خاننىڭ قارارگاھىدىكى ھەممىسى ئۇگدەشكە باشلىدى ، ھەتتا ئوت-
لاپ يۈرگەن ئاتلارمۇ بىر يەرگە توپلىنىپ جىم تۇراتتى ، ئەتراپىدا
ئايلىنىپ يۈرگەن خىرە چىۋىنلەرنى قورۇپ ئاستا باش چايقايتتى .

يىراقتىن خۇددى چىۋىننىڭ غىڭىلدىشىغا ئوخشاش سوزۇق
ئاۋاز ئىشتىلدى ، كېيىن ئاتنىڭ بويىنىدىكى قوڭغۇراق ئاۋازى
ئاڭلاندى . چىڭگىزخان ئالىقىنىنى كەينىگە قويۇپ تىڭشىدى .

— بىر ئەمەس ، بىر نەچچە چاپارمەن ، — دېدى - دە ،
چېدىردىن چىقتى .

يول بويلاپ كۆتۈرۈۋاتقان چاڭنى ئوچۇق كۆرۈش مۇمكىن
ئىدى .

ئۈچ ئاتلىق قارارگاھ تەرەپكە قاراپ چېپىپ كېلىۋاتاتتى...
ئۇلار قارا ئۆي ئالدىغا كەلگەندە ئاتلاردىن بىرى يىقىلدى ، ئۈستىدى-
كى كىشى بولسا ، ئاتنىڭ بېشىدىن موللاق ئېتىپ چۈشتى .

قورۇقچىلار ئاتلىرنى تىزگىنىدىن تۇتۇپ قاراۋۇلخانىغا ئې-
لىپ بېرىشتى . كەلگەنلەرنىڭ ئىككىسى ئۇ يەردىن قاراۋۇللار
بىلەن بىللە تايچاقلار تۇرىدىغان يەرگە كېلىشتى ، بۇ يەردە چىڭگىز-
خاننى تاپتى .

قاغان ئاق بېيىنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى ، كۆزلىرى-
نى قىسىپ ، سۇر كۆك تاي ئانىسىنى ئېمىتىۋاتقىنىنى تاماشا
قىلاتتى .

كەلگەن ئىككىيلەن ھەممە يېقىنى لاتا بىلەن باغلىۋالغانىدى .
يۈزلىرى ئىششىغان ، يارا ، ئۇلار شۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كېتىشكەن-
كى ، قاغان بۇلارغا قاراپ :

— كىمسىلەر ؟ — دەپ سورىدى .

— ئۇلۇغ قاغان ! بىز ئىلگىرى سېنىڭ مىڭبېشىلىرىڭدىن
ئىدۇق ، ئەمدى بولسا گۆردىن چىققانغا ئوخشايمىز . خارەزم شاھ
بىزنى زاڭلىق قىلغۇسى كېلىپ ، شان - شەرىپىمىز بولغان ساقال-
لىرىمىزنى كۆيدۈرۈشكە بۇيرۇدى .

— ئىبن كىفرىج بوغرا قېنى؟

— ئۇ سېنىڭ بۇيرۇقلىرىڭنى توغرىدىن - توغرا دىدىللىق بىلەن ئېيتىپ بەرگىنى ئۈچۈن، خارەزم چوشقىلىرى ئۇنى پارچە - پارچە قىلىپ چاناپ تاشلاشتى.

— قانداق؟ ئۇلار مېنىڭ ئەلچىلىرىمنى چېپىپ تاشلاشتى - ھە؟ مېنىڭ جەسۇر ۋە سادىق ئىبن كىفرىج بوغرامنى - ھە؟

چىڭگىزخان ئىڭرىدى. ئۇ بىر سىقىم قۇمنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ بېشىغا چاچتى، كۆز ياشلىرى ئېقىپ چۈشۈۋاتقان يۈزلىرىنى سۈرتتى - دە، ئېغىر قەدەم تاشلاپ، دەھشەتلىك بىر قىياپەتتە يۈگۈرۈپ كەتتى، شۇ يېقىن ئەتراپىدا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى كەيىندىن يۈگۈرۈشتى. چۇقان - سۈرەنلەردىن ئويغىنىپ، تېخى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمىگەن چېرىكلەر بۇلارغا قوشۇلدى، ئادەم بارغانسېرى كۆپەيدى.

قاغان ھاسىرىغان ھالدا ئاتلار تۇرغان يەرگە يۈگۈرۈپ باردى. قوزۇقتىن ئېگەرلەنمىگەن ئاتلاردىن بىرنى يەشتى، ئۇنى يالىدىن تۇتۇپ بىر سەكرەپ مىندى - دە، يول بىلەن توپتوغرا كۆكتاغقا چاپتۇرۇپ كەتتى. يوللىغ چوسەي ۋە چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرىمۇ ئاتلىنىپ ئۇنىڭ كەيىندىن يولغا چۈشۈشتى.

ئۇلار ھاك تاشلىق تاغ ئېتىكىگە يېتىپ كېلىشتى. تاغنىڭ ئۈستىدە، قارىغاي دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدا قاغان تۇراتتى. ئۇ يىراقتىنمۇ كۆرۈنەتتى، قالپىقىنى بېشىدىن ئالغان، بەلۋېغىنى بويىنىغا تاشلىغان[1]، توپا سۈرتۈلگەن قارا يۈزىدىن يوغان - يوغان پارقىراق كۆز ياشلىرى ئاقاتتى.

— ھەي، تەڭرىم! سەن گۇناھسىزلارنى پاناھىڭدا ئاسرايسەن، گۇناھكارلارنىڭ جازاسىنى بېرىسەن، — دەپ ۋارقىرايتتى قاغان، — ئىنساپسىز مۇسۇلمانلارنىڭ جازاسىنى بېرىشىڭ كېرەك! ئاڭلىدىڭلارمۇ، مېنىڭ جەسۇر باتۇرلىرىمنى، مۇسۇلمانلار

[1] بۇ ئادەت موڭغۇللاردا «ئۆزىنى خوداغا تاپشۇرۇش» مەنىسىنى بىلدۈرەتتى.

مېنىڭ ئەلچىم ئۇسۇننى ۋە سودا ـ سېتىق قىلىش ئۈچۈن بارغان تۆت يۈز ئەللىك گۇناھسىز سودىگەرنى ھالاك قىلىشتى . مۇسۇل-مانلار ئۇلارنىڭ ماللىرىنى تالاپ ، بىزنى زاڭلىق قىلىشىۋاتىدۇ . ئۇلار مېنىڭ يەنە بىر ئەلچىم ئىبن كىفرىج بوغرانىمۇ ئۆلتۈردى ، يەنە ئىككى ئەلچىمنىڭ ساقاللىرىنى كۆيدۈرۈشتى ، ئاتلىرىنى تار-تىۋېلىپ ، ئۆزلىرىنى ھەيدىۋېتىشتى ، بىز ئۇنىڭغا چىدالايمىزمۇ ؟

— مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە بىزنى ئېلىپ بار ! — دەپ ۋارقىرىشاتتى تاتارلار ، — بىز شەھەرلىرىنى تۇپتۇز قىلىپ ، خو-تۇن ، بالا ـ چاقىلىرى بىلەن قىرىپ تاشلايمىز ! بىز ئۇلارنىڭ ھەممە ماللىرىنى ۋە ئاتلىرىنى تارتىۋالىمىز !

— ئۇ يەردە قاتتىق سوغۇق ۋە بورانلار بولمايدۇ ، — دەپ ۋارقىراشنى داۋام قىلدى چىڭگىزخان ، — ئۇ يەردە دائىم ياز ، تاتلىق قوغۇنلار ، ئۈزۈملەر ۋە پاختىلار ئۆسىدۇ ، ئۇ يەردىكى يايلاقلاردا ئۈچ قېتىم ئوت ئۈنىدۇ . شۇنداق ياخشى ئۆلكىدە مۇ-سۇلمانلاردەك جىنايەتچىلەر ياشىسا مەيلىمۇ ؟ ياق ، بىز بۇ ئۆلكىنى بېسىۋالىمىز ، شەھەرلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىمىز . ۋەيران قىلىنغان شەھەرلەرنىڭ ئورنىغا ئارپا تېرىيمىز ، ئۇنىڭدا بىزنىڭ ياخشى ئاتلىرىمىز ئوتلىسۇن ۋە سۆيۈملۈك خوتۇن ، بالا ـ چاقىلى-رىمىز ياشايدىغان ئۆيلەر تۇرسۇن . مۇسۇلمانلار ئۆلكىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارمۇ سىلەر ؟

— ئۇلارنىڭ قەيەردىلىكىنى كۆرسەتسەڭ بولدى ، قىرىپ تۈ-گىتىمىز ! — دەپ ۋارقىرىشاتتى تاتارلار .

— مەن سەپەر ئېيى چىققىنىنى شامانلارسىزمۇ كۆرۈپ تۇ-رۇپتىمەن . دېمەك ، كۈنېپىتىشقا قوشۇن تارتىش ۋاقتى كەل-گەن ، — دەپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن چىڭگىزخان بۇرۇلۇپ ئاستا ـ ئاستا تاغقا چىقىشقا باشلىدى ، ئۇنىڭ كەينىدىن تۇرغاۋۇتلىرىمۇ ئەگەشتى ۋە چىڭگىزخان ئۆزى يالغۇز ئويلاپ ئولتۇرغان يەرنى ئورىۋېلىشتى .

چىڭگىزخان تاغنىڭ يەنىمۇ ئېگىزرەك باغرىغا چىقىپ ، يار

بويدىكى مەيداندا يېنىۋاتقان گۇلخاننى كۆردى . بىر بالا گۇلخان ئالدىدا ئولتۇرۇۋېلىپ كورۇك باساتتى ، ئوچاقتا تۆمۈر پارچىسى چوغدەك تاۋلىنىپ قىزىۋاتاتتى . زوڭزىيىپ ئولتۇرغان قېرى بىر موڭغۇل بولسا قىسقۇچ بىلەن تۆمۈر پارچىسىنى تۇتۇپ ، بولقىسىد-نى كۆتۈرگەن پېتى تۇراتتى .

— كىمسەن ؟ — دەپ سورىدى چىڭگىزخان .

— مەن تۆمۈرچى قورىمەن . جەبە نويون تۇمىنىدىن .

— بۇ يەردە نېمە قىلىسەن ؟

— ئوق ياسايمەن . بۇ ئوق تۆمۈرگە بېرىپ تەگسىمۇ پۇكۇل-مەيدۇ ، ھەرقانداق قالقاننى تېشىپ ئۆتىدۇ . شۇنداق پۇختا ئوق ياسىشىم ، ساڭا ياردەم قىلىش ئەمەسمۇ ؟

— ئېيتقان سۆزۈڭ توغرا ، دېدى چىڭگىزخان ، — نېمىشقا بۇ يەردە ، تاغدا ئىشلەيسەن ؟

— بۇ تاغدا ياخشى يانىدىغان ياغلىق يىلتىزلار كۆپ . راستىنى ئېيتسام ، بۇ يەردىن يىراق چۆللەر ، ئۆزۈمنىڭ تۇغۇلغان ئېلىم كۆرۈنۇپ تۇرىدۇ .

— نېمىشقا يالغان ئېيتىسەن ؟ بۇ يەردىن بىزنىڭ ئەل كۆرۈن-مەيدىغۇ !

— پايانسىز چۆل بولغىنىدىن كېيىن بەرىبىر ئەمەسمۇ ؟ مەن ئۆزۈم تۇغۇلغان تەرەپكە قارىسام ، كۆڭلۈم ئېچىلىدۇ !

— بۇ بالا ئوغلۇڭمۇ ؟

— خىتاي بالىسى ئىدى ، ئوغۇل قىلىۋالدىم . ئۇلۇغ قاغانىم ، مەن سەن بىلەن بىللە خىتايغا بارغانىدىم ۋە بۇ بالىنى شۇ يەردىن تېپىۋالغانىدىم . مەن ئۇنى ئاتتا يۈرۈپ چوڭ قىلدىم ، ئەمدى ئۇ تۆمۈرچىلىك ئىشىدا ماڭا ياردەمچى بولۇپ قالدى .

— تۆمۈرچىلىك دۇكىنىڭ قەيەردە ؟

— دۇكىنىم — ئات . مانا بۇ بولقام ، مانا بۇ تۆمۈر سەندى-لىم . كورۇكنى تاغارغا سېلىپ ، ئوغلۇم مىنىدىغان ئاتتا ئېلىپ يۈرىمەن .

— ئاتلىرىڭ ياخشىمۇ، كۈچلۈكمۇ؟

— ئاتلىرىم قېرىپ قالغان، بۇ بىچارىلەرنى نەچچە يۈرۈشلەردە مىندىم. بۇخاراغا بارغىنىمدا كۈچلۈك ئاتلارنى تاللىۋالىمەن، يەنە قۇللاردىن بىر نەچچە بازغانچىمۇ قىلىۋالماقچىمەن...

— ياخشى ئۇرۇشساڭ، خالىغىنىڭچە ئاتقا ئىگە بولىسەن.

— ئەمدى مەن چېرىك بولۇپ نەگىمۇ بارارمەن! قاتتىق ياربدار بولغانمەن، ئەمدى ئۇرۇشقا يارىمايمەن. پىچاق، ئوق ياساشقا ئەپچىلمەن، بۇنىڭغا ئۆگىنىپ قالغانمەن. ئۇلۇغ قاغان، سەن ماڭا ئېيتقىن، بىز بۇ يەردە قاچانغىچە تۇرىمىز؟ بىزنىڭ جەبە نويون تۈمىنىدە ئاچارچىلىق بولۇپ، كىشىلەر ئاتلىرىنى سويۇپ يېيىشمەكتە، پاتراق ئىلگىرى سىلجىساق بولاتتى...

چىڭگىزخان بۇرنىنى قاتتىق تارتىپ چىڭقىلىشقا باشلىدى، بۇ يامانلىقتىن بېشارەت ئىدى.

— ياق، سەن ماڭا ئاۋۋال شۇنى ئېيتقىنا، تۆمۈرچى قورى، ئەگەر جەبە نويون تۈمىنىنىڭ ھەممىسى ئىلگىرىلەپ كېتىپ قالغان بولسا ئون ئىككى كۈندىن بېرى ئۇلار بۇ يەردە يوق بولسا نېمە دەيسەن؟ چۆلنى بويلاپ ئۇلارنى ئىزدەيسەن، ئۇچرىغان ئادەمدىن جەبە نويوننى كۆردۈڭلارمۇ، دەپ سوراپ يۈرەمسەن؟ ئەگەر ھەممە نۆكەرلەر قارارگاھنىڭ ئەتراپىدا تەمتىرەپ يۈرۈۋەرسە، پۈتۈن قوشۇنۇم تارقىلىپ كېتىدىغۇ؟

تۆمۈرچىنى تىترەك باستى، ئۇ ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى.

— بۇ تۆمۈرچى قورىنى ئاپىرىپ، چېرىكلەر ئىچىدە تاپىنىغا يىگىرمە تاياق ئۇرۇڭلار، ئەدىپىنى يېسۇن! تېزلىك بىلەن قارارگاھنىڭ ئەتراپىغا قورۇقچىلارنى ئەۋەتىپ، ئۆز قىسمىدىن چەتتە لاغايلاپ يۈرگەن نۆكەرلەر قولغا ئېلىنسۇن، ئۇلارنىڭ يۈزبېشى ۋە مىڭبېشىلىرىنىڭ ئىسمى ماڭا مەلۇم قىلىنسۇن. مەن ھەممىسىنىڭ جازاسىنى بېرىمەن.

چىڭگىزخان يوغان، مايماق ئاياغلىرىغا چاپلىشىۋالغان تۆمۈرچىنى ئىتتىرىپ تاشلىدى ـ دە، تاشلىق يولدىن ئاستا ـ ئاستا

يۇقىرىغا چىقىشقا باشلىدى. ئۇ توختىدى:

— مەن بۇ يەردە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھۆججەت توغرىسىدا تەگرى بىلەن سۆزلىشىمەن، تاغنىڭ ئەتراپىغا قورۇقچىلار قويۇلسۇن. ئەمما، مېنىڭ سۆھبىتىمگە ھېچكىم كاشىلا قىلمىسۇن! — دېدى ـ دە، تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىپ كەتتى.

## ئون ئىككىنچى باب

# مەكتۇپ يېزىش يوللىرى توغرىسىدا

*چىڭگىزخان موڭغۇلچىدىن باشقا تىلنى بىلمەيدى-تى، يېزىشنىمۇ بىلمەيتتى.*

(ۋ.ۋ.بارتولد)

قاغان كەچ كىرگەندە چېدىرىغا قايتىپ كەلدى-دە، ئۆز چېرىكچى بەگلىرىنى چاقىرتقۇزدى. بۇ يەردە چىڭگىزخاننىڭ ياش ۋاقتىدىكى دوستلىرى، غەلىبە سەپىرى بىلەن مەشھۇر بولغان، مۇكچىيىپ قالغان، ساقاللىرى ئاقارغان، يۈزلىرى پۈرۈشكەن ئورۇق قېرىلار ۋە ئۆزى ئۆستۈرگەن ئۆتكۈر چېرىكلەر، غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن تەييار تۇرغان ياش يىگىتلەرمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەر بىرىدە ئۆز تۇغى ئاستىدا يۈرۈشكە تەييار تۇرغان ئون مىڭ ئاتلىق چېرىكى بار ئىدى.

ھەممىسى گىلەمنىڭ ئۈستىدە يېرىم دائىرە بولۇپ ئولتۇرۇشاتتى. پەقەت چىڭگىزخانلا ئوڭلاردىن ئېگىزرەكتە، ئالتۇن تەختنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى، تەختنىڭ يۆلەنچۈكىنى خىتاي ئۇستىلىرى ماھىرلىق بىلەن ياسىغانىدى. ئۇ ئۆزۈن قوللۇق دېڭىز مېدۇزىسىغا ئوخشاش «مەرۋايىت» بىلەن چىرمىشىپ ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشتىكى «بەختلىك ئەجدىھالار»نى، تەختنىڭ تايانچىقى بولسا ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان ئىككى يولۋاسنى تەسۋىر قىلاتتى. ئالتۇندىن ياسالغان بۇ تەختنى قاغان خىتاي خانىنىڭ سارىيىدىن يۈرۈش

ۋاقتىدا قولغا چۈشۈرگەن ۋە يۈرۈشلىرىدە ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرگەنىدى .

تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىدە چىڭگىزخاننىڭ ئىككى ئۆكسى ۋە كىچىك ئوغۇللىرى — ئۆگەتەي بىلەن تولۇي ئولتۇراتتى ، سول تەرىپىدە قاغاننىڭ كېيىنكى خوتۇنى ، بارمىقىدىن مۈرىسىگىچە ئالتۇن ئۈزۈك ۋە بىلەزۈكلەر سالغان ياشقىنا قۇلان خاتۇن ئولتۇراتتى . خىتاي خىزمەتكارلار ئولتۇرغانلارنىڭ كەينىدە ئاياغ ئۈچىدا ئۇياقتىن - بۇياققا يۈرۈشەتتى ۋە ئالتۇن قاچىلاردا تورلۇك تائاملار ، قىمىز ۋە شارابلارنى كەلتۈرۈشەتتى .

قاغاننىڭ سول تەرىپىدە ئۇنىڭ ياش خوتۇنى بىلەن يانمۇيان ئىككى ئەلچى ئولتۇراتتى . بىرىنچىسى مەشھۇر تاڭغۇت[1] خانى بۇرخاننىڭ ئەلچىسى ئاشاگانبۇ ، ئىككىنچىسى — جەنۇبىي خىتاي سۇن ۋىلايىتىنىڭ خانى ئەۋەتكەن ئەلچى ، خىتاي ئەلچىسى سەركەردە مىڭغان ئىدى[2] . جەنۇبىي خىتاي خانى شىمالىي خىتاينىڭ جىڭ ۋىلايىتىدىكى خانىنى يامان كۆرەتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، موڭغۇللار يېقىنلىششقا ، ئۇلار بىلەن دوستلىششقا ئۇرۇناتتى .

بۇ زىياپەتتە چىڭگىزخان مېھمانلارنى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئالتۇن قاچىلىرى ، خىلمۇخىل تائام ۋە ئىچىملىكلىرى بىلەن ھەيران قالدۇردى . چوڭ ئالتۇن تاۋاقلاردا پىشۇرۇلغان غىزالار ، ياش بىيە ، كېيىك ۋە چۆل دوغدىغىنىڭ پىشۇرۇلغان گۆشلىرى قويۇلغان . بۇنىڭ كەينىدىن خىتاي ئاشپىزى تەييارلىغان ناھايىتى مەززىلىك تائاملار تارتىلدى . قىمىز ، قېتىق ، قىزىل ئىران شارابى ، تاۋۇز ئۇرۇقىدىن قىلىنغان خىتاي ھارىقى ، مەخسۇس چاپارمەنلەر كەلتۈرگەن تېپىلماس جەنۇب مېۋىلىرى — بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ سەھرادا ئەجەبلىنەرلىك ھال ئىدى . چۈنكى ، بۇ يەردە ياۋايى ئاتلار ۋە يولۋاسلاردىن باشقا ھېچ نەرسە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس .

---

[1] تاڭغۇت — خىتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر ۋىلايەت .

[2] مىڭغاننىڭ موڭغۇللار ۋە چىڭگىزخان توغرىسىدىكى قولىيازمىلىرى بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە ساقلانغان .

چېدىردىكى شايى پەردىنىڭ كەينىدىن ناخشچى خىتاي خوتۇن-لىرىنىڭ نازۇك ئاۋازلىرى، سۇناي ۋە قومۇش نەينىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى، ئاجايىپ كىيىنگەن بىر مۇنچە ئۇسسۇلچىلار ئۇسسۇلغا چۈشەتتى. ئۇسسۇلدا چۆلدە ئوتلاپ يۈرگەن كېيىكنى، ئۇنى پايلاپ كېلىۋاتقان قاپلاننى، قاپلاننىڭ ئۇنىڭغا سەكرىشىنى، بىراق مۆكۈ-نۈپ ياتقان ئوۋچى ئاتقان ئوقتىن ھالاك بولغىنىنى تەسۋىرلەيتتى. چىڭگىزخان زىياپەتتىن مەمنۇن بولۇپ، تەختتە باداشقىنىنى قو-رۇپ ئولتۇراتتى ۋە يېنىدا تىز چۆكۈپ، خىتاي خىزمەتكارى تۇتۇپ تۇرغان مەخسۇس تاۋاقتىكى قورۇلغان گۆشلەردىن ئېلىپ شاپىلدى-تىپ يەيتتى. ئەڭ ياخشى گۆش پارچىلىرىنى ئېلىپ، كۆڭلى تارتقان مېھمانلارنىڭ ئاغزىغا سالاتتى.

زىياپەت ۋاقتىدا چىڭگىزخان رەشىك بىلەن كۆزىنى تاڭغۇت ئەلچىسىدىن ئۈزمەيتتى، ئەلچى قاغاننىڭ خوتۇنى قۇلان خاتۇننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىپ، ئۇنى كۈل-دۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ شۇ ۋاقىتقىچە چۆللەردە ئاداشماي يۈرگەن ئادەم ئىكەنلىكىنى، خىتايغا بىرىنچى قېتىم بارغىنىدا پايتەختنىڭ ئەگرى - توقاي، ئىنچىكە، تار كوچىلىرىدا ئادىشىپ قالغىنىنى سۆزلەيتتى، قۇلان غەرەزسىز كۈلەتتى. چىڭگىزخان قوينىڭ گۆ-جىكىنى غاجاۋېتىپ، تاڭغۇت ئەلچىسىگە:

— سېنىڭ ھۆكۈمرانىڭ شاھ بۇرخان كەلگۈسى يېڭى يۈرۈ-شۈمدە ئوڭ قولۇم بولۇشقا ۋەدە بەرگەنىدى. مۇسۇلمان خەلقى مېنىڭ ئەلچىلىرىمنى ئۆلتۈرۈشۈپتۇ، ئەمدى مەن خارەزم شاھتىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن بارماقچىمەن. شاھ بۇرخاننىڭ ئۆز ئاتلىقلىرى بىلەن كېلىپ، قوشۇنۇمنىڭ ئوڭ قانىتىدا تۇرۇش پەيتى كەلدى، — دېدى.

گۈزەل قۇلان خاتۇن بىلەن بەند بولغان تاڭغۇت ئەلچىسى چىڭگىزخانغا مەنسىتمەي جاۋاب بەردى:

— ئەگەر ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن قوشۇنۇڭ ئازلىق قىلىدىغان بولسا، نېمە قىلىپ قاغان بولۇپ يۈرىسەن.

چىڭگىزخان ئۈستىخاننى بىر تەرەپكە ئېتىپ تاشلىدى، ماي قولللىرىنى ئاق بوغا تېرە ئۈتۈكىگە سۈرتتى ۋە سۆسەر جۇۋىسىنىڭ ئېتىكى بىلەن بۇرۇتىنى سىلىدى، ھەممە جىم بولدى. تاڭغۇت ئەلچىسىگە قاراپ نەپسى سىقىلغان ۋە بوغۇلغان ھالدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— سەن ئۆز شاھىڭ نامىدىن سۆزلەۋاتىسەن. ماڭا بۇنداق قوپال جاۋاب قايتۇرۇشقا قانداق جۇرئەت قىلدىڭ؟ قۇدرەتلىك قو-شۇنۇمنى ھازىردىن تاڭغۇت خانلىقىغا باشلاش مېنىڭ ئۈچۈن قىيىن دەپ ئويلامسەن؟ بىراق، ھازىر مېنىڭ خىيالىم باشقا ياقتا. مەن ھازىر ساڭا ئوخشاش ئېپلاس، مەككار تاڭغۇتلارنى تارمار قىلماي-مەن، لېكىن مېنى دۈشمەن ئوقىدىن ئامان قالدۇرسا، قەسەم قىلىمەنكى، خارەزم شاھىنى تارمار قىلىپ قايتىپ كەلگىنىمدىن كېيىن، مەن سېنىڭ ئىمانسىز شاھىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قوشۇن تارتىمەن. شۇ چاغدا مەن سېنىڭ سۆزلىرىڭنى يادىڭغا سالىمەن ۋە قاغانلىق قولۇمدىن كېلىش - كەلمەسلىكىنى سىلەرگە كۆرسىتىپ قويىمەن! يوللىغ چۇسەي، بۇيرۇغىن، دەر-رۇ ئاتلارنى ئېلىپ كېلىشسۇن، بۇ تاڭغۇت كۇچۇكى تېزلىك بىلەن مېنىڭ چېدىرىمدىن چىقىپ كەتسۇن.

تاڭغۇت ئەلچىسى ئاشاگانبۇ دۇدۇقلاپ سورىدى:

— مەن ساڭا قاتتىق تېگىدىغان بىرەر نەرسە دېدىممۇ؟ — خىزمەتكار ختايلار ئۇنى قولتۇقىدىن كۆتۈرۈپ، چېدىردىن سۆ-رەپ چىقىپ كېتىشتى.

غەزەپلەنگەن چىڭگىزخان ختاي ئەلچىسى سەركەردە مىڭغانىغا جىددىي مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئاز ئىچكىننى ئېيتتى ۋە شۇنىڭ جازاسىغا ئالتە چوڭ ئاپقۇردا لىق شارابنى ئۇستى - ئۇستى-گە ئىچىشكە مەجبۇر قىلدى. ئەلچى ئۇنچىقماستىن ئىچەتتى، مېھ-مانلار بولسا بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ شەرىپىگە مەدھىيە ئېيتىشاتتى. ئالتىنچى ئاپقۇرنى ئىچىپ بولغان ئەلچى دۈم چۈشۈپ يىقىلدى - دە، بىردىن ئۇخلاپ قالدى. چىڭگىزخان خۇشال بولۇپ:

— مانا مېنىڭ مېھمىنىم مەست بولدى ! دېمەك ، ئۇ مېنىڭ دوستۇم ، مەن بىلەن كۆڭلى بىر ئىكەن . مېنىڭ دوستۇمنى ئاستا كۆتۈرۈپ ، ئۆز چېدىرىغا ئاپىرىپ قويۇڭلار . ئەتىگەنلىككە ئۇمۇ ئۆز ۋەتىنىگە قايتالايدۇ . شەھەر باشلىقلىرى ئۇنى پات - پات توختىتىپ ، ئۇنىڭغا شاراب ، چاي ۋە خالىغان تائاملار بىلەن زىيا- پەت بەرسۇن . ئەمر قىلىمەنكى ، يولدا نەغمىچىلەر دۇتار ، نەي چېلىپ ئۇنى خۇشال قىلىشسۇن ! بىز خالايمىزكى ، بىزنىڭ خىتاي دوستىمىز ھېچ نەرسىگە موھتاج بولمىسۇن ، — دېدى .

ئۇخلاپ قالغان ئەلچىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، چىڭگىزخان يوللىغ چۇسەيگە مۇراجىئەت قىلدى :

— سەن ئەلچىمىزنىڭ قاتىلى خارەزم شاھ مۇھەممەدكە خەت يازدىڭمۇ ؟

قاغاننىڭ بۈيۈك مەسلىھەتچىسى ئاستا جاۋاب بەردى :

— ئىككى باغادۇر سەركەردە ئۇرۇش قىلماقچى بولغىنىدا ، مەن بىرەر مۇناسىپ نەرسە يازالايتتىممۇ ؟ مەن پەقەت قولغا كىر- گۈزۈلگەن ئەللەردىلا تەرتىپ ئورنىتىشنى بىلىمەن ۋە سېنىڭ پەر- مانلىرىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرۇشقا ئۇ- رۇنىمەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ، مەكتۇپنى سېنىڭ تەجرىبىلىك مىرزاڭ ئىسمائىل خوجا ئۇيغۇر يازدى .

— قېنى ئۇ ؟

قاغاننىڭ قېرى مىرزىسى ۋە تامغىچىسى ئىسمائىل خوجا ئورالغان قەغەزنى بېشىدىن ئېگىز تۇتۇپ ، تەختنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە تىز چۆكتى .

— ئوقۇ !

ئىسمائىل خوجا ئوقۇشقا باشلىدى :

«ئاللا تائالا مېنى بارلىق خەلقلەرگە ئۇلۇغ قاغان قىلىپ تەيىنلىگەن ، كېيىنكى يەتتە يىل ئىچىدە مەن كۆپ مۆجىزىلەرنى كۆرسەتتىم . مېنىڭ پادىشاھلىقىم-

دەك پادىشاھلىق تېخى قەدىم زامانلاردىن بېرى بولمىغا.
نىدى . ماڭا بويسۇنمىغان شاھلار غەزىپىمگە ئۇچرايدۇ ،
مەن ئۇلارنى تارمار قىلىمەن . مېنىڭ قوشۇنۇم يېقىنلد.
شىشى بىلەن يىراق ئۆلكىلەرمۇ دەررۇ ماڭا تەسلىم
بولىدۇ ۋە تىنچىپ قالىدۇ . بىراق ، نېمىشقا سەن مېنى
ھۆرمەت قىلمايسەن ؟ ئويلاپ قارىغىن ! ياكى سەنمۇ غە.
زىپىمنىڭ قەھرىنى سىناپ كۆرمەكچىمۇ ؟... »

چىڭگىزخان تەختتىن چۈشۈپ ، ئىسمائىل خوجىغا ئېتىلدى ۋە ئوقۇلۇپ تۆكۈلگەن خەتنى قولىدىن تارتىۋالدى .

— سەن كىمگە يازدىڭ ؟ مەن بىلەن سۆزلىشىشكە لايىق ھۆكۈمرانغىمۇ ياكى سېرىق ئىتنىڭ كۈچۈكىمۇ ؟ دۈشمەن بىلەن شۇ يوسۇندا سۆزلىشىش كېرەكمۇ ؟ سەن ئۆزۈڭ مۇسۇلمان بولغىنىڭ ئۈچۈن ، مۇسۇلمان خانى ئالدىدا قۇيرۇقۇڭنى شىپاڭلىتىسەن ، سەن شاھ مۇھەممەدنىڭ مېنى ئۆزىدىن قورقىدىكەن ، دەپ ئويلى.
شىنى خالامسەن ؟

ئىسمائىل خوجا يۈزىنى گىلەمگە يېقىپ ياتاتتى ۋە ياتقان جايىدا قورقۇپ تىترەيتتى . قاغان ئۇنىڭ بەلۋېغىدىن كۆتۈرۈپ چېدىردىن سۆرەپ ئېلىپ چىقتى ۋە تېپىپ ئىشىكتىن ئىتتىرىپ تاشلىدى . مەسلىھەتچى يوللىغ چۈسەي ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ ، ئۇنى ئاستا كاھىشقا باشلىدى .

— مىرزاڭنىڭ ئاپئاق ساقاللىرىغا بىر نەزەر سال ، ئۇنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى قىلغان خىزمەتلىرىنى ئەسلە . ئۇ سېنىڭ باللىرىڭنى ۋە نەۋرىلىرىڭنى ئوقۇتۇپ ساۋاتىنى چىقارغان ، سادىق خىزمەتكارنى بۇنچىلىك خورلاش يارىمايدۇ...

چىڭگىزخان قەددىنى توغرىلىدى .

— ئىسمائىل خوجا قوللارغا مۇناسىپ خەت يېزىپتۇ ، ئۇ مەغرۇرلىنىپ سۆزلەشنى بىلمەيدۇ . مەيلى ، ئۇ مېنىڭ نەۋرىلد.
رىمنى ئوقۇش ۋە يېزىشقا ئۆگىتىۋەرسۇن ، ئەمما خەلق ھۆكۈمراد.

لىرى بىلەن بۇنداق سۆزلىشىشكە ئىنتىلمىسۇن.

قاغان چېدىرغا قايتىپ كىرىپ، يەنە تەختكە چىقتى. ئۇ ئۆتكۈر تېزىنى قوچاقلىغىنىچە سول ئايىغى ئۈستىدە ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئولتۇردى، ئۇنىڭ كۆك كۆزلىرى گاھ كېڭىيەتتى، گاھ قىسىلاتتى. تەختنىڭ يېنىدا قولىدا قەغىزى بىلەن باشقا مىرزا پەيدا بولدى، يوللىغ چوسەي ئۇنىڭغا قومۇش قەلەم بىلەن دۇۋەت بەردى. چىڭگىزخان بولسا غەزەپكە تولغان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىدىن ئۈزمەي، ھامان جىم ئولتۇراتتى. كېيىن ئۇ تېز چۆكۈپ، كۈتۈپ ئولتۇرغان مىرزىغا بۇرۇلۇپ دېدى:

— شۇنداق دەپ يازغىن: «سەن ئۇرۇشنى خالىنۇدىڭ، سەن ئۇنىڭغا ئېرىشىسەن.»

قاغان خۇددى چۆچۈپ ئويغانغاندەك، يوللىغ چوسەينىڭ قولىدىن كۆك بوياقلىق ئالتۇن[1] تامغىنى تارتىۋالدى ۋە ئۇنى خەتكە باستى. خەت ئۈستىگە تامغىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى چۈشۈپ قالدى:

ئاسماندا كۆك تەڭرى بولسا،
قاغان يەردىكى قۇدرىتىدۇر.
سەييارىلارغا ئەمىر قىلغۇچىدۇر،
يەردە ھەممە خەلقلەرگە ھۆكۈمراندۇر.

جىم بولۇپ قالغان مېھمانلار ئارىسىدا بىردىنلا موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمغا بارغىنىدا ۋارقىرايدىغان: «قۇۋ! قۇۋ!» دېگەن ئاۋازلىرى ياڭراپ كەتتى.

چېدىرنىڭ ئارقىسىدا باغلاقلىق تۇرغان ئايغىرلار ئىگىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كىشنەۋەتتى. بىرئاز ۋاقىت ئۆتە ـ ئۆتمەستىن، قارارگاھنىڭ ھەممە تەرىپىدىن موڭغۇل ئاتلىرىنىڭ كىشنىگەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

---

[1] باشقا خەلق شاھلىرىغا يازغان خېتىگە قاغان كۆك رەڭلىك تامغا باساتتى، ئاددىي ھۆججەتلەرگە بولسا قىزىل رەڭلىك تامغا باساتتى.

مەكتۇپنى يوللىغ چۇسەي ئېھتىيات بىلەن قولىغا ئالدى، چىڭگىزخان بولسا كەسكىن قىلىپ ۋە سۆزلىرىنى بۆلۈپ - بۆ-لۈپ:

— مەكتۇپنى ئەۋەتىڭ! مۇسۇلمان ئېلىنىڭ چېگرىسىغا! تېزلىك بىلەن! چاپارمەنگە قورۇقچىلار بېرىلسۇن! — ئۈچ يۈز ئاتلىق بېرىلسۇن! دېدى. كېيىن يېنىدا ئولتۇرغانلارغا قايرىلىپ قاغان يەنە بايىقىدەك خۇشاللىق، ئوچۇق چىراي بىلەن خىرقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى، — بىز بەزمىمىزنى داۋام قىلدۇرۇۋېرىمىز، بەخۇدۇك سۆھبەتلىشۋېرىمىز. پات ئارىدا مۇسۇلمان شەھەرلىرىدە جېنىمىز ئارام ئالىدۇ، بىز ئۇ يەردە كەيپ - ساپا قىلىمىز! ئاتلىرىمىزنىڭ تەر - تۇمانلىرى ئورنىۋالغان ئاختاما يەرلەر قورققان كىشلەرنىڭ قېچىشىنى ۋە بوينىغا ئارغامچا تاشلانغان خوتۇنلارنىڭ ۋاي - دادلىشى هازىرنىڭ ئۆزىدىلا كۆزۈمگە كۆرۈنمەكتە، ئۇ يەردىكى دەريالار خۇددى مانا شۇ شارابتەك قىپقىزىل بولۇپ ئاقىدۇ، يېنىۋاتقان يېزىلارنىڭ ئىسىدىن ئىس باسقان ئاسمان چوغدەك قىزىرىدۇ!

ئۇ بىر كۆزىنى قىستى ۋە يوغان، قىسقا بارمىقىنى كۆتۈرۈپ قارارگاھتىكى ئايغىرلارنىڭ كەينى - كەينىدىن كىشنەشلىرىگە قۇلاق سېلىشقا باشلىدى.

ئولتۇرغان مېھمانلار ئۆزئارا: «ئەتىمالىم، ئۇرۇش يېقىنغا ئوخشايدۇ» دەپ پىچىرلىشاتتى، خۇددى ئۇلۇغ چېرىكچى بەگلەرگە ئوخشاش، بىر - بىرلىرىگە غەلىبە تىلەپ ئالتۇن قەدەھلەرنى ئۇرۇشتۇرۇشاتتى ۋە كەلگۈسىدىكى ئۇلۇغ كۈنلەر توغرىسىدا سۆھبەتلىشەتتى.

## بەشىنچى قىسىم

# نامەلۇم ئەلنىڭ ھۇجۇمى

## بىرىنچى باب

# كىم ئۆزىنى ھىمايە قىلمىسا، ھالاك بولىدۇ

*مۇغۇللارنىڭ ھۇجۇمىدىن كېيىن جاھان ھەبەش-
نىڭ چېچىدەك چېچىلدى، ئادەملەر بۆرىدەك بولۇپ
قالدى.*

(سەئىدى، XIII ئەسىر)

چىڭگىزخاننىڭ ئالتە ئېغىز سۆزى بىلەن يېزىلغان دەھشەت-
لىك خېتىنى ئالغاندىن كېيىن، خارەزم شاھ مۇھەممەد يېڭى
مەركىزى — سەمەرقەندنىڭ ئەتراپىغا چاپسانلىق بىلەن ئۆلچىمى
چوڭ ھەم مۇستەھكەم قورغان سېلىشقا بۇيرۇدى، قورغاننىڭ ئۇ-
زۇنلۇقى ئون ئىككى فەرسەخكە[①] يېقىن بولۇشى كېرەك ئىدى.
مۇشۇ يىلنىڭ ئالۋىڭى قىيىنچىلىق بىلەن يىغىۋېلىنغان بول-
سىمۇ، شاھ ئەلنىڭ ھەممە تەرىپىگە ئۈچ يىللىق ئالۋاڭنى ۋاقتى-

① ئون ئىككى فەرسەخ — 84 كىلومېتىرغا يېقىن.

دىن ئاۋۋال ئېلىش ئۇچۇن ئالۋاڭچىلىرىنى ئەۋەتتى .
شاھ ئوقياچىلار ئەترىتى تۈزۈشنى بۇيرۇدى . ئوقياچىلار ئات-لىرىنى مىنىپ ، قورال - جابدۇقلىرى بىلەن بىر نەچچە كۈنلۈك ئوزۇق - تۈلۈكلىرىنى غەملەپ ، تەيىنلەنگەن يەرلەرگە يېغىلىشلى-رى كېرەك ئىدى .
شاھ سەيھۇن دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى پۈتۈن يېزى-لارغا ، موڭغۇللار پەيدا بولغان قارا خىتاي ئېلىنىڭ شەرقىي چېگ-رىسىغىچە دەررۇ ئوت قويۇۋېتىشنى ۋە موڭغۇللارنى ئوزۇق ۋە باشپاناھدىن مەھرۇم قىلىش نىيىتىدە شاھ ئوت قويۇلغان يېزىلار-نىڭ ئاھالىسىنى ھەيدىۋېتىشنى بۇيرۇدى . بىراق ، ۋەيران قىلىن-غان يەرلەرنىڭ غەزەپلەنگەن خەلقى قارا خىتايلار تەرىپىگە قاچتى ۋە ئۇ يەردە ئەركەكلىرى موڭغۇللارنىڭ ئەترەتلىرىگە كىرىشتى .
خارەزمنىڭ ھەممە يېرىدىن قوشۇن يىغىلىپ كەلگۈچە شاھ سەمەرقەندتە تۇردى ، قولدەك يالاقچى مەنسەپدارلىرى بىلەن ئورال-غان شاھ مەسچىتلەرگە باراتتى ۋە ئۇ يەردە ۋەزچى شەيخۇلئىسلام-نىڭ ۋەزلىرىنى ئاڭلايتتى . ئۇ مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا توپلىنىپ ، قاتار بولۇپ تۇرغان مۇسۇلمانلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئەستا-يىدىل ئىبادەت قىلاتتى ، ئۇلار بىلەن بىللە ئېگىلىپ ، ئىمامنىڭ ئېيتقانلىرىنى تەكرارلاپ ناماز ئۆتەيتتى .
يىلان يىلى (1220 - يىلى )نىڭ بېشىدا شاھ مۇھەممەد ئۇلۇغ سەركەردىلەر ، مەشھۇر بەگلەر ، ئالىي مەنسەپدارلار ۋە ئاقساقال ئىماملارنى يىغىپ پەۋقۇلئاددە كېڭەش ئۆتكۈزدى .
ھەممە بۇ «يېڭى ئىسكەندەر »دىن ، «مۇھەممەد ساھىبقىران» دىن (سەمەرقەند ئىسيانچىلىرىنى تارمار قىلىپ قىپچاق ئەللىرىگە يۈرۈش قىلغىنىدىن باشلاپ ، ئۇنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى ) كۆڭۈلنى كۆتۈرۈپ ئۈمىد بېغىشلايدىغان دانا ۋە دىدىل تەدبىرلەرنى كۈتەتتى .
گىلەمنىڭ ئۈستىدە دائىرە بولۇپ شاھنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئول-تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ھەربىي تەجرىبىلىرى ۋە تېزدىن غەلىبە قازىنىپ ، ئەلنى بەختسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدا

سۆزلىشەتتى .

تېمۇر مەلىك شۇنداق دېدى :

— بۈگۈن پادىشاھ سەمەرقەند ئىستىھكاملىرىنى ۋە قىلىنىۋاتقان ئىشلارنى كۆرۈپ چىقتى . ئۇ ھەر تەرەپتىن ھەيدەپ كەلگەن مىڭلاپ يېزىلىق قۇللارنىڭ خەندەك كولاۋاتقانلىقلىرىغا ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى . يەر توڭلاپ قالغان ، كەتمەن بىسى ياخشى ئۆتمەيدۇ . شاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ : «ئەگەر بۇنداق ئاستا ئىشلەيدىغان بولساڭلار ، ياۋايى تاتارلار كېلىپ ، شەھەر خەندەكلىرىگە قامچىلىرىنى تاشلايدۇ ۋە قامچىلىرى بىلەنلا خەندەكلەر تولۇپ كېتىدۇ» دەپ ۋارقىرىدى . ئىشلەۋاتقانلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قاتتىق دەھشەتكە چۈشۈپ قالدى . «ئەجەبا» دېدى ئۇلار ، «چىڭگىزخاننىڭ چېرىكلىرى شۇنچىلىك كۆپمىكىن ـ ھە؟»

خارەزم شاھ كېڭەش بولىدىغان يەرگە قاپىقى سېلىنغان ھالدا ئۈنچىقماستىن كىرىپ كەلدى ، ئۇ ئالتۇن تەختكە باداشقاننى قۇرۇپ ئولتۇردى . باش ئىمام قىسقىلا دۇئا ئوقۇپ : «ئىلاھىي پادىشاھىمىزنىڭ بەختىگە ۋە شان ـ شەرىپىگە گۈللەپ تۇرغان خارەزم ئېلىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن !» دېدى . ھەممە قول كۆتۈرۈپ پاتىھە ئوقۇپ ساقاللىرىنى سىلاشتى .

— مەن ھەر بىرىڭلاردىن ياردەم كۈتىمەن . ھەر بىرىڭلار ئۆزۈڭلەرچە ئەڭ ياخشى چارە دەپ بىلگەن تەكلىپىڭلارنى ئېيتىڭلار ، — دېدى شاھ .

ئەڭ ئاۋۋال تۇرلۇك ئىلىملارنى بىلگەن ، «دىنىنىڭ پاسىبانى ۋە پادىشاھلىقنىڭ سايىۋىنى» دەپ ئاتالغان ئۇلۇغ ئىمام — قېرى شاھابىددىن خىۋاكى سۆزلىدى :

— مەن بۇ يەردە مەسچىت مۇنبىرىدە ھەمىشە ئېيتقان سۆزۈمنى تەكرارلايمەن . پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئۆز ھەدىسىدە : «كىمكى ئۆز جېنى ۋە مۈلكىنى ساقلاشتا قۇربان بولسا ، ئۇ كىشى شېھىت ئۆلىدۇ» دېگەن . ھەر بىر كىشى ھازىرقى پانىي دۇنيانىڭ ئىشىنى قويۇپ ، دىن يولىدا دۈشمەنگە قارشى غازات

قىلىش كېرەك.
— ھەممىمىزمۇ ئۇرۇش مەيدانىدا قۇربان بولۇشقا تەييار-مىز! — دەپ ۋارقىراشتى ئولتۇرغانلار.
— سەن قانداق مەسلىھەت بېرىسەن؟ — دەپ سورىدى شاھ.
— سەن ئۇلۇغ سەركەردىسەن، سەن يېڭى ئىسكەندەر-سەن! — دېدى قېرى ئىمام، — سان - ساناقسىز قوشۇنلىرىڭنى سەيھۇن بويىغا توپلاپ، ئۇ يەردە مەجۇسىي موڭغۇللارنى ھەل قىلغۇچى ئۇرۇشتا قارشى ئېلىشىڭ كېرەك. سەن ھەممىدىن ئال-دىن يېڭى كۈچ بىلەن ئاسىيا سەھرالىرىنىڭ ئېغىر يوللىرىدىن ھېرىپ كەلگەن دۈشمەنگە دەم بەرمەستىن ھۇجۇم قىلىشىڭ كې-رەك.
شاھ مۇھەممەد يەرگە قاراپ ئۈنچىقمىدى ۋە باشقا كىشىنى سۆزلەشكە بۇيرۇدى.
قىپچاق خانلىرىدىن بىرى:
— موڭغۇللارنى ئېلىمىزنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرگۈزۈشىمىز زۆرۈر. ئۆز جايلىرىمىزنى ياخشى بىلگەنلىكىمىزدىن بىز ئۇلارنى ئاسانلىق بىلەن يوق قىلىپ تاشلايمىز، — دېدى.
قالغان قىپچاق خانلىرى سەمەرقەند بىلەن بۇخارانىڭ ئېگىز، مۇستەھكەم قورغانلىرىغا ئىشىنىپ، بۇ شەھەرلەرنى ئۆز ئىختىيار-لىرىغا بېرىشنى، موڭغۇللارنى ئىرانغا ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈشكە يول قويماسلىقنى مەسلىھەت بەردى.
— مەن بۇ قوپال كۆچمەنلەرنى ياخشى بىلىمەن، — دېدى خانلاردىن بىرى، — ئۇلار ئەلگە كىرگەندىن كېيىن، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدۇ، بىراق بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇشمايدۇ. ئۇلار ئىسسىق-نى ياقتۇرمايدۇ، ئۆزلىرىمۇ، ئاتلىرىمۇ سوغۇققا ئۆگەنگەن. موڭ-غۇللار ئېلىمىزدە خوجايىنلىق قىلىپ تۇرغان بىر چاغدا، بىز سۆيۈملۈك پادىشاھىمىزنى ساقلاشقا ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك. ئىلاھىم پادىشاھىمىزغا يۈز يىگىرمە يىل ئۆمۈر بەرسۇن! بىز ھىندۇقۇش تاغلىرىنىڭ ئارقىسىغا چېكىنىمىز ۋە خەزىنە تەرىپكە

بارىمىز ، ئۇ يەردە بىز يېڭى قوشۇن يىغىمىز . ئەگەر زۆرۈر بولۇپ قالسا ، ھىندىستانغىمۇ ئۆتۈپ كېتىشىمىز مۇمكىن . شۇ ۋاقىت ئىچىدە موڭغۇللار ئالىدىغانلىرىنى ئېلىپ ئەللىرىگە قايتىپ كېتىدۇ .

— بۇ قورقۇنچاق ئادەمنىڭ گېپى ! — دېدى تېمۇر مەلىك .

شاھ مۇھەممەدنىڭ ئوغلى جالالىددىن سورىدى :

— سەن نېمە دەيسەن ؟

— مەن سېنىڭ ئەسكىرىڭ مەن ، پەرمانىڭنى كۈتىمەن .

— سەنچۇ ، تېمۇر مەلىك ؟

— ھۇجۇم قىلغان غەلىبە قىلىدۇ ، ئۆزىنىلا مۇداپىئە قىلغان كىشى ھالاك بولىدۇ ، — دېدى تېمۇر مەلىك ، — شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كىشى كۈچسىز بولۇشىغا قارىماستىن ، دىدىل ھۇجۇم قىلسا ، كۈچلۈك ۋە دەھشەتلىك يولۋاسنى يېڭەلەيدۇ . تاغلارنىڭ ئارقىسىغا پەقەت قۇيرۇقى قىسىق ، دۈشمەن بىلەن يۈزمۇيۈز ئۇچرىشىشتىن قورققان ئادەملا ئۆتۈپ كېتىدۇ . مېنىڭدىن سوراپ نېمە قىلىسەن ؟ مەن سېنىڭدىن تاتارلارنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى ئايلىنىپ يۈرگەن يەرلەرگە مېنى ئەۋەتكىن ، دەپ ئۆزۈڭدىن بىرى ئىلتىماس قىلىپ كەلدىم . ئۇلار بىلەن كۆرەشتە مەن ئوقيايمىنىڭ توغرا تېگىشىنى ، قىلىچىمىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى بىر سىناپ كۆرەي !

— بوپتۇ ، شۇنداق بولسۇن ! — دېدى شاھ مۇھەممەد ، — يېقىن كۈنلەردە داۋانلاردا قار قالمايدىغان بولغاچقا ، موڭغۇللار تاغدىن ئېشىپ فەرغانە ۋادىسىغا چۈشۈشكە باشلايدۇ . مانا شۇ يەردە موڭغۇللارنىڭ بېشىنى ئېلىشتا قىلىچىڭنى سىناپ كۆرىسەن . سېنى خوجەند شەھىرىدىكى قوشۇنغا سەركەردە قىلىپ تەيىنلەيمەن .

ھەممە يەرگە قارىدى ۋە بارماقلىرىنى گىرە قىلدى . شاھنىڭ ساددا ، ئەمما ئۇرۇشتا شىددەتلىك سەركەردىسى تېمۇر مەلىكنىڭ قاتتىق غەزەپلەنگىنى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇ شاھ ئالدىدا سۆزلىگەندە ھېچقاچان تىل ياغلىمىلىق قىلىشنى بىلمەيتتى . خوجەندتىكى ئەسكەرنىڭ سانى ناھايىتى ئاز ، تېمۇر مەلىكتەك سىنال-

غان سەركەردە ئۇچۇن ئەرزىمىگەن قەلئەگە باش قورۇقچى بولۇش ھېچقانداق شەرەپ ئەمەس ئىدى. تېمۇر مەلىكنىڭ ئاغرىنغانلىقىنى سېزىپ، شاھ مۇھەممەد ئىلاۋە قىلدى:

— تېمۇر مەلىك، پەقەت ھۇجۇم قىلغانلا غەلىبە قىلىدۇ دەمسەن؟ ئۇرۇشتا قورۇق جەسۇرلۇق بىلەن ئەمەس، بەلكى ئويلاپ ئىش قىلىش كېرەك. مەن ھېچقايسى شەھەرنى رەنجىتمەيمەن ۋە ھېچقايسىسىنى ھىمايىسىز قالدۇرمايمەن. مەنمۇ جۇۋا كىيگەن موڭغۇللار ياكى تاتارلار بۇ يەردىكى ئىسسىققا چىدالمايدۇ ھەم بۇ يەردە ئۇزاق تۇرالمايدۇ، دېگەن پىكىردىمەن. تىنچ ياشاۋاتقان خەلق ئۇچۇن ئەڭ ياخشى مۇداپىئە — قورغانلىرىمىزنىڭ مۇستەھكەملىكى ۋە...

— ۋە سىزنىڭ قۇدرەتلىك قولىڭىز! سىزنىڭ دانالىقىڭىز! — دېيىشىپ ۋارقىراشتى خۇشامەتچى خانلار.

— شۈبھىسىزكى، مېنىڭ قول ئاستىمدا بولغان قوشۇن تاتارلارنىڭ يولىنى توسايدىغان دەھشەتلىك ۋە يېڭىلمەس تاغدەك كۈچ بولىدۇ، — دېدى شاھ مۇھەممەد، — جەسۇر ئىنالچىق قاھىرخان بەش ئايدىن بېرى قامال قىلىنغان ئوترارادا تەسلىم بولماستىن، موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمىنى توساپ تۇرۇپتۇغۇ. ئۇ دۈشمەننىڭ ھۇجۇملىرىنى دىدىللىك بىلەن قايتۇرۇۋاتىدۇ، چۈنكى مەن ئۆز ۋاقتىدا ئۇياققا يىگىرمە مىڭ باتۇر قىپچاقنى ياردەمگە ئەۋەتتىم.

— ياشىسۇن باتۇر قاھىرخان! — دەپ ۋارقىراشتى خانلار.

— بىلىدىغان ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەر ماڭا تاتار قوشۇنى سىزنىڭ مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىڭ ئالدىدا دەريادىن تامچە دېيىشكەندى. شۇنداق بولغاندىن كېيىن، قورقۇشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ مەن سەمەرقەندتە پىدائىيلاردىن تاشقىرى، يۈز ئون مىڭ ئەسكەر، يىگىرمە دەھشەتلىك جەڭگىۋار پىل قالدۇرىمەن. بۇخارادا ئەللىك مىڭ باتۇر قوشۇن بار، شۇنىڭدەك باشقا شەھەرلەرگىمۇ يىگىرمە ۋە ئوتتۇز مىڭدىن ئەسكەر ئەۋەتتىم. قورغانلارنىڭ ئالدىدا يىل بويى توختاپ قالىدىغان بولغاندىن كېيىن، چىڭگىزخاننىڭ تاتارلى-

رىدىن نىمە قالىدۇ؟ ئۇنىڭغا يېڭى كۈچلەر كېلىپ تۇرمايدۇ، ئۇنىڭ كۈچلىرى يازدا قار ئېرىگەندەك يوق بولۇپ كېتىدۇ.
— ئىنشائاللا، ئىنشائاللا! — دېيىشتى ئولتۇرغانلار.
— شۇ ۋاقىت ئىچىدە، — دەپ داۋام قىلدى شاھ، — ئىراندا مۇسۇلمانلاردىن يېڭى قوشۇن يىغىمەن. بۇ يېڭى كۈچ بىلەن تاتارلارنىڭ قالدۇقلىرىنى شۇنداق تىرىپىرەن قىلايكى، ئۇلارنىڭ نەۋرە - چەۋرىلىرىمۇ ئىسلام ئېلىگە يېقىنلىشىشتىن قورقۇپ قالسۇن.
— ئىنشائاللا! ئىنشائاللا! — دەيتتى خانلار، — بۇ، غالىب سەركەردىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ دانا پىكرىدۇر!
دىۋانى ئەرزبېگى كېلىپ شاھقا بىر پارچە خەتنى سۇندى. موڭغۇل قورۇقچىلىرى ئارىسىدىن قىيىنچىلىق بىلەن ئۆتۈپ كەلگەن دەرۋىشنىڭ ئېلىپ كەلگەن خېتىدە، شاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئوترارغا كېتىۋاتقان يىگىرمە مىڭ قىپچاق ئەسكىرى خىيانەت قىلىپ، موڭغۇللار تەرىپىگە ئۆتكەنلىكىدىن قىسقىچە خەۋەر بېرىلگەنىدى. بۇ قانداق خەۋەر ئىكەنلىكىنى شاھنىڭ رەڭگىدىن بىلمەكچى بولۇپ، ھەممە ئۇنىڭ يۈزىگە تەشۋىش بىلەن قارىدى. شاھ قاشلىرىنى يىمىرىپ:
— ۋاقىت بولدى، كېچىكتۈرۈپ بولمايدۇ! — دېدى ئۇ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىمامنىڭ پاتىھەسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئوردىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ كەتتى.

## ئىككىنچى باب

# قۇربان قىزىقچى

— ھەي قۇربان قىزىقچى ، ھەي قىزىقچى ! بۇگۈندىن باشلاپ سەن ئەمدى يەر ھەيدىمەيسەن . خارەزم شاھ سېنى ئۆزىنىڭ جەسۇر ئەسكەرلىرىگە سەركەردە قىلىپ تەيىنلەيدۇ ، — يىگىت ئاتتىن چۈشمەستىنلا قامچىسىنىڭ دەستىسى بىلەن قۇربان قىزىقچىنىڭ پەس ، قىيسىق ئىشىكىنى قاقتى .

— بېشىمىزغا يەنە قانداق يېڭى بالا كەلدى ؟— دەپ ۋارقىرىدى قۇرباننىڭ ئورۇق ، مۇكچىيىپ قالغان قېرى ئانىسى ئالدىراشلىقتا كۆكتاتلىقتىن چىقىۋېتىپ .

— قۇرباننى چاپسان چىقارغىن ! كىشى كۈندۈزىمۇ ئۇخلامدىكەن ؟ ياكى بوزا ئىچكەنمۇ...

— بوزا بىزگە قەيەردە دەيسەن ، بالام ! — دېدى موماي ، — ئاۋۋال قۇربان كىچىچە توغاننى پايلاپ چىقتى ، كېيىن ئۆز يېرىنى سۇغاردى ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇ تالىشىپ بىر ئۆزى تۆت قوشنا بىلەن مۇشتلاشتى ، ئۇلار ئاۋۋال ئۇنىڭ سۈيىنى ئۆزلىرىنىڭ تېرىلغۇسىغا قويماقچى بولۇشتى . ھازىر قۇربان ھەممە تەرىپى كۆكىرىپ كەتكەن ھالدا ۋاي - دادلاپ يېتىپتۇ .

موماي ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۆيىدىن قۇربان چىقتى . ئۇ كۆزلىرىنى كۇچەپ ئۇۋۇلايتتى ۋە قورققىنىچە ، ياساندۇرۇلغان ئاتلىق يىگىتكە قارايتتى .

— سالام ، بەگ يىگىت ! ۋىلايەت ھاكىمىنىڭ قانداق خىزمىتى بار ئىكەن ؟

— خارەزم شاھنىڭ ئۆزى قۇربان ئېتىنى مىنىپ ، قىلىچ ۋە

نەيزىسنى تاقاپ مېنىڭ ئالدىمغا كەلسۇن ۋە يەجوج ـ مەجوجلەر بىلەن ئۇرۇشسۇن ، دەيدۇ ، — دېدى .

بېلى مۇكچەيگەن ، ئۇزۇن بويۇنلۇق قۇربان گەدىنىنى تاتلىدى .

— قوي ، مېنى زاڭلىق قىلمىغىن ، بەگ يىگىت ! مەن يىگىت بولۇپ نەگە باراتتىم ؟ مەن قوشۇق بىلەن كەتمەندىن باشقا ھېچ نەرسىنى قولۇمغا تۇتقان ئەمەسمەن .

— سېنىڭ بىلەن مەن نېمە دەيتتۇق . مېنى ھاكىم ئەۋەتتى ، پۈتۈن يېزا ئاقساقاللىرىغا مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى يەتكۈز ، ئېتى بارى ئېتىنى ، تۆگىسى بارى تۆگىسىنى مىنىپ چاپسانلىق بىلەن يىغىلسۇن ، دېدى . يادىڭدا بولسۇن ، سەن ئەتىگە بەگنىڭ يېنىغا بېرىشىڭ كېرەك . ئۇ بولسا ساڭا ئوخشاش باتۇر يىگىتلەرنى توپلاپ ئۇرۇشقا ئېلىپ بارىدۇ ، بارمىغان ئادەمنىڭ بېشى كېتىدۇ . چۈشەندىڭمۇ ؟

— ئالدىرىما بەگ يىگىت ، ماڭا چۈشەندۇرگىن ، نېمە گەپ ، يەجوج ـ مەجوج دېگىنىڭ نېمىسى ؟

بىراق ، يىگىت كۆك ئايغىرغا بىر قامچا ئۇرۇپ چىپىپ كەتتى ، يول ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ تېرىلغۇلار تەرىپىگە ئاستا ـ ئاستا ئولتۇرۇشقا باشلىدى .

— ئوغلۇم ، قۇربان ، بەگلەر يەنە نېمە دېيىشىپتۇ ، ساڭا يەنە نېمە ئىش بار ئىكەن ؟ — دېدى موماي ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ .

— خۇدا ئۇرغان ئوخشايدۇ . شۇ كەمگىچە جەردە ئېتىمىزنىڭ ھارام ئۆلمىگەنلىكىنى دېمەمسىز ! ئېتىم بولمىغاندا مېنى چاقىرتمايتتى ، — قۇربان ئوتلاپ يۈرگەن جەردە بايتىلىنىڭ يېنىغا باردى . قۇرباننىڭ ئوغلى ، يېرىم يالىڭاچ ، پۇشقىقى تىزىغىچە تۈرۈلگەن ھالدا ئۇنىڭ نوختىسىدىن تۇتۇپ ئولتۇراتتى .

شۇ ئەتراپتا ئىشلەپ تۇرغان دېھقانلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىشىپ:

— ھەي ، قۇربان قىزىقچى ، نېمە ئىش بولدى ؟ — دەپ ۋارقىراشتى .

قۇربان جاۋاب قايتۇرمىدى ، ئۇنىڭ ئەزايى - بەدىنى تاياقنىڭ زەربىسىدىن تېخىچىلا سىرقىرايتتى . ئۇ بايتىلىنى سىلىدى ، شالاڭ يالىنى تارىدى ۋە تومپىيىپ چىققان قوۋۇرغىلىرىنىڭ ئۈستىدىن قول يۈگۈرتتى .

— بىزدىن خاپا بولما ، قۇربان ! ئۆزۈڭ بىلىسەن ، ئىتلار ئاۋۋال بىر سۆڭەكنى دەپ بىر - بىرى بىلەن تالىشىدۇ ، بىر چاغدا قارىساڭ يەنە ئىناق بولۇپ ئاپتاپتا ياتىدۇ ، — دېدى قوشنىلار ، — سۇ دېگەندە ئۇرۇق - تۇغقان ، ئاغىنىلەرمۇ ئىت بولۇپ كېتىدۇ . قېنى ، ئېيتقىنا ، ھاكىمنىڭ يىگىتى سېنىڭ ئالدىڭغا نېمە ئىش بىلەن كېلىپتۇ ؟

— ئۇرۇش ! — دېدى قۇربان غودۇڭلاپ .

— ئۇرۇش ؟ — دېيىشتى توپلى يىگىت ۋە تۇرغان يەرلىرىدە قېتىپ قېلىشتى .

— قانداق ئۇرۇش بولۇشى مۇمكىن ؟ — دېدى بىرى ئۆزىگە كېلىپ ، —خارەزم شاھ جاھاننىڭ ئەڭ كۈچلۈك ھۆكۈمرانى بولۇپ ، ئۇنىڭ سايىسى ئالەمنى قاپلاپ تۇرغاندا ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇشقا كىم پېتىنالايدۇ !

— ئۇلار بىزدىن نېمە تەلەپ قىلىشىدۇ ؟ بىز يە ئەسكەر بولمىساق ! بىز بۇغداي تېرىيمىز ، ھوسۇلىنى بەگلەر تارتىۋالىدۇ . ئەمدى بىزنى تىنچ قويسۇن - دە .

— يىگىت نېمە دېدى ؟

— ھەممىمىز ئەلنى ھىمايە قىلىشقا ئاتلىرىمىز ، تۆگىلىرىمىز بىلەن بەگنىڭ ئالدىغا بېرىشىمىز كېرەك ئىمىش ، — دېدى ئۇ .

— مەن بالا - چاقىلىرىمنى ئېلىپ ، تاغقا ياكى سازلىققا قاراپ قېچىپ كېتىمەن . مەن نېمىنى ھىمايە قىلاتتىم ؟ شۇ يەرلەرنىمۇ ؟ بۇ يەرلەر بىزنىڭكى ئەمەس ، بەگنىڭكىغۇ ! بەگنىڭ ئۆزى

يىگىتلىرى بىلەن قوغداۋەرسۇن !

— خارەزىم شاھىنىڭ قىپچاقلاردىن ياللىغان ئەسكەرلىرى بار . ئۇرۇشۇش شۇلارنىڭ ئىشى . شۇ چاققىچە ئۇلار بىز بىلەن ، دېھقانلار بىلەن ئۇرۇشۇپ كەلدى ، ئۇلار بىزگە كۈن بەرمىدى .

— مانا ، بېشىغا كۈن چۈشكەندە بىز كېرەك بولۇپ قالدۇق .

— ھەي ئاۋۇنىڭغا قاراڭلار ! يەنە نېمە بالا ؟

بىر نەچچە ئاتلىق ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئېگىز چاقلىق تۆت ھارۋا كوچىدا توپا توزۇتۇپ كەلمەكتە ئىدى . ئۇلار قۇرباننىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختاشتى ، ھارۋىدىن ئۇزۇن ئاق ھاسا تۇتقان بىر نەچچە كىشى سەكرەپ چۈشتى .

— بېرى كېلىڭلار ! — دېدى ئاتلىقلاردىن بىرى . قۇربان بىلەن يېنىدىكى يېزىلىقلار يۈگۈرۈپ كېلىشتى ۋە قول قوشتۇرۇپ تەزىم قىلىشتى .

— سىلەر مېنى بىلسەڭلار كېرەك . مەن ۋىلايەت خاسىبى — سېلىق يىغقۇچى ، باش خەزىنىچى مۇستافىي بارلىق خاسىبلارغا پەرمان ئەۋەتكەن . ئېلىمىز ئۇرۇش ئالدىدا تۇرۇپتۇ ، چۆللەردىن بىزگە قارشى مەجۇسىي تاتارلار قوشۇن تارتىپ كەلمەكتە . ئەگەر ئۇلار بىزنىڭ تۇپراققا باستۇرۇپ كىرىپ كەلسە ، ھەممىمىزنى چېپىپ تاشلايدۇ ، مال - مۈلكىلىرىمىزنى بۇلىۋالىدۇ ، بىز ئاچ - يالىڭاچ قالىمىز .

— بىز ھازىرمۇ ئاچ - يالىڭاچ ! — دېدى قۇرباننىڭ قېرى ئانىسى .

— دۈشمەن بېسىپ كەلسە ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى خاسىب ، — بېشىمىزدىنمۇ ئاجرايمىز . دېمەك ، بەش يۈز مىڭ ئەسكەرنى قوراللاندۇرۇش ۋە بېقىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ پۇل ۋە ئاشلىق كېرەك . شۇنىڭ ئۈچۈن ، شاھ سېلىقلارنى يىغىشقا بۇيرۇغان .

— بىز يېقىندىلا ھەممە سېلىقلارنى تۆلىگەنىدۇق .

— سىلەر بۇ يىلنىڭ سېلىقىنى تۆلىگەنسىلەر ، ئەمدى كەلگۈ-

سى يىلنىڭكىنى تۆلىشىڭلار كېرەك . كەلگۈسى يىلنىڭ سېلىقىنى ھازىر تۆلەيسىلەر ، قېنى باشلايلى . بۇ كىمنىڭ ئۆيى ؟

— مېنىڭكى ، ئۇلۇغ خاسىب ! — دېدى قۇربان قىزىقچى ، — مېنىڭ تۆلەشكە ھېچ نەرسەم يوق ! مېنىڭدە ھېچ نەرسە يوق ! بىر تاللا مېكىينىم بار ، ئۇمۇ تۇخۇم تۇغمايدۇ .

— سېنىڭ ئېيتىدىغان سۆزۈڭنى مەن ياخشى بىلىمەن ! ھەممىڭلار مۇشۇنداق باھانە كۆرسىتىسىلەر . ھوي ، يىگىتلەر ، ئۆيدىگە ، بولۇپمۇ ئامبىرىغا ياخشىلاپ قاراپ چىقىڭلار .

تۆت يىگىت كىرىپ ھويلىنى ، ئامبارنى ۋە كۆكتاتلىقنى ئايلىنىپ ، قۇرۇق قايتىپ چىقتى ، بىرلا مېكىيانى تۇتۇپ چىققانىدى .

— ساڭا ئىككى كۈن مۇددەت بېرىمەن . بۈگۈندىن باشلاپ ، تا بىر قاپ بۇغداي تېپىپ بەرگىنىڭچە ، كۈندە ئەللىك كالتەكتىن تاياق يەۋېرىسەن . كېيىن يېرىڭ جەسۇر ئەسكەرلىرىمىزگە ياردەم بېرىشتىن باش تارتمىغان باشقا دېھقانغا ئېلىپ بېرىلىدۇ .

قۇربان قىزىقچى خاسىبنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى .

— مەن شاھنىڭ بارلىق بۇيرۇقىنى ئورۇنلايمەن ! مەن بايتىلىمنى مىنىپ يەجۇج - مەجۇجلەرگە قارشى ئورۇشقا بارىمەن . مەن ئىشلەيمەن ، يول ، كۆۋرۈكلەرنى تۈزىتىمەن . لېكىن ئاللارىم ئالدىدا مېنى ئۇرما ، مېنىڭدىن يوق بۇغداينى تەلەپ قىلما ! مېنىڭ تۆت كىچىك بالام ۋە قېرى ئانام بار ، ئۇلارنى قانداق قىلىپ بېقىشقا ھەيرانمەن . رەھىم قىل ، ئۇلۇغ خاسىب ! — دەپ ئېيتىنىڭ ئاياغلىرىنى قۇچاقلىدى . ئۇ دىدىللىك بىلەن شۇ سۆزلەرنى ئېيتقىنىغا ھەيران بولۇپ ئۆزىنى ئىنتايىن ئاجىز سەزدى . جەردە بايتىلى بولسا ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى ئاچ ئىتتەك بەختسىز بولۇپ كۆرۈندى .

— قۇربان قىزىقچى ، سەن قىزىقچىلىق قىلما ، — دېدى خاسىب ، — ئۆزۈڭ بىلىسەن ، ئۇلۇغ ئاللا تائالا كىشىلەرگە ھەر خىل مەرتىۋىلەرنى يارىتىپ بەرگەن ، شاھ ھەممىدىن يۇقىرى ، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى بەگلەر ، كېيىن سودىگەرلەر ۋە ھەممىدىن

كېيىن ئاددىي دېھقانلار . ھەر كىم ئۆز ئىشىنى قىلىشى ، شاھ بۇيرۇغاندىن كېيىن قالغانلارنىڭ ھەممىسى بويسۇنۇشى كېرەك . نامرات دېھقان نېمە قىلىشى كېرەك؟ بەگ ۋە شاھ ئۇچۇن ئىشلىشى ۋە ئۇلارغا ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىشى لازىم . شۇنداق قىلىپ ، سەن بىر قاپ بۇغدايىنى تەييار قىلىپ قوي . مەيلى ، مەن بۇگۈن سېنى ئۇرماي ، ۋاقتىمۇ يوق ، ئەتىگە تېرەڭنى شىلىۋالىمەن .

خاسىب ئېتىنى قامچىلاپ مىڭىپ كەتتى .

ئۆتۈپ كەتكەن سېلىق يىغقۇچىلارنىڭ چېڭى بېسىلىپ ، مەيۈس قوشنىلار تارقالغاندىن كېيىن ، قۇربان قىزىقچى سەپەرگە تەييارلىنىشقا باشلىدى .

ئۇ ئاۋۋال مەسچىتكە — دامولىلىنىڭ ئالدىغا ، كېيىن چوڭ كوچىنىڭ بۇرۇلۇشىدا دۇكىنى بولغان سودىگەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ كەلدى . ئۇ ئۆتكەن ـ كەچكەنلەردىن ئاڭلاپ بىلدىكى ، بەگ توغرا ئېيتقانىكەن : ھەممە يەردە كىشىلەر ئۇرۇش ۋە قانداقتۇر نامەلۇم ئەل توغرىسىدا سۆزلىشەتتى . بۇ ئەل كۈنچىقىشتىن كېلىۋاتىدۇ ، ئەتىمالىم بۇ ئەل كۆچمەن قىرغىزلار ، قارا خىتايلار ياكى ئۇيغۇرلاردۇر ، يا بولمىسا بىر نەچچە يىلدىن بېرى مېلى ئاپەتكە ئۇچرىماي كۆپەيگەنلىكىدىن كۆچىيىپ كەتكەن تاتارلارنىڭ بىر قەبىلىسىدۇر .

ھەممە يەردە بۇ قەبىلىنىڭ ئەسكەرلىرى كىشىلەرگە بىر يېرىم باراۋەر كېلىدۇ ، قىلىچ ۋە نەيزە ئۇلارغا كار قىلمايدۇ ، قارشىلىق قىلىشنىڭ پايدىسى يوق ، دېگەن سۆز تارقالغانىدى . ئۇلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئېگىز ۋە مۇستەھكەم قورغان بىلەن ئورالغان شەھەرلەرنىڭ ئىچىگە بېكىنىۋېلىش ياكى پاتقاقلىقلارغا قېچىش .

قۇربان ئۆيىگە ئۇيلانغان ھالدا قايتتى . بايتالىغا يېگۈزۈش ئۈچۈن ، سامان ۋە كۆممىقوناق غولىدىن قىرقىپ خەشەك تەييارلىدى ، قەيەردىندۇر چاپقىنىنىڭ سۇنۇقىنى تېپىپ ، ياغاچنىڭ ئۇچىغا بىرىكتۈرۈپ نەيزە ياسىدى ، ئۇنىڭدىن كېيىن تۆمۈرچىنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ياردەملەشتى . چۈنكى ، شاھنىڭ بۇيرۇقىغا

مۇۋاپىق ، بۇخاراغا كېتىدىغان دېھقانلا شۇ يەرگە يىغىلىشقانىدى ، قۇربان تۆمۈرچىگە ياردەملىشىپ ، توققۇز مىس دەرخەم ئىشلىدى ، ئەمدى بۇ پۇلغا قاسساپتىن بىر نەچچە پارچە گۆش سېتىۋېلىشقا قادىر بولدى .

قۇرباننىڭ خوتۇنى ئەتىدىن - كەچكىچە بەگنىڭ ئېتىزىدا ئىشلەپ كەچقۇرۇن كەلدى . ئۇ قوناقتىن ئۇماچ پىشۇردى ۋە چىگىردەكلىك نان ياپتى . بالا - چاقىلىرى ساپال تاۋاقنىڭ ئەتراپىغا تاماق يېيىشكە ئولتۇرۇشقاندا ، قۇربان ئائىلە باشلىقى سۈپىتىدە سەزدۈرمەستىن سىپايىلىك بىلەن ھەممىنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈردى .

بىر چەتتە چاچلىرى ئاقارغان ، ئېغىر مېھنەتتىن مۈكچىيىپ قالغان ئانىسى ئولتۇرىدۇ . ئۇ ئانىسىنىڭ ياشلىق چېغىنى ، قارا قۇمچاق يۈزىنى ، چاقناپ تۇرىدىغان قاپقارا كۆزلىرىنى ، گۈلدەك ئېچىلىپ كۈلۈشلىرىنى ئەسلىدى . ئۇ سۇغىرىلغان يەرلەردە ئۆزلۈكسىز مېھنەت قىلىپ ، قۇياشنىڭ قىزىق نۇرلىرى ئاستىدا قوناق پايىسى ياكى پىچان توشۇۋېرىپ مۈكچىيىپ قالغان .

بىر تەرەپتە سولىشىپ بېرىشۋاتقانلىقى ، چىرايلىق ۋە نازۇك يۈزىنى قورۇق بېسىۋاتقانلىقى ئوچۇقتىن - ئوچۇق كۆرۈنۈشكە باشلىغان خوتۇنى ئولتۇرىدۇ . ئۇ ئەتىدىن - كەچكىچە دەستىگاھ ئۈستىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ كۆپرەك ماتا توقۇشقا ئۈرۈنىدۇ ، ئۇنىڭ قوللىرى قاپارغان ، بارماقلىرى مومايلارنىڭ بارماقلىرىغا ئوخشاپ قالغانىدى .

تۆت بالا ئۇماچنى مۇمكىنقەدەر كۆپرەك ئىچىشكە ئالدىرىدى ، ئانىسى بولسا ھەر قايسىسىغا بىر توغرامدىن گۆش بەردى . تۇنجى ئوغلى ھەسەن ئون بىر ياشتا ، ئۇ ئاتىسى بىلەن بىللە بۇخاراغا بېرىشنى خالايتتى . بۇنىڭدىن مەقسەت ھەشەمەتلىك شەھەرنى تاماشا قىلىشلا بولماستىن ، بەلكى ئاتىسىنىڭ ئىنچىكە نەيزە ۋە قىلىچ تۇتۇپ ، دۇگىلەك قالقان بىلەن ساۋۇت كىيىپ توسۇن ئاتتا قانداق

چىپىپ كېتىشىنى كۆرۈش ئىدى .

بۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە ئۈچ بالىسى بار ، چۈنكى ئۆسمۈر قىز ئىزا تارتىپ ، ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن يۈزىنى توسايدىغان بولۇپ قالغان . قالغان ئىككىسى كىچىك ، ئىككىسى يانمۇيان زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ۋە يۈز - كۆزىگە ئۇماچنى سۈرتۈۋالغانىدى . بۇلارنىڭ هالى نېمە بولىدۇ ؟

قۇربان كېچىچە ئۇخلىماستىن ، خوتۇنى بىلەن ئۆزى بولمىغاندا ئىگىلىكنى قانداق باشقۇرۇش ، تېرىلغۇلارنى قايسى ۋاقىتتا سۇغىرىش ، زىرائەتنى يىغىۋېلىشتا قوشنىلارنى قانداق قىلىپ ياردەمگە چاقىرىش ۋە ئۇلارغا ئىزا قانداق قىلىپ بېرىش توغرىسىدا سۆزلەشتى .

— ئەگەر مەجۇسىيلەر بۇ يەرگىمۇ كەلسىچۇ ؟ — دەپ سورايدىتى خوتۇنى ، — ئۇ چاغدا قەيەرگە قاچىمىز ؟ كېيىن سېنىڭ بىلەن قانداق تېپىشىمىز ؟

قۇربان خوتۇنىنى تىنچلاندۇردى . دۈشمەن بۇخاراغا ، ئىسلامىيەتنىڭ يۈرىكىگە كىرىدۇ ، دەپ بولامدۇ ؟ خارەزم شاھ ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك قوشۇنىنى يىغىپ ، دۈشمەننى چۆلدە يەكسان قىلىش ئۈچۈن ، قىپچاقلارنىڭ يېرى ئارقىلىق ئېلىپ ئۆتسە كېرەك . شۇنىڭدا قۇربان ياخشى ئات مىنىپ ، يەنە تۇرلۇك ئولجىلار ، ئائىلە ئۈچۈن سوۋغىلار ئارتىلغان بىر ئاتنى يېتىلەپ قايتىدۇ .

قۇربان تاڭ سەھەردە تۇرۇپ ، يېقىن ئارىدىكى يارلىقتا باردى ۋە ئۇ يەردىن بايتىلىغا شۇنچىلىك شاخ يۈكلەپ كەلدىكى ، ئاتنىڭ تۆت ئايىغىدىن باشقا ھېچ يېرى كۆرۈنمەيتتى . قۇربان شاخلارنى كېسىپ ، تامنىڭ تۈۋىگە تەقلەپ قويدى . ئۇ ئانىسى بىلەن خوتۇنىغا قوناق ۋە ئۇرۇقلۇق بۇغداي كۆمۈلگەن ئورا توغرىسىدا ھېچكىمگە لام دېمەسلىكنى يەنە بىر قېتىم تاپىلىدى . بۇ خىلىغا يېتىدۇ ، ئۇنىڭغىچە قۇرباننىڭ ئۆزىمۇ كېلىپ قالىدۇ .

— ئۇزاق سەپەرگە قانداق قىلىپ ماڭىسەن ؟ — دېيىشەتتى

خوتۇنى بىلەن ئانىسى ، — يېنىمىزدا نېنىمىزمۇ ، پۇلۇمىزمۇ يوق ! سەن يولدا ئاچلىقتىن ئېتىڭ بىلەن بىللە بىرەر ئېرىقنىڭ ئىچىدە يىقىلىپ قالارسەنمۇ ؟ قوناقنى ئېلىپ كەتكىن .

— ھېچنېمە بولمايدۇ ، قورقماڭلار ! — دەپ جاۋاب بەردى قۇربان ، — يىگىتنى يول باقىدۇ .

## ئۈچىنچى باب

# ئۇرۇش باشلاندى

ئۆزى ياسىغان نەيزىنى ئېلىپ قۇربان قىزىقچى يولغا چىقتى. ئۇ قەيەردە تەييار بولۇش كېرەكلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، بەگنىڭ ھويلىسىغا كىردى. بەگنىڭ ھويلا باشقۇرغۇچىسى ئۇنى تىللاپ، بەگ ئىنالچىق خان ئاللىقاچان ئاتلىق يىگىتلىرى بىلەن كېتىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. كېچىكىپ قالغانلار بۇخارانىڭ چوڭ يولىدا ئۇنىڭغا قوغلاپ يېتىشىۋېلىشلىرى كېرەك.

ھەممە يوللارنى پىيادە، ئاتلىق دېھقانلار ۋە ئۆي جابدۇقلىرى سېلىنغان، بالا - چاقىلار چۈشكەن ئىككى چاقلىق ھارۋىلار بېسىپ كەتكەنىدى، قېرىلار، خوتۇن - قىزلار داد - پەرياد بىلەن كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ كېتىۋاتاتتى. ھارۋىلار تۇرلۇك تەرەپكە قاراپ سوزۇلغان، بەزىلىرى شەھەر تەرەپكە ماڭسا، بەزىلىرى ئەكسىچە جەنۇبتىكى تاغلارغا قاراپ كېتىپ باراتتى.

ئەتىيازنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرى ئىدى.

ئېتىزلاردا كۆزلۈك تېرىلغۇلار كۆكىرىپ چىققان، قۇياش قاتتىق قىزىتىشقا باشلىغانىدى. يوللار قۇرۇپ قالغان، قاياقتىندۇر كېتىۋاتقان توپ - توپ ئادەملەرنىڭ ئۈستىدىن چاڭ قويۇق بۇلۇت بولۇپ كۆتۈرۈلدى، يېزىلارغا يېقىن يەرلەردە تاقىچى، تۆمۈرچىلەر ئۇچرىدى. قوراللانغان كىشىلەر ئاتلىرىغا تاقا قاقتۇرۇش، نەيزىگە نەيزە ياكى ياخشى سۇغۇرۇلغان قىلىچ ئېلىش ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن جاڭجاللىشاتتى.

ئەتىسى كەچقۇرۇن ئۇزاقتىن بۇخارانىڭ تاملىرى كۆرۈنۈپ قالغاندا، قۇربان يوك ئارتىلغان قارا ئېشەكنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان

قارا كۆز ، ساقاللىق بىر دەرۋىش بىلەن تونۇشۇپ قالدى ، ئۇن ئۈچ ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا ئۇنىڭدىن ئايرىلمايتتى . دەرۋىش قو-شاق ئېيتاتتى ، دىنسىز دۈشمەنگە قارشى كۆرەشكە كېتىۋاتقان باتۇرلارغا بەخت ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيتتى . بەزىبىر ئەسكەرلەر دەۋرىشنىڭ كاسىسىغا نان ياكى بىر سىقىم سۆك تاشلاپ ئۆتەتتى .

قاراڭغۇ چۈشكەندە شەھەرنىڭ ئەتراپىدا مىڭلاپ گۈلخانلار يې-قىلدى . قۇربان دەرۋىشنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ ، پاكارغىنا بىر بىنانىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى ، ئۇ يەردىن بىر ئاھاڭدىكى : «ھۇ ، ھۇ - ۋ ، ھۇ - ۋ !» دېگەن زىكىر ئاۋۇشى ئاڭلىناتتى ، بۇ يەر دەرۋىشلەرنىڭ خانىقاسى ئىدى . ئىچكىرىدە ئادەم كۆپ ئىدى ، بۇلار بولغۇسى ئۇرۇشتا كېسەل يۇقماسلىقنى ، ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىدىغان دەرۋىشلەردىن دەردكە دەرمان بولۇشنى سورايتتى ، دەرۋىشلەر دۇئا ئوقۇيتتى ۋە سۈرە يېزىلغان قەغەزلەرنى ئۇلارغا بېرەتتى .

قۇربان بايتىلنى ھويلىنىڭ ئالدىغا باغلىدى - دە ، گۈلخان-لاردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ، ئېتى بىلەن قارا ئېشەك ئۈچۈن خەشەك يىغىشقا باشلىدى ، بىر دەرۋىش بولسا ئۇنىڭغا نېنى بىلەن ئوماچ ئېشىدىن بەردى .

قۇربان «يىگىتنى يول باقىدۇ» دېگىنىنى ئەسلىدى .

قۇربان كېچىنى ئېتىنىڭ يېنىدا تىزگىنىنى قولىغا ئورىۋال-غان پېتى ئۇخلىماي ئۆتكۈزدى . گۈلخاننىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلار ئەمدى ئەڭ يارىماس ، چولاق ئاتلارمۇ قىممەت بولۇپ قالدى ، چۈنكى پۈتۈن خالايىق بۇخارادىن مۇمكىنقەدەر ئۇزاقراققا ، ئىران تاغلىرىغا ياكى ھىندىستانغا ، نامەلۇم مەجۇسىيلەر يېتىپ بارالماي-دىغان جايغا قېچىپ كېتىشنى خالايدۇ ، دەپ ئۆزئارا سۆزلىشەتتى .

تاڭ ئېتىشقا يېقىن قۇربان شۈنچىلىك قاتتىق ئۇخلاپ قالدى-كى ، كىمدۇر بىرى تىزگىنىنى كېسىپ بايتىلنى ئېلىپ كەتكەن-لىكىنى بىلمەي قاپتۇ .

— غازاتقا كېتىۋاتقان ئەسكەرنىڭ ئېتىنى ئوغرىلىغان ئۇياتـ-سىز ، ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ دېيىشىدۇ ، — دېدى دەر-

ۋش ، — بىراق ھازىرچە خۇدا مېنى ، بىچارە ھاجى رەھىمنىمۇ غەزەپكە كەلتۈردى . چۈنكى ، ئوغرى مېنىڭ قېرى ئېشىكىمنىمۇ ئېلىپ كەتكەن . ئەمدى بۇخارائى شەرىپنى كۆرىدىكەنمىز ، دەپ ئۆزىمىزنى خاتىرجەم قىلىمىز .

قوربان ئۇزۇن نەيزىسىنى مۇرىسىگە ئالدى - دە ، دەرۋىش ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى ياش ھەمراھى بىلەن «ئورپان ئاسمىنىدىكى يورۇق يۇلتۇز» ، «بۇخارائى شەرىپ»نى تاماشا قىلىشقا ماڭدى .

«بۇرادەرلىك كەمىرنى مەھكەم تۇتقان» ئۈچ يولۇچى سان - ساناقسىز كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۈزلۈكسىز ئېقىپ تۇرغان ئېقىم بىلەن بۇخارا تەرەپكە قاراپ ماڭدى .

شەھەرنىڭ قەدىمكى زاماندا قۇرۇلغان شىۋاق ۋە تىكەنلەر ئۈسكەن ئېگىز قورغانىنىڭ بەزى يەرلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن شەھەرنىڭ ئون بىر دەرۋازىسى بولۇپ ، بۇلاردىن چىقىدىغان سودا كارۋانلىرى «قۇۋۋىتى ئىسلام»نى يەر يۈزىنىڭ بارلىق بۇرجەكلىرى بىلەن باغلايتتى .

بىرىنچى دەرۋازىنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن خالايىق توپلانغان ، قورۇقچىلار ئۆتكۈنچىلەرنى سۈرۈشتۈرەتتى ۋە ھەممىگە مۇراجەئەت قىلاتتى :

— شەھەرنى مۇستەھكەملەشكە ، ئەسكەرلەرنى ئوزۇق - تۈلۈكلەر ، قورال - جابدۇقلار بىلەن تەييارلاشقا ئىئانە بېرىڭلار ! قولۇڭلار ئوچۇق بولسۇن ، پىخسىق بولماستىن ، سېخىي بولۇڭلار !

قېرى ئۆلىمالار تېرە سومكىلارنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈشەتتى ۋە ھەر بىر كىشىدىن مۇقەددەس ۋەتەن مۇداپىئەسى ئۈچۈن ئىئانە سورايتتى .

دەرۋازىدىن كىرگەندىلا رەستىلەر باشلىنىدۇ ، تۈرلۈك ماللار بىلەن لىق تولغان كىچىك - كىچىك دۇكانلار قاتار بولۇپ تۇرىدۇ . سودىگەرلەر خۇسۇسەن مۇشۇ كۈنلەردە تەلەپ قىلىنىدىغان ماللارنى ياخشى بىلگەنلىكىدىن ، ئەرزان رەختلەرنى پىششىق ، يولغا چىدام-

لىق ، دەپ ماختىنىشىدۇ ، يولغا چىققان ئادەمگە كىگىز زوّرۇر بوّ-
يۇم ، ياغلىق نان يول ئوزۇقى ، دەپ ۋارقىرىشىدۇ .
ئوّپچوّرىدىن بالا - چاقىسى ، ئوّي ئىچى بىلەن قىچىپ كەلگەن
قاچقۇنلار ، باشپاناھ ۋە ھىمايىچى ئىزدەپ يۈرگەن كىشىلەر ھەممە
ياقنى بىسىپ كەتكەننىدى .
ئىچكەركى شەھەر دەپ ئاتالغان شەھەرىستاننى تاشقىرقى شە-
ھەردىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئىككىنچى تامنىڭ قىلىن دەرۋازىسىدىن
ئوّتكەندىن كىيىن ، ئۈچ يولۇچى ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق كوچىدىن
مەسچىت ۋە مەدرىسىلەرنىڭ ئىگىز ئەگمىلىرى بىلەن ئورالغان
جىمجىت مەيدانغا كىرىپ كەلدى . بۇ يەردە مىڭلاپ ياش ۋە قىرى
مولىلار ، «شاگىرتلار» كوّپ يىللار باش قاتۇرۇپ ، كىچىككىنە
مەسچىتكە ئىمام بولۇش ئۈچۈن ئەرەبچە دىنىي كىتابلارنى
ئوقۇشاتتى .
بۇ مەيداندا ناماز ئوقۇلاتتى ، قۇرئاننىڭ قۇرلىرىغا ئوخشاش
تىزىلغان نامازخانلار قىمىر قىلماستىن ئاقساقال ، قىرى ئىمامغا
ئىقتىدا قىلاتتى ، ئۇلار سەجدە قىلغاندا ياكى ئورۇنلىرىدىن تۇرغاندا
تاش ياتقۇزۇلغان مەيدان گۈرۈلدەپ كىتەتتى .
ناماز توّگىگەندىن كىيىن ، مەسچىتنىڭ پەلەمپىيى ئالدىغا
قۇيرۇقى قىزىل بويالغان ، زەر بىلەن گۈل تىكىلگەن قىزىل دۇخا-
ۋا يوپۇق يىپىلغان چىرايلىق تورۇق ئاتنى ئىلىپ كىلىشتى .
مەسچىتتىن ئىگىز بويلۇق ، قارا ساقال خارەزم شاھ چىقتى ،
ئۇنىڭ بىشىدىكى ئاق قالپاقنىڭ ئالماس يىپلىرى پارقىرايتتى .
شاھ خالايىققا نۇتۇق مۇراجىئەت قىلدى :
— پۈتۈن مۇسۇلمانلار بىر خەلقدۇر ، بىزنى ئوّتكۇر قىلىچە-
مىز ئەڭ ياخشى مۇھاپىزەت قىلىدۇ . پەيغەمبىرىمىز مۇسۇلمانلار
توغرىسىدا : «ئىسلام ئەسكەرلىرى دۇنيادا يارىتىلغانلارنىڭ ھەممە-
سىدىنمۇ ياخشى قىلىپ يارىتىلغان ، مۇسۇلمانلار يەر ، كوّككە
ھاكىم بولسۇن» دىگەن . مۇسۇلمانلار جاھانغا ھاكىم بولۇشى كې-
رەك . شۇنىڭ ئۈچۈن ، سىلەر ھىچ نەرسىدىن قورقماڭلار ! لې-

كىن ، خۇدا : «ھەربىكەت سەندىن ، بەربىكەت مەندىن» دېگەن . شۇ-
ڭا ، دۈشمەننى يەكسان قىلىش ئۈچۈن ، قوللۇڭلاردىن كەلگىنىچە
ھەربىكەت قىلىشىڭلار لازىم . پەيغەمبەرگە جېنىنى پىدا قىلىدىغان
مۇسۇلمانلارغا كىم قارشى تۇرالايتتى ؟ دۈشمەننى قەيەردە كۆرسەڭ-
لار ، شۇ يەرد ئۆلتۈرۈڭلار ، ئۇلارنى ھەيدەڭلار ! ھەي دەرگاھى
كەڭ خۇدا ، كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىمىزغا مەدەت قىل !
— كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ! مەجۇسىيلەرنى ھەيدەڭلار ! —
دەپ ۋارقىراشتى خالايىق .

خارەزم شاھ قىزىل قويرۇقلۇق تورۇق ئېتىغا مىندى ـ دە ،
يەنە بىر نەچچە سۆز ئېيتتى :

— مەقسىتىمىز سىلەرگە نەسىھەت قىلىش ئىدى ، ئۇنى قىلد-
دۇق ، بىز تەڭرىتاغنىڭ قار باسقان داۋانلىرىدىن چۈشۈپ كېلىۋات-
قان دۈشمەننى قارشى ئېلىش ئۈچۈن سەمەرقەندكە ماڭىمىز . ئۇ-
لارنىڭ ھالىغا ۋاي ! دۈشمەن بىزنىڭ شانلىق ئەسكەرلىرىمىزگە
ئۇچرىغاندىن كېيىن ھالاك بولىدۇ ، سىلەرنى خۇداغا تاپشۇردۇق .

— يار بولسۇن ساھىبقىران شاھ مۇھەممەد ! ياشىسۇن غالىب
خارەزم شاھ ! — دەپ ۋارقىراشتى خەلق ، شاھقا ۋە ئۇنىڭ بېزەل-
گەن قىپچاق قورۇقچىلىرىغا يول بېرىۋېتىپ ، — يالغۇز سەن
ئۆزۈڭ بىزگە پاناھ بولسەن !

# تۆتىنچى باب

## ئەسكەرنى ئۇنىڭ ئۆتكۈر قىلىچى ساقلايدۇ

بۇخارادىن يولغا چىققان خارەزم شاھ مۇھەممەد سەمەرقەندكە كېتىدىغان چوڭ يولغا ماڭماستىن، تۇيۇقسىزلا جەنۇبقا — قەلەپ شەھىرى تەرەپكە ئېتىنى بۇرىدى. شاھ يۈزىنى شايى ياغلىق بىلەن ئورىۋېلىپ جىم كېتىپ باراتتى، بەزىدە ئېتىنى يورغىلىتاتتى، بەزىدە چاپتۇراتتى. مەنسەپدارلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالماستىن مېڭىشاتتى. ئۇدۇل كەلگەن يولۇچىلار ئۆزلىرىنى يولنىڭ بويىدىكى ئېرىقلارغا تاشلايتتى ۋە تەزىم قىلاتتى. ئۇلار خۇددى ئىبلىستىن قېچىۋاتقاندەك چېپىپ كېتىۋاتقان مىڭلىغان ئەسكەرلەرگە ئەجەبلىنىپ قارايتتى.

ئۇلۇغ ۋەزىر شاھنىڭ ئوغلى جالالىددىنغا:

— ئاتىڭىز يولدىن ئاداشتى، ئەتىمالىم، — دېدى. جالالىددىن سوغۇق قانلىق بىلەن:

— مېنىڭ نېمە ئىشىم بار! مەن ئاتام باشلىغان يولدىن كېتىۋاتىمەن، خالىسا پادىشاھ جەھەننەمگە ئېلىپ بارسۇن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— بۇ كىمنىڭ بېغى؟ — دېدى تۇيۇقسىزدىن تورۇق ئېتىنىڭ بېشىنى تارتقان شاھ. ئۇ قامچىسى بىلەن ئۇزۇن كۈمۈلاچ تام ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېگىز تۈز تېرەكلەرنى كۆرسەتتى.

— بۇ تېمۇر مەلىك خاننىڭ ئۇۋ قىلىدىغان بېغى، بۇ مەشھۇر

كونا باغ ، بۇ باغدا يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ بار .
— بۇ باغنى كۆرىمەن ! — دېدى شاھ مۇھەممەد باتۇر ، — تېمۇر مەلىكنىڭ ئۆزى قەيەردە ؟
— خوجەندتىكى ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكى توغرىسىدا سىزنىڭ پەرمانىڭىزنى ئالغان كۈنلا مېڭىپ كەتكەن .
— تەرسا ! مەن ئۇنىڭغا تېز ماڭ دېمىگەنىدىم ، ئەمدى مەن ئۇنىڭسىز زېرىكىپ قالىمەن .
يۈز ئاتلىق قورۇقچى شاھنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئىلگىرى چېپىپ كەتتى . شاھ مۇھەممەد قىزىپ كەتكەن ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ، ئاستا باغ تەرەپكە ماڭدى . ئېگىز دەرۋازا ئېچىلىپ كەتتى ، خىزمەتكارلار ھويلىدا ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈشەتتى ، ئۆزۈن ئايۋانغا چىقىدىغان ئىشىكلەرنى ئېچىشاتتى .
قۇللار قاپ - قاپ ئارپا ۋە توغراپ قويۇلغان بېدە توشۇشاتتى ، يىگىتلەر يېقىن يېزىلارغا بېرىشىپ ، ئاتلىرىغا قوي ئارتىپ قايتىشاتتى . ئاشپەزلەر دەرھال ئوت يېقىشىپ ، غىزا تەييارلاشقا باشلىدى .
شاھ باغنىڭ پەنجىرىسى ئالدىدىكى شىپاڭنىڭ پەلەمپىيىدىن شىپاڭغا چىقتى ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن جالالىددىن ۋە باغنىڭ قېرى باغۋىنىمۇ چىقتى .
شىپاڭدا ئولتۇرغان كىشىگە پۈتۈن باغ ، تېخى يوپۇرماق چىقارمىغان دەرەخلەر كۆرۈنەتتى . بىر نەچچە كېيىك كۆلنىڭ بويىدا ئاپتاپتا ياتاتتى ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بۇغا تۇراتتى .
— نېرىراقتا باغنىڭ تۆرىدە كۈچۈكلىرى بىلەن ئىككى توڭگۇزمۇ بار ، — دەپ چۈشەندۈردى باغۋەن ، — يېقىندا تاغدىن تۇتۇپ ئېلىپ كەلگەن ئىككى دەھشەتلىك يىلپىز قەپەسكە سېلىپ قويۇلغان . مېنىڭ جەسۇر خوجايىنىم تېمۇر مەلىك مانا شۇ شىپاڭدا ئولتۇرۇپ ، بۇلارنىڭ توڭگۇز ۋە كېيىكلەرنى قوغلاپ يۈرۈشىنى تاماشا قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ ، بەزىدە ئۇ ئۆزى باغقا كىرىپ ئۇۋ

قىلىدۇ. خوجايىنىم ئاۋۋال ھايۋانىنىڭ پالان يېرىگە ئاتىمەن، دەپ شۇ يېرىگە ئېتىپ يىقىتىدۇ.

— ماڭ ئىشىڭغا! — دېدى شاھ غەزەپ بىلەن.

ئۇ ئوغلى بىلەن يالغۇز قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن ئاستا سۆزلەشتى.

— مەن خاۋاتىرلىنىۋاتىمەن، خەۋەرچى دۈشمەنىنىڭ ئۈچ تەرەپتىن ئوراپ ئالغىنى توغرىسىدا خەۋەر ئېلىپ كەلدى. قارا بولۇت ھەممە ياقنى بېسىپ كەلمەكتە.

— ئۇرۇش بولغاندىكىن شۇنداق بولىدۇ - دە! — دېدى جالالىددىن سوغۇق قانلىق بىلەن.

— ئەڭ ئاۋۋال كەلگەن خەۋەرچىنىڭ خەۋەر قىلىشىغا قارىغاندا، چىڭگىزخان ئوترارنى ئالغان، ئىنالچىق قاھىرخاننى قولغا چۈشۈرگەن ۋە ئۈچ ئېلىش نىيىتىدە ئۇنىڭ كۆز ۋە قۇلىقىغا كۈمۈشنى ئېرىتىپ قۇيۇشنى بۇيرۇغان. ئەمدى چىڭگىزخان مېنى ئىزدەپ بۇ تەرەپكە ماڭغانمىش.

— كەلسە كېلىۋەرسۇن! بىزمۇ ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇۋېتىمىزغۇ.

— دۇنيانى سۇ ئېلىپ كەتسە، سېنىڭ ئوشۇقۇڭغا چىقمايدۇ!

— قوشۇنىمىز كۆپ، تەشۋىشلىنىشكە ئورۇن يوق.

— ئىككىنچى خەۋەرچى جەنۇب تەرەپتىن كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، تاتار قىسىملىرى يۈرگەنمىش.

— ئۇنچىلىك چوڭ بولمىغان بىر قىسىمدۇر. ھازىر ئەتىيازنىڭ دەسلەپكى ۋاقتى، قار بېسىپ ياتقان داۋانلاردىن چوڭ قىسىملار ئۆتەلمىگەن بولسا كېرەك.

— تاغ تەرەپتىن كەلگەن تاتارلار بىزنىڭ ھىندىستانغا قېچىش يولىمىزنى توساپ قويۇشى مۇمكىن.

— نېمىشقا بىز ھىندىستانغا قاچىمىز؟

— يەنە بىر خەۋەر بار، موڭغۇل چېرىكلىرى قىزىل قۇمدىمۇ پەيدا بولغانمىش.

— سەھرا يولىنى توسۇش ئۈچۈن، ئون مىڭدىن ئارتۇق

تۈركمەن ئەسكىرى ئەۋەتتىم .
— بۇ تۈركمەنلەر موڭغۇللارنى توختىتالمايدۇ .
— ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا ، دېمەك ، چىڭگىزخان يېقىن كۈنلەردە بۇخارا دەرۋازىسى ئالدىدا ھازىر بولىدىكەن - دە ، شۇنىڭغا تەييارلىنىمىز .
— قىزىل ساقال يىرتقۇچ بۇخاراغا يېقىنلىشىپ قالغان ، ئۇنىڭ چېرىكلىرى بىزنى ئىزدەپ يۈرگەن بولسىمۇ ئەجەب ئەمەس ، بۇ يەردىن چاپسانلىق بىلەن كېتىش كېرەك ، — دېدى شاھ مۇھەممەد ، خۇددى دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن بىرى چىقىپ ھۇجۇم قىلىشتىن قورققان كىشىدەك ئۇياق - بۇياققا قاراپ .
جالالىددىن ئۈنچىقمىدى .
— نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسەن ؟
— سەن مېنى ئەقىلسىز ، دەپ ھېسابلايسەنغۇ ، ساڭا نېمە دېيەلەيتتىم ؟
— مەن ساڭا سۆزلەشنى بۇيرۇيمەن .
— ئۇنداق بولسا سۆزلەي ، خالىساڭ مېنى كەچۈرەرسەن ياكى بېشىمنى ئالارسەن . ئەگەر بەتبەخت چىڭگىزخان بۇ يەرگە كېلىدىغان بولسا ، بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز ئېگىز قورغانلارنىڭ ستېنى ، ئۇنىڭ پېيىغا چۈشۈشى كېرەك . مەن بولغىنىمدا بىچارە دېھقانلارنىڭ تېرىسىنى شىلىشتا چوڭ ماھارەت كۆرسىتىپ ، مانا بۇنداق ئېغىر چاغلاردا يۈرەكلىرى تېرەكنىڭ يوپۇرمىقىدەك ھەيدەپ چىقىراتتىم ، شەھەر دەرۋازىسىدىن ئىچكىرىگە كىرگەنلەر ئۆلتۈرۈلىدۇ دەپ ئۇلارغا ئېلان قىلاتتىم ، ئەسكەرنى قىلىچنىڭ تىغى ۋە تېگىمدىكى ئېتى ساقلايدۇ . سېرىق يولۋاس شۇ ياققا كېلىۋېتىپتۇمۇ ؟ ناھايىتى ياخشى . دېمەك ، ئۇنىڭ يۈرىدىغان يولى بىزگە مەلۇم ، ئۇنىڭ ئارقىغا چۈشۈش كېرەك . ئۇنىڭ ئايغىغا تۇزاق سېلىش ، يولىغا توسالغۇ بولۇش ، ھەممە ياقتىن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىش ، تۆگە كارۋانلىرىنى تارمار قىلىپ ، سېرىق تېرىسىنى شىلىۋېلىش كېرەك . سەمەرقەند قورغىنى ئىچىدە يۈز مىڭ ئەسكەر يوشۇرۇنۇپ

يېتىشتىن نىمە پايدا؟ ئۇلار تەييار تاماقنى يەيدۇ، ئاتلىرى بولسا سەمرىپ ئېغىرلىشىدۇ...

— سەن ئاتاڭنىڭ پەرمانلىرىنى تەھقىر قىلامسەن؟ بۇنى مەن كۆپتىن بېرى سېزەتتىم، سەن مېنىڭ ئۆلۈمۈمنى كۈتۈۋاتىسەن.

جالالىددىن يەرگە قارىدى، غەمكىنلىك بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئۇنداق ئەمەس. جاھان لەرزىگە كەلگەندە، بېشىمىزغا قارا كۈنلەر چۈشكەندە، مەن سېنى يالغۇز قويمايمەن. بىراق، مەن ياخشى كۆرگىنىڭ ئىسكەندەرنى شېپى كەلتۈرۈپ قەسەميات قىلدۇ. مەنكى، شاھا بويۇن سۇنۇپ، يۈرەكسىزلىك قىلىپ ئەخمەقلىق قىلىۋاتىمەن. ئۇرۇش قىلىشقا سەپ تارتمىسا، سېنىڭ بۇيرۇقۇڭ بىلەن دۈشمەنگە ئېتىلىشقا تەييار بولمىسا، بۇنچىلىك كۆپ ئەسكەرنىڭ شاھا نىمە كېرىكى بار؟ ئاياللىرىمىز، بالىلىرىمىزنىڭ ئورنىغا قورالىق كۈچلىرىمىز ئىسسىق كۆرپە يېپىنىپ ياتىدىغان بولسا، ئېگىز قورغانلارنىڭ نىمە كېرىكى بار؟ خالىساڭ بېشىمنى ئال، لېكىن ئېيتقىنىمنى قىل. ئاتا، يۇر سەمەرقەندكە بارايلى، ئۇ يەردىن...

— پەقەت ئىرانغا ياكى ھىندىستانغىلا...

— ياق! بىزگە پەقەت ئىككىلا يول بار: ئەركەكلەردەك كۆرەش قىلىش ياكى قاچقۇن بولۇپ رەزىللەرچە ئۆلۈش. بىز قوشۇنىمىز بىلەن تاتارلارغا قارشى كۈرىشىش ئۈچۈن ئۇرۇش مەيدانىغا چىقايلى، چاقماقتەك شىددەتلىك، تۈن كۆلەڭگىسىدەك تۇتقۇزمايدىغان بولايلى. شۇنىڭدا سەن ئۇلۇغ سەركەردە دېگەن شەرەپكە ئىگە بولىسەن! كېچىكمە، ھەرىكەت قىل!

— سەن سەركەردە ئەمەس سەن، — دېدى شاھ ئالماس ئۈزۈكلۈك بارمىقىنى كۆتۈرۈپ، — سەن يۈرەكلىك يىگىتسەن، ھەتتا ھېچ نەرسىگە قارىماي ئۆزىنى دۈشمەن ئوتتۇرىسىغا ئاتىدىغان يىگىتلەرنىڭ بىر نەچچە مىڭىغا قوماندان بولۇشۇڭمۇ مۇمكىن! مەن ئەقلىنى يوقاتقان يۈرەكلىك يىگىتتەك ئىش قىلالمايمەن، مەن

ھەممە نەرسىنى ئويلاپ، ھېسابلاپ ئىش قىلىشىم كېرەك! مەن باشقىچە قارارغا كەلدىم، ئىككىمىز قەلەپكە بېرىپ، جەيھۇندىن ئۆتىدىغان كېچىكنى قورۇقلايمىز.

— ۋەتىنىمىزنى كىمگە تاشلاپ كېتىسەن؟ ئۇ چاغدا خەلق سېلىق يىغىشقا كەلگەندە تېرىسىنى شىلىپ، دۈشمەن كەلگەندە ئۇنى تاتارلارغا يەم قىلىپ قاچقان خارەزم شاھلار ئەۋلادىغا لەنەت ئوقۇسا ھەقلىق بولۇپ قالىدۇ!

— مەن ئىراندا كۆچلۈك قوشۇن توپلايمەن.

— ياق، شاھ ئاتا! ھازىر قولۇڭدا بار كۈچنىڭ ئۆزى بىلەن ئىش قىلىشىڭ كېرەك. ئۆز ئەسكەرلىرىڭ قورغانلاردا مۆكۈپ ئىگىسىز قالغىنىدا، يېڭى قوشۇننى مەشىق قىلدۇرۇشنىڭ پايدىسى يوق. بىر كۈندە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، ئەسكەر يىگىرمە يىل مەشىق قىلدۇرۇلىدۇ. سەمەرقەندكە بارايلى! مەن سېنىڭ يېنىڭدا ئاددىي يىگىت بولۇپ ئۇرۇش قىلىمەن!

— ياق، ياق! مەن ساڭا بەلخقە بېرىپ، يېڭى قوشۇن توپلاشنى بۇيرۇيمەن، بەخت مېنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى...

— بەخت؟ — دېدى ئاچچىقى كەلگەن جالالىددىن، — بەخت نېمە ئۆزى؟ يۈرەكلىك كىشىدىن بەخت يۈز ئۆرۈمدۇ؟ بەختتىن قېچىش يارىمايدۇ! بەختنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىمىز، يېتىشۋېلىپ چاچلىرىدىن يۇگەپ تۇتۇۋېلىشىمىز، پۇتىمىز بىلەن دەسسىۋېلىشىمىز كېرەك. بەختكە مانا مۇشۇنداق قىلىپ ئىگە بولغىلى بولىدۇ!

— بولدى! سەن شۇ ئەقىلسىزلىقىڭچە كېتىسەن! سەن بۈيۈك خارەزمنى ئاپەتتىن قۇتقۇزالمايسەن!

خارەزم شاھ ئالدىراپ شىپاڭدىن چۈشتى ـ دە، ھاسىراپ مول داستىخان سېلىنغان گىلەملەرنىڭ ئۈستىدىن ئايۋانغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ يەردە ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن، غىزا يېيىشكە ئولتۇردى. يوللار، كېچىكلەر توغرىسىدا مەلۇماتلارنى ئالغاندىن كېيىن، غىزاسىنى يەپ بولماستىن، ئاتلارنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

## بەشىنچى باب

# بويسۇنماس تېمۇر مەلىك

ئوتراردا چىڭگىزخان ئوغۇللىرى ئۆگەتەي ۋە چاغاتايىنى بىر قىسىم چېرىكى بىلەن قالدۇرۇپ شۇنداق دېدى :

— ئىنالچىق قاھىرخاننى تىرىك قولغا چۈشۈرمىگۈچە ، ئوترارنى قامال قىلىپ تۇرىسىلەر . ئۇنى تۇتقاندىن كېيىن ، زەنجىر بىلەن باغلاپ ، مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىسىلەر . ئۇ تەرساغا ئۆزۈم قاتتىق جازا بېرىمەن .

قاغان چوڭ ئوغلى جۇچىغا جەند ۋە يېڭى كەنت - شەھەرلىرىنى ئېلىشنى بۇيرۇدى ، قوشۇننىڭ قالغان قىسىملىرىنى ھەر تەرەپلەرگە بۆلۈۋەتتى .

چىڭگىزخان ئالاق نويوننى بەش مىڭ ئاتلىق بىلەن قىپچاقلارنىڭ قىسمى تۇرغان بەنەكەت شەھىرىگە ئەۋەتتى . شەھەر ئۈچ كۈن قامال قىلىنغاندىن كېيىن ، ئالاق نويون قېرىلارنى ئۆزرە سوراشقا ئەۋەتتى . ئالاق نويون شەھەردىكى بارلىق ئەركەكلەر ، چېرىكلەر ئايرىم ، ھۈنەرۋەنلەر ئايرىم ۋە قالغانلار ئايرىم دالاغا چىقىپ سەپ تارتسۇن ، دەپ بۇيرۇق بەردى . چېرىكلەر قورallىرىنى كۆرسىتىلگەن جايغا قويۇپ ، ئۆزلىرى باشقا يەرگە توپلانغاندا ، موڭغۇللار قىلىچ ، نەيزە ۋە ئوقيا بىلەن ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىدى . قالغان ئەسىرلەردىن بولسا ئەڭ كۈچلۈك يىگىتلەرنى ئايرىم ئايرىپ ، ئۇلارنى مىڭ ، يۈز ۋە ئون كىشىدىن قىلىپ ، ئۇلارغا ئۆز كىشىلىرىدىن سەركەردىلەرنى تەيىنلىدى . - دە ، قامال قىلىنغان شەھەر - قورغانلىرىنى بۇزدۇرۇش ۋە شەھەرگە چېرىكلەرنى ئالدىن كىرگۈزۈش ئۈچۈن مالدەك ھەيدەپ كەتتى .

يولدا بۇلارغا باشقا موڭغۇل ۋە ئىتتىپاقچى قىسىملار قوشۇ-لۇپ، ئالاق نويوننىڭ قوشۇنى سەكسەن مىڭغا يەتتى. ئۇلار چوڭ سەيھۇن بويىدىكى خوجەند شەھىرىگە كەلدى، شەھەرنىڭ ئاھالىسى قورغاننىڭ مۇستەھكەملىكىگە ئىشىنىپ تەسلىم بولۇشتىن باش تارتتى.

شەھەر قوشۇنىغا ھەربىي ئىشتا ماھىرلىقى، جەسۇرلۇقى ۋە قاتتىقلىقى بىلەن داڭ چىقارغان تېمۇر مەلىك ئەمدىلا قوماندان قىلىپ تەيىنلەنگەنىدى. ئۇ سەيھۇن دەرياسى ئىككىگە ئايرىلىپ ئاقىدىغان يەردىكى ئارالغا تاملىرى ئېگىز قەلئە قۇرۇپ، شۇ يەرگە بارلىق قورال - جابدۇق ۋە ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى جايلاشتۇرۇشقا ئۈلگۈرگەنىدى.

موڭغۇللار ئەسىر ئېلىنغان ئادەملىرى بىلەن كېلىپ، قامچا ۋە نەيزىنىڭ كۈچى بىلەن ئەسىر مۇسۇلمانلارنى خوجەندكە ھۇجۇم قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. شەھەر ئاھالىسى ئۆز مۇسۇلمان ئاكا - ئۇكىلىرى ۋە بۇرادەرلىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈشنى خالىماستىن، ئۇرۇشنى توختاتتى.

تېمۇر مەلىك ئەڭ ئىشەنچلىك قورقماس يىگىتى بىلەن پۈتۈن كېمىلەرنى قولغا ئېلىپ ئارالغا ئۆتۈپ، ئۇ يەردە مۇستەھكەملەن-دى. خوجەند ئاھالىسى بولسا موڭغۇللارغا مۆتىۋەر كىشىلىرىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزرە سورىدى ۋە شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەردى، موڭغۇللار شەھەرنى توختىماستىن تالاشقا باشلىدى.

موڭغۇللار ئارالدىكى قەلئەگە سالغا بىلەن تاش ئاتتى، لېكىن تاش ۋە ئوقيالار ئىستىھكامغا يېتەلمەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن موڭغۇللار خوجەندنىڭ بارلىق ياش - قېرىلىرىنى توپلاپ، ئۇلارغا بەنەكەت ۋە باشقا يېزىلاردىن ئېلىپ كەلگەن ئەسىرلىرىنىمۇ قوشتى - دە، دەريانىڭ ئىككىلا قىرغىقىغا ئەللىك مىڭغا يېقىن كىشىنى توپلىدى. ئادەملەرنى ئون ياكى يۈزدىن قىلىپ قىسىملارغا بۆلۈپ، ئۈچ فەرسەھلىك (21 كىلومېتىرغا يېقىن) يەردىن تاغ-لاردىكى تاشلارنى توشۇپ كېلىشكە مەجبۇر قىلدى. بۇنىڭدىن مەق-

سەت تاشلار بىلەن دەرياني بوغۇپ ، سۇني تاشتۇرۇۋېتىش ئىدى .
شۇ ۋاقىت ئىچىدە تېمۇر مەلىك ئون ئىككى يوغان سال قۇردى ، بۇلارنىڭ ئۈستىدىن كىگىز سېلىپ لاي سۇۋىدى ، لايلىق سۇۋالغان كىگىز سالنى ئوتتىن ساقلايتتى . دۈشمەننى ئوقتا تۇتۇش ئۈچۈن ساللارنىڭ ئىككى تەرىپىدىن مەخسۇس تۆشۈكلەر ئېچىلغانىدى . ھەر كۈنى تاڭ ئاتىدىغان چاغدا تېمۇر مەلىك ھەر ئىككى قىرغاقتا ئالتىدىن سال ئەۋەتتى ۋە سالدىكى ئەسكەرلەر موڭغۇللار بىلەن جىددىي ئۇرۇش قىلاتتى ، موڭغۇللار ئاتقان يېنىلغۇلۇق ئوقلار ساللارغا زىيان يەتكۈزەلمەيتتى .
تېمۇر مەلىك كېچىلىرى ئوخلاپ ياتقان موڭغۇللارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلاتتى ، شۇنىڭ ئۈچۈن موڭغۇل چېرىكلىرى دائىم خەۋپ ئاستىدا تۇراتتى .
موڭغۇللار بىلەن بىللە كەلگەن خىتاي ئۇستىلار تېخىمۇ يوغان ۋە يىراقتا تاش ئاتقىلى بولىدىغان يېڭى سالغا ياسىدى ، بۇ نەرسە تېمۇر مەلىك ئەسكەرلىرىگە چوڭ زىيان يەتكۈزۈشكە باشلىدى . ئىش ئېغىرلاشقانلىقىنى كۆرگەن تېمۇر مەلىك قاراڭغۇ كېچىلەرنىڭ بىرىدە ، سال ۋە كېمىلەردىن يەتمىشنى تەييارلاپ ، پۈتۈن بايلىقلىرىنى ۋە ئەسكەرلىرىنى شۇلارغا جايلىدى ، بارلىق كېمە ۋە ساللاردا تۇيۇقسىز گۇلخان ۋە مەشئەللەر ياندۇرۇلدى - دە ، دەريانىڭ كۈچلۈك ئېقىنىغا قاراپ مېڭىپ كەتتى .
موڭغۇل چېرىكلىرى ئىككى تەرەپتىن دەرياني بويلاپ ئۇلارنى قوغلاپ كەتتى . تېمۇر مەلىك بولسا كېمە ۋە ساللارنى دۈشمەن پەيدا بولغان تەرەپكە ھەيدەيتتى ، ئۇلارنى ئوقيا ئېتىپ قاچۇراتتى ۋە كېمىنى ئالغا قاراپ ئېلىپ كېتەتتى . بەنەكەت يېنىغا كەلگەندە ، تېمۇر مەلىكنىڭ ئەسكەرلىرى بىر كۈچ بىلەن موڭغۇل چېرىكلىرى تارتقان زەنجىرنى ئۈزۈپ تاشلاپ يولنى داۋام قىلدى .
دۈشمەننىڭ يەنىمۇ كۈچلۈكرەك تۇزاق قويۇشىدىن قورققان تېمۇر مەلىك بارغالىقكەنت يېنىدا ياۋىداق يۈرگەن ئاتلارنى كۆرۈپ ، كېمىلەرنى دەريانىڭ قىرغىقىغا بۇرىدى - دە ، ئەسكەرلىرى-

نى ئاتلارغا مىندۈرۈپ چۆل تەرەپكە چاپتۇردى . موڭغۇللار ئارقىدىن قوغلاشقا باشلىدى ، تېمۇر مەلىكنىڭ ئەسكەرلىرى بەزىدە توختاپ موڭغۇللار بىلەن ئۇرۇش قىلىشاتتى . ئۇلارنى ھەيدىۋەتكەندىن كېيىن ، يەنە ئالغا قاراپ چاپاتتى .

ھېچكىم تەسلىم بولۇشنى خالىمايتتى . پەقەت ئازغىنا كىشىلەرلا كېچىسى موڭغۇللارنىڭ قارارگاھىنى يېرىپ ئۆتۈپ ، جان ساقلاشقا مۇيەسسەر بولدى . تېمۇر مەلىك بىر نەچچە ئەسكىرى بىلەن قالغان بولسىمۇ ، ئېتىنىڭ كۈچىگە ئىشەنگەنلىكىدىن ھۇجۇمنى قايتۇراتتى ۋە چۆلگە قاچاتتى .

تېمۇر مەلىكنىڭ ھەمراھلىرىدىن بىرسىمۇ قالماستىن نابۇت بولۇپ ، ئوقدىنىدا ئۈچ تاللا ئوقى قالغاندا ، ئارقىسىدىن ئۈچ موڭغۇل قوغلىدى . تېمۇر مەلىك بىر ئوق بىلەن بىر موڭغۇلنىڭ كۆزىگە ئېتىپ يىقىتتى ، كېيىن قالغان ئىككىسىگە ھۇجۇم قىلدى ، ئۇلار بولسا ئاتلىرىنى بۇراپ كەينىگە قاچتى .

تېمۇر مەلىك ئىككى تال ئوقى بىلەن قۇملۇقتىكى قۇدۇققا يېتىپ باردى ، بۇ يەردە قارا خەنجەرنىڭ تۈركمەن ئەسكەرلىرى بار ئىدى . ئۇلار تېمۇر مەلىككە باشقا ئات بەردى ، ئۇ خارەزمگە يېتىپ بېرىپ ، يەنە چىڭگىزخانغا قارشى ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى .

## ئالتىنچى باب

# موڭغۇللار چۆل بويلاپ كەلمەكتە

*بۇ لەنىتى خەلق ئاتتا شۇنچىلىك ئىلدام يۈرىدۇ-كى، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن كىشى بۇنىڭغا زادى ئىشەنمەيدۇ.*

(كلاۋىگو، XV ئەسىر)

كۆيدۈرۈلگەن ئوترار خارابىلىرىدىن ئىس چىقىۋاتقان، تەرسا ئىنالچىق قاھىرخان قەلئەگە كىرىۋېلىپ، تاملاردىن چىقماقچى بولغان موڭغۇل چېرىكلىرىنى قايتۇرۇۋاتقان چاغدا، چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ توققۇز قۇيرۇقلۇق ئاق تۇغىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، قوشۇنغا: «ھۇجۇمغا تەييار بولسۇن» دەپ بۇيرۇق بەردى.

چىڭگىزخان ئوغۇللىرى ۋە سەركەردىلىرىنى چاقىرتىپ كەلدى، بۇلار چوڭ كىگىز ئۈستىدە چۆرىدەپ ئولتۇردى. سەركەردىلەرنىڭ ھەر بىرى قايسى تەرەپكە يۈرۈشى، قايسى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشى توغرىسىدا بۇيرۇق ئالغان. لېكىن، ھېچكىم جاھىل قاغاندىن: «سىزنىڭ ئاق تۇغىڭىز قايسى تەرەپكە قاراپ كېتىدۇ» دەپ سوراشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

— مېنىڭ يوق ۋاقتىمدا، — دېدى چىڭگىزخان، — پۈتۈن قوشۇن ئۈستىدىن ئېھتىياتچان بوغورچى نويون باشچىلىق قىلىدۇ، ئالدىنقى قىسىملارنى چاققان جەبە نويون ۋە قامال قىلىشنىڭ يولىنى بىلگەن تەجرىبىلىك سۇبەتەي ھۇجۇمغا ئېلىپ بارىدۇ. يولدىكى ئاشلىقلارنى چەيلەپ تاشلىماڭلار، بولمىسا ئاتلىرىڭلار يەمسىز قالىدۇ. بىز مۇھەممەد شاھنى بۇخارا بىلەن سەمەرقەندنىڭ ئوتتۇر-

ـسىدىكى دەشتتە ئۇچرىتىمىز ، بىز ئۇنىڭغا ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىمىز ، خارەزم شاھنىڭ غول قوشۇنلىرىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن ، مەن بارلىق مۇسۇلمان ئەللىرىگە ھۆكۈمران بولۇپ قالىـ مەن .

ئاق تۇغدىكى ئۇرۇش ئىلاھى سۇلدەر شەرىپىگە قىمىز ئىچكەنـ دىن كېيىن ، چىڭگىزخان ئىتتىغا مىندى ۋە قوشۇن بىلەن مېڭىپ كەتتى . بەزىبىر قىسىملار سەيھۇن دەرياسىنى بويلاپ ، يۇقىرىغا ، بەزىلىرى بولسا تۆۋەنگە مېڭىشتى ، چىڭگىزخان كارۋان يولى بىلەن قىزىل قۇمغا كىرىپ كەتتى .

فېۋرال قۇياشى كۈندۈزلىرى پارقىرايتتى ۋە بەدەننى ئوتتەك قىزىتاتتى . كېچىلىرى كۆلچەكتىكى سۇلار توڭلايتتى ، تاقىر يالـ غۇز ئاياغ يولنىڭ لايلىرى قېتىپ قالاتتى . قوشۇن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلماستىن ماڭاتتى ، ئاتلارنىڭ كىشنىشى ، قورال ـ جابـ دۇقلارنىڭ جاراڭلىشى ئاڭلانمايتتى ، ھېچكىم ناخشا ئېيتىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى ، قىسىملار بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ كېتىپ باراتتى . قونۇشلار قىسقا ـ قىسقا توختايتتى ، چېرىكلەر يەردە ، ئاتلارنىڭ ئالدىدا يېتىپ ئۇخلايتتى .

كېچىسى خەۋەرچىلەر قىسىم ئالدىدا مەشئەل كۆتۈرۈپ يۈگۈـ رۈپ يۈرەتتى . قىسىملارنىڭ يولدىن ئاداشماسلىقى ۋە ئايرىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ، ئۇلار دۆڭلەرگە چىقىپ مەشئەللەر بىلەن ئىشارەت قىلىشاتتى . دۈشمەن مۇسۇلمان قوشۇنلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن ئاياغ چاپقۇر ئاتلارغا مىنگەن تۈركمەن ئەسكەرلىرىنى يامان دەپ سۆزلىشەتتى . ئۇلار قاپلانغا ئوخشاش دۆڭلۈكنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىشىپ ، ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىدۇ ، ئۇلارنى گاڭگىرىتىدۇ ، كىشىلەرنىڭ بوينىغا ئارغامچا تاشلاپ سۆرىگىنىچە بىردەمدە غايىب بولىدۇ ، دېيىشەتتى .

موڭغۇللار قوشۇنىمىز سەھرادىن ئۆتۈپ توغرا خارەزمنىڭ پايتەختى ئۈرگەنچكە كېتىۋاتىدۇ ، دەپ ئويلاشتى . بىراق ، ئىككى كۈن يۈرگەندىن كېيىن ، سەيھۇننىڭ لاي سۇلىرى ئارقىدا قېلىپ ،

قوياش ئەتىگەندە ئارقىدىن ئەمەس ، سول تەرەپتىن چىقىشقا باشلى-
غاندىن كېيىن ، ھەممىسى كۆنۈپكەتكەن ئەمەس ، جەنۇبقا — مەشھۇر
سەمەرقەنت ۋە بۇخارا شەھەرلىرىگە قاراپ يول ئالغانلىقىنى
چۈشەندى .

چىڭگىزخان ئايغىرى قۇۋۋەتلىك جەردە يورغىغا مىنىپ ،
قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىپ باراتتى . ھەممە قوشۇن چاپسان ،
تاتارلار تىلى بىلەن ئېيتقاندا «بۆرە يورۇش» قىلىپ كېتىپ بارات-
تى . ئۇلۇغ قاغان ئات ئۈستىدە خاتىرجەم ، ئاتنىڭ يۈگىنىنى سول
قولى بىلەن بوش تۇتۇپ كېتىۋاتاتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى قى-
سىلغان ، ئاندا - ساندا قاراپ قوياتتى ، لېكىن ئۆگدەۋاتامدۇ ،
ئويلىنىپ كېتىۋاتامدۇ ياكى يىراق - يېقىننى سىنچىلاپ قاراپ
كېتىۋاتامدۇ ، بىلىپ بولمايتتى .

بۇ يۈرۈشتە چىڭگىزخان كېچىكىشكە يول قويمايتتى ، ئۆي
تىكتۈرمەيتتى ، ئوچۇق ھاۋادا كىگىزنىڭ ئۈستىدە يېتىپ ئۇخلايت-
تى . يېتىش ئالدىدىن ئۇ تېرە قولاقچىسىنى يېشىپ قويۇپ ، قارا
سۆسەر تۇماق كىيەتتى . ئويغۇنغا كەتكەندە تۆت سادىق تۇرغاۋۇتى
كىگىز بىلەن قاغاننى شامال ، يامغۇر ۋە قارلاردىن توساپ تۇراتتى .

## يەتتىنچى باب

# قامال قىلىنغان بۇخارادا

*رەھىمسىزلىك كىرەك بولغان بىر ۋاقىتتا، كۆ-*
*ڭۈلچەكلىك كېلىشمەيدۇ. كۆڭۈلچەكلىك بىلەن دۈش-*
*مەننى ئۆزۈڭگە دوست قىلالمايسەن، ئەكسىچە ئۇنىڭ*
*ئۈمىدىنى ئاشۇرىسەن.*

(سەئدى)

دەرۋىش ھاجى رەھىم، تۇغان بالا ۋە قۇربان قىزىقچى ئەتىدىن ـ كەچكىچە ياتىدىغان جاي ئىزدەپ، بۇخارانى كېزىپ يۈردى. كەچ كىرگەندىن كېيىن، دۇكانلارنىڭ ئىشىكلىرى تاراق-لاپ ئېتىلدى، خەلق ئالدىراپ تارقىلاتتى ۋە كوچىلاردىن غايىب بولۇپ، ئېگىز تاملىق ھويلىلارغا كىرىپ كېتەتتى، كوچىلاردا غىڭ قىلغان ئاۋازمۇ يوق ئىدى. ئۈچ يولۇچى ياتىدىغان جاي سوراپ بىكارلا ئاۋارە بولاتتى. ئۇلارغا ھەممىسى:
— مېھمانلىرىمىز كۆپ، باشقا يەردىن جاي تېپىڭلار! — دەپ جاۋاب بېرىشەتتى.
مېھمانخانىلار ۋە چايخانىلارمۇ تاقالغانىدى. ئۇلار ئىلگىرى قاچقۇنلارنىڭ ئارىسىدا تىقىلىپ ئولتۇرۇپ، بىر كېچىنى ئۆتكۈ-زۈشكە بىر سىقىم دەرخەم تەلەپ قىلاتتى. تەرتىپ ۋە ئەدەپ جارى قىلغۇچى رەئىسلەر بولسا، ئۇزۇن كالتەك تۇتقان قاراۋۇللىرى بىلەن كوچىلارنى ئايلىنىپ، يامان نىيەتتە يۈرگەن شۈبھىلىك كىشىلەرنى زىندانغا سېلىش بىلەن قورقۇتاتتى.
ئاخىردا تار كوچىنىڭ ئىچكىرىسىدە قورغان تاملىرىنىڭ يې-

ىندىكى خارابىلەرنىڭ ئالدىغا بارغاندا ، قۇربان قىزىقچى ئۆگزىلەر-
دىن بىرىنىڭ ئۇستىدىكى پاخالنىڭ ئارىسىغا كىرىپ تۇنەشنى تەك-
لىپ قىلدى . ئۇ ئۆگزىگە چىقتى ۋە ھەمراھلىرىنى تارتىپ ئالدى ،
ئۇستىگە دەرۋىشنىڭ جەندىسىنى يېپىنىپ يېتىشتى .

شەھەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى خېلىغىچە بېسىلمىدى . يې-
رىم كېچە ئۆتكەندىن كېيىن ، ھەممە ياق ئاستا - ئاستا جىمجىت
بولۇپ قالدى ، پەقەت جىسەكچىلەرنىڭ تاقىلدىقى ۋە شەھەرنىڭ
ھەممە تەرىپىدىن ئىتلارنىڭ ھاۋشىشلا ئاڭلىناتتى ، كېچىچە شى-
ۋىرغان ۋە ئىزغىرىن شامال ئۇلارغا ئارام بەرمىدى .

ئەتىگەنلىكى بامدات نامىزىغا ئەزەن ئېيتىلغاندا يولۇچىلارنىڭ
ئۈچىلىسى ئويغىنىپ ، شەھەرنىڭ ئېگىز تېمى ئۇستىگە چىقىشتى .
بىسەرەمجان بولغان ۋە قورققان ئاھالە شۇ يەرگە كەلمەكتە ئىدى .

كۇنچىقىشتىكى دەرۋازىنىڭ ئالدىدىكى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسى-
دا ، دۆڭلۈكتە ئىنتايىن يوغان ، سېرىق چېدىر كۆرۈنەتتى ، چې-
دىرنىڭ ئەتراپىدا ناھايىتى جىق ئاتلىقلار ئۇياقتىن - بۇياققا يۈرۈ-
شەتتى . بۇلارنىڭ ئايرىم قىسىملىرى داللارنى ئايلىنىپ ، شەھەر
تېمىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتەتتى . ئۇلار بۇخارالىقلارنى ئەجەبلەندۇ-
رەتتى ، كىچىككىنە ئاتلار خۇددى قۇتىرىغان توڭگۇزدەك چاپاتتى ،
ئەپچىللىك بىلەن بۇرىلاتتى ۋە تۇيۇقسىزدىن توختاپ ، يەنە ئوقتەك
ئېتىلىپ كېتەتتى . كۆككە كۆتۈرۈلگەن چاڭنىڭ ئارىسىدىن چۈش-
كەن قۇياش نۇرلىرىدا ، ئۇلارنىڭ تۇمۇر قالپاق ۋە قالقانلىرى
پارقىرايتتى . يەنە پەيدا بولغان ئاتلىق قىسىملار كەتمەن ۋە پىشاڭ
كۆتۈرگەن مىڭلارچە دېھقانلارنى ھەيدەپ كېلىشەتتى .

— بۇ پاكار ئاتلارغا مىنگەن ئادەملەر كىملەر ئىكەن ؟ — دەپ
سورىدى قۇربان قىزىقچى .

— سوراپ نېمە قىلاتتىڭ ؟ — دېدى مەيۇسلىنىپ تۇرغان بىر
ئەسكەر نەيزىسىنى يەرگە ئۇرۇپ ، — مۇسۇلمانلار ئەمەسلىكىنى
كۆرمەيۋاتامسەن ؟ بۇلار «تاتار» دەپ ئاتىلىدىغان يەجۇج - مەجۇج-
لەر . ئاۋۇ سېرىق چېدىردا بولسا ، ئۇلارنىڭ خانى بىزنى تاماشا

قىلىپ كۆلۈپ ئولتۇرۇپتۇ، خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىسۇن!

— شەھەرنىڭ دەرۋازىلىرى ئېتىك! ئەمدى مەن چىقىپ كېتەلمەيمەن! بىچارە بالىلىرىمنىڭ ھالى نېمە بولىدىكىن؟ بەلكى بۇ يەردە ماڭا بىر يىلغىچە تۇرۇپ قېلىشقا توغرا كېلەر! — دېدى قۇربان قىزىقچى.

تامنىڭ ئۈستىدىن پولات قالپاق ۋە كۈمۈش ساۋۇت كىيگەن بىر سەركەردە كېلەتتى. قۇربان قىزىقچى قول قوشتۇرۇپ يۈكۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئېتىكىنى سۆيۈپ دېدى:

— ھەي، ئۇلۇغ بەگ يىگىت ئىنالچىق خان، مېنى تونۇدۇڭمۇ؟ مەن سېنىڭ چاكىرىڭ قۇربان قىزىقچىمەن! سالام ساڭا!

— سەن نېمىشقا ئۆز قىسمىڭغا بارماستىن، بۇ يەردە يۈرىسەن؟

— پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن مەن بۇخاراغا دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن پىيادە كەلدىم. يولدا بايتىلىمنى ئوغرىلاپ كەتتى، ئوغرى خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىسۇن! ئىككى كۈندىن بېرى ئۆز قىسمىمنى ئىزدەپ تاپالماي سەرسانمەن، ھېچكىم ماڭا قايرىلىپمۇ قارىمايدۇ. پادىشاھىمىز ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىمەن، دەپ كەلگەن كىشى بىلەن ھېچكىمنىڭ ئىشى بولمايدىكەن، ئۇ ۋاقىتتا بۇ يەجۇجلەرگە قارشى كىم ئۇرۇشىدۇ؟

— بۇنداق سۆزلەرنى سېنىڭدىن ئاڭلىغىنىمغا خۇشالمەن، قۇربان قىزىقچى، — دېدى ئىنالچىق خان، — بىلىكىڭدە كۈچ بار، ئېغىر مېھنەتتىن قەددىڭ پۈكۈلگەن، سەن ئۇرۇشتا بۈيۈك باتۇر بولالايسەن. مەن سېنى ئۆز قىسمىمغا ئالىمەن، كەينىمدىن ماڭ.

قۇربان شۇنداق قىلىپ دەرۋىش ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى توغان بىلەن ئايرىلدى.

قۇربان قىزىقچى ئىنالچىق خاننىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، چوڭ بىر مەيدانغا كەلدى. بۇ يەردە باغلانغان ئاتلار تۇراتتى، گۈلخانلار ياناتتى، قازانلاردا گۆرۈچ قاينايتتى ۋە قوي يېغىنىڭ

پۇرىقى كېلەتتى. قۇربان قىزىقچى «بۇ يەردە ئادەملەرنى پەقەت ئۆلۈمگىلا ھەيدىمەي، ئۇلارنىڭ قورسىقىغا تويغۇدەك تاماق بېرىدىكەن» دەپ خۇشال بولدى.

— ھەي، ئوراز چاۋۇش[1]! — دەپ ۋارقىرىدى ئىنالچىق خان ئېگىز بويلۇق، قارا ساقاللىق قاپىقى سېلىنغان تۇركمەنگە قاراپ، تۇركمەن سەركەردىسىنى كۆرۈپ تەزىم قىلدى، — مانا بۇ باتۇر ئەسكەر قۇربان قىزىقچىنى سېنىڭ ئىختىيارىڭغا بەردىم. ئۇ ئېتىزدا ياخشى ئىشلەيتتى، ئۇرۇشتىمۇ باتۇرلۇق كۆرسىتىدۇ.

— ئات بېرەيمۇ ياكى پىيادە ئەسكەرلەرگە قوشۇپ قويايمۇ؟

— قىلىچ، ئات ۋە نېمە كېرەك بولسا ھەممىسىنى بەر. خۇداغا تاپشۇردۇم سىلەرنى! — دەپ ئىنالچىق خان كېتىپ قالدى. ئوراز چاۋۇش ئونبېشى ئىدى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى گۈلخاننىڭ ئەتراپىدا دائىرە بولۇپ ئولتۇرۇشاتتى. يوغان ياغاچ قوشۇق تۇتۇپ ئولتۇرغان بىر ئەسكەر قۇرباننىڭ سالىمىنى ئېلىپ:

— يوغان نەيزە ئەپكېلىپ ياخشى قىلىپسەن. پولۇغا ئوتۇن يەتمەي تۇرۇۋىدى، — دېدى ۋە قۇرباننىڭ ئېغىر نەيزىسىنى ئېلىپ پالتا بىلەن پارچە-پارچە قىلدى-دە، گۈلخانغا سالدى.

— مانا بۇ ئات سېنىڭكى، — دېدى ئوراز چاۋۇش قۇربانغا ئاتلاردىن ئايرىپ، ئالاھىدە يەرگە باغلاپ قويۇلغان چوڭ ئايغىرنى كۆرسىتىپ، — ئېتىڭ ناھايىتى تۇسۇن. ئۇنىڭغا ئارقىسىدىن يېقىنلاشما، ئۆلتۈرىدۇ! پەقەت ئالدىدىن كېلىپلا دەررۇ تىزگىنىدىن تۇتۇۋال، ئۇ ساڭا ئاستا-ئاستا ئۆگىنىپ كېتىدۇ. شۇنىسى يامانكى، بۇ ئات سەپتە يۈرمەيدۇ، چاپتۇرساڭ ئىلگىرىگە ئېلىپ قاچىدۇ. شۇڭا، تىزگىنىنى زادى بوش قويما، بولمىسا ئۇرۇش ۋاقتىدا تۇپتوغرا تاتارلار تەرىپىگە ئېلىپ كېتىدۇ.

قۇربان قىزىقچى قورقۇپراق ئاتقا يېقىنلاشتى. ئۇنى كۆرگەن ئات قۇلاقلىرىنى يوپۇردى، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ چىچاڭشىدى. قۇربان قىزىقچى كۆڭلىدە: «خۇدايىم ئۆزۈڭ ساقلا» دەپ

① چاۋۇش — جەڭچى.

گۇلخاننىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى . ئۇراز چاۋۇش ئۇنىڭغا يوغان كونا قىلىچ ، كونا سېرىق ئۆتۈك بېرىپ ، كەچقۇرۇنلۇق غىزاغا چاقىردى . مانا شۇنىڭدا قۇربان قىزىقچى ئۆزىنى باشقىلارنىڭ قاتا-رىدا ھەقىقىي ئەسكەر يىگىت ئىكەنلىكىنى سەزدى .

كەچقۇرۇن ئەسكەرلەر ئاتلىرىغا تويغۇچىلىق ئارپا بەردى ۋە ئېشىپ قالغان ئارپىنى توۋرىلىرىغا سالدى . قۇربان قىزىقچىمۇ شۇنداق قىلدى .

— ھازىر ئىش قىزىپ كېتىدۇ ! — دېدى ئۇراز چاۋۇش ، كېيىن «ئاتلىنىڭلار !» دەپ ۋارقىرىدى .

ھەممە ئاتلاندى ، قۇربان قىزىقچى توسۇن ئايغىرىغا تەستە مىنىپ ، شېرىكلىرى بىلەن بۇخارانىڭ تار كوچىلىرىدىن مېڭىپ كەتتى .

— ھۇجۇم قىلىمىز ، — دېدى يېنىدىكى يىگىت ، — قانچىمىز قايتىپ كېلىمىزكىنتاڭ ؟

ئەسكەرلەر شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختاشتى . بۇ يەر-دىكى مەيدانغا باشقا قىسىملارمۇ يىغىلىشقا باشلىدى ، بەش مىڭغا يېقىن ئاتلىق ئەسكەر توپلاندى .

ئايرىم قىسىملارنىڭ سەركەردىلىرى ئىنالچىق خاننىڭ ئالدىغا كېلەتتى ، ئۇ بۇيرۇق بېرەتتى :

— بىز تاتارلارنىڭ قاغانى ئولتۇرغان سېرىق چېدىرىغا ھۇجۇم قىلىمىز ، توغرا كەلگەننى چېپىپ تاشلاۋېرىڭلار ! ئەسىر ئېلىش كېرەك ئەمەس ! بىز تاتارلارنى تەمتىرىتىپ قويساقلا بولدى ، بۇ مەجۇسىيلەرنى باشقا ئەسكەرلىرىمىز ئاسانلىق بىلەن تارمار قىلى-دۇ . جاسارەتلىك ، يۈرەكلىك يىگىتلەرنى خۇدانىڭ ئۆزى قوللاي-دۇ !

ئېغىر تۆمۈر دەرۋازا ئېچىلىپ ، ئاتلىقلار شەھەردىن چىقىشقا باشلىدى ، دالىغا چىققاندا قۇربان قىزىقچى تاڭ قاراڭغۇسىدا ئالدىدا كېتىۋاتقان يىگىتلەرنى ئارانلا كۆرەتتى . يىراقتا بولسا تاتارلارنىڭ قارارگاھىدا سان - ساناقسىز گۈلخانلار كۆرۈنەتتى . ئاتلارنى ئاۋ-

ۋال يورغىلىتىپ، كېيىن چاپتۇرۇپ كېتىشتى. قۇربان قىزنىقچى ئايغىرنىڭ تېزگىنىنى قانچىلىك تارتىشقا ھەرىكەت قىلىسىمۇ، ئات ئېغىزدۇرۇقنى چىشلىۋېلىپ، يېنىدىكى ئاتلاردىن ئۆتۈپ كېتىشكە باشلىدى.

بەش مىڭ ئاتلىق تاتار قارارگاھىنى قويۇندەك باستى. شاۋقۇن - سۈرەنلەر بىلەن گۈلخانلارنىڭ ئارىسىغا ئېتىلىپ كىردى ۋە ئادەملەرنى ئاغدۇرۇپ، چېپىلىپ ياتقان ئېگەر ۋە يۈكلەردىن ئېشىپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

تاتارلار ئاتلىرىغا مىنىپ، ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. قۇربان قىزنىقچى كونا، ئېغىر قىلىچىنى ئوينىتىپ، ئاتلىقلارنىڭ ئارىسىدا ۋارقىراپ - جارقىراپ كېتىپ باراتتى، كىمگىدۇر قىلىچ ئۇردى، كىمنىدۇر يىقىتتى ۋە تاتارلارنىڭ قاغانى تۇرغان سېرىق چېدىر تەرەپكە قاراپ چاپاتتى.

يىراق قارىسا، ئۇنىڭ قىسمىدىكى ئەسكەرلەر تاتارلارنى قوغلىماي تويۇقسىزدىن بۇرۇلۇپ، باشقا تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ توسۇن ئېتىمۇ باشقا ئاتلارنىڭ ئارقىسىدىن چېپىپ كەتتى. قۇربان ئېتىم بىلەن بىرەر چوڭقۇرغا تىقىلىپ قالمىسام بولاتتى، دەپ خۇداغا يالۋۇردى.

ئاتلار خېلىغىچە چاپتى، كېيىن ئاستىلاپ يورغىلاشقا باشلىدى. قوشۇن چوڭ يول بىلەن بۇخارادىن كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى.

ئاتلىقلار كېچىچە خاتىرجەم مېڭىشتى، ئەتىگەندە ئىنالچىق خان دەم ئېلىشقا بۇيرۇدى.

— ئاتلارنى دەم ئالدۇرۇپ، كېيىن جەيھۇن بويىغا بارىمىز، دەريادىن ئۆتۈپ خارەزم شاھىنىڭ ئەسكەرلىرىگە قوشۇلىمىز، — دېدى.

شۇ چاغدا ۋاراڭ - چۇرۇڭلار كۆتۈرۈلۈپ، ۋاي - داد ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ قالدى.

يىراقتا تاتارلار كۆرۈندى، ئۇلار دەھشەتلىك شاۋقۇن - سۈ-

رەنلەر بىلەن دەم ئېلىۋاتقانلارنىڭ قارارگاھىغا قاراپ چاپتۇرۇپ كېلىشتى، بۇخارالىق ئاتلىقلار ئاتلىرىغا مىنىۋېلىشقا ئارانلا ئۈلگۈردى ۋە قورقانلىقلىرىدىن دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇشنىڭ ئورنىغا ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆزلىرىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردى، تاتارلار پۈتۈن ئەسكەرلەرنى دېگۈدەك قىرىپ تاشلىدى.

شائىر شۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئۆلۈمدىن قورقۇپ، قېچىپ ئاسمانغا چىقىپ كەتسىمۇ، بەرىبىر ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايدۇ!»

سەككىزىنچى باب

# بۇخارا ئۇرۇشماي تەسلىم بولدى

*كىمكى ئۆز قورۇقىنى قورال بىلەن باتۇرلار-*
*چە قوغدىمىسا، ئۇنداق كىشىنىڭ قورۇقى ۋەيران بو-*
*لىدۇ. كىمكى ئۆزگىگە قارشىلىق كۆرسەتمىسە، ئاياغ*
*ئاستى بولىدۇ.*

(ئەرەب ماقالى)

ئىنالچىق خاننىڭ بەش مىڭ ئەسكىرى «بۇخارائى شەرىپ» نى قوغداشنىڭ ئورنىغا جەڭگىۋارلىق شەۋكىتىنى قولدىن بېرىپ، رەزىللەرچە قاچقاندىن كېيىن، مەسچىت جامائەسىگە شەھەرنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلىرى — بەگلەر، ئىماملار، ئوقۇمۇشلۇق ئۆلىمالار ۋە دۆلەتلىك سودىگەرلەر يىغىلىشتى. ئۇلار ئۇزاق مەس-لىھەتلەشكەندىن كېيىن:

— ئېگىلگەن بويۇننى قىلىچ چاپمايدۇ، چىڭگىزخانغا تەسلىم بولىمىز، — دېگەن قارارغا كېلىشتى.

— ھەممە ئادەم بىر ئادەم! — دېيىشەتتى ئۇلار، — تاتار خانى ئەرزىمىزنى ئاڭلار، قېرىلىرىمىزنىڭ ئىلتىماسىنى قايتۇر-ماس، «مەرپەت ئاسمىنىنىڭ يورۇق يۇلتۇزى» دەپ نام چىقارغان قەدىمكى شەھىرىمىزنىڭ تەسلىم بولغان خەلقىگە رەھىم - شەپقەت قىلار.

كىمخاب ۋە ئەتلەس تونلارنى كىيىپ ياسانغان بەگلەر، ئىمام-لار، ئۆلىمالار ۋە سودىگەرلەر شەھەرنىڭ ئون بىر دەرۋازىسىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچلىرىنى كۈمۈش پەتنۇسقا سېلىپ، شەھەردىن چە-

قىشتى ۋە سېرىق چېدىر تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى، شۇ زاماتلا ئۇلارنىڭ يېنىغا قاغاننىڭ باش تىلماچى ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلدى. قېرىلاردىن بىر قانچىسى ئۇنى تونۇيتتى، بۇ ئاۋۋالقى ئۇرگەنچلىك باي سودىگەر مەھمۇد ئىدى. ئۇنىڭ لەقىمى يالۋاچ بولۇپ، تىلماچلىقتا نام چىقارغان، چۈنكى ئۇز كارۋانلىرى بىلەن يىراق ئەللەرگە ساياھەت قىلىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغىنىدا، نۇرغۇن چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگەنگەنىدى.

قېرىلاردىن ئەڭ مۆتىۋەرى مۇنداق دېدى:

— شەھىرىمىزنىڭ كونا قورغانى شۇنچىلىك مۇستەھكەم ۋە ئېگىزكى، شەھەرنى نۇرغۇن يىللار قامال قىلىپ، ئىنتايىن كۆپ كۈچ سەرپ قىلغاندىن كېيىنلا قولغا كىرگۈزۈش مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقنىڭ قېنى تۆكۈلمەسلىكى ۋە ئۇلۇغ پادشاھ چىڭگىزخاننىڭ باتۇر چېرىكلىرىگە جىق زىيان يەتمەسلىكى ئۈچۈن، قاغان تەسلىم بولغانلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈش شەرتى بىلەن بىز شەھەرىمىزنى ئۇرۇشسىز تاپشۇرۇشقا رازىلىق بىلدۈرىمىز.

— ئالدىرىماڭلار! — دېدى تىلماچ ئالدىرىماستىن سېرىق چېدىرغا قاراپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن يەنە ئالدىرىماستىن قورققانلىقىدىن تىترەپ تۇرغان قېرىلارنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە:

— قۇلاق سېلىڭلار، مويسىپىتلار! ئۇلۇغ قاغان: «قورغاننىڭ مۇستەھكەم ۋە ئېگىزلىكى، مۇھاپىزەت قىلغۇچىلارنىڭ كۆچى ۋە ماھارىتى بىلەن باراۋەر، ئەگەر ئۇرۇشسىز تەسلىم بولۇشنى خالىساڭلار، دەرۋازىلارنى ئېچىپ كۆتۈپ تۇرۇشنى بۇيرۇيمەن» دەيدۇ، — دېدى.

مەغرۇر ۋە مۆتىۋەر قېرىلار ساقاللىرىنى سىقىملاپ، باشلىرىنى لىڭشىتىپ بىر - بىرىگە قاراپ قويۇشتى، ئۇلار كۆڭۈللىرى غەش ھالدا شەھەرگە قايتىپ كېلىشتى، شەھەر ئاھالىسىنىڭ بېشىغا قانداق كۈلپەتلەرنىڭ چۈشىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

بۇخارانىڭ قەدىمكى قورغانى شۇنچىلىك ئېگىز ۋە مۇستەھكەم ئىدىكى، تىنچ ياشاۋاتقان شەھەر خەلقىنى بىر نەچچە ئايلارغىچە

مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرۇشى مۇمكىن ئىدى . بىراق ، شۇ كۈنى پەقەت قورقۇنچاقلارلا تىلىغا كىرگەن ، كىمكى كۈرەشنى تەلەپ قىلغان بولسا ، ئۇ كىشىلەر تەلۋە ھېسابلىناتتى .

قورقۇنچاق بەگ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە قالغان قورقۇنچاقلار شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىنى دۈشمەن قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغان ئىماملار ۋە مۆتىۋەر قېرىلارغا لەنەت ئوقۇشتى ۋە ئاخىرقى تامچا قانلىرى قالغۇچە دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىشنى قارار قىلىشتى ، ئۇلار شەھەرىستان ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك كىنە قەلئەگە بېكىنىۋالدى .

شەھەرنىڭ ئۇن بىر دەرۋازىسى بىر ۋاقىتتا ئېچىلدى ۋە مىڭلاپ تاتار چېرىكلىرى تار كوچىلارغا كىرىشكە باشلىدى ، ئۇلار تولۇق تەرتىپ بىلەن يۈرۈشەتتى ، تۈرلۈك قىسىملار ئايرىم مەھەللىلەرنى ئىشغال قىلاتتى .

ئۆگزىلەرگە چىقىۋالغان ئاھالە پاكار ، يالى ئۇزۇن ئاتلارغا مىنگەن كوسا چېرىكلەرگە دەھشەت بىلەن قاراپ تۇرۇشاتتى . شەھەر جىمجىت بولۇپ قالدى ، پەقەت تۇمشۇقى ئىنچىكە ، يۈڭى پاخپايغان ۋە قىزىل كۆزلۈك بىر سېرىق ئىتلا تونۇش بولمىغان كىشىلەرنىڭ تېتىقسىز پۇرىقىنى سېزىشىپ ، ئۇ ئۆگزىدىن بۇ ئۆگزىگە سەكرىشەتتى ۋە ھاۋشىيتتى .

موڭغۇل چېرىكلىرى بارلىق چوڭ كوچىلارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ، بوز ئاتلارغا مىنىپ قورۇقچىلار قىسمى شەھەرگە كىردى ، بۇلار خۇددى ئاتلىرىغا ئوخشاش تىزلىرىغىچە ساۋۇت كىيىشكەنىدى .

خىللانغان بىر مىڭ چېرىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىزىل قۇم سەھراسىدىن خۇددى ئوتتەك ئېتىلىپ چىققان شەرق ھۆكۈمرانىمۇ بار ئىدى . ئالدىدا توققۇز قۇيرۇقلۇق يوغان ئاق تۇغ كۆتۈرگەن موڭغۇل باتۇرلارچە كېتىپ باراتتى ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىككى ئاتلىق يايداق ، قارا كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان بوز ئاتنى يېتىلەپ كېتىپ باراتتى ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇزۇن قارا كىيىم كىيگەن چىڭگىزخان

ئاددي جابدۇقلۇق ، كەڭ كۆكرەكلىك جەردە ئېتىدا ئالدىرىماي كېلىپ باراتتى .

بىراق ، دۇمچەيگەن چىڭگىزخاننىڭ قاپىقى سىلىق ئىدى . چەم كەمىرىگە قارا قىنلىق شەمشەر ئېسىۋالغان ، مۇرىسىگە ئېسىلىپ چۈشكەن قارا تېرە قۇلاقچىسى ، بۇرنىغا چۈشۈپ تۇرغان پولات بۇرۇنلۇقى ، قېتىپ قالغان قارا يۈزى ، ئۇزۇن ئاپئاق ساقىلى ۋە قىسىق كۆزلىرى ئالتۇن ۋە ئېسىل تاشلار بىلەن بېزەلگەن خارەزم شاھىنىڭ ئۇنى ئايرىپ تۇراتتى .

چىڭگىزخان ئوردا مەيدانىغا كەلدى . بۇ يەردە ئۇنىڭ ئاتلىق قورۇقچىلىرى ئۈچ قاتار بولۇپ تىزىلىشىپ ، يىغىلغان خالايىقنى توساپ تۇرۇشاتتى . ئېگىز جامەنىڭ پەلەمپەيلىرىدە ئۆلىمالار ، قازىلار ۋە شەھەرنىڭ مۆتىۋەرلىرى تۇرۇشاتتى .

موڭغۇل ھۆكۈمرانى مەسچىتكە يېقىنلاشقاندا ، ئاھالە ئۆز پادىشاھىنى كۈتۈپ ئالغاندا قىلىدىغان ئادىتىنى قىلىپ يەرگە باش قويدى ، پەقەت بىر نەچچە قېرى ئۆلىمالا قوللىرىنى قوشتۇرۇپ تىك تۇرۇشتى .

— كۆپ يىللار ئۆمۈر كۆرسۇن پادىشاھ چىڭگىزخان ! ياشىسۇن كۈنچىقىشنىڭ ئاپتىپى ! — دەپ قېرىلاردىن بىرى ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى .

چىڭگىزخان قىسىق كۆزلىرى بىلەن جامەنىڭ ئېگىز ئەگمىسىنى چامىلاپ كۆردى - دە ، ئېتىغا بىر قامچا ئۇرۇپ پەلەمپەيگە چىقىپ كەتتى .

— بۇ ئېگىز ئىمارەت شەھەر ھاكىمىنىڭكىمۇ ؟ — دەپ سورىدى قاغان .

— ياق ، بۇ ئاللانىڭ ئۆيى ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى ئىمامىلار .

قورۇقچىلارنىڭ ھىمايىسى بىلەن چىڭگىزخان مەسچىتكە كىردى ۋە قىممەتلىك گىلەملەر ئۈستىدىن ئۆتۈپ ، ئادەم بويى ئېگىز تاشنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ناھايىتى چوڭ قۇرئاننىڭ ئالدىغا بارغىنىدا ئاتتىن چۈشتى - دە ، كەنجى ئوغلى تولۇي خان بىلەن

بىللە ئىماملار ئەمرىمەرۇپ قىلىدىغان مۇنبەرگە چىقتى. ئاق ۋە كۆك سەللە ئورىغان قېرىلار كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، قاغىنىڭ سېرىق ساقىلى، قېتىپ قالغان قارا يۈزىگە تىكىلەتتى ۋە خەلقلەرنى رەھىمسىز قىرغۇچى دەھشەتلىك بۇ كىشىدىن يا مەرھەمەت، يا چوڭ غەزەپ كۈتەتتى.

چىڭگىزخان قولىنى كۆتۈرۈپ، قېرى ئىماملاردىن بىرىنىڭ سەللىسىنى كۆرسەتتى.

— نېمىشقا بۇ ئادەم بېشىغا شۇنچىلىك كۆپ رەخت ئورىۋالىدۇ؟

تىلماچ بوۋايدىن سوراپ، قاغانغا چۈشەندۈرۈپ بەردى:

— بۇ ئىمام خۇداغا ئىبادەت ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئەرەبىستانغا — مەككىگە بارغانىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، يوغان سەللە ئوراپ يۈرۈپتۇ.

— خۇداغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئاللىقەيەرلەرگە بېرىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى چىڭگىزخان، — خۇداغا ئىبادەتنى قەيەردە قىلسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

ئەجەبلەنگەن ئىماملار ئېغىزلىرىنى ئېچىشىپ جىم بولۇپ قالدى، چىڭگىزخان سۆزىنى داۋام قىلدى:

— شاھىڭلارنىڭ گۇناھى ناھايىتى چوڭ، مەن خۇدا تەرىپىدىن ئۇنىڭ بېشىغا ئەۋەتىلگەن ئاپەتمەن، ئۇنىڭ جازاسىنى بېرىمەن. بۈگۈندىن باشلاپ ھېچكىم مۇھەممەد شاھقا باشپاناھلىقمۇ، بىرەر پارچە نانمۇ بەرمىسۇن.

چىڭگىزخان يەنە ئىككى باسقۇچ يۇقىرىغا چىقتى - دە، مەسچىتنىڭ ئىشىكىدە تۇرغان چېرىكلىرىگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— قۇلاق سېلىڭلار، يېڭىلمەس باتۇرلىرىم! بۇغدايىنى ئورۇپ ئېلىشىپتۇ، ئاتلىرىمىزغىمۇ ئوت - چۆپلەر يوق. لېكىن، بۇ يەردىكى ئامبارلار ئاشلىق بىلەن لىق تولغان، بىز ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىشىكلىرى ئوچۇق، ئاتلىرىمىزغا تويغۇچە يەم بېرىڭلار!

مەيداندا موڭغۇل چېرىكلىرى ۋارقىراشقا باشلىدى:

— بۇخارا ئامبارلىرىنىڭ ئىشىكى بىزگە ئوچۇق! ئۇلۇغ قاغان ئاتلارغا بۇغداي بېرىشنى بۇيرۇدى.

چىڭگىزخان مۇنبەردىن چۈشۈپ بۇيرۇدى:

— مانا بۇ قېرىلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن كىشى قوشۇلسۇن، بۇلار ھېچ نەرسىنى يوشۇرماي بايلارنىڭ ئۆيلىرىنى، ئاشلىق ئامبارلىرىنى ۋە مېلى جىق دۇكانلارنى كۆرسىتىپ بەرسۇن، بۇ مىرزىلار بۇ قېرىلاردىن دۆلەتلىك سودىگەرلەرنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىۋېلىشسۇن! ئۇلار ئوترار‌دا مېنىڭ سودىگەرلىرىمدىن تارتىۋالغان ماللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشىدۇ. بايلار غىزا ۋە ياغ ئېلىپ كېلىشسۇن، مېنىڭ چېرىكلىرىم يەپ - ئىچىپ خۇشال ئويۇن - كۈلكە قىلىشسۇن، مەن بۇگۈن بۇخارانى ئېلىش تەنتەنىسىنى مۇسۇلمانلار خۇداسىنىڭ مانا شۇ ئۆيىدە ئۆتكۈزىمەن.

موڭغۇل چېرىكلىرى بىلەن بىللە كەتكەن قېرىلار ئۇزاق ئۆتمەيلا تۆگىلەرگە مىس قازانلارنى، قاپ - قاپ گۈرۈچلەرنى، قوي گۆشلىرىنى، كوزىلاردا ھەسەل، شاراب ۋە ياغلارنى ئارتىپ قايتىپ كېلىشكە باشلىدى.

## توققۇزىنچى باب

# «كەرۇلەن چۆللىرى قانداق ياخشى ـ ھە»

جامەنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا گۇلخانلار يېقىلىپ، قازانلاردا قۇيرۇق ياغ، گۇرۇچ ۋە توغرالغان قوي گۆشلىرى قورۇلۇشقا باشلىدى.

چىڭگىزخان مەسچىتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى ئېگىز سۇپىدا، شايى ياستۇقلارنىڭ ئۇستىدە ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئەتراپىغا سەركەردىلەر ۋە قورۇقچىلار توپلانغانىدى. بىر چەتتە قېرىلار تېپىپ كەلگەن بۇخارا سازەندىلىرى ھەر خىل ئەسۋابلاردا مەشق قىلىشاتتى، تۇرلۇك قەبىلە قىزلىرى داپ ۋە ناغرىلارنى چېلىپ ناخشا ئېيتىشاتتى.

مۆتىۋەر ئۆلىمالار ۋە ئىماملار موڭغۇل ئاتلىرىغا قاراپ تۇرۇشاتتى، ئۇلارغا ئارپا ۋە خەشەكلەر بېرىشەتتى. چىڭگىزخاننىڭ تىلماچى مەھمۇد يالۋاچ قاغانغا يېقىن ئولتۇرۇپ، ھەر تەرەپكە كۆز تاشلايتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئاۋۋالقى مال ساتقۇچى بولغان ئۈچ مىرزا چوقچىيىپ ئولتۇرۇپ، چاپسانلىق بىلەن رەڭلىك قەغەزنىڭ قۇرىغا پەرمانلارنى ياكى موڭغۇللارنى قاراۋۇل تۇرغان قورۇللاردىن ئۆتۈش ئۈچۈن گۇۋاھنامىلەر يازاتتى.

ئۇزۇن جۇۋا كىيگەن، بېشىدىن ـ ئايىغىغىچە قوراللانغان بىر موڭغۇل ئولتۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، مەھمۇد يالۋاچنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئېڭىشىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— مېنىڭ خەۋەرچىلىرىم ئىككى كىشىنى تۇتۇپتۇ. بىرى،

شامان تەلەت ، ئۇزۇن كۆلا كىيگەن ؛ يەنە بىرى ، ياش بالا . بىز ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدۇق ، چوڭى موڭغۇلچىسىگە : «بىزگە تەگمەڭلار ! مەھمۇد يالۋاچ بىزنىڭ ھىماتچىمىز ، قېرىندىشىمىز بولىدۇ !» دېدى . شامانلار ۋە سېھىرگەرلەرگە تېگىلمىسۇن ، دېگەن بۇيرۇق بارلىقى ۋە ئۇنىڭ ساڭا قېرىنداش ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ، ئۇلارغا تەگمەڭلار ، دېدىم . ئۇلارنى نېمە قىلاي ؟

— ئۇلارنى ئېلىپ كەل !

موڭغۇل ھاجى رەھىم بىلەن توغاننى ئېلىپ كەلدى . مەھمۇد يالۋاچ قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ، ئۇلارغا مىرزىلارنىڭ يېنىدىن جاي كۆرسەتتى .

چىڭگىزخان ھېچقاچان ، ھەتتا مەست بولغاندىمۇ ئەقلىنى يوقاتمايتتى ۋە ھەر نەرسىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى . ئۇ مەھمۇد يالۋاچقا كۆزى بىلەن ئىشارەت قىلدى ، مەھمۇد يالۋاچ كەلدى .

— بۇلار قانداق ئادەملەر ؟

— سېنىڭ بۇيرۇقۇڭ بىلەن ، مەن سەھرادىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا مېنى قاراقچىلار ياردار قىلغاندا ، بۇ ئادەم ھاياتىمنى ساقلاپ قالغانىدى . ئەمدى مەنمۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلاي ـ دە !

— شۇ قىلغان ئىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەمەل بېرىشىڭگە ئىجازەت بېرىمەن . ماڭا قارا ، ئۇ نېمىشقا ئۇزۇن قالپاق كىيىپ يۈرۈپتۇ ؟

— بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دەرۋىشى ۋە باخشىسى . ئۇ ئوينايدۇ ، ھەق گەپنى قىلىدۇ . بۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرنى ئاددىي خەلق ھۆرمەت قىلىشىدۇ ۋە قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدۇ .

— ئۇنداق بولسا ماڭا ئويناپ بەرسۇن ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئويۇنىنى كۆرەي .

مەھمۇد يالۋاچ جايىغا بېرىپ ئولتۇردى ۋە دەرۋىشكە دېدى :

— قاغانىمىز دەرۋىشلەر ئويۇنىنى كۆرسىتىپ بەرسۇن ، دەپ بۇيرۇدى . ئۆزۈڭگە مەلۇمكى ، چىڭگىزخاننىڭ ئەمرىنى ئورۇنلى-

مىساك، بېشىڭدىن ئايرىلىسەن. ياخشى ئويناپ بېرىشكە ھەرىكەت قىل، مەن نەي چېلىپ تۇرىمەن.

ھاجى رەھىم گىلەمنىڭ ئۈستىگە تۇۋرىسىنى، تاۋقىنى، تىلەمچىلىك خالتىسىنى ۋە ھاسىسىنى قويدى - دە، ئۇنچىقماستىن ئەتراپتا گۈلخانلار يېنىپ تۇرغان مەيدانغا چىقتى. ئۇ باغداد دەرۋىشلىرىگە ئوخشاش غۇلىچىنى كېرىپ، ئوڭ قولىنىڭ ئالىقىنىنى پەسكە، سول قولىنىڭ ئالىقىنىنى يۇقىرىغا قىلدى، شۇ تەرىقىدە دەرۋىش بىردەم جىم تۇردى. مەھمۇد يالۋاچ نەيدە مۇڭلۇق بىر كۈينى چېلىشقا باشلىدى، كۈي بەزىدە بوۋاقنىڭ يىغىسىنى، بەزىدە سوپىسوپىياڭنىڭ سايرىغىنىنى ئەسلىتەتتى، سازەندىلەر ئاستا داپ چېلىپ تۇراتتى. دەرۋىش خىش ياتقۇزۇلغان مەيداندا ئايلىنىپ ئويناشقا باشلىدى، بارغانسېرى چاپسانلىدى، ئېتەكلىرى ئۇچۇپ چەمبىرەك بولدى. نەينىڭ ئاۋازى بارغانسېرى مۇڭلۇق بولۇپ ئاڭلىناتتى، داپلار كۈچ بىلەن ئۇرۇلغاندا توختاپ قالاتتى، كېيىن يەنە يىغلىغاندەك مەيۈس كۈينى باشلايتتى.

ئاخىردا دەرۋىش پىرقىرىغۇچتەك تۇرغان جايىدا تېز ئايلاندى - دە، يىقىلىپ چۈشتى.

نۆكەرلەر ئۇنى كۆتۈرۈۋېلىشىپ، مىرزىلارنىڭ يېنىغا ياتقۇزۇپ قويدى. چىڭگىزخان دېدى:

— بۇخارا ئويۇنچىسىغا بىر پىيالە شاراب تۇتتۇم، ئۇنىڭ ئايلانغان بېشى ئورنىغا كەلسۇن. لېكىن، بىزنىڭ موڭغۇل ئويۇنچىلىرىمىز ئۇنىڭدىن ياخشى سەكرەيدۇ ۋە ئاۋازلىق خۇش چاقچاق ناخشا ئېيتىدۇ. ئەمدى موڭغۇل ناخشىچىلىرىدىن ئاڭلايلى.

مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا، قاغاننىڭ ئۇدۇلىغا ئىككى موڭغۇل چىقتى. بىرى قېرى، يەنە بىرى ياش ئىدى. ئىككىسى بىر - بىرىگە قاراپ باداشقانىنى قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى. ياشراقى ناخشا باشلىدى:

ئارغىماقلار يەر تېپىشەر، كىشنىشەر،
ئۆيۈرلەرلەن، يايلاقلارنى سېغىنىپ.

ياش يىگىتلەر ئاھ چېكىشەر ـ يىغلىشار ،
تۇغقان ئانا ، قىشلاقلارنى سېغىنىپ .

ئەتراپتا چۈرگىلىشىپ ئولتۇرغان موڭغۇللار نەقراتنى كۆتۈ-
رۈشتى :

ئاھ ، يايلىقىم ، دەۋرانىم !

نۆۋەتى كەلگەندە قېرى موڭغۇل باشلىدى :

ئارغىماقنىڭ يۈگۈرۈكلۈكى بىلىنەر —
دۆڭلۈكلەردىن قويۇن ئوخشاش ئۆتكەندە .
يىگىتلەرنىڭ باتۇرلۇقى بىلىنەر —
خان كەيىندىن جاھان كېزىپ كەتكەندە .

بارلىق موڭغۇللار يەنە نەقراتنى ئېيتىشتى :

ئاھ ، يايلىقىم ، دەۋرانىم !

ياش ناخشىچى داۋام قىلدى :

يىراق يولنى يېقىن قىلار تۇلپار ئات ،
تۇلپار مىنمەي مەنزىلىڭگە يەتمەيسەن .
ياۋنى يەڭمەي پۈتمەس ئۇرۇش ـ ئاداۋەت ،
يەڭمەس بولساڭ يۇرتۇڭغىمۇ كەتمەيسەن…

موڭغۇللار يەنە نەقراتنى تەكرارلاشتى . قېرى ناخشىچى يەنە
باشلىدى :

باتۇرلارنىڭ باغادۇرى چىڭگىزخان ،
قايىل ھەممە ، قايىل ئاتلىق ، پىيادە .
قېنى كۆيلەڭ ، قوشاقلارمۇ ئەرمۇغان ،
بۇندىن ئۆتەر باغادۇر يوق دۇنيادا .

«چىڭگىزخانغا شەرەپلەر بولسۇن !» دەپ ۋارقىراشتى موڭ-غۇللار ، «بۇگۈن ئەيش - ئىشرەت قىلىمىز !» دېيىشتى خالايىق . ھەممە ياقنى شاۋقۇن - سۈرەن ، پۇشتەك ئاۋازلىرى باستى ، ھەممە چاۋاك چېلىشتى .

ئوتتۇرىغا ئويۇنچىلار چىقىپ بىر - بىرىگە قارشى ئىككى سەپ بولۇپ تىزىلىشتى ، موڭغۇللارنىڭ ناخشىسى ۋە داپلارنىڭ ساداسى ئاستىدا ئويۇنغا چۈشۈشكە باشلاشتى . بۇلارنىڭ ئويۇنى ئېيىقلارنىڭ ئۇرۇشۇشىغا ئوخشايتتى ، يەرنى تېپىشەتتى ، بىر - بىرىنى تېپە-شەتتى . قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇشۇپ ، گۈلخاننىڭ قىپقى-زىل شولىسىدا پولات قىلىچلىرىنى پارقىرىتىپ ، ئېگىز سەكرە-شەتتى ، باشلىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىچ ئوينىتىشاتتى .

چىڭگىزخان يىرىك سېرىق ساقىلىنى تۇتاملاپ ، چوغدەك ياش-ناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئويۇنچىلارغا تىككەن پېتى قىمىرلىماس-تىن جىم ئولتۇراتتى .

ئويۇن ۋە ۋارقىراشلار بىردىن توختىدى ، باشقا بىر ناخشىچى چىڭگىزخان ياخشى كۆرگەن تەنتەنىلىك ۋە غەمكىن ناخشىنى باش-لىدى :

ئەستە تۇرسۇن ،
موڭغۇل ئېلى ، سەھرالار ،
ئالتۇن ئونون ، كەرۇلەندەك دەريالار .
ئەستە تۇرسۇن ،
توقسان ئاسىي قەبىلە ،
چەيلەپ ئۆتتۇك ،

بولدى راسا رەسۋالار...

ئۇتنى قويدۇق ،
ئاپەت سالدۇق جاھانغا .
ئۆلۈم چاچتى ،
خانزادىلار ھەريانغا .
قانغا پاتتى ،
چىڭگىز ئۆتكەن قىرىق سەھرا ،
ئۆلۈك تولدى ،
چىڭگىزخان ئۆتكەن ياۋانغا...

«ئۇرۇڭلار ، چېپىڭلار ،
ياشمۇ دېمەڭلار ۋە نە قېرى !
قۇل بولىدۇ ،
موڭغۇللارغا كەڭ جاھان !»
پەرمان شۇنداق ،
باشلاپ كىرەر ئوت سېرى ،
كۆك غەزىپى .
غەزەپ ئوقى — چىڭگىزخان...

ئۇ دەيدۇكى :
«يېگۈزىمەن سىزگە بال ،
مەن بىرىمەن ،
ئاي شىتون ھەم قورامال .
پۈتۈن ئالەم ،
ماڭا قارام بولىدۇ ،
مەن ئاياۋسىز ،
مەن قورقۇشسىز ، مەن بەتتال !»

ئارغىماقلار
سەكرەڭلار، چېپىڭلار يول ئۇزۇن،
سالام بەرسۇن،
سايغۇلەرگە ئۆلكىلەر...
ئاخىرقى دېڭىز
قىرغىقىغا يەتكەن كۈن.
دولقۇنلىرى،
سىلەرنى يۆيار ئەركەكلەر...

يېقىملىق ناخشىنى ئاڭلاۋېتىپ چىڭگىزخان ئىرغاڭلايتتى ۋە پەس بوغۇق ئاۋازى بىلەن ئۆزىمۇ قوشۇلاتتى. كۆزلىرىدىن چىققان مۇنچاق - مۇنچاق ياش تامچىلىرى ساقىلىدىن ئېقىپ چۈشەتتى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۆسەر جۇۋىسىنىڭ ئېتىكى بىلەن ئېرتىپ، ناخشىچىنىڭ ئالدىغا ئالتۇن دىنار تاشلىدى. ناخشىچى ئالتۇننى چاققانلىق بىلەن تۇتۇۋالدى - دە، يىقىلىپ يەرنى سۆيدى. چىڭ-گىزخان دېدى:

— ئۇزاق كەرۋەن ناخشىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يۈرە-كىمنى غەم باستى، مەن خۇشال بولۇشنى خالايمەن! ھەي، مەھمۇد يالۋاچ! مانا بۇ قىزلارغا ئېيت، يېقىملىق ناخشىلارنى ئېيتىپ كۆڭلۈمنى ئاچسۇن!

— قاغانىم، سەن قانداق قوشاقلارنى خالايدىغانلىقىڭنى ياخشى بىلىمەن، ھازىر ناخشىچى قىزلارنى ئۆزۈم تەيىنلەيمەن، — مەھمۇد يالۋاچ ئۇلۇغۋار يۈرۈش بىلەن بۇخارالىق ئاياللارنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇلار بىلەن پىچىرلاشتى، — شۇنداق ناخشا ئېيتىڭلار-كى، بالىسىدىن ئايرىلغان بۆرىدەك ھۇۋلاڭلار، سىلەرگە قېرىلارمۇ قوشۇلۇپ ھۇۋلىسۇن. بولمىسا يېڭى پادىشاھنىڭ غەزىپى كېلىپ، بېشىڭلارنى ئالىدۇ!

ئاياللار يىغلاشقا باشلىدى، مەھمۇد يالۋاچ سىپايىلىك بىلەن ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ناخشچى قىزلارنىڭ ئالدىغا كۆك سەللە ئورىغان، يوللۇق شايى تون كىيگەن بالا چىقتى. ئۇ ئاياللارغا قاراپ: «قورقماڭلار، مەن ناخشا ئېيتىپ بېرىمەن!» دېدى. ئۇ يېقىملىق ۋە نازۇك ئاۋازى بىلەن ناخشا باشلىدى. ئۇنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى، گۈلخانىلا- رنىڭ چارسىلداپ يېنىشى، ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇشى ئاستا چېلىند- ۋاتقان داپلارنىڭ ساداسى ئىچىدە ئالاھىدە ئاڭلىنىپ، جىمىپ قال- غان مەيداننىڭ ئۈستىدە پەرۋاز قىلاتتى.

شېئىر ۋە شادلىق ئۆلكىسى، ھەي ئاجايىپ گۈلىستان!
باغلار بوستان ئوت ئىچىدە، چىمەنلىكلەر — باياۋان.
سەلتەنەتتىن قوردى بوندا، جۇۋا كىيگەن موڭغۇلخان،
قېنىڭ ئاقار، جان بوغۇزدا، ھەي يارىدار خارەزم!

قىزلار نەقراتنى ئېيتاتتى:

ئاھ، خارەزم! ئاھ خارەزم!

قىزلارغا ئەگىشىپ مەيداندىكى بارلىق بۇخارالىق قىرىللارمۇ ناخشىغا قوشۇلۇشتى. ئۇلار ئاۋازلىرىنىڭ بارىچە: «ئاھ، خارەزم! ئاھ، خارەزم!» دەپ ۋارقىرىشاتتى. بالا داۋام قىلدى:

قارلىق تاغلار ئېرىگەندە تاشار ئىدى زەراپشان،
ئەل قېنىدىن، كۆز يېشىدىن تاشقىنلاردا زەھەر - قان.
تاغلىرىڭدا، باغلىرىڭدا كۆتۈرۈلگەن چاڭ - تۇمان،
ئوغۇللىرىڭ ئۆلدى جەڭدە، ھەي خاكى - سار خارەزم!

قىزلار نەقراتنى تەكرارلاشتى:

ئاھ، خارەزم! ئاھ، خارەزم!

بۇخارالىق قىزلار يەنە قاتتىق ئاۋاز بىلەن: «ئاھ، خارەزم! ئاھ، خارەزم!» دەپ ۋارقىراشتى.

خارەزملىك مەھمۇد يالۋاچلا جىم، قىزلارغا يەر ئاستىدىن قاراپ ھومىيىپ ئولتۇراتتى.

— بۇ بالا نېمە توغرىسىدا ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ؟ — دەپ يەنە سورىدى چىڭگىزخان ئۆپكىسىنى باسالماي، — نېمىشقا قىزلار بۇنچىلىك نالە قىلىشىدۇ؟

— ئۇلار ساڭا خۇشياقىدىغان ناخشىنى ئېيتىۋاتىدۇ، — دەپ چۈشەندۇردى مەھمۇد يالۋاچ، — بۇ ناخشا ۋەتەنلىرىنىڭ ھالاك بولغانلىقى توغرىسىدىكى مەرسىيە. قىزلار بولسا «شان ـ شەۋ. كەتتىن ئايرىلدۇق، ئاھ، خارەزم!» دەپ يىغلاشماقتا.

چىڭگىزخاننىڭ چىرايى ئېچىلىپ، يۈزىدە قورۇقلار پەيدا بول. دى، لەۋلىرى ھىجايغاندەك قىيسايدى. ئۇ بىردىنلا قورسىقىغا ئالىقىنى بىلەن ئۇرۇپ، بۆرە باسار ئىت ھاۋشىغانغا ئوخشاش قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— مانا بۇ مېنى خۇشال قىلىدىغان قوشاق ئىكەن! بالا ياخشى سوزۇپ ئېيتىۋاتىدۇ! خۇددى يىغلىغانغا ئوخشايدۇ! مەيلى، ئۇلۇغ چىڭگىزخان كۈلۈۋاتقاندا، پۈتۈن جاھان يىغلىسۇن! ئېگىلمەس باشلارنى تېقىممغا باسقىنىمدا، دۈشمىنىمنىڭ ئەپۇ سوراپ نالە قىلىشىنى، نۇرسىز كۆزلىرىدىن ئاجىز كۆز ياشلىرى تۆكۈشىنى ياخشى كۆرىمەن، بۇ مۇڭلۇق ناخشا ماڭا ياقتى! بۇنى پات ـ پات ئاڭلاپ تۇرغۇم كېلىدۇ. بۇ بالا قەيەرلىك؟

— ئۇ ئوغۇل بالا ئەمەس، بۇخارالىق قىز بەنت زەنكىجە. ئۇ ئوقۇش ۋە يېزىشنى ياخشى بىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئوقۇمۇشلۇق مىرزىلارغا ئوخشاش سەللە ئوراپ يۈرىدۇ. بۇ قىز ئىلگىرى شاھ تارىخچىسىنىڭ خەتتاتى ئىدى.

— بۇنىڭغا ئوخشاش ئەسىرە كەم ئۇچرايدۇ! ئېيت، ئۇ بۇنىڭ. دىن كېيىن مېنىڭ كۆڭۈل ئېچىش بەزمىلىرىمدە مۇڭلۇق ناخشى. سىنى ئېيتىپ يۈرسۇن! شۇنداق بولسۇنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ

ھەممىسى يىغلىسۇن ، مەن خۇشال بولاي ! بۇخارادا قولغا ئېلىنغان بارلىق قىزلار چېرىكلىرىمگە بېرىلسۇن ! بۇ قىز مېنىڭ بىلەن بىللە ھەممە جايغا ئېلىپ بېرىلسۇن...

— ئېيتقىنىڭىز بولىدۇ ، قاغانىم !

چىڭگىزخان ئورنىدىن تۇردى ، ئەتراپتا ئولتۇرغان موڭغۇللارمۇ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ، ئىچىلمەي قالغان مەيلەرنى «غەلىبە ئىلاھى شەرىپى» ئۈچۈن تۆكۈپ تاشلىدى .

— مەن يولغا چىقىمەن ، — دېدى چىڭگىزخان ، — ئېتىمنى ئېلىپ كېلىڭلار . بۇ شەھەردە تاھىرخان ھاكىم بولۇپ قالىدۇ ، ھەممە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى كېرەك .

چىڭگىزخان گۈلخانلارنىڭ شولىسى ۋە ئاينىڭ خىرە يورۇقىدا كەڭ گەۋدىلىك جەردە ئېتىغا مىندى . قورۇقچىلار گۈلخانلارنىڭ ئارىسىدا بۇخارا قېرىلىرى قاراپ تۇرغان ئاتلىرىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىشتى ، بىر نەچچە دەقىقىدىن كېيىن سەپ ـ سەپ بولۇشۇپ تاش يولنى تاراقلىتىپ ، مەيدان ئارقىلىق يۇرۇشۇپ قاراڭغۇ كوچىلارغا كىرىپ كېتىشتى .

[illegible]

— ماما بۇنىڭ خۇشال قىلىدىغان خۇشال [illegible] ! بالا يامغۇر

سوزۇپ ئېيتىۋاتىدۇ ! خۇددى يەلكىلىرىغا ئوخشايدۇ ! مەيلى ، ئۇلۇغ
چىڭگىزخان كۆلۈۋاتقاندا ، پۈتۈن جاھان يەلىسۇن ! ئېگىلەي
باشلىرى تەكىسىغا باسىسىدا ، دۈشمەنلىرىنىڭ ئەيۋ سوراپ يالە-
قىلىشىنى ، نۇرسىز كۆزلىرىدىن ئاچچىق كۆز ياشلىرى تۆكۈشىنى
ياخشى كۆرىمەن ، بۇ مۇڭلۇق ناخشا ماڭا ياقتى ! بۇنى يات - يات
ئاڭلاپ تۇرغۇم كېلىدۇ ، بۇ بالا قېيەرلىك ؟

— ئۇ ئوغۇل بالا ئەمەس ، ئۇخارالىق قىز بەنت زەنگىچە ،
ئۇ ئۇسۇلنى ۋە بېزىشنى ياخشى بىلىدۇ ، شۇڭلاشقا ئۈچۈن ئۇ
ئوقۇسۇنلۇق مىسرالارغا ئوخشاش مەلىك ئوراپ يۈرىدۇ ، بۇ قىز
ئانىگىرى شاھ ئاربىجىسىنىڭ خىزمەتچىسى ئىدى .

— بۇنىڭغا ئوخشاش ئەسىرە كەم ئۇچرايدۇ ! ئېيت ، ئۇ يېڭىنى-
مەن كېيىن سېنىڭ كۆڭۈل ئېچىش يەرلىرىڭدە مۇڭلۇق ناخشا-
سىنى ئېيتسۇن ! شۇنداق بولسۇنكى ، مۇسۇلمانلارنىڭ

# ئىككىنچى كىتاب

# موڭغۇل قامچىسى ئاستىدا

ܒܠܫܢܐ ܣܘܪܝܝܐ

ܐܢܫܝܢ ܣܘܪܝܝܐ ܘܟܬܒܘ

# بىرىنچى قىسىم

# خارەزم ئۈستىدە بوران

## بىرىنچى باب

## قورالىنى تاشلىغانلارنىڭ
## ھالىغا ۋاي

*يا بىز دۈشمەنىنىڭ بېشىنى تاشقا ئۇرۇپ يانجىيمىز، يا ئۇلار بىزنى شەھەرنىڭ سېپىللىرىغا ئاسىدۇ.*

(قەدىمكى ئىران شېئىرلىرىدىن)

موڭغۇل قوشۇنىدا چىڭگىزخان ئورناتقان تەرتىپ بار ئىدى. ھەر بىر ئاتقا مىنگەن كىشى ئونبېشى، يۈزبېشى، مىڭبېشىلاردىكى ئۆز ئورنىنى بىلەتتى، مىڭلاپ چېرىكلەر قوشۇنىنىڭ ئوڭ ياكى سول قىسمى سەركەردىسىدىن، ھەتتا موڭغۇل قاغانىدىن مەخسۇس بۇيرۇق ئالغۇچى سەركەردىلەر قول ئاستىدىكى چوڭ ئەترەتلەرگە توپلانغانىدى.

موڭغۇل ئاتلىقلىرى باي ۋە خەلقى كۆپ بۇخارا شەھىرىنىڭ بارلىق مەھەللە ۋە كوچىلىرىغا چاپتۇرۇپ كىرىشتى. ئۇلار بىلەن بىللە بۇخارادىكى قىرى ۋاستىچىلەر ۋە ئىلگىرى موڭغۇل كۆچمەن-

لىرى ئوتتۇرىسىدا سودا - سېتىق قىلىپ يۈرگەن مۇسۇلمان سودىگەرلىرىدىن تىلماچلار بار ئىدى.

بۇ تىلماچلار قورقۇپ ئۆيلىرىگە كىرىۋالغان ئاھالىگە، شەھەرنىڭ يېڭى ھاكىملىرى چىقارغان بۇيرۇقلارنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن چۈشەندۈرەتتى، تۆت كوچا قوشۇلۇشلىرىدا بولسا تەرتىپ ساقلىغۇچى قاراۋۇللار پەيدا بولغانىدى.

موڭغۇللاردىن قويۇلغان شەھەر ھاكىمى تاھىرخان چوڭ مەسچىتكە جايلاشتى. بۇ يەرگە چىڭگىزخاننىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلاش ئۈستىدىن بۇخارانىڭ يوغانلىرى چاقىرىلغانىدى، ئۇلار شەھەردىكى بارلىق بايلارنىڭ رويخېتىنى تاپشۇرۇشتى، خارەزم شاھ قوشۇنلىرى ئۈچۈن ئاۋۋالدىن تەييارلىنىپ قويۇلغان مەخپىي قورال - جابدۇق ئامبارلىرىنى، شۇنىڭدەك خۇسۇسىي ئامبار ۋە قىممەتلىك ماللىرى بولغان دۇكانلارنى كۆرسىتىپ بېرىشتى.

شەھەرنىڭ ھەممە تەرىپىدىن يۈك ئارتىلغان تۆگە، ئات ۋە ھارۋىلار چوڭ مەيدان تەرەپكە قاتار بولۇشۇپ كەتمەكتە. ناھايىتى قورقۇپ كەتكەن خالايىق تاغارلاردا ئاشلىق، توپ - توپ گەزمال، كىيىم - كېچەك، گىلەم، قىممەتلىك قاچا، ئۇزۇق - تۈلۈكلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلۈك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىشتى، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مەسچىتلەرگە جايلاشتۇرۇلدى ۋە پۈتۈن مالنىڭ ئۈچتىن بىر ئۈلۈشى موڭغۇل خانى چىڭگىزخانغا ئايرىپ قويۇلدى.

ئاھالىلەرنىڭ ئىشقا ياراقلىق قىسمى بويسۇنماس ئىختىيار قۇشلۇ بېكىنگەن قەلئەنىڭ ئەتراپىدىكى چوڭقۇر يارلىقنى كۆمۈشكە ئەۋەتىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئەسكەرلىرى بىلەن تەسلىم بولماسلىق ۋە ئاخىرقى نەپسى قالغۇچە ئۇرۇشۇش ئۈچۈن قارار قىلدى. قەلئەنى قوغدىغۇچى خانلارنىڭ ئارىسىدا چىڭگىزخاندىن قېچىپ، خارەزم شاھنىڭ خىزمىتىگە ئۆتكەن پالۋان موڭغۇل گۇرخانمۇ بار ئىدى.

موڭغۇللار مىڭلاپ ياش ۋە قېرى بۇخارالىقلارنىڭ چوڭقۇر

يارنى توپا بىلەن كۆمۈپ خادا تاشلاپ كۆمۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تۇرۇشاتتى ۋە ئۇلارنى ئالدىرىتىشاتتى. ئىككى كۈندىن كېيىن، ئۈستىدە قوراللىق قورۇقچىلار تۇرغان قەلئەنىڭ ئېگىز سېپىللىرىغا يېقىنلىشىش مۇمكىن بولدى.

— بىزغۇ ئۆز ئىشىمىزنى چاپسان تۈگەتتۇق، — دېدى بۇخارالىقلار، — ئەمدى موڭغۇللارنىڭ بۇ ئېگىز سېپىللارغا قانچىلىك ئىلداملىق بىلەن چىقىشلىرىنى كۆرەيلى.

موڭغۇللارنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، بۇخارا ياغاچچىلىرى تورغۇنلىغان ئۇزۇن شوتىلارنى ياساشتى، شۇنىڭدىن كېيىن موڭغۇللار خەلقنىڭ ئۈستىگە يوپۇرۇلۇپ، ئۇلارنى ۋەھشىيلەرچە قامچىلاشقا كىرىشتى.

— نېمىنى كۈتۈۋاتىسىلەر؟ نېمىشقا ھاڭۋېقىپ تۇرىسىلەر؟ شوتىلارنى قويۇپ، سېپىلغا چىقىڭلار.

بۇخارالىقلارنىڭ بىرسىمۇ ئۈستىدىن خىش، قايناق سۇ ۋە ئېرىتىلگەن موم قۇيۇلۇپ تۇرغان سېپىلنىڭ تېگىگە يېقىنلىششقا پېتىنالمايتتى.

لېكىن، موڭغۇللار قىلىچلىرىنى چىقىرىپ، ئاتلىرى بىلەن خەلقنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىشتى ۋە شەپقەتسىز رەۋىشتە بۇخارالىقلارنىڭ بېشىغا ئۇرۇشقا باشلىدى. بۇخارالىقلار قولى بىلەن بېشىنى تۇتۇپ، ئالدىغا قاراپ يۈگۈرۈشتى، موڭغۇللار بولسا ئۇلارنىڭ بارماق ۋە ئالىقانلىرىنى چېپىپ تاشلاۋەردى.

تىلماچلار خەلقنى سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقىشقا كۈندۈرۈشتى.

بۇخارالىقلارنىڭ بەزىلىرى:

— سېپىلغا چىقىشمۇ ئۆلۈم، تۆۋەندە تۇرۇشمۇ ئۆلۈم! قەلئەگە — ئۆز ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئالدىغا چىقايلى؛ بەلكى بىزگە رەھىم قىلىپ، ئۇرۇشنى توختىتار! — دەپ ۋارقىراشتى.

بۇخارالىقلار شوتىلارنى ئېلىپ، سېپىلغا چىقىشتى ۋە:

— بىزمۇ سىلەرگە ئوخشاش مۇسۇلمانمىز! قوراللىرىڭلارنى تاشلاپ، تەسلىم بولۇڭلار! — دەپ ۋارقىراپ يۇقىرىغا چىقىشقا

باشلىدى .

يوقىرىدا تۇرغان ئەسكەرلەر چىقىپ كېلىۋاتقانلارنى يېقىن كەلتۈرۈپ تاش بوران قىلىشتى ، لىملارنى دومىلىتىۋەتتى ، شوتىلارنى پىرقىرىتىپ تاشلىدى ۋە :

— قورقۇنچاق ئىتلار ! ئارقاڭلارغا قايتىپ ، موڭغۇللارنى ئۇرۇڭلار ! كۆرۈۋاتامسىلەر ، ھەممىمىز شېھىت بولۇشىمىزغا قارىماستىن ، تەسلىم بولمايۋاتىمىز ! دۈشمەنگە قۇل بولماڭلار ! — دەپ جاۋاب بېرىشتى .

سېپىلنىڭ ئۈستىدە تۇرغان موڭغۇل پالۋانى گورخان يوغان تاشلارنى دومىلىتىپ :

— نېمە ئۈچۈن موڭغۇللار قويغا ئوخشاش بۇ ياۋاش ئادەملەرنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالىدۇ ؟ ئۇلار ئۆز باتۇرلۇقلىرىنى بىرىنچى بولۇپ كۆرسەتسۇن ! تەلەتى سۈرۈن قېرى ، سېرىق ئىت ، ئادەمخور چىڭگىزخان قەيەرگە يوشۇرۇندى ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ۋە قىلىچىنى چەبدەسلىك بىلەن سالاتتى . قىلىچى سۇنغاندىن كېيىن پالتا بىلەن ئۇراتتى ، موڭغۇللارنىڭ ئوقى ئۇنى تېشىپ ئۆتمىگۈچە يوقىرىغا چىقىپ كېلىۋاتقانلارنى پەسكە دومىلىتىپ تۇراتتى .

شۇ چاغدا موڭغۇللار خىتاي سالغىسىنى سۆرەپ كېلىشتى ـ دە ، قەلئەگە تۇرلۇك نەرسىلەر ۋە مومغا ئورالغان كۆيدۈرگۈچى ئوقلار ، يېقىلغۇ سېلىنغان كوزىلارنى ئاتتى ، قەلئەگە ئوت كەتتى .

قەلئە ئون ئىككى كۈن قامالدا تۇردى . ئاخىردا موڭغۇللار بارلىق قوغدىغۇچىلارنى ئوقتەي ـ توقتەي قىلىپ ئۆتۈپ ، قەلئەگە باستۇرۇپ كىرىشتى ۋە ياردار بولغان ، كۆيگەن بىرئاز ئادەمنى قولغا ئېلىشتى ، ئۇلار قەلئەنى چوڭ موڭغۇل قوشۇنىدىن تۆت يۈزلا كىشى قوغدىغانلىقىنى بىلىشىپ ھەيران بولۇشتى . ئۇلار ھالاك بولۇشتى ، لېكىن تەسلىم بولۇشمىدى . ئەگەر ھەممە ئاھالە شەھەرنىڭ مۇستەھكەم ئېگىز سېپىلىنىڭ ئۈستىدە شۇلاردەك قاتتىق تۇرۇپ كۈرەشسە ، موڭغۇللار كونا بۇخارانى ئالتە ئايدىمۇ ياكى بىر يىلدىمۇ ئېلىشالمايتتى ، بۇخارالىقلارمۇ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرى

تەييارلىغان دەھشەتلىك ئازابنى كۆرمىگەن بولاتتى.
بۇخارا ئاھالىلىرى موڭغۇللارغا ئېلىپ كەلگەن سوۋغىلىرى بىلەن مەسچىتلەرنى تولدۇرغاندىن كېيىن: «بارلىق ئاھالىلەر خوتۇن، بالا - چاقىلىرى بىلەن مال - مۈلكىلىرىنى ئۆيدە قالدۇرۇپ، ئۇستىدىكى كىيىم - كېچەكلىرى بىلەنلا شەھەردىن تاشقىرىدىكى دالىغا چىقسۇن!» دېگەن يېڭى بۇيرۇق چىقتى.
تىلماچلار ئۇلارغا چۈشەندۈرۈشتى.
— ھېچ نەرسىدىن تەشۋىشلەنمەڭلار، ھەممە جايدا قاراۋۇللار تۇرۇپتۇ، مال - مۈلكۈڭلار ئۆز ھالىچە ساقلىنىپ تۇرىدۇ. دالىغا چىقىشتىكى مەقسەت ئاھالىلەرگە سېلىقنى توغرا سېلىش، ھەممە ئاھالىلەرنى ھېسابقا ئېلىش، رويخەت قىلىش ئۈچۈن! كىمكى بۇيرۇقتىن باش تارتىپ شەھەردە قالسا، ئۇچرىغان جايىدىلا ئۆلتۈرۈلىدۇ.
بۇخارالىقلار تاڭ سەھەردىن باشلاپ شەھەردىن چىقىشقا باشلىدى. ئاتىلار باللىرىنى يېتىلەپ، ئانىلار بۇۋاقلىرىنى كۆتۈرۈپ، ھەتتا يىللاپ ھويلىسىدىن چىقمىغان قېرى بوۋايلار ۋە مومايلارمۇ بىر - بىرىگە يۆلىنىپ كېتىشىپ باراتتى.
موڭغۇل جاكارچىلىرى كوچىلاردا يۈگۈرۈپ يۈرۈشۈپ، دەرۋازىلارنى تاقىلدىتىشاتتى ۋە:
— تېز بولۇڭلار، خۇشاللىق بىلەن! — دەپ ۋارقىرىشاتتى.
ئاھالىلەر بۇخارانىڭ ئون بىر دەرۋازىسىدىن چىقىشىپ، پۈتۈن شەھەرنى ھالقىدەك ئورىۋېلىشتى.
قاراۋۇللار شەھەرگە ھېچكىمنى كىرگۈزمىدى.
شۇنىڭدىن كېيىن «بۇخارائى شەرىپ»تە بۇخارالىقلارنىڭ موڭغۇللاردىن ئىككى - ئۈچ ھەسسە ئارتۇق ئىكەنلىكى، ئاھالىلەرنىڭ كۆپلۈكى روشەن بولدى.
ئاۋۋال موڭغۇللار تىلماچلىرى بىلەن ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈرۈشۈپ، كىمنىڭ قانداق ھۈنىرى بار ۋە كىم نېمىگە ئۇستا ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ چىقىشتى. شۇنداق تەجرىبىلىك ھۈ-

نەرۋەنلەرنى ئايرىم توپلىدى، كېيىن ياش ۋە قۇۋۋەتلىك ئەركەكلەرنى ئايرىپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى ئاتلىق چېرىكلەر ئورىۋېلىشتى.

ئاخىردا موڭغۇللار ئاھالىلەرنىڭ ئىچىدىن چىرايلىق خوتۇن - قىزلار ۋە بالىلارنى ئايرىپ چىقىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا ئۇلار بۇ ئايرىلىشنىڭ ئۆمۈرلۈك جۇدالىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندى بولغاي، بىردىنلا شاۋقۇن - سۈرەن، ئاھ - ئۇھ چېكىش كۆتۈرۈلدى، كۆزلىرىدىن غەزەپ يېشى تۆكۈلدى.

قاسساپلار بازارغا بېرىشىپ، مۆرەۋاتقان كالا ياكى ئېچىنىشلىق مەرەۋاتقان قوزىلارنى ئېلىپ، ۋاقىلدىتىپ ئۇرۇپ قۇشخانىغا ھەيدەپ كەتكىنىدەك، بۇخارانىڭ يېڭى خوجايىنلىرى ئاھالىلەرنى ئىتتىرىپ بويۇنلىرىغا سىرتماق سېلىپ، ئاتتا قامچىلاپ ھەيدىشەتتى.

ۋەھىمە شۇنچىلىك قاتتىق ئىدىكى، ھەتتا بۇخارالىقلار موڭغۇللارغا قارشىلىقمۇ كۆرسىتىشەلمىدى.

بەزى ئەرلەر ۋە ئاتىلار موڭغۇللارنىڭ ئارقىسىدا چاڭغا پېتىپ كېتىۋاتقان قىزلىرى ۋە خوتۇنلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى قۇتقۇزۇش نىيىتىدە ئۆزلىرىنى ئۇلارغا قاراپ تاشلىشاتتى. لېكىن، موڭغۇللار ئۇلارنى ئاتقا دەسسىتىپ ياكى تۆمۈر توقماق بىلەن باشلىرىغا ئۇرۇپ، يەرگە ياتقۇزۇپ قويۇشاتتى.

شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىلغان بۇخارالىقلارنىڭ ئارىسىدا، ئۆمرىنىڭ كۆپ يىللىرىنى مەدرىسىدە ئۆتكۈزگەن ئالىملارمۇ بار ئىدى. بۇ ئالىملار مەدرىسلەردە شاگىرتلىرىغا مول ئىلىملىرىنى ئۆگەتكەن، خالايىقنىڭ ئارىسىدا ئۆپچۆرىدە ئىنسانىيەتكە قىلىنىۋاتقان زورلۇقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، دەھشەتكە چۈشكەن شۇنداق ئالىملاردىن ئىككىسى تۇراتتى.

— بۇ مەجۇسىيلەر مەسچىتلەرنى خاراب قىلىشىۋاتىدۇ، ئۇلۇغ كىتابلىرىمىزنىڭ سەھىپىلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىشىۋاتىدۇ، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا ياش قىزلارنىڭ نومۇسىغا تېگىۋاتىدۇ. مەن بۇلارغا تاقەت قىلىپ تۇرالايمەنمۇ؟ — دېدى بىرى.

شەھەردە ئەڭ مەشھۇر مۇدەررىسلەردىن ئىككىنچىسى بولغان رۇقنىددىن ئىمامزادە:

— جىم بول! ئاللانىڭ قەھرى كېلەر! شامال ئۇچۇرۇۋاتقان شامانغا نېمىمۇ دەيتتىڭ! — دەپ جاۋاب قايتۇردى.

بىراق، قېرى رۇقنىددىننىمۇ ئۇزاق چىداپ تۇرالمىدى.

موڭغۇللارنىڭ خوتۇنلارغا قىلىۋاتقان ئىنساپسىزلىقىنى كۆرۈپ، ئوغلى بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنى قوغداشقا كىرىشتى، لېكىن ئۇلار شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئۆلتۈرۈلدى. ئۆز ئائىلە ئەزالىرىنىڭ خورلانغانلىقىنى ۋە تەھقىرلەنلىكىنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىمۇ شۇ تەقلىدتە ئۇلارنى قوغداشقا ئۇرۇندى ۋە موڭغۇللارنىڭ زەربىلىرىدىن يىقىلىشىپ قالدى.

بۇ جان بېرىۋاتقانلارنىڭ داد - پەريادلىرى، ئىڭراشلىرى، ئاتلىرى، ئەرلىرى، ئاغا - ئىنىلىرىدىن ئۇمۇرۋايەت جۇدا بولۇۋاتقان خوتۇنلار ۋە باللارنىڭ يىغلىرى ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن دەھشەتلىك كۈن ئىدى. ئەرلەر بىر نەرسە قىلىپ ياردەم بېرىشكە ئاجىز ئىدى، شائىرنىڭ: «كىمكى قىلىچنىڭ قارا دەستىسىنى تۇتۇشنى خالىمىسا، ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىغىغا دۇچ كېلىدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلىتەتتى.

موڭغۇللار ئاھالىلەر تاشلاپ كەتكەن بوش كوچىلارغا قايتىپ كېلىشتى. ئۇلار ئۆيلەرگە كىرىشىپ، ئوغرىلانغان ماللارنى ئاتلىرىغا ئارتقاندا، شەھەرنىڭ تۆت تەرىپىدىن بىردىن ئوت كۆتۈرۈلدى. ئوت ۋە قارا ئىس كۈننىڭ يۈزىنى توراپ، قەدىمكى بۇخارانىڭ ئۈستىنى قاپلاپ قالدى. ئۆيلەر ياغاچ ۋە لايدىن ياسالغانلىقتىن، شەھەر بىردىنلا چوڭ گۈلخانغا ئايلاندى، چوڭ مەسچىت ۋە پىششىق خىشتىن قىلىنغان سارايلارنىڭ تاملىرىلا بۇزۇلماي قالدى.

موڭغۇللار دەھشەت بىلەن كۆتۈرۈلگەن ئوتتىن قورقۇشۇپ، بۇلىغان نەرسىلىرىنى تاشلاپ، شەھەردىن چىقىپ كېتىشتى. شەھەر ئۇزۇن يىللارغىچە چىلبۆرە ۋە ھۇۋقۇشلارنىڭ ماكانى بولۇپ خارابە پېتى قالدى.

## ئىككىنچى باب

# سەمەرقەند سەركەردىلىرى شەھەرنى بەردى

*ھەممىسى شوخلۇق، بەخۇاشلىقلارنىڭ قۇربا-نى، قولۇقلاردا خىنە ئەمەس، قىپقىزىل قان!*

(رىزا تەۋپىق)

چىڭگىزخان بۇخارادىن سەمەرقەندكە يىلان يىلى (1220 - يىلى) نىڭ ئەتىيازىدا ماڭدى، قوشۇن زەراپشاننىڭ ھەر ئىككى قىرغىقىنى بويلاپ يۈردى. قاغان تەسلىم بولغانلارغا بۇ قې-تىم ئانچىلا جەبر - جاپا سالماي، موڭغۇللارنى كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن دەرۋازىلىرىنى يېپىپ قويغان سىرپۇل ۋە دابوسىيە شەھەر-لىرىنى قامال قىلىش ئۈچۈن چېرىك قالدۇردى.

چىڭگىزخان سەمەرقەندكە كېلىپ، خارەزم شاھىنىڭ شەھەر سىرتىدىكى «كۆك ساراي»غا چۈشتى، ئۇنىڭ تۆت ئوغلىنىڭ چې-رىكلىرى ۋە موڭغۇللارنىڭ قامچىسى ئاستىدا ھايۋاندەك ھەيدەلگەن ئەسىرلەر شۇ يەرگە كېلىشكە باشلىدى. بۇ چېرىكلەرنىڭ ھەممىسى شەھەرنىڭ ئەتراپىغا جايلىشىپ، ئۇنى ھالقىدەك ئورىۋالدى.

سەمەرقەند خارەزمنىڭ ھەممە شەھەرلىرىدىن مۇستەھكەمرەك ئىدى، ناھايىتى ئېگىز، قېلىن كونا قورغاننىڭ ئىككىلا تەرىپىدە توپ ئۆيلىرى قورۇلغانىدى. مۇنارلىق تۆمۈر دەرۋازىلىرى بار ئىدى. قوشۇندا بىر يۈز ئون مىڭ چېرىك بار ئىدى، بۇلارنىڭ ئاتمىش مىڭى تۈرك شىېۋىسىدە سۆزلەيدىغان قىپچاقلاردىن، قالغان

قوشۇنلار بولسا تاجىكلار، كۇردلار، قارا خىتايلار ۋە باشقا قەبىلە-لەردىن ئىدى. يىگىرمە ھەيۋەتلىك ئۇرۇش پىلىمۇ بار ئىدى، خارەزم شاھ بۇلارنىڭ ياردەملىرىگە ناھايىتى ئىشىنەتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى ھۇنەرۋەن ۋە ئۇلارنىڭ نۇرغۇن قۇللىرىدىن پىدائىيلار قوشۇنىنى توپلاش مۇمكىن بولاتتى.

سەمەرقەندنى قوغداش ئىشىنىڭ ئۈستىگە قاھىرخان ياكى تىمۇر مەلىككە ئوخشاش سىنالغان ۋە جەسۇر سەركەردىلەر قويۇلغاندا، شەھەر ئۇزاققىچە — بىر يىلغىچە ئۇزۇق - تۈلۈكلەر يەتكۈچە تۇراتتى. بىراق، خارەزم شاھ سەمەرقەند قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانلىقىغا ئۆز تاغىسى، ھېچقاچان ئەسكەر تۇتۇپ باقمىغان، تۈركەن خاتۇننىڭ ئۇكىسى، تەكەببۇر توغاي خاننى تەيىنلىدى.

چىڭگىزخان شەھەرنىڭ ئەتراپىنى ئىككى كۈن ئايلىنىپ، سېپىللارنى، قورغان تۆپىلىرىنى، سۇ تولدۇرۇلغان چوڭقۇر يارلارنى كۆردى، مۇداپىئەنىڭ ئاجىز جايلىرىنى ئىزدىدى ۋە ھۇجۇم قىلىش پىلانلىرىنى ئويلىدى.

ئۆزىنىڭ ھەقىقىي كۈچلىرىنى يوشۇرۇش ۋە قامالدا قالغانلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن، موڭغۇللار ھەيدەپ كەلتۈرۈلگەن ئەسىرلەرنى جەڭگىۋار سەپكە تىزىشتى، ھەر ئون كىشىگە بىردىن تۇغ بەردى. بۇ سەپ تارتىش يىراقتىن سەمەرقەند ئاھالىلىرىگە شەھەرنى دۈشمەننىڭ سان - ساناقسىز قوشۇنى قورشىۋالغاندەك بولۇپ كۆرۈندى.

تۈرك سەركەردىلەرنىڭ ئالىپ ئەرخان، سۈيۈنچ خان ۋە بالان خانلار ئۆزلىرىنىڭ قىپچاق قىسىملىرى بىلەن شەھەر دەرۋازىلىرىدىن چىقىشىپ، موڭغۇللارغا ھۇجۇم قىلىشتى، ئۇرۇش قىزىپ كەتتى. مۇسۇلمانلار موڭغۇللاردىن بىر نەچچە كىشىنى ئەسىر ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرى مىڭغا يېقىن كىشىنى قولدىن بېرىپ، قەلئە سېپىللىرى ئارقىسىدىن پاناھ جاي تېپىش ئۈچۈن قايتىپ كېلىشتى.

ئەتىسىگە قىپچاق ئەسكەرلىرى شەھەردىن چىقىشنى خالىمى-

دى . سەمەرقەند ئاھالىلىرىدىن تۈزۈلگەن پىدائىيلار تۇيۇقسىزدىن ھۇجۇم باشلىدى ، مـوڭغۇللار يـالغاندىنلا قاچقان بولدى . سەمەر-قەندلىكلەر ئۇلارنى قوغلاپ بېرىپ ، قامالغا چۈشۈپ قالدى ، پايلاپ تۇرغان موڭغۇل ئاتلىق چېرىكلىرى ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش-تى ، ئارقىدىن توساپ ھەممىسىنى دېگۈدەك قىردى ، شەھەرگە ئازلا كىشى قايتىپ كەلدى .

ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئەتىگەنلىكى چىڭگىزخان ئاتقا مىنىپ ، سەمەرقەندكە ھۇجۇم قىلىشقا ئۆزى قوماندانلىق قىلدى . قوشۇننىڭ ھەممىسىنى قەلئەنىڭ سېپىللىرى ۋە بارلىق دەرۋازىلار-نىڭ ئۇدۇلىغا ئەكېلىپ قويدى ، موڭغۇللار شەھەردىن چىققانلارغا ھۇجۇم قىلىشتى ۋە ئۆتكۈر يىراققا ئاتىدىغان ئوقيا ئوقلىرى بىلەن ئۇلارنى يەڭدى . ئۇلار باتۇرلار بىلەن ئەتىدىن - كەچكىچە ئۇ-رۇشتى ، كېيىـن ئىككىلا تەرەپ ئـۆزلىرىنىڭ قـارارگاھلىرىغا قايتىشتى .

شۇ كېچىسى سەمەرقەندنىڭ ئەڭ مەشھۇر كىشىلىرى — قازى كالان ، شەيخۇلئىسلام ۋە مەسچىتلەرنىڭ كونا ئىماملىرى كېچىلىك كېچەش ئۆتكۈزۈپ ، تەسلىم بولۇشقا قارار قىلىشتى . ئۇلار تاڭ سەھەردە شەھەردىن چىقىشىپ ، قاغاننىڭ قارارگاھىغا مېڭىشتى ، ئۇلار قامال قىلىنغان شەھەرگە موڭغۇل قاغانىنىڭ رەھىم - شەپ-قەت قىلىشىنى ئىلتىماس قىلىشتى . چىڭگىزخان «ئۆز غەزىپىدىن تەشۋىش قىلماسلىقنى ۋەدە قىلدى ۋە ئۆي - ئۆيلىرىگە تارقىلىپ كېتىشنى بۇيرۇدى» . ئەلچىلەر شەھەرگە خۇشاللىق بىلەن قايتىش-تى . شۇ ۋاقىتتا قەلئەگە يوشۇرۇنغان جەسۇر ئەسكەرلەر ئەترىتى-دىن تاشقىرى ، قىپچاق خانلىرىمۇ بارلىق قوشۇنلار سەركەردىسى توغان خاننىڭ باشچىلىقى بىلەن مۇڭغۇللار ھۇزۇرىغا بېرىپ ، سەجدە قىلىشقا ئالدىرىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ موڭغۇل قوشۇنىغا قوبۇل قىلىنىشلىرىنى ئىلتىماس قىلىشتى ، بۇنىڭغا چىڭگىزخان سوغۇق كۆلۈپ رازىلىق بەردى .

ئالتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، تاڭ سەھەردە باش «نامازگاھ

دەرۋازىسى » ئېچىلدى ، موڭغۇللار خارەزمنىڭ مەركىزىگە يوپۇرۇ-
لۇپ كىرىشتى . ئۇلار ئەسىرلەرنى ھەيدەپ كېلىشىپ ، سىپىللارنى
بۇزۇشقا بۇيرۇشتى .

بىراق ، چىڭگىزخان شەھەرگە يامانلىق قىلماسلىققا ۋەدە قىل-
غان بولسىمۇ ، سەمەرقەندنىڭ توپلانغان يۈزلەپ ئەر ۋە ئاياللىرى
دالىغا ھەيدەلدى . ئۇ يەردە موڭغۇللار ئۇلارنىڭ بار نەرسىلىرىنى
تالاشتى ۋە زورلۇق قىلىشتى . خائىنلار كۆرسەتكەن قازى كالان ،
شەيخۇلئىسلامغا ئوخشاش كىشىلەرگىلا ئەتەيلەپ ئىمتىياز بەردى ،
موڭغۇللار ئۇلارغا تەگمىدى .

پۈتۈن خالايىق دالىغا چىققاندا ، موڭغۇللارغا ئۆيدە يوشۇرۇ-
نۇپ قالماقچى بولغانلارنىڭ قېنىنى تۆكۈش رۇخسەت قىلىنغان ،
دەپ خەلققە ئېلان قىلىندى . شۇ بۇيرۇقتىن پايدىلىنىپ ، موڭغۇل-
لار نۇرغۇنلىغان تىنچ ئاھالىلەرنى قىيما - چىيما قىلىپ تاشلىدى .

ئوتتۇز مىڭ كىشىلىك قىپچاقلار قوشۇنى خوتۇن ، بالا -
چاقىلىرى بىلەن خارەزم شاھىنىڭ تاغىسى — توغاي خان باشچىلى-
قىدا ، دۈشمەنگە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن شەھەردىن تاشقىرىغا
چىقتى . موڭغۇللار ئۇلارغا قوراللىرىنى تاشلاشنى بۇيرۇشتى ۋە
موڭغۇلچە قوراللارغا ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلىشتى . قىپ-
چاقلار چىڭگىزخاننىڭ خىزمىتىگە كىرگەندىن كېيىن ، موڭغۇل
قىياپىتىگىمۇ كىرىشلىرى كېرەك ، دەپ ئېلان قىلىشتى . شۇنىڭ
ئۈچۈنمۇ ، ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى يېرىم ئاي شەكلىدە ئالدى . ئۇلارغا
قارارگاھ قىلىش ئۈچۈن ، موڭغۇللار ئالاھىدە مەيدان كۆرسەتتى .
قىپچاقلار ئۇ يەرگە چېدىر تىكىشىپ ، ئائىلىلىرى بىلەن جايلىشى-
ۋالدى . ئەتىسىگە موڭغۇللار تۇيۇقسىزدىن ئۇلارغا بېسىپ كېلىپ
ھەممىسىنى خانىۋەيران قىلىپ ، مال - مۈلۈكلىرىنى ئالدى .
تىرىك قالغانلار ئۆلگەن قىپچاقلار توغرىسىدا : «ئۇلار ئۇرۇش-
تىمۇ قەھرىمانلىق كۆرسىتەلمىدى ۋە قېچىپمۇ قۇتۇلالمىدى»
دېيىشەتتى .

شۇ كېچىسىلا قوشۇننىڭ قەلئەگە يوشۇرۇنغان جەسۇر ئەس-

كەرلىرىدىن مىڭغا يېقىنى ئالپ ئەرخانغا ئەگىشىپ ھۇجۇمغا ئۆت-
تى. ئۇلار موڭغۇللارنىڭ ئارىسىغا دىدىللىك بىلەن كىرىشىپ
باردى ۋە كېچىنىڭ قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ يوشۇرۇندى، ئاخى-
رىدا ئۇلار جالالىددىنىنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلەشتى.
قالغان قەلئە قوغدىغۇچىلىرى ئۇرۇشنى داۋام قىلدۇرۇشتى.
شۇ چاغدا موڭغۇللار جارۋەرج قانلى توغىنىنىڭ قوغۇشۇندىن
قىلىنغان سۇ يولىنى بۇزدى، سۇ قەلئەنىڭ ئەتراپىنى بېسىپ
كەتتى ۋە قەلئە سېپىللىرىنى ئۆرۈۋەتتى. موڭغۇللار شۇ ئۆرۈلگەن
جايلاردىن شەھەرنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىشىپ، ئۇچرىغان ئادەم-
لەرنى قىيما - چىيما قىلىپ تاشلىدى.
موڭغۇللار دالىغا چىقىرىلغان ئاھالىلەرنىڭ ئىچىدىن يىراق
موڭغۇلىستانغا ئەۋەتىش ئۈچۈن، نەققاشچى ھۈنەرۋەنلەرنى ئايرى-
دى، ھۈنەرۋەنلەر بولسا ئاق قەغەز، رەخت، يىپەكچىلىك، چې-
دىر، كۆنچىلىك، ئېگەر - جابدۇق، چوڭ مىس قازان، كۈمۈش
ۋە مەدەن قاچا، قايچا، يىڭنە، قورال، ئوقيا، ئوقدانلارغا ئوخشاش
نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەرنى ياساشتا شۆھرەت قازانغانىدى. ئەڭ
ياخشى ئۇستىلار چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇل ۋە قېرىنداشلىرىغا قوللۇق-
قا بېرىلىپ، موڭغۇلىستانغا ئەۋەتىلدى، ئۇ يەردە ئۇلار مەخسۇس
ھۈنەرۋەنلەر يېزىسىنى تەشكىللىدى. موڭغۇللار كېيىنمۇ سەمەر-
قەندتىن ياش، كۈچلۈك ھۈنەرۋەنلەرنى بىر نەچچە قېتىم ئېلىپ
كېتىشتى. شۇڭا، سەمەرقەند ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى ئۇزۇن ۋاقىتلارغى-
چە ئادەمسىز قالدى.
چىڭگىزخان سەمەرقەند قورغىنىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن،
ئادەم جەسەتلىرى دۆۋىلىنىپ ياتقان شەھەردىن ئۆتۈپ، شەھەرنىڭ
سىرتىدىكى سارايغا كەلدى. ئۇنىڭ سايىلىك باغلىرى موڭغۇل
قاغانى چىدالمىغان ئىسسىقلىقنى سالقىن شامال بىلەن ئالماشتۇرات-
تى. ئۆلۈكلەردىن چىقىۋاتقان چىداپ بولمايدىغان سېسىق پۇراق
ئادەملەر قېچىپ چىقىۋاتقان شەھەردە تۇرۇشقا ئىمكانىيەت
بەرمەيتتى.

## ئۈچىنچى باب

# خارەزم شاھ ھېچقانداق يەردە تىنچلىق تاپالمىدى

*كىشىنىڭ روھى چۈشسە، ئۇنىڭ ئېتىمۇ يۈگۈرەل-مەيدۇ.*

(شەرق ماقالى)

موڭغۇللار خارەزمنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، شاھ مۇھەممەد ئۇنىڭدىن يىراقتا ئىدى. ئۇ كىچىك بىر ئەسكىرىي قىسىم بىلەن جەيھۇن دەرياسىنىڭ بويىدىكى خالىب شەھىرىنى ئىگىلەپ، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ۋەقە بولۇشىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

— مېنىڭ مەقسىتىم، — دەيتتى ئۇ، — موڭغۇللارغا جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈشكە يول قويماسلىق، يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئىرانغا بېرىپ، يېڭى نۇرغۇن قوشۇن تۈزىمەن ۋە شۇ چاغدا مەجۇسىيلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن.

دەريا تەرەپكە چىقىپ تۇرغان ھاڭتاشنىڭ چوققىسىدىكى مۇنارنىڭ ئەتراپىدا كىچىككىنە پاكار ئۆيلەر بار ئىدى. قەدىمكى خىش تام، بۇلارنى ھالقا شەكلىدە ئورىۋالغانىدى.

غەم - قايغۇسىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان خارەزم شاھ شۇ يەرگە جايلاشقانىدى، مۇنارنىڭ ئۈستىدە ھەمىشە تۇرىدىغان قاراۋۇل شىمال تەرەپنى كۆزىتىپ تۇراتتى. يىراقتىكى ئېدىرلاردا كېچىلىرى ئوت ياناتتى، كۈندۈزى بولسا ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن ئىس دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ھەرىكىتىنى بىلدۈرەتتى.

شاھ مۇھەممەد بەزىدە تۇمشۇقلىرى سوزۇق، كېلەڭسىز كېمىلەر تولىلىنىپ تۇرغان دەريا بويىغا چۈشەتتى. شاھ تاش قىرغاقلارنىڭ سىقىشىدا دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان لاي سۇغا قارايتتى، قوشۇننىڭ كۆپچىلىكى ئاستا ـ ئاستا جەيھۇننىڭ نېرىقى بويىغا — ئېدىرلارنىڭ ئۈستىدە ئىمارەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان قەدىمكى خالب شەھىرىگە ئۆتۈشكە باشلىدى. بىر زامانلاردا غالىب ئىسكەندەر ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى يەل تولدۇرۇلغان چاناچلار بىلەن تېز ئاقىدىغان دەريانىڭ شۇ يېرىدىن ئۈزۈپ ئۆتۈشكەن.

سەمەرقەند قامال قىلىنىشقا باشلىغاندا، خارەزم شاھ دۈشمەن قورشاۋىدا قالغانلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئاۋۋال ئون، كېيىن يىگىرمە مىڭ ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتتى. لېكىن، ھەر ئىككىلا ئەترەتمۇ سەمەرقەندنىڭ قولدىن بېرىلىشىنى ھەر كۈنى كۈتۈپ تۇرۇش كېرەك. ياردەمگە ئەۋەتىلگەن كۈچ ئىشنى يېنىكلەشتۈرەلمەيدۇ، دەپ پايتەختكە بارالماي، خالبقا قايتىپ كېلىشتى.

كېيىنكى بۇخارادىن چىققان ئىنالچىق خان ئازابلانغان ۋە يارىلانغان ئىككى يۈز كىشىلىك ئەترەت بىلەن خالبقا كىردى. تاتارلار جەيھۇن بويىدا بۇ ئەترەتنى توزۇتۇۋەتتى، ھەممىسىنى دېگۈدەك قىرغىنغا دۇچار قىلدى. پەقەت ئازلا كىشى قۇتۇلۇپ قالدى، قۇتۇلۇپ قالغانلارنىڭ ئىچىدە قۇربان قىزىلچىمۇ بار ئىدى.

بۇخارانى قوغداش ئۈچۈن قالدۇرۇلغان چوڭ ئەترەتنىڭ بىكارغا ھالاك بولغانلىقىنى ئاڭلىغان خارەزم شاھ قاتتىق ئېچىنىپ، ئۇزاق ۋاقىتقىچە يا ئويلانمىدى، يا پەرمايىش بېرەلمىدى. شۇنىڭدەك يېقىن ۋىلايەتلەرنىڭ خانلىرى ئۇنىڭ بۇيرۇقىدىن باش تارتقانلىقىنى ۋە چاقىرتقاندا كەلمىگەنلىكىنى سېزىۋالدى. ھەر تەرەپتىن خىيانەت قىلىش ۋە چىڭگىزخان تەرىپىگە ئۆتۈش ھادىسىلىرى ھەققىدە خەۋەر كېلىپ تۇراتتى. خارەزم شاھ ئۆزى ئورناتقان تەرتىپنىڭ يوقالغانلىقىنى، ھۆكۈمرانلىقى ئاساسلىرىنىڭ يىمىرىلگەنلىكىنى، ئىتائەت ۋە ساداقەتتىن ئەسەرمۇ قالمىغانلىقىنى كۆردى.

خارەزم شاھ مۇھەممەد يوغان كېمىگە چۈشتى. يىگىتلەر كېمىگە ئۇنىڭ تار تېرە ساندۇقلارغا سېلىنغان ئالتۇن ۋە قىممەتلىك نەرسىلىرىنى يۈكلىدى، ياخشى كۆرگەن تورۇق ئېتىنى چەقاردى، كېمە جانىجان قىرغاقتىن ئۈزۈپ كەتتى. سۇ ئۇنى ئېقىنغا قاراپ پەسكە تېز ئاققۇزۇپ كەتتىمۇ، لېكىن كېمىچىلەر كېمىنى نېرىقى قىرغاققا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن تېزلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىشاتتى.

سۇ ئاستىدىكى تاشلار ئېغىر كېمىنى ئىران قىرغىقىغىچە ئېلىپ بېرىشقا ئىمكانىيەت بەرمىدى. شۇ چاغدا ۋەكىل كېمە ھەيدەۋاتقان ئېگىز، قاتاڭغۇر ئەسكەرگە شاھنى كېمىدىن كۆتۈرۈپ، قىرغاققا ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇدى. ئۇ بەستلىك شاھ مۇھەممەدنى ھاپاش قىلىپ، سۇ كېچىپ قىرغاققا ئېلىپ چىقتى.

شاھ قىرغاققا چۈشۈۋېتىپ:

— ئېتىڭ نېمە، قەيەرلىكسەن؟ — دەپ سورىدى.

— مەن قوشچى، كەمبەغەل قۇربان قىزىقچىمەن. مەن ئائىلەمنى ئىنالچىق خاندىن ئىجارىگە ئالىدىغان بىر پارچە يەرگە تاشلاپ كەلگەنمەن. بۇخارادىن قاچقاندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە جان ساقلىدىم. شۇ كېچىسى ھۇجۇم ۋاقتىدا، مەن تاتار خانىنىڭ سېرىلىق چېدىرى يېنىغا بېرىپ قالغانىدىم ۋە خاننى چېپىپ تاشلەماقچى بولغانىدىم. قارىسام يىگىتلىرىمىز نېمىشقىدۇر قورقانچاقلىق قىلىپ، جەيھۇن تەرەپكە قاچتى. مېنىڭ كۆك ئايغىرىممۇ شۇلارنىڭ ئارقىسىدىن سۆرەپ چېپىپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئارانلا قېچىپ قۇتۇلدۇق.

— نېمىشقا سېنى قۇربان قىزىقچى دەيدۇ؟ — دەپ سورىدى شاھ، — تۇرقۇڭ پۈتۈنلەي قىزىقچىغا ئوخشىمايدۇ.

— مېنى شۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان قىزىقچى دەيدۇكى، بەختسىزلىكىمگە قارشى مەن توغرا سۆزنىلا قىلىدىغان ئادەم، لېكىن ھەرقاچان ئورۇنسىز بولۇپ چىقىدۇ. ھېچقاچان مەن نېمىنى سۆزلەش ۋە نېمىنى سۆزلىمەس كېرەكلىكىنى بىلمەيمەن، شۇنىڭ

ئۇچۇن ماڭا «قىزنقچى» دەپ لەقەم قويغان ، يەنە كېلىپ كۆپىنچە ھەق گەپ ئۇچۇن تاياق يەيمەن . لېكىن ، مەنمۇ بوش كەلمەيمەن .
— سەن مېنى بۇرۇن كۆرگەنمۇ ؟
— كۆرۈشنىغۇ كۆرگىنىم يوق ، لېكىن پات ـ پات خاتىرىلەپ تۇراتتىم . ھاكىم بىزدىن سېلىق ئۇندۇرۇۋاتقىنىدا ، «بۇ شاھ ئۇچۇن» دەيتتى . شۇ چاغدا بىز سېنى خاتىرىلەيتتۇق .
خارەزم شاھ كۈلۈپ قويدى ، ۋەكىلدىن بىر ئالتۇن دىنار ئېلىپ قۇربانغا بەردى .
— بۇ قۇربان سەرباز مېنىڭ بىلەن كەتسۇن . ئۇ مېنى ئېرىقلاردىن ئېلىپ ئۆتىدۇ ، ماڭا ھەق گەپلەرنى بېرىدۇ .
— باش ئۈستىگە ، ئۇلۇغ شاھىم ، — دېدى قۇربان قىزىقچى ، — سېنى ئېلىپ ئۆتۈش قىيىن ئىش ئەمەس ، ئاشلىق سېلىنغان تاغارلارنى كۆتۈرگەندەك گەپ . لېكىن ، ئۆتكۈم نېرىقى تەرەپتە قالغاندى ، شۇنى ئېلىپ كېلىشكە يەنە بىر قېتىم رۇخسەت بەرگىن .
— بوپتۇ ، ئېلىپ كەلگىن !
پادىشاھ ئاتقا مىنىپ ، بېلى مۈكچەيگەن ، ئېگىز ، ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە بويۇنلۇق قۇرباننىڭ ھۆل ئىشتىنىنىڭ پۇشقاقلىرىنى تىزىغىچە تۈرۈپ ، قىممەتلىك نەرسىلەر سېلىنغان تېرە ساندۇقلارنى قىرغاققا ئېلىپ كېلىشكە ياردەم بېرىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپ تۇردى .
كېيىن كېمە قۇرباننى ئېلىپ ، دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقىغا ئۈزۈپ كەتتى .
خارەزم شاھ تورۇق ئېتىدا يۇقىرىغا يانباغىردىن كېتىۋاتقىنىدا ، جەيھۇن قىرغىقىدا ئۇرۇشقا جىددىي ئاتلىنىش باشلىنىپ كەتتى ، ھەممە يىراقتا ، شىمال تەرەپتە ، ئېدىرلارنىڭ ئۈستىدە بەش جايدا قويۇق بولۇپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىسنى كۆرسىتىشەتتى . بۇ دۈشمەننىڭ چوڭ ئەترىتى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقىنىنى بىلدۈرىدىغان قورقۇنچلۇق بەلگە ئىدى .

— ھەممە كېمىلەرنى دەرھال ئاققۇزۇۋېتىڭلار ! تاتارلارنى دەريادىن ئۆتكۈزمەڭلار ! — دەپ بۇيرۇدى شاھ ۋە تورۇق ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى .

خارەزم شاھنىڭ ئىزىدىن چۇشۇپ ، يىگىرمە مىڭ تاتار جەبە نويون ۋە سۇبەتەي پالۋان قوماندانلىقىدا جەيھۇن بويىغا كېلىشتى .

ئۇلارنىڭ دەريادىن ئۆتۇشىگە ھېچكىم كاشىلا قىلمىدى . دەريا بويى بوش ، خالىنىڭ ئاھالىلىرى قېچىپ كەتكەندى ، بىرمۇ كېمە يوق ئىدى . بىراق ، چىڭگىزخاننىڭ «چاپتۇرۇلسۇن ، ھېچقەيەردە توختالمىسۇن» دېگەن بۇيرۇقىنى ئورۇنلاپ ، موڭغۇللار ياغاچتىن تەڭنىگە ئوخشاش قېيىق ياساشتى ـ دە ، ئۇنى تېرە بىلەن قاپلاپ ، ئۇنىڭغا قورال ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سېلىشتى .

تاتارلار ئاتلارنى سۇغا چۇشۇرۇپ ، قۇيرۇقىدىن تۇتۇۋېلىشتى ، ئۆزلىرىگە ھېلىقى تەڭنە قېيىقلارنى چېتىۋالدى . شۇنداق قىلىپ ، ئاتلار ئادەملەرنى ، ئادەملەر بولسا تەڭنە قېيىقلارنى تارتىپ كەتتى .

تاتارلارنىڭ ھەممىسى شۇ ئۇسۇل بىلەن تېز ئاقىدىغان جەيھۇن-دىن بىر كۇننىڭ ئىچىدە ئۆتۇۋېلىشتى[1] .

لېكىن ، خارەزم شاھ ئالىلقاچان يىراقتا ، كۇنپېتىش تەرەپكە تېز كېتىپ قالغانىدى .

شاھ مۇھەممەدنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋاتقان قوشۇننىڭ كۆپ-چىلىكى قىپچاقلاردىن ئىدى . ئۇلار تىل بىرىكتۇرۇشتى ، لېكىن كىمدۇر بىرى شاھ مۇھەممەدكە ئېھتىيات قىلىشنى تاپىلىغانىدى . شاھ مۇھەممەد ھېچكىمگە سەزدۇرمەستىن ، ھەر كېچىسى ئۆز ياتقى بولغان چېدىردىن چىقىپ كېتەتتى . بىر كۇنى كېچىسى قىپچاقلار چېدىرنى ئوقتا تۇتۇپتۇ ، ئەتىگەنلىكى قارىسا ئۇنىڭ كى-گىزى ئۆتمۇتۆشۇك بولۇپ كېتىپتۇ .

خارەزم شاھ ناھايىتى خەۋپسىرەپ قالدى ، قەيەرگە قېچىشنى بىلمەي ، ھامان يولىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇناتتى . ئۇ ھەممە يەردە ئاھالىلەرگە شەھەرنى مۇستەھكەملەشنى ، قورغاندىن چىقماسلىقنى

---

[1] رەشىددىن — ئاپتور .

ۋە ئۇرۇش قىلماسلىقنى ئۇقتۇراتتى . بۇنىڭدىن ئاھالىلەر قاتتىق خەۋپكە چۈشۈپ ، نۇرغۇنلىرى تاغقا قېچىپ كەتتى .
تاغلار قورشاپ تۇرغان نىشاپۇر شەھىرىگە كەلگىنىدىلا ، شاھ مۇھەممەد كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن ئەيشۇئىشرەت قىلدى .
تاتارلار شاھ مۇھەممەدنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ ، يول بويى ئۇنى سوراشتۇرۇپ كېتىپ باراتتى . نىشاپۇردىمۇ موڭغۇللارنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار بولغان شاھ ئۇۋغا چىقى-مەن دەپ ، كىچىك بىر ئاتلىق ئەترەت بىلەن چاپسانلا مېڭىپ كەتتى .
تاتارلار نىشاپۇرغا كېتىۋېتىپ ، تۇس ، زاۋە ، رەي ۋە باشقا بىر قانچە شەھەرلەرنى بۇلاپ تالىدى . خارەزم شاھىنىڭ قايسى تەرەپكە قاچقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ، ئۇلار نىشاپۇردىن ھەر تەرەپ-كە كىچىك ئەترەتلەرنى ئەۋەتتى . ئۇلار ھەر بىر شەھەر ۋە ھەر بىر يېزىنى بۇلىدى ، كۆيدۈردى ، ئاياللار ، بوۋايلار ۋە بالىلارغىمۇ رەھىم قىلماستىن ، ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاشتى .
شاھ مۇھەممەد يەنە نۇرغۇن قوشۇن توپلىدى . ھەمەدان شەھ-رىنىڭ ئەتراپىدا ، دۆلەتئاباد ۋاھەسىدە يىگىرمە مىڭ ئاتلىق ئەسكە-رى بىلەن خارەزم شاھ تۇيۇقسىزدىن تاتارلارنىڭ قورشاۋىغا چۈ-شۈپ قالدى ، تاتارلار ئۇنىڭ كۆپچىلىك ئەسكىرىنى قىرىپ تاشلى-دى . شاھ مۇھەممەد دېھقان كىيىمىنى كىيىپ ، ئاددىي ، لېكىن كۈچلۈك ئاتقا مىنىپ ئۇرۇشقا قاتناشتى . بۇ خارەزم شاھىنىڭ تاتارلار بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ئۇچرىشىشى ئىدى . گەرچە موڭغۇللار-نىڭ كۈچى مۇسۇلمانلارنىڭكىدىن ئۈستۈن بولمىسىمۇ ، غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەن شاھ ئۆزىنىڭ قۇتۇلۇشىنىلا كۆزلەپ قالدى .
شاھنى تونۇمىغان بەزىبىر تاتارلار ئۇنىڭغا ئوق ئېتىپ ئېتىنى ياردار قىلدى ، لېكىن شاھ مۇھەممەد ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە تاغ ئارىلىقلىرىغا كىرىپ كەتتى . شۇ يەردە تاتارلار خارەزم شاھ قوشۇ-نىنىڭ ئىزىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويۇشتى .
تاتارلار كۈنپېتىش تەرەپكە — زەنجان ۋە قەزۋىنگە قاراپ

كېتىشتى . خارەزىم شاھىنىڭ بەگ تېگىن ۋە كۆچ بۇقا خان باشچىلى-
قىدىكى قوشۇنىنى تارمار قىلىشتى ۋە ئەزەربەيجان ئارقىلىق مۇغان
سەھرالىرى تەرەپكە سىلجىپ ، گىرۇزىنلار بىلەن توقۇنۇشتى .

تاتارلار ھېچقەيەردە توختاشمىدى ، ئۆزلىرىگە زۆرۈر بولغان
ئوزۇق - تۈلۈك ، كىيىم - كېچەك ۋە ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى
ئېلىپ ، يولىنى داۋام قىلدۇرۇشتى . چىڭگىزخانىنىڭ تاپشۇرۇقى-
نىڭ مۇھىملىقىنى ئەستە تۇتۇشۇپ ، مەنزىللەردە قىسقىغىنا توخ-
تىشاتتى ، خارەزىم شاھ مۇھەممەدنىڭ ئىزىدىن كېچە - كۈندۈز
مېڭىشاتتى .

ئاھالىلەر ياشايدىغان جايلاردا تاتارلار ئەڭ ياخشى ئاتلارنى
تارتىۋېلىشىپ ، ئىلگىرىگە قاراپ كېتىشەتتى . ھەر بىر ئاتلىق
ئىككىدىن ، بەزىبىرلىرى بولسا بىر نەچچىدىن ئاتلارنى ئېلىپ
كېتىشەتتى . ئۇلار يولدا بەيگە قىلىشاتتى ، بىر ئاتنى قويۇپ ئىك-
كىنچىسىگە مىنىشەتتى . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ، ئۇلار سوتكىسىغا نۇر-
غۇن مۇساپىنى بېسىپ ، كۆتۈلمىگەن جايلاردىن چىقىشىپ قالاتتى .

## تۆتىنچى باب

# ئەبىسكۇن دېڭىزىنىڭ بىر ئارىلىدا

*قوشۇنۇمنى ماڭا كىم بىرور ، كىم ئالىدۇ بېڭە-*
*لىش ئۆچۈن؟ پادىشاھ بولغان يېرىمنى ياۋدىن كىم-*
*لەر ئەمدى قايتۇرۇپ ئالۇر؟*

(تۈرك ئەپسانىسىدىن)

شاھ مۇھەممەد دىئانوي ۋىلايىتىگە كېلىپ يوشۇرۇنۇپ ، ئە-
مىل شەھىرىنىڭ يېنىدا توختىدى . مەھەللە ئەمىرلىرى ئۇنىڭ
ھۇزۇرىغا كېلىپ ، ئېھتىرام بىلدۈرۈپ ئەرز قىلاتتى ۋە شاھقا
خىزمەت قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشەتتى . شاھنىڭ ئاۋ-
ۋالقى ئەرباپلىرىدىن دېگۈدەك ھېچكىم قالمىغان . ئىنتايىن ھال-
سىزلانغان ۋە پۇتۇنلەي كېسەل بولغان شاھ ئۆزى ئىشەنگەن قېرى
ئەمىرلەرنى چاقىرىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى ۋە ئۈمىدسىزلىك بىلەن :

— يەر يۈزىدە تاتارلار چاقمىقىدىن بىكىنىپ ، دەم ئالىدىغان
بىرەر تىنچ جاي تېپىلارمىكىن ؟ — دېدى .

شۇ چاغدا ھەممىسى شاھ ئەبىسكۇن (كاسپى) دېڭىزىنىڭ
بىرەر ئارىلىدىن باشپاناھ تاپسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ،
بۇ مەسلىھەتنى توغرا كۆرگەن شاھ ئادەم ئىز باسمىغان كىچىككىنە
بىر ئارالغا قاراپ ماڭدى .

تېز ۋاقىت ئىچىدە بۇ ئارالغا شاھ مۇھەممەدنىڭ ئوغۇللى-
رى — ئۆزلاغ شاھ ، ئاق شاھ ۋە جالالىددىنلار كەلدى . بۇ يەردە
خارەزم شاھ پەرمان يېزىپ ، ياش ئۆزلاغ شاھنىڭ ئورنىغا ئىلگىرى

يامان كۆرگەن ۋە خورلىغان ئوغلى جالالىددىننى يېڭىدىن تەخت ۋارىسى قىلىپ تەيىنلىدى .

— هازىر ئەلنى ساقلاپ قېلىش جالالىددىننىڭلا قولىدىن كېلىدۇ ، — دېدى شاھ ئىقرار بولۇپ ، — ئۇ دۇشمەندىن قورقمايدۇ ، ئەكسىچە ئۆزى ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى خالايدۇ . قەسەم قىلىمەنكى ، جالالىددىن غەلىبە قازانغاندىن كېيىن ، پەرۋەردىگار ماڭا يەنە قۇدرەت بېغىشلىسا ، مېنىڭ قول ئاستىمدا شەپقەت ۋە ھەققانىيەتلا ھۆكۈمران بولىدۇ .

كېيىن خارەزم شاھ جالالىددىننىڭ بېلىگە ئۆزىنىڭ ئالماس ساپلىق قىلىچىنى ئاستى ۋە ئۇنىڭغا «سۇلتان» نامىنى بەردى . ئۇنىڭ ئۇكىلىرىغا : «ئاكاڭلارغا سادىق بولۇڭلار ۋە ئىتائەت قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇدى .

سۇلتان جالالىددىن خارەزم شاھنىڭ قىلىچىنى ئېلىپ شۇنداق دېدى :

— مەن خارەزمنى تاتارلار ئىشغال قىلغان بىر ۋاقىتتا پادىشاھلىقنى ئېلىۋاتىمەن . مەن جىسمى كېتىپ ، ئىسمى قالغان قوشۇنغا باشلىق بولۇۋاتىمەن ، بۇ قوشۇن بوران ئۇچۇرغان غازاڭدەك توزۇپ كەتكەن . لېكىن ، مۇسۇلمان ئەللىرىنى قاپلىغان بۇ قاراڭغۇ كېچىدە تاغلارنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇش گۈلخانلىرىنى ياقىمەن ۋە يۈرەكلىك كىشىلەرنى يىغىۋالىمەن .

جالالىددىن ئاتىسى بىلەن خوشلاشتى ۋە يېڭى ئۇرۇشلارغا ئاتلاندى ، باشقىلارمۇ كەتتى ، ئەبىسكۇن دېڭىزىنىڭ قۇملۇق ئارىلىدا شاھ مۇھەممەدنىڭ ئۆزى يالغۇز قالدى .

موملانغان كېلەڭسىز كېمە مېڭىپ كەتكەندە ، خارەزم شاھ مۇھەممەد مەيۇس ۋە خىيال سۈرگەن ھالدا قۇمنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى . تۇركمەن پالاقچىلىرى يوغان كۆل رەڭ يەلكەننى كۆتۈرۈشتى ، شاھزادىلەر ۋە ئاستىرئاباد ئەمىرى بولسا ، كېمىدە قوللىرىنى قوشتۇرۇپ تۇراتتى ، پادىشاھ تەرەپكە ئۆرۈلۈپ قاراشقا پېتىنالمايتتى .

يەلكەننى شامال كۆپتۈردى ، كېمە چايقىلىپ دولقۇنلارنىڭ ئارىسىدىن تۇمان بىلەن قاپلانغان ھاۋارەڭ تاغلار تەرەپكە ئىلدام يۈرۈشكە باشلىدى .

خارەزم شاھىنىڭ ئۆز ۋەتىنى ۋە ھەممىشە قوزغىلاڭ كۆتۈرگۈچى نارازى ئاھالىلىرى بىلەن ئاخىرقى ئالاقىسى ئۈزۈلگەندى ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى تاتارلارنىڭ بېسىپ كېلىشىمۇ ۋە مەللىرەڭ چىڭگىزخاننىڭ قاراڭغۇ كۆلەڭگىسىمۇ قورقۇتالمايدۇ . شاھ مۇھەممەدنىڭ ئىزىغا چۈشكەن جەبە ۋە سۇبەتەيلەرمۇ ئەمدى بۇ يەرگە ئات چاپتۇرۇپ كېلىشەلمەيدۇ .

بۇنداق پايانسىز دېڭىز بويىدا ئۆتمۈشنى ئەسلەپ ئەپسۇسلىنىش ، ھازىرقى ۋاقىتقا باھا بېرىش ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا ئالدىرىماستىن ئويلاش مۇمكىن . خارەزم شاھ بىر ئايلىق ئۇزۇق - تۈلۈكلەر بىلەن تەمىنلەندى : ئاستىرئاباد ھاكىمى قوم دۆڭلۈكلىرى ئارىسىدىكى جىلغىغا قارا ئۆي تىكىپ بەردى ، قازان ، بىر تاغار گۈرۈچ ، قوي يېغى ، تېرە چېلەك ، پالتا ۋە باشقا زۆرۈر نەرسىلەرنى ئەۋەتتى . ئەمدى شاھ دەرۋىش بولۇپ كۈندىلىك غىزاسىنى ئۆزى پىشۇرىدىغان بولدى .

كېمە ناھايىتى يىراققا كېتىپ قالدى ، شاھ مۇھەممەد بولسا تېخىچىلا خىيالغا پاتقان ھالدا تۇراتتى . كېيىنرەك ئىسسىق ، قۇرۇق قۇمغا ياتتى ۋە ئىسسىق قۇياش ، دېڭىزنىڭ ئىللىق شامىلى ئاستىدا ئۇخلاپ قالدى .

ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا سۆزلىشىشلىرى ۋە ئاياغ تاۋۇشلىرىدىن ئويغىنىپ كەتتى . كىمنىڭدۇر : «ئۇ چوڭ كىشى ، كۈچلۈك» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى .

ھېچكىم يوق ئارالدا كىمكىن بۇ ؟ يەنە شۇ دۈشمەنلەرمۇ ؟ شاھ ئەتراپىغا قارىدى . تۆپىلىكتە ، ئاق چاتقاللارنىڭ ئارىسىدا قارا تۇماقلىق كىشى كۆرۈنگەنىدەك بولدى . شاھ مۇھەممەدنىڭ يېنىدا ھېچ نەرسىسى يوق — ئوقيايى ، كىيىملىرى ئۆيدە ئىدى . شاھ دەرھال تۆپىلىككە چىقتى ، كىيىملىرى جۇل - جۇل ، يالاڭ ئاياغ بىر

نەچچە كىشى جىلغىدىكى پاتقاقلىقنى كېچىپ ئۆتتى . بۇلارنىڭ
ئارىسىدا قانداقتۇر بىر ۋەھىمىلىك ئادەم كېلەڭسىز ئۆمىلەپ كې-
لىۋاتاتتى .

شاھ : «مەن ئاستىرئاباد هاكىمىغا مېنى ھېچكىم يوق ئارالغا
ئاپىرىپ قويۇ دېگەنىدىم ! بۇ ئادەملەر قەيەردىن پەيدا بولدى ؟» دەپ
ئۆيگە قاراپ كەتتى . ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئىس چىقماقتا ئىدى ، ئۆينىڭ
ئالدىدىكى مەيداندا ئونغا يېقىن غەلىتە ئادەملەر چۆرگىلىشىپ ئول-
تۇرۇشاتتى . ئادەم قىياپىتىنى يوقاتقان بۇ ئادەملەر كىملەر ؟
يۈزلىرى ئىششىپ كەتكەن ، يارا باسقان .

— كىمسەن ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئولتۇرغانلارنىڭ بىرى ، —
نېمە سەۋەبتىن بۇ يەرلەرگە كەلدىڭ ؟

— بىزنى ھەيدىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنىمىز ، ئۇ-
زۇڭلەر كىم بولىسىلەر ؟

— بىز خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان ئادەملەرمىز . بۇگۈن
كەلدۇق ، شۇ يەردە بېلىقچىلىق قىلماقچىمىز ، —
كۆرمەيۋاتامسەن ؟ ھەممىمىز موخو ، تىرىك تۇرۇپ ئۆلۈكتەك چە-
رىپ كېتىۋاتىمىز . مانا بۇنىڭغا قارا ، پۈتۈن بارماقلىرى چىرىپ
ئۈزۈلۈپ چۈشكەن . مانا بۇنىڭ بولسا پۇت - قوللىرى چىرىگەن ،
شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيىقتا ئوخشاش ئۆمىلەپ ماڭىدۇ . مانا بۇنىڭ
كۆزى ئېقىپ چۈشتى ، بۇنىڭ تىلى چىقىپ كىكەچ بولۇپ
قالدى…

شاھ مۇھەممەد ئۈنچىقمىدى ، بىراق قىرغاقتا قارىيىپ تۇرغان
كېمىگە قاراپ قايغۇرۇپ ئويلاندى .

— ھەممىمىز ياردەم قىلسۇن دەپ ، ئاللاغا سېغىنغاندۇق ،
ئۇ بىزگە رەھىم قىلىپ سېنى ئەۋەتتى .

— مەن سىلەرگە قانداق ياردەم قىلىشىم مۇمكىن ؟

ئولتۇرغانلارنىڭ بىرى ئورنىدىن تۇردى ، ئۇ ھەممىدىن كۈچ-
لۈك ، ھەممىدىن ئېگىز ۋە قولىدا پالتىسى بار ئىدى .

— مەن بۇ يەرنىڭ شەيخىمەن ، بۇ يەردە ماڭا ھەممە بويسۇنۇ-

شى كېرەك ، كىمكى پەرمانىمنى ئورۇنلىمىسا ئۆلىدۇ . سەن ساغ-
لام ۋە كۈچلۈك ، بىز سېنى ئىچىمىزگە ئالىمىز ، سەن بىزگە سۇ ،
ئوتۇن توشۇپ بېرىسەن ، بۇ ئىش ھەر قايسىمىزنىڭ قولىدىن
كېلىۋەرمەيدۇ . ئاللاتائالا بەرگەن بۇ ئۆيدە قازان ، گۈرۈچ ، ئۇن
ۋە قوي يېغى بار ئىكەن . ئەمدى سەن بىز بىلەن ياشايسەن ، پۇتۇن
كىيىمىڭنى بىزگە يېشىپ بېرىسەن . بىز نۆۋەت بىلەن كىيىمىز ،
ساڭا كىيىمنى كېرەك ئەمەس .
شاھ مۇھەممەد ئارقىسىغا ئۆرۈلدى ۋە ئۆپكىسى يېرىلغۇدەك
بولۇپ ھاسىراپ قىرغاق تەرەپكە يۈگۈردى . موخۇلار ئۇنىڭ ئارقى-
سىدىن مېڭىشتى ، تۆپىلىككە چىقىپ ئۇنى كۆزىتىپ تۇرۇشتى .
خارەزم شاھ قۇملۇققا بېرىپ ، دېڭىز دولقۇنلىرى چىقىرىپ تاشلى-
غان چۆپلەرنى يىغىشتۇردى ۋە يوغان گۈلخان ياقتى ، قويۇق ئىس
ئاسمانغا تۈۋرۈك بولۇپ كۆتۈرۈلدى .
«بۇ ئىسنى كۆرۈپ كېمە قايتىدۇ ، مېنى بۇ يەردىن ئېلىپ
كېتىدۇ» دەپ ئويلىغان شاھ مۇھەممەدنىڭ ئوي - پىكرى يىراقتا ،
تۇمان ئىچىدە يوقالغان كېمىدە ئىدى . «مەيلى ، ئۇ يەردە ئۇرۇش
بولسا ، تاتار ئاتلىقلىرى ئىزدەپ يۈرسىمۇ مەيلى ، ھەر ھالدا ئۇ
يەردىكى ئادەملەر ساغلام ۋە سالامەت . ئۇلار بىر - بىرىگە دۈشمەن ،
ئازاب چېكىشىدۇ ، يىغلىشىدۇ ۋە كۈلۈشىدۇ ، بۇ تىرىك مۇردى-
لار ئارىسىدا يۈرگەندىن كۆرە ، شۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈرگەن
ياخشى .»
ۋەدىگە مۇۋاپىق ئارىدىن ئون بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن
كېمە كەلدى ، كېمىدە خارەزم شاھنىڭ سەركەردىلىرىدىن تېمۇر
مەلىك يىگىتلىرى بىلەن كەلگەنىدى . خارەزم شاھنى دەررۇ تېپە-
ۋېلىش مۇمكىن بولمىدى . ئۇ قىرغاقتا قىپيالىڭاچ ياتاتتى ، بېشىغا
قونغان قۇزغۇن كۆزلىرىنى چوقۇيتتى .
تېمۇر مەلىك ئارالنى ئايلىنىپ چىقىپ ، قورقۇپ چاتقاللىق-
لارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغان موخۇلارنى تېپىۋالدى ، ئۇلاردىن
ئارالدا نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى سورىدى ، ئۇلار سۆزلەپ بېرىشتى .

— كېيىنچە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئارالدا قالغان كىشىگە تەزىم قىلغانلىقلىرىنى ۋە ئۇنى پادىشاھ دەپ ئاتىغانلىقلىرىنى ئاڭ-لىدۇق . بۇۋىلىرىمىزدىن «موغۇل بولغان كىشى خان ياكى سۇلتاندى-نىڭ كۆڭلىكىنى كىيسە ، كېيىنلى تۇزۇلىدۇ ، يارىلىرى ساقىيىد-دۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدۇق ، شۇڭا ئۇچۇن بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىكىنى يېشىۋالدۇق . ئۇنى غىزاغا چاقىردۇق ، تاماق ئەكېلىپ بەردۇق ، لېكىن ئۇ يېمىدى ، گۇلخان يېقىپ مانا شۇ خىلدىلا ئۇنچىقماستىن يېتىۋەردى . ھەممە كىيىملىرى پۈتۈن ، ھېچبىرد-مىزنىڭ تۇزەلمىگەنلىكىمىزدىن بىلدۇقكى ، بۇ ئادەم سۇلتان ئەمەس ئىكەن .

— رۇخسەت قىل ، ھەممىسىنى ئۆلتۈرىمىز ! — دېدى يىگىت-لەردىن بىرى .

— قىلىچىمىزنىڭ پارقىراپ تۇرغان تىغىنى بۇلارنىڭ زەھەر لەنگەن قېنى بىلەن ئىپلاس قىلمايلى ، — دېدى يەنە بىر ئەسكەر ۋە موغۇلار شەيخنىڭ قورسىقىغا ئوق ئاتتى . شەيخ ۋاي ـ ۋايلىغا بويىچە قاچتى ، باشقا موغۇلارمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشتى

— ئۇلارغا تەگمەڭلار ! — دېدى ۋارقىراپ تېمۇر مەلىك ، — ئۇلار بۇنىڭسىزمۇ ئاللانىڭ قەھرىگە ئۇچرىغان ، مەن ئۇلاردىنمۇ بەختسىزراقمەن ! پۈتۈن ئۆمرۈم بويى خارەزم شاھىنىڭ ئۇلۇغۋارلى-قى ئۈچۈن كۈرەشتىم . خارەزم شاھ مۇھەممەد يېڭى چىققان يېڭىل-مەس ئىسكەندەر ، خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كۈلپەت چۈشكەندە جەسۇر مۇسۇلمان قوشۇنلىرىنى شانلىق غەلىبىلەرگە ئېلىپ بارىدۇ ، دەپ ئىشەنگەن ۋە شۇ يولدا قېنىمنى تۆككەنىدىم . ئەمدى خىجالەت بولىمەن ، سەھرانىڭ سەرابىنى[1] ئىزدەش ئۈچۈن پايدىسىز ئىسراپ بولغان ياشلىق يىللىرىمغا ئېچىنىمەن . بۇ ياتقان ئادەم ئۆزىنىڭ چوڭ قوشۇنى بىلەن خالىغان يېرىنى بېسىپ ئالالايتتى ، ئەمدى بولسا بېشىدىكى قوزغۇننى ھەيدەشكىمۇ قۇدرىتى يەتمەيدۇ ، ئۇ ھەتتا ئەۋرىتىنى يېپىش ئۈچۈن بىر پارچە لاتىغا ، جەسىتىنى كۆ-

[1] سەراب — چۆلدىكى ئېزىتقۇ .

مۇش ئۇچۇن ئۆز ۋەتىنىنىڭ بىر سىقىم توپىسىغا زار، ھەممىنىڭ نەزىرىدىن قالغان ھالدا يېتىپتۇ. ماڭا نېمە ئازاب! يۈرىكىمنى ئېچىشتۇرۇۋاتقان خاتالىرىمنى يۇيۇش ئۇچۇن كۆز يېشىم كەملىك قىلىدۇ...

تېمۇر مەلىك قىلىچىنى ئايغىنىنىڭ ئاستىغا تاشلاپ دەسسەپ سۇندۇردى. ئۇ خارەزم شاھىنىڭ جەسىتىنى سەللىسىدىن قىلغان كېپەنگە ئوراپ، ئۆزى بىلگەن قىسقا بىر سۈرىنى ئوقۇدى. يىگىتلەر قىلىچلىرى بىلەن قومدىن گۆر كولاشتى ۋە قاسساپ بوغۇزىغا پىچاق سۈرگەندە تىترىگەن ئۆچكىگە ئوخشاش ھاياتىنى شان-شەرەپسىز تاماملىغان، مۇسۇلمان قاغانلىرىنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىكى خارەزم شاھ مۇھەممەدنى دەپنە قىلىشتى.

تېمۇر مەلىك ئۆز يىگىتلىرى بىلەن ئارالدىن سۇلتان جالالىددىنغا ئاتىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۇچۇن، ئۇنى ئىزدەپ كەتتى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ كېيىنرەك ئاددىي دەرۋىش بولۇپ، ئەرەبىستان، ئىران ۋە ھىندىستاندا نۇرغۇن يىللار جاھانكەچتە بولۇپ يۈرگەنمىش[1].

---

① بەزىبىر تارىخشۇناسلارنىڭ ئېيتىشىچە، بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، تېمۇر مەلىك دەرۋىش كىيىمىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن. خوجەندتىكى ئۇرۇشتا ئوقيا بىلەن كۆزىنى قۇيۇۋەتكەن موڭغۇل ئۇنى تونۇغان. موڭغۇل ھاكىمى ئۇنى ئۆز ھوزۇرىغا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇغان ۋە مەغرۇرلۇق بىلەن سۆزلىگىنى ئۈچۈن ئۆلتۈرگەن.

## بەشىنچى باب

# قۇربان قىزىقچى ئۆيىگە كەتتى

— قاتتىقراق ھەيدەڭلار ! قېنى ، ھە !

جـەيھۇننىڭ كـۈچلۈك ئېقىنىغا قـارشى كېتىۋاتقان كېمە ئاستا - ئاستا قىرغاققا يېقىنلاشتى .

قۇربان ئويلايتتى : «شاھقا ئەگىشىپ يات ئەللەردە سەرگەردان بولۇش — كۆپ ئەمەس ! ئۆز ۋەتىنىڭدە ئاچلىقتىن ئۆلگىنىڭ ياخشى ! يىپەكتىن توقۇلغان قەپەسنىڭ ئىچىگە سېلىپ چايخا ئىشىكىنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويۇلغان بۆدۈنىنىڭ كۈنىنى كۆرۈۋې تىپتىمەن . پادشاھ ماڭا ئالتۇن دىنار سوۋغا قىلدى ، ھاياتىمدا بۇنداق كۆپ تولىمۇ كەم ئۇچرايدۇ .لېكىن ، بۇ دىنارنى ئۆيۈمگە قانداق ئېلىپ بارىمەن ؟ قوۋۇزۇمدىلا ئېلىپ بېرىش مۇمكىن ، ئۇ ماڭا كېمىنى دەريانىڭ ئېقىنىغا — خارەزم تەرەپكە ماڭغۇزۇشنى بۇيرۇغاندى . ياق ! مەن ئۇ تەرەپكە ئۈزۈپ بارمايمەن . ياق ! قۇربان بۇنىڭدىن كېيىن شاھنى دەپ ئۇرۇشمايدۇ ، ھەم قاچمايدۇ . بۇ كېتىشتە ئەڭ ئاخىرقى ئۇلۇغ دېڭىزغىچە بېرىش مۇمكىن ، كېيىن قەيەرگە باردۇ ؟» قۇربان ئۆز يېزىسىغا قايتىپ ، بالا - چاقىلىرىنى كۆرگۈسى كەلدى...

قۇربان ، شاھ مۇھەممەد تورۇق ئاتقا مىنىپ تۇرغان نېرىقى قىرغاقتىكى ماڭتاشلىق دۆڭلۈككە قارايتتى ، قۇربان ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ قىرغاققا چىقىۋالدى . قەلئەدىن ئېدىر بويلاپ ، گاڭگىراپ قالغان ئادەملەر مۇرىلىرىگە توگۈنلىرىنى ئېلىپ ، بىر - بىرىنى ئىتتىرىپ كېمىگە سەكرىشىپ ، ياندۇرۇپ - ياندۇرۇپ :

— تـاتارلار يېقىنـلاشتـى ! چاپسانراق قېچىڭلار ! — دەپ

ۋارقىرىشاتتى.
قۇربان بىلەن ھېچكىمنىڭ ئىشى بولمىدى. قۇربان قىرغاق بويلاپ يۈگۈردى ۋە باشقىلار بىلەن بىللە تۇرغان كەپىگە بېرىپ، پاخال ئىچىدىن ئۈتۈكى سېلىنغان قېپىنى تاپتى، يەنە بىر قېتىم دەريا تەرەپكە قاراپ، كېمىلەرنىڭ ئارقا - ئارقىسىدىن قىرغاقتىن كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭدا ئۇ ئىككىلەنمەستىن يېڭى تەشۋىشلەر بوسۇغىسىغا قەدەم قويدى.
ئۇ دۆڭلۈككە، قەلئە سېپىلىنىڭ يېنىغا چىقتى. ئۇ يەردىن ساپسېرىق دەشتتە قىزىل ۋە يوللۇق تون كىيگەن ئادەملەرنىڭ تىرىپىرەن بولۇپ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى، نېرىراقتا بولسا چاڭ كۆرۈندى.
«بۇلار تاتارلار!» دەپ ئويلىدى قۇربان ۋە يالاڭغىداق تاش تىكەنگە قارىماستىن چۆلگە قاراپ يۈگۈردى.
«نېرىدا دۆڭلۈك، ئۇنىڭ ئارقىسىدا يارلىقلار بولسا كېرەك. تاتارلار قەلئەنى ئىشغال قىلىش ۋە سۇدىن ئۆتۈش بىلەن ئاۋارە بولۇشىدۇ. ئۇلارغا مېنىڭ نېمە كېرىكىم بار؟»
قۇربان ئېگىز بىر قەبرىنىڭ يېنىغا باردى، ئۇنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ دېمىنى ئالدى - دە، ئەتراپقا قارىدى.
چاڭنىڭ ئىچىدە چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتلارنىڭ يالىغا يېتىۋالغان سېرىق جۇۋىلىق ئادەملەرنى كۆردى، بەزىلىرىنىڭ ئۈستىدىكى ساۋۇتلىرى پارقىرايتتى. تاتارلارنىڭ «قۇۋ! قۇۋ! قۇۋ!» دېگەن قىقاسلىرى ۋە چاڭ باسقان پاكار ئاتلىرىنىڭ تۇياق تاۋۇشى ئوچۇق ئاڭلىنىشقا باشلىدى.
بەزىبىر ئاتلىقلار قاچقانلارنىڭ يولىنى توسۇش ئۈچۈن، كۆپچىلىكتىن ئايرىلىپ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىشتى. قىلىچلار پارقىراپ كۆتۈرۈلدى، ئۇنىڭ زەربىدىن ئادەملەر يىقىلدى. تاتارلار ئەتراپنى ئوراپ، توختاشتى ۋە ئاتلىرىدىن چۈشمەي ئېگىشىپ، ئۇلارنىڭ تۈگۈنلىرىنى تارتىۋېلىپ يەنە قوشۇنلىرىغا قوشۇلۇشتى.
قۇربان ئۆمىلەپ سايلىققا چۈشتى، ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە

يوگوردى .
قۇربان كەچكىچە باياۋان كەزدى . بەزىدە بولسا تاشلاپ كېتىلگەن تېرىلغۇ يەرلىرى ئۇچراپ قالاتتى ، يولدا گاھىدا يالغۇز ، گاھىدا توپ - توپ ئادەملەر ئۇچراپ قالاتتى . بۇلار قۇرباننىڭ «قايغۇ ۋە كۆز ياشلىرى ۋادىسى»دىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ توختىشاتتى . بۇخارانىڭ تەقدىرى ۋە خارەزم شاھىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا سوئاللارنى بېرىشەتتى ، قۇربانى گۈلخاننىڭ يېنىغا چاقىرىپ نان بېرەتتى ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە بېرىلىپ قۇلاق سالاتتى .
قۇربان يالغۇز بىر ئۆزى بىر نەچچە تاتار بىلەن ئېلىشقانلىقىنى ، ئۇلارنى يەڭگەنلىكىنى ۋە ئېتىنىڭ ھالاك بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى . ئەمدى ھېچ نەرسىگە قارىماي ، ئۆز يەر -سۇيىنى ، بالا - چاقىلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۆيىگە كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى .
ئېيتقان سۆزلىرىگە ئاخىردا ئۆزىمۇ ئىشىنىشكە باشلىدى . لېكىن ، ھەممە شۇنداق ئېغىر كۈندە ۋەتىنىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن شاھنى قارغاۋاتقانلىقى ئۈچۈن ، خارەزم شاھ مۇھەممەدنى كېمىدىن قىرغاققا كۆتۈرۈپ چىققانلىقى ھەققىدە غىڭ قىلمىدى . شاھ ئۇرۇش مەيدانىدا ئازاب چېكىپ شېھىت بولۇشتىن قورقۇپ ، خەلقنى موڭغۇل ۋە تاتارلار ھۆكۈمرانلىقىغا تۇتۇپ بەردى .
بىر يەرگە كەلگەندە ، قۇربان سايلىقتا يىغىلغان ئادەملەرنى كۆرۈپ ئۇلارغا يېقىن باردى . ئۇلار قۇربانغا گۈلخاننىڭ يېنىدىن جاي بېرىشتى ، ھەممىسلا تاتارلار ۋە ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىشلار ھەققىدە سۆزلىشەتتى .
— بىز بىر يېزىلىقمىز . بىزدە شۇنداق بولدى ، كوچىدا بەش - ئون كىشى پاراڭ قىلىشىپ ئولتۇرغاندۇق ، يېزىغا بىر تاتار كىرىپ كەلدى . توپتوغرا ئۇستىمىزگە باستۇرۇپ كېلىپ ، ئارقا - ئارقىدىن چېپىۋەردى . يالغۇز ئاتلىققا قول كۆتۈرۈشكە ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى ، بىزگە ئوخشاش تامدىن ئې-

شىپ قاچقانلارلا ئامان قالدى .

— بىر تاتار ، ئېتىزدا ئىشلەپ يۈرگەن بىر دېھقاننى كۆرۈپ قاپتۇ . تاتارنىڭ ھېچقانداق قورالى يوق ئىكەن ، ئۇ ۋەھىمىلىك ئاۋاز بىلەن : «دۈم چۈشۈپ ، قىمىرلىماستىن يات !» دەپ پوپوزا قىلىپتۇ . ھېلىقى دېھقان دۈم چۈشۈپ يېتىپتۇ ، تاتار بولسا نېرى-راقتا تۇرغان ، ئوغرىلانغانماللار ئارتىلغان ئاتنىڭ يېنىغا بېرىپ ، يۈكنىڭ ئارىسىدىن قىلىچ تېپىۋېلىپ قايتىپ كېلىپ دېھقاننى ئۆلتۈرۈپتۇ .

ئۇلار گۇلخاننىڭ يېنىدا شۇنداق ئولتۇرۇشۇپ ، ۋەتەنداشلىرى-نىڭ ئازاب چېكىۋاتقانلىقلىرى ھەققىدە سۆزلىشەتتى ، قۇربانغا بىر پارچە نان بىلەن بىر ئاپقۇر سۇيۇق ئۇماچ بېرىشتى .

بىردىنلا يۇقىرىدىن خىرىلدىغان ۋەھىمىلىك بىر ئاۋاز ئاڭلان-دى :

— ھەي ! قېنى ، قوللۇڭلارنى ئارقاڭلارغا قىلىپ باغلاڭلار ! يۇقىرىدا ، يارنىڭ بويىدا جەردە ئات مىنگەن تاتار تۇراتتى .

— ئاپەت ! كۈنىمىز تۇگىدى ! — دېيىشتى ئادەملەر ۋە پوتى-لىرىنى يېشىپ ، بىر - بىرىنىڭ قوللىرىنى باغلاشقا ھازىرلاندى .

— توختاڭلار ! — دېدى قۇربان ، — ئۇنىڭ بىر ئۆزىغۇ ، نېمىشقا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كېتەلمەيمىز ؟

— بىز قورقىمىز !

— ئەگەر قوللىرىمىزنى باغلىساق ، بىزنى ئۆلتۈرىدۇ . ئۇنىڭ-دىن كۆرە ئۆزىنى ئۆلتۈرگىنىمىز ياخشى ! ئېھتىمال قېچىپ قۇتۇ-لۇش مۇمكىن بولار .

— ياق ، ياق ! كىم ئۇنىڭغا جۈرئەت قىلالايدۇ !

ھەممىسى تىترەپ ، بىر - بىرىنىڭ قولىنى باغلاشقا باشلى-دى .

قۇربان تۇگۈننى كۆتۈرۈپ سوۋغا قىلىدىغان كىشىگە ئوخ-شاش ئېگىشىپ يۇقىرىغا چىقتى ۋە تاتارنىڭ ئالدىغا باردى .

تاتار خېلى ياشقا بېرىپ قالغان ، شالاڭ ئاق چاچلىرى ئېگىكى-

گە چۈشكەن ، شامالدا قارايغان يۈزىنى قورۇق باسقان ، قىسىق كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى .
— نېمە بۇ ؟ — دېدى تاتار تۇگۈنگە قول ئۇزىتىپ . قۇربان ئۇنىڭ بېشى ۋە قولىدىن تۇتتى ، ئات قورقۇپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى . قۇربان تاتارنى قويىۋۈەتمەستىن ئاتتىن يىقىتتى ۋە پىچاق بىلەن قويغا ئوخشاش بوغۇزلىۋەتتى .
قۇربان ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىسىغا قارىدى . گۈلخاننىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئادەملەرنىڭ بارى جېنىنىڭ بارىچە قېچىپ كېتىۋا-تىدۇ ، باشقىلىرى بولسا مۆكۈپ قاراپ تۇرۇشاتتى ، كېيىن ئىككىسى قۇرباننىڭ يېنىغا كېلىشتى .
— ئۆلۈپتۇ ، — دېدى بىرى تاتارغا ئېڭىشىپ قاراپ .
— ئەمدى بۇنىڭ ئۈستىدىكى كىيىملىرىنى ئادىللىق بىلەن بۆلۈۋالايلى ، — دېدى يەنە ۋە ئۆلۈكنىڭ ئۈستىدىن يالىڭاچ بەدەنگە كىيىلگەن قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىسىنى يېشىۋالدى .
ھەممىسى ئات تەرەپكە بېرىشىپ ، ئاتنى تۇتۇشتا قۇربانغا يار-دەملەشتى . شۇ ۋاقىتتا قۇربان دېدى :
— سىلەر خالىغان نەرسىلىرىڭلارنى ئېلىڭلار ، جەردە ئات بولسا مېنىڭكى بولىدۇ . كۆرۈپ تۇرۇپسىلەرغۇ ، بۇ موڭغۇل ئېتى ئەمەس ، دېھقانلىرىمىزدىن تارتىۋالغان ئات ، بۇنىڭ بىلەن مەن يەر ھەيدەيمەن .
— ياخشىسى چەك تاشلايمىز ، — دېدى بىرى ئاتنىڭ تىزگى-نىنى قولىغا ئوراپ .
— ئېھتىيات قىل ، تاتار تىرىك ، ئورنىدىن تۇرۇۋاتىدۇ ! — دەپ ۋارقىرىدى قۇربان . ھېلىقى ئادەم قورققانلىقىدىن تىزگىننى تاشلاپ قېچىپ كەتتى .
قۇربان ئاتنىڭ ئۈستىدىكى پۈتۈن قاپ ۋە قۇتىلارنى تاشلىدى ، پەقەت ئېغىر بىر نەرسىنىلا قالدۇردى ، كېيىن ئاتقا سەكرەپ مىنىپ ۋارقىرىدى :
— سىلەر قانداق يىگىتسىلەر ! سىلەر كۆتۈرۈلگەن تاياقتىنمۇ

قاچىدىغان توشقان ئىكەنسىلەر . ئەگەر شىر يۈرەك بولغىنىڭلاردا ،
بىرلىشىپ تاتار ۋە موڭغۇللارنىلا ئەمەس ، يەرلىرىمىزنى تارتىۋال-
غان پۈتۈن خارەزم شاھلار ، سۇلتانلار ، بەگلەر ۋە خانلارنى ھەيدى-
ۋېتەتتۇق . سىلەر بولساڭلار قۇرت - قوڭغۇزلاردەك ھەر بىر
ئاۋازدىن قورقۇپ يوشۇرۇنسىلەر ! مۇنداقتا بىرلا تاتارمۇ سىلەرنى
يانجىپ تاشلىيالايدۇ . خەير ، باتۇر قۇربان قىزىقچىنى ئۇنتۇماڭ-
لار !

قۇربان قىزىقچى قولىنى پۇلاڭلىتىپ ، ئىتىنى بولۇشىچە
چاپتۇرۇپ كەتتى .

## ئالتىنچى باب

# قۇربان بالا ـ چاقىلىرىنى ئىزدەيدۇ

قۇربان بۇخاراغا يېقىنلاشقانسېرى خاراب بولغان يېزىلار ۋە سېسىپ كەتكەن ئۆلۈكلەر كۆپرەك ئۇچراشقا باشلىدى. سەمرىگەن ئىتلار قورساقلىرىنى ئېسىلدۇرۇپ، قۇيرۇقلىرىنى سۆرەپ، ئۆلۈكلەردىن يىراق يەرلەردە ھاۋشىماستىن جىمغىنا ياتاتتى.

قۇربان تاتارنىڭ ئوغرىلىغان ئالتۇنلىرى باردۇر، دېگەن ئۈمىد بىلەن ئېلىپ قالغان دورىنى خالىي بىر جايدا ئاچتى. خالتىدىن تۇمۇرچىنىڭ ئۈچ ئاددىي بولقىسى، ئىكەك، ئامبۇر، تېرىق، بىر پارچە مۇزلىتىلغان گۆش ۋە ئونغا يېقىن نان چىقتى. قېنى ئالتۇن؟ قۇربان ئورالغان بىر لاتىنىڭ ئىچىدىن بىر تېرە پورتمان تاپتى، پورتماندا پۇل بار ئىدى. ھەر ھالدا ئىگىلىكتە بۇنىڭمۇ ئورنى تېپىلدى، خارەزم شاھ بەرگەن ئالتۇن دىنارىمۇ بار.

بەزىبىر يېزىلارنىڭ يېنىدىكى يەرلەردە دېھقانلار ئىشلىشەتتى. ئۇلار قۇربانغا ئېرىقلارغا سۇنىڭ تارتىلىپ كەتكەنلىكى، سۇسىزلىقتىن بەزى يەرلەردە تېرىلغۇلارنىڭ قاغجىراپ قالغانلىقى، بەزى جايلاردا بولسا ھەيدەلگەن ۋە تېرىلغان يەرلەرنى سۇ بېسىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە شىكايەت قىلىشتى، ھەممە يەرلەردە يارلىقلار پەيدا بولغانلىقىنى ئېيتىشتى.

قۇربان ئۆز يېزىسىغا يېقىن ھېچكىم يوق بىر يېزىدىكى قوۋانچ دېگەن بىر دېھقان تونۇشىنى ئۇچراتتى، ئۇ خامان بولۇپ ياتقان قارا تاش ۋە كۆلنى كۆرسەتتى.

— ئۆيۈمدىن قالغىنى مانا مۇشۇ بولدى! — دېدى ئۇ مەيۈسلۈك بىلەن بېشىنى چايقاپ، — تۆت تەرەپكە يۈگۈرۈپ بالا ـ

چاقىلىرىمنى چاقىرىمەن ، ھېچقايسىسىدىن دېرەك يوق . موڭغۇللار بېسىپ كەلگەن كۈنى مەن ئېتىزدا ئىدىم . ئىسنى ، گاڭگىراپ قالغان قوشنىلارنى كۆرۈپ ، مېنىڭ بالا - چاقىلىرىممۇ شۇلارغا قوشۇلۇپ قېچىپ كەتكەندۇر ، دېگەن خىيال بىلەن يۈگۈرۈپ كەلدىم . كېچىسى قايتىپ كەلسەم ، ئۆيۈم مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈپتۇ . بىلمەيمەن ، بالا - چاقىلىرىمنى موڭغۇللار ئېلىپ كەتكەنمۇ ياكى ھەممىسىلا ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيۈپ كەتكەنمۇ... بەلكى ، كېلىپ قالار دەيمەن ؟

قۇربان ھاياجان ئىچىدە يولىغا راۋان بولدى ۋە قاراڭغۇ چۈشكەندە ، يېرىگە سۇ باغلىنىدىغان ئېرىقنىڭ بويىدىكى قېرى تېرەكنىڭ تېگىگە كەلدى .

ئېرىقتا سۇ ئاقاتتى . جىم ، ئايدىڭ كېچىدە ئۆيىگە يېقىنلاشتى ، دەرۋازا يوغان ئوچۇق . ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ ، ئېتىنى باستۇرمىغا باغلاپ ، ئۆيىنىڭ ئىشىكى تەرەپكە باردى . ئىشىك ئىچكىرىدىن تاختا بىلەن مىخلاپ تاشلانغان ، ئىچكىرىدىن غىڭ قىلغان ئاۋازمۇ ئاڭلانمايتتى . ئۇنىڭ ئالدىغا ھەتتا ئىتمۇ چىقمىدى .

قۇربان ئېتىنىڭ ئالدىغا بىر قۇچاق سامان تاشلىدى . كېيىن ئۆزىگە مەلۇم جايدىن ئۆگزىگە چىقتى ، ئۆگزىدە كونا كۆممىقوناق غولىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ياتتى . ئۇخلاۋېتىپ ، قۇۋانچىنىڭ : «بەلكى كېلىپ قالار دەيمەن - ھە ؟» دېگىنى قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ قالدى .

تاڭ سەھەردە قۇربان سوغۇق شامالدىن مۇزلاپ ئويغانغىنىدا ، ئىڭرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى . قۇربان قۇلاق سالدى ، ئىڭراش يەنە تەكرارلاندى . ئۇ تۆۋەندىن چىقتى ، كىم ئىڭراۋاتىدۇ ؟ تاتارلار ياردار قىلغان كىشىمۇ ياكى ئۆلۈۋاتقان تاتارمۇ ؟

قۇربان ئۆگزىدىن چۈشۈپ ئېتىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى . ئات پاخالنى ئاللىقاچان يەپ بولۇپ ، تاقەتسىزلىك بىلەن تېپىرلايتتى . قۇربان دورىبىدىن بولقىنى ئالدى ، ئىشىكنى بۇزۇپ ئىچكىرىگە كىردى ، ئىچكىرى قاراڭغۇ ئىدى . ئۇ سۇپىنى سىلىغانىدى ، قولى

ئادەمگە تەگدى، يۈزىنى ئانىسى سىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئانىسى ئۆلۈكتەك ياتاتتى، ئاستا ئاۋاز بىلەن ئارانلا:

— كېلىشىڭنى بىلەتتىم، ئوغلۇم، قۇربان بىزنى تاشلاپ كەتمەيدۇ، — دېدى.

— باشقىلار قەيەردە؟

— ھەممىسى تاغقا قېچىپ كەتتى، مەن ئۆي ساقلاپ قالدىم. ھالىمدىن كەتتىم، مېنى ئۆلۈك دەپ ئىشكنى مىخلاپ كېتىشتى. ئەمدى ئوغلۇم ئۆزۈڭ كەلدىڭ، بۇ كۈنلەرنى كۆرمىگەندەك بولۇپ كېتىمىز...

قۇربان بىر چۆگۈن تېپىپ ئېرىقتىن سۇ ئېلىپ كەلدى. يانتاقلارنى يىغىپ ئوت ياقتى، قازانغا ئېرىق سېلىپ ئوتقا قويدى، ئۆي يورۇدى ۋە ئىسسىدى. ئانىسى جۇدەپ كەتكەن، قىمىرلاشقىمۇ ھالى يوق ياتاتتى، ئۇنىڭ بۇرنى ئۆزىراپ كەتكەنىدى. ئۇ قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى قىمىرلىتىپ:

— مانا، كەلدىڭ ـ ھە، ئوغلۇم! — دېدى.

قۇربان ئېتىنى كىشەنلەپ پالاڭغا قويۇۋەتتى. نېرىدا بىر پارچىلا يېرى بار، بۇنىڭ بىلەن ئائىلىنى بېقىش مۇمكىنمۇ؟ يەنە ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى يەرنىڭ ئىگىسى — بەگكە بېرىشىمۇ كېرەك! يەرنى ئوت باسقان، ئۇنىڭدىن نېرىراقتا قوشنىلارنىڭ يەرلىرى سوزۇلغان. بۇ يەرلەرنىمۇ ئوت باسقان، ئىگىلىرىدىن دېرەك يوق. قېرى تۆمۈرچى ساقاۋ قولىنىڭ ئۆيى كۆيگەن، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى قاغجىراپ كەتكەن.

بىر ئادەم ئاستا قەدەم تاشلاپ ئېتىز بويلاپ كېلىۋاتىدۇ، توختاپ ـ توختاپ كەتمەن ئۇرىدۇ. ئېھتىمال ئېرىقلارنى تۈزەپ يۈرگەن بولسا كېرەك.

— ھوي! — دەپ ۋارقىرىدى قۇربان.

ھېلىقى ئادەم قەددىنى رۇسلىدى، قوللىرىنى سايىۋەن قىلىپ قارىدى.

— ۋاي، قۇربان قىزىقچىغۇ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ كىشى. ھەر ئىككىلىسى ئېرىقنى بويلاپ بىر ـ بىرىگە قاراپ ماڭدى ۋە

قوْچاقلىشىپ كۆرۈشتى . بۇ ئادەم نەۋرە كۆرگەن بوۋاي ساقاۋ قۇلى ئىدى .

— قانداق زامانلار كەلدى ! — دېدى بوۋاي يېڭى بىلەن كۆزىنى ئېرتىپ .

— بالا - چاقاڭ سالامەتمۇ ، كالاڭ تىرىكمۇ ، ئېشىكىڭ ئىشلەۋاتامدۇ ، قويلىرىڭ قوزىلاۋاتامدۇ ؟ — دەپ سورىدى قۇربان .

— ئاۋۇ جوۋا كىيگەن كىشىلەر كېلىپ ، قوشنىلىرىمىزنىڭ ماللىرىنى ھەيدەپ كېتىشتى . تۆت تال قويۇمنى ئاتلىرىغا ئارتىپ ، نەۋرەمنىمۇ ئېلىپ كېتىشتى . خوتۇنۇم قالغان باللىرى بىلەن تاغقا قاچتى ، ئاچلىقتىن ئۆلمىگەن بولسا كېلىپ قار ، دېگەن ئۈمىدتىمەن . كالام بىلەن ئېشىكىم قۇتۇلۇپ قالدى .

— مېنىڭ بالا - چاقام قەيەردىكىن ؟ — دېدى قۇربان . ئۇ جاۋاب ئالغۇچە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى .

— ساڭا خۇشاللىق بار ، خوتۇنۇڭ تونۇگۈن قايتىپ كەلدى ۋە مېنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەن كونا ئۆيۈمدە ياتتى . ھە ، ئەنە ، ئۆزىمۇ ئېتىز بويلاپ كېلىۋاتىدۇ...

قۇربان يىراقتىن خوتۇنىنىڭ تونۇش قىزىل كۆڭلىكىنى كۆردى . نېمىشقا ئۇ دەلدۈگۈنۈپ ماڭىدۇ ؟

قۇربان دەرھال جىددىي قىياپەتكە كىردى ، ئۇ ئائىلە باشلىقى ، ھەممىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ ، خاراب بولغان ئىگىلىكىنى تىكلىشى كېرەك .

— نېمە بوپتۇ ، ساقاۋ قۇلى ، — دېدى بوۋايغا ، — سېنىڭ كالاڭ بىلەن ئېشىكىڭ ، مېنىڭ ئېتىم بار . بىرلىشىپ بىر پارچە يېرىمىزنى ھەيدىۋالارمىز . ھەممە ياقتا ئۇرۇش ، باسقۇنچىلىق ! تونۇگۈن قىپچاقلارنىڭ بەگلىرى كەلگەن بولسا ، بۈگۈن موڭغۇل خانلىرى كەلدى . بۇلاردىن قاچان قۇتۇلىمىز ؟ بىز دېھقانلار كۆتۈپ تۇرالمايمىز ، بىزنىڭ ئىشىمىز — يەر تېرىش . ئۆز غېمىمىزنى ئۆزىمىز يېمىسەك ، كىم تاماق بېرەتتى .

— راست ئېيتىسەن ! پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك . يەرگە ئۇرۇق ، ساپان ۋە سۇ كېرەك !

## يەتتىنچى باب

# تۈركەن خاتۇننىڭ قېچىشى

مۇشۇ دەھشەتلىك يىلان يىلى (1220 ـ يىلى )نىڭ باھارىدا ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھەممىسى چىڭگىزخاننىڭ قولىدا ئىدى . موڭغۇل قاغانى ئۆز قارىمىقىغا ئۆتكەن قىممەتلىك مىراسقا غەمخورلۇق قىلغان كىشىگە ئوخشاش ، بۇ يۇرتتا تەرتىپ ۋە تىنچ ھايات ئورنىتىش چارىلىرىنى كۆرۈشكە باشلىدى . ئۇلۇغ قاغان غەپلەتتە قالماسلىق ، ھەممە نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن ، بارلىق شەھەرلەرگە تاتار قىسىملىرىنى قويدى ، مەھەللە ھاكىملىرى بەلگىلەندى ۋە ئۇلارغا ئۆز ئادەملىرىدىن موڭغۇل باشقۇرغۇچىلىرى بېكىتىلدى .

قورققان ۋە ئىشەنچى قالمىغان دېھقانلارنىڭ بەزىبىرلىرى ئاستا ـ ئاستا يېزىلىرىغا قايتىپ ، دېھقانچىلىقلىرىغا كىرىشتى ، تەرتىپ بولسا ناھايىتى ئاستىلىق بىلەن تىكلىنەتتى . پۈتۈن ئەلنى ئاچ ـ يالىڭاچ ، ئۆي ـ جايسىز قالغان قاچقۇنلار كېزىپ يۈرەتتى ، موڭغۇللاردىن قالغان نامرات يېزىلارنى تالاپ غىزا تېپىپ يەيتتى .

جەيھۇننىڭ ئېتىكىدىكى خارەزمنىڭ ئاساسلىق يېرى — خارەزم شاھىنىڭ باي پايتەختى ئۈرگەنچ بېسىپ ئېلىنماي قالدى ، بۇ موڭغۇللار قول ئاستىدىكى يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئارغامچىلىرى كېسىپ تاشلانغان چېدىرغا ئوخشاش تۇراتتى . چىڭگىزخان بۇ يەرگىمۇ قول ئۇزىتىشقا قارار قىلدى ۋە بۇ ۋىلايەتنى بېسىۋېلىشنى ئۆزىنىڭ ئۈچ ئوغلى — جۇچى ، چاغاتاي ۋە ئۆگەتەيگە تاپشۇردى ، ئوغۇللىرىغا ئۆز قوشۇنىنىڭ كۆپچىلىك قىسمىنى ئايرىپ بەردى . چاغاتاي بىلەن ئۆگەتەي خارەزمگە جەنۇب تەرەپتىن جەيھۇننىڭ قىر-

غىقىنى بويلاپ كەتتى . ھەمىشە سۆزگە كىرمەيدىغان جوچى بولسا يۇرۇشنى ئاستىلاشتۇرۇپ ، ئۆز ئەترىتى بىلەن جەند يېنىدا قالدى . ياۋايى ئېشەكلەرنى ئوۋلىدى ، كۆچمەنلەرنىڭ ئاتلىرىنى تارتىۋالدى ، قاغان ياخشى كۆرىدىغان بوز ۋە جەردە ئاتلارنى تەلەپ قىلدى .

چىڭگىزخان غول قوشۇننى يۈرۈشتىن توختاتتى ۋە جەيھۇن دەرياسى بويىدا قىشلاشقا قارار قىلدى . ئۇ خارەزم شاھ تۆرىلىرىدىن ئۆز تەرىپىگە ئۆتكەن دانىشمەن ھاجىپنى ئۇرگەنچكە ئەۋەتتى . تۆرە قىرىپ قالغان تۇركەن خاتۇننىڭ ھوزۇرىغا كىلىپ ، ئۇلۇغ قاغان ئۇنىڭ بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ ئوغلى شاھ مۇھەممەد بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى ، ئۇنىڭ قىلغان جىنايەتلىرى ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى ئۆز ئانىسىنىڭ سۆزىگە كىرمىگەنلىكى ۋە ئۇنى ھاقارەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا جازا بېرىش مەقسىتىدە ئىش كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى . يەنە ئەگەر دانىشمەن تۇركەن خاتۇن تەسلىم بولسا ، چىڭگىزخان ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ۋىلايەتكە قول تەگكۈزمەسلىكىنى ۋە ۋەيران قىلماسلىقنى ۋەدە قىلغانلىقىنىمۇ ئېيتتى .

لېكىن ، مەككار تۇركەن خاتۇن ئۆز موڭغۇللىرىغىلا ئىنساپلىق ، باشقىلارنى بولسا ئۆز تۇزىقىغا ئىلىندۇرۇپ ، گۆشىدىن كاۋاپ قىلىدىغان موڭغۇل قاغانىغا ئىشىنەلمەيتتى .

دانىشمەن ھاجىپنىڭ ئۇرگەنچكە كېلىشى بىلەن خالبىتىنمۇ كېمە كەلدى . بۇلارنىڭ بىرىدە ئاددىي دېھقانچە كىيىنگەن ئىنالچىق خانمۇ بار ئىدى ، ئۇ خارەزم شاھتىن خەت ئېلىپ كەلدى . شاھ جەيھۇن بويىدىكى قورۇلىدىن كېتىشنى ، چوڭ قوشۇن يىغىش ئۈچۈن خوراسانغا بېرىشنى ئانىسىغا بىلدۈرگەن ۋە چىڭگىزخانغا ئىشەنمەي ، بارلىق ھەرىمى بىلەن ئۆزىنىڭ كېلىشىنى سورىغان .

بۇ خەۋەر تۇركەن خاتۇننى شۇنچىلىك تەشۋىشكە سالدىكى ، چىرايلىق كۆزلىرىنى تېخىمۇ چىرايلىقراق قىلىش ئۈچۈن ، سۈرمە قويۇشنىمۇ كۆڭلىگە سىغمىدى . خارەزمدە قېلىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى پەملەپ چوڭ كارۋان تۈزۈشنى بۇيرۇدى . خارەزم شاھنىڭ ھەممە خوتۇنى ، بالا - چاقىلىرىنى يىغدى ، تۆگىلەرگە قىم-

مەتلىك ماللارنى يۈكلەپ ، قاراقورۇم ئارقىلىق جەنۇبقا — قەبىت تاغلىرىغا قاراپ ماڭدى .

مىڭىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ، قېرى تۇركەن خاتۇن نەۋرىلەرىنى يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان ئاقىۋەتلەردىن ساقلاشقا قارار قىلدى . ئۇ جاللاتبېشىغا شاھ سارىيىدا ھايات كەچۈرگەن بارلىق گۆرۈگە قويۇلغان ئۇسمۇرلەرنى يېشىغا قارىماي ، كېمىدە جەيھۇننىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە ئېلىپ بېرىپ ، پۇتلىرىغا يوغان تاشلارنى باغلاپ سۇغا تاشلاشنى بۇيرۇدى . خارەزم ئۇششاق فېئودال ھۆكۈمدارلىرىنىڭ يىگىرمە يەتتە ياش ۋە ئۆسۈۋاتقان باللىرى سۇغا پاتۇرۇلدى .

گۆرۈگە قويۇلغانلارنىڭ ئىچىدە ، تۇركەن خاتۇن تۇركمەن يېرىدىكى يازەر[1] شەھىرى ھاكىمىنىڭ ئوغلى ئۆمەرخاننىلا ئۆلتۈرگۈزمىدى . تۇركەن خاتۇن بۇ ئىشنى ئۆزى شۇ يەرگە بېرىۋاتقانلىقى ئۈچۈن قىلدى ، ئۆمەرخان ۋە ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى باياۋانلارنىڭ يولىنى ياخشى بىلىشەتتى . ئۇن ئالتە كۈنگە سوزۇلغان جاپالىق قاراقورۇم يولىدا ، ئۇلار قېرى شاھ تۇركەن خاتۇنغا ساداقەت ۋە ئىتائەتلىك بىلەن خىزمەت قىلىشتى .

لېكىن ، كارۋان يازەرگە يېقىنلىشىپ قۇم دۆڭلۈكلەرنىڭ ئارقىسىدىن تاغ چوققىلىرى كۆرۈنۈشى بىلەنلا ، تۇركەن خاتۇن ئۆمەرخاننىڭ ئۇخلاپ قېلىشىنى پايلاپ ، ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ تاشلاشنى بۇيرۇدى .

ئۇ كارۋاننى تاغنىڭ ئۈستىگە سىلىنغان ۋە ئادەم تونۇمايدىغان يىلان قەلئەسى تەرەپكە ماڭغۇزدى . بۇ يەردە ئۇ پۈتۈن ئادەملىرى بىلەن بىللە شاھ مۇھەممەدنى ئىزدەپ يۈرگەن موڭغۇل ئەترەتلىرى يېقىن ئارىدا پەيدا بولغۇچە پايلاپ تۇردى .

تۇركەن خاتۇننىڭ قورۇقچى بەگلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا موڭغۇللار بىلەن ئۇرۇشۇش مەقسىتىدە ئىراندا ئەسكەر يىغقان نەۋرىسى جالالىددىننىڭ ھىمايىسىگە قېچىپ بېرىشنى تەكلىپ قىلدى . ھەممىسى ئۇنىڭ جەسۇرلۇقى ، قوشۇنىنىڭ كۈچى ۋە دۈشمەننى

---

① يازەر — ھازىرقى ئاشخاباد بىلەن مەرۋ ئوتتۇرىسىدىكى تاغنىڭ ئېتىكىدە ئىدى .

تارمار قىلالىشى توغرىسىدا سۆزلەيتتى .

— ھېچقاچان ! — دېدى موماي غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ ، — موڭغۇلنىڭ قىلىچى ئاستىدا ئۆلگىنىم ياخشى ! نېمە ؟ دۈشمىنىم ، تۈركەن خاتۇن ئايچېچەكنىڭ ئوغلىدىن پاناھ تىلەيدىكەنمەنمۇ ؟ ئا- لىيجاناب قىپچاقلاردىن بولغان نەۋرىلىرىم تۇرغاندا ، ئۇنىڭ پاناھىغا سىغىنامدىمۇ ؟ بۇنىڭدىن كۆرە چىڭگىزخاننىڭ قولىغا چۈشۈپ ، تەھ- قىر قىلىنغىنىم ۋە خورلانغىنىم ياخشى .

تېز ئارىدا موڭغۇللار كېلىپ قەلئەنى قامال قىلىشتى ، ئۇلار قەلئەنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تاشقىرى بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈشتى . قامال تۆت ئاي داۋام قىلدى ،قاچا ۋە گەمىلەردىكى ئېھتىيات ئۈچۈن ساقلىغان سۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تامچىسى قۇرۇغاندىن كېيىنلا ، تۈركەن خاتۇن تەسلىم بولۇشقا قارار قىلدى . موڭغۇللار تۈركەن خاتۇن بىللە بىلەن بارلىق ھەرەمنى ۋە خارەزم شاھنىڭ ياش باللىرىنى قولغا ئېلىشتى ، ئوغۇل باللارنىڭ ھەممىسىنىلا شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا سويۇپ تاشلىدى . خارەزم شاھنىڭ خوتۇنى ۋە قىزى ھەمدە تۈركەن خاتۇننىڭ ئۆزى چىڭگىزخاننىڭ قارارگاھىغا ماڭغۇزۇلدى . موڭغۇللار بارلىق مەھرەم ۋە قورۇقچىلارنى قىرىپ تاشلىدى .

موڭغۇل قاغانى خارەزم شاھنىڭ قىزلىرىنى ئۆز ئوغۇللىرى ۋە يېقىن كۆرگەنلىرىگە ئۆلەشتۈرۈپ بەردى ، تۈركەن خاتۇننى بولسا ، ئۆز بەزمىلىرىدە نامايىش قىلىش ئۈچۈن ساقلىدى . تۈركەن خاتۇن چېدىرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا مۇڭلۇق ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرۇ- شى كېرەك ئىدى ، چىڭگىزخان بولسا ئۇنىڭغا غاجىلانغان سۆڭەك- لەرنى تاشلاپ تۇراتتى .

ئىلگىرى خارەزمنىڭ پادىشاھى بولغان ۋە ئۆزىنى «پۈتۈن جاھان خوتۇنلىرىنىڭ شاھى» دەپ ئاتىغان تۈركەن خاتۇن شۇ خىلدا تىرىكچىلىك قىلاتتى .

# ئىككىنچى قىسىم

## بۈيۈك خارەزمنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى

### بىرىنچى باب

### جالالىددىن چىڭگىزخاننى ئۇرۇشقا چاقىردى

*ئورۇق چاچمىساڭ، ھوسۇل ئالالمايسەن. جىد-*
*نىڭنى ئايىساڭ، دۈشمىنىڭنى يېڭەلمەيسەن.*

(سەئىدى)

جالالىددىن خارەزم شاھ بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، ئۆگەي ئۇكىلىرى ئۆزلاغ شاھ، ئاق شاھ ۋە يەتمىش ئاتلىق ئەسكەر بىلەن بىللە مانغىشلاقتا يېتىپ كەلدى. يەرلىك كۆچمەنلەر ئۇلارغا باشقا ئاتلارنى بېرىشتى، شۇ ئاتلاردا ياش خانلار قاراقۇمدىن ئۆتۈپ خارەزمنىڭ پايتەختى ئۈرگەنچكە يېتىپ كېلىشتى.

بۇ يەردە ئۇلار ئاتاقلىق بەگلەرگە خارەزم شاھ مۇھەممەد ئاۋۋالقى ۋەسىيىتىنى بىكار قىلدى ۋە ئۆز مىراسخورى قىلىپ سۇلتان جالالىددىننى بەلگىلىدى، دەپ ئېلان قىلدى. ئاۋۋالقى مىراسخور ئۆزلاغ شاھ بۇنى ئىنكار قىلمىسىمۇ، قىپچاق بەگلىرى

قىپچاق نەسلىدىن بولمىغان سۇلتان بىلەن كېلىشەلمەيتتى . ئۇلار يوشۇرۇن رەۋىشتە گېپىنى بىر قىلىپ ، جالالىددىننى ئۆلتۈرىدىغان بولۇشتى .

خالىبتىن كەلگەن ئىنالچىق خان ئۇنى سۇيىقەستتىن ئاگاھلاندۇردى .

— ھەتتا كۆز ئالدىڭدا خەۋپ - خەتەر كۆرۈنۈپ تۇرغاندىمۇ ، بىر نىيەتتە بولمىغان بۇ چايان ۋە زەھەرلىك قۇرتلار شەھىرىدە نېمىمۇ قىلاي ؟ — دېدى جالالىددىن .

كېچىسى تېمۇر مەلىك ئۈچ يۈز تۈركمەن ئاتلىقلىرى بىلەن بىللە ئۈرگەنچتىن كىشىلەرگە ئۇقتۇرماستىن چىقىپ كەتتى ، قاراقۇم ئارقىلىق جەنۇب تەرەپكە يول ئالدى .

كارۋانلار ئۇن ئالتە كۈن يۈرىدىغان ئېغىر يولنى بۇلار بىر نەچچە كۈننىڭ ئىچىدە بېسىپ ئۆتتى ۋە نىسا قەلئەسىگە يەتتى . ئەترەتنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان خەۋەرچى قەبىت تاغ ئېتىكىدىكى يېشىل ئوتلاقتا قانداقتۇر قارا ئۆيلەر كۆرۈنگەنلىكى ، ئۇلارنىڭ يېنىدا ئاياغلىرى كىشەنلەنگەن غەلىتە ئاتلار ئوتلاپ يۈرگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر بەردى . ئېھتىمال بۇلار موڭغۇللاردۇر ، ئەگەر شۇنداق بولسا ، يەتتە يۈز كىشىدىن كەم بولمىسا كېرەك .

تېمۇر مەلىك مۇنداق دېدى :

— ئېغىر يول بېسىپ ئاتلىرىمىز ھارغان بولسىمۇ ، موڭغۇللارنىڭ قارارگاھىغا بېسىپ كىرىش ئۈچۈن كۈچى يېتىدۇ . بىزدە بولسا دۈشمەننى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يېتەرلىك ماھىرلىق بولۇشى كېرەك .

— باتۇر ئامەتلىك بولىدۇ ! — دەپ جاۋاب بەردى جالالىددىن .

جالالىددىننىڭ قوماندانلىقىدىن بىراقلا چىقىپ قالغان تۈركمەن ئەترىتى موڭغۇللارنىڭ قارارگاھىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى . ئۇرۇش قىزىپ كەتتى ، ھەر ئىككىلا تەرەپ جېنىنى ئايىماي ئۇرۇشتى . موڭغۇللار چىدالماستىن كارىزلارغا قاراپ تەرتىپسىز قېچىشتى ، ئازلا كىشى قۇتۇلۇپ قالدى .

بۇ تۈركمەنلەرنىڭ موڭغۇللار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان بىرىن-
چى توقۇنۇشى ئىدى، بۇنىڭغىچە موڭغۇللار باشقىلارنى شۈنچىلىك
قورقۇتۇشۇۋالغانىدىكى، ھەممە خەلق ئۇلارنى يېڭىلمەس، دەپ
ھېسابلايتتى.

— ئەگەر موڭغۇللار ئۈچۈق تۈزلەڭدە بولماستىن، نىسا قەل-
ئەسىنىڭ ئىچىدە بولغاندا، ھارغان ئاتلىرىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ
يېنىدىنمۇ ئۆتەلمەيتتۇق، ئاتلىرىنى چاپسانراق قولغا چۈشۈرۈڭلار
ۋە ئېگەرلىۋېلىڭلار! يولىمىز تېخى ئۇزاق، — دېدى جالالىددىن.

ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى كۈچلۈك موڭغۇل ئاتلىرىغا مىنىۋال-
دى ۋە تاغلىق يالغۇز ئاياغ يوللار بىلەن جەنۇبقا — نىشاپۇر
شەھىرىگە قاراپ مېڭىشتى.

بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، قىپچاق خانلىرىنىڭ خى-
يانەت قىلىشىدىن قورققان خارەزم شاھنىڭ ئىككى ئوغلى —
ئۆزلاغ شاھ بىلەن ئاق شاھ ئۈرگەنچتىن نىساغا كەلدى. بۇلارنى
نۇرغۇن چېرىكلەر كۆزىتىپ كېلىشتى. ئۇلار موڭغۇللارنىڭ قارا-
ۋۇل ئەترىتى تۇرغان يەردىن سەزدۇرمەستىن ئۆتۈپ كېتىشكە ئۇ-
رۇنغانىدى، لېكىن قامالدا قېلىپ تارمار قىلىندى.

بۇ ئارىدا جالالىددىن ھېچ يەردە توختىماستىن نىشاپۇر، زۇ-
زەن ۋە ھىرات ۋىلايىتى ئارقىلىق ھەدەپ ئالغا قاراپ يۈردى.
قەدىمكى سىپىللارنىڭ مۇستەھكەملىكىنى بىلگەن بىر تاغ قەلئەسى-
نىڭ قورۇقچى بېگى ئۇنىڭغا شۇ يەردە قېلىشنى تەكلىپ قىلدى.
جالالىددىن جاۋاب بەردى:

— سەركەردە قەلئەنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنماستىن، مەيداندا
ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. قەلئە قانچىلىك مۇستەھكەم بولمى-
سۇن، موڭغۇللار ئۇنىڭغا كىرىش يولىنى تاپىدۇ.

جالالىددىن بوستقا كەلگەندە، خارەزم شاھنىڭ تارقىلىپ كەت-
كەن قوشۇنىدىن خېلى چوڭ بىر قوشۇن تەشكىللىۋالدى ۋە بۇ يەردە
ئەمىنۇلمۇلك قوشۇنىغا قوشۇلدى. قەندەھارنى قامال قىلغان موڭ-
غۇللار ئەترىتىنى ھەيدەپ، بىر ۋاقىتلاردا خارەزم شاھ بەلگىلەپ

بەرگەن ۋىلايەتنىڭ باش شەھىرى بولغان غەزنىگە كەلدى ، بۇ يەردە پۈتۈن مەھەللە بەگلىرىگە ساداقەت توغرىسىدا قەسەمىيات بىلدۈردى .

ئەمدى جالالىددىننىڭ ئوتتۇز مىڭدىن ئارتۇق تۈركمەن ئەسكىرى بار ئىدى . بۇنىڭغا ئوغان ، قارلۇق ۋە باشقا قەبىلىلەردىنمۇ شۇنچىلىك ئەسكەر قوشۇلغانىدى .

جالالىددىن ئۆزىنىڭ ئاتمىش مىڭ پىيادە ۋە ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن موڭغۇللارغا قارشى چىقتى ۋە كابۇل دەرياسىغا قويۇلىدىغان لوغار سايىنىڭ بېشىدىكى پەرۋان شەھىرىگە جايلاشتى .

بۇ يەردە ئۇ توخارىستانغا ھۇجۇم قىلدى ، ۋاريون قەلئەسىنى قامال قىلغان مۇقاجېك موڭغۇل ئەترىتىنى تارمار كەلتۈردى . موڭغۇللار بۇ يەردە مىڭغا يېقىن ئەسكىرىدىن ئايرىلىپ ، ئالدىراشلىق بىلەن پەنچشىر دەرياسىدىن ئۆتۈشتى ، كۆۋرۈكلەرنى بۇزۇپ چىڭگىزخانىنىڭ ھوزۇرىغا قايتىشتى .

جالالىددىن چىڭگىزخانغا : «ئۇرۇشىدىغان جايىڭنى كۆرسەت ، شۇ يەردە ھازىر بولىمەن ، ئۇ يەردە سېنى كۈتۈپ تۇرىمەن» دەپ قىسقىچە خەت ئەۋەتتى .

چىڭگىزخان خەتكە جاۋاب بەرمىدى ، لېكىن مۇقاجېك ئەترىتىنىڭ يېڭىلىشى ۋە جالالىددىننىڭ جەسۇرلۇقىدىن تەشۋىشلىنىپ قالدى . چىڭگىزخان جالالىددىنغا قارشى ئۆگەي ئۆكىسى شىگى قۇتۇقۇ نويون باشچىلىقىدا قىرىق مىڭ ئاتلىق ئەۋەتتى .

جالالىددىن موڭغۇللارغا قارشى جەسۇرلۇق بىلەن قوزغالدى . ئۇرۇش پەرۋاندىن بىر فەرسەھ (يەتتە كىلومېتىر) يىراقلىقتىكى ۋادىدا بولدى . ئۇرۇش بولۇشتىن ئىلگىرى جالالىددىن قوشۇنلارغا تۆۋەندىكىچە بۇيرۇق بەردى : «باتۇرلار ، دۈمباق چېلىنغۇچە ئاتلارغا دەم بېرىپ تۇرۇڭلار ، مىنمەڭلار ! شۇنىڭغىچە ئاتلارنىڭ تىزگىنىنى ئارقا تەرەپتىن كەمىرىڭلارغا باغلاپ ، پىيادە ئۇرۇش قىلىشقا تەييار تۇرۇڭلار .»

ئۇرۇش ئىككى كۈن داۋام قىلدى . شىگى قۇتۇقۇ نويون چېرىكلىرىنىڭ ھارغانلىقىنى ۋە ھالىدىن كېتىۋاتقانلىقىنى ، دۈش-

مەنگە زەربە بېرەلمەسلىكلىرىنى كۆرۈپ ، ئەتىسىگە ھىيلە ـ نەيـ
رەڭ قىلىشنى پىلانلىدى . ئۇ كېچىلىكى قونچاق ياساپ ، ئېھتىيات
ئۈچۈن ئايرىپ قويۇلغان ئاتلارغا مىندۇردى . بۇ ھەييارلىق ئاۋۋال
ئازراق ئۈنۈم بەردى ، بۇنىڭدىن مۇسۇلمان قوشۇنلىرى ئىككىلە-
نىپ قالدى ، لېكىن جالالىددىن ئۇلارنى دىلىدىللەشتۈرۈپ ، يەنە
شىددەت بىلەن ئۇرۇشنى داۋام قىلدۇرۇشتى .
ئاخىردا جالالىددىن دۇمباق چالدۇردى ، ھەممىسى ئاتلىنىشقا
باشلىدى . ئۇ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى ھۇجۇمغا ئېلىپ باردى ، ئۆزى
بولسا موڭغۇل قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۆزىنى ئۇردى ۋە ئۇلارنى
ئىككىگە بۆلۈپ تاشلىدى ، موڭغۇللار «ئاتلىرىنىڭ تۇيىقى ئاستى-
دىن چاقماق چىقىرىپ» قېچىشقا باشلىدى . جالالىددىنىنىڭ ئەس-
كەرلىرى ھارمىغان ئاتلىرىدا دۈشمەنگە ئاسانلا يېتىۋالدى ۋە قى-
رىپ تاشلىدى . شىگى قۇتۇقۇ نويون تارمار قىلىنغان قوشۇنىنىڭ
قالدۇقلىرى بىلەن چىڭگىزخاننىڭ قارارگاھىغا قايتىپ كەلدى .
پەرۋاندىكى ئۇرۇشنىڭ ئاۋازى ، يېڭىلمەس موڭغۇللارنىڭ تار-
مار قىلىنىشى تاغنىڭ چوققىلىرى ۋە ۋادىلاردىن ئۆتۈپ ، يىراقلارغا
ئاڭلاندى ، بەلخ قەلئەسىنى قامال قىلغان موڭغۇل ئەترىتى دەرھال
شىمالغا ماڭدى . موڭغۇللار ئىشغال قىلغان بەزىبىر شەھەرلەردە
ئاھالىلەر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ، موڭغۇل قوشۇنلىرىنى تارمار قى-
لىشتى . شۇ ۋاقىتتا چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى ھەييارلىقىغا
ئۆتتى ، ئۇ جالالىددىنغا ئىتتىپاقچى بولغان خانلارنىڭ ھۇزۇرىغا
ئايغاقچىلارنى ئـەۋەتـتـى ۋە جەسۇر سۇلتاندىن يۈز ئۆرۈگەنلەرگە
تۆگە ـ تۆگە ئالتۇن بېرىشكە ۋەدە قىلدى .
كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي ، جالالىددىنىنىڭ قارارگاھىدا ئولجا بۆلۈ-
شۈۋاتقاندا ، ئەرزىمىگەن ئىش ئۈستىدە جاڭجال چىقتى . ئەرەب
ئېتى توغرىسىدىكى جاڭجالدا بىر قىپچاق خانى چوڭ ئەترەت باشلى-
قى بولغان ئاغراقنىڭ بېشىغا قامچا بىلەن ئۇردى ، جالالىددىن
ئۇلارنى ياراشتۇرالمىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئوغانلارنىڭ سەركەر-
دىسى مۇزەففەر مەلىك ، ئەزەم مەلىك ۋە ئاغراق ئۆز ئەسكەرلىرى
بىلەن چىڭگىزخاننىڭ ھىيلىسىگە ئىشىنىپ ، باشقا ئۇرۇق ئەسكەر-

لىرىنى قامچىلاشقا جۈرئەت قىلىدىغان قىپچاقلارنىڭ ئۆز بىلەرمەن-لىكلىرىگە ۋە قوپاللىقلىرىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، جالالىدىندىن ئايرىلىشتى.

بۇ تۈركلەر (يەنى قىپچاقلار) ئىلگىرى موڭغۇللاردىن قورقۇ-شاتتى. ئۇلار موڭغۇللار ئاددىي ئادەملەرگە ئوخشىمايدۇ، ئۇلارغا قىلىچ كار قىلمىغانلىقى ئۈچۈن يېڭىلمەيدۇ، دۇنيادا ئۇلار بىلەن كۈرەش قىلغۇدەك باشقا بىر كۈچمۇ يوق، دېيىشەتتى. موڭغۇللار-نى تارمار قىلغىنىمىزدىن كېيىن كۆردۇقكى، ئۇلارمۇ باشقا ئادەم-لەرگە ئوخشاش ئادەم ئىكەن، يارىدارمۇ بولىدىكەن، بىزگە ئوخ-شاش قانغا مىلىنىدىكەن. ئىشنى بىز قىلدۇقۇ، قىپچاقلار ماختى-نىدۇ ۋە بىزنى ھاقارەت قىلىشىدۇ...

جالالىدىن ھېچ نەرسە قىلالمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىگە چىڭگىزخانغا ئايرىم — ئايرىم ھۇجۇم قىلساق، غەلىبە قىلىش ئاسان بولىدۇ، دەپ قانچىلىك ئىسپات چۈشەندۈرسىمۇ، كار قىل-مىدى. قوشۇنىنىڭ يېرىمى ئۇنى تاشلاپ كەتتى. ئۇ پەقەت ئەمىنۇل-مۇلكنىڭ تۈركمەنلىرى بىلەنلا قالدى.

شىگى قۇتۇقۇ نويون چىڭگىزخاننىڭ ھۇزۇرىغا قايتىپ كەل-گەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا پەرۋاندا بولغان ئۇرۇشنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەپ بەردى. چىڭگىزخان ھەر قاچانقىدەك بىغەم ۋە سىرىنى بەرمىدى، پەقەت شۇنداقلا دېدى:

— قۇتۇقۇ دائىم غالىب ۋە قولى يۇقىرى بولۇشقا ئادەتلەن-گەن. ئەمدى يېڭىلىش كۆلپىتىنى كۆرۈپ، چېرىكچىلىك ئىشلى-رىدا ھوشيار ۋە تەجرىبىلىك بولىدۇ.

چىڭگىزخان بۇنىڭ بىلەن تىنچلانمىدى، يىغىشى مۇمكىن بولغان قوشۇنىنىڭ ھەممىسىنى توپلىدى ۋە چوڭ كۈچ بىلەن ئۇ-رۇشقا چىقتى. ئۇ ئاتلىق چېرىكلەرنى شۇنچىلىك چاپسان ئېلىپ كەتتىكى، ھەتتا يولدا تاماق پىشۇرۇشنىڭمۇ ئىلاجى بولمىدى. قاغان توپتوغرا غەزنىگە قاراپ ماڭدى، ھارۋا يولى تۈگىگەندىن كېيىن، پۈتۈن ھارۋىسىنى تاشلاپ، تاغنىڭ يالغۇز ئاياغ يوللىرى بىلەن كەتتى.

## ئىككىنچى باب

# سىند بويىدىكى ئۇرۇش

*سېنى ئېتىم دېمەيمەن ، ئاكام دەيمەن ، سەن ماڭا ئاكامدىنمۇ ياخشىسەن .*

(كىتابى قورقۇد)

ئىتتىپاقچى ئەترەتلەر كېتىپ قالغاندىن كېيىن ، جالالىددىن موڭغۇللار بىلەن ئوچۇق ئۇرۇشقا چىقالماي ، جەنۇب تەرەپكە كەتتى ، ئۇنى تاغلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىلدام ئاقىدىغان تاشقىن سىند[1] دەرياسى توختاتتى . سۇلتان قوشۇنىنى دەريادىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كېمە ۋە ساللار تاپتۇرۇپ كەلدى ، لېكىن دولقۇنلار كېمىلەرنى ئېگىز قىرغاقلارغا ئۇرۇپ پاچاقلاپ تاشلىدى . ئاخىر يەنە بىر كېمە تېپىپ كېلىشتى ، جالالىددىن بۇنىڭغا ئانىسى ئايچېچەك ، خوتۇنى ۋە باشقا خوتۇنلارنى چۈشۈرمەكچى ئىدى ، لېكىن بۇ كېمىمۇ قىرغاققا ئۇرۇلۇپ كۇكۇم تالقان بولۇپ كەتتى ، خوتۇنلارمۇ قوشۇن بىللە بىلەن قىرغاقتا قالدى .

تۇيۇقسىز خەۋەرچى كېلىپ قالدى ۋە «موڭغۇللار يېقىنلاشماقتا !» دەپ ۋارقىرىدى . بارغانسېرى قاراڭغۇ چۈشمەكتە ئىدى ، چىڭگىزخان سۇلتان جالالىددىننىڭ سىند دەرياسىدىن ئۆتمەكچى بولۇپ ، كىچىك ئىز دەۋاتقانلىقىنى بىلىپ ، ئۇنى تۇتماقچى بولدى . ئۇ قوشۇنىنى كىچىچە ئېلىپ يۈرۈپ ، تاڭ سەھەردىلا دۈشمىنىنى كۆردى . موڭغۇللار سۇلتاننىڭ قوشۇنىغا ئۈچ تەرەپتىن يېقىنلە-

---

[1] سىند — ھىندى دەرياسى ، تىبەت تەرەپتىن ئېقىپ ، ئىران قولتۇقىغا قۇيۇلىدۇ .

شىشقا باشلىدى . ئۇلار سىند دەرياسى بويىغا كېلىپ ، يېرىم دائىرە شەكلىدە ، خۇددى ئوقيا شەكلىدە توختاشتى .

چىڭگىزخان ئۇنېرگۇلچى ۋە گۇگۇرۇس گۇلچىلارنىڭ ئەترەتلىرىنى سۇلتاننى دەريا تەرەپتىن قىسىشقا ئەۋەتتى ، ئۆز قوشۇنىغا بولسا سۇلتاننى تىرىكلىگىچە قولغا چۈشۈرۈشنى بۇيرۇدى .

جالالىددىن يەتتە يۈز جەسۇر ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ئورالغان مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى . ئۇ دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان چىڭگىزخاننى كۆرگەندىن كېيىن ، يىگىتلىرى بىلەن شۇنداق شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدىكى ، موڭغۇل قاغانىنىڭ ئۆزىمۇ ئىتتىغا قامچا ئۇرۇپ قېچىشقا باشلىدى .

لېكىن ، ئۇزاقنى كۆرگۈچى ۋە ئېھتىياتچان چىڭگىزخان ئۇرۇش ئالدىدىن ئون مىڭ تاللانغان چېرىكنى پىستىرما قىلىپ قويغانىدى . ئۇلار يانپاشتىن چىقىپ جالالىددىنغا ھۇجۇم قىلىشتى . ئۇنى چەتكە چىقىرىپ ، ئەمىنۇلمۇلك باشچىلىقىدىكى تۈركمەنلەرنىڭ ئوڭ قانىتى تەرەپكە ئىتتىلدى . موڭغۇللار ئۇلارنىڭ سەپلىرىنى بۇزۇپ ، قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىسى تەرەپكە قىسىپ بېرىشتى ، بۇ يەردە ئۇلار بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ چېكىنىشكە باشلىدى .

كېيىن موڭغۇللار سول تەرەپنىمۇ تارمار قىلىشتى ، جالالىددىن يىگىتلىرى بىلەن چۈشكىچە ئۇرۇشتى . ئادەتتىكى خاتىرجەملىكىنى يوقاتقاندىن كېيىن ، غالجىرلاشقان يولۋاسقا ئوخشاش گاھ ئوڭ تەرەپكە ، گاھ سول تەرەپكە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى .

موڭغۇللار قاغانىنىڭ سۇلتاننى تىرىك تۇتۇش ھەققىدىكى ئەمرىنى ئەستە تۇتۇپ ، جالالىددىننى بارغانسېرى ئورىۋالماقتا ئىدى . ئۇ بولسا دۈشمەن قاتارىنى يېرىپ ئۆتۈشكە ئۇرۇنۇپ ، جان ئاچچىقى بىلەن ئېلىشاتتى .

ئەھۋالنىڭ يامانلىقىنى پەملىگەندىن كېيىن ، جالالىددىن سۆيۈملۈك تۈركمەن ئىتتىغا مىندى ، قالپاق ۋە باشقا ھەربىي كىيىملىرىنى تاشلاپ قىلىچىنىلا قالدۇردى . ئاتنى بۇراپ دۆڭلۈكتىن

سىند دەرياسىنىڭ جىمىرلاپ تۇرغان دولقۇنلىرىغا قاراپ ئېتىلدى. نېرىقى قىرغاقنىڭ ئېگىز يېرىگە چىقىپ، جالالىددىن قىلىچى بىلەن چىڭگىزخانغا تەھدىت قىلدى ۋە ئات چاپتۇرۇپ دەرەخلىكنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

چىڭگىزخان ناھايىتى ھەيرانلىق ئىلكىدە قولىنى ئاغزىغا قويۇپ، باللىرىغا جالالىددىننى كۆرسەتتى ۋە:

— ئوغۇل دېگەن مانا شۇنداق بولۇشى كېرەك![1] — دېدى.

موڭغۇللار سۇلتاننىڭ ئۆزىنى دەرياغا تاشلىغانلىقىنى كۆرۈشۈپ، ئۇنى قوغلىماقچى بولدى، لېكىن چىڭگىزخان يول قويمىدى.

ئۇلار جالالىددىننىڭ پۈتۈن قوشۇنىنى تارمار قىلدى. ئەسكەرلەر ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن خوتۇنىنى موڭغۇللارنىڭ قولىغا چۈشمىسۇن، دەپ دەرياغا تاشلىدى.

جالالىددىننىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلىلا موڭغۇللارنىڭ قولىغا چۈشۈپ تىرىك قالدى، ئۇلار بالىنى چىڭگىزخاننىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. بالا قاغانغا يېنى بىلەن تۇرۇپ جەسۇرلارچە ۋە نەپرەت ئەكس ئەتتۈرگۈچى نەزەر بىلەن قارىدى.

— دۈشمىنىمىزنى تومۇرى بىلەن قۇرۇتۇش كېرەك، — دېدى چىڭگىزخان، — بۇنداق جەسۇر مۇسۇلمان ئەۋلادى نەۋرىلىرىمنى ئۆلتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ بالىنىڭ يۈرىكىنى تايغان ئىتىمغا بېرىڭلار.

موڭغۇل جاللات خۇشاللىقىدىن ئاغزىنى قۇلىقىغا يەتكۈزۈپ، ئۇلۇغ قاغان ئالدىدا ئۆز سەنئىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن يېڭىنى تۈرۈپ، بالىنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇنى مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزدى ـ دە، بىردەمدە موڭغۇلچىسىغا پىچاق ئۇرۇپ كۆكرىكىنى ئاچتى، قوۋۇرغىسىنىڭ تېگىگە قولىنى ئۆزىتىپ، يۈرىكىنى ئۈزۈۋالدى ۋە ھورى چىقىپ تۇرغان كىچىككىنە يۈرەكنى چىڭگىزخانغا كۆرسەتتى.

---

[1] رەشىددىن — ئاپتور.

ئۇ قېرى چوشقىدەك بىر نەچچە قېتىم «كخو! كخو! كخو!» دەپ تامىقىنى قىردى ـ دە، كۆك ئېتىنى بۇراپ قاپىقى سېلىنغان ھالدا يالغۇز ئاياغ يول بىلەن يۇقىرىغا چىقىپ كەتتى.

سىند بويىدىكى ئۇرۇشتىن كېيىنمۇ سۇلتان جالالىددىن تۈرك ئەللىرىدە جاھانكەچتە بولۇپ يۈرۈپ، قورقماس يىگىتلەردىن ئەت-رەت تۈزۈپ، كۆپ يىللارغىچە موڭغۇللار بىلەن ئۇرۇشتى. لې-كىن، ھېچقاچان ئۇنىڭغا موڭغۇللارنى يېڭەلەيدىغان چوڭ قوشۇنغا باشچىلىق قىلىشقا توغرا كەلمىدى.

## ئۈچىنچى باب

# ھاجى رەھىم مىرزا بولدى

مەھمۇد يالۋاچ بۇخارادا ھاجى رەھىمنى موڭغۇل قاراۋۇلىنىڭ قىلىچى ئاستىدىن ئازاد قىلغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا يۇرۇشكە ئىجازەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، شۇ كېچىدىن بېرى دەرۋىش ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالمىدى، دەرۋىشنىڭ ئارقىسىدىن بولسا ئۇكە-سى تۇغانمۇ كۆلەڭگىدەك ئەگىشىپ يۈرەتتى.

مەھمۇد يالۋاچ ماۋەرائۇننەھر ۋىلايىتىنىڭ يېڭى پادشاھى، چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى چاغاتاي خانغا ۋەزىر بولدى. چاغاتاينىڭ ئۆزى ئوۋ ۋە بەزمە بىلەن كۆپ ئاۋارە بولاتتى، مەھمۇد يالۋاچ بولسا ئۇنىڭغا سېلىق يىغاتتى، تاتارلار تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن قىممەتلىك ماللارنىڭ ھېسابىنى ئالاتتى، موڭغۇلىستانغا قۇللارنى ماڭغۇزاتتى، بەگلەر تاشلاپ كەتكەن ئۆيلەرنى ۋە تۇرار جايلارنى خەتكە ئالاتتى، ئاھالىلەرگە يېڭى سېلىقلارنى ئېلان قىلاتتى ۋە ئۇلارنى توپلاش ئۈچۈن ئالاھىدە سېلىق يىغقۇچىلارنى ئەۋەتەتتى.

ئۇ ئىلگىرىكى بەگلەر ئۆز يەرلىرىگە قايتىپ كەلمەسلىكلىرى ۋە يەر ئۈچۈن ئۇلارغا سېلىق تۆلەنمەسلىكلىرىنى ۋەدە قىلىپ، دېھقانلارنى ئۆز يەرلىرىگە قايتىپ كېلىپ، ئاشلىق ۋە پاختا تېرىشقا چاقىردى.

لېكىن، بۇ گەپلەر قېچىپ كېتىۋاتقان خەلقنى تىنچلاندۇ-رۇش، قورقۇپ كەتكەن خەلقنى ئۆز تېرىلغۇ يەرلىرىگە قايتۇرۇپ كېلىش ۋە كارۋانلارغا تەمتىرەپ ھۇجۇم قىلىدىغان ئاچ شايكىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئېيتىلغانىدى. كېيىنرەك مەلۇم بولدىكى، بۇ ۋەدىلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت ھىيلىلا ئىكەن. تۈركمەن، تاجىك ۋە

قىپچاق بەگلىرى ئورنىغا ئاستا ـ ئاستا موڭغۇل شاھزادىلىرى ۋە خانلىرى يەر ئىگىسى بولۇپ قېلىشتى. قايتىپ كەلگەن ئاھالىلەر بولسا ئاۋۋالقىدەك پۈتۈن ھوسۇلنى دېگۈدەك ئۇلارغا بېرىپ بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدى.

مەھمۇد يالۋاچ ھاجى رەھىمنى ئۆز ئوردىسىغا مىرزا قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ بولسا يېقىملىق غەزەللەر يېزىشنى ۋاقتىنچە توختىتىپ قويۇپ، ھەر كۈنى ئەتىدىن ـ كەچكىچە كونا گىلەمنىڭ ئۈستىدە، باشقا مىرزىلارنىڭ قاتارىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەيتتى ۋە ھېسابات تۈزەتتى، مال ـ مۈلۈكلەرنى خەتلەيتتى، بۇيرۇق ۋە باشقا ھەر خىل مۇھىم خەتلەرنى يازاتتى.

مەھمۇد يالۋاچ دەرۋىشكە ئىش ھەققى تۆلىمىدى ۋە بىر كۈنى ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى:

— ساڭا ئىش ھەققىنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ كىمكى بايلىققا يېقىن يۈرسە، ئۇنىڭ قولىغا تىللانىڭ چېچىكى يۇقىدۇ...

— لېكىن دەرۋىش شائىرنىڭ قولىغا يۇقمايدۇ، — دېدى ھاجى رەھىم، — كونا چەكمىنىمنى كۆپ يىللار جاھانكەزدە بولۇپ كەزگەن يولۇمنىڭ چېڭىلا باسقان.

مەھمۇد يالۋاچ ئۇنىڭغا يېڭى باناراس تون سوۋغا قىلدى، نۇرغۇن يىللار جاھاننى كېزىپ يۈرۈپ يىغقان چېڭى ئىش قەغەزلىرىگە تۆكۈلمىسۇن، دەپ دەرۋىشكە ھەر پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەن كېلىپ نان، چاي ۋە مۇنچا ئۈچۈن ئۈچ دەرخەم ئېلىپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى.

ھاجى رەھىمنىڭ ئورنىدا باشقا بىرسى بولغاندا، ئۆزىنى بەختىلىك دەپ سانايتتى. ئۇ ئىگىسى تاشلاپ كەتكەن كىچىككىنە بىر ئۆيدە تۇراتتى ۋە ئۆز بىلگىنىنى قىلاتتى، ئوردىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئايۋىنىنىڭ پەلەمپىيىدە، تەكىنىڭ تېگىدە ئولتۇراتتى. ئۆزىمۇ شۇنچىلىك جىق بولغاندىكى، ھوسۇلى ئۇنىڭغا بىر يىلغىمۇ يېتەتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى چىنار ناھايىتى يوغان بولۇپ، ئۇنىڭ سايىسى قوشنا مەسچىتكىمۇ چۈشۈپ تۇراتتى ۋە دەرۋىشنىڭ

كىچىككىنە ئۆيىگە سالقىنى چۈشۈرەتتى . ھويلىدىن ئېرىق ئۆتەتتى ، ھاجى رەھىم كەچقۇرۇنلۇقى سالقىندا ئولتۇرۇپ ، ئۆكىسى توغانغا ئالگېبرا ۋە ھۆسنخەتتىن دەرس بېرەتتى .

بىراق ، ھاجى رەھىم خاتىرجەملىكنى ئەمەس ، پەۋقۇلئاددە ھادىسىلەرنى ئىزدىگۈچى كىشى بولۇپ ، ئۇنىڭ يۈرىكىدە تەشۋىش ئوتى لاۋۇلداپ ياناتتى . ئۇ تېز ئارىدا ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشتىن نارازى بولدى ، ھەر كۈنى ئوردىغا يۈزلەپ كىشى ئەرز قىلىپ كېلىدۇ ، موڭغۇللارنىڭ يەرلىك ئاھالىلەرنى سىقىۋاتقانلىقىدىن شىكايەت قىلىشىدۇ . پۈتۈن ئەل يېڭى ھاكىملارنىڭ قول ئاستىدا بولۇپ ، ئۇلار قوي تېرىسىنى يېپىنغان بۆرىلەردەك خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى .

ھاجى رەھىم ئۆزىگە ئۆزى : «يېتەر ، دەرۋىش ! كىمكى ئۆز خەلقىنىڭ دۈشمىنىگە خىزمەت قىلسا ، ئۇ رەھمەت ئورنىغا لەنەت ئاڭلايدۇ» دېدى ، يۈرىكىنى ياندۇرۇۋاتقان پۈتۈن نەرسىلەرنى ھەققانىيەت بىلەن سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن ، مەھمۇد يالۋاچنىڭ ھوزۇرىغا كەتتى .

ئۇ مەھمۇد يالۋاچنى يوغان باغنى ئارىلاپ ، تەكىنىڭ قۇرۇپ قالغان شاخلىرىنى كېسىپ ، شۇنىڭ بىلەن ھاردۇقىنى چىقىرىپ يۈرگەندە ئۇچراتتى . مەھمۇد يالۋاچ دەرۋىشنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن :

— ياردار ۋە ئازاب — ئوقۇبەتتىن دەرمانى كەتكەن ئاناڭنى تاشلاپ كەتمەكچىمۇسەن؟ — دېدى .

— خەلقنى قـول قـىـلـغـۇچـىـلارغـا خىزمەت قىلىشنى خالىمايمەن...

— ئېھتىمال قەدىردان خەلقىمىزنى قول قىلغۇچىلار خىزمىتىدە بولغىنىم ئۈچۈن ، مېنىمۇ جىنايەتچى ، دەپ ھېسابلارسەن ؟ بۇ ھەقتە مەن ساڭا شۇنداق جاۋاب بەرمەكچىمەن : قاغانىمىز چىڭگىزخاننىڭ يوللىغ چۆسەي دېگەن بىر خىتاي باش مەسلىھەتچىسى بار . ئۇ قورقماستىن چىڭگىزخانغا دائىم ھەقىقەتنى سۆزلەيدۇ ،

شەھەرلەرنىڭ ئاھالىلىرىنى قىرىپ تاشلاشتىن چىڭگىزخاننى بىر ئۆزى توختىتىدۇ ۋە «پۈتۈن ئاھالىلىرىنى قىرىۋەتسەڭ، ساڭا ۋە ئەۋرىلىرىڭگە كىم سېلىق تۆلەيدۇ؟» دەيدۇ. ئۇنىڭ سۆزىدىن كېيىن چىڭگىزخان يۈز مىڭلارچە ئاھالىنى ئەپۇ قىلدى... مەنمۇ چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى چاغاتاي خاننىڭ يېنىدا تۇرۇپ، مۇسۇلمان خەلقىمىزنى قىرغىندىن ساقلاپ قېلىشقا ھەرىكەت قىلىمەن. سەن چاغاتاي خاننى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇنىڭ كۆزلىرى قانچىلىك جاھىللىق بىلەن تولغان! ھەر كۈنى قوبۇل ۋاقتىدا كىم بولمىسۇن، بارمىقى بىلەن كۆرسىتىپ، دەھشەتلىك سۆزلەر بىلەن: «ئېلىپ بېرىڭ» دەيدۇ. ئۇ بەختسىزنى ئۆلتۈرۈشكە ئېلىپ كېتىدۇ، مەن ھەر كۈنى ئۇنى ئىنساپقا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنىمەن.

— مەن ئۆز ۋەتىنىمدە قالىمەن، — دېدى ھاجى رەھىم، — لېكىن ماڭا باشقا ئىش بەرگىن، ئادەم قېنى تېگىپ داغ بولغان كىيىملەرنىڭ ھېساباتىنى يېزىش ۋە ئادەم كۆز ياشلىرىنى كۆرۈشكە تاقىتىم يوق.

— ياخشى، مەن ساڭا مۇھىم ئىش بېرىمەن.

— خوپ، بولىدۇ، تەقسىرىم.

— چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى شىمالىي ۋە غەربىي ئەللەرنىڭ ھۆكۈمدارى جوچى خان ئۆز زېمىنىگە چۈشكەن شىمالىي خارەزمنى ئۆزىگە قارىتىشقا كېلىشۋاتقۇدەك، دېيىشىدۇ.

— مەن شۇنى ئېيتالايمەنكى، ئۇرگەنچنىڭ تۆمۈرچى ۋە مىسكەرلىرى سەمەرقەند ۋە بۇخارانىڭ ئاھالىلىرىدەك ئەمەس، ئۇلار ئۆز شەھەرلىرىنى ئۇرۇشسىز بېرىشمەيدۇ.

— جوچى خانغا خەت ئەۋەتىشىم كېرەك ئىدى، لېكىن يولدا، قىزىل قۇمدا موڭغۇللارغا ھۇجۇم قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى ئۆلتۈرىدىغان ئەترەتلەر پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلارغا ئاجايىپ قارا ئات مىنگەن، قانداقتۇر «قارا ئاتلىق» باشچىلىق قىلىدىكەن. ئۇ زادى تۇتۇق بەرمەيدىكەن، قىزىل قۇمنىڭ تۈرلۈك بۇرجەكلىرىدىن تۇيۇقسىزلا چىقىپ قالىدىكەن ۋە كۆز ئېچىپ يۇمغۇچە ئىزسىز

يوقىلىدىكەن . ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇنى شەيتان قوللايدىـ
كەن ، دېگەن گەپ تارقالغان .
— بۇ «قارا ئاتلىق» ، — دېدى ھاجى رەھىم ، —
مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا جەسۇر يىگىتلەرنىڭ ھېلىمۇ بارلىقىـ
غا دەلىلدۇر .
مەن ساڭا جۇچى خاننىڭ ئۆزىگە يېزىلغان خەتنى بېرىمەن .
سەن بۇ خەتنى شۇنداق يوشۇرغىنكى ، موڭغۇل قاراۋۇلىمۇ ۋە «قارا
ئاتلىق» مۇ قولىغا چۈشۈرەلمىسۇن ، بولمىسا ئىككىمىزمۇ خاراب
بولىمىز .
ھاجى رەھىم يەرگە قارىدى ۋە ئىچىدە «ئەۋەتكەن كىشىنى
خاراب قىلىدىغان بۇ قانداق خەتتۇر ؟» دەپ قويدى . كېيىن ئۇ
بېشىنى كۆتۈردى ، تەكىنىڭ نوتىلىرى ئارىسىدىن كەچكى شەپەق
كۆرۈنەتتى . مەھمۇد يالۋاچ قىمىر قىلماي تۇراتتى ، دەرۋىشنىڭ
كۆڭلىدىن ئۆتكەنلەرنى پەملەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى ، ئۇ ئاق كىرگەن
ساقىلىنى تۇتاملاپ ھېجىيىپ قويدى .
— مەن خەتنى جۇچى خانغا يەتكۈزىمەن ، — دېدى ھاجى
رەھىم ، — ئۇنى ھېچكىم ئوقۇيالمايدۇ . ھاسامنى تېشىپ خەتنى
شۇنىڭ ئىچىگە بېكىتىمەن ، ئۈستىدىن موم سۈركەپ قويىمەن .
بىراق ئۇلۇغ خاننىڭ ھوزۇرىغا يېتىپ بېرىش نېسىپ بولارمىكىن ؟
ئۇ ھازىر دەشتى قىپچاقتا ئۇرۇش قىلىپ يۈرۈپتۇ . ئۇ يەردە بولسا
شايكىلار قىدىرىپ ، ئۇچرىغان ئادەمنى ئۆلتۈرمەكتە . مەن ئايغىڭـ
نىڭ تېگىدە ، بېغىڭنىڭ يوللىرىدا ئۈمىلەپ يۈرگەن چۈمۈلىنىڭ
خۇددى ئۆزىمەن . سېنىڭ قۇدرەتلىك قولۇڭ ئاستىدىن چىقىپ
كەتكەندىن كېيىن ، بېشىمغا نېمىلەر چۈشىدىكىن ؟ مەن «قارا
ئاتلىق»تىن قورقمايمەن . لېكىن ، بىرىنچى قورۇلدا ئۇچرىغان
موڭغۇل قاراۋۇلى مېنى قىلىچى بىلەن قىيما - چىيما قىلىپ
تاشلايدۇ .
مەھمۇد يالۋاچ ئېڭىشىپ ، يەردىن بىر قىزىل قوڭغۇزنى ئېـ
لىپ ئاپئاق ئالىقىنىغا قويدى . قوڭغۇز مېڭىپ بارماقلىرىنىڭ

ئۆچىغىچە باردى ـ دە، قاناتلىرىنى يېيىپ ئۇچۇپ كەتتى.
— شۇ قوڭغۇزغا ئوخشاش، مىڭلاپ ئەسكەر ئۆتەلمەيۋاتقان جايلاردىنمۇ ئۆتۈپ كېتىسەن. سەن مۇقەددەس دەرۋىشتەك، يەنە ئۈستۈڭگە كونا چەكمىنىڭنى تاشلايسەن، ئۆزۈڭگە سادىق ئىشىكىڭگە كىتاب يۈكلەيسەن. موڭغۇل قاراۋۇللىرى تۇتماسلىقى ئۈچۈن، مەن ساڭا لاچىن سۈرىتى سىيلىنغان ئالتۇن تامغا بېرىمەن.
— ئۇكام توغاننى نېمە قىلىمەن؟
— سەن ئۇنى شاگىرت قىلىپ يېنىڭدا ئېلىپ كېتىۋېرىسەن، جوچى خاننىڭ قارارگاھىدا ئۇ چېرىكچىلىكنى ئۆگىنىۋالىدۇ. تەجرىبىلىك يىگىت بولۇپ قالىدۇ. يولۇڭ بەختەر بولسۇن!
— خاتىرجەم بول، ھەممىسىنىمۇ قىلىمەن.
— بېرىپ يەتكەندىن كېيىن، ماڭا دۇئا قىل. مەن ساڭا خەيرخاھ بىر قېرى كىشىمەن.

## تۆتىنچى باب

# «قارا ئاتلىق»

هاجى رەھىم بىلەن توغان يولغا كەچقۇرۇن چىقتى ، بازاردىن بوش سېۋەتلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىشىۋاتقان يېزىلىقلارغا قوشۇلۇ-ۋالدى . بۇلارنىڭ ھەمراھلىرى ئاستا - ئاستا ئاتلىرىنىڭ بېشىنى ئۆز يېزىلىرىغا بۇراپ كېتىشكە باشلىدى .

هاجى رەھىم سالماقلىق بىلەن قەدەم تاشلاپ ، ئادىتى بويىچە ئەرەب ناخشىسىنى ئېيتىپ كېتىپ باراتتى . توغان خېلى ئۆسۈپ قالدى ، كۆك سەللىسىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان ياشلارغا خاس بۇدۇر چاچلىرى مۇرىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى . ئۇ خۇرجۇننى مۇرى-سىگە ئارتىپ ، ئۆزۈن ھاسىسىغا تايانغان ھالدا ئۇچرىغان دۆڭلۈك-كە يۈگۈرۈپ چىقاتتى ، ھەممە نەرسىنى بىلىش ۋە پەملەش ئۈچۈن ئۆپچۆرىگە ، يىراقتىكى كۆكۈچ تاغلارغا قارايتتى . ئۆرگەنچىنىڭ زەي ۋە قاراڭغۇ زىندانىدا ئايلاپ ياتقان توغان ھازىرقى بەختلىك ھاياتىدىن بەكمۇ خۇشال ئىدى .

قارا ئېشەك ئۆزۈن قۇلاقلىرىنى قىمىرلىتىپ يورغىلاپ كې-تىپ باراتتى . ئېشەككە كىتابلار ، ئەرەب ۋە پارس شائىرلىرىنىڭ توپلاملىرى ، بىر نەچچە كونىگە مولجالللىنىپ ئۆزۈق - تۈلۈك سېلىنغان قاپلار يۈكلەنگەنىدى .

بەزىدە يىراقتىن چاڭ بۇلۇتى كۆرۈنەتتى ، كېيىن دەرەخلەر-نىڭ ئارقىسىدىن مەشھۇر كارۋانبېشى ۋە ئاشلىق تاغارلىرى يۈكلى-نىپ ، ئاستا - ئاستا كېتىۋاتقان تۆگىلەرنى قوغدىغان موڭغۇل ئاتلىقلىرى پەيدا بولۇشتى . بىر موڭغۇل هاجى رەھىم تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىپ :

— كىمسەن؟ قاياققا كېتىۋاتىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

ھاجى رەھىم ئۈنچىقماستىن كۆلىسىنى ئارقىسىغا سۇرۇپ قويـغاندى، ئۇنىڭ پېشانىسىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان لاچىن سۈرىتى سىيلىنغان ئالتۇن تامغا كۆرۈندى. شۇ چاغدا موڭغۇلنىڭ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەن قامچىسى ئاستاغىنا پەسكە چۈشتى. ئۇ، «بايارتاي! ئۇراگىش!» (خەير خوش، ئىلگىرىلە!) دېدى ۋە ئېتىنىڭ بېشىـنى بىردىنلا بۇراپ، ئۆز ئەترىتىنىڭ ئارقىسىدىن چېپىپ كەتتى.

دەرۋىش بولسا ئۈچلۈق كۆلىسىنى پېشانىسىگە چۈشۈرۈپ، يېڭى ناخشا ئېيتىپ قەدەم تاشلىدى:

چۇھ ئېشىكىم — قارا بەكىر، يورغىلا،
مېنى ئاپارغىن مەنزىلگە، خەتەر ناك.
چۆشكىدە يېتىپ ئۆلگەن ئادەم جىق،
چۆلدە، پەقەت بولالايدۇ مەرد ھالاك...

دۆڭلۈكنىڭ ئارقىسىدىن تويۇقسىزدىن تۆت ئاتلىق چىقىپ يولنى توسىدى.

— توختاڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى قاپقارا يۈزلىرىنى قورۇق باسقان بىر بوۋاي، — سېنىڭ ئېتىڭ نېمە؟

— سالامەتلىك، خاتىرجەملىك بەرسۇن ساڭا! — دېدى دەرـۋىش، — ساڭا مېنىڭ ئېتىم نېمىشقا كېرەك بولۇپ قالدى؟

— مەن سېنى تونۇدۇم! مېنىڭدىن قۇتۇلالمايسەن! سەن ئۇياتسىزلارچە موڭغۇللارغا سېتىلىپ كەتكەن مۇسۇلمان مەھمۇد يالۋاچنىڭ مىرزىسى ئىدىڭ. خەلقنى بۇلاشتا سەن ئۇنىڭغا ياردەمـلەشتىڭ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قىلىچىمنىڭ ئۆتكۈر تىغىغا دۇچار بولىسەن.

— سۆزلىرىڭنىڭ ئىككى تامچىسى ھەقىقەت، قالغىنى بولسا قىپقىزىل يالغاندىن ئىبارەت.

— يالغىنىڭ نېمىسى؟ — دەپ ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىدى

بوۋاي ۋە غىلاپىدىن شەمشىرىنى سۇغۇردى.
— مۇسۇلمان مەھمۇد يالۋاچنىڭ مىرزىسى بولغىنىم ئۈلۈمگە سازاۋەر ئىكەنلىكىم راست، ئۇنىڭدىن كىممۇ قېچىپ قۇتۇلالايدۇ؟ لېكىن، مەن ھېچكىمنى بۇلىغىنىم يوق، پەقەت ئۇزۇن دەپتەرلەرگىلا موڭغۇللارنىڭ ئوغرىلىغان ماللىرىنى يازدىم، مەھمۇد يالۋاچقا جەبىر - جاپا چەككەنلەرنىڭ شىكايەت قىلىپ ۋە شەپقەت ئۈتۈنۈش بىلەن ئەپۇ ھەم ھىمايە سوراپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ئەرز يېزىپ بەردىم.
— دەرۋىش، ئەگەر سەن شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە كاللاڭ تېنىڭدىن جۇدا بولماسلىقىنى خالىساڭ، بىزگە ئەگىشىپ يۈرسەن ۋە قېچىشقا ئۇرۇنمايسەن، — دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى بوۋاي.
— كىم مېنى بۇياققا كەل، دەپ چاقىرسا بېرىۋېرىمەن، — دېدى دەرۋىش ھولۇقماستىن، — لېكىن، سەن ماڭا ئېيتىڭنى ئېيتمىدىڭ. بىزنى ئۆلتۈرگۈدەك بولساڭ، خۇداغا كىمنىڭ نامىنى ئېيتىپ ئەرز قىلىمەن؟
— ئاللادىن بۇرۇن «قارا يىگىت»نىڭ قىلىچى سېنىڭ جاجاڭنى بېرىدۇ، — دېدى ئاتلىقلارنىڭ بىرى، — بىزنىڭ باشلىقىمىز بىلەن ئۇيناشقىدەك بولمىغىن.
ئاتلىقلار يولدىن بۇرۇلۇپ، توپتوغرا شىمالغا ساپسېرىق جەزىرىمە قۇملۇق تەرەپكە قاراپ كېتىشتى. شالاڭ، قاتتىق گىياھلار، ئۇيەر - بۇيەردە چاتقاللار، ئارىلاپ يۇگۇرۇپ يۈرگەن كەسلەنچۈكلەر بۇ يەرلەرنى ۋەھىملىك ۋە غەمكىن كۆرسىتەتتى. توغان ھاجى رەھىمگە ئاستاغىنا:
— ئەجىلىمىز يەتكەنمىكىن - ھە؟ بۇ كىمرەك بولمىغان سەپەرگە نېمىشقىمۇ رازىلىق بەردىڭ؟ بىز سەمەرقەندتە قانداق تىنچ ۋە بەختلىك ھايات كەچۈرۈۋاتقاندۇق! — دېدى.
— ۋاقىتتىن ئىلگىرى ۋايساش كېرەك ئەمەس، — دېدى دەرۋىش، — بۇگۈنكى كۈن تېخى تۈگىگىنى يوق، كەلگۈسى كۈندىمىز بولسا كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەر بىلەن لىق تولۇق.

يولۇچىلار تېخىچىلا شىمالغا قاراپ كېتىشىۋاتاتتى، ئاخىر ئاتلىقلار كۆزگە ئارانلا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىككى يالغۇز ئاياغ يول-نىڭ بىر - بىرىگە قوشۇلغان يېرىدە توختاشتى. ئۇلارنىڭ بىرى دۇگىلۈككە چىقتى، تۆت تەرەپكە ئۇزاق كۆز سالغاندىن كېيىن، كۈنپېتىش تەرەپنى كۆرسىتىپ:

— چاپسانراق، شۇ ياقىقا بارايلى! كۈن ئولتۇرۇۋاتىدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى.

قاراڭغۇ چۈشكەندە، ھاجى رەھىم باشقىلار بىلەن بىللە يالغۇز-لىنىپ كۆيۈۋاتقان گۈلخاننىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇلار چوڭقۇر ساي-لىقتا ئىدى. دەرۋىش بىلەن توغاننىڭ قوللىرى ئارقىسىغا قىلىپ باغلانغان ۋە ئۇلارنىڭ قاراڭغۇدا قىچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بوينى-غىمۇ ئارغامچا سېلىنغانىدى. ئۇلارنى تۇتقان بوۋاي ئىككىلىسىنى گۈلخاننىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى ۋە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقا بۇيرۇ-دى، ئېشەكلىرىنى ئۇلارنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ قويدى.

گۈلخاننىڭ يېنىدىكى كىچىككىنە گىلەمدە ئورۇق، قارا بىر تۈركمەن باداشقانىنى قۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يۈزى مىس رەڭ-دە، دوگىلەك كۆزلىرى ياناتتى، يېنىدا گىلەمنىڭ ئۈستىدە خەن-جەر تۇراتتى.

«بۇ مەغرۇر يىگىتنى قەيەردە كۆردۈمكىن؟» دەپ ئويلىدى ھاجى رەھىم، تۈركمەننى كۆزدىن كەچۈرۈپ، شۈبھىسىز بۇ «قارا ئاتلىق»...

ئۇنىڭ ئۈستىدە قارا چەكمەن، بېشىدا ئارقىسىغا سۈرۈپ قويۇلغان قارا پاپاخ، ئېگىز قارا ئېتى نېرىراقتا باغلىنىپ قويۇلغا-نىدى. گۈلخاننىڭ ئەتراپىدا كىيىملىرى يىرتىق، لېكىن كۈمۈش-تىن نەقىش سېلىنغان ئاجايىپ قورال تۇتقان يىگىرمىگە يېقىن يىگىت ئولتۇرۇشاتتى. ئېلىپ كېلىنگەن ئەسىرلەرگە بەزىلىرى كۈلۈپ، بەزىلىرى غەزەپ بىلەن قارىشاتتى.

يىگىتلەرنىڭ بىرى قارا ئېشەكتىن گىلەم خۇرجۇننى ئالدى، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر نەچچە نان، توگۈنچىدە ئۈزۈم، قوغۇن ۋە بىر

پارچە چۇچۇك پىشلاقنى ئالدى ، كېيىن ئاستىلىق بىلەن ئۇن سىلىنغان خالتىنى ئېلىپ قويدى ۋە ئۇچىنچى گىلەم خۇرجۇننى بوشاتتى . ئۇنىڭدىن قەلەمدان ، دۇۋەت ، بىر نەچچە دەپتەر ، كىتاب ۋە قورال ئۇستىسىنىڭ ئەسۋابلىرى چىقتى .

دۇگىلەك كۆزلۈك يىگىت بىر كىتابنى قولىغا ئېلىپ بىر نەچچە بېتىنى ۋاراقلىدى ـ دە :

— بۇ يەردە ئېھتىمال سېمىز ۋە ئۇزۇن ساقاللىق ئىماملار ئورۇق ، ئاچ شاگىرتلارنىڭ قۇلاقلىرىغا قۇيىدىغان ھەدىس ۋە قائىدىلەر پۈتۈلگەندۇر ؟ — دېدى .

— ياق ، شەۋكەتلىك ساھىبقىرانىم ، — دېدى ھاجى رەھىم ، — بۇ كىتاب ئالەمنى بېسىۋالغان ئۇلۇغ ئىسكەندەر ھەققىدە يېزىلغان .

— شۇ باتۇر سەرباز ھەققىدە يېزىلغىنىنى ئاڭلاشنى خالايتتىم ! لېكىن ، كۈنۈڭ پۈتتى . ھازىر ئەزرائىل جېنىڭنى ئالىدۇ .

ھاجى رەھىمنى ئېلىپ كەلگەن بوۋاي ئېشەكنى چەتكىرەك ئاپىرىپ قويدى . ئالدىرىماستىن پوتىسىدىن قاسساپلار قوي سويىدىغان ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن پىچىقىنى ئالدى ـ دە ، قوپال قولى بىلەن ھاجى رەھىمنىڭ ئېگىكىنى تۇتتى .

— ھوي بوۋا ، بوغۇزلىماي تۇرۇڭ ! — دەپ ۋارقىرىدى كىمدۇر بىرى ، — باشلىقىمىز باشقا كىتابلاردا نېمىلەر يېزىلغىنىنى بىلمەكچى .

ئۆلەر ھالىتىگە يەتكەن دەرۋىش خىرىلداپ :

— كىتابلارنىڭ بىرىدە كارۋانلارنىڭ ئاپىتى بولغان باياۋان قاپلىنى شانلىق قارا بۈركۈتنىڭ قەھرىمانلىقلىرى تەسۋىر قىلىنغان ، — دېدى .

— توختاڭ ! ئۇنى قويۇۋېتىڭ ، بوۋا ! — دېدى شايكىنىڭ باشلىقى ۋە كىتابنى دىققەت بىلەن ۋاراقلاپ ، ئەسكەرلەرنىڭ ئۇرۇشلىرىنى تەسۋىرلىگۈچى سۈرەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى .

بوۋاي ھاجى رەھىمنى ئىتتىرىۋەتتى ۋە تىللاپ چەتكە كەتتى.

ھاجى رەھىم يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان قاراڭغۇ ئاسمانغا، گۈلخاننىڭ چارسىلداپ كۆيۈۋاتقان قىزىل يالقۇنىغا، دائىرە بولۇپ ئولتۇرغان ئادەملەرنىڭ دەھشەتلىك قىياپەتلىرىگە، ئەتراپتىكى قۇملۇققا قارايتتى، «قۇتۇلۇشنىڭ ئىلاجى بارمۇ؟» دەپ ئويلايتتى.

«ئەگەر مەن جاھانكەچتىگە ھېچكىم رەھىم - شەپقەت قىلمىسا، بۇ ئەسكەرلەر شاھنىڭ قاراڭغۇ زىندانىدىن قۇتۇلۇپ چىققان قورال - جابدۇق ئۈستىسى بولغان بالىغا رەھىم قىلىشار. لېكىن، ھەتتا تىك يارغا چۈشۈپ كېتىشۈېتىپمۇ ئۈمىدسىز بولمايمەن، چەكسىزلىكنىڭ ئېتىكى تاشقا ئىلىنىپ قالىدۇ ياكى پەرۋاز قىلغان بۈركۈتنىڭ قانىتى جېنىمنى ھىمايە قىلىدۇ...» توغان بولسا ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئاستاغىنا: «كۆزىمىز پۈتكىنىنى بىلىۋاتامسەن؟» دېدى.

— تېخى كۆزىمىز پۈتكىنىدى يوق، — دېدى دەرۋىش، — ئالدىمىزدا تېخى ئۇزۇن كېچە بار، نېمە بولۇشنى ئالدىدىن كىم ئېيتالايدۇ؟

«قارا ئاتلىق» سېرىق چەم مۇقاۋىلىق كىتابنى گىلەمگە قويۇپ دېدى:

— ھە دېمەي تاڭ يۇلتۇزى چىقىدۇ. بۇ كاپىرلارنىڭ مالىينى ئۆلتۈرۈشكە ئالدىرىمىساقمۇ بولىدۇ. بۇ جاھانكەچتىنى گەپكە سالايلى، بىزگە بىرەر يۇرەكلىك باتۇرنىڭ قەھرىمانلىقلىرىنى سۆزلەپ بەرسۇن.

توغان دەرۋىشنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— سەن ئۇلارغا خورلىنىش بىلەن تىز چۆككەن ھالدا سۆزلەپ بېرەمسەن - ھە؟ لام - جىم دېمىگىن! بۇنىڭدىن كۆرە بىزنى بىردىنلا ئۆلتۈرگىنى ياخشى!

— سەۋر قىل، — دېدى ھاجى رەھىم، — كېچە ئۇزۇن، كەلگۈسى كۈنىمىز ياخشى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس...

— مەيلى سۆزلىسۇن ! — دېيىشتى ئادەملەر ، — قەپەستىكى بۇلبۇل ئەركىنلىكتىن ياخشىراق سايرايدۇ .

— بولمىسا قۇلاق سېلىڭلار ، — دەپ باشلىدى ھاجى رەھىم ، — ھازىر مەن سىلەرگە مۇڭگۈزلۈك ئىسكەندەر ، رۇستەم ۋە زوراپ توغرىسىدا ئەمەس ، بەلكى چۆل قاراقچىسى ، شاڭلىق قارا بۆركۈت ۋە تۈركمەن قىزى گۈلجامال توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىمەن .

گۈلجامال دېگەن نامنى ئاڭلىشى بىلەن شايكا باشلىقى دەرۋىشكە دەرھال قارىدى ۋە ئۇنىڭ قاشلىرى ھەيرانلىق بىلەن كۆتۈرۈلدى . ئۇ ئۇيۇك تەرىپىگە يانپاشلاپ ياتتى ، قولىنى مەڭزىگە قويۇپ ، يېنىپ تۇرغان قارا كۆزلىرى بىلەن تۇتقۇن چۆچەكچىگە دىققەت بىلەن قاراشقا باشلىدى .

بەشىنچى باب

# ھاجى رەھىمنىڭ سۆزلىگەن چۆچىكى

*ئۇ چاپسان دەسسەپ يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتكىنىدە،*
*ئۇنىڭ ئىپتىكى ماڭا تېگىپ كەتتى.*

(شەرق چۆچىكىدىن)

— گۈلجامال كەڭ تۈركمەن چۆلىدىكى كەمبەغەل ئائۇلنىڭ بىچارە پادىچىسى ئىدى، — دەپ سۆز باشلىدى ھاجى رەھىم، — گۈلجامال نۇرغۇن ناخشىلارنى بىلەتتى. ئۇنىڭ قوزىلارنى سۇغىرىشقا ئېلىپ كېتىۋاتقىنىدا ئېيتىدىغان ئالاھىدە ناخشىسى بار ئىدى. يەنە بىر يېقىملىق، خۇش چاقچاق ناخشىنى قوزىلار يىراققا كېتىپ قالماي، بىر جايدا ئوتلاپ يۈرۈشى ئۈچۈن ئېيتاتتى.

لېكىن، بىر ھاياجانلىق، قايغۇلۇق ناخشىسىمۇ بار ئىدى، بۇ ناخشا جاراڭلىقلىقى بىلەن ئاداشقان قوزىلارغا شۇ ئوتتۇرىدا بۆرە بارلىقىنى بىلدۈرەتتى. قورۇپ قالغان چاتقاللارنىڭ كۆلەڭگىسىدە ھۇزۇر قىلىپ ياتقان قوزىلار بۇنى ئاڭلىغاندا، قولىغا يوغان تاياق تۇتۇپ دۆڭنىڭ ئۈستىدە تۇرغان گۈلجامالنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كېلىشەتتى، ئۈچ تال يوغان پاخماق ئىت بولسا ئارقىدا قالغان قوزىلارنىڭ ئەتراپىدا ھاۋشىپ يۈرۈپ، ھەممىسىنى بىر يەرگە يىغاتتى.

گۈلجامال بۇ ناخشىلارنىڭ ھەممىسىنى نۇرغۇن يىللار پادىچىلىق قىلغان ۋە ئۇزۇن نەي چالىدىغان بوۋىسى قورقۇتتىن ئۆگەنگەن. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى كەمبەغەلچىلىكتە ئۆتكۈزدى، يېزا پادىچىسى بولدى، يېزا چېتىدە كونا قىيسىق قارا ئۆيى بولسىمۇ،

نۆۋىتى بىلەن ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ قورسىقىنى تويغۇزدى.
ئۇنىڭ ئاۋۋال خوتۇنى ۋاپات بولدى، كېيىن خارەزم شاھ ئو-غان تاغلىقلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا ئىككى ئوغلى ئۆلۈپ، ئۆزى يالغۇز قالدى.
پادىچىنىڭ يىراق يەردىكى بىر كوچمەنگە ئەرگە بەرگەن قىزى بىر كۈنى بوۋىقىنى كۆتۈرۈپ كەلدى ۋە بىر نەچچە كۈن ئاغرىپ ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ يۈزى كۆكەرگەن، قان ئۇيۇشۇپ قالغانىدى، نېمە بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمەيتتى. قېرى قورقۇت پادىچى قىزى سورىغاندا:
— ئاللاتائالانىڭ ئىرادىسى شۇ ئىكەن؟ ھەر بىر قىزمۇ ياخشى ئەرگە ئۇچراۋەرمەيدۇ! — دەپ جاۋاب بەردى ۋە كەڭ يېڭى بىلەن قورۇق باسقان يۈزىنى ياپتى.
قورقۇت پادىچى نەۋرىسىنى خۇددى مېيىپ قويدەك ئېھتىيات قىلىپ تەربىيىلىدى، قويلار بىلەن ئوتلاقتىن - ئوتلاققا كۆچۈپ يۈرگىنىدە، قىزىنى بەزىدە كېسەل قوزى بىلەن بىللە تېرە خالتىغا سېلىپ ئارقىسىغا تېڭىپ يۈردى.
گۈلجامال ئاستا - ئاستا ئۆستى، كېيىن ئۇنىڭ يېنىدا يۈگۈ-رۈپ يۈرىدىغان بولدى. بوۋىسى نەي چالغاندا، ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتاتتى ۋە ئارقىدا قالغان قويلارنى ئىتلار بىلەن بىللە كۆزىتىپ يۈرەتتى. گۈلجامال بويىغا يېتىپ قالغىنى ئۈچۈن، قورقۇت بۇنىڭدىن كېيىن پادىچىلىق قىلماسلىقىنى، كونا ئۆيىنىڭ يېنىدا يېتىشىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئورنىغا قوزىلارنى ئوتلىتىشقا نەۋرى-سىنىڭ بىرىشىنى ئېيتىپ قالدى. شۇ ۋاقىتتا، تولەپ قوتۇر ئېشەككە مىنىپ قېرى ھەدىسى كېلىپ، ئۇنىڭ كونا ئۆيگە جاي-لاشتى، پۈتۈن ئاۋۇلدا قورقۇت چۆلدە شەيتان كۆرۈپتۇ ۋە نەۋرى-سىنى ئۇنىڭغا سېتىپتۇ، دېگەن گەپلەر تارقالدى. بەزىبىرلىرى بولسا، بوۋاي قەدىمكى قورغاندىن خەزىنە تېپىۋاپتۇ، دېيىشتى. ئۇ توغرۇلۇق يەنە تۇيۇقسىزدىن بىر مىس قازاننىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقى، ئۆيىنىڭ ئۈستىدىن دائىم ئىس چىقىپ تۇرىدىغانلىقى

ۋە پادىچى كېلىپ ـ كەتكەنلەرنى چاي بىلەن مېھمان قىلىپ تۇرغان-
لىقى ئېنىق ئىدى .
ئاخىر بوۋاي ئۈچۈن مۇھىم بىر كۈن كەلدى ، بويىغا يېتىپ
قالغان نەۋرىسىنى ئەرگە بېرىش ۋاقتى يەتتى . بۇنداق قىزغا تويلۇق
مال ئۈچۈن تۆگىمۇ ، ئاتمۇ ، كالىمۇ ۋە قويمۇ ئېلىش مۇمكىن
ئىدى . شۇنداق بولسا بوۋاي پۈتۈنلەي غەمدىن قۇتۇلىدۇ . ئۆيدە
يېتىشىپ ، خالىغىنىچە قىمىز ئىچىدۇ ، كۈندۈزى بولۇتقا ، كېچە-
سى يۇلتۇزلارغا قاراپ يېتىشىدۇ . پادىنى بولسا ھەدىسى ، قىزى
ۋە كۈيئوغلى بېقىشىدۇ .
قورقۇت گۈلجامالنى ئەرگە بېرىشكە ئالدىرىمىدى ، كەلگەن
ئەلچىلەرنىڭ ھەر بىرىگە تويلۇق مالنى ئاشۇرۇپ ئېيتىشىدى .
ئەلچىلەر ئىلگىرىكى پادىچىنىڭ ئاچ كۆزلۈكىگە ھەيران بولۇپ ،
ئۈمىدلىرىنى ئۈزۈپ كېتىشەتتى . لېكىن ، يەنە قايتا ئەلچىلىك
قىلغان ئادەملەرمۇ بولدى . بۇ كىشى چوڭ يوللارنىڭ مەشھۇر
قاپلىنى ، كارۋانلارنىڭ ئاپىتى — قاراقچى قارا بۆركۈت ئىدى .
— قىزنى ياخشى كۆرگەن كىشى ، — دېدى قارا
بۆركۈت ، — تويلۇق مال توغرىسىدا سودىلاشمايدۇ ، — ئۇ قېرى
قورقۇت سورىغان ماللارنىڭ ھەممىسىنى بېرىشكە ۋەدە قىلىدۇ .
لېكىن ، بوۋاي ھەر كېچىسى قارا بۆركۈت كەلگەندە ئويلاپ كۆرۈ-
مىز ، دەپ ئۈزۈل ـ كېسىل جاۋاب بەرمەيتتى .
بىراق ، بوۋاينى شەيتان ئۇردىمۇ ، نېمە بالا بولدى ، يۇلتۇز-
لارغا قاراپ ساناپ قويغان تۆگە ، ئات ، كالا ، قويلىرىدىن ئايرىدى .
ئاۋۇلغا ئۆتكەن ، ھازىرقى ۋە كەلگۈسى يىللار ئۈچۈن سېلىق
توپلاشقا شاھنىڭ يىگىتلىرى كەلدى . ئۇلار بىر قانچە ئات ماللار-
نى ، شۇنىڭدەك ئۇلۇغ شاھقا تاللايدىغان ئەڭ چىرايلىق قىزلار
قاتارىدا گۈلجامالنىمۇ ئېلىپ كېتىشتى .
يېرىم كېچىدە قورقۇت پادىچىنىڭ ئۆيىگە قارا بۆركۈت ئات
چاپتۇرۇپ كەلدى ، ئۇ كېچىچە بوۋايدىن يىگىتبېشى كىم ئىكەن ،
ئات ۋە ئېگەرلىرى قانداق ئىكەن ، دەپ سۈرۈشتۈردى . ئۇ بوۋايدىن

ھەممە گەپنى سورىۋالغاندىن كېيىن:

— ئەمدى مەن ئۇلارنى قاراڭغۇدىمۇ تونۇيمەن. ئەگەر خارەزىم دېڭىزىنىڭ تېگىگە چۆشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بىر - بىردىن ۋە ھەممىسىدىن قىساس ئالىمەن. گۈلجامالنى بولسا، قورقۇت تاغا تېپىپ ئۆزۈڭگە ئەكېلىپ بېرىمەن، چوڭ توي قىلىمىز، كېيىن ئۇنى خوتۇن قىلىپ ئۆز ئۆيۈمگە ئېلىپ كېتىمەن. ساڭا تۆگە، تايلىق بىيە، موزايلىق سىيىر ۋە توققۇز قوي ۋەدە قىلغانىدىم، ئەمدى بولسا ھەممىسىنى توققۇز ھەسسە قىلىپ بېرىمەن. لېكىن، سەن نەۋرەڭنى مېنىڭدىن باشقا ھېچكىمگە بېرىمەن، دەپ ۋەدە قىلىپ قويمىغىن.

قارا بۇركۇت بوۋاينىڭ ئالدىغا بىر خالتا تەڭگە زاكالەت تاشلاپ ئېتىغا مىندى - دە، تۈن قاراڭغۇلۇقىنىڭ قوينىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى...

ھاجى رەھىم چۆچىكنى شۇ يەرگە يەتكۈزۈپ جىم بولدى ۋە ئىنجىقلاپ يانپاشلىدى.

— كېيىن قانداق ئىشلار بولدى؟ قاراقچى قىزنى تاپالىدىمۇ؟ — دېيىشتى گۈلخانىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان يىگىتلەر.

— ۋاي - ۋۇي! باتۇر قاراقچى ۋە گۈزەل قىز بېشىدىن نېمىلەرنى كەچۈرمىدى! — دېدى ھاجى رەھىم، — لېكىن مەن بۇ يېقىنى سۆزلىمەيمەن، ئارغامچا بەدىنىمنى قىيناۋەتتى، ھاردىم.

— پۇت - قولىنى يېشىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى «قارا ئاتلىق».

— ئۇكامنىڭ يارىلانغان قوللىرىنىمۇ بوشتىڭلار! — دېدى ھاجى رەھىم ۋە ئوڭدىسىغا يېتىپ كۆزىنى يۇمدى.

قېرى تۈركمەن ئىختىيارسىز غودۇڭشىپ، ئىككىلا ئەسىرنىڭ قوللىرىنى يەشتى. ئىككىسىلا قومغا ئەپلىكرەك ئورۇنلىشىپ ئولتۇردى - دە، دەرۋىش سۆزىنى داۋام قىلدى:

— تاڭ سەھەردە كېيىك ئوۋلاپ يۈرۈپ ئادىشىپ ھەمراھلىرى-

دىن ئايرىلىپ قالغان ياش يىگىت شاھزادە جالالىددىننى ئۇچراتـ
تى ، ئۇ ئاچلىقتىن ۋە تەشنالىقتىن ئۆلەر ھالەتكە كەلگەن . ھارغان
ئېتىنى يېتىلەپ مېڭىپ ، قورقۇت پادىچىنىڭ ئۆيىنى كۆرۈپ قالـ
دى ، پادىچى ئۇنى ياخشى كۈتۈۋالدى . شاھزادە دەم ئالدى ، غىزا
يېدى ۋە ئېتىغا يەم بەردى ، خۇددى شۇ ۋاقىتتا ئۆيگە تۇيۇقسىزدىن
قارا بۇركۇت كىرىپ قالدى . كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن ، ئۆز
دۈشمىنىنىڭ ئوغلى بىلەن خېلىغىچە سۆھبەتلەشتى . خوشلىشىۋې.
تىپ شاھنىڭ ياش ۋارىسى ئۇنى شەھەردىن تاشقىرىدىكى تىللالىق
سارايغا تەكلىپ قىلدى ، شۇ ۋاقىتتىلا قاراقچى بۇ ئادەمنىڭ ئەشەد.
دىي دۈشمىنىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى پەملىدى . لېكىن ، مېھمانـ
دارچىلىق قائىدىسى مېھمانغا ھۆرمەت بىلەن قاراشنى تەلەپ قىلـ
غانلىقىدىن ، قارا بۇركۇت ئۇنى خاپا قىلمىدى ۋە ياش خاننىڭ
مېھماندارچىلىقىغا ئەلۋەتتە بېرىشنى ۋەدە قىلدى .

كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي ، قارا بۇركۇت شاھزادىنىڭ مېھماندارچە.
لىقىغا بېرىش ئۈچۈن پايتەختكە ماڭدى . لېكىن ، ياش خان خىجا.
لەتتە قالدى ، چۈنكى ئاتىسىغا ئۇنىڭ ئەڭ ئاددىي ئادەملەر بىلەن
دوستلىشىشى ، شەھەردىن تاشقىرىدىكى سارىيىدا سەھرا كۆچمەنلە.
رىنىمۇ ، جاھانكەزدە دەرۋىشلەرنىمۇ ، يىراق ئەللەردە ئۇچراتقان
يولداشلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىشى ياقمىدى . شاھ : «ئوغلۇم ماڭا
قارشى پىتنە ئۇيۇشتۇرۇۋاتمىغانمىكىن ؟ » دېگەن خىيالدا ئۇنىڭ
ھەر بىر قەدىمىنى كۆزىتىپ يۈردى . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ساراي ۋە
باغنىڭ ئەتراپىغا يوشۇرۇنغان قاراۋۇللار كىرگەن - چىققانلارنى
كۆزىتىپ تۇرۇشاتتى .

قارا بۇركۇت تىللالىق سارايغا كەلگەندە شاھزادە ئۇنى
خۇشال - خۇراملىق بىلەن كۈتۈۋالدى ، ياخشى زىياپەت قىلدى ،
سازەندىلەر قەدىمكى جەڭگىۋار كۈيلەرنى چېلىپ ناخشا ئېيتتى .
كېچىسى قارا بۇركۇت يولغا چىقماقچى بولغىنىدا ، خان تاڭ ئاتقاندا
مېڭىشنى تەكلىپ قىلدى ، خەۋپ - خەتەرسىز شەھەر چېگرىسىغا
بېرىش ئۈچۈن ئەسكەر قوشۇپ بېرىشنى بىلدۈردى .

— قارا بۆركۆتكە كىممۇ تېگەلەيتتى؟ — دېدى قاراقچى، — بىرى ھۆجۇم قىلىدىغان بولسا، قىلىچىم يىگىرمە يىگىتتىنمۇ قورقمايدۇ...

— قارا بۆركۆت باغنىڭ ئىشىكىدىن چىقتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۈستىگە پۆختا توقۇلغان بېلىقچىنىڭ تورى تاشلاندى، شۇنداق ئۇراپ ئېلىشتىكى، قىلىچىنىمۇ ئالالماي قالدى. يىگىتلەر ئۇنى سۆرەپ، ئادەم ئۆلتۈرىدىغان يەرگە ئېلىپ كېلىشتى.

كېچىسى جاللاتبېشى، «غەزەپ بېگى» جاھان پالۋان ياش خان ھۆزۇرىغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، قارا بۆركۆت-نىڭ بەدىنىگە داغمال بېسىپ سوراق قىلدى.

— بەگكە تاتارلارنىڭ ئاتلىرىدىن ئەڭ ياخشىسىنى ئوغرىلاپ بېرىشنى ۋەدە قىلغانمەن، — دېدى قارا بۆركۆت.

— جاھان پالۋان ئاخىر تەرسا يىگىتنى سوراق ۋە قىيناشتىن ھېرىپ، ئۇنى «جازا مۇنارى» غا ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇدى.

قارا بۆركۆتنى قاراڭغۇدا ئېگىز مۇنارنىڭ يېنىغا ئېلىپ بې-رىشتى، جاللاتلار ھالقا بولۇپ ئۇنى ئورىۋېلىشتى. كىمدۇر بىرى تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ قۇلىقىغا: «قولۇڭنى ئوڭ تەرەپكە ئۇزىتىپ، تۆمۈر ئىلمەككە يېپىشۋال» دەپ پىچىرلىدى. شۇ چاغدا قولى باغلانغان ئارغامچىنىڭ بوشىغانلىقىنى سەزدى، ئۆزىنى ھىمايە قى-لىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەي، قارا بۆركۆت مۇنارغا كىر-دى ۋە ئايلانما پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا چىقىپ كەتتى. يۇقىرىدا، مەشئەلنىڭ خىرە شولىسىدا كىچىككىنە بىر ئىشىك ئېچىلدى، ئېچكىرى تەرەپكە ئىتتىرگەندە قارا بۆركۆت قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. مەشئەل تۇيۇقسىز ئۆچتى، قاراقچى قولىنى دەرھال بوشىتىپ، ئوڭ تەرىپىدىن تۆمۈر ئىلمەكنى سىلاپ كۆردى. كىم-دۇر بىرى: «بىر ئىت كېمىيدۇ» دەپ ۋارقىرىدى. ئىشىك قاتتىق يېپىلدى ۋە قارا بۆركۆت قاراڭغۇدا ھېلىقى ئىلمەككە ئې-سىلغىنىچە قالدى...

قارا بۆركۆت ئېسىلىپ تۇرۇپ سول قولىنى ئارغامچىدىن بىر

ئاز بوشتىشقا ئۆرۈندى ، ناھايىتى قىيىنچىلىق بىلەن بولسىمۇ نىيىتىگە يەتتى ، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئىككى قوللاپ ئېسىلىپ تۇرا-لىدى . تاڭ ئېتىپ كونا مۇنارنىڭ يوچۇقلىرىدىن قۇياش نۇرلىرى چۈشكەندە ، يىگىت مۇنارنىڭ ئەڭ ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى بىلدى . پەس تەرىپى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ ، ئادەملەرنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى ، قارا سايىلەر ۋە ئادەملـەرنـىڭ سۆڭەكلـىرى كۆزگە غىل - پال كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئەگەر دوستلار ياردەمگە كەلمىسە ، تۆمۈر ئىلمەككە شۇ تەقلىدتە ئۇزاق ئېسىلىپ تۇرۇش ھالدىن كەتكۈزەتتى .

ھاجى رەھىم سۆزدىن توختاپ گۈلخانغا قاراپ قالغاندا ، كى-شىلەر :

— كېيىن نېمە بولدى؟ قارا بۈركۈت ۋە گۈلجامالغا نېمە بولدى؟ ئىلدامراق گەپ قىلساڭچۇ ! — دەپ سوراشتى .

— بالامغا بىر يۇتۇم سۇ بىلەن بىر پارچە نان بەرسەڭلارچۇ ، ئۆزۈممۇ تامىقىمنى ھۆللىۋالسام بولاتتى ، ئەتىدىن بېرى بىر يۇ-تۇممۇ سۇ ئىچمىدىم .

— نان ، مېغىز ۋە نېمە بولسا شۇنى بېرىڭلار ، — دەپ بۇيرۇدى «قارا ئاتلىق» ، — سۆزۈڭنى داۋام قىلىۋەرگىن ، دەر-ۋىش ، تاڭمۇ يورۇپ قېلىش ئالدىدا .

ھاجى رەھىم بىر چىنە قېتىقنى ئالدىرىماي ئىچىپ ، سۆزىنى داۋام قىلدى :

— خۇددى شۇ ۋاقىتتا شاھزادە پەرۋاسىزلىق بىلەن قارىياغاچ-نىڭ تېگىدە كېزىپ يۈرەتتى ، ياخشى كۆرگەن ئاتلىرىغا قوغۇن شاپىقىنى بېرەتتى . تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ يېنىغا ھەممە تەرىپىنى ئورى-ۋالغان سادىق دوستى كەلدى - دە ، ئاستاغىنا چۆلدىن كەلگەن مېھماننى بېغىنىڭ يېنىدىكى شاھ تەرىپىدىن قويۇلغان چېرىكچى بەگنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىشتى ۋە ئۇ يەردىن «جازا مۇنارى» غا ئېلىپ كېتىشتى ، دېدى .

شاھزادە قاتتىق غەزەپلەندى ، ئۇ بۇگۈن يىگىتلىرىگە ئۇرۇشقا

تەييار بولۇپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى . جاالىددىن يۇزگە يېقىن قورال-
لانغان ئاتلىق بىلەن شەھەرگە ئات سالدى ، دۇچ كەلگەن كوچا
قاراۋۇللىرىنى ھەيدەپ ، توپتوغرا ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ئېگىز كونا
مۇنارنىڭ يېنىغا كەلدى . مۇنارنى ساقلاۋاتقان تەرى سوغۇق قارا-
ۋۇل قورققانلىقىدىن قېچىپ كەتتى ، يىگىتلەر مۇنارنىڭ ئىشىكىنى
پالتا بىلەن ئۇرۇپ ئاچتى . جاالىددىن مۇنارنىڭ پەلەمپىيى بىلەن
ئەڭ يۇقىرىسىغا چىقتى ، يۇقىرىدىكى ئىككىنچى ئىشىكنىمۇ بۇزۇپ
تاشلاشقا توغرا كەلدى .

بوسۇغىنىڭ ئۇ تەرىپى قاپقاراڭغۇ ، ئوڭ تەرەپتە ، تامدىكى
ئىلمەكتە بىر ئادەم ئېسىلىپ تۇراتتى ، يىگىتلەر ئۇنى ئاستىلىق
بىلەن ئالدى ۋە پەلەمپەيگە ئېلىپ كېلىشتى . جاالىددىن كۆيۈۋات-
قان مەشئەلنى ئېلىپ پەسكە قارىدى ، پەستە يېنىپ تۇرغان كۆزلەر
يۇقىرىغا قارىشاتتى ، غەزەپلىك ئاۋازلار ئاڭلىناتتى . خان يېنىۋات-
قان مەشئەلنى چۆرۈۋەتتى ، مەشئەل پىلدىرلاپ يەرگە چۈشۈشى
بىلەن ئادەمخور پاخماق چوڭ ئىتلار غىڭشىپ ئۆزلىرىنى چەتكە
ئالدى .

— قەسەمىيات قىلىمەنكى ، — دېدى ئۇ ، — ئەگەر مەن شاھ
بولۇپ قالسام ، شۇ ۋەھىمىلىك ئىتلارنى مۇشۇ مۇنارنى ۋۇجۇدقا
كەلتۈرگەن ئادەملەرنى يېگۈزۈش ئۈچۈن ساقلىغان بولاتتىم .

شاھزادە مۇناردىن چۈشۈپ ئېتىغا مىندى ، ئېگەرلەنگەن ئات-
نىڭ يەنە بىرى قارا بۇركۈتكە ئاتالغانىدى . «يىگىتلەر شەھەردىن
توپ بولۇپ ئۆتۈشتى ، تاش دەرۋازىدىن ئۆتۈپ ، چەكسىز تۈزلەڭ
سەھرا كۆرۈنگەندە ، جاالىددىن ئازاد قىلىنغان قارا بۇركۈتكە قا-
راپ دېدى :

— مېنى شاھ جاالاتلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇش ئۈچۈن ئۆز
سارىيىغا تەكلىپ قىلغانىكەن ، دەپ ئويلىدىڭمۇ ؟ مەن سېنى ئۇ-
زۇمنىڭ تىللالىق سارىيىمغا يەنە تەكلىپ قىلغان بولاتتىم ، لېكىن
يەنە جاالات جاھان پالۋان ئىتلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالارمىكىن ،
دەپ قورقىمەن .

— مەن بۇنداق قارا نىيەتتە ئەمەس . ئۆزۈمنىڭ جانجان سەھرايىمغا كېتىشكە رۇخسەت بەرگىن . ئۇ يەر يالىڭاچ قۇملۇق ، گىياھلىرى كەم ، سۇلىرى شورلۇق بولسىمۇ ، ئاجايىپ سارىيى ، ئېگىز مۇنارلىرى ۋە مۇستەھكەم تاملىرى بولغان بۇ يەرلەردىن ئەركىن ۋە بەختىيار ئۆمۈر كەچۈرىدۇ .

— مەن سېنى تۇتۇپ قالالمايمەن ، سەن مېنىڭ توغرۇلۇق ئازاب چەككىنىڭ ئۈچۈن يەنە بىرەر خاھىشىڭنى ئىجرا قىلغان بولاتتىم .

— مېنىڭ پەقەت بىرلا ئىلتىماسىم بار . مېنى بېلىقچى تورىغا ئورىۋېلىپ ئازابلىغۇچىلار يېنىمدىن خەنجىرىمنى ئېلىۋالغان . ئۇ-نى تاقاشقا جۈرئەت قىلغان ماختانچاقنىڭ قولىدىن تارتىۋالمىغۇچە ، يىگىتلىرىڭدىن بىرىنىڭ قىلىچىنى ئېلىپ تۇرۇشقا رۇخسەت بېرە-لەمسەن ؟

شاھزادە پىرۇزا ۋە قىممەتلىك تاشلار بىلەن بېزەلگەن قىلى-چىنى بەلۋېغىدىن چىقىرىپ قارا بۆركۆتكە بەردى .

— شەرەپ بىلەن تاقاپ يۈرۈۋەر ! ئۇنى تىنچ كارۋانلارغا ئە-مەس ، بىزنىڭ قەبىلىمىز دۈشمەنلىرىگىلا قارشى كۆتۈر . تېگىڭدى-كى قارا ئاتمۇ سېنىڭكى بولسۇن ، شۇ ئاتتا ۋەتەن خائىنلىرىغا قارشى ئۇرۇشلارغا چىققىن .

— يەنە بىر ئىلتىماسىم بار ، — دېدى قارا بۆركۆت .

— ئېيتقىن ؟

— شاھنىڭ سارىيىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن سەن خەۋەردارسەن ، تۈركمەن قەبىلىسىدىن ئېلىپ كەلگەن «گۈل-جامال» دېگەن قىزنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرە-لەمسەن؟ ئۇنى مەجبۇر ئېلىپ كەتكەن شاھ قاراقچىلىرى قىزنى قېرى شاھنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ساراي خىزمىتىگە كىرد-دۇ ، دېيىشكەنىدى .

— بىلىمەن ، شاھ «گۈلجامال» دېگەن قىز ئۈچۈن ساراي باغلىرىنىڭ بىرىدە مەخسۇس ئۆي تىككۈزۈشنى بۇيرۇدى . لېكىن ،

قىز مەغرۇر ۋە چىدامىلىق ئىكەن . شاھىمىزنىڭ باشقا ئەسىرلىرى-
نىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەت ، ئۇنىڭمۇ بېشىغا چۈشمىسۇن ، دەپ
قورقىمەن .
— رەھمەت ساڭا ، مۈشكۈلۈمنى ئاسان قىلغان ئاغىنەم ! —
دېدى قارا بۇركۇت ، — ئەگەر كېرەك بولۇپ قالسام چاقىرتقىن ،
تاغ ۋە يارلىقلاردىن ئۆتۈپ بولسىمۇ دەرھال يېتىپ كېلىمەن .
قارا بۇركۇت ئېتىنىڭ بېشىنى ئۆز سەھراسى تەرەپكە بۇراپ
چاپتۇرۇپ كەتتى . ئۇزاق ئۆتمەيلا يولنى ئۆزگەرتىپ ، توغرا يولغا
چىقىۋالدى ، بۇ يول شەھەرلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلى — باغلارغا كۆمۈل-
گەن سەمەرقەندكە ئېلىپ باراتتى .
ئات ئاستا كېتىپ باراتتى ، يىگىت بولسا كۈيلەيتتى :

سۆيگۈنۈمدىن سالام كۈيلەر بادى ـ سەبا قۇلىقىمغا...
يار سالمىغىن تىڭشىغاندا تاقەت تۇگەر ، تاقەت تۇگەر .
ھەر داۋاننىڭ ئارقىسىدا بىر ھالاكەت تۇرسۇن مەيلى ،
يار تۇپەيلى ، يول كېچىمەن ، چۈنكى يولدا يارىم كۈتەر...

قارا بۇركۇت شۇنچىلىك خىيالغا چۆمگەنىدى : «يول ! يول
بېرىڭ ! پادىشاھقا چاپار كېتىۋاتىدۇ ! پادىشاھنىڭ ئۆز قولىغا بې-
رىش ئۈچۈن خەت ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ ! » دەپ ۋارقىراپ ئات چاپتۇ-
رۇپ كېلىۋاتقان بىر قانچە يىگىت ئۇنى دەسسىۋېتىشكە تاسلا قال-
دى .
بىر قانچە ئاتلىقلار چاڭنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن سوزۇلغان ئارغام-
چىنى تارتىپ كېتىۋاتاتتى ، ئارغامچىنىڭ ئۇچى ئېگەرگە ھالقا
قىلىپ باغلانغانىدى . ئاتقا قاتتىق باغلانغان چاپار ئاتنىڭ شۇنچىلىك
ئىلدام يۈگۈرۈشىدە ھوزۇر قىلىپ ئۇخلايتتى ، تەۋرىنەتتى ۋە بې-
شىنى قىمىرلىتاتتى .
چاپارنىڭ ئېتى شەھەر دەرۋازىسىغا يېتىۋېلىش ئۈچۈن ، ئا-
خىرقى كۈچىنى سەرپ قىلىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇ پۇش-

قۇراتتى ، قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتاتتى ، ئادەتتە شاھىنىڭ چاپارنى بىر
يېرىدىن ئىككىنچى يېرىگە كۆزىتىپ بارغۇچى يىگىتلەر ئۇنى ئالدىدا
ئارغامچا بىلەن تارتىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈنلا چاپاتتى .

ئىلدام يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئات تۇيۇقسىز يىقىلدى ، ئاتلىق-
لار توختاشتى . ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشتى ، ماغدۇرسىزلانغان ،
ئۆلگۈدەك قىلىپ ھەيدەلگەن ئاتنى تۇرغۇزۇشقا ھەرىكەت قىلىش-
تى ، لېكىن ئۇرۇنۇش بىكارغا كەتتى ، ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرى-
دىن تۇپىغا قان ئېقىشقا باشلىدى .

چاپار يىقىلغىنىچە يېتىۋەردى . ئۇ پەقەت شۇ سۆزلەرنىلا ئېي-
تالىدى : «ئىسيانچىلار قامال قىلغان قەلئەنىڭ مۇنارىدا ياتقان
شاھىنىڭ قىزىدىن ئۇنىڭغا مۇھىم خەت بار . سەمەرقەندتە پۈتۈن
ئاھالىلەر شاھ جاللاتلىرى ۋە سېلىق يىغقۇچىلارغا قارشى قوزغى-
لاڭ كۆتۈردى . ئاھالىلەر ئۇلارنىڭ باشلىرىنى تېنىدىن جۇدا قى-
لىپ ، جەسەتلىرىنى پارچىلاپ ، تېرەكلەرگە ئېسىپ قويماقتا ، مەن
بەربىر ئۆلىمەن...»

چاپار بۇ سۆزلەرنى قىلىپ بېشىنى قولىغا قويدى ۋە كۆزلىرى-
نى يۇمدى . قارا بۇركۇت چاپارغا يېقىنلىشىپ دېدى :

— ماڭا تېرە خالتاڭنى بەرگىن ، مەن ئۆزۈم خەتنى شاھىنىڭ
قولىغا يەتكۈزىمەن . سەن بۇ يەردە ھارام ئۆلگەن ئاتنىڭ يېنىدا
سوزۇلۇپ ياتماستىن ، ئاۋۇ يەرگە ، دەرەخنىڭ سايىسىگە بېرىپ
ياتقىن ، ياخشىلاپ ئۇخلىغىن . قارىغاندا خەتنى ئېلىپ بېرىپ تاپ-
شۇرغۇدەك ھالىڭ يوقتەك تۇرىدۇ . ئۆزۈڭنى زورلاپ كېتىۋاتى-
سەن . چۈنكى ، شاھ يامان ، «قارا» خەۋەر ئۈچۈن چاپارنىڭ
بېشىنى ئالىدۇ .

تۇپىغا مىلەنگەن چاپار :

— مەنمۇ شۇ يەردە دەم ئېلىش ياخشىراق دەپ
ئويلايمەن ، — دېدى ۋە خالتىسىنى قارا بۇركۇتكە بەردى . ئۇ بىر
چەتكە بېرىپ ، دەرەخنىڭ ئاستىدىكى مايسىغا ئۆزىنى تاشلىدى ۋە
خورەك تارتىپ ئۇخلاپ قالدى .

قارا بۇركۇت ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى ئېگەرنىڭ قېشىغا ئېلىپ :
— ئالغا ! — دەپ ۋارقىرىدى . پۈتۈن ئاتلىقلار يول بويلاپ يەنە شاھنىڭ پايتەختى تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كېتىشتى .
قارا بۇركۇت ھەمراھى بولغان ئاتلىقلار بىللە سارايىنىڭ ئېگىز دەرۋازىسى تەرەپكە ئات چاپتۇردى ، پادشاھنىڭ قىزىدىن مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلگەن چاپارغا ھەممە ئىشىكلەر ئېچىلدى . ھەرەمدە قەدىمدىن خىزمەت قىلىپ كەلگەن ھەرەم بېگى ئاچقۇچلار-نى شاراقلىتىپ ، چاپارنى ئايلانما يوللار بىلەن باشلاپ ماڭدى . قارا بۇركۇت ئەمدى ئەلنىڭ مۇدھىش ھۆكۈمرانى ئالدىدا بولۇشى لازىم ئىدى . شۇ چاغدا يىگىت تۇيۇقسىز تامنىڭ ئارقىسىدىن : «ياردەم بېرىڭ ! ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى سائىتى يەتتى !» دېگەن ئايال كىشى-نىڭ ئاۋازىنى ئۇپئوچۇق ئاڭلىدى .
قارا بۇركۇت ۋەھىمە ئەكس ئەتكەن ۋە شەپقەت سورىغان بۇ يۇمشاق ئاۋازنى تونۇماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى ! ئۇ جاللاتلىدىن سوۋغا قىلغان قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ ، قېرى ھەرەم بېگىنىڭ بېشىدا ئوينىتىپ ، ئىشىكنى ئېچىشنى بۇيرۇدى . قارا بۇركۇت يولۋاستەك سەكرەپ ، زىچ قىلىپ گىلەملەر سېلىنغان ئۆيگە ئۆزىنى ئۇردى . ئۇ شاھنىڭ تۇركمەن قىزىنى تەھقىر قىلىش-قا جۈرئەت قىلغانلىقىغا قانائەت ھاسىل قىلغانلىقىدىن ، چىپىپ تاشلىماقچى بولۇپ ، ئۇنى ئىزدىدى . بىراق ، ئۆيدە ھېچكىم يوق ئىدى . بۇلۇڭدا ئىران شاللىرىنىڭ ئۈستىدە قارا خاللىق سېرىق قاپلان ياتاتتى ، ئۇ گىلەمنى تىرناقلىرى بىلەن تاتىلاپ پارچىلاپ تاشلاشقا ھەرىكەت قىلىۋاتقاندا ، ئۇنىڭ تېگىدىن بوغۇق نالە ئاڭلاندى .
يىگىت قىلىچ بىلەن ئىككى قېتىم ئۇرۇپ ، يىرتقۇچ ھايۋاننى ئۆلتۈردى ۋە گىلەمنى چۆرۈپ تاشلىدى . ئۇنىڭ ئالدىدا رەڭگى ئۆچۈپ تاتىرىپ كەتكەن گۈلجامال دەم ئالالماستىن ياتاتتى .
«قانداق ياۋۇز ، ئاجىز قىزنىڭ ئالدىغا يىرتقۇچ ھايۋاننى

قويۇۋېتەلىدى !» دەپ ۋارقىرىدى قارا بۇركۇت ۋە شۇ ۋاقىتقىچە پىكرى ـ زىكرىنى ئۆزىگە تارتىپ كەلگەن قىزنىڭ ئۈستىگە ئېتىلدى. ئۆيگە يوغان ـ يوغان قەدەم تاشلاپ شاھ كىردى، ئۇ غەزەپكە تولۇپ، سۆيۈملۈك قاپلىننى چېپىپ تاشلىغان يىگىتنى شۇ زاماتلا ئۆلتۈرۈپ تاشلىماقچى بولدى، لېكىن قارا بۇركۇت جىددىيلىك بىلەن ئۇنىڭغا خەتنى ئۇزاتتى. سەمەرقەندتىكى قوزغىلاڭ ۋە قىزنىغا بولغان ھۇجۇم خەۋىرىنى بىلىپ تەئەججۈپتە قالغان شاھ ئىسيانىنى باستۇرۇش ۋە ئىسيانچىلارنى جازالاش، سەپەرگە ئاتلىنىشقا تەييارلىق كۆرۈشكە قوشۇنبېشىغا بۇيرۇپ، يىگىتكە ئارتۇقچە ئېتىبار قىلماي قويدى. قارا بۇركۇت بولسا گۈلجامالنى ياتقان يېرىدىن تۇرغۇزۇپ كۆتۈرگىنىچە شاپتۇللار ئارىسىدىكى ئاق ئۆيگە ئېلىپ باردى. كېيىن كېنىزەكلەرگە ئەتە سەھەردىن ئابرۇيلۇق كارۋان بىلەن قېرىلار كېلىپ، گۈلجامالنى ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

لېكىن، ئەتىسى قېرىلارنى گۈلجامالنىڭ يېنىغا كىرىشكە قويۇشمىدى ۋە سارايدىن ئىتتىرىپ چىقىرىشتى. ئۇلارغا گۈلجامال بۈيۈك پادىشاھنىڭ ھاياتىغا سۇيىقەست قىلغانلىقى ئۈچۈن، تاشتىن ياسالغان «ئەبەدىي جۇدالىق مۇنارى» غا قاماپ قويۇلغانلىقىنى ۋە بۇ يەردە «ئۇمۇرۋايەت» ياتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى…

— ئۇ بىر قىز شۇ يەردە ئۆلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى كىمدۇر بىرى.

ھاجى رەھىم ئاۋازىنى پەسەيتىپ دېدى:

— ياق، گۈلجامال ھېلىمۇ تىرىك، ئۇ ئۆرگەنچىنىڭ تاش مۇناردا قامىلىپ يېتىپتۇ. شاھنىڭ رەھىمسىز ئانىسى تۇركەن خاتۇن ئۇنى بۇ يەردە ساقلاشقا بۇيرۇق بەرگەن، ۋەھالەنكى مومايىنىڭ ئۆزى قورقۇنچاقلىق قىلىپ، خارەزمنىڭ پايتەختىدىن قېچىپ كەتكەن. مېڭىسى يوق قازىلار، رەئىسلەر ۋە ياساۋۇللار كۆرۈمسىز مەلىكىنىڭ ئەمرىنى ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلالماي، گۈلجامالنى ۋە بىر مۇنچە باشقا گۇناھسىز ئەسىرلەرنى قاماقتا

ساقلاپ تۇرىدۇ.
گىلەمنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان «قارا ئاتلىق» ئورنىدىن تۇ-
رۇپ:
— دەرۋىش، قېنى ماڭا ئېيتقىنا، بۇ ۋەقەلەرنى قەيەردىن بىلىسەن؟ سەن سۆزلەپ بەرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى چۆچەك ئەمەس، بولغان ۋەقەغۇ، — دېدى.
— بىز جاھانكەچتە ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا تەمتىرەپ يۈرۈپ، ھەر خىل سۆھبەتلەرنى ئاڭلايمىز. بۇنىڭدىن تاشقىرى، چۆل - باياۋانلانىڭ شامىلى بۇ چۆچەكنى بىر نەچچە قېتىم ماڭا كۈيلەپ بەرگەنىدى.
«قارا ئاتلىق» ئولتۇرغانلارغا مۇراجىئەت قىلىپ:
— بەگزادە - يىگىتلەر، سەپەرگە تەييارلىنىڭلار، تاڭ ئېتىشى بىلەن ئۈرگەنچكە ماڭىمەن! — دېدى.
— ئەگەر ئۈرگەنچكە بېرىشنى خالىساڭ، ئىلدام بارغىن، تاتار خانىنىڭ ئوغۇللىرى چوڭ قوشۇن بىلەن ئۈرگەنچكە ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار قەلئەنى ھالقىدەك قىلىپ ئورىۋالسا، ئۇ چاغدا شەھەرگە كىرەلمەيسەن، — دېدى ھاجى رەھىم.
— دەرۋىش، سەن مېنىڭ بىلەن بىللە بارىسەن، — دەپ «قارا ئاتلىق» سۆز باشلىدى، — مەن ساڭا ۋە سېنىڭ ھەمراھىڭغا بىر جۈپ ئات بېرىمەن، ئۈچ كۈندىن كېيىن بىز ئۈرگەنچ دەرۋازىلىرىنىڭ ئالدىدا بولىمىز. ھەمراھلىرىم، سىلەر مېنىڭ يولداشلىرىم، ئۆز جايىڭلارغا كېتىڭلار، مېنىڭ چاقىرىقىمنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار، مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا قايتىپ يەنە بارىمەنمۇ ياكى ئەزرائىل جېنىمنى ئېلىپ، مېنى جەھەننەمگە تاشلامدۇ، بۇ تەرىپىنى بىلىپ بولمايدۇ.

## ئالتىنچى باب

# چىڭگىزخاننىڭ ئۈچ ئوغلى ئۈرگەنچنى تالىشىپ بىر - بىرىگە دۈشمەنلىك قىلدى

چىڭگىزخان كەنجە ئوغلى تولۇي خانغا قەدىمكى شەھەر مەرۋنى بېسىۋېلىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. كېيىن چوڭ ئوغلى جۇچى، چاغاتاي ۋە ئۆگەتەيگە خارەزمنىڭ پايتەختى ئۈرگەنچنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن مېڭىشقا رۇخسەت بەردى.

كارۋانلاردىن پۈتۈن جاھانغا سىلىق ماتالارنى ئەۋەتىپ تۇرىدىغان، ئۆز ساۋۇتلىرى ۋە باشقا قىممەتلىك ماللىرى بىلەن داڭقى كەتكەن مۇسۇلمان ئۆلكىسىنىڭ بۇنداق باي شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشنى پۈتۈن موڭغۇللار ئارزۇ قىلاتتى. ھۇجۇمغا قاتناشقان ھەر بىر كىشى ئۇياقتىن كەم دېگەندە يىپەك كىيىملەر، ياقۇت ۋە ئېسىل مارجاندىن قىلىنغان زىبۇ زىننەتلەر، تۈرلۈك قاچىلار ھەمدە كەم ئۇچرايدىغان بويۇملار ئارتىلغان ئىككى ئات ياكى تۆگە ئەكېلىشى كېرەك. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ھەر بىر كىشى ئۆز يۇرتىدىغا بىر قانچە ھۈنەرۋەن قۇلنى ھەيدەپ كېتىشى، بۇ قۇللار بولسا ماتا توقۇشى، ئۆتۈك ياكى جۇۋىلارنى تىكىشى، ئۇلارنىڭ ئىگىلىرى بولسا شۇ ياقتىن ئېلىپ كەلگەن گىلەمنىڭ ئۈستىدە يانپاشلاپ يېتىۋېلىپ، ئۈرگەنچتىن ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەلگەن سازەندىلەرنىڭ تەمبۇر چالغانلىقىنى ئاڭلىشى كېرەك ئىدى.

باي خارەزم ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدىكى جەيھۇن دەرياسىنىڭ

قىرغاقلىرىغا يۈرۈش قىلغان موڭغۇل قوشۇنى شۇنداق دەپ ئارزۇ قىلاتتى.

چاغاتاي بىلەن ئۆگەتەي بۇ شەھەرنى ئاكىسى جۇچىدىن بۇرۇن بېسىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ يولغا چۈشتى. ئۇلۇغ قاغاننىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، دەشتى قىپچاق بىلەن پۈتۈن خارەزم جۇچى خانغا بويسۇنۇشى كېرەك ئىدى.

بولغۇسى پايتەختتە بايلىقلارنى تەقسىملەشتە ئۆكىلىرىنىڭمۇ شېرىك بولۇشىغا رۇخسەت قىلغانلىقىدىن ئاچچىقى كەلگەن جۇچى خان ئالدىرىماسلىققا قارار قىلدى. ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن مەشغۇلاتى بولغان ياۋايى ئاتلارنى ئوۋلاپ يۈرۈپ:

— بەرىبىر ئۇلار ئۇرگەنچنى مېنىڭسىز ئالالمايدۇ، باشلىرى يېرىلىدۇ، — دېدى.

ئىچى تار ۋە ئاچ كۆز چاغاتاي بولسا بىر ئەيشۇئىشرەت سورۇنىدا:

— جۇچىغا ناھايىتى چوڭ ھەسسە تەگدى، ھەممە ياخشى نەرسىلەرگە بىر ئۆزى ئىگە بولماقچى. مەن ئۇرگەنچنى ئۇنىڭغا بېرىپ قويمايمەن، ئاۋۋال ئۇنى خاراب قىلىمەن، — دېدى.

خارەزم شاھلار ئەۋلادىنىڭ پايتەختى بولغان ئۇرگەنچ شەھىرى قىپچاق خانلىرى، باي سودىگەرلەر، ئۇستا ھۈنەرۋەنلەر ۋە تۈرلۈك قەبىلىلەردىن بولغان قۇللارغا تولغان شەھەر ئىدى. موڭغۇللار ماۋەرائۇننەھرگە باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن، شەھەر قىيىن ئەھۋالدا قالغانىدى.

شەھەر باشقۇرۇشنى ئۆز قولىدا قاتتىق تۇتقان تۈركەن خاتۇن قاچقان ۋە خارەزم شاھلار ئەۋلادىنىڭ پۈتۈن قېرىنداش - ئۇرۇقلىرى كېتىپ قالغاندىن كېيىن، خەلقى كۆپ پايتەختنىڭ ئىدارە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قىپچاق باشلىقلارنىڭ قولىغا قالدى. بۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر ئاي، ھەتتا بىر كۈن بولسىمۇ، مۇسۇلمان ئۆلكىسىگە ئالىي ھۆكۈمدار بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق، خانلار بىلەن بەگلەر بىر - بىرى بىلەن تالىشىپ يۈرگەندە، قىپچاق

بېگى خۇمار تېگىن ئاق كىگىزگە سېلىپ كۆتۈرۈشلىرىنى كۈتۈپ تۇرماستىنلا، ئۆزىنى «خارەزم سۇلتانى» دەپ ئېلان قىلدى. ھەممە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى، مويسىپىت ئىماملار مەسچىتلەردە ئۇنىڭ نامىنى زىكىر قىلىشقا باشلىدى.

خارەزمنىڭ يېڭى قاغانى خۇمار تېگىن دەسلەپ ئىسلام دىنى ئۇستىدە ھۆكۈمرانلىق قىلدى: ھەر كۈنى مەسچىتكە كېلىپ تائەت - ئىبادەت قىلمايدىغانلارنى تېپىپ ۋە مۇنارغا قاماپ جازالاشنى بۇيرۇدى، پۈتۈن شەھەر بويلاپ قوراللىق پايلاقچىلار بىلەن بىللە رەئىسلەر يۈرۈشۈپ تاياق بىلەن تەرتىپ ئورنىتاتتى ۋە يېتەرلىك تائەت - ئىبادەت قىلمايدىغان كىشىلەرنى جازالىدى. يېڭى سۇلتان شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن باشلىق قىلىپ ئۆز قېرىندىشى ئەلائىددىن ئەل ھاياتنى تەيىنلىدى ۋە يېڭى سېلىقلار ھېسابىدىن كېچىلىك قاراۋۇللارنى كۆپەيتوردى. بىراق، شەھەردە ئوغرىلىق زادى كېمەيمىدى، خۇسۇسەن ئاشلىق ۋە شال ئامبارلىرى كۆپرەك تالاندى، ۋەھىمە كۈچەيدى. ھەممە كىشى: «دەھشەتلىك موڭغۇل ئاتلىقلىرى تۇيۇقسىزلا كېلىپ قالسا، چوڭ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ھالى نېمە بولىدۇ» دەپ تەشۋىشلىنەتتى.

سۇلتان خۇمار تېگىن مەسچىتلەردە ئىماملارنى ۋەز - نەسىھەت قىلدۇرۇپ، موڭغۇللار ئۈرگەنچكە ئەسلا يېقىن كەلمەيدۇ، ئۇلار بۇخارا، سەمەرقەند ۋە مەرۋ شەھەرلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ كۆزلىرى تويدى، ئەمدى ئۆز سەھرالىرىغا قايتىشقا تەييارلىق كۆرمەكتە، دەپ جاكارلاپ خەلقنى تىنچلاندۇراتتى.

ئۈرگەنچ گويا بۇرۇنقىدەك ھايات كەچۈرەتتى: ھەر كۈنى مەزىن ئېگىز مۇنارغا چىقىپ ئەزەن ئېيتاتتى، بازارلاردا سودىگەرلەر ماللىرىنى يېيىپ قويۇشۇپ خېرىدارلار چاقىرىشاتتى، شۇنىڭدەك تار كوچىلاردا خالايىق توختاۋسىز ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. لېكىن، شەھەردە سودا - سېتىق ۋە كاسىپلىق ئىشلىرى كۈندىن - كۈنگە سۇسلىشىپ كېتىپ باراتتى.

سودىگەرلەر بازارنىڭ تايىنى يوقلۇقىدىن شىكايەت قىلىشات-

تى ، بەزىلىرى بولسا سودا ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يىغىشتۇ-
رۇپ قويۇشقانىدى . خېرىدارلار نەرخ ـ ھاۋانى سوراپ باشلىرىنى
چايقىشاتتى ، لېكىن ماللارنىڭ نەرخى يېرىم باراۋەر چۈشكەن بول-
سىمۇ ، سېتىۋېلىشقا كۆچى يەتمەيتتى .
پەقەت ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنىڭ نەرخىلا ئۆسۈپ كەتكەنلىكتىن ،
ئادەملەر بازارغا مال كىرمەي قېلىشتىن ئەنسىرەپ ، ئالدىراشلىق
بىلەن ئۇن ، تېرىق ، مېغىزلارنى سېتىۋېلىشاتتى .
تۆت كوچىلارنىڭ بېشىغا توپلانغان كىشىلەر پىچىرلىشىپ :
— تاتارلار يېقىنلىشىپ قاپتۇ ، ئۇلار كۆپ كۈچ بىلەن كېلە-
شىۋاتىدۇ . تاتارلار شەھىرىمىزنى ئورىۋالىدىكەن ، سېپىللار ئېگىز
ۋە مۇستەھكەم بولغىنى ئۈچۈن ، بۇ ئەھۋال ئۇزاققا سوزۇلىدىكەن .
بىز ھەممە قوي ۋە ئاتلىرىمىزنى يەپ بولغاندىن كېيىن ، ئەھۋالى-
مىز نېمە بولىدىكىن ؟ قاياققا قاچىمىز ، نەگە يوشۇرۇنىمىز ؟ —
دېيىشەتتى .
ھەر خىل مىش ـ مىش خەۋەرلەردىن شەھەرلىكلەر بىردەم
تەشۋىشلىنەتتى ، بىردەم خۇشال بولۇپ شۇنداق دېيىشەتتى :
— جالالىددىن بەش يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلاپ ،
ئۈرگەنچكە قاراپ كېلىۋېتىپتۇ . ئۇ تاتارلارنىڭ چوڭ قوشۇنىنى
تارمار قىلىپتۇ ، ئۇلار بولسا شەرققە قاراپ قېچىشىپتۇ...
— تاتارلار قورغاننىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ ، ئۇنى ئالالمايدۇ .
ئۈرگەنچنى ئېلىپ بولاتتىمۇ ؟ ئۇلار شىمالغا قاراپ كېتىدۇ ، بۇنى
قېرىلار بىلىشىدۇ ... — دېيىشتى بەزىلەر .
شەھەردىن تۆگە كارۋانلىرى چىقىشقا باشلىدى . تۆگىلەردە
يۈكىنىڭ ئورنىغا سۆكەن ئارتىلغان ، ئۇلاردا تۈركمەن يۇرتىدىكى
مانغىشلاققا كېتىۋاتقان خوتۇنلار ۋە باللار قاراپ كېتىشىۋاتاتتى .
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، شەھەرگە ئاتلاردا ، هارۋىلاردا ۋە ئې-
شەكلەردە باشقا كارۋانلار كىرىشىپ ، ئۈرگەنچنىڭ مۇستەھكەم ۋە
ئېگىز قورغىنىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇشقا ئالدىرىشاتتى . بۇلار ئۆز
قورۇ ـ جايلىرىدىن قاچقان ئاتاقلىق بەگلەرنىڭ بالا ـ چاقىلىرى

ئىدى.
بازاردا ناۋايلار كېمىيىپ، ناۋايخانىلار يېپىلىشقا باشلىدى، قوي ۋە ئاتلارنىڭ نەرخى ئۆسۈپ كەتتى، ھەتتا ئاددىي ئېشەكنىڭ باھاسى ياخشى ئاتنىڭ ئاۋۋالقى باھاسىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى.
موڭغۇللار چۈش ۋاقتىدا شەھەردە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قې-لىشتى، قانداق ۋەقە بولغانلىقىنى ھېچكىم چۈشىنەلمەي قالدى. چۆلدىن پادا ھەيدەپ يانغان كۆچمەنلەر جەنۇب تەرەپتىكى دەرۋازا ئالدىدىن ئۆتۈشەتتى، شەھەرگە كىرىش ئۈچۈن، پادىچىلار قارا-ۋۇللارغا ھەق تۆلىگۈچە قوي ۋە ماللار كۆۋرۈكنىڭ ئالدىدا توختىدى.
تۈركمەنگىمۇ، قىپچاققىمۇ ئوخشىمايدىغان باشقىچە كىيىنگەن ئىككى يۈزگە يېقىن ئاتلىق پادا كۆتۈرگەن چاڭنىڭ ئىچىدىن ئوق-تەك ئېتىلىپ چىقىشتى. بۇ كىچىككىنە، لېكىن ئۇچقۇر ئاتلىقلار قويلارنى ئاتلىرىغا ئارتىۋالاتتى، پادىچىلار بىلەن تالىشىپ ۋە مۇشتلىشىپ قاراماللارنى ھەيدەپ كېتىشەتتى.
كېيىن ئاتلىقلار ئۆزلىرى بىلەن قارشىلاشقان بىر نەچچە پادىچىنى چېپىپ تاشلاشتى ۋە ئالدىرىماستىن قامچىلىرىنى ئوينى-تىپ، پادىنى شەھەرگە كىرگۈزمەستىن قايتۇرۇپ ھەيدەپ، چوڭ ئېرىقنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ ئاستاغىنا نېرىغا كېتىشتى.
شەھەر ھاياجان ئىچىدە قالدى. سۇلتان خومار تېگىن ئوغرى-لارنى قوغلاپ تىرىك تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن، مىڭغا يېقىن قىپچاق-نى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەۋەتتى.

## يەتتىنچى باب

# قارا خەنجەر چۆچەكنى يەشمەكچى

*گۈزەل جامالىڭغا خۇشتارمەن، شېرىن سۆزۈڭگە خۇمارمەن.*

(پارس قوشىقى)

موڭغۇللاردىن ئېھتىيات بولۇش ئۈچۈن، قارا خەنجەر قۇملار ئارقىلىق جەيھۇن دەرياسى تەرەپكە ماڭدى. يىراقتىن تۇرنىدەك سوزۇلۇپ كېتىۋاتقان موڭغۇل قوشۇنلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شىمال تەرەپكە كېتىشىپ باراتتى. قۇم ئۈستىدە ئارقىغا قايتىشقا، يىراق مۇساپىنى ئايلىنىپ ئۆتۈشكە، ھەممە تەرەپتىن بېسىپ كېلىۋاتقان موڭغۇللاردىن قورقۇشۇپ، قىزىل قۇم سەھراسىدا قېچىپ كېلىۋاتقان كۆچمەنلەردىن سورۇشتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى.

ئايپاپىتا قارىيىپ كەتكەن، قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن يوغان پاپاخ كىيىۋالغان ئىككى كىشىمۇ قارا خەنجەر بىلەن بىللە كېتىپ باراتتى. بۇلارنىڭ بىرى خاپا يۈرگەن بىر بالا، يەنە بىرى ساقاللىق دەرۋىش ئىدى.

كېچىسى ئاينىڭ خىرە يورۇقىدا، يولۇچىلار يېيىلىپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ بويىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇلار قومۇشلارنىڭ ئارىسىدىن توڭگۇزلارنىڭ ئىزى بىلەن مېڭىپ، سۇنىڭ بويىغا چىقىپ قېلىشتى. تۇمشۇقى چوقچايغان بىر نەچچە كېلەڭسىز كېمىلەر ئۇلارنىڭ يېنىدىلا ئۈزۈپ يۈرەتتى، ئۇلاردا ئادەملەر، ئاتلار، قويلار بار ئىدى. «كېمەڭلەرگە بىزنىمۇ چۈشۈرۈۋېلىڭلار!»

دېگەن يالۋۇرۇشلارغا : «جاي يوق ، سىلەرگە ئاللا ئۆزى ياردەم قىلسۇن !» دەپ جاۋاب قايتۇرۇشاتتى .

بىر قېيىقتىن : «باشقا كۆلپەت چۈشكەندە ، مۆمىنلەر مۆمىنلەرگە ياردەم بېرىشى كېرەك !» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە كېمىچى كېمىنى قىرغاققا قاراپ ھەيدىدى ، ئۇ ھەممىنى ئۇرگەنچكە ئاپىرىپ قويۇشقا رازى بولدى .

— كىراغا قانچە پۇل ئالىسەن ؟ — دەپ سورىدى قارا خەنجەر .

— نېمە دەپ ۋالاقلاۋاتىسىز ، بۇ ! بۇگۈن پۇلنىڭمۇ ، بۇيۇمنىڭمۇ قەدىر - قىممىتى قالمىدى . ئۇ نەرسىلەر ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ . ھازىر سېنىڭمۇ ، مېنىڭمۇ بېشىمىزغا كۆلپەت چۈشكەن چاغ ، مېنى ۋەيران قىلىشتى ، بالا - چاقىلىرىمنى چېپىپ تاشلاشتى . پۇلنى نېمىمۇ قىلاتتىم ، كېمگىمۇ كېرەك قىلىمەن ؟ كېمىگە چۈشۈڭلار !

يولۇچىلار ئاتلىرى بىلەن مۇستەھكەم كېمىگە چۈشتى ، كېمە كەڭ جەيھۇننىڭ دولقۇنلۇق لاي سۈيىدە ئىرغاڭلىغىنىچە ئۈزۈپ كەتتى ، بەزىدە ئوڭ قىرغاقتا موڭغۇل قورۇقچىلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى ، شۇ چاغدا كېمە ئۆزىنى سول قىرغاققا ئالاتتى . تۆت كۈندىن كېيىن كېمە ئۇرگەنچنى ئىككى قىسمىغا — ئېگىز سېپىللىك كونا شەھەرگە ۋە ئۆيلىرى ئۈجمىزارلىقنىڭ ئىچىدە كۆمۈلۈپ ياتقان يېزىدىن ئايرىلىپ تۇرغان كەڭ قانالغا چىقىۋالدى .

قارا خەنجەر پوتىسىنىڭ قېتىدىن تېرە ھەميانىنى ئېلىپ ، ئون تال ئالتۇن دىنارنى ساناپ ، كېمىچىنىڭ قولىغا بەردى .

— بىلمەيمەن ، سېنىڭ بىلەن يەنە كۆرۈشىمىزمۇ ، يوق ؟ ئېيتقىنا ، ئېتىڭ نېمە ؟

كېمىچى مىيىقىدا كۈلۈپ ، باش كىيىمىنى ئارقىسىغا سۈرۈپ قويدى .

— مېنىڭ ئېتىم كەرىمقۇل ، كەسپىم تۆمۈرچى . سەن ئېتىڭنى ئېيتمىساڭمۇ ، مەن تونۇپ تۇرۇپتىمەن . سېنىڭ كېيىككە ئوخشاش نازۇك ئاياغلىق ئېتىڭ ، نامى چۆچەكلەردە زىكىر قىلى-

ىنىپ ، قوشاقلاردا ئېيتىلىپ يۈرگەن كىشىگە قاراشلىق . ئەگەر سەن بۇ يەردە مەجۇسىيلەرگە قارشى ئۇرۇشساڭ ، مەن كېلىپ ساڭا قوشۇلىمەن .

ئۇنىڭ سۆزى قارا خەنجەرنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى . ئۇ يىراقلارغا ئەستايىدىل تىكىلىپ قارايتتى ، قانالنىڭ نېرىقى تەرىپىدە چاڭ بولۇتى يېقىنلىشىپ كېلەتتى .

چاڭنىڭ ئىچىدە ئاتلارنىڭ بېشى ۋە ئاتلارنىڭ يالىغا يېتىۋالغان قىپچاق ئاتلىق ئەسكەرلىرى كۆرۈندى . ئۇلار ۋارقىرىشاتتى ، ئاتلىرىنى قامچىلايتتى . يىراقتىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلغان ، خىرىلدىغان ئاۋازلار كېلەتتى .

يوغان بوز ئات مىنگەن كىشى ئالدىدا چاپتۇرۇپ كېلەتتى ، ئۇ ئېگەردە ئۇياقتىن - بۇياققا چايقىلىپ يىقىلىپ كېتەي دەپ قالاتتى . ئاق سەللە بىلەن سېرىق تونىدا قان داغلىرى بولۇپ ، ئات قىپقىزىل قانغا بويالغان ، بوينىدا بولسا ئۇزۇن ئوقيانىڭ ئوقى ئېسىلىپ تۇراتتى .

قىپچاقلار كۆۋرۈكتىن قويۇندەك ئۆتۈپ كېتىشتى .

— ئۇلار يېقىن كېلىپ قالدى . مانا ، ئارقىمىزدا كېلىۋاتىدۇ ! قوتۇلدۇرۇۋېلىڭلار ! — دېگەن ۋارقىراش ئاۋازى ئاڭلاندى .

قارا خەنجەر دەرۋازىنىڭ ئالدىدا قارا ئايغىرنىڭ تىزگىنىنى تارتتى ، ئۇنىڭ ئېتى ئوقتەك ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئاتلارنى كۆرۈپ ئويناقلايتتى .

قىپچاقلار دەرۋازىغا قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كەتتى ، ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن قارا خەنجەرمۇ ئېتىنى يۈگۈرتۈپ كەتتى . دەرۋازا قاتتىق غىچىرلاپ يېپىلدى ، قاراۋۇللار بولسا ئارقىسىغا يوغان لىملارنى تىرەپ قويۇشتى .

ئاتلىقلاردىن بىرى قاراۋۇللارنىڭ ئالدىدا توختىدى :

— يېڭى سۇلتانىمىز خۇمار تېگىن ، بىزنىڭ ماللىرىمىزنى ھەيدەپ كەتكەن ئىككى يۈزگە يېقىن موڭغۇلنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدى . ئۇلار بىزنى كۆرۈپ قېلىپ ، ئېلىپ كەتكەن پادىنى

تاشلاپ ، خۇددى قورققان تۈلۈم چاشقاندەك قېچىشتى . ئۇلارنىڭ تۇزاق قۇرۇپ ، بىزنى ھالاك قىلماقچى بولغانلىقىنى كىم بىلسۇن دەيسىلەر ! پىستىرما بولۇپ ياتقان ئىككى مىڭغا يېقىن قوتۇرغان مەجۇسىيلەر تىللالىق سارايىنىڭ يېنىدا بىزگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قالدى . ئۇلار بىزنى ھەر تەرەپتىن ئورىۋېلىپ ، يىراقتىن ئۇزۇن ئوقيالىرىنى ئېتىپ بىزگە زەربە بېرىشتى ، ئاتلىق ئەسكەر- لىرىمىزنى توگەشتۇرۇۋەتتى ، ئاتلارنى تۇتۇۋېلىشتى ، باتۇرلىرى- مىزنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە ھالاك بولۇشتى ! ئادەملىرىمىزدىن قالغىنى مانا شۇلارلا ، سۇلتانىمىز بىزنى نېمىشقا شۇنداق قىرغىن- چىلىققا ئەۋەتتىكىن ؟ — دېدى .

— نېمىشقا شۇنداق بىر مەخلۇقنى سۇلتان قىلى- ۋالدىڭلار ؟ — دەپ خىتاب قىلدى قارا خەنجەر .

سۇلتان توغرىسىدا بۇنداق سۆز قىلىشقا جۈرئەت قىلغان كىم- كىن ، دەپ ھەممە قايرىلىپ قارىدى .

قارا خەنجەر يەنە ۋارقىرىدى :

— تەڭرىنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغان ۋە قورقۇنچاقلىق قىلغان ياۋۇز پادىشاھ تۈركەن خاتۇن ۋە ئۇنىڭ ھەممە شېرىكلىرى خارەزم- دىن قوغلاندى . سېمىز شاھ مۇھەممەد قاچتى ، ئەمدى ئۇنىڭ ئۆلۈكى ئىتلارغا يەم بولدى ! بارلىق چىلبۆرىلەر نەسلىنى بوران يەر يۈزىدىن سۈپۈرۈپ تاشلىغان بىر ۋاقىتتا ، سىلەر يېڭى قاراڭ- چۇق خۇمار تېگىننى سۇلتان قىلىپ كۆتۈردۈڭلار ! ئازراق ئەقلى بار ئادەم قوتۇر ئۆچكىنىمۇ ئىشىنىپ ئۇنىڭغا تاپشۇرمايدىغان بىر ۋاقىتتا ، سىلەر ئۇنى قوشۇنبېشى قىلدىڭلار ، شەھەرنى ھىمايە قىلىشنى ئۇنىڭغا تاپشۇردۇڭلار !... سىلەر قۇل ! بېشىڭلاردا تاياق ئوينىمىسا تۇرالمايسىلەر...

قارا خەنجەرنىڭ ھەمراھلىرىدىن بولغان ئىككى يىگىت ئۇنى ئاگاھلاندۇردى :

— بولدى ، قارا خەنجەر ! ئۇپچۆرىمىزنىڭ ھەممىسى قىپچاق ، ھەممىسى شاھقا قېرىنداش بولىدۇ . بۇ يەردىن كېتەيلى !

دەرۋازىنىڭ ئالدىدىكى ئەسكەر ۋە قورۇقچىلار «قارا ئاتلىق» نىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— راسا يۈرەكلىك يىگىتكىنە! ئۇ بار ھەقىقەتنى ئېيتتى. خۇمار تېگىن ئىلگىرى ئۆزىنى ئۇرۇشتا زادى كۆرسەتكەنمىدى، ئۆزىنىڭ خالىسلىقى ياكى ئەقلى بىلەن پەرق قىلغانمىدى؟ ئۇنىڭ ھەممە كۈچى شۇنىڭدا ئىدىكى، ئۇ شاھ تۇركەن خاتۇننىڭ ئارقىسىدىن سۆرىلىپ يۈرەتتى. سۇلتانىمىز شۇنداق بولغاندىن كېيىن، ئەھۋالىمىزنىڭ نېمە بولۇشى مەلۇملۇق.

قارا خەنجەر ئۈرگەنچنىڭ چوڭ كوچىسىدا ئاستا كېتىۋېتىپ، قارا، دەھشەتلىك كۆزلىرى بىلەن خالايىققا كۆز سالاتتى. ئۇ ھەمراھىغا:

— بازارغا بېرىپ مەردانىنىڭ چايخانىسىنى تېپىڭلار، ئۇنى ھەممە بىلىدۇ، مېنى ئۇ يەردە كۈتۈڭلار. ھازىر ئۆزۈم يالغۇز بارىمەن، — دېدى.

بازاردىكى دۇكانلارنىڭ يېرىمى يېپىق ئىدى. يىپەك ۋە يۇڭدىن توقۇلغان نېپىز گەزماللار دۆۋىلىنىپ ياتقان جايلاردا، ئەمدى سودىگەرلەر خېرىدار تاپالمايتتى، ئۇلار قايغۇ - ھەسرەتتە چۆرگىلىشىپ، ئەھۋالىمىز نېمە بولىدىكىن، دەپ ئولتۇرۇشاتتى.

— ئەگەر دۈشمەن شەھەرنى قامال قىلىدىغان بولسا، سودىمىز كاسات بولىدۇ. كاپىرلار ۋەھشىي ھايۋاندەك شەھەرگە كىرىشىپ، ھەممە نەرسىلەرنى بېسىۋېلىۋاتقان بىر چاغدا، بىرەر نەرسە سېتىۋېلىشقا كىمنىڭمۇ قولى بارىدۇ؟ تېخى ئۆزىمىزنىڭ بېشى ئامان قالامدۇ، يوق؟

«ئۆلۈم مۇنارى» خارەزم شاھ سارىيىنىڭ يېنىدا ئىدى، ئۇنىڭ بىر تەرىپى مەيدانغا چىقاتتى. قارا خەنجەر ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ كېتىۋېتىپ، كىچىككىنە تۈڭلۈككە قاراپ ئويلايتتى: «سەھرايدىمىزنىڭ گۈلى قەيەردىكىن، قايسى پەنجىرىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغانكىن؟ تىرىكمىكىن؟ ئەگەر تىرىك بولسا يېقىملىق يۈزلىرى، يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى ۋە قىزلارغا خاس مۇلايىم بىلەكلى-

رىنى كۆرەرمەن؟ بۇ دەھشەتلىك مۇناردا ئادەملەر ئەقلىدىن ئادى-
شىدۇ، خوتۇنلار بولسا موماي بولۇپ قېلىشىدۇ... ئېھتىمال،
گۈلجامالمۇ كىشەندىدۇر...» ئۇنىڭ ئەزايى - بەدىنى شۈركۈنۈپ
كەتتى. گۈلجامالنى شۇ ئەھۋالدا كۆرۈشتىن كۆرە، ئۇرۇشتا تىن
تارتماي ئۆلگەن ياخشىراق...
مۇنار پەلەمپىيىنىڭ يېنىدىكى پاكارغىنا تۆمۈر ئىشىككە يې-
قىن جايدا، كونا ئەگرى قىلىچىنى تىزىغا قويۇۋالغان ساقاللىق
قاراۋۇل مۈگدەپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ يېنىدا گىلەمدە بىر نەچچە
تال چاۋات نان ۋە چۆچەكتە ئىككى تال قارا مىس دەرخەم تۇراتتى.
مەھبۇسلارنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇلاردىن خەۋەر ئالماي قويۇشتى!
ئۇلار قانداق قىلىپ بولمىسۇن، پەقەت ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش
توغرىسىدىلا ئويلىشىدۇ. تۈگۈلۈكتىن سۆڭەكتەك بولۇپ قالغان
قوللار كۆرۈندى ۋە ئاۋازلار ئاڭلاندى:
— ھاي بوۋاي، قېنى بۇياققا كەلگىنە! — دېدى قاراۋۇلغا
قارا خەنجەر.
بوۋاي كۆزىنى ئېچىپ ئاپئاق ساقىلىنى تىترەتتىدە - دە،
ئورنىدىن تۇرغۇسى كەلمەي يىگىتكە قارىدى.
— نېمە دەيسەن؟
قارا خەنجەر بوۋاينىڭ ئالدىغا يېقىن باردى، بوۋاي ئورنىدىن
تۇردى.
— مانا بۇ پۇلنى ئېلىپ، زىندانغا قانچە يېڭى مەھبۇس
كەلگەنلىكىنى ماڭا ئېيتىپ بەرگىن.
— قانچە مەھبۇس كەلگەنلىكىنىڭ ساڭا نېمە كېرىكى بار؟
— ئەتىمالىم، كونا مەھبۇسلاردىنمۇ ئاز قالغان بولسا كې-
رەك؟
— كىمكى پاسكىنىلىق، سالجا ۋە ئاچلىقتىن ئۆلمىگەن بول-
سا، تېخى ئاز - پاز ئۈمىدى بار.
— مانا بۇ پۇلنىمۇ ئالغىن. ماڭا مەھبۇسلارنىڭ ئارىسىدا
خوتۇن - قىزلاردىن بار - يوقلۇقىنى ئېيتىپ بەرگىن.

— ئىككى موماي بار، بۇلارنى يېڭى سۇلتان قامىغان، چۈنكى ھەر ئىككىسى جادۇگەرلىك قىلىپ، سۇلتاننى كېسەل قىلماقچى بولغانىكەن.

— ياش جوكانلاردىن يوقمۇ؟

— نېمىشقا بۇنچە سوراپ قالدىڭ؟ ئۆزۈڭ كىمسەن، سەن قازىمۇ، جاللاتىمىشمۇ ياكى ئىمامىمۇ سەن؟ سېنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشقا ھەددىم يوق. بەلكى سەن قاراقچىدۇرسەن، باشقا باش كېسەرلەرنى قۇتقۇزماقچىدۇرسەن. مانا پۇلۇڭنى ئال، بۇ يەردىن كەت.

قارا خەنجەر قاراۋۇلنى قامچا بىلەن ئۇرماقچى ئىدى، لېكىن بىرى ئۇنى تۇتۇۋالدى، ئۇ ئۆرۈلۈپ قارىدى. چاچلىرى ئۆسۈپ مۇرىسىگە چۈشكەن، كونا كۆڭلەك كىيگەن ئېگىز بويلۇق بوۋاي قارا خەنجەرگە چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى.

— سەن بۇ يەرنىڭ تەرتىپ - قائىدىلىرىنى بىلمىگىنىڭ ئۈچۈن، بوۋاي بىلەن مۇشۇ خىلدا سۆزلىشىۋاتىسەن. نېرىراققا بارايلى، پۈتۈن ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىمەن. قارىماسەن، سەن گەپ بىلەن ئاۋارە بولۇپ تۇرغىنىڭدا، دەرۋازىدىن سۇلتاننىڭ ئۇن جاللىتى چىقىپ، ساقچى ھۇجۇم قىلىشقا تەييار ھالدا شۇ تەرەپكە قاراپ تۇرۇپتۇ... بۇ يەردىن ئىلدامراق كېتەيلى، ماڭ، سۆزۈمگە قۇلاق سال.

قارا خەنجەر ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ، بۇ غەلىتە بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. تار كوچىغا يەتكەندە بوۋاي قەدىمىنى تېخىمۇ ئىلداملىتىپ، چاپسانلا ئادەم ئاز قاتنايدىغان كوچىغا بۇرۇلدى. ئۇ بۇ يەردە توختىدى، كېيىن بىر نەچچە چامدام مېڭىپ:

— سەن بىلەن گەپلەشكىنىمگە ھەيران بولمىغىن، مەن بىر يىلدىن بېرى مانا شۇ زىندانغا قاتناپ، ئۇنىڭدا قامىلىپ ياتقان خوجامغا نان توشۇيمەن. ئۇ كىشىنىڭ ئېتى مىرزا يۇسۇپ، خارەزم شاھ مۇھەممەدنىڭ يىلنامىچىسى — تارىخچىسى ئىدى، شاھ ئۇنىڭغا شەپقەت ۋە مەرھەمەت كۆرسەتتى. يىرتقۇچ ۋە زالىم موماي

تۆركەن خاتۇن خارەزمگە خان بولغاندىن كېيىن، قىرلىقى ۋە ئاجىزلىقىغا قارىماستىن، مىرزا يۇسۇپنى زىندانغا سالدى...

— نېمە ئۈچۈن؟

— مىرزا يۇسۇپ ئۆز كىتابىدا ئۇنى «قۇدرەتلىك خارەزمگە قارا داغ» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭ پۈتۈن خائىنلىق ئىشلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى، ئىماملار بۇ ئىشنى شاھقا يەتكۈزدى. ھازىر مەن بىچارە بوۋاينى بېقىش ئۈچۈن، شەھەرنى كېزىپ سەدىقە سوراپ، تاپقان - تەرگەنلىرىمنى ئەكېلىپ تۇرىمەن. مەن بۇ شەھەرگە كوچىلەرنىڭ بېسىپ كىرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتىمەن، ئۇلار ئاھالىلەرنى قىرغىن قىلىپ، قورۇقچىلار چاشقانغا ئوخشاش بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغا قاچقاندا، مەن دەرھال زىندانغا يېتىپ كېلىپ، ئەبلەخ بوۋاينى ئۆز قولۇم بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرىمەن ۋە ھەممە مەھبۇسلارنى، ئۇلار بىلەن بىللە ياتقان قېرى مىرزا يۇسۇپنىمۇ ئازاد قىلىمەن، كېيىن ئۆز ۋەتىنىمگە كېتىمەن.

— ۋەتىنىڭ يىراقتىمۇ؟

— يىراق ئورۇس يۇرتىدىنمەن، بىزنىڭچە سلاۋكو بوۋا دەيدۇ.

قارا خەنجەر خىيالغا چۆكتى.

— ماڭا ئېيتقىنا، بەگ يىگىت، كىمنى ئىزدەپ يۈرىسەن؟ بەلكى ياردىمىم تېگىپ قالار؟ — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى بوۋاي.

— زىنداندا خوتۇنلار جىقمۇ؟ قاراۋۇلنىڭ ئېيتىشىچە، ئىككىلا موماي باردەك.

— يالغان ئېيتىپتۇ! سېنىڭ مۇناردىكى كىچىككىنە تۆتلۈكلەرگە كۆزۈڭ چۈشتىمۇ؟ ئۇ يەردە كىچىككىنە ھۇجرىلار بار. ئۇ يەرگە شاھ ھەرەمىدىكى ئېتائەت قىلمىغان بىر نەچچە خوتۇن قاماپ قويۇلغان.

— ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۈركمەن خوتۇنلاردىن بارمۇ؟

بوۋاي ئويلىنىپ قالدى.

— مەن ھەممىسىنى سوراپ باقاي، بۇ قاراۋۇل پۇلنى ياخشى

كۆرىدۇ . گەرچە كىيىمى يىرتىق بولسىمۇ ، ئۆزى باي . مەھبۇس-
لارغا كەلگەن نەرسىلەرنىڭ يېرىمىنى ئۆزى ئېلىپ قالىدۇ . ئۇنىڭ
ئۆي ـ جاي ، باغۋاران ، ھەرىمىدە سەككىز خوتۇنى بار... مەن ساڭا
بىر ياردەم قىلىپ كۆرەي . دەرەخنىڭ تېگىدىكى كونا ئىشكىنى
كۆرۈۋاتامسەن ؟ ئىلگىرى بۇ يەردە مېنىڭ خوجام ، يىلنامىچى —
تارىخچى مىرزا يۇسۇپ تۇراتتى . مەن ئۇنىڭ ئۆيى بىلەن كىتابلىرى-
نى ئېھتىياتلىق بىلەن ساقلاۋاتىمەن... ئۇنىڭ بەنت زەنكىچە دېگەن
شاگىرتى بار ئىدى . شاگىرتى ئۇنىڭغا كىتاب كۆچۈرۈشتە ياردەم
بېرەتتى ، لېكىن ئۇ ئايال ، بۇخاراغا كەتكىنىچە دېرەكسىز يوق
بولۇپ كەتتى . شۇنداق قىلىپ ئۆزۈم يالغۇز قالدىم...
— مەن ساڭا ئىشىنىمەن ساقلاب بوۋا ، سەن مېنىڭ ھالاك
بولۇشۇمنى خالىمايسەن ، دەپ ئويلايمەن . ئەتە ئەتىگەندە ، مەن شۇ
يەردە بولىمەن .

سەككىزىنچى باب

# ئۈرگەنچنى ئېلىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۈنى بۇزۇش كېرەك

خارەزمگە كەلگەن موڭغۇل قوشۇنى پايتەختنى دەررۇ قامال قىلمىدى. موڭغۇللار ئاۋۋال ئۈرگەنچكە يېقىن بىر يېزىغا چۈ- شۈپ، ئەسىرگە چۈشكەن يېزىلىقلارنى شۇ يەرگە ھەيدەپ كېلىش- تى. چىڭگىزخاننىڭ ئىككىلا ئوغلى — ئۆگەتەي بىلەن چاغاتاي شەھەرنىڭ تاشقىرىسىدىكى تىللالىق سارايغا چۈشتى. قادان، بو- غورچى، تولان، جەبە، تاجىبېك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش چېرىكچى بەگلەر ئالدىراشلىق بىلەن قامال ئۈسكۈنىلىرى، سالغا ۋە مەنچاناق- لارنى تەييارلاش بىلەن مەشغۇل ئىدى. خىتاينىڭ يىراق جايلىرى- دىن ئېلىپ كېلىنگەن ئۇستىلار شەھەرنى چاپسان ئېلىشقا ياردەم بېرىدىغان ھۇجۇم ئۈسكۈنىلىرى قۇرۇشنى ۋەدە قىلىشتى.

يېقىن ئارىدا بۇ ئۈسكۈنىلەرگە سېلىپ ئاتىدىغان تاشنىڭ يوقلۇقى قىيىنچىلىق تۇغدۇراتتى. شۇ چاغدا خىتايلار ئۈجمە دە- رەخلىرىنى كېسىپ، يوغان چەگىزلەرنى سۇغا چىلاپ قويۇشنى تەكلىپ قىلىشتى.

موڭغۇللارنىڭ ئايرىم ئەترەتلىرى شەھەرنىڭ دەرۋازىسى تە- رەپلىرىدە پەيدا بولۇپ، دەرۋازىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان ئاتلىقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتى. ھىيلىگەرلىك قىلىپ، ئۇلارنى يەنە قا- مالدا قالدۇرۇش ئۈچۈن ئارقىغا قايتىشتى.

شەھەردە قوشۇنغا باشلىق بولۇپ سۇلتان خۇمار تېگىن تۇراتـ- تى، ئوغۇل ھاجىپ (بۇخارا ھىمايىچىسى)، ئەر بۇقا پالۋان، ئەل

دۇرۇغى ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ياردەمچىلىرى ئىدى.
ھەربىي كېڭەشتە سۇلتان خۇمار تېگىن موڭغۇللار شەھەرگە ئاتقان
خەتنى كۆرسەتتى، بۇ خەتتە خالايىقنى دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىشكە
ۋە موڭغۇللارغا ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىنغانىدى ھەمدە موڭغۇللار
ھېچقانداق زىيان يەتكۈزمەيدۇ، دەپ ۋەدە بېرىلگەنىدى.

— ئۇلار بىلەن كېلىشسەك، قانداق بولىدىكىن؟ — دېدى
سۇلتان، — پۈتۈن خالايىقنىڭ بېشىغا كۈلپەت كەلتۈرۈپ، قان
تۆكۈش ۋە ئوت ئىچىدە قالدۇرۇشتىن كۆرە، ئۇلارغا نۇرغۇن
ئالۋاڭ تۆلەپ ئىشنى تىنچلىق بىلەن بىر ياقلىق قىلساق بولاتتى.

ئوغۇل ھاجىپ ۋە باشقىلار ئېتىراز بىلدۈرۈشتى:

— سىز پادىشاھ ھەزرەتلىرى، موڭغۇللار بۇخارا، سەمەر-
قەند، مەرۋ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا شەھەرلەرنى قانداق ئەھۋالغا
سالغانلىقىنى ئۇنتۇغان بولسىڭىز كېرەك؟ بۇ شەھەرلەرنىڭ ئاھا-
لىلىرىمۇ ئەپۇ سوراپ، قورال - جابدۇقلىرىنى تاشلاشقانىدى.
موڭغۇللار ئەڭ ياخشى ھۈنەرۋەنلەرنى تاللىۋېلىپ، موڭغۇلىستانغا
ماڭغۇزدى، قالغانلىرىنى بولسا تۆمۈر چوماق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈ-
رۈشتى.

— ھەر ھالدا موڭغۇللارنىڭ مۇددىئاسىنى بىلىش كېرەك.

كېچىسى سۇلتان خۇمار تېگىن بىر نەچچە يېقىن كىشىلىرى
بىلەن ئۆرگەنچتىن چىقىشىپ، چاغاتاي بىلەن ئۆگەتەي بەزمە قىلە-
ۋاتقان سارايغا كېلىشتى. سۇلتان ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەرزگە كەلگەن
كىشىدەك، قول قوشتۇرۇپ تۇردى.

— خوش، سەن بىزگە نېمە ئېلىپ كەلدىڭ؟ — كۈلكە بىلەن
سورىدى ئۆگەتەي، — دەرۋازىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچلىرى قەيەردە؟

— مەن شەرق قاغانى چىڭگىزخاننىڭ قۇدرىتى ۋە ئۇلۇغۋارلى-
قى ئالدىدا بويۇن ئېگىپ، باشقا بەگلەرگە ئوخشاش ئۇ جانابىغا
ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلىشقا تەييارمەن.

— بىزگە ئۆرگەنچ شەھىرى كېرەك. سەندەك تۈلكىنىڭ
كېرىكى يوق! — دېدى غەزەپ بىلەن چاغاتاي، — ئۆز خەلقىڭگە

خىيانەت قىلىپ، ھەتتا ئۇنىڭغا قارشى چىقىشقا تەييار تۇرغان سەندەك بەتبەختنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ بولامدۇ؟ بۇنى ئېلىپ چىقىپ ئەدىپىنى بېرىڭلار!

جاللاتلار خۇمار تېگىن ۋە ئۇنىڭ بىلەن كەلگەنلەرنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى، جاللاتلار ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يېشىۋېلىشتى. قان چىقارماستىن، سۆڭەكلىرىنى پاچاق - پاچاق قىلىپ، چالا ئۆلۈك ھالدا يارغا تاشلاشتى، ئۇ يەردە گۆشلىرى چىلبۆرە ۋە ئىتلارغا يەم بولدى.

چىڭگىزخاننىڭ تۇنجى ئوغلى جوچى خان قوشۇن تارتىپ ئۈرگەنچكە كەلگەندە، موڭغۇللار بۇ شەھەرنى ھالقىسىمان ئورىۋالغاندى. شەھەرگە تاش چەكزە ئاتىدىغان ئۇسكۇنىنى قورغان تېگىگە ئورنىتىش ئۈچۈن، ئۈچ مىڭ موڭغۇل ۋە ئەسىرگە چۈشكەنلەر قورغاننىڭ ئەتراپىدىكى قانالغا كۆۋرۈك سېلىشىۋاتاتتى. شۇ چاغدا تۇيۇقسىزدىن ئۈرگەنچنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ، ئىچكىرىدىن تۈركمەن قارا خەنجەر باشلىق جەسۇر ئاتلىقلار ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىشتى، ئۇلار كۆۋرۈك سېلىشىۋاتقان موڭغۇللارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاشتى، كۆۋرۈكنىڭ ئۈستى ئۆلۈككە تولۇپ كەتتى. بۇ مۇۋەپپەقىيەت قامالدا قالغانلارغا جان كىرگۈزدى.

شۇ چاغدا موڭغۇللار قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى شەھەرگە يېقىن ئاپىرىپ، نەچچە مىڭلاپ ئەسىر ئېلىنغان يېزىلىقلارنى قورغاننىڭ ئەتراپىدىكى خەندەكلەرنى كۆمۈشكە مەجبۇر قىلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىنلا قامال ئۇسكۇنىلىرىنى قورغان تېگىگە ئورنىتىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش مۇمكىن بولدى. سالغىلار ھۆل چەكزە ۋە يېقىلغۇ سېلىنغان خىتاي كوزىلىرىنى شەھەرنىڭ ئىچىگە ئاتتى. ئۇنىڭدىن قاتتىق ئوت چىقىپ، ياغاچ ئىمارەتلەر گۈرۈلدەپ كۆيۈپ كەتتى، ئۇنى ئۆچۈرۈشنىڭ ئىلاجى بولمىدى.

جوچى خاننىڭ قوشۇنى شىمال تەرەپتىن دادىل، جەڭگىۋارلىق بىلەن ھەرىكەت قىلدى. ئۇ يەردە ئەسىرلەر شەھەر سېپىللىرىنىڭ

تېگىگە يوشۇرۇن يوللارنى كولىشىۋاتاتتى، موڭغۇللار شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىشتى. بىردەملىك قاتتىق ئۇرۇشتىن كېيىن، شى-مال تەرەپتىكى قورۇقلانغۇچى مۇنارنىڭ ئۈستىدە بۈيۈك قاغان ئوغلىنىڭ يوغان ئاق توغى لەپىلدەپ تۇراتتى.

بۇ نەرسە چاغاتاينىڭ ئاچچىقى ۋە غەزىپىنى كەلتۈردى. ئۇ ئۇرگەنچنىڭ سېپىللىرىغا كەينى - كەينىدىن ئەترەت ئەۋەتتى، بىراق سېپىل قورۇقچىلىرى مىسلىسىز چىداملىق كۆرسىتىپ، سېپىلغا چىققانلارغا خىش ئاتتى، قايناق سۇ ۋە ئېرىتىلگەن موم چاچتى، ھۇجۇم قىلغانلار كۆيگىنىچە دومىلاپ چۈشۈشەردى.

## توققۇزىنچى باب

# قارا خەنجەر «ئۆلۈم مۇنارى»دا

قارا خەنجەر ساقلاب بوۋاي بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن ، دەرەخ تۈۋىدىكى كونا ئىشىكنىڭ يېنىغا بىر نەچچە قېتىم كېلىپ ئاۋارە بولغىنىدىن كېيىن تاپتى . بوۋاي ئاۋۋالقىدەك جۇل - جۇل كىيىمدە ئەمەس ، بەلكى يوللۇق بەقەسەم تون كىيىپ ، كۆك سەللە ئورىۋالغانىدى ، ئۇنى دەررۇ تونۇپ بولمىدى .

— مېنى كەچۈرگىن ، يۇرەكلىك بەگ يىگىت ، مەن بىلگەن نەرسىلىرىم ۋە قىلغان ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ساڭا ئىلگىرى سۆزلەپ بېرەلمىدىم ، زىندان قاراۋۇلى ئاغزىغا سۇ تولدۇرۇلغاندەك ، زادى گەپ قىلمىدى . ئۇ يەنە قاراۋۇللاردىن قورقتى ياكى شۇلار بىلەن تىلى بىر . مەن ئۇنىڭ بىلەن ھەر مۇقامدا جىق سۆزلىشىپ كۆردۇم ، زىندانغا فەرراش بولاي دېدىم ، بىراق بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردۈم . مەن ئۇنىڭغا ئۆيىمىزدە ئىشلەي ، بىر كۈنگە ئىككى نان بېرىڭ دېگىنىمدە ، ئۇ خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە مېنى سەككىز خوتۇنغا پايلاقچى قىلىپ قويدى ... مەن ئۇنىڭ ئاچچىقى يامان چوڭ خوتۇنىنى ئورغاندىم ، ئۇ ماڭا شۇ تون بىلەن كونا سەللىنى سوۋغا قىلدى .

— سەن ماڭا ئالىلقاندىاق خوتۇنلار ۋە تون توغرىسىدا نەدىكى گەپلەرنى قىلىسەن ! — دەپ ۋارقىرىدى قارا خەنجەر ، — مەن ساڭا بەش ئالتۇن بەردىم . بەدىلىگە نېمە قىلدىڭ ؟ ھەممە ئىشنى بىلدىڭمۇ ، يوق ؟

— ھەممىسىنى بىلدىم . ئەگەر نەزەر بوۋا ئۇنچىقمىسا خوتۇنلىرىمۇ ئۇنچىقماسمىدى ؟ ئۇلار ئالىلقاچان ھەممىسىنى سۇرۇشتۇر-

دى ، مەنمۇ ئۇلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ بىلىۋالدىم... مۇشۇ زىندانىنىڭ مۇنارىدا بىر قانچە ھۇجرا بار . ئۇلار تامغا خۇددى قارلىغاچنىڭ ئۇۋىسىدەك يېپىشقان . مۇنارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى لىم چىرىپ ، پولى پۈتۈنلەي يوپۇرۇلۇپ چۈشكەن .

— ئۆزۈڭمۇ ئۆرۈلۈپ گۇمران بولغىن !

— بۇ ھۇجرىلارغا چىقىش قىيىن ، چىرىگەن ئارغامچىدىن قىلىنغان شوتا بىلەن چىقىش كېرەك . ئىلگىرى بۇ شوتىدىن قاراۋۇل نەزەر بوۋىنىڭ ئۆزىمۇ چىقىۋېرەتتى ، ئەمدى بولسا ئۇمۇ قورقىدۇ...

— بۇ ھۇجرىلاردا كىملەر بار ؟

— خارەزم شاھنى غەزەپلەندۈرگەن كىشىلەر . ئەڭ ئۈستىدىكى ھۇجرىغا ياش تۈركمەن خوتۇن قامالغان...

— ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېيتقىنا ! — دېدى يىگىت بوۋاينىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ .

— ئېيتىمشلىرىچە ، ئۇنىڭ ئېتى... گۈلجامال .

— ھازىر مېنى ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ بارىسەن .

— ھازىر بۇنداق قىلغىلى بولامدۇ ؟ ئىككى يۈزگە يېقىن قاراۋۇل ساراي دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا بىكارچىلىقتىن ئەسنەپ ئولتۇرۇشۇپتۇ . ئۇلار كىمگە ئېتىلىشلىرىنى بىلمەي ئولتۇرغان بىر چاغدا ، سەن توپتوغرا قاماقخانىغا بارماقچى بولىسەن ! ئۆزۈڭنىمۇ زىندانغا قاماپ قويۇشىدۇ .

— ئاۋازىڭنى چىقارما ، قورقۇنچاق ! قاماقخانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، مېنى كۈتۈپ تۇرغىن . مەن ھازىر بېرىپ ، ھەممىسىنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن ! — دەپ قارا خەنجەر ئېتىنى قامچىلىدى ۋە چاڭنىڭ ئىچىدە تار كوچىنى بويلاپ چېپىپ كەتتى .

ئۇ شەھەرنىڭ تۈرلۈك كەسپتىكى ھۈنەرۋەنلىرى — تۆمۈرچىلەر ، مىسكەرلەر ، قورال - جابدۇق ، قالقان ، زىرەھ[1] ، ساۋۇت ياسايدىغان ماھىر ئۇستىلار تۇرىدىغان ۋە ئىشلەيدىغان قى-

---

[1] زىرەھ — ئوق ئۆتمەيدىغان قاپ .

ـىمغا كەلدى ، سەندەللەرگە ئۇرۇلۇۋاتقان سان ـ ساناقسىز بولقى-
لارنىڭ زەربىدىن ھەممە ياق لەرزىگە كېلەتتى .

بۇ يەردىمۇ ئىشلار ئۇنچىلىك ياخشى يۈرگۈزۈلمىگەن ، پەقەت
قورال ـ جابدۇق تەييارلىغۇچى ھۈنەرۋەنلەرلا قىزغىن ئىشلەۋاتات-
تى . ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق ئىغىر كۈنلەردە گوللۇك مىس لىگەنلەر-
نى ، كوزىلارنى ياكى چىرايلىق بىزەكتىكى ئات جابدۇقلىرىنى يا-
ساش كىمنىڭمۇ كۆڭلىگە ياقاتتى ؟

قارا خەنجەر جاڭجاللىشىپ ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلار كۆتۈرۈپ
تۇرغان تۆمۈرچىلەرنى كۆرۈپ قالدى . قارا ئاتلىقنىڭ پەيدا بولۇشى
ھەممىنى ھەيران قالدۇردى ، ئۇلار جىم بولۇپ قېلىشتى . قارا ئات
مىنگەن «قارا يىگىت» كە نېمە كېرەك ئىكەن ؟

قارا خەنجەر خالايىقنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ، قىزغىن گەپ باش-
لىدى :

— ھەي ، تۆمۈر قوللۇق ، مىس كۆكرەكلىك تۆمۈرچىلەر !
قاچانغىچە خان ۋە بەگلەر بىزنى خورلىشىدۇ ؟ ئاۋۋال خارەزم شاھ
مۇھەممەد سېلىقلار بىلەن سىقىپ سۆيەكلەرنى ئىچكەندى ، ئۇ بىر
ساندۇقتا لىق ئالتۇن بىلەن ئىرانغا قېچىپ كەتتى . خەيرىيەت ،
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئانىسى يالماۋۇز مومايمۇ كېتىپ قالدى . ئەمدى
بولسا ئۆزىنى ئۆزى سۇلتان دەپ ئاتىۋالغان خۇمار تېگىن دۈشمەنلە-
مىز تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىپ ، ئۈرگەنچنىڭ سېپىللىرىنى قانداق
قىلىپ ئاسانلىق بىلەن بۇزۇش يوللىرىنى ئېيتىپ بەردى . يېڭى
بىرەر سۇلتان چىقىپ سىلەرگە يەنە خىيانەت قىلغۇچە كۆزلىرىڭ-
لارنى قىسىپ قاراپ تۇرىۋېرەمسىلەر ؟ نېمىنى كۈتۈپ تۇرىسىلەر ؟
يۇرۇڭلار ، سارايغا بېرىپ ، بۇ ئىپلاس يىلان ئۇۋىسىنى يەر بىلەن
يەكسان قىلايلى ، قاماقخانىلارنىڭ تۆمۈر دەرۋازىلىرىنى چېقىپ
تاشلايلى ، مەھبۇسلارنى زىنداندىن قۇتقۇلدۇرايلى . ئۇ يەردە سولى-
نىپ ياتقانلار قاراقچى ۋە باش كېسىدىغانلار ئەمەس ، ئۇلار سۇلتانغا
قارشى ھەق گەپنى قىلغان كىشىلەر .

— يۇرۇڭلار ، بارايلى ! خارەزم شاھ سارىيىنىڭ كۈلىنى

كۆككە سورايلى ! زىنداننى بۇزايلى ! — دەپ ۋارقىراشتى تۆمۈر-چىلەر.

— بولقا، قىسقۇچ ۋە بۇرغاڭلارنى ئېلىپ يۈرۈڭلار، زەنجىر-لەرنى پاچاقلاپ تاشلاشقا كېرەك بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى-نى ئېلىڭلار. زىندانلاردا ئۆلۈۋاتقان ئاكا - ئۇكىلىرىمىزنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن، كېرەك بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئې-لىڭلار !

ھەممە تۆمۈرچىلەر قورال - جابدۇق ئۈستىلىرى، مىسگەرلەر ۋە باشقا ھۈنەرۋەنلەر بولقا، قىلىچ، نەيزىلەرنى كۆتۈرۈپ، توپلى-شىپ دەھشەت بىلەن سارايغا قاراپ مېڭىشتى.

بەزىبىر قاراۋۇللار توپلانغانلارغا قارشى چىقىپ، ئۇنى قوغدى-لىۋەتمەكچى بولدى، شۇنداق قىلغانلار ئاياغ ئاستىدا دەسسىلىپ كەتتى. تۆمۈرچىلەر سارايىنى ۋەيران قىلىۋاتقان بىر پەيتتە، بىر قانچىسى قاماقخانىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىنى ئېچىش ئۈچۈن، قارا خەنجەرگە ياردەم قىلىشتى. قول - پۇتلىرى باغلىنىپ تاشلانغان قاراۋۇل نەزەر بوۋا بىر چەتتە ياتاتتى. ئۇ مەھبۇسلارغا ھەمىشە ئۆز باللىرىمدەك قارىغانمەن، دەپ يىغلاپ قەسەميات قىلاتتى.

تۆمۈرچىلەر بىردەمدىلا تۆمۈر دەرۋازىنى ئېچىشتى. تۆمۈرچە-لەر بىلەن بىللە كەلگەن توغان:

— چاپسانراق تۈۋەنگە، زىندانغا چۈشەيلى! قاراڭغۇدا ئۇزۇن يېتىپ، كۆزلىرى خىرەلەشكەن ئاجىز دوستلىرىم بار. بەزىلىرى ئۆزى مېڭىپ چىقالمايدۇ، پۇتلىرىدىن ئايرىلغان، دەپ ۋارقىرىدى.

بىر نەچچە كىشى زىنداننىڭ قاراڭغۇ تۆشۈكىدىن تۈۋەنگە چۈشۈپ كېتىشتى.

مەھبۇسلار بىر - بىرىگە يۆلىنىشىپ، زىنداندىن سۆرىلىپ چىقىشقا باشلاشتى — كىيىملىرى جۇل - جۇل، پاسكىنا، تىرناق-لىرى ئۆسۈپ، چاچلىرى چىگىشلىشىپ كەتكەنىدى. نۇرغۇن يىل-لار قاراڭغۇدا يېتىپ، كۆزلىرى خىرەلەشكەن مەھبۇسلار بىر -

بىرىگە باشلىرىنى ئۇرۇشۇۋالاتتى، ئەتراپنى قوللىرى بىلەن سىي-
پىشاتتى. بىردەم يىغلاپ ۋە بىردەم كۈلۈشۈپ يورۇق دۇنياغا،
ئازاد كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا چىقىشاتتى.

— بازارنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن مېڭىڭلار، خارەزم شاھ ئۆز
پۇقرالىرىنىڭ بېشىغا قانداق كۈلپەت سالغانلىقىنى خالايىق كۆ-
رۈشسۇن! سودىگەرلەردىن ئازادە كۆڭلەك - ئىشتان بېرىشلىرىنى
تەلەپ قىلىڭلار، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

قارا خەنجەر قولىغا لاۋۇلداپ تۇرغان مەشئەلنى تۇتقان ھالدا
مۇنارغا چىقىپ كەتتى، ئۇ يەردىن مۇزدەك شامال ۋە زەي پۇرىقى
ئۇرۇپ تۇراتتى. يولدا ئۇ رەڭگىرويى ئۆچۈپ، يەرگە يېتىپ قالغان
قاراۋۇلغا ئۇرۇلۇپ كەتتى، لىغىشىپ تۇرغان كىچىككىنە شوتىدىن
ئۆمىلەپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن توغان مېڭىپ، ھۇج-
رىلارنىڭ ئىشىكلىرىدىكى قۇلۇپلارنى بولقا بىلەن كۇكۇم - تالقان
قىلىۋەتتى. ئازاب - ئوقۇبەت تارتقان ۋە ئورۇقلاپ كەتكەن
جۇل - جۇل كىيىملىك بىچارە خوتۇنلار ھۇجرىلاردىن چىقىشىپ،
تاملارنى تۇتۇپ يىغا - زار بىلەن ئىرغاڭلاپ پەسكە چۈشۈپ كېلى-
شەتتى.

قارا خەنجەر گۈمبەزگە يېتەي دېگەندە، قاراۋۇل تۆمۈر ئى-
شىكنىڭ ئالدىدا توختىدى، كىچىككىنە تۆت بۇرجەك تۆشۈككە
تۆمۈر پەنجىرە تۇتۇپ قويۇلغانىدى.

— مانا شۇ جايغا، — دېدى ئۇ، — ساراي ھەرىمىدىن بولغان
بىر خوتۇن ئۆمۈرۋايەتكە قاماپ قويۇلغان. بۇ خوتۇن شاھ مۇھەم-
مەدكە قارشى قول كۆتۈرگەنىكەن.

— نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ ئاچ!

— ماڭا زەھىرىڭنى چاچما، باتۇر يىگىت. بۇ ئىشىكنىڭ
ئاچقۇچى پادىشاھنىڭ ئۆز قولىدا تۇرىدۇ.

— دېمەك ئاچقۇچ سەندە ئەمەسمۇ؟

— ياق بېگىم، مەندە ئەمەس.

شۇ چاغدا قارا خەنجەر:

— ئۇنداق بولسا قورتلارغا يەم بول ! — دەپ قاراۋۇلنى تېپىۋەتتى . ئۇ چىرىپ كەتكەن لىملارغا ئۇرۇلغان بويىچە ، داد - پەرياد سېلىپ تۆۋەنگە قاراپ چۈشۈپ كەتتى ۋە زۇلمەت ئىچىدە غايىب بولدى .

قارا خەنجەر ئىشىكنىڭ كىچىككىنە تۆشۈكىدىن ئىچىگە قارىدى . ئۇنىڭ كۆزى پەقەت كۈننىڭ نۇرىلا قىيا چۈشۈپ تۇرغان بىر پارچە گىلەمگە چۈشتى .

— ئاھ ئۇ قاياقتىكىن ؟ ھۇجرىدا ھېچكىم يوق ، ئۇ ئۆلگەندىمۇ ؟

بىردىنلا ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا «لىپ» قىلىپ بىر كۆلەڭگە كۆرۈندى ، بىر قارا گەۋدە پەيدا بولدى ، يوغان قارا كۆزلەر چوڭ ئېچىلىپ تىكىلىپ قارىدى .

قارا خەنجەر بۇرۇنقى قوشاقلارنىڭ ئاجايىپ سۆزلىرىدىن تاللاپ تەييارلاپ قويغانىدى ، لېكىن بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى ھەسەل ھەرىسىدەك توزۇپ كەتتى . ئۇ پەقەت : «مەن !» دېگەن سۆزنىلا ئېيتالىدى .

ئاجىز ۋە قورققان بىر ئاۋاز :

— يۈزۈڭنى يورۇققا تۇت ، يۈزۈڭنى كۆرۈپ باقاي ، — دەپ پىچىرلىدى .

قارا خەنجەر كۆيۈپ تۇرغان مەشئەلنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ يۈزىگە تۇتتى .

— يۈزۈڭدە يىرتقۇچ بارماقلىرىدىن ھاسىل بولغان تارتۇقنىڭ ئورنىنى كۆردۈم . بۇ سەن ، ھېچكىم ، ھېچ نەرسە يولىنى توسالمايدىغان ئاشۇ قارا خەنجەر سەن .

— ئىشىكتىن نېرى تۇر ، سەن ھازىر ئازاد بولىسەن .

قارا خەنجەر ناھايىتى ئورۇقلاپ كۆلەڭگىدەك بولۇپ قالغان قىزنىڭ ئارقىغا قايتىپ ، بىر پارچە چىپار گىلەمگە ئاستاغىنا يىقىلغانلىقىنى كۆردى . قىزنىڭ قارامتۇل بەدىنىگە كۈن نۇرى چۈشتى ، ئۇنىڭ يوغان قارا كۆزلىرى قايغۇلۇق ۋە خۇددى كىسىرەپ

قارايتتى .

— نېرى تۇر ، قارا خەنجەر ، ماڭا يول بەرگىن ، — دېدى ھەمراھلىرىدىن بىرى ، — قاراقۇم باتۇرىغا قارىغاندا ، قورال - جابدۇق ياسايدىغان ئۇستام قولۇپنى ئىلدام ئاچالايدۇ .

تۆمۈرچى بولقا بىلەن قولۇپقا قاراپ بىرنى سالدى ، تۆمۈر ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى ، گۈلجامال بولسا تېخىچىلا قولى بىلەن يۈزىنى توساپ ئولتۇراتتى .

— ھەممە كىيىملىرىم چىرىپ تۈگىگەن ، مەن يېنىڭغا چىقال - مايمەن .

قارا خەنجەر نېرىراق مېڭىپ ، ياش تۆمۈرچىگە :

— سەن قارىماي ، چاپىنىڭنى ئۇنىڭغا ئۇزات ، مەن ساڭا باشقا يېپەك چاپان بېرىمەن ، — دېدى - دە ، بۇرۇلۇپ بېرىپ ۋەيران بولغان تار پەلەمپەيدىن زىندان مۇنارىغا قاراپ چىقىپ كەتتى .

ئۇ ھەممە تەرەپتىن بۇخسۇپ ئىس چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى ، ئوت ۋە ئۇچقۇنلار ئىسنىڭ ئىچىدە قويۇنغا ئوخشاش ئاسمانغا كۆتۈ - رۈلەتتى ، شەھەر ئوت ئىچىدە قالغاندى ، قورغاننىڭ ئەتراپىدا چاڭ - نىڭ ئىچىدە ئاتلىقلار كېتىۋاتاتتى . يىراقتا ، مۇنارنىڭ ئۈستىدە جۈچى خاننىڭ يەتتە قۇيرۇقلۇق ئاق تۇغى يەلپۈنمەكتە ئىدى .

گۈلجامال كۆك سەللە ئوراپ ، ئەركەكچە چاپان كىيىپ مەي - دانغا چىقتى ، ئۇ كېلىشكەن ۋە ئىنچام ئوغۇل بالىغا ئوخشايتتى . قايرىلما قاشلىرىنى تەئەججۇپ بىلەن كېرىپ ، يىراقلارغا كۆز سال - دى .

— ئۈرگەنچتە نېمە ۋەقەلەر بولۇۋاتىدۇ ؟ شەھەر قورغىنىنىڭ ئەتراپىدا چېپىپ يۈرگەن ھەيۋەتلىك ئادەملەر كىملەر ؟

— ئۇرۇش بۇ يەرلەرگىمۇ يېتىپ كەلدى ، — دېدى قارا خەنجەر ، — دۈشمەن ئۈرگەنچنى ئورىۋالدى ، ئەمدى بىز ھەمىشە سەن بىلەن يانمۇيان تۇرۇپ دۈشمەنگە قارشى كۈرەشىمىز . ئۇرۇش ئوتى ۋە سېنىڭ كۆز ياشلىرىڭ بىزنى بىر - بىرىمىزگە يېقىن قىلدى .

— مانا شۇ مەشئۇم مۇناردا مەن ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ، يۈرىكىمدە ئۆچ ھاسىل بولدى. ئەمدى مەن ئاۋۋالقىدەك پەرۋاسىز گۈلجامال ئەمەس، بەلكى غەزەپلەنگەن يولۋاس بالىسىدەك، ھەر يەردە سېنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن.

قارا خەنجەر ئەمدى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمايتتى، قولىنى قېشىغا قويۇپ، ئىس ۋە چاڭلار كۆتۈرۈلگەن تەرەپكە تىكىلىپ قارايتتى.

— بۇ تەلۋىلەر نېمە ئىش قىلىپ قويۇشتى! قارا، ئۇلۇغ جەيھۇن دەرياسى تېشىپ كېتىپ، ئۈستىمىزگە بېسىپ كېلىۋاتىدۇ، ئۆيلەرنى يىقىتماقتا... قارا، ئېگىز تېرەكلەر خۇددى ھەرىلگەندەك يىقىلىۋېتىپتۇ. بۇ رەھىمسىز ياۋايى تېتىقسىزلار سۈيى تېشىپ ئاقىدىغان قۇدرەتلىك دەرياني[1]، مىڭ يىللاردىن بېرى يولغا سېلىپ كەلگەن قەدىمكى توغاننى بۇزۇۋەتتى... ئەمدى دەريا يول بويى ھەممە نەرسىنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىپ، ئاۋات شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىدۇ... گۈلجامال، بۇ كونا مۇناردىن ئىلدام قاچايلى سۇ ئۇنى يىقىتىۋەتسە، تېگىدە قالىمىز...

شەھەرنىڭ نۇرغۇن قىسمىنى موڭغۇللار ھەيدەپ كەلگەن ئەسىرلەر ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىپ بۇزۇۋەتكەنىدى. بىراق، ئۈرگەنچ ئاھالىلىرى جان تىكىپ ئۆزىنى ھىمايە قىلىۋاتاتتى، موڭغۇللار بىر مەھەللىدىن كېيىن ئىككىنچى مەھەللىنى ئىشغال قىلىشماقتا ئىدى. كەڭ مەيداندا ئاتلىق ئۇرۇش قىلىشقا ئادەتلەنگەن موڭغۇللار تار كوچىلار، يىقىلىپ چۈشكەن ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ھەر ـ ھەر قىيىنچىلىقلار بىلەن ئالغا قاراپ ھەرىكەت قىلىپ، قاتتىق ھۇجۇم قىلاتتى ۋە ھىمايىچىلەرنى ئوقيالار بىلەن ھالاك قىلىشاتتى.

ئۈرگەنچ ھۈنەرۋەنلىرى ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇش قىلىشتى. ئۇلار ئەسىر چۈشسە تەقدىرى نېمە بولۇشىنى ياخشى بىلىشەتتى،

---

[1] «توغاننى موڭغۇللارنىڭ ئۆزى بۇزدى. كېيىن سۇ تېشىپ پۈتۈن شەھەر سۇنىڭ تېگىدە قالدى.» (ئىبن ئەسىر، XIII ئەسىر).

ياخشى ھۈنەرۋەن ۋە تىمەن - قۇۋۋەتلىكلىرىنى موڭغۇللار ئۆزلە-
رىنىڭ يىراق يۇرتلىرىغا ماڭغۇزۇپ، قالغانلارنى — ئىشقا يارىماي-
دىغانلىرىنى ئۆلتۈرۈشتى.

خوتۇن ۋە قىزلار ئۆز ئاتىلىرى، ئەرلىرى ۋە ئاكا - ئۇكىلە-
رى بىلەن يانمۇيان تۇرۇپ، سېپىلنىڭ ئۈستىدە ھەمدە ئۆگزىلەردە
ئۇرۇش قىلىشىدۇ. خوتۇن - قىزلاردىن بىرىگە ئوق تېگىپ يىقى-
لىپ قالسا، باشقا خوتۇن - قىزلار دەررۇ ياردارنى يەنە ئوق
تېگىشتىن ساقلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئالدىغا خىش ۋە توپىدىن تام
قىلىپ توسايتتى.

ئۇرگەنچ مۇداپىئەسى بۈيۈك خارەزمىنىڭ ھالاكىتى توغرىسىدى-
كى قايغۇلۇق داستاننىڭ پەۋقۇلئاددە بىر سەھىپىسىنى تەشكىل
قىلدى. باشقا شەھەرلەر كۆپىنچە موڭغۇللارغا قارىغۇلارچە ئىشى-
نىپ، پەرۋاسىزلىق قىلدى ۋە ئاجىزلىق كۆرسەتتى، شۇنىڭ ئۈ-
چۈنمۇ نام - نىشانسىز بولۇپ قالدى.

ئۇرگەنچ ئەتراپىدا موڭغۇللار ناھايىتى كۆپ چېرىكلىرىنى
يوقىتىشتى. ئۆلۈكلەرنىڭ سۆڭەكلىرى تاغ بولۇپ دۆۋىلىنىپ،
خارابىلەر ئارىسىدىن ئۇزاق يىللارغىچە كۆرۈنۈپ تۇردى.

ئۈچ مەھەللە قالغاندا، ئۇرگەنچنى مۇداپىئە قىلىپ ئازابلانغان
ۋە ياردار بولغان كىشىلەر تەسلىم بولۇشقا قارار قىلىپ، شەپقەت
ۋە مۇرۇۋۋەت سوراپ جوچى خانغا ۋەكىل ئەۋەتىشتى. چىڭگىزخا-
نىڭ ئوغلى شۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئىلگىرى قەيەردە قالغانىدىڭلار؟ قوشۇنۇم شەھەرگە
يېقىنلاشقاندا نېمىشقا دەررۇ تەسلىم بولمىدىڭلار؟ ئەمدى ياخشى
چېرىكلىرىمدىن ئايرىلدىم، سىلەر كېچىكتىڭلار، ئۇلارنىڭ غەزى-
پىنى باسالمايمەن. سىلەرگە ھېچقانداق رەھىم - شەپقەت يوق!

موڭغۇللار شەھەرنىڭ ئامان قالغان قىسمىغا ھۇجۇم قىلىپ،
ھىمايىچىلەردىن بەزىلىرىنى ئەسىر ئېلىشتى، بەزىلىرىنى قىيما -
چىيما قىلىشتى، ھەممە مال - مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ - تالىدى.

خارەزمىنىڭ گۆھىرى بولغان ئۇرگەنچنىڭ ئاكىسى جوچى خا-

غا ئۆتۈشنى خالىمىغان چاغاتاي خانىنىڭ بۆيرۇقىغا مۇۋاپىق ، موڭغۇللار پۈتۈن خارەزمگە سۇ بېرىدىغان چوڭ توغاننى بۇزۇپ تاشلىدى . قەدىمكى شەھەرنى سۇ بېسىپ ، ئىمارەتلەرنى يىقىتتى ، شەھەر خېلى يىللارغىچە سۇنىڭ ئىچىدە قالدى . تاتارلاردىن قۇتۇلۇپ قالغانلار تاشقىنىدا غەرق بولۇپ ئۆلدى ياكى خارابىلەرنىڭ ئاستىدا قالدى . پەقەت بىر نەچچە ئىمارەتلەرلا — خىشتىن سېلىنغان قىشقى ئاخچاق دېگەن كونا سارايىنىڭ بىر قىسمى ۋە شاھنىڭ ئىككى مەقبەرىسى ساق قالدى .

خارەزمنىڭ يەنە بىر نەچچە شەھەرلىرىنى يوگەنسىز دەريانىڭ سۈيى بېسىپ كەتتى . دەريانىڭ ئېقىنى ئۆزگىرىپ ، خېلىغىچە ئەبېسكۇن دېڭىزىغا قۇملارنىڭ ئارىسىدىن ئېقىپ تۇردى .

ئۇرگەنچ كوچ بېرىپ ھىمايە قىلىنىۋاتقان بىر ۋاقىتتا ، ھاجى رەھىم شەھەرنىڭ ئىچىدە ھىمايىچىلەرنىڭ ئارىسىدا ئىدى . ئۇ يارىنى ئەرەبچە باغلاش ۋە داۋالاش ئۇسۇلىنى بىلگەنلىكىدىن ، يارىدار بولغانلارغا ياردەم بېرەتتى .

جەيھۇن دەرياسى بىردىنلا تېشىپ كەتكەن ۋاقىتتا ، ئۇ ئىككى كۇنگىچە تەكىش خانىنىڭ خىشتىن قىلىنغان مەقبەرىسىنىڭ ئۇستىدە ئولتۇردى . يېنىدىن بىر كىشى قېيىق ھەيدەپ ئۆتتى ، بۇ ئادەم دەرۋىشنىڭ ئاغىنىسى تۆمۈرچى كەرىمقۇل ئىدى . تۆمۈرچى ئۇنى قېيىققا سېلىۋالدى ، ئۇلار دولقۇنلۇق دەريا ئىچىدە ئۇزۇپ يۈرۈپ ، جىق كىشىلەرنى قۇتقۇزۇپ قېلىشتى . قارا خەنجەر بىلەن گۇلجامالنى يەنە كۆرۈش ئۇلارغا نېسىپ بولمىدى . ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، ھاجى رەھىم قاراقۇمدا موڭغۇللارنىڭ پېيىغا چۈشكەن قارا خەنجەرنىڭ قەھرىمانلىقلىرى ۋە پادىچى قىز گۇلجامالغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتى توغرىسىدا مەدداھلارنىڭ ۋەز ئوقۇغانلىرىنى ئاڭلىغان .

مەدداھ ئۆزىنىڭ ۋەزنىنى گۈزەل ۋە باي شەھەر بولغان ئۇرگەنچنى سۇ ئاققۇزۇپ كەتكەنلىكىنى تەسۋىرلەش بىلەن تاماملىدى . قارا خەنجەر مانا شۇ سۇ تاشقىنى قاينىمىغا چۈشۈپ كەتكەن گۇلجا-

مالنى قوتقوزۇش ئۈچۈن ، ئۇنىڭ دولقۇنىدا قانداق باتۇرلۇق قىلىغانلىقىنى بەزى ئادەملەر كۆرگەن ، لېكىن ئاقىۋەتتە ئىككىلىسى سۇغا غەرق بولۇپ كەتكەن... سۇدىن چىقىپ تۇرغان بىر دۆڭلۈكتىن ئىككى جەسەت تاپقان — گۈلجامال بىلەن قارا خەنجەر يانمۇيان يېتىشاتتى ۋە قارا خەنجەر كۆچلۈك قولى بىلەن تۈركمەن قىزىنىڭ نازۇك بېلىكىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى...

مەدداھ ۋەزنى : «ھەقىقىي ئىشق ئۆلگەندىمۇ كۆڭۈلدىن چىقمايدۇ»[1] دەپ تۈگەتتى . قىزلار كۆزلىرىدىن ياش تۆككەندە مەدداھ : «بەزى كۆرگەن - بىلگەن ئادەملەرنىڭ ماڭا ئېيتىشلىرىچە ، قارا خەنجەر جەيھۇن دەرياسىنىڭ دولقۇنىدا ئۆلگىنى ھەققىدىكى خەۋەر ناتوغرا ئىمىش . ئۇ ئۆزىنىڭ قارا ئېتىدا گۈلجامالنى دولقۇننىڭ ئىچىدىن ساق - سالامەت قۇتقۇزغان ، قاراقۇمدا بالا ئېشىم قۇدۇقىغا يېقىن جايدىكى ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ كەتكەن ، ئۇ يەردە ئىككىسى نۇرغۇن يىللار بەختلىك ھايات كەچۈرگەن . سىلەرنىڭمۇ شۇنداق بەختلىك ھايات كەچۈرۈشۈڭلارنى تىلەيمەن . »

---

[1] ئىبن ھەزىم تەلىماتىدىن ( XI ئەسىر ) .

## ئونىنچى باب

# ھاجى رەھىم ياش باتۇخاننىڭ ھۇزۇرىدا

*ياللىنى باللا دېمە، شېرىنىڭ باللىسىمۇ باللا.*

(ئەرەب ماقالى)

ھاجى رەھىم ئۇرۇش قىلىشۋاتقان موڭغۇللارنىڭ ئەترەتلىرى ئارىسىدىن ناھايىتى قىيىنچىلىق بىلەن ئۆتۈپ، جوچى خاننىڭ قارارگاھىغا كەلدى. دەرۋىشنىڭ كۆلاسىدىكى لاچىن سۈرىتى سېلىنغان ئالتۇن تامغا ئۇنى قورۇقلاپ، بۈيۈك موڭغۇل خانلىقى غەربىي ـ شىمال ئۇلۇسىنىڭ ھۆكۈمدارى تۇرغان ئاق ئۆيگە كىرەلىشىغا ئىمكان بەردى. ھاجى رەھىم دەھشەتلىك چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جوچى خان موڭغۇل ھۆكۈمدارلىقىدىكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا قاغان بىلەن تالىشىشقا جۈرئەت قىلغان بىردىنبىر كىشى دەپ ئاڭلىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چىڭگىزخان تۇنجى ئوغلىغا ئىشەنمەيتتى ۋە ھەمىشە ئۇنىڭدىن خاۋاتىرلىنىپ يۈرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنى ئەڭ يىراقتىكى ئۇلۇسقا ھۆكۈمدار قىلىپ ئەۋەتكەن. بۇ جايدا بولسا كۆپ جايلارنى ئۇرۇشۇپ ئېلىشقا توغرا كەلگەندى. شۇنىڭدا چىڭگىزخان ئوغلىغا: «مەن ساڭا موڭغۇل ئېتىنىڭ تۇيىقى يېتىدىغان كۈنپېتىشتىكى ئەڭ يىراق يەرلەرنى بېرىمەن!» دېگەن.

جوچى خان ئاق ئۆيدىكى پاكار تەختىدە باداشقانىنى قۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئاتىسىغا ئوخشاش ئېگىز بويلۇق، قوپال بولۇپ،

كۆپكۆك كۆزلىرى سۆرۈن كۆرۈنەتتى. ئۇزۇن بۇرۇتى ۋە قارا ئۆچكە ساقىلى بىلەن كوسا موڭغۇللاردىن پەرق قىلاتتى. ئاتنىڭ قىلىدىن قوشۇپ يۇمشاق قىلى ئۆرۈلگەن ساقىلى ئىنچىكە كوكۇلىغا ئوخشايتتى، ئۇنى جۇچى خان ئوق قۇلىقىدىن ئاشۇرۇپ تاشلاپ قويغانىدى. ئۇلۇغ قاغاندىن شەپقەت كۈتۈپ خانلارمۇ، ئۇلىمالارمۇ، سودىگەرلەرمۇ، باشقا ئاددىي پۇقرالارمۇ تىزىنى پۈكۈپ تەزىم قىلىپ تۇرۇشاتتى.

هاجى رەھىم قاتتىق قىلىپ: «يا ئاللا، يا ھەق!» دېدى - دە، ئادەملەرنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتۈپ جۇچى خاننىڭ تەختىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ھاسىسىغا تايىنىپ تۇردى.

جۇچى خان دەرۋىشكە قاپىقىنى سىلىپ قارىدى - دە:

— قىپچاق شامانى، مەقسىتىڭ نېمە! — دېدى.

هاجى رەھىم ئۇلۇغ ۋەزىر مەھمۇد يالۋاچتىن خەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— نېمشقا بۇنچىلىك كېچىكتى؟ مەن ئۇزۇندىن بېرى خەت كۈتۈۋاتىمەن.

— مەن مۇھاسىرىدە قالغان ئورگەنچتە ئىدىم.

— دېمەك، سەن مېنىڭ دۇشمەنلىرىم بىلەن بىللە ئىكەنسەن - دە؟

— شۇنداق، مەن تېۋىپ بولغىنىم ئۈچۈن، يارىدارلارغا ياردەم بەردىم.

هاجى رەھىم ھاسىسىنىڭ موم بىلەن بېكىتىلگەن يېرىنى ئېچىپ، ئىچىدىن قىزىل تامغا بېسىلغان ئوراقلىق قەغەزنى ئالدى.

جۇچى خاننىڭ مىرزىسى قەغەزنى ئېچىپ، تەئەججۇپ بىلەن قاراپ قالدى.

— بۇنىڭدا «بۇ ئادەمگە ئىشىنىڭلار!» دەپ ئۈچ ئېغىزلا سۆز يېزىلغان.

— بولدى، كۈپايە! — دېدى جۇچى، — ئوغلۇم باتۇخاننى

ئېلىپ كېلىشتى .

نۆكەرلەر يۈگۈرۈپ بېرىپ تېزدىن قايتىشتى . ئۇلارنىڭ ئالدىدا قولىدا يا ۋە ئۈچ تال قىزىل ئوق[1] بىلەن توققۇز ياشلىق بىر بالا يۈگۈرۈپ كېلەتتى . بالا ئۆزىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ كېلىۋاتقان بوۋايلارنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتتى ـ دە ، يۈگۈرۈپ جۇچى خاننىڭ ئالدىغا كەلدى ، ئادەتتىكىچە تەزىم قىلىپ ، كېيىن ئولتۇرغانلارغا كۆز سالدى .

— مانا مېنىڭ ئوغلۇم باتۇ خان ! — دېدى جۇچى خان بالىغا كۆز قىرىنى تاشلاپ ، — مەن ساداقەتلىك مەھمۇد يالۋاچتىن بىر ئوقۇمۇشلۇق مىرزا ئەۋەتىشنى ، بۇ مىرزا ئوغلۇمغا مېنىڭ يېڭى يۇقىرىلىرىم — خارەزملىكلەر سۆزلىشىدىغان تىلدا ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىتىشنى ئىلتىماس قىلدىم . سەن شۇنداق ئۇستاز بولالامسەن ؟

— مەن ئوغلىڭىزنى جان ـ دىلىم بىلەن تۈركمەنچە ، پارسچە ۋە ئەرەبچە كىتابلارنى ئوقۇيدىغان قىلىپ تەربىيە قىلىمەن ، — دېدى ھاجى رەھىم ، — ئەمما مۇدەررىسلەرگە ئوخشاش چوڭ كىتابلاردىن دەرس بېرەلمەيمەن . مەن دۇنيا ساياھىتى تەسۋىرلەنگەن ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق نېمە ئىكەنلىكى ، ۋەتەنگە مۇھەببەت ۋە ھەر بىر ئىنساننىڭ بۇرچى قانداق بولۇشى كېرەك ئىكەنلىكى تەرىپ قىلىنغان كىتابلارنى ئوقۇتىمەن .

— بۇلار ناھايىتى پايدىلىق ۋە ياخشى نەرسىلەر ! — دېدى جۇچى خان ، — بۇنداق ئۇستاز ئوغلۇمنى ناھايىتى باتۇر ، خەلقلەرگە ھۆكۈمدار قىلىدۇ . باتۇ ، ئۇستازىڭنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سال ! مىرزا ، ئوغلۇمنىڭ سۆڭىكى مېنىڭكى ، گۆشى سىزنىڭكى .

بالا يۈزىنى ئۆرۈدى .

— ئەگەر ئۇ ماڭا باتۇرلار ۋە ئۇرۇشلار توغرىسىدا سۆزلەپ بەرسە ، سۆزلىرىگە قۇلاق سالىمەن !

ھاجى رەھىم بالىغا جاۋاب بەردى :

---

1 ئۈچ قىزىل ئوق — خان ئەۋلادىنىڭ ئالامىتى .

— مەن ساڭا رۇم سەركەردىسى مۇڭگۇزلۇك ئىسكەندەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىمەن. بۇ پادىشاھ ياش بولسىمۇ، قورال ـ جابدۇقى ۋە دۇنياسى ئۆزىنىڭكىگە قارىغاندا خېلى كۆپ بولغان پادىشاھلارنىڭ يۇرتلىرىنى ئالدى ۋە ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىدى.

بالا دەرۋىشكە قايرىلىپ قاراپ، ئۇنىڭ يۈزلىرىگە ھەۋەس بىلەن تىكىلدى.

— ئىسكەندەر بۇنداق غەلىبىلەرگە قايسى يول بىلەن ئېرىشتى؟ — دېدى جۇچى خان.

— ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ توغرىدا ئىسكەندەرنىڭ ئۆزىدىن سورىغاندا، ئۇ «مەن بۇنىڭغا بېسىۋالغان ئەللىرىمنىڭ پۇقرالىرىغا زۇلۇم قىلماستىن ئېرىشتىم» دېگەنىكەن.

جۇچى خان ئوغلىغا قارىدى.

— مېنىڭ بۇيۇك ۋە يېگانە ئاتام چىڭگىزخان دۇنيانىڭ يېرىمىنى بېسىۋالدى، مۇڭگۇزلۇك ئىسكەندەر بولسا قالغان يېرىمىنى ئالدى. سەن ئەمدى نېمىنى بېسىۋالىسەن، باتۇ خان؟

بالا ئويلاپ تۇرماستىنلا:

— مەن ئىسكەندەردىن ھەممە يەرلەرنى تارتىۋالىمەن! — دېدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ھاجى رەھىم جۇچى خاننىڭ قارارگاھىدا باتۇ خانغا ئۇستاز بولۇپ قالدى. جۇچى خان يوشۇرۇن ئەۋەتىلگەن قاتىللارنىڭ قولىدا تۇيۇقسىز ئۆلگۈچە بولغان ئارىلىقتا باتۇ خان بىلەن بىر نەچچە يىل مەشغۇل بولدى. كېيىك ئوۋىسىدا جۇچى خان كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، قومۇشلارنىڭ ئارىسىدا ئادىشىپ، نۆكەرلىرىدىن يىراقلىشىپ كەتتى، ئۇنى ئارانلا تېپىشتى. ئۇ مۇرىسى سۇنغان ھالدا ياتاتتى، ئۇنىڭ قاتىللىرى تېپىلمىدى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنى چىڭگىزخاننىڭ ئۆزى ئەۋەتكەنمىش[1]. جۇچى خان تېخى تىرىك بولسىمۇ، بىر ئېغىزمۇ سۆز

① شەرق يىلنامىلىرىدىن جۇۋەينى ۋە باشقىلارنىڭ رىۋايىتى.

قىلالمىدى ، ھەتتا قولىنىمۇ قىمىرلىتالمىدى . لېكىن ، كۆزلىرى ئەبەدىي يۇمۇلۇق ، غەمكىن ۋە خاپا ھالدا پارقىراپ تۇراتتى .
شۇ ۋاقىتتا ، مەشھۇر سەركەردە سۇبەتەي باتۇر كۆنۈپ‌پىتىشقا قىلغان سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەنىدى ، ئۇ باتۇ خاننى ئېتىغا مىندۈرگەشتۇرۇۋېتىپ :
— بۇ يەردە سېنىڭمۇ قىسمىتىڭ ھۆكۈمدارىم جوچى خاننىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ . سەن مەن بىلەن كەڭگىگە بېرىپ ، ئۇرۇش ئىلمىنى ئۆگىنىسەن ، مەن سېنى ئۆز ئوغلۇمدەك تەربىيىلەپ ، چېرىكچى بەگ قىلىپ يېتىشتۇرىمەن ، — دېدى .
ھاجى رەھىم باتۇ خاندىن ئايرىلغاندىن كېيىن ، يەنە يالغۇز جاھانكەچتىلىك قىلدى ، ئۇ ئۇرگەنچتە سۇ تاشقىنى ۋاقتىدا غايىب بولۇپ كەتكەن ئۆكىسى توغان توغرىسىدا قاتتىق قايغۇراتتى . توغان ھالاك بولدىمۇ ياكى دەريا دولقۇنىدىن ۋە موڭغۇللارنىڭ قىلىچىدىن ساق قالدىمىكىن ؟ ھاجى رەھىم ھەمىشە شۇ توغرىدا ئويلايتتى ۋە ئۆكىسىنى يەنە كۆرىدىغان كۈننى كۈتەتتى .
ھاجى رەھىم تۇرلۇك شەھەرلەرنى كەزدى ، رەھىمسىز موڭغۇللار بېسىپ كىرگەن ۋاقىتتا ، خارەزم خەلقلىرىنىڭ كەچۈرگەن قارا كۈنلىرى توغرىسىدا كۆرگەن ـ بىلگەنلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ يۈردى . ئۇ كىشىلەرنىڭ ھېكايىلىرىنى يېزىۋالدى ، ئاخىر چىڭگىزخان توغرىسىدا ، ئۇنىڭ قانداق قىلىپ قۇدرەت ئىگىسى بولۇپ ، پۈتۈن دۇنيانى بېسىۋالماقچى بولغانلىقى ، موڭغۇللارنىڭ قەدىمى يەتكەن جايلاردىكى ھەممە نەرسىنىڭ ۋەيران بولۇپ ، دەشت ـ باياۋانغا ئايلانغانلىقى ھەققىدە چوڭ بىر كىتاب يېزىشنى قارار قىلدى .

# ئۈچىنچى قىسىم

# كەلكە يىندا

## بىرىنچى باب

## چىڭگىزخاننىڭ پەرمانى

*...ئۇلارنىڭ تەلەتى سەت ۋە قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇلاردا ساقال دېگەن نېمە يوق، بەزىلىرىنىڭ لېۋىدە ۋە ئېڭىكىدە بىر نەچچە تال تۈك ئۆسۈپ تۇراتتى. كۆزلىرى قىسىق ۋە ئىتتىك، ئاۋازلىرى كەسكىن ۋە ئىنچىكە، گەۋدىلىرى كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم.*

(كراكوس، XIII ئەسىر ئەرمەن تارىخچىسى)

يىلان ئېيىنىڭ ئەتىيازلىقى (1220 ـ يىلى)، سەپەر ئېيى (ئاپرېل)دا چىڭگىزخان ئەڭ مۇشكۇل تاپشۇرۇقلارنى ياخشى ئورۇنلاپ كەلگەن سەركەردىلىرىدىن ئىككىسىنى — قىرىپ قالغان، بىر كۆزى قارىغۇ سۇبەتەي باتۇر بىلەن ياش جەبە نويوننى ھۇزۇرىغا قىچقارغۇزدى[1].

ئۇلار «جاھاننى تىترەتكۈچى»نىڭ شايىدىن تىككەن ئۆيگە

---

[1] شۇ چاغلاردا چىڭگىزخان بۇخارا ۋە سەمەرقەندنى ئېلىپ، ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقاندى.

دەررۇ يېتىپ كېلىپ ، ئالتۇن تەخت تېگىدىكى كىگىزگە تىز
چۆكۈشتى . چىڭگىزخان چوقچىيىپ ، ئۇلۇغ تىزىنى قۇچاقلاپ سول
ئۆكچىسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى . بېشىدىكى يۇمىلاق ، زۇمرەت
تاشلىق پارقىراپ تۇرغان قالپىقىدىن قارا تۇلكىلەرنىڭ قۇيرۇقلى-
رى ئېسىلىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ مۈشۈكنىڭكىگە ئوخشاش سارغۇچ
يېشىل كۆزلىرى سالام قىلىپ تۇرغان ئىككى يېڭىلمەس باتۇرغا
تىكىلگەنىدى . «بىر دىنبىر ۋە بۈيۈك قاغان» خىرىلدىغان ئاستا
ئاۋاز بىلەن سۆز قىلدى :

— ئايغاقچىلىرىمىزنىڭ خەۋەر بېرىشىگە قارىغاندا ، سېرىق
ئىتتىن بولغان خارەزم شاھ مۇھەممەد ھېچكىمگە بىلىندۇرمەي
قوشۇنلىرىنى تاشلاپ قاچقانىمىش . مۇھەممەد قېچىپ كېتىپ بار-
غان يولىدىكى ئىزىنى ئاداشتۇرۇش ئۈچۈن ، يېقىندا جەيھۇن دەريا-
سىنىڭ ئۆتكىلىدە كۆرۈنۈش بېرىپتۇ . ئۇ خارەزم شاھلىرىنىڭ يۈز
يىللاپ توپلىغان بايلىقلىرىنى ئېلىپ كېتىپ بارغانىمىش . ئۇنى
يەنە چوڭ قوشۇن توپلاشتىن بۇرۇن تۇتۇۋېلىش كېرەك ! مەن
سىلەرگە يىگىرمە مىڭ ئاتلىق چېرىك قوشۇپ بېرىمەن . ئەگەر
شاھنىڭ قوشۇنمۇ شۇنچىلىك كۆپ بولسا «ئۇرۇشايلىمۇ ، يوق»
دەپ ئىككىلىنىپ قالىدىغان بولساڭلار ، ياخشىسى ئۇرۇشماڭلار !
لېكىن ، دەررۇ ماڭا خەۋەر قىلىڭلار ! ئۇ چاغدا مەن تۇقۇچار
نويوننى ئەۋەتىمەن ، سىلەر ئىككىڭلار بىر بولۇپ ھۆددىسىدىن
چىقالمىغان دۈشمەننى ئۇ يالغۇز ئۆزى يېڭىدۇ . بىراق ، بىزنىڭ
پەرمانىمىز مۇھەممەدنىڭ بارلىق قوشۇنىدىنمۇ كۈچلۈكرەك بولسا
كېرەك ، دەپ ئويلايمەن . مۇھەممەدنى زەنجىر بىلەن باغلاپ كەلتۈر-
گۈچە ، قايتماڭلار ! ئەگەر يېڭىلگەن شاھ ئېگىز تاغلار ياكى زۇل-
مەت غارلاردىن باشپاناھ ئىزدەپ ، ئۆزىنىڭ بىر نەچچە ھەمراھلىرى
بىلەن قېچىپ كېتىدىكەن ياكى ھەييار جادۇگەرلەردەك ئادەملەر
ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بولىدىكەن ، سىلەر ئۇنىڭ تۇپرىقىغا قارا
بوراندەك ئېتىلىپ كىرىڭلار . يولۇڭلاردا قايسى شەھەر سىلەرگە
ئىتائەت قىلسا ، ئادىللىق قىلىڭلار ۋە قاتتىق قول كىشىلەردىن

بىرىنى ھاكىم قىلىپ، بىر ئازلا قورۇقچى بىلەن قالدۇرۇشلار ـ دە، يۈرۈشنى داۋام ئەتتۈرۈشلار. لېكىن، قايسى شەھەر بويسۇنماي قارشىلىق كۆرسەتسە، بېسىۋېلىشلار! ئۇنداق شەھەردە بىر ـ مۇ ئىمارەتنى قالدۇرماي، كۈلىنى كۆككە سورۇشلار! ئويلايمەنكى، بىزنىڭ بۇ پەرمانىمىز سىلەرگە ئېغىرلىق قىلماس!

جەبە نويون قەددىنى رۇسلاپ سورىدى:

— ئەگەر خارەزمنىڭ شاھى مۇھەممەد ھەييارلىق قىلىپ، بارغانسېرى كۈنپېتىش تەرەپكە قېچىپ كېتىۋەرسە، بىز ئۇنى قاچانغىچە قوغلاپ بارىمىز، سىزنىڭ ئالتۇن ئۆيىڭىزدىن قانچىلىك ئۇزاقلىشىشىمىز مۇمكىن؟

— قېچىۋەرسە، دۇنيانىڭ نېرىقى چېتىگىچە، ئەڭ ئاخىرقى دېڭىزغىچە قوغلاپ بارىسىلەر.

مۇكچەيگەن قىڭغىر بەل سۇبەتەي باتۇر بېشىنى كۆتۈرۈپ خىرىلدىدى:

— ئەگەر شاھ مۇھەممەد بېلىق بولۇپ، دېڭىزنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتسىچۇ؟

چىڭگىزخان ماڭلىيىنى تاتىلىدى ـ دە، گۇمانلىنىپ سۇبەتەي ـ گە قارىدى.

— ئۇنىڭدىن ئىلگىرىرەك تۇتۇۋېلىشقا ھەرىكەت قىلىڭلار! ئەمدى كەتسەڭلارمۇ بولىدۇ.

ئىككى سەركەردە ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈنىلا ئۇلار يىگىرمە مىڭ موڭغۇل ۋە تاتار ئاتلىقلىرى بىلەن كۈنپېتىشكە راۋان بولۇشتى.

## ئىككىنچى باب

# «ئۇلۇغ قاغان»غا مەلۇمات كەلدى

چىڭگىزخاننىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ سەركەردىلىرى بولمىش جەبە نويون بىلەن سۇبەتەي باتۇر ئىككى تۈمەن ئاتلىق چېرىك بىلەن شىمالىي ئىراننىڭ تاغلىرى ۋە ۋادىلىرىدا ئىككى يىل ئايلىنىپ يۈرۈپ، قېچىپ كەتكەن خارەزمنىڭ ھۆكۈمرانى شاھ مۇھەممەدنىڭ ئىزىنى ئىزدەشتى، لېكىن تاپالمىدى. ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ قاچقان ۋە ئاخىر يالغۇز قالغان خارەزم شاھ دەريائى ھەزەرنىڭ ئاراللىرىدىن بىرىدە ئۆلگەن، دېگەن سۆزنى خەلق ئاغزىدىن ئاڭلىشاتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، جەبە نويون بىلەن سۇبەتەي باتۇرلارنىڭ ئورۇنلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان كونا ناخشىلارنى ياخشى ئېيتىدىغان موڭغۇل قوشاقچىسىنى چاقىرىپ كېلىپ، «بىردىنبىر ۋە بۈيۈك قاغان» غا ئەۋەتمەكچى بولغان مەلۇماتلىرىنى ئالدىرىماي ئېيتىپ بېرىشتى. ئۇلار باخشىغا ئېيتقان سۆزلىرىنى توققۇز قېتىمدىن توققۇز قېتىم[1] تەكرارلىتىپ، كېيىن ئۇنى كۆپكۆك چىمەنلىكلىرى ۋە سۈزۈك سۇلىرى بىلەن مەشھۇر بولغان نەسەف[2] شەھىرى يېنىدىكى تۈزلەڭلىكتە تۇرىدىغان چىڭگىزخانغا ئەۋەتىشەتتى. يوللار تېخى خېلىلا خەتەرلىك بولغانلىقى سەۋەبىدىن (چۈنكى موڭغۇللار كۆيدۈرۈۋەتكەن شەھەرلەرنىڭ ئاچ - يالىڭاچ قاچاقلىرى يوللاردا

---

① موڭغۇل سەركەردىلىرى ساۋاتسىز بولغانلىقىدىن، مۇھىم مەلۇمات ياكى خەۋەر ئەۋەتىدىغان بولسا، چاپارمەن ئاداشتۇرۇۋەتمىسۇن، دېگەن نىيەت بىلەن بېيىت قىلىپ ئېيتاتتى. توققۇز رەقىمى موڭغۇللاردا مۇقەددەس رەقەم ھېسابلىناتتى.

② نەسەف — بۇخارانىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ھازىرقى قارشى شەھىرى.

باسمىچىلىق قىلاتتى ) چاپارمەننىڭ يېنىغا ئىشەنچلىك نۆكەرلەردىن ئۈچ يۈزى قوشۇپ بېرىلگەنىدى .

چاپارمەن يول بويى موڭغۇلىستاننىڭ داللىرى ، قارىغايلىق تاغلىرى ، يۈزلىرى ئوت يالقۇنىدەك تاۋلانغان قىزلىرى توغرىسىدىكى كونا قوشاقلارنى ئېيتىپ بەردى . بىراق ، ئۆزىنى ئەۋەتكەن باتۇرلارنىڭ مەلۇماتلىرىنى زادىلا ئاغزىغا ئالمىدى . قاغان تۇرغان مەنزىلگە يېتىپ كېلىپ ، سەككىز يەردە قاراۋۇللار كۆرۈۋېلىپ، مۇقەددەس گۈلخانلارنىڭ ئىسى ئارىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، چاپارمەن سېرىق چېدىر ئالدىغا كېلىپ ، ئۇنىڭ ئالتۇن ئىشىكى ئالدىدا توختىدى . ئىشىكنىڭ ئىككى يېنىدا ناھايىتى چىرايلىق ئىككى ئات تۇراتتى — بىرى بوز ، يەنە بىرى قۇلا ، ئىككىلا ئات ئاق يۇڭ ئارغامچا بىلەن ئالتۇن قوزۇقلارغا باغلانغان .

بۇنداق ھەشەمەتلىك زىننەتتىن ھەيران بولغان موڭغۇل چاپارمىنى پوككىدە يەرگە يىقىلىپ ، تاكى ئۇنى ئىككى باتۇر تۇرغاۋۇت كۆتۈرۈپ ، ئۆيىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىش بىلەن چىڭگىزخاننىڭ ئاياغلىرى ئاستىدىكى گىلەمگە تاشلىغۇچە ياتتى .

موڭغۇل قاغانى ئالتۇن بىلەن قاپلانغان كەڭ تەخت ئۈستىدە زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى .

كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغان چاپارمەن تىزلىنىپ تۇرغان پېتى يادلىۋالغان مەلۇماتنى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن خۇددى ناخشا ئېيتقاندەك ئېيتىپ بەردى :

زاتى ئالىيلىرىگە تىرىشقاق نۆكەرلەر بولمىش ،
سۇبەتەي باتۇر ۋە جەبە نويوندىن مەلۇمات .
قۇيرۇقسىز تۈلكىنىڭ ئوغلى — خارەزم شاھ مۇھەممەد ،
موخۇلار كەپسىدە ئۆلدى نىھايەت .
يىلان بالىسى يىلان ئىنائەتسىز جالالمۇ ،
قاچتى ئىران تېغىدىن يول سېلىپ نېرى ،
تۇتۇندەك ئىزسىز كەتتى ئەنە شۇ تەرەپكە...

ئۇلار تامام ! بىز بولساق كاۋكاز قەستىدە .
يولدا دۇچ كەلسە ھەر ئەل قىلىمىز ئۇرۇش ،
بايقايمىز قۇدرىتىنى ۋە چېرىكىنى .
دەررۇ يېتىۋالىمىز قىپچاق دەشتىگە ،
ئاتلىرىمىز دەم ئالار شۇ يايلاقتا .
ئۆتكەن يول ئەستە قالار ، ئوتلاق تېپىلار ،
يايلاق تېپىلار سېنىڭ قولا ئېتىڭغا .
كۈنپېتىشقا چاقماقتەك ئۇچۇشۇڭ ئۈچۈن ،
دۇنيانى تولۇق قارام قىلىشىڭ ئۈچۈن ،
موڭغۇل قاغانى ئۈچۈن ئاچماقتىمىز يول[1] .
يولىمىزنى توسارلىق كۈچ يوق جاھاندا ،
ئەڭ ئاخىرقى دېڭىزغىچە چاپار ئېتىمىز .
تۇياقلىرىنى يۇيارمىز يېشىل سۇلاردا ،
ياسىغايمىز ھەيۋەتلىك ۋە ئېگىز تۆپە .
قىلىچىمىز زەربىسى كەسكەن باشلاردىن ،
تۆپىلىككە ئورناتقايمىز پارچە قىيا تاش .
تاشقا سېنىڭ يېزىلار نامىڭ مۇقەددەس ،
كېيىن ئاتىنىڭ بېشىنى كۈنچىقىشقا بۇرايمىز .
شۇ يوللاردىن ئۆتۈپ ، مەنزىللەر كېچىپ ،
سېنىڭ ئالتۇن چېدىرىڭغا قاراپ بارىمىز...

ناخشىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن ، چاپارمەن كۆزىنى قىسىپ ، ئاددىي موڭغۇللار يېقىن يولۇقالمايدىغان قاغاننىڭ قەھىرلىك كۆزلىرىگە نەزەر تاشلاش بىلەن تېنى شۈركۈنۈپ يەنە دۇم

[1] بەزىبىر ھەربىي تارىخچىلارنىڭ پىكرىگە قارىغاندا ، سوۋېتىي باتۇرنىڭ كەلكە تۈۋدە بولغان ئۇرۇش بىلەن ئاخىرلاشقان يۈرۈشى موڭغۇللارنىڭ شەرقىي ياۋروپاغا باستۇرۇپ كىرىشنى تەييارلاش ئۈچۈن (چىڭگىزخان بەلگىلەپ بەرگەنىدى ) قىلىنغان ئىستراتېگىيىلىك رازۋېدكا ئىدى . بۇ يۈرۈش چىڭگىزخان ئۆلۈپ ئون ئىككى يىلدىن كېيىن ، ئۇنىڭ نەۋرىسى باتۇخان (باتى ) تەرىپىدىن 1237 ـ يىلى قىلىنىدى . بۇ يۈرۈشنىڭ باش ھەربىي مەسلىھەتچىسى ۋە رەھبىرى يۇقىرىدا ئېيتىلغان رازۋېدكىنى قىلغان سوۋېتىي باتۇر بولدى .

چۈشتى. چىڭگىزخان تاشتەك قېتىپ، قىسىق كۆزلىرىنى ئازراقلا ئېچىپ ئولتۇراتتى، ئاقىرىشقا باشلىغان سېرىق ساقىلىنى سىلكەتىپ، ئايىغىنىڭ تاپىنىنى تاتىلايتتى. ئۇ ئالدىدا ئۆزۇنسىغا چۈشۈپ ياتقان چاپارمەنگە ھارغىن كۆزلىرىنى تىكىپ، خۇددى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك دېدى:

— ئاۋازىڭ ياۋايى غازنىڭكىگە ئوخشايدۇ... مۇكاپاتلاشقا ئەرزىيەن، — دېدى ۋە ئۇ تەختكە ئېسىپ قويۇلغان سېرىق شايى خالتىنى بىرنى ئۈزۈپ، ئىچىدىن چاڭ باسقان بىر پارچە قەنت ئالدى - دە، ئۇنى تىترەپ قاقشاپ تۇرغان چاپارمەننىڭ ئاغزىغا تىقتى، ئۇنىڭدىن كېيىن دېدى:

— جەبە نويون ۋە سۇبەتەي باتۇرلارنى ماختاشقا تېخى ۋاقىت ئەتىگەن. كۆرىمىز، ئۇلارنىڭ يۈرۈشلىرى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن تۈگەمدىكىن... جاۋابىنى بولسا، ئۆز چاپارمىنىمىزدىن ئەۋەتىمىز.

چىڭگىزخان بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىپ چاپارمەنگە جاۋاب بەردى. ئۇ چاپارمەنگە ۋە ئۇنىڭ بىلەن كەلگەن قورۇقچىلارغىمۇ تاماق، قىمىز بىلەن ياخشىلاپ زىياپەت بېرىشنى بۇيرۇدى. ئەتىسىگە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز قىسمىڭلارغا يېتىشۋېلىڭلار، دەپ ئەۋەتىۋېتىلدى.

بىر يىل ئۆتتى. كۈنپېتىشقا ئەۋەتىلگەن موڭغۇللاردىن خەۋەر كەلمىدى. بىر كۈنى چىڭگىزخان مىرزىسى — ئۇيغۇر ئىسمايىل خوجىغا بىر - ئىككى ئېغىز سۆز ئېيتتى، كېيىن بۇ تامغا بېسىلغان خەتنى (ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى) قالپىقىغا لاچىننىڭ پەيلىرى ۋە قوڭغۇراقلار ئېسىۋالغان (مۇھىم ئىش بىلەن ئەۋەتىلىش ئالامىتى) چاپارمەن ئارقىلىق ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى. چاپارمەننى مۇھاپىزەت قىلىپ بېرىشنى تۇقۇچار باتۇر بىلەن ئۇنىڭ بىر تۈمەن ئاتلىق چېرىكىگە تاپشۇردى.

— سەن جەبە نويون بىلەن سۇبەتەي باتۇرنى تاپمىغۇچە، دۇنيانىڭ نېرىقى چېتىغىچە بولسىمۇ بارىسەن. ئۇلارنى تاپقاندىن كېيىن، سېنىڭ كۆز ئالدىڭدا چاپارمىنىمىز ئۆز قولى بىلەن خەتنى

سۈبەتەي باتۇرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇش كېرەك. ئۇلار شۇنچىلىك ئۇزاقلىشىپ كېتىشتىكى، ھازىر ئۇتتۇز ئۈچ خىل دۈشمەن ئارد- سىدا قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇش كېرەك.

تۇقۇچار شۇ كۈنىلا ئۆزىنىڭ ئاتلىقلىرى بىلەن دۇنيانىڭ نېرىقى چېتىگە ئۆتۈپ كەتكەن موڭغۇللارنى ئىزدەپ كۈنپېتىشقا راۋان بولدى.

## ئۈچىنچى باب

# ئاخىرقى دېڭىزنى ئىزدەپ

*ئالغا ئۇچار ئاتلار، سايەڭلەر خەلقلەرنى دەھشەت-كە سالار.*

(موڭغۇل ناخشىسىدىن)

قىش بويى ئۇيقۇدا يېتىپ، باھاردا قېرى دەرەخ يىلتىزى ئاستىدىن چىقىپ ئۆزىنى كۈنگە قاقلايدىغان، بىردەم بىر - بىرىگە يېقىنلىشىپ، بىردەم ئۇزاقلىشىپ يول ئۈستىدە سۆرىلىپ يۈرۈپ، ئەتراپتىكى جانىۋارلارنى ۋە ئاسماندا ۋىچىرلاپ ئايلىنىپ يۈرگەن قۇشلارنى دەھشەتلىك ھاياجانغا سالىدىغان يوغان ئىككى قارا يىلانغا ئوخشاش، ئۇچقۇر جەبە نويون بىلەن ھىيلىگەر ۋە ئېھتىياتچى سۇبەتەي باتۇرلار ئۆزلىرىگە قاراشلىق ئىككى تۈمەن موڭغۇل چېرى-كى بىلەن بىردەم ئارغامچىدەك سوزۇلۇپ، بىردەم بىر يەرگە توپلىنىپ، دەھشەتتە قالغان شەھەرلەر ئەتراپىدىكى دالىلارنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، ھەممە ياقنى ۋەيران قىلىپ ۋە ئوت قويۇپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ كۈنپېتىشقا قاراپ سىلجىيتتى.

چىڭگىزخاننىڭ بۇ ماڭلاي قوشۇنى شىمالىي ئىراندىن ئۆتۈپ، خار، سىمنان، قۇم، زەنجان ۋە باشقا شەھەرلەرنى تارمار قىلدى، موڭغۇللار باي شەھەرلەردىن ھېسابلانغان ھەمەدانغىلا تەگمەي ئۆت-تى. چۈنكى، شەھەرنىڭ ھاكىمى ئەلچىلەر چىقىرىپ، بىر توپ ئات، كىيىم ئارتىلغان ئىككى يۈز تۆگىنى ھەدىيە قىلدى. قەزۋىن-دە قاتتىق ئۇرۇشۇشقا توغرا كەلدى. شەھەر خەلقى ئۇزۇن پىچاقلارنى كۆتۈرۈپ شەھەر ئىچىدە ئۇرۇش قىلىشتى، قەزۋىنگە

ئوت قويۇۋەتتى.
موڭغۇللار سوغۇق قىش پەسلىنى رىبى[1] شەھىرى ئەتراپىدا ئۆتكۈزۈشتى. ئۇلارغا ھەممە ياقتىن قوي، ياخشى ئاتلار ۋە كىيىم - كېچەكلەر ئارتىلغان تۆگىلەر كېلىپ تۇراتتى. موڭغۇللار ئەنە شۇ يەردە كۈتتى.
باھار قۇياشىنىڭ نۇرلىرى ئاستىدا ئىران تاغلىرىنىڭ يانباغىرلىرى ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغاندىن كېيىن، موڭغۇللار ئەزەربەيجاننى بېسىپ ئۆتتى. چوڭ ۋە باي شەھەرلەردىن بىرى بولغان تەبرىز موڭغۇللارغا سۈلھىگە رازى بولۇپ، شەھەرگە تەگمەي يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىشتى. ئۇلار كاۋكاز تەرەپكە يول سېلىپ، ئاررانىنىڭ پايتەختى گەنجگە يېقىنلىشىشتى، بىراق موڭغۇللار شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشمىدى، كۈمۈش ۋە كىيىم - كېچەكلەر بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپ قاندۇرۇلغاندىن كېيىن، گرۇزىيە تەرەپكە يول سېلىشتى.
گرۇزىنلارنىڭ كۈچلۈك قوشۇنى ئۇلارنىڭ يولىغا توسالغۇ بولدى. ئاساسىي قىسىملار بىلەن سۇبەتەي ئالدىدا كېتىپ باراتتى، جەبە بولسا بەش مىڭ ئاتلىق چېرىك بىلەن ئارقىدا يوشۇرۇنۇپ ماڭغانىدى. ئۇرۇش باشلىنىشى بىلەنلا، موڭغۇللار يالغاندىن كەينىگە قېچىشقا باشلىدى، ئېھتىيات بولۇشنى ئۇنتۇغان گرۇزىنلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاشقا چۈشتى، جەبە نويوننىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقان تاتارلىرى گرۇزىنلارغا قارشى ئېتىلدى. سۇبەتەي چېرىكلىرى بولسا كەينىگە قايرىلىپ، گرۇزىنلارنى ئوراپ ئېلىشتى - دە، قىرىپ تاشلاشتى. شۇ ئۇرۇشتا ئون ئۈچ مىڭ گرۇزىن ھالاك بولدى.
بىراق، موڭغۇل چېرىكلىرى تاغلار ۋە يارلار ئارىسىغا جايلاشقان، خەلقى جەڭگىۋار بۇ ئەلنىڭ ئىچىگە بېسىپ كىرىشتىن قورقۇپ، ئالغان ئولجىلىرى بىلەن يولغا چۈشتى. چېرىكلەر «كاۋكاز تاغلىرىنىڭ ئارىلىقلىرى بىزگە تارلىق قىلىدۇ» دەپ نالە قىلىشات-

---

① رىبى — ھازىرقى تېھران شەھىرى يېنىدىكى بۇرۇنقى شەھەر.

تى، ئۇلار ئاتلىرىنى ياۋىداق قويۇۋەتسە بولىدىغان دەشتلەرنى ئىز-
دىشەتتى. شېماخا شەھىرىدىكى خەلقنى قىرىپ بولغاندىن كېيىن،
موڭغۇللار شىرۋانلار پايتەختى دەربەندگە قاراپ يۈرۈشتى. بۇ قور-
غان چىققىلى بولمايدىغان ئېگىز تاغ ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ،
شىمالغا كېتىدىغان يولنى توساپ تۇراتتى. جەبە نويون سېپىلغا
يۆكۈنۈۋالغان شىرۋان شاھى رەشىدكە چاپارمەن ئارقىلىق:

— داڭقى چىققان بەگلىرىڭنى ماڭا ئەۋەت، سېنىڭ بىلەن
دوستانە سۈلھ تۈزىمەن، — دېگەن بۇيرۇقنى ئەۋەتتى.

شىرۋان شاھى قېرى بەگلەردىن ئون كىشىنى ئەۋەتتى، جەبە
باشقىلارنىڭ كۆز ئالدىدا بەگلەردىن بىرىنى چېپىۋېتىپ:

— بىزگە چېرىكلىرىمىزنى تاغلاردىن ئۆتكۈزۈپ قويالايدىغان
ئىشەنچلىك يول باشلىغۇچىلار بېرىڭلار، شۇ چاغدا سىلەر ئامان
قالىسىلەر. ئەگەر يول باشلىغۇچىلىرىڭلار ئالدايدىغان بولسا،
ھەممىڭلارنىڭ تەقدىرىڭلار مۇشۇنداق بولىدۇ، — دېدى.

شىرۋان بەگلىرى بۇ تەلەپكە بويسۇنىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈ-
رۈشتى. موڭغۇل چېرىكلىرىنى دەربەندتىن ئايلاندۇرۇپ، تاغ يول-
لىرى بىلەن ئېلىپ ئۆتۈپ، قىپچاق تۈزلەڭلىكىگە كېتىدىغان
يولغا سېلىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن، موڭغۇللار قېرى بەگلەر-
نى قويۇۋېتىپ، ئۆزلىرى شىمال تەرەپكە كېتىشتى.

## تۆتىنچى باب

# ئەلەن ۋە قىپچاقلار يۇرتىدا

شىمالىي كاۋكازدا جەبە بىلەن سۇبەتەي ئەلەنلەر[1] ئېلىگە يېتىپ كېلىشتى. بۇ يەرگە ئەلەنلەرگە ياردەملىشىش ئۈچۈن، شىمالدىكى كەڭ دەشتلەردىن لېزگىنلەر، چېركەسلەر ۋە قىپچاق قىسىملىرى توپلانغانىدى.

موڭغۇللار ئۇلار بىلەن ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئۇرۇشۇشتى، لېكىن كۇچلەر تەڭ كەلگەنلىكتىن، ھېچقايسى تەرەپ يېڭەلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، جەبە نويون مەشھۇر قىپچاق خانى قەتەنگە ئادەم ئەۋەتتى. بۇ ئادەم قەتەنگە ئۇشبۇ خەتنى ئوقۇپ بەردى:

«بىز تاتارلار سىلەر قىپچاقلارغا ئوخشاشلا — بىز بىر نەسىل، ھەممىمىزنىڭ قېنى بىر. سىلەر باشقا ئۇرۇق خەلقلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئۆز قېرىنداشلىرىڭلارغا قارشى تۇرۇۋاتىسىلەر، ئەلەنلەر سىلەرگىمۇ ۋە بىزگىمۇ يات. كېلىڭلار، بىر - بىرىمىزگە زەرەر يەتكۈزمەسلىك توغرىسىدا ئەھدىلىشەيلى. شۇنىڭغا رازى بولساڭلار، سىلەرگە خالىغىنىڭلارچە ئالتۇن ۋە قىممەت باھا كىيىم - كېچەك بېرىمىز. سىلەر ئەلەنلەرنى تاشلاپ كېتىڭلار، ئۇلارنى بىزگە قويۇپ بېرىڭلار.»

موڭغۇللار قىپچاقلارغا قىممەت باھا ماللار يۈكلەنگەن ناھايىتى كۆپ ئاتلارنى ھەدىيە قىلىپ ئەۋەتتى. سوۋغىدىن خۇشال بولۇپ كەتكەن قىپچاق خانلىرى كېچىسى ئەلەنلەردىن خائىنلارچە ئايرىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىنى شىمالغا ئېلىپ كېتىشتى.

---

[1] ئەلەنلەر — قەدىمكى زامان ئوسېتىنلىرى.

موڭغۇل قىسىملىرى ئەلەنلەرگە ھۇجۇم قىلىشتى، يېزىلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ھەممە يەرگە ئوت قويۇپ، توغرا كەلگەننى ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. ئەلەنلەر ئۆزلىرىنىڭ چىڭگىزخانغا بويسۇنغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى ۋە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى موڭغۇل قوشۇنىغا قوشۇلدى.

ئارقىدا قىلىچىنى بىلەپ تۇرغان ئەلەنلەر تەسلىم بولغاندىن كېيىن، جەبە بىلەن سۇبەتەي تۇيۇقسىزلا قوشۇنلىرىنى شىمالدىكى دەشتلەرگە، قىپچاق يۇرتى تەرەپكە ئېلىپ مېڭىشتى. سۇلھىگە ئىشەنگەن — ئۆزىنى ھۇجۇمدىن خالىي دەپ بىلگەن قىپچاق خانلىرى قىسىملىرى بىلەن ئۆيمۇئۆي تارقىلىپ كەتكەنىدى. موڭغۇللار ئۇلارنى ئىزمۇئىز قوغلاپ، قىپچاقلارنىڭ ئاساسلىق ئاۋۇللىرىنى بېسىپ، ئۇلارنىڭ خائىنلىق قىلىشى ئۈچۈن ئۆزلىرى بەرگەن مۇكاپاتلىرىدىن بىر نەچچە ھەسسە ئارتۇق ھەر خىل مال - مۈلۈكلەرنى قولغا كىرگۈزۈشتى.

دەشتنىڭ ئىچكىرىسىدە ياشىغۇچى قىپچاقلار موڭغۇللارنىڭ بېسىپ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، مال - مۈلۈكلىرىنى تۆگىلەرگە ئارتىپ، تەرەپ - تەرەپلەرگە توزۇپ كېتىشتى، بەزىلىرى سازلىقلارغا مۆكۈشتى، بەزىلىرى ئورمانلارغا[1] قېچىشتى، نۇرغۇنلىرى بولسا ئورۇس ۋە ۋېنگر تۇپراقلىرىغا ئۆتۈپ كېتىشتى.

موڭغۇللار قېچىپ كېتىۋاتقان قىپچاقلارنى دون دەرياسى بويىلاپ قوغلاشتى. شۇ مېڭىشتا ئۇلارنى ھەزەر دېڭىزىغىچە[2] قوغلاپ بېرىپ، مانا شۇ يەردە دېڭىزنىڭ كۆپكۆك دولقۇنلىرى ئىچىگە تولىسىنى چۆكتۈرۈۋەتتى. تىرىك قالغان قىپچاقلارنى ئۆزلىرىگە پادىچى ۋە ئاتچى قىلىۋېلىشتى. بارغانلا يەردە قىپچاقلار ئۇلارنىڭ

---

① كالمىئۇس ۋە سامارا (دنېپىرنىڭ تارمىقى) دەريالىرىنىڭ يۇقىرىلىرىدا قەدىم زامانلاردا چوڭ ئورمانلار، سازلىقلار ۋە كېمىلەرنى تارتىپ كېلىشكە خىزمەت قىلىدىغان «ۋولوك»لار بولاتتى. ئازوف دېڭىزى ئەتراپىدىكىلەر بىلەن دنېپىر قىرغىقىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدىكى سودا يولى قەدىم زامانلاردا مانا مۇشۇ دەريالار ئارقىلىق ئۆتەتتى.

② XIII ئەسىردىكى مۇسۇلمان يازغۇچىلىرى قارا دېڭىزنى «ھەزەر دېڭىزى»، قىرىمنى بولسا «ھەزەرىستان» دەپ ئاتايتتى. كېيىنرەك كاسپى دېڭىزىنى ھەزەر دېڭىزى دەپ ئاتاشقا باشلىدى.

پادىشاھنى ۋە ئاتلىرىنى باقىدىغان بولۇشتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن موڭغۇللار ھەزەر يېرىم ئارىلىغا كىرىپ، قىپچاقلارنىڭ دېڭىز قىرغىقىدىكى باي شەھىرى بولغان سۇداققا ھۇجۇم قىلىشتى. بۇ شەھەرگە ئىلگىرى باشقا ئەللەردىن خېلىلا كۆپ كېمىلەر گەزلىمە، كىيىم - كېچەك ۋە باشقا ماللارنى ئارتىپ كېلەتتى. قىپچاقلار بۇ ماللارنى خىزمەتكارغا ۋە قارا تۇلكە، بۇلغۇن تېرىسى، شۇنىڭدەك قىپچاق ئېلىنىڭ ئاتاقلىق چەملىرىگە تېگىشىپ ئېلىشاتتى.

موڭغۇللارنىڭ كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سۇداق ئاھالىلىرى قاچتى. بىر قىسمى تاغلار ئارىسىغا مۆكۈندى، قالغانلىرى كېمىلەرگە چۈشۈپ دېڭىز ئارقىلىق تىرېبىزونتقا قاراپ كېتىشتى. جەبە بىلەن سۇبەتەي شەھەرنى بۇلاپ - تالاپ بولۇپ، دەم ئېلىش ئۈچۈن يەنە شىمالغا — قىپچاق دەشتلىرىگە قايتىپ كېتىشتى، ئۇلار بۇ يەردە بىر يىلغا يېقىن تۇرۇپ قېلىشتى.

بۇ يەردە پايانسىز ئوتلاقلار، قۇللار، ھوسۇللۇق ئېتىزلار، تاۋۇز، قوغۇن ۋە كاۋىلار تېرىلغان چۆنەكلىكلەر، شۇنىڭدەك نەسىللىك كالىلار بىلەن يۇمشاق يۇڭلۇق قويلارنىڭ پادىلىرى ناھايىتى نۇرغۇن ئىدى. موڭغۇل چېرىكلىرى بۇ يەرنى ماختىشىپ: «بۇ يەر ۋەتىنىمىز ئونون ۋە كەرۇلەن قىرغىقىدىكىگە ئوخشاش، ئاتلىرىمىزغىمۇ ياخشى» دەيتتى. لېكىن، ئۇلارغا ئۆز ۋەتەنلىرى، موڭغۇل داللىرى ھەممە يەردىن ياخشى، ئۇ يەرنى ھېچقەيەرگە تەڭلەشتۈرمەيتتى. جاھاننى ئۆزىگە قارىتىپ بولغاندىن كېيىن، ھەر بىر موڭغۇلنىڭ ئارزۇسى بىرلا — ئۆز يۇرتى كەرۇلەن قىرغاقلىرىغا قايتىش ئىدى.

جەبە ۋە سۇبەتەي قوشۇنلىرى بىلەن قىپچاقلارنىڭ پايتەختى بولغان شارۇقاندا[1] ئۇزاق توختىمىدى. بۇ شەھەردە يېرىمى يەر ئاستىچە ئويۇپ ئىشلەنگەن خىش ئىمارەتلەر، باشقا شەھەرلەردىن

---

① ئايرىم ئالىملارنىڭ پىكرىچە، قىپچاق شەھىرى شارۇقان (يەنى شارۇكخان) ھازىرقى خاركوف شەھىرى ئورنىدا بولغان بولسا كېرەك. خاركوف نامىمۇ شۇنىڭغا باغلىق بولۇشى ئېھتىمال.

كەلتۈرۈلۈپ بېسىپ قويۇلغان ماللار تۇرىدىغان ئامبارلار بار ئىدى ، لېكىن ھەممىدىن تولاراقى قىپچاق خانلىرىمۇ ، ئاددىي قىپچاق كۆچمەنلىرىمۇ ياشايدىغان كۆچمەن ئۆيلەردىن ئىبارەت ئىدى . قىپچاقلار باھاردا شەھەردىن داللارغا كېتىشەتتى ، قىشتا يەنە شەھەرگە قايتىپ كېلىشەتتى .

موڭغۇللار كەلگەندىن كېيىن ، دېڭىزنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى سودىگەرلەر ئۇرۇشتىن قورقۇپ ، قىپچاقلار بىلەن سودا قىلىشنى توختىتىشتى . شارۇقان شەھىرى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىپ ۋە كۆيدۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ، موڭغۇللار لۇكومورىيېغا[1] قاراپ يول سالدى .

ئۇ يەردە موڭغۇللار كۆچمە ئۆيلىرىنى شىمالدىن دالدا قىلىپ سايلارغا تىكىشتى ، قىپچاقلاردىن تارتىۋېلىنغان يۈزلەپ ئۆيلەر توپ ـ توپ قىلىنىپ تىكىلدى ، ھەر توپتا بىر مىڭ چېرىك جايلىشاتتى . دائىرە شەكلىدە تىكىلگەن ئۆيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا مىڭبېشىنىڭ ئۆيى تۇراتتى ، ئۇنى ئۇستىدىكى ئاتنىڭ قۇيرۇقىدىن ياسالغان تۇغىدىن بىلىۋېلىش مۇمكىن ئىدى . ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىكى تۆمۈر قوزۇقلارغا بەل تاسمىسى مەھكەم تارتىلغان ، ئېگەر ـ جابدۇقلانغان يولغا تەييار ئاتلار باغلىنىپ قويۇلغان ، باشقا ئاتلارنى بولسا قىپچاق يىلقىچىلىرى يايلاقتا باقاتتى .

موڭغۇل قوشۇنى قاتتىق قانۇن ھېسابلانغان «چىڭگىزخان ياسىقى»[2] نى قوللىنىشنى داۋام ئېتەتتى . قارارگاھلار ئەتراپىنى ئۈچ قاتار قاراۋۇللار ساقلاپ تۇراتتى . بۇلغارلار ، ئۇرۇسلار ۋە ئۈگرلار[3] يۇرتىغا بارىدىغان دالىدىكى چوڭ يوللاردا يوشۇرۇن قوروقچىلار مۆكۈنۈپ ياتاتتى . ئۇلار ئۆتكۈنچىلەرنى تۇتۇپ سوراق قىلىشاتتى ۋە قوشنا ئەللەردىكى يېڭىلىقلاردىن خەۋەردار كىشىلەر-

---

① ئازوف دېڭىزىنىڭ قىرغاقلىرى .

② «ياساق» — چىڭگىزخاننىڭ ئويلاپ چىقارغان ، بارلىق موڭغۇللار ئۈچۈن مەجبۇرىي بولغان قانۇنلار مەجمۇئەسى . ھازىر ياساق تامامەن ئۇنتۇلغان ، ئايرىم پارچىلىرىلا ساقلىنىپ قالغان .

③ ئۈگرلار — يەنى ۋېنگرلار .

نى جەبە نويون ئالدىغا ئەۋەتىپ ، قالغانلىرىنىڭ كاللىسىنى ئېلە-
شاتتى .
نۆكەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى كىگىز ئۆيلەردە يۇرتلىرىدىن بىللە
كەلگەن موڭغۇل خوتۇنلىرى ، شۇنىڭدەك يولدىن ئەگەشتۈرۈۋالغان
خوتۇن ۋە باللار بىلەن ياشايتتى ، موڭغۇل خوتۇنلار خۇددى نۆ-
كەرلەرگە ئوخشاش كىيىنىشەتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ ئەر
ياكى ئايال ئىكەنلىكىنى دەررۇ ئايرىۋېلىش قىيىن ئىدى . ئۇ ئايال-
لار بەزى ۋاقىتلاردا ئۇرۇشقىمۇ قاتنىشاتتى ، لېكىن ئادەتتە ئۇلار
تۆگىلەر ، يۈك توشۇغۇچى ئاتلار ۋە ئولجا يۈكلەنگەن هارۋىلارنىڭ
ئۈستىدىن تەكشۈرۈپ تۇراتتى . بۇنىڭدىن تاشقىرى ، ئاياللار يوتى-
سىغا تامغا بېسىلغان خىزمەتكارلارغا قاراپ ، ئۇلارغا ئىش بۇيرۇپ
تۇرۇشاتتى ، ئۇلار ئەسىرلەر بىلەن بىللە بىيە ، سىيىر ۋە تۆگىلەر-
نى سېغىشاتتى ، هەم تۇرغان جايلاردا مىس ياكى داش قازانلاردا
تاماق پىشۇرۇشاتتى .
يۈرۈش ۋاقتىدا تۇغۇلغان ياكى يولدا قولغا چۈشكەن كىچىك
باللار هارۋىلارغا ياكى ئىككى - ئىككىدىن قىلىپ تېرە خۇر-
جۇنلارغا سېلىناتتى ، شۇنداقلا بەزىلىرىنى موڭغۇل ئاياللار كەينىگە
مىنگەشتۈرۈۋالاتتى .
دالىدا ، موڭغۇل قارارگاهىدىن نېرىراقتا يولدىن موڭغۇللارغا
ئەگەشكەن تۈرلۈك مىللەتلەردىن بولغان چېرىكلەرنىڭ قارارگاهى
بار ئىدى . بۇ يەردە تۈركمەنلەرنىڭ ئالا - بۇلا رەڭدىكى كۆچمە
ئۆيلىرى ، تاڭغۇتلارنىڭ سېرىق چېدىرلىرى ، بۇلۇجېلارنىڭ قارا
چېدىرلىرى ، ئەلەنلەر ياكى نامەلۇم قەبىلىلەر ئاتلىق چېرىكلىرى-
نىڭ ئاددىي كەپىلىرى كۆرۈنەتتى . موڭغۇللار هەيدەپ كەلگەن بۇ
تۈرلۈك كىشىلەر ئۇرۇشتا هەممىدىن ئاۋۋال ئەۋەتىلەتتى . ئۇرۇش-
تىن كېيىن بولسا ، موڭغۇللاردىن قالغان - قۇتقان نەرسىلەرنى
يىغىشتۇرۇۋالاتتى .

بەشىنچى باب

# كەلكە يېنىدىكى تاتارلار قارارگاھىدا

سوبەتەي باتۇر كىگىز ئۆيىنى دېڭىزنىڭ ئېگىز قىرغىقىغا، لاي ۋە ئاستا ئاقىدىغان دەريانىڭ دېڭىزغا قويۇلىدىغان يېرىگە تىكىشنى بۇيرۇدى.

ئۇزۇنراق تۇرۇش ۋە دەم ئېلىشنى بايقىغان نۆكەرلەر بۇ بۇيرۇقنى خۇشاللىق بىلەن ئورۇنلىدى. كىگىز ئۆينىڭ كېرەكلىك قىسىملىرى ئون ئىككى تۆگىگە ئارتىلىپ كەلتۈرۈلدى، تۆگىلەر-نىڭ ئۈستىدە ئۇزۇن يۇڭ قالپاق كىيگەن، قورقۇپ كېتىشكەن قىپچاق ئايال چېرىكلەر ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار كىگىز ئۆينىڭ يې-رىم دائىرىلىك پەنجىرىلىرىنى تىكلەپ، ئاق كىگىزلەرنى تارتىش-تى، ئۇنىڭ ئۈستىدىن رەڭلىك توقۇلغان بەلۋاغلارنى باغلىۋېتىپ، موڭغۇللارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ناخشا ئېيتىشاتتى.

سوبەتەي قاپىقىنى سىلىپ:

— نېمىشقا ئۈچ كىگىز ئۆي قۇرۇلۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سورى-دى.

— بىرىنچىسىدە ئولتۇرۇپ ئۆز ئۆيلىرىڭنى ئويلايسەن، ئىك-كىنچىسىگە ياخشى كۆرگەن ئۇۋچى بارسلىرىڭنى سولاپ قويىمىز، ئۈچىنچىسىمۇ ناھايىتى زۆرۈر — ئۇنىڭدا ساڭا ئاتالغان ئويۇنچى ۋە ناخشىچى، ئەڭ چىرايلىق ئەسىر قىپچاق ئاياللىرى تۇرىدۇ.

سوبەتەي نۆكەرنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— ئۆگگا (ياق)! ئىككىنچى قارا ئۆيدە بارسلار تۇرسا مەي-لى، لېكىن ئۈچىنچىسىنى مېنىڭ ئۈچۈن تاماق تەييارلايدىغان قېرى ساقلابقا بېرىڭلار. يۈرۈش ۋاقتىدا ئەسىر قىپچاق ئاياللار

ماڭا كاشىلا قىلىشمىسۇن، ئۇلارنى يۇزبېشىڭلارغا بۆلۈپ بېرىڭ-
لار.

ساقلاپ قازانلىرى، بېلىگە ئېسىۋالغان يوغان ياغاچ قوشۇقلىر-
ىرى ۋە ئۇزۇن ئىنچىكە پىچاقلىرى بىلەن ئۇچىنچى قارا ئۆيگە
جايلاشتى. ئېگىز بويلۇق، ئورۇق، چاچلىرى ئاپئاق خىزمەتكارنى
تاتارلار ئاستىرئابادقا يېقىن يەردە يولدا قولغا چۈشۈرگەنىدى. شۇ
چاغدا نۆكەرلەر سۇبەتەيگە شۇنداق دېيىشكەنىدى: «بۇ ئەسىر بوۋاي
ئورۇس. خارەزم شاھ مۇھەممەدنىڭ مىرزىسىغا ئاشپەز بولغاند-
كەن، ئۇ ئۆز يۇرتىغا قاچماقچىمۇ بولغان. نۇرغۇن تىللارنى ۋە
تۈرلۈك غىزالارنى ئېتىشنى ياخشى بىلىدۇ. خالىساڭ ساڭا مېغىز
سېلىپ پولۇمۇ ئېتىپ بېرىدۇ، قارا ئۆرۈك سېلىپ شويلىمۇ ھەم
ياڭاقتىن قورۇما چۆپ، سۈتتىن قايماق ھالۋا ۋە پەھلىۋالارنى
ئېتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە توغان نامىلىق كەم سۆزلۈك
ياش يىگىتمۇ بار، ئۇ ساقلاپقا تاماق پىشۇرۇشتا قارىشىپ
تۇرىدۇ.» شۇ چاغدا سۇبەتەينىڭ ئاچچىقى كېلىپ بۇنداق دېدى:

— ماڭا ساقلاپنىڭ ئۆزى تاماق ئېتىپ بەرسىمۇ يېتىدۇ.
ھېچقانداق ياردەمچىنىڭ كېرىكى يوق، كىمنىڭ قازان بېشىدا
ياردەمچى بولغۇسى كەلمەيدۇ؟ توغان دېگەن يىگىتنى قىلىچ بىلەن
قوراللاندۇرۇپ، پادىدىكى تۆك تاشلىغان قىرچاڭغۇ ئاتلاردىن بىر-
گە مىندۇرۇڭلار. ئۇنى ئەڭ ئىلگىرىدە بارىدىغان يۇزبېشىنىڭ
قولىغا تاپشۇرۇڭلار، ئۇرۇش ئىلمىنى ئۆگەنسۇن. ئەگەر ياخشى
چېرىك بولۇپ يېتىشسە، ياخشى ئاتقىمۇ، ياخشى ئېگەر، ياخشى
قالقانغىمۇ ئىگە بولىدۇ. ئەگەر يارىماس چېرىك بولسا، بىرىنچى
ئۇرۇشتىلا ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئۆلسە سەدىقە بولار.

ئېشىكى جەنۇبقا — دېڭىز تەرەپكە قاراپ تىكىلگەن ئاق كىگىز
ئۆي ئالدىدا، تېگىگە ئېگەر ياستۇقىنى قويۇپ سۇبەتەي ئولتۇرىدۇ.
ئۇ خېلى ۋاقىتقىچە شوخ، كۆل رەڭ دېڭىزغا ئەجەبلىنىپ قاراپ
ئولتۇردى. دېڭىزنىڭ سۈيى، شاملى ۋە بېلىقىمۇ، ھەتتا
دولقۇنلار ئۈستىدە ئۈچۈپ يۈرگەن قۇشلارمۇ باشقىچە، موڭغۇل

دالىلىرىدىكى كۆپكۆك كۆللەردىكىدەك ئەمەس ئىدى. دولقۇنلار قىرغاقتا ئۇزاقلاردىن كەينى - كەينىدىن كېلىپ ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، بەزىدە كۆپكۆك تۇمان ئارىسىدا چەت مەملىكەتلەرگە قاراشلىق كېمىلەرنىڭ ئاق يەلكەنلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى، تاتارلار بېسىۋالغان يەرگە يېقىنلىشىشتىن قورقۇشاتتى.

بۇ دالا چەكسىز كەڭ ۋە ئوتلاقلىق بولۇپ، كۆللىرىدە قۇشلار ئۈزۈپ يۈرىدۇ، ئەتراپتا قىپچاقلاردىن تارتىۋېلىنغان چارۋا ماللىرى ئوتلاپ يۈرىدۇ. ئۇكۈزلىرى ئاپئاق ۋە ئۇزۇن مۈڭگۈزلۈك، قويلىرىمۇ ئاپئاق، سېمىز ۋە قويرۇقلۇق ئىدى، ھەتتا قىپچاقلارنىڭ كىگىزلىرى، كۆچمە ئۆيلىرىمۇ ئاق ئىدى. سۇبەتەي چېرىكلىرى كۈندە گۆشلۈك تاماق يېيىشەتتى، قىلىدىغان ئىش بولمىغاچقا، ئىران گىلەملىرىگە ئېغىناپ دەم ئېلىپ يېتىشاتتى، بەزى موڭغۇل خان - مىڭبېشىلىرى لاچىنلىرى بىلەن ئوۋغا چىقاتتى ياكى ئۆزلىرى مىنىپ كەلگەن موڭغۇل ئاتلىرى، ياكى بولمىسا يولدا قولغا چۈشۈرۈلگەن تۈركمەن، ئىران، كاۋكاز ئاتلىرىنى سىناش ئۈچۈن بەيگە قىلاتتى.

كەلكە دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىدىراق دالىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆپىلىككە ئىككىنچى سەركەردە — جەبە نويون ئۆي تىكتۈرگەن. ئەتراپ كۆپكۆك چىمەنلىك، ئۇنىڭ شىمال تەرىپىدە قاراۋۇل قورغانلار تىزىلىپ كەتكەن.

جەبە ۋە سۇبەتەينى چىڭگىزخان كۈنپېتىشقا بىر ئىشنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، بىر ۋاقىتتا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ھەر ئىككى سەركەردە بىر - بىرى بىلەن ئانچە چىقىشالمايتتى، دائىم گەپ تالىشاتتى ۋە بىرى ئىككىنچىسىنىڭ خاتاسىنى ئەمەلدە ئىسپات قىلىشنى خالايتتى. چىڭگىزخان ئىككى رەقىبىنى باراۋەر ئەۋەتىشى بىكار ئەمەس ئىدى، ئۇ باشقا نۆكەرلىرىگىمۇ ئىش بۇيرۇغاندا تولاراق شۇنداق قىلاتتى، بىر ئىشنى ئىككى كىشىگە تاپشۇراتتى. شۇنداق قىلسام رەقىبلەرنىڭ ھەر بىرى ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

چاپسان ماڭىدىغان جەبە تولاراق دۈشمەن ئىچىگە ھەممىدىن ئاۋۋال كىرىپ كېتەتتى، ئۇنىڭ چېرىكلىرى كۆپىنچە خەتەرلىك ئەھۋالدا قالاتتى. ئۇ بېسىپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەردىن ئۇستىلىق بىلەن قېچىشنىمۇ ياخشى بىلەتتى. خەۋپ كۈچىيىپ، ئۆلۈمدىن باشقا چارە قالمىغاندىلا، سۇبەتەي پەيدا بولۇپ، ئۇنى قۇتقۇزۇۋالاتتى. ئۇ دۈشمەنگە ئاتلىرىمۇ، نۆكەرلىرىمۇ خىتاينىڭ تۆمۈر ساۋۇتىنى كىيگەن ئاتلىق چېرىكلىرى بىلەن ھۇجۇم قىلاتتى.

ئېگىز بويلۇق قەددى كېلىشكەن، ھېچ كۈلمەيدىغان، يۇمۇلماس ئەينەك كۆزلۈك جەبە ئۇرۇشتىن كېيىن چاك باسقان، ھەممە يېقى قان بولغان ھالدا سۇبەتەينىڭ ئالدىغا كېلەتتى. گۈلخان يېنىدا ئولتۇرۇۋېتىپ، ھېچقانداق خاتا قىلمىغىنىنى، دۈشمەننىڭ چېرىكلىرى ھېسابسىز نۇرغۇن بولغانلىقىنى سۇبەتەيگە چۈشەندۈرەتتى. سۇبەتەي بولسا جەبەنى ئۆلۈمدىن يەنە قۇتقۇزغىنىغا مەغرۇرلىنىپ كۈلەتتى، خاتالىرى توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىش ئورنىغا خارەزم پادىشاھىنىڭكىدىن قېلىشمايدىغان، پىياز ۋە پىستە قوشۇپ قورۇلغان قوزا گۆشىنىڭ مەززىسىنى سۇرۇشنى تەكلىپ قىلاتتى.

جەبە ھاكاۋۇر، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، قىزىق قانلىق كىشى ئىدى. ئۇ ئاتمىش قەدەم يەردىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان توشقاننى ئوقيا بىلەن بېشىغا چېنىگەن ئادەم ھېچقانداق خاتا ئىش قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئويلايتتى. چاققان ۋە مەرگەن بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «جەبە» — يەنى «ئوق»[1] دېگەن نام بېرىلگەن. گەرچە ئۇنىڭ ئىسمى باشقا بولسىمۇ، چېرىكلەر ئۇنىڭ شۇ ئىسمىنى بىلەتتى. ئۇرۇش باشلانماستىن ئىلگىرى، ئۇ چوك تو-

① جەبە ئاددىي نۆكەرلەردىن كۆتۈرۈلگەن. «جەبە باتۇر، يۈرەكلىك بولغىنى ئۈچۈن، چىڭگىزخان ئۇنى ئونبېشى قىلىپ تەيىنلىدى؛ ياخشى خىزمەت قىلغىنى ئۈچۈن، يۈزبېشى، بەگ قىلىپ بەلگىلىدى؛ جان - دىلى بىلەن ئىشلىگىنى ئۈچۈن، مىڭبېشى قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، چىڭگىزخان ئۇنى تۈمەنبېشى قىلىپ قويدى - دە، جەبە ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئەمەلدارلار ئارىسىدا چېرىكچى بەگ بولۇپ ياخشى خىزمەت قىلىپ يۈردى.» (رەشىددىن: «جامىئۇت تەۋارىخ»).

رۇق ئىچىدا ئۇرۇش بولىدىغان يەرلەرنى كۆرەتتى. ئۇنى مۇھاپىزەتچى — تۇرغاۋۇتلىرى بىر نەچچە قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشقان.

بىر تۇتام ئاق كەكە ساقاللىق سۇبەتەي قېرى كۆرۈنەتتى، ھېچكىم ئۇنىڭ نەچچە ياشقا كىرگىنىنى بىلمەيتتى. ياشلىقىدا ئۇ يەلكىسىدىن ياردار بولغان، يەلكىسىدىكى گۆشلەر زەخىم يەپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوڭ قولى قايرىلىپ قالغان بولۇپ، پەقەت سول قولى بىلەنلا ئىش قىلالايتتى. يۈزى سول قېشىغىچە تارتۇق، شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ زەرەر يەتكەن سول كۆزى ھەر دائىم قىسىلىپ تۇراتتى. يوغان ئېچىلىپ تۇرىدىغان ئوڭ كۆزى بولسا قارىغان يەرنى تېشىۋېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى ۋە ھەممە نېمىنى كۆرۈپ تۇراتتى.

ھەممە چېرىكلەر ۋە نۆكەرلەر سۇبەتەينى بىر ئايىغى ئاقساق قېرى تۈلكىدەك ھەييار ۋە ئېھتىياتكار، ئاچچىقى كەلگەندە قاپقانغا چۈشكەن يولۋاستەك دەھشەتلىك. سۇبەتەي بار يەردە ھېچقانداق ئۇرۇش خەتەرلىك بولمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان كىشى ئۆلمەيدۇ، دېيىشەتتى.

جەبە دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىكى دېڭىزغا[1] بېرىش يوللىرىنى ئويلاشتىن ھارمايتتى. بېيىت شەكلىدە چاپارمەنگە يادلىنىپ چىڭگىزخانغا ئەۋەتىلىدىغان مەلۇماتلارنىمۇ جەبە توقۇيتتى، سۇبەتەي بولسا بېشىنى قىمىرلىتىپ ماقۇللايتتى ۋە:

— قەيەرگىچە بارالايسەن؟ سايغاقتا[2] ئوخشاش كەينىڭگە قاراپ قاچقىنىڭدا، ئاخىرقى قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇشۇمغا كۆپ قالمىغاندۇر، — دەپ كۈلەتتى.

دالىدا تارقىلىپ ئايغاقچىلىق قىلىپ يۈرگەنلەر ئۇتكەن - كەچكەنلەرنى تۇتۇپ جەبە يېنىغا ئېلىپ كېلەتتى. جەبەنىڭ ئۆزى ئۇلاردىن غەرب ۋە شىمال تەرەپتە قانداق خەلق ياشايدۇ؟ ئۇ

---

① شۇ چاغلاردا يەر ئالدەك تەكشى ۋە ئەتراپى پايانسىز دېڭىز، دەپ ئويلىشاتتى.
② سايغاق — بۆكەن ئائىلىسىدىن بولغان ياۋايى كېيىك.

يەرلەرگە قانداق يول بىلەن بارىدۇ؟ قەيەرلەردە دەريالار بار ۋە ئۇلارنىڭ قايسى يېرىدىن كېچىپ ئۆتۈش مۇمكىن؟ ئاتلارغا يەم تېپىلامدۇ؟ قەيەردە باي شەھەرلەر، كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم قورغانلار بار؟ چېرىكلىرى قانداق قوراللانغان ۋە ياخشى ئۇرۇشامدۇ؟ مەرگەنمۇ؟ چەتتىكى ئاخىرقى دېڭىزغا يەنە قانچىلىك قالدى؟ دەپ سورايتتى.

## ئالتىنچى باب

# جاھانكەچتە پىلوسكىنە
# تاتارلار قولىدا

بىر كۈنى ئايغاقچىلار جەبەنىڭ ئالدىغا ئىلگىرى ھېچ ئۇچرى-تىپ باقمىغان ئۇرۇق كىشىلىرىدىن ئەسىر ئېلىپ كېلىشتى. ئۇلار يولۇچىلارنى قېيىقلاردا ۋە كېمىلەردە دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويۇش بىلەن شۇغۇللىنىشىدىكەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېگىز بوي-لۇق، كەڭ غوللۇق، ساقاللىق كىشىلەر ئىدى. قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن كالتە جۇۋا، شالۋۇر، يۇمشاق چورۇق كىيىشكەن، كۆل رەڭ يۇڭ قالپاقلىرىنى كۆرەڭلەرچە قىيسايتىپ قولىقىغا كىيىۋېلىشقانىدى.

— سىلەر كىم؟ قەيەردىن كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى جەبە.

ھەممىسىدىن ئېگىزرەك ۋە غوللۇقراق بىرسى قىپچاق تىلىدا جاۋاب بەردى:

— بىزنى «جاھانكەچتە» دېيىشىدۇ، چۈنكى دالىلارنى كې-زىپ، ساياھەت قىلىپ يۈرىمىز. ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئازادلىق ئىزدەپ ،كىنەزلەردىن قېچىپ، شۇ يەرلەرگە كېلىپ قېلىشقان.

— ئۆز باشلىقلىرىڭلارغا بويسۇنماي، قاچقان بولساڭلار ئوغ-رى، ساياق ئادەم ئىكەنسىلەر - دە؟

— ياق، بىز ئوغرىمۇ ئەمەس، ساياقمۇ ئەمەس! بىز ئەركىن كىشىلەرمىز، ئەركىن ئوۋچى ۋە بېلىقچىلارمىز.

— سەن كىمسەن؟ — دېدى جەبە ھەممىسىدىن ئېگىزرەككە قاراپ.

— مېنىڭ ئېتىم پلوسكىنە، بىزنىڭ جاھانكەچتىلەر مېنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ سايلاشقان.

جەبە دەررۇ سۇبەتەي باتۇرغا نۆكەر ئەۋەتىپ: «ئېيت، دەررۇ يېتىپ كەلسۇن! بىزگە كېرەكلىك كىشىلەرنى قولغا چۈشۈردۇق» دېدى.

نۆكەرلەر قايتىپ كېلىپ جەبەگە: «سۇبەتەي باتۇر گىلەم ئۈستىدە ئولتۇرغانىكەن، يېنىدا خالتىدا پۇرچاق تۇرۇپتۇ، «بار-مايمەن، مېنىڭ ئىشىم بار! دېدى» دېگەن جاۋابنى بەردى.

پلوسكىنە لوقما سالدى:

— دېمەك، «تۆگىنىڭ مەيلى بولسا، يانتاققا بويىننى ئېگە-دۇ» دېگەندەك بولدى - دە، — دېدى.

جەبە قولغا چۈشۈرۈلگەنلەرگە قاراۋۇل قويۇپ، ئۆزى پلوس-كىنەنى ئېلىپ سۇبەتەينىڭ يېنىغا كەتتى، باشقىلارنى نۆكەرلەر قوغداپ يۈرۈشتى.

پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرىدا سۇبەتەينىڭ ئۈچ كىگىز ئۆيى قارىيىپ كۆرۈنەتتى. بۇ ئۆيلەر ئۈستىگە ھەربىي ئالامەت-لەر — ئاتنىڭ قۇيرۇقىدىن ياسالغان تۇغ ۋە قوتاز مۈڭگۈزى ئورنىتىلغان. سۇبەتەي كىگىز ئۆيدە ئىراننىڭ يىپەك گىلىمى ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئۇ گۈلخاننىڭ قىزغۇچ شولىسىدا سول قو-لى بىلەن خالتىدىن پۇرچاقلارنى ئېلىپ، گىلەم ئۈستىدە يىپقا تىزغاندەك تىزىۋاتاتتى.

— كىم بۇ؟ — دېدى سۇبەتەي. ئۇ لاپ قىلىپ پلوسكىنەگە تىكىلىپ قاراپ تۇردى - دە، يەنە پۇرچاق بىلەن مەشغۇل بولۇپ، — ئولتۇرغىن، جەبە نويون، — دېدى.

جەبە گىلەم ئۈستىگە، سۇبەتەي يېنىغا ئولتۇرۇپ، باتۇرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىغا پەرۋاسىزلىق بىلەن قاراپ تۇردى. ئۇ ھېچقاچان قېرى توكۇر يولۋاسنىڭ نېمە قىلماقچىلىقىنى ئالدىن بىلەلمەيتتى.

ئېگىز بويلۇق، قەددى كېلىشكەن، سېرىق ساقاللىرى مەيدە-سىگە چۈشكەن جاھانكەچتە پلوسكىنە ئويناپ تۇرغان كۆزلىرى

بىلەن كىگىز ئۆينىڭ ئۇياق ـ بۇياقلىرىغا قارىدى ـ دە ، نېمىدۇر ئويلىدى . ئۇ ھەمىشە تەزىم بىلەن ئىشىك تۈۋىدە تۇراتتى ، ئۇنىڭغا ئىككى قوراللىق موڭغۇل قاراۋۇللۇق قىلاتتى .

سۇبەتەينىڭ تېز ـ تېز ھەرىكەت قىلىۋاتقان قولىغا قاراۋېتىپ ، جەبە ئەسىرلەردىن ئاڭلىغانلىرىنى ئېيتاتتى ، پلوسكىنەنى يېتەكچى قىلىۋېلىشنى تەكلىپ قىلاتتى .

سۇبەتەي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ :

— قىپچاق خانلىرى ھازىر نېمە بىلەن مەشغۇل ئىكەن ؟ — دېدى .

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى قورقۇپ كېتىشىپتۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى پلوسكىنە ، — سىلەرنىڭ تاتار چېرىكلىرىڭلار شارۇقان شەھىرىگە بېسىپ كىرىشكەندىن كېيىن ، قىپچاق خانلىرى قېچىپ كېتىشتى . بەزىلىرى ئورۇسلار تەرەپكە ، بەزىلىرى سازلىققا قېچىشتى .

— ئورۇسلار تەرەپكە كىملەر ئۆتۈپ كەتتى ؟

— كۆپلىرى ئۆتۈپ كېتىشتى . قوتانبايدىن تارتىپ لۇكومورىيە ، نوكسېچلار ، باگوبارسۇفلار ، باستېيېق ئەۋلادى ۋە ھەممىسى ، ھەممىسى .

سۇبەتەي پۇرچاقلىرىدىن كۆزىنى ئېلىپ پلوسكىنەگە قارىدى .

— ئورۇسلارنىڭ ئاساسلىق چېرىكلىرى ھازىر قەيەرگە توپلانغان ؟

— خۇدا بىلمىسە ، بۇنى كىم بىلسۇن ؟

سۇبەتەي غەزەپلەندى ، يۈزى پۈرۈشۈپ ،كۆزىدە ئوت چاقناپ كەتتى . ئۇ ئەگرى بارمىقىنى بىگىز قىلىپ تەھدىت قىلدى :

— سەن بىلگىنىڭنى ئېيتىۋەرگىن ! ھەييارلىق قىلما ! بولمىسا تاختىنىڭ تېگىگە ياتقۇزۇپ ، ئۇستۈڭگە يىگىرمە نۆكەرنى چىقىرىپ قويىمەن . ئۇ ۋاقىتتا سەن شۇنداق چىرقىراپ جان بېرىسەنكى...

— سىزدىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاتتىم؟

— سۆزلە، ئورۇس كىنەزلىرى ھازىر قەيەردە؟ ئورۇسلار ئورۇشقا تەييارلىنىۋاتامدۇ، يوق؟

— ئويلىۋالاي، بولمىسا! — دېدى پلوسكىنە ۋە ئۇزۇن ئاياغلىرىنى كېرىپ، كۆزىنى تورۇسقا تىكتى.

جاھانكەچتىگە بىر - ئىككى كۆز يۈگۈرتۈپ ئالدى - دە، يەنە پۇرچاقلىرىنى ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكەش بىلەن ئاۋارە بولۇپ كەتتى. ئاخىر دېدى:

— ماڭا قارا، سايان! ئەگەر ماڭا ھەممىسىنى ئېيتىپ بەرسەڭ، سېنى مۇكاپاتلايمەن. مانا بۇنىڭغا قارا. مانا بۇ تىزىلغان پۇرچاقلارنى كۆرۈۋاتامسەن؟ بۇ دون دەرياسى... قېنى، يېقىنراق كېلىپ ماڭا كۆرسىتىپ بەرگىنە، ئورۇسلارنىڭ كىيېف دېگەن شەھىرى قەيەردە؟

پلوسكىنە ئالدىغا بىر قەدەم تاشلىغانىدى، ئىككى موڭغۇل قوروقچى دەررۇ ئۇنىڭ بەلۋېغى بىلەن قىلىچىنى يېشىۋېلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، جاھانكەچتە تىز چۆكۈپ، ئۇمىلەش بىلەن سۆبەتەيگە يېقىنلىشىشقا باشلىدى.

— ھە! پەملىدىم! — دېدى ئۇ پېشانىسىنى پۇرۇشتۇرۇپ، كەڭ قالپىقىنى چېكىسىگە سۈرۈپ قويىدى، — مانا بۇ بىزنىڭ دنېپر، مانا بۇ بولسا دنېپرنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان جايى — ئولېشۇۋ، مانا بۇ كىچىك دەريا — ھازىر بىز تۇرغان يەردىكى كەلكە دەرياسى. بىراق، ماڭا قاراڭ، ھۆرمەتلىك خان! دنېپر دەرياسى شىمالدىن جەنۇبقا توغرا ئاقمايدۇ، ئېگىلگەن قولدەك بۇرۇلۇپ ئاقىدۇ. مانا بۇ يەر مۇرە بولسا، كىيېف شەھىرى شۇ مۇرىدە. مانا بۇ مۇشت، قارا دېڭىز. جەينەك بولسا دنېپر دەرياسىدىكى خورتىتسا ئارىلى. مانا شۇ خورتىتسا ئارىلىدا، دېمەك جەينەكتە ھازىر ئورۇس ئەسكەرلىرى توپلىنىماقتا، — پلوسكىنە تاشلارنى يۆتكەشتۈرۈپ، دنېپر دەرياسىنىڭ بۇرۇلۇپ ئېقىشىنى كۆرسەتتى.

كىيېف بۇ يەردىن قانچىلىك يول؟ — دەپ سورىدى سۆبەتەي.

ئۇ خالتىسىدىن پۈرچاقلار بىلەن بىللە بىر سىقىم ئالتۇننى ئېلىپ، بىر ئاز كۆز - كۆز قىلدى - دە، يېنىغا قويدى.

پلوسكىنەنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالىدى.

— كىيېفنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟ كىيېفتىن ئورۇسلار ھېچ يەرگە چىقمايدۇ، كىيېف بۇ يەردىن ناھايىتى يىراق، ئالتە يۈز چاقىرىم كېلەر...

— «چاقىرىم» دېگىنىڭ نېمە؟ — دەپ غەزەپلەندى سوبەتەي، — «چاقىرىمىڭ»نى چۈشەنمەيمەن! كىيېف ئاتلىقتا نەچچە كۈنلۈك يول ئىكەنلىكىنى ئېيت.

— ئەگەر بىر ئات بىلەن كىيېفقا بارىمەن دېسىڭىز، راسا ئون ئىككى كۈن يول يۈرىسىز. ئاتنى بىر قېتىم يۆتكىۋېلىشنىڭ ئىلاجى بولسا، ئالتە كۈندە يېتىسىز.

— ھە، ئەمدى سەن ماڭا چۈشىنىشلىك گەپ قىلىشقا باشلىدىڭ.

— لېكىن، ئورۇسلار كىيېفتىن توغرا دالىغا چىقمايدۇ. ئۇلار كېمىلەردە دنېپر بىلەن مانا بۇ «جەينەك»كىچە، خورتىتسا ئارىلىغىچە بېرىشىدۇ. بۇ يەردە ئۇلار دەريانىڭ نېرىقى چېتىگە ئۆتۈشىدۇ - دە، ئەڭ يېقىن يول ھېسابلانغان «زولوزىنىي شىلەخ»[1] بىلەن توغرا مانا شۇ يەرگە، لوكومورىيەگە كېلىشىدۇ. بۇ ياخشى ئېتى بار ئادەمگە ئۈچ - تۆت كۈنلۈك يول. ئەگەر ئىككى ئات بىلەن بارسىڭىز، ئىككى كۈندە يېتىسىز.

— ئىككى كۈنلۈك دەمسەن؟ — ئەجەبلەندى سوبەتەي، — ئورۇسلار دنېپردىن شۇ يەرگە ئىككى كۈندە كېلەلەمدۇ؟

---

[1] زولوزىنىي شىلەخ — ئازوۋ دېڭىزى بىلەن دنېپر ئوتتۇرىسىدىكى ناھايىتى كونا سودا يولى. «زولوزىنىي» دېگەن سۆز «ژېلېزو» («تۆمۈر») دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. ئىلگىرى شۇ يول بىلەن جۇڭگودىن ۋە ئاسىيانىڭ باشقا يەرلىرىدىن شۇ چاغدا ئەڭ قىممەت مەدەن ھېسابلانغان تۆمۈر ئېلىپ كېلىنەتتى (زابېلىن بىرۇن). ھازىرقى «لوزوۋايا» ئىستانسىسىنىڭ نامىمۇ ئەنە شۇ قەدىمكى «زولوزىنىي» سۆزىدىن كېلىپ چىققان.

— مانا بۇ جەينەكتە، خورتىتسا ئارىلىدا تۇرۇپ بىزنىڭ ئورۇسلار كۆچمەن قىپچاقلارغا پات - پاتلا ھۇجۇم قىلاتتى. ئەگەر يۈك بولمىسا، ئىككى - ئۈچ كۈنلۈك يول.

سۇبەتەي كېرەكلىك مەلۇماتلارغا ئىگە بولغانلىقىغا خۇشال بولۇپ، تىزىغا ئۇرۇپ كۈلدى - دە، قىمىز كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئۇ پلوسكىنەدىن يوللار، دەريادىن كېچىپ ئۆتىدىغان يەرلەر، ئورۇس ئەسكەرلىرى توغرىسىدا، ئۇلارنىڭ ئاتلىرى، چېرىكلىرىنىڭ قوراللىنىشى ۋە كۈچى توغرىسىدا تەپسىلىي سورىۋالدى.

— چېرىكلىرى كۈچلۈك بولىدۇ، قىلىچ بىلەن ياكى ئاددىي پالتا بىلەن بولسىمۇ، قالتىس ئۇرۇشىدۇ.

— ئورۇسلارنىڭ قوشۇنى قانچە كېلىدۇ؟

— ئەگەر يېقىن ئۇتتۇرىدىكى كىنەزلەر — كىيېۋ، چېرنىگوف، سمولېنىسك، گالىتس، ۋولىن ۋە باشقا ئۇششاق كىنەزلەر ئۆز چېرىكلىرىنى خوتىتسىغا يىغقان بولسا، پىيادىلەر ۋە ئاتلىق چېرىكلەر بولۇپ، ھەممىسى ئەللىك مىڭ بولىدۇ.

— دېمەك، ئورۇس چېرىكلىرى بەش تۈمەن ئىكەن - دە؟ — دېدى سۇبەتەي ۋە دالىغا يۈرۈش باشلىنىدىغان يەرگە، دنېپرنىڭ «جەينىكى» ئالدىغا، چېرىكلەر توپلانغان يەرگە، خورتىتسا يېنىغا بەش دانە ئالتۇن قويدى، — قىپچاقلارنىڭ قانچە ئاتلىق چېرىكلىرى بار ئىكەن؟

— ئۇلارنىڭ چېرىكلىرى ئەللىك مىڭغا يەتسە كېرەك①. دنېپرنىڭ نېرىقى قىرغىقىغا توپلانغان قىپچاقلارنىڭ سان - سانىقى يوق.

سۇبەتەي يەنە بەش دانە ئالتۇن قويدى.

— شۇنداق قىلىپ، بىزگە قارشى ئون تۈمەنلا ئورۇس ۋە قىپچاق چېرىكى بار ئىكەن، — دېدى سۇبەتەي ۋە قىمىرلىماي،

---

① پلوسكىنە موڭغۇللارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن، ئورۇس ۋە پولوۋېتس ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى قەستەنگە كۆپەيتىپ ئېيتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئاز ئىدى. ئۇلارنىڭ ئېنىق سانى تارىختا ئېيتىلمىغان.

جىم ئۆلتۈرگان جەبەگە قارىدى ، — ئىپسىڭدىمۇ جەبە نويون ، قارا ئەرتىشتىن خارەزمگە ھۇجۇم قىلغىنىمىزدا قانچە چېرىكىمىز بار ئىدى ؟ ئەمدى بىز «جاھاننى تىترەتكەن» چىڭگىزخاننىڭ ياخشى شاگىرتلىرى ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپات قىلىمىز !

پلوسكىنە تىز چۆككەن ھالدا بىردەم ئالتۇنلارغا ، بىردەم خىيالغا چۆمگەن موڭغۇل خانلىرىغا قارايتتى . ئۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن :

— ھۆرمەتلىك تاتار سەركەردىسى ، نېمىشقا سىز قوشۇنلىرى-ڭىز تۇرغان يەرگىمۇ ئالتۇن تاشلاپ قويمايسىز ؟ قانچە چېرىكلىرى-ڭىز بارلىقىنى بىلدۇرۇپ ، ماختانماسسىز ؟ — دېدى ۋە كۆزلىرى چاقناپ كەتتى .

سۇبەتەي ئەگرى قولىنىڭ مۇشتۇمىنى تۈرۈپ ، پلوسكىنەنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇدۇلىغا تەڭلىدى .

— بىزنىڭ تاتار چېرىكلىرىمىز مانا شۇنچە ! ئورۇس ۋە قىپ-چاقلارنى مەن مۇشۇنداق قىلىمەن !

سۇبەتەي يەردە ياتقان ئالتۇنلارنى ئاچچىقى بىلەن يىغىۋال-دى - دە ، پۇرچاقلار بىلەن قوشۇپ خالتىغا سالدى .

— ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مانا شۇنداق خالتامغا سالىمەن - دە ، يۇتۇۋېتىمەن .

پلوسكىنە كەينىگە داجىدى .

— خىزمىتىم ئۈچۈن ماڭا بىرەر نېمە ئىنئام قىلماسسىز ؟

— ئۇگگا ! مەن ھېچكىمگە پۇل بەرمەيمەن ، پۇلنى ماڭا بېرىشىدۇ . تاپقان پۇلنى مەن ھۆكۈمدارىمىز يېڭىلمەس چىڭگىز-خانغا ئاپىرىپ بېرىمەن ! ھالىساڭ مۇكاپات ئېلىشىڭ مۇمكىن . ئوغۇللىرىڭ بارمۇ ؟

— خۇداغا شۈكۈر ، تۆت بالام بار .

— قەيەردە ئۇلار ؟ يىراقتىمۇ ؟

— دون دەرياسىنىڭ كېچىكىدە تۇرىدۇ .

— مەن يۈز ئاتلىق چېرىك ئەۋەتسەم ، ئۇلارنى بىردەمنىڭ

ئىچىدە ئېلىپ كېلىشىدۇ. سەن ئۇلارنى ئورۇس يۇرتىغا ئايغاقچى قىلىپ ئەۋەتسەڭ، ئۇلار ئورۇسلار قانچە ۋە قەيەردە توپلانغىنىنى بىلىپ كېلىشىدۇ. ئېيت، ئورۇس سەركەردىلىرى نېمە قىلماقچى-لىقىنى بىلىپ، دەررۇ قايتىپ كېلىش بىلەن ھەممىسىنى ماڭا توغرا ئېيتىپ بەرسۇن. شۇنىڭدىن كېيىن سېنىمۇ، بالىلىرىڭنىمۇ ئازاد قىلىپ، بىر توپ ئات، ھەر بىرىڭگە بىر ئوچۇمدىن ئالتۇن ئىنئام قىلىمەن، بولامدۇ؟ نېمىشقا ئۈنچىقمايسەن؟

پلوسكىنە ئۆزىنىڭ ئاياغلىرىنى كېرىپ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، ئۇھ تارتىپ:

— بېشىمنى ئالساڭمۇ مەيلى، مۇھتەرەم خان، لېكىن بالىلى-رىمغا تەگمە! — دېدى.

سۆبەتەي غەزەپلىنىپ يەرگە مۇشتىنى ئۇردى:

— ماڭا شۇنداق جاۋاب بېرىشكە جۈرئەت قىلدىڭمۇ؟ نۆكەر-لەر! مانا بۇ ئەزىز مېھماننى يىلپىزلار قامالغان ئۆيگە سولاپ، ئۈچ قەۋەت قاراۋۇل قويۇڭلار، ساقلاپقا ئېيتىڭلار، بۇنى خاندەك زىيا-پەت قىلسۇن!

— ئاياغلىرىنى باغلاپ قويايلىمۇ؟ — دېدى نۆكەر، — بولمىسا بۇ بۆرە قېچىپ كېتىدۇ!

— شۇنداق، مۇستەھكەم كىشەن بىلەن ھۆرمەتلەشنىمۇ ئۇنتۇماڭلار!

## يەتتىنچى باب

# كىيېفتا ئەنسىزلىك

*سىلەر ئۆز ئىسيانىڭلار بىلەن، ئورۇس يېرىگە يامانلارنى تولدۇرۇشقا باشلىدىڭلار، ئۆز ئارا بولغان ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە قىپچاق يەرلىرىدىن كەلگەنلەر زورلۇق قىلىشقا باشلىدىغۇ... سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ كۈچلۈك ئوقلىرىڭلار بىلەن ئورۇس يېرى ئۈچۈن، غەيرەتلىك سۋەتوسلاف ئوغلى ئىگورنىڭ ئاققوزغان قانلىرى ئۈچۈن ئۆز ۋەتىنىڭلارنىڭ دەرۋازىسىنى توساپ قويۇڭلار!*

(«ئىگور پولكى توغرىسىدا سۆز»)

كىيېفنىڭ ئۇدۇلىدا — دنېپرنىڭ دالا قىرغىقىدا تۇرغان كېمىنى تۇيۇقسىزدىنلا بېسىپ كەلگەن قىپچاقلار ئەتىگەندىلا قولغا ئېلىۋالغانىدى، ئۇلار كېمىگە چۇشۇۋېلىپ كېمىچىلەرگە دوق قىلىشقا باشلىدى. ئادەم كۆپ بولغانلىقتىن كېمە بىر يېقىغا قىيسىيىپ، ئىچىگە سۇ تولۇشقا باشلىدى. يىلپىزغا ئوخشاش چىپار ئاتقا مىنگەن قىپچاقلارنىڭ گەۋدىلىك قېرى خانى چېپىپ كەلدى، ئۇنى يۈزگە يېقىن يىگىتلىرى ئورىۋالغانىدى. بۇلاردىن بىرى ئاتنىڭ قۇيرۇقىدىن ياسىلىپ، قوڭغۇراقلار ئېسىلغان چەكزىدىكى تۇغنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە خاننىڭ ئالدىدا چېپىپ كېلەتتى، ئىككىنچىسى داپ ۋە يەنە ئىككىسى قولاقنى يارغۇدەك سۇناي چالاتتى. يىگىتلەردىن بىرى ئۇركۈپ خورتۇلداپ تۇرغان ئاتقا مىنىۋېلىپ، قولىدىكى قامچىسى بىلەن دۇچ كەلگەننى ساۋاب، كېمە يېنىغا بېرىش ئۈچۈن خانغا يول بوشىتاتتى.

بىر چەتتە، ئادەملەر توپلىنىپ تۇرغان يەردە ئورۇق، چاڭ باسقان، مۆرىسىگە خالتا ئېسىۋالغان بىر قەلەندەر سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ: «ۋەھشىي دالا»[1] لىق قىپچاقلار قېچىپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇلار «تاتار» دەپ ئاتالغان، شۇ چاقىچە ئاڭلانمىغان دەھشەتلىك بىر قەبىلە قوغلاپ كەپتۇ. ئۇلار كوسا، بۇرنى پوچۇق، ئالۋاستىغا ئوخشاش چاچلىرى چۇۋۇق ئىكەن. بۇلارغا كۆزى چۈشكەن ئادەم يىقىلىپ جان بېرىدۇ، دەپ ھېكايە قىلاتتى.

— ئۇلار قانداق ئادەملەر ئىكەن؟ بىزگە سۆزلەپ بەرگىنە، دانا، كىتاب كۆرگەن ئادەمگە ئوخشايسەن.

قەلەندەر ھاسىسىغا تايىنىپ تۇرۇپ سۆزىنى باشلىدى:

— كۈنچىقىشتىن بىزنىڭ ئەللەردە زادىلا ئاڭلانمىغان، «تاتارلار» دەپ ئاتىلىدىغان نامەلۇم مۇدھىش بىر قەبىلە يەنە يەتتە خىل مىللەتنى ئەگەشتۈرۈپ، سان ـ ساناقسىز چېرىكلىرى بىلەن بىزگە ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇ چاققىچە قىپچاقلار ئەتراپە-دىكى خەلقلەرنى قانداق ئېزىپ، قىيناپ كەلگەن بولسا، ئەمدى ئۆزلىرى جازاسىنى تارتىدۇ. تاتارلار قىپچاقلارنى يېڭىپ ياكى قوغلاپلا قويماي، ئۇلارنى قىرىپ تۈگەتتى ۋە يەرلىرىگە ئىگە بولدى...

— بۇ قەبىلە قەيەردىن پەيدا بولدىكىن؟

— بۇ توغرىدا مۇقەددەس كىتابلاردىمۇ يېزىلغان، ھەتتا ئې-پىسكوپ مېفودىي پاتارىيىسكىيمۇ ئېيتقانكى، قەدىم زاماندا يۇنان شاھى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين يەجۇج ۋە مەجۇج دېگەن يارىماس بىر ئورۇقنى يەر يۈزىنىڭ بىر چېتىگە، شەرق بىلەن شىمال ئوتتۇر-سىدىكى پېترىيىف چۆلىگە ھەيدىۋەتكەنىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى ئېگىز تاغلار بىلەن توساپ قويۇپ، «مۇددەت تولمىغۇچە چىقمايسىلەر» دەپ بۇيرۇغانىكەن. ئېپىسكوپ مېفودىي شۇنىمۇ ئېيتاتتىكى، مۇددەت تولغاندىن كېيىن تاغلار يېرىلىدۇ، شۇنىڭ-دىن كېيىن يەجۇج ۋە مەجۇجلەر چىقىپ، پۈتۈن يەر يۈزىنى

[1] «ۋەھشىي دالا» — قارا دېڭىز بويىدىكى داللار.

كۈنچىقىشتىن ئېفرات دەرياسىغىچە، تىگىر دەرياسىدىن پونت دې-
ڭىزىغىچە قاپلايدۇ، پەقەت ئېفىئوپىيىلا قالىدۇ، خالاس...
— پۈتۈن يەر يۈزىنى؟ — دېيىشتى تىڭشاپ تۇرغانلار، —
دېمەك، بىزنىڭ يۇرتىمىزمۇ دەك!
قەلەندەر سۆزىنى داۋام قىلدى:
— ئەتراپتا نېمە بولۇۋاتقىنىنى كۆرمەيۋاتامسىلەر؟ بۇ ئاخىر
زاماننىڭ ئالامىتى! يېڭى يۇلتۇز پەيدا بولۇپتۇ، ئۇنىڭ شولىسى
كۈنچىقىش تەرەپكىلا چۈشكۈدەك ئىمىش. بۇ بولسا خىرىستىئانلار-
نىڭ بېشىغا يەنە بىر بالا كېلىشىنىڭ، يېڭى يېغا بولۇشىنىڭ ئالامىتى
ئىمىش...
ئەنە شۇ تاغنىڭ كەينىدىن چىقىپ بىزگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان
يەجۇج ۋە مەجۇجلەرنىڭ يېغىسى بىز ئۈچۈن قىيامەت قايىم
بولىدۇ!
قورقۇنچلۇق ئاۋازلار ئاڭلاندى. قەلەندەر كىگىز قالپىقىنى
تۇتتى، كىشىلەر نان ۋە قارا يارماقلارنى بېرىشتى.
دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقىدىن ئۇلۇغ كىيىق كىمەزىنىڭ چې-
رىكلىرى قارىماي سۈركەلگەن كېمىلەر بىلەن بۇياققا ئۆتتى، ئۇلار
خالايىقنى ھەيدەپ، كېمە تۇرغان يەرنى بوشىتىشتى ۋە قىرى قىپ-
چاق خانىغا كېمىگە چىقىپ دەم ئېلىشقا ياردەم بېرىشتى. ئۈستىگە
ئالا - بۇلا تون، بېشىغا قىزىل تۇلكە قۇيرۇقى ئېسىلغان ئۇچلۇق
ئاق قالپاق، ئاياغلىرىغا مەرۋايىت يىپلار بىلەن گۈل تىكىلگەن
ئۆتۈك كىيگەن خان تېرە «قولپەلەي» كىيگەن قولى بىلەن كېمە
پەنجىرىسىنى تۇتۇپ گىدىيىپ تۇراتتى، مەغرۇر خانىنىڭ بىر قولى
قىلىچنىڭ ئالماسلار پارقىراپ تۇرغان دەستىسىدە تۇراتتى.
گەۋدىلىك ئۇلۇغۋار كۆرۈنۈشلۈك خان خاتىرجەمدەك بولۇپ،
ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىلا دېنېپرنىڭ قارا سۇلىرىغا تىكىلگەنىدى.
شامال بارغانسېرى كۈچىيەتتى، سۇ دولقۇنلىناتتى، دولقۇنلار
ئۈستىدە ئاق كۆپۈكلەر ئوينايتتى.
خان ئاييماستىن پۇل بەردى، كېمىچىلەر ئۇنىڭدىن بىر نەچچە

چاڭگال كۈمۈش پۇل ئېلىشتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ جانلىرىنىڭ بارچە تىرىشىپ ئىشلىشەتتى. ئۇلار كەچكىچە توختىمىدى — گۈللۈك يوپۇرماقلارغا ئورالغان خىل ئاتلار، سۇدىن قورقۇپ ۋارقىراۋاتقان تۈگىلەر، ئۇزۇن مۈڭگۈزلىرى بويىنىغا قايرىلىپ چۈشكەن قوتازلارنى، بۇغداي ئۈگلۈك، قاش - كۆزى قاپقارا، مارجانلار بىلەن ياسانغان ۋە شۇ يەردە ياخشى كىيىم كىيگۈزۈلگەن چەت ئەللىك ئەسىرلەرنى ئېلىپ ئۆتۈشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇس كەنەزلىرىگە تارتۇق قىلىپ ئېلىپ كېتىۋاتاتتى.

ئادەملەر بۇ كىشى پايانسىز «ۋەھشىي دالا»دا ئوتلاپ يۈرگەن يۈز مىڭلارچە ئاتلارنىڭ ئىگىسى، قىپچاقلارنىڭ ئەڭ قېرى خانى قوتان، ئۇ ئاتلىرىغا تاقىغا ئوخشاش تامغا بېسىپ قويغان، دېيىشەتتى.

— قوتان دالىنىڭ خوجايىنى! ئۇنىڭ يالغۇز ئۆزى توپلىغان قوشۇنى دۇنياغا سىغماي كېتىدۇ. كىيىنقا كېلىشىمۇ بىكار بولمىسا كېرەك. باشقا قىپچاق خانلىرىمۇ ئۇرۇق - ئايماقلىرى بىلەن ئورۇس ئېلىگە يول سېلىشتى. ھازىر دنېپردىن كېچىپ ئۆتىدىغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇلار بىلەن بەند، قىپچاق چېرىكلىرى ئات ئۈستىدە قورال - جابدۇقلىرى، قالقان ۋە نەيزىلىرى بىلەن سۇ كېچىشمەكتە... بىر بالا بولسا - ھە؟ چېرىكلىرى شوخ ناخشىلارنى ئېيتىشمايدىغان بولدى، ئېيتىدىغان ناخشىلىرى تۆگىنىڭ نالىسىگە ئوخشايدۇ، يەنە يىراقتىن بىز تەرەپكە كېلىشىۋاتقىنىدىلا ئېيتىشىدۇ، خالاس.

ئۇلۇغ كىيىق كىنەزى مىستىسلاف رومانوۋىچنىڭ[1] سارىيىدا كېڭەشكە تەييارلىنىۋاتاتتى، چوڭ - كىچىك كىنەزلەرنىڭ ھەممىسىنى شۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ھەممە كېرەكلىك كىشىلەرگە ئات چاپتۇرۇپ، ئورۇس ئېلىنى مۇداپىئە قىلىش كېرەكلىكى خەۋەر قىلىنغانىدى.

---

[1] مىستىسلاف رومانوۋىچ (1214 — 1223) مونوماخوۋىچلار سۇلالىسىدىن بولغان ئەڭ كېيىنكى كىيىق كىنەزى.

داڭلىق مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش كىيېۋ كىنەزى ئۈچۈن ئاسان ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزىنىڭ ئابرۇيىغا يارىشا، كۆپرەك ئادەملىرى بىلەن كېلەتتى. كىنەز خىزمەتچىلىرى بارلىق ناۋاي ۋە قاسساپلارغا گۆشلۈك سامسا ۋە بۇغداي نانلىرى پىشۇرۇپ، كىنەز سارىيىغا ئاپىرىشنى بۇيرۇدى. ھازىر كىيېۋ كىنەزىنىڭ كۈچى بۇنىڭدىن يۈز يىل ئىلگىرىدىكى مونوماخ زامانىسىدىكىدەك ئەمەس ئىدى. ئۇ زاماندا ھەممە ئورۇس ئېلى ئۇلۇغ كىيېۋ كىنەزىنىڭ قول ئاستىدا ئىدى، مەسىلەن، كىيېۋ، پېرېياسلاۋ، سمولېنسك، سۇزدال، روستوف، ھەتتا نوۋگورودتەك يىراق ۋە باي شەھەرلەرمۇ ئۇنىڭغا قارايتتى. ئۇ ۋاقىتتا بارلىق كىنەزلەر ئۇنىڭغا بويسۇناتتى، قىپچاقلار بولسا غىڭ قىلالمايتتى. ئۇ ئورۇسلارنىڭ شۆھرىتىنى ھەممە ئەللەرگە تارقاتقانىدى، بىراق يىللار ئۆتتى، مونوماخلار ئەۋلادى پارچىلىنىپ كەتتى. ئايرىم كىنەزلەر شەھەر ۋە يېزىلارنى ئوغۇللىرى، قېرىنداشلىرىنىڭ باللىرى ۋە نەۋرىلىرىگىچە بۆلۈپ بېرىشتى. شۇنداق قىلىپ، مىستىسلاۋ رومانوۋىچ پارچىلىنىپ ۋە زەئىپلىشىپ قالغان كىيېۋقىلا ئىگە بولغانىدى. كېيىنكى يىگىرمە بەش يىل ئىچىدە، ئورۇس كىنەزلىرى قىلغان ھۇجۇملار كىيېۋنى شۇنداق خاراب قىلىشتىكى، گالىچلىقلارمۇ، ۋلادىمىرلىقلارمۇ، سۇزداللىقلارمۇ، ھەتتا ئىنساپسىز كىنەزلەر چاقىرىپ كەلتۈرۈلگەن ياۋايى قىپچاقلارمۇ[1] كونا پايتەختنى تالىدى ۋە كۆيدۈردى. مانا شۇ ئورۇشلار ۋە ئاپەتلەر نەتىجىسىدە كىيېۋ كىنەزلىكى ناھايىتىمۇ كۈچسىزلىنىپ قالدى.

شۇنچىلىك ھۇجۇملاردىن كېيىن، كىيېۋ خەلقىگە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش ئاسان ئەمەس ئىدى، كۆپ ئىمارەتلەر دېرىزىسىز،

① كىيېۋ 1162-، 1169-، 1202-، 1204-، 1207-، 1210-يىللىرى ھەممىدىن قاتتىقراق ۋەيران قىلىنغان، بولۇپمۇ 1204-يىلىدىكى ۋەيرانچىلىق ئەستىن چىقمايدۇ. شۇ يىلى كىنەز رىيورىك روستىسلاۋىچ ھاكىمىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتا ياۋايى قىپچاقلارنى ياردەمگە چاقىرغان. ئۇلار شەھەرنى كۆيدۈرۈپ، تىنچ ئاھالىنى كالتەكلەپ، مال-مۈلۈكلەرنى بۇلاپ-تالاپ، ئۇششاق باللىق نۇرغۇن كىيېۋلىكلارنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەتكەنىدى.

ئىشىكسىز، ۋەيران بولغىنىچە ياتاتتى...

ئەمدى يەنە دالا تەرەپتىن ئاپەت كېلىپ چىقتى. بۇ ئاھالىسى كۆپ ئۆلكە، دارامىتى چوڭ شەھەر ۋە ياخشى تەخت ئۈچۈن، ئۆمۈر بويى بىر - بىرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ كېلىۋاتقان، مەغرۇر ۋە كاج كىنەزلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە توپلىغانىدى. ئەمدى بۇرۇندىن دۈشمەن بولۇپ كەلگەن قىپچاقلار كىيىفقا باش ئېگىپ ياردەم سوراپ كېلىشتى، قىپچاقلار كىنەز سارىيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا كەپە تىكىپ غەمكىن ۋە باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئورۇس كىنەزلىرى كەلگەندە، قىپچاقلار يۈگۈرۈپ بېرىپ تىز چۆكۈشەتتى ۋە ئاتلىرىنىڭ چۇلۋۇرلىرىنى سۆيۈپ:

— ئەسكەر توپلاڭلار! بىزنىڭ دالىغا بېرىڭلار! بىزنى مۇداپەئە قىلىڭلار! دۈشمەنلەرنى ھەيدىۋېتىشكە ياردەملىشىڭلار! — دەپ ئىلتىماس قىلىشاتتى.

ئۆز مەنسەپدارلىرى بىلەن كەلگەن كىنەزلەرنىڭ ھەممىسى كىنەز سارىيىنىڭ ئالدىغا توپلىشاتتى. كىنەزلەر ئايرىم - ئايرىم تۇرۇشاتتى، ئۆزئارا سۆز تالىشاتتى ۋە قەيەردە نېمە گەپ بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاش ئۈچۈن، باشقا تەرەپلەرگە بېرىشاتتى. لېكىن، خىزمەتچىلەر قانچىلىك ئىلتىماس قىلىشسىمۇ، سارايىنىڭ ئىچكەرىسىگە كىرىشكە ئۇناشمايتتى.

قىپچاقلار خانى قوتانمۇ ھويلىدا ھەممە ۋاقىتتىكىدەك مەغرۇر تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇچلۇق قالپاق كىيگەن، دالىنىڭ ئاپتەپىدا يۈزلىرى كۆيگەن مەسلىھەتچىلىرى قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشاتتى. دالا ساياقلىرىدىن بولغان كونا تىلماچ خانغا كىنەزلەردىن قايسى كەلگەنلىكى، ئىسمى نېمە ئىكەنلىكى، كىم كەلگەنلىكى، قايسىبىرى ئابرۇيلۇق ۋە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ تۇراتتى. قوتان كىنەزلەردىن قايسىبىرىنى ئىززەت قىلىش كېرەكلىكىنى ئاۋۋال بەلگىلەپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يورغىلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا باراتتى ۋە قوللىرىنى تەسلىكتە يەرگە تەگكۈزۈپ تەزىم قىلاتتى، يەنە مەغرۇرلۇق بىلەن قەددىنى رۇسلاپ، ئاق ئارىلاش ئۇزۇن بۇرۇتە-

نى سىلاپ تۇرۇپ بۇنداق دەيتتى :

— ياردەم قىل ، قېرىنداشىم ، بول ! پالاكەت ھەممىمىزنىڭ بېشىمىزغا تەڭ كەلدى . ھەممىمىز بىرلىكتە يانمۇيان تۇرساق ، پالاكەتتىن قۇتۇلىمىز . مېنىڭ سوۋغامنى ئاز بولسىمۇ ، كۆپ ئورنىدا كۆرگىن ، ھۆرمىتىمنى قوبۇل قىل ! ھېچكىمنى ئۇنتۇمىدىم ، ھەممىسىگىمۇ مال - مۈلۈك ، ئات - ئۇلاغ ۋە ئايال ئەسىرلىرىمنى ھەدىيە قىلىپ ، كۆڭلىنى ئېلىشنى خالايمەن .

كۈن چۈشكە يېقىنلاشقان بولسىمۇ ، كىنەزلەر كىيېۋ كىنەزىنىڭ ۋاڭ - چۇڭلۇق ھويلىسىدا بوغۇلۇپ ۋارقىراشلىرىنى توختىتىشمايتتى ، كىيېۋ كىنەزىنىڭ سارىيى ئىچىگە كىم ئاۋۋال كىرىدىكىن ، دەپ ھەممىسى بىر - بىرىنى كۈتۈشەتتى . كىنەز مىستىسلاف رومانوۋىچ يەنە كىمنىدۇر كۈتمەكتە ، شىمالدىن مەغرۇر سۈزدال يۇرتى ۋسېۋولودوۋىچتىن چاپارمەن كۈتۈۋاتامدىكىن ، ئۇ ئاجىزلاشقان كىيېۋ كىنەزىنىڭ كېڭەشكە كېلىشنى خالىماي ، ۋلادىمىر شەھىرىدە ئۆزى كېڭەش چاقىرغان بولسا كېرەك ، دېگەن سۆزلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى . گالىچ كىنەزى مىستىسلاف ئۇداتنىيمۇ كۆرۈنمەيدۇ ، ئۇ ھەممىنى ئالاھىدە قۇرۇلتايغا چاقىرتىپ چاپارمەنلەر ئارقىلىق : «پالاكەت يېقىنلىشىپ قالدى ، دەررۇ يېتىپ كېلىڭلار !» دېگەنىدى .

تۇيۇقسىزدىنلا ھەممە كىنەزلەر :

— مىستىسلاف ئۇداتنىي[1] كەپتۇ ! — دەپ بىر - بىرلىرىنى نوقۇپ ئۆرۈلۈشتى ۋە پولەكلەرنى بىر نەچچە قېتىم يېڭىپ چىققىنى ئۈچۈن داڭقى چىققان كىنەزنى كۆرۈشكە ئۆرۈنۈشتى .

— مىستىسلاف ئۇداتنىي قېرىپ قالغان بولسىمۇ ، يېنىك قەدەم بىلەن كىرىپ كەلدى . قاپقارا ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن خۇددى بىرىنى ئىزدەۋاتقان كىشىدەك ، توختاپ يىغىلغانلارغا قاراپ چىقتى ۋە خېلى ۋاقىتقىچە ئۇزۇن بۇرۇتىنى بۇراپ تۇردى . ئۇ

---

① زامانداشلىرى گالىچ كىنەزى مىستىسلاف مىستىسلاۋوۋىچنى ئۇداتنىي (بەختلىك) دەپ ئاتايتتى ، كېيىنكى تارىختا بۇ لەقەم «ئۇدالوي» بولۇپ كەتكەن .

ئۇرۇشقا تەييار كىشىدەك، بېشىغا زەر تۇتقان قالپاق، ئۇستىگە ساۋۇت كىيگەنىدى، ئالتۇن سۈيى يۈگۈرتۈلگەن بۇ چاپان قۇياش نۇرىدا پارقىرايتتى، چاپسان ماڭغانلىقىدىن قىزىل چاپىنىنىڭ پېشى يەلپۈنۈپ تۇراتتى. هويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى قوتان خانىنى كۆرۈپ، توغرا ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. قوتان خان بولسا هودۇقۇپ قېلىپ، قولىنى سوزغۇچە مىستىسلاف ئۇنىڭ يېنىغا باردى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، قوتان بېشىنى گالىچ كىنەزىنىڭ كۆكسىگە قويدى. قوتاننىڭ ئاق قالپىقى يەرگە، توپىغا چۈشۈپ كەتتى، ئەتراپتا تۇرغانلار قىپچاقلار خانىنىڭ مۈرىلىرى تىترەپ يىغلاۋاتقانلىقىنى بايقاشتى.

— يىغلاۋاتىدۇ! مەيلى، يىغلاۋەرسۇن! — دېيىشەتتى ئادەملەر، — بۇ ياۋۇزلار نۇرغۇن ئادەملىرىمىزنى ئۆزلىرىگە ئەسىر قىلىۋالغان، مانا ئەمدى ئۆزلىرىمۇ تارتىشىپ كۆرسۇنچۇ، يېتىمنىڭ كۆز ياشلىرى قانداق بولىدىكىن! مىستىسلاف قوتان خاننىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن باي قېيىنئاتىسىنى هۆرمەت قىلىدۇ.

چېرىكلەر كېيىن كىنەزگە مىستىسلاف ئۇداتنىينىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتىشتى. بىراق، مىستىسلاف رومانوۋىچ بىر تۇغقانىنىڭ بالىلىرى بولغان قېرىندىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ئايۋانغا چىقالماستىن تۇراتتى، بۇنىڭغا كونا ئاداۋەتلەر يول قويمايتتى! مىستىسلاف بولسا قوتاننى قۇچاقلاپ ئالغىنىچە هويلىنىڭ بىر چېتىگە ئېلىپ كەتتى ۋە ئىككىسى خېلى ۋاقىتقىچە سۆهبەتلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

يەنە هەممە قوزغىلىپ ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— سۇزداللىقلار كېلىشتى! كۈچلۈك ياردەم بولىدۇ! سۇزداللىقلار بولمىغاندا يۇرۇش قىلالايتتۇقمۇ! ياق، بۇ سۇزداللىقلار ئەمەس، روستوفنىڭ ياش كىنەزى ۋاسىلكو كونستانتىنوۋىچ.

هويلىغا كېلىشكەن، ياش بىر چېرىك كىردى، ئۇنىڭ سېرىق ساقىلى ئېڭىكىنى ئارانلا يېپىپ تۇراتتى. ئۇمۇ گالىچلىق مىستىس-

لافقا ئوخشاش ئۇرۇشقا تەييار بولۇپ ، ساۋۇت ۋە پولات قالپاق كىيگەن ، بېلىگە ئۇزۇن توز قىلىچ ئېسىۋالغاندى . ئۇ ئاددىيغىنا كىيىنگەن بولۇپ ، ئۇستىدىكى قىزىل چاپىنى ئۈگۈپ كەتكەن ۋە ئۇستۇۋېشى چاڭ ، ھەممە يېقىغا لاي چاچرىغان — ھازىرلا ئاتتىن چۈشكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇنىڭ يېنىدا چاچلىرى ئەمدى ئاقىرىشقا باشلىغان ، ئۇزۇن چاچلىرى مۈرىسىگە چۈشكەن ۋە مۈرد-سىدىن چۈشكەن كەمىرىگە گۇسلى[1] ئېسىلغان قېرى بىر كىشى يۈرەتتى .

— بۇ ئەما ناخشىچى گرېمىسلاف دېگەن ئاتاقلىق ناخشىچى ! ئىلگىرى چېرىكچى بەگ بولۇپ ، قىپچاقلارنى نۇرغۇن قېتىم يەڭ-گەن ، كېيىن رەزان كىنەزى گلېپ كۆرەلمەسلىكتىن ، ئۇنى سو-لتىپ قويغان ، ئىككى كۆزىنى ئويدۇرۇۋەتكەن ۋە ئۈچ يىل سولاپ قويغان . ئۇ يەردە گرېمىسلاف ناخشىلارنى توقۇپ چىقىشقا باشلى-غان ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقان . شۇنىڭدىن بېرى گرېمىسلاف شەھەرمۇشەھەر يۈرۈپ ، ئۆتكەن زامان ۋەقەلىرى توغرىسىدا بېيىت - غەزەل ئېيتىپ يۈرگەن... بۈگۈنمۇ گرېمىس-لاف ناخشا ئېيتسا كېرەك !

ياش كىنەز ۋاسىلكو تەبەسسۇم بىلەن ئۆزىدىن چوڭ كىنەز-لەرگە ھۆرمەت قىلىپ ئايلىنىپ چىقتى ، كىنەزلەر ئۆزلىرى ئۇنى كۇتۇۋېلىشاتتى ۋە سورىشاتتى :

— نېمە ، سۇزداللىقلار كېلىشمەمدۇ ؟ سەن ئۇلارنىڭ قوشنى-سى ، نېمىشقا كەلمىگەنلىكلىرىنى بىلسەڭ كېرەك ؟ ئۇلۇغ سۇزدال كىنەزى يۇرىي ۋسېۋولودوۋىچ سېنىڭ تاغاڭغۇ ، سەن ئۇنىڭغا ئېيت-مىدىڭمۇ ؟

— مۇلاھىزە قىلىش بىلەن ئاۋارە ! لېكىن ، كېلىش - كەل-مەسلىكنى ھېچكىم بىلمەيدۇ .

قالپاق ۋە ساۋۇت كىيىپ ، كالتە قىلىچ بىلەن قوراللانغان ئون چېرىك جۈپ - جۈپ بولۇپ كىنەز سارىيىنىڭ پېشايۋىنىغا

---

[1] گۇسلى — مۇزىكا ئەسۋابى .

چىقتى . ئۇلار پەلەمپەيدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ ، ئىككى تەرەپكە تىزىل-
دى ۋە كىنەز مىستىسلاف رومانوۋىچنىڭ چىقىشىنى كۈتتى . كىنەز
بېشى ئالتۇن بۆركۈتلۈك ھاسىسىغا تايىنىپ ئاستا چامداپ چىقتى ،
ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ، ئۇزۇن قاشلىرىدىن ھارغان ۋە مەيۈس-
لۈك ئەكس ئېتەتتى . ئاقىرىشقا باشلىغان ساقىلىنىڭ ئىككىگە
ئايرىلىپ تۇرۇشى ، بويىنىغا ئېسىلغان بۇتى ۋە كرېستى ، كىمخاب
چاپىنى ، ئومۇمەن قىياپىتى ئۇنىڭ ئۇرۇشقا تەييارلانغانلىقىدىن
ئەمەس ، تائەت - ئىبادەت قىلىپ ، كېچىلىرى خۇداغا نالە قىلىش
بىلەن ئاۋارە بولغانلىقىدىن خەۋەر بېرەتتى . كىنەز ئاقساقلىنىپ
پەلەمپەيدىن چۈشتى - دە ، ئەڭ كېيىنكى باسقۇچتا توختىدى .
— قىممەتلىك مېھمانلار ، خۇش كەپسىلەر ! — دېدى ئۇ
مەيۈس ۋە تەشۋىشكە چۈشكەن ئاۋاز بىلەن .
ھويلىدىكى كىنەزلەرنىڭ بارلىقى بىردىنلا :
— بىزنى نېمىشقا چاقىردىڭ ؟ ياۋايى قىپچاقلارنى قۇتۇلدۇ-
رۇش ئۈچۈنمۇ ؟ ئۇلار قىرىلىپ كەتسىمۇ ياخشى بولاتتى ! جېنىمىز
ئارام تاپاتتى ! ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى قوغداۋەرسۇن ، بىز كۆرۈ-
مىز ! — دەپ ۋارقىراشتى .
گەۋدىلىك قوتان خان ئوتتۇرىدىن چىقىپ ئىرغاڭلاپ پېشايۋان-
نىڭ ئالدىغا كەلدى ، ئىككى پۈكلۈپ تەزىم قىلىش بىلەن كىنەز-
نىڭ زەرلىك كىمخاب تونىنى تاۋاپ قىلدى ۋە ھودۇقۇپ سۆزلەشكە
باشلىدى :
— ئاتا ، سېنىڭدىن ئۆتۈنىمەن ! ئىلگىرى سەن ماڭا مېھرىبان
ئىدىڭ ، مەنمۇ ساڭا مېھرىبان ئىدىم ! ئەمدى بىزنىڭ ئاتىمىز بول !
بەتبەخت چاغانىز خانىنىڭ قوشۇنىنى قوغلاپ چىقىرىشقا ياردەملەش .
تاتارلار دېگەن بۇ يارىماسلار بىزنىڭ ئېلىمىزدە ئاچ بۆرىدەك ئىزغى-
رىپ يۈرۈشۈپتۇ . بۈگۈن يېرىمىزنى تارتىۋالدى ، ئەتىلىككە بېرىپ
سىزنىڭ رۇسىيىڭىزنىمۇ بېسىۋالىدۇ . بىزنى قوغداڭلار ! ئەگەر
بىزگە ياردەم قىلمىساڭلار ، بۈگۈن ھەممىمىزنى قىرىۋېتىدۇ ، ئە-
تىلىككە سىلەر — ئورۇسلارنىمۇ قىرىدۇ ! ھەممىمىز بىر ياقىدىن

باش چىقىرىپ، ئۆزىمىزنى قوغدايلى.

ئادەملەر ئىچىدىن ئاۋازلار ئاڭلاندى:

— ۋالاقلىما! نېمە دەۋاتىسەن ئۆزۈڭ! — دېگەن نارازىلىق ئاۋازلار چىقتى، — جىم، قېنى، سۆزلىسۇن! بىلمەي تۇرۇپلا ۋايساشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟

باشقىلار قارشى چىقىشتى:

— قىپچاقلار بىزنىڭ دۈشمىنىمىز! ئۇلار ھازىر بىزنىڭ يۇرتىمىزدا دەرمانسىزلىنىپ قالغان. ھەممىسىنى قىرىپ، مال ـ مۈلۈكلىرىنى تارتىۋېلىش كېرەك.

بىر ـ بىرىنىڭ سۆزىنى ئۇقۇشماي ۋارقىراشقان ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى، ۋاڭ ـ چۇڭلار كۆچىيىپ كەتتى. كېيىن كىنەزى قولىنى كۆتۈرۈپ مىسكىنلەرچە ھەممىگە قارايتتى، ۋاڭ ـ چۇڭلار تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.

كىنەز مىستىسلاف ئۇداتىنى قەتئىي ۋە ئەپچىللىك بىلەن پىشايۋاننىڭ پەلەمپىيىگە چىقتى.

— داڭلىق كىنەزلەر، ھالال سەركەردىلەر، ھەممىڭلار ئۇرۇس باتۇرلىرى! — دېدى مىستىسلاف، — ھەممىمىز ئۇلۇغ ئۇرۇس ئېلىنىڭ پەرزەنتلىرى ئەمەسمۇ؟ كونا نىزالارنى، جېدەللەرنى ۋە قىپچاقلار بىلەن ئۇرۇشقانلىرىمىزنى ئۇنتۇپ كېتەيلى! بىزمۇ ئۇلارنى ئۇرۇپ ئەزگەن، ئۇلارمۇ بىزنى تارمار قىلغان... ھازىر قىپچاقلارنىڭمۇ، بىزنىڭمۇ بېشىمىزغا ئېغىر كۈنلەر چۈشتى. يېڭى، نامەلۇم دۈشمەن ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا، قىپچاقلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئەمەس، بەلكى دوست بولۇشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ چاغانىز خاننىڭ ئىمانسىز تاتارلىرىغا قارشى كۈرەشلىرىگە ياردەم قىلمىساق، قىپچاقلار ئۇلارغا ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن، ئۇنىڭدا دۈشمەن يەنىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ.

— تاتارلار ئۆزى قانداق ئادەملەر؟ بەلكى قىپچاقلارغا قارىغاندا سادda، ئاددىي چېرىكلەردۇر. ئۇلار ئۆزلىرى قانچىلىك؟

— قوتان خان ئەلەنلەر بىلەن چاغانىز تاتارلىرىغا قارشى

كۆرەشكەن . ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا ، ئۇلار ئۇم بولۇپ ھۇجۇم قىلىدىكەن ۋە ئەپچىللىك بىلەن ئۇرۇش قىلالار ئىمىش ، ئۇلار ئۆزى ئۆزاقتىن ئۇبىز[1] ۋە تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن كېلىشىپتۇ ، تاتارلارنىڭ ھۇجۇمىنى توختىتىش يالغۇز قىپچاقلارنىڭ قولىدىن كەلمەپتۇ . تاتارلار قىپچاقلارنىڭ بار - يوقىنى تالاپ ، قوتان ۋە باشقا قىپچاق خانلىرىغا قاراشلىق خوتۇن - قىزلار ، ئات - ئۇلاغلار ۋە باشقا بارلىق بايلىقلارنى تارتىۋېلىشىپتۇ... ھازىر تاتارلار شۇنچىلىك بېيىپ كەتكەنكى ، يىغقان مال - دۇنيالىرىنى ھېچقەيەرگە سىغدۇرالمايۋاتقۇدەك ، ھازىر ھارام ئۆلگەن مالنىڭ گۆشىگە تويغان ئىتتەك بولۇپ قېلىشىپتۇ . پۈتۈن توپلىغان مال - مۈلكلىرىنى تاتارلار ھەزەر دېڭىزىنىڭ قىرغىقىدىكى لۇكومورىيەگە توپلىشىپتۇ... يۇكتىن بوشاپ يېنىكلىشىۋالغان تاتارلار ئەمدى ئۇرۇس ئېلىگە قوشۇن تارتىپ كېلىۋاتىدۇ . كىمكى مېنى بۇ سۆزۈم بىلەن مۇقەددەس ۋەتىنىم رۇسىيە ئۈچۈن ئەمەس ، ھازىر كەمبەغەللىشىپ قالغان قېينئاتام قوتان خان ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتىدۇ دېسە ، بۇ مەن ئۈچۈن بوھتان بولىدۇ !

ئادەملەر توپى داڭلىق كىنەز مىستىسلافنىڭ سۆزىنى جىم تۇرۇپ تىڭشىدى . ئايرىم ئادەملەرلا سۆز قىستۇرۇشقا باشلىدى :

— ھەزەر دېڭىزى يىراق ، بۇ يەردىن يىگىرمە كۈنلۈك يول .

— چاقىرىلمىغان مېھمانلارنى بىرىنچى قېتىم كۈتۈۋاتقىنىمىز يوق ! كىيىق كىنەزى كۈتۈۋېلىشى كېرەك ئىكەن ، بۇ توغرىدا ئۇ ئۆزى قايغۇرىۋەرسۇن !

توپ يەنە ۋاڭ - چۇڭلارنى كۆتۈردى . كىنەزلەردە قېرىنداشلىق مۇھەببىتى ۋە بىرلىكى يوقلۇقى ، ئەزەلدىن بىر - بىرىگە دۈشمەنلىشىپ ئاداۋەت ساقلىشى ھەممىگە مەلۇم ئىدى .

ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى . كىمخاب تون كىيگەن ئەھلى دىنلار ناھايىتى ياخشى ۋاقىتتا يېتىپ كېلىپ ، كىنەزلەر ئارىسىدا بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىپ بارغان مۇنازىرىلەرنىڭ توختىشىغا سەۋەب

---

[1] ئۇبىز — شىمالىي كاۋكازدا ياشىغان قەبىلە .

بولدى. ئىسرىق قاچىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ كېلىۋاتقان كەڭ گەۋدى-
لىك تۆت دىئاكون[1]، يوغانلىقى بىلەكتەك كېلىدىغان يېنىپ تۇر-
غان شاملارنى كۆتۈرگەن باللار، تۆمۈر كرېست كۆتۈرگەن قېرى
پروتوپوپ[2] ۋە ئىككى قولتۇقىدىن ئىككى بالا قولتۇقلىۋالغان،
يوغان زەرلىك كەمزۇل كىيگەن، قارا ساقال ۋە بۇغداي ئۆڭلۈك
كەلگەن قېرى گرېك مىتروپولىت[3] ناخشىنى ئاستا سوزۇپ، پې-
شايۋاننىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى، بىردەمدە ھەممە جىمجىت
بولۇپ قالدى.

كىيېۋ كىنەزى مىتروپولىتنىڭ ئالدىغا كەلدى، قوللىرىنى
قوشتۇرۇپ تەزىم قىلدى، چالىنىڭ چوقۇندۇرۇۋاتقان تىترەك قولى-
نى سۆيۈپ، ئاستاغىنا پىچىرلىدى:

— ئەمرىمەرۇپ قىلىڭ، ئۇلۇغ ئاتا! كىنەزلەرنى دوست
بولۇشقا، كونا ئاداۋەتلەرنى ئۇنتۇپ بىر-بىرى بىلەن ئىتتىپاق
بولۇشقا كۆندۈرۈڭ!

مىتروپولىت پېشايۋانغا چىقتى، ئۈچ تەرەپتە تۇرغانلارنىڭ
ھەممىسىنى چوقۇندۇرۇپ دۇئا قىلدى ۋە ئورۇسچىنى يېرىم چالا
بىلسىمۇ، يادلىۋالغان نۇتقىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

— ئەزىز ئۇكىلىرىم، ئوغۇللىرىم! ئىنجىلنىڭ ئېيتقانلىرىغا
ئەمەل قىلىپ، پاك ئادەم بولۇشقا ئۆگىنىڭلار! تەڭرى يولىدا
ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن ھېچنېمىنى ئايىماڭلار! تىلىڭلارنى يە-
غىڭلار، دىلىڭلار يورۇسۇن! تېنىڭلارنى ئازابلاڭلار، غەزەپنى يو-
قىتىڭلار!

كىيېۋ كىنەزى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تىڭشاپ تۇراتتى.
گالىچلىق مىستىسلاف ئۇياق-بۇياققا كۆز تاشلىدى، كىشىلەرنىڭ
چىرايىدا نارازىلىق پەيدا بولۇۋاتقىنىنى سەزدى. مىتروپولىت سۆ-
زىنى داۋام قىلىۋاتاتتى:

---

① دىئاكون — بۇتخانىنىڭ سوپىسى.
② پروتوپ — بۇتخانىنىڭ ئىمامى.
③ مىتروپولىت — باش ئىمام.

— ئەگەر بىرەر نەرسەڭدىن مەھرۇم بولساڭ، ئۈچ ئالىمەن دېمە، سەۋر قىل! ئەگەر غەزەپكە ئۇچرىساڭ، سەرسان قىلىنساڭ سەۋر قىل! گۇناھ قىلغان بولساڭ، ئىبادەت قىل! تەڭرى دۇشمەننى يېڭىش ئۈچۈن بىزگە ئۈچ يول كۆرسەتكەن: تۈۋا قىلىش، كۆز - ياش تۆكۈش ۋە سەدىقە بېرىش...

مىستىسلاف ئاستا ھېلىقى تۆت دىئاكوننىڭ ئالدىغا كېلىپ پىچىرلىدى:

— گرېكچىلار ئەقلىدىن ئېزىپتۇ! سۆزلىرىدىن ئاينىۋاتىدۇ! كىمگە كۆز يېشى تۆكۈش ۋە تۈۋا قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ؟ ئۇ قارا خەلققە، پۇقراغا ئەمەس، كىنەزلەرگە سۆزلەۋاتىدىغۇ! دەررۇلا پسالوم ياكى تروپارغا[1] ئوخشاش بىر نەرسە باشلاڭلار، ھەر بىرىڭلارغا بىردىن قوي بېرىمەن.

مىتروپولىت بىر نېمىلەر دەپ ۋالاقلىماقتا ئىدى، تۆت دىئاكون تۇيۇقسىزلا تروپار ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇلارغا يوغان، ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن بارلىق پروتوپلار ۋە باللار قوشۇلۇشتى. كىنەزنىڭ خىزمەتچىلىرى ئەجەبلەنگەن مىتروپولىتنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى ئۆيىگە ئەپكىرىپ كېتىشتى.

پەلەمپەيىنىڭ يۇقىرىسىغا روستوفلۇق ياش كىنەز ۋاسىلكو چىقتى.

— مەن ئۇزاق شىمالدىن — بۈيۈك روستوفتىن كەلدىم. ئەزىبرايى ئۇرۇس ئېلىنى، خرىستىئان دىنىدىكىلەرنى دەپ، سىلەرگە شۇنداق دېمەكچىمەن. بىزنىڭ ئالدىمىزغا كىيىق كىنەزى مىستىسلاف رومانوۋىچتىن ئالدىراش چاپارمەن كېلىپ، ئۇرۇس يېرىنى قوغداش ئۈچۈن، دەررۇ كۈچ توپلاش توغرىسىدا خەۋەر كەلتۈردى. مەن ئاز بولسىمۇ، ئۆز قوشۇنۇمنى ئېلىپ كەلدىم، لېكىن ھەممىمىزدىنمۇ كۈچلۈك بولغان سۇزدال كىنەزى يۇرىي ۋسېۋولودوۋىچ تېخىچە تاتارلار مېنىڭ يۇرتۇم سۇزدالغا كېلەمدىكىن، ياكى نېرىدىن ئۆتۈپ كېتەمدىكىن، دەپ رەم ئېچىپ ئولتۇ-

---

① پسالوم، تروپار — سوزىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىنىي ناخشىلار.

روپتۇ. مانا بۇ يەرنىڭ ئۆزىدىمۇ «ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي!» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلاۋاتىمەن. مىتروپولىت بولسا چېركىلەرگە ئەمەس، ئۆلۈم ياستۇقىدا ياتقان قېرى بوۋايغا لايىق سۆزلەرنى — كۆز ياش تۆكۈش ۋە توۋا قىلىشنى ئېيتىۋاتىدۇ... ياۋاشلىق ۋە قورقۇنچاقلىق بىلەن دۈشمەننى ھەيدەلمەيمىز ۋە ئورۇس يېرىنى ساقلاپ قالالمايمىز...

— توغرا، ۋاسىلكو توغرا ئېيتتى! — دەپ ۋارقىرىدى توپنىڭ ئىچىدىن بىرى.

— نامەلۇم ۋە دەھشەتلىك پالاكەت يېتىپ كەلمەكتە... قىچقىرىلمىغان مېھمانلارنى ياخشىلاپ كۈتۈۋېلىش، ئۇلارنىڭ ھوجۇمنى قايتۇرۇش بىلەن بىر يولىلا يوق قىلىۋېتىش كېرەك. تاتارلارنىڭ قانىتى يوق، دنېپىردىن ئۈچۈپ ئۆتمەيدۇ، ناۋادا ئۈچۈپ ئۆتكەندىمۇ، بەرىبىر توختاپ قالىدۇ، ئۇ يېقىغا خۇدا بار...

— قىلىچ ۋە ئايپالتىلار بىلەن قارشى ئالىمىز!

— بىزنىڭ مەنسەپدار كىنەزلىرىمىز، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ۋاسىلكو، — كىنەز مىستىسلاف رومانوۋىچنىڭ مەھكىمىسىگە كىرىپ، قەدىمكى ئادەت بويىچە گىلەم ئۈستىدە سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇشسۇن ـ دە، ھەل قىلىشسۇن! ياۋۇز دۈشمەنلەرنى كۆز يېشى بىلەن، يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇش بىلەن كۈتۈۋالىمىزمۇ ياكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان ئايپالتا ۋە ئىتتىك قىلىچلىرىمىز بىلەنمۇ؟

— كىنەز ۋاسىلكو توغرا ئېيتىدۇ.

— ئەنە شۇ ئېيتقاندەك بولسۇن! — دەپ ھەممىسى ۋارقىرىۋەتتى.

— كىم چوڭ بولىدۇ؟ قوشۇنغا كىم قوماندانلىق قىلىدۇ؟ مەن مىستىسلاف رومانوۋىچ قول ئاستىدا ئۇرۇشمايمەن! — دەپ ۋارقىراشتى بىر تەرەپتىن، ئىككىنچى تەرەپتىكىلەرمۇ بۇ پىكىرنى قوللاشتى:

— قوشۇنغا گالىچلىق مىستىسلاۋۋىچ قوماندا-

لىق قىلسۇن . ئۇنىڭغا «ئۇداتنىي» دەپ بىكار لەقەم بېرىلگەن ئەمەس ، ئۇ ئۇتۇق كەلتۈردى !

نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ، يىگىرمە ئۈچ كىنەز كىيىف كىنەزنىڭ مەھكىمىسىگە كىرىپ كەتتى . ئۇزاق ئويلاشقان بولسىمۇ ، بىر توختامغا كېلىشەلمىدى ، مىستىسلاف ئۇداتنىي تاتارلارنىڭ لوكومورىيەدىكى قارارگاھىغا ھۇجۇم قىلىش كېرەكلىكىنى ئىسپات قىلماقچى بولاتتى . «ئۇ يەردىكى بايلىقلارنى قولغا ئېلىپ ھەممىنى باي قىلىۋېتىمىز ، ئۇنىڭدىن كېيىن كىنەزلەر ئەمەس ، ئاددىي چېرىكلەرمۇ بايلىققا ئىگە بولىدۇ» دەيتتى .

لوكومورىيەگە ھۇجۇم قىلىش كېرەك ، دېگەن پىكىرنى كۆپچىلىك ماقۇل كۆرەتتى ، لېكىن كىنەزلەر پۈتۈن قوشۇنغا قوماندان قىلىپ بىر كىشىنى تەيىنلەش مەسىلىسىدە بىر پىكىرگە كېلەلمەيتتى .

شۇ ئارىدا دالىدا كېزىپ يۈرگەنلەردىن بىرى چېپىپ كېلىپ قالدى . ئۇ تاتارلار توپلىنىپ دنېپرغا قاراپ كېلىشىۋاتىدۇ ، دېگەن خەۋەرنى ئەكەلدى . بۇ خەۋەر تاتارلارغا قارشى چىقىش ، خورتىتسا ئارىلى ئالدىدىن دنېپرنىڭ نېرىقى قىرغىقىغا ئۆتۈش توغرىسىدا مەلۇم بىر قارارغا كېلىش ئىشىنى چاپسانلايتتى .

كىنەزلەر شۇنداق قارارغا كېلىشتىكى ، ھەر قايسى كىنەز قوشۇنىنى ئېلىپ ئۆزىچە ئىش كۆرىدۇ ، ھېچكىم ئۇنىڭ يولىغا توسقۇن بولماسلىقى كېرەك . قايسىبىر كىنەز لوكومورىيەگە ئاۋۋالراق بېرىپ تاتارلار بارگاھىنى قولغا ئالسا ، ئولجىنى باشقا كىنەزلەر بىلەن تەڭ بۆلۈۋېلىشى كېرەك .

ھەممىسى كرېستنى سۆيۈپ قەسەميات قىلىشتى . قايسى كىنەز باشقا كىنەز بىلەن تالىشىپ قالسا ، قالغانلارنىڭ ھەممىسى بىر بولۇپ ، جېدەللىنى باشلىغانغا قارشى بولىدۇ ، كېيىن يەنە ئۆز ئارا سۆيۈشتى . شۇ چاغدا كىيىفلىق مىستىسلاف بىلەن ئۇداتنىي بىر - بىرىگە سۆيۈشۈش ئۈچۈن ، بويۇنلىرىنى تۇتۇشتى .

كىنەزلەر ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشقاندا ، كىنەز ۋاسىلكو ئويچان ۋە تەشۋىشلىك ئىدى . ئۇ قاپىقى سېلىنغان ھالدا پېشايۋانغا

چىقتى، ئۇنى قېرى ناخشىچى گرېمىسلاف كۆتۈپ تۇراتتى.

— ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدىغان بولدى، — دېدى ۋاسىلكو، — بۇ هالدا ئۇرۇشقا بولمايدۇ. تاتارلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى ئىزدەپ يۈرۈش ئەمەس، دۈشمەنگە شۇنداق زەربە بېرىش كېرەككى، ئارتۇق قىمىرلاشقا ماغدۇرى قالمىسۇن. هەر كىم ئۆزىچە ئىش قىلىشى، بىر - بىرىدىن يۈز ئۆرۈشى ئۆز بېشىغا بالا تۇغدۇرۇش دېمەكتۇر.

كەچ كىردى، هاۋا ئىللىق ئىدى، كىنەز سارىيىنىڭ ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار پارقىرايتتى. هويلىغا زىياپەت ئۈچۈن ئۇزۇن دۈپ ياغىچىدىن ياسالغان ئۈستەللەر قويۇلغان. هەممە مېهمانلار دۈبتىن ياسالغان ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرۇشۇپ، كىنەزنىڭ تەييارلىغان سامىسلىرىنى، غاز گۆشلىرىنى يېيىشكە تۇتۇش قىلىشتى. ئۈستەل ئەتراپىغا مەشئەل كۆتۈرگەن خىزمەتچىلەر تىزىلىشقاندا بولسا، هەممىسىنىڭ كۆزى لەپىلدەپ تۇرغان شولىدا قىزىرىپ، كىنەز پېشايۋىنىنىڭ پەلەمپىيىدە ئولتۇرغان قېرى ناخشىچى گرېمىسلافقا چۈشتى. گۇسلىنىڭ نازۇك ساداسى ئاڭلىنىشقا باشلىدى، قېرى ناخشىچى بولسا ئويۇلغان كۆزلىرىنى كۆككە تىكىپ، بىر ئاز بوغۇلغان ئاۋاز بىلەن ياخشى كۆرگەن ئۆتمۈشتىكى قوشاقلىرىنى باشلىدى.

گرېمىسلاف ئىگور سۋەتوسلاۋىچنىڭ قىپچاقلارغا قارشى باتۇرلۇق يۈرۈشى، كىنەزلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇش - جېدەللىرى، شۇنىڭ ئۈچۈن باتۇر چېرىكلىرىنىڭ بىكارغىلا هالاك بولغىنى، بۇ جېدەللەر «ئورۇس يۇرتىنىڭ دەرۋازىسىنى دۈشمەنگە ئېچىپ بەرگىنى» توغرىسىدا كۈيلەيتتى.

تىڭشاۋاتقانلارنىڭ تولىسى بېشىنى قوللىرى ئارىسىغا ئېلىپ ئويلىنىپ كەتتى: كىنەزلەرنىڭ هازىرقى ئۆزئارا كېلىشمەسلىكلىرى، بىر - بىرلىرىگە دۈشمەنلىكلىرى هېلىمۇ بېشىمىزغا ئەنە شۇنداق قارا كۈنلەرنى سالماسمىكىن. شۇ كېلىشمەسچىلىك ۋە دۈشمەنلىكلەر ۋەتەننى قوغداشتەك ئۇلۇغ بىر ئىشنى بۇزۇۋەتمەسمىكىن؟

## سەككىزىنچى باب

# سوبەتەي باتۇرنىڭ پىلانى

سوبەتەي ئون نەپەر مىڭبېشىنى چاقىردى، ئۇلار بىلەن جەبەمۇ كەلدى. كىگىز ئۆيدە ياش ـ قېرىلارنىڭ ھەممىسى چۆرگىلەپ ئولتۇرۇشتى، ئۇلار جەبەنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشىشاتتى. جەبە خۇد- دى يىراقتا بىر نېمىلەرنى كۆرۈۋاتقانغا ئوخشاش، باشلارنىڭ ئۈس- تىدىن قارايتتى.

— كىيېۋ باي شەھەر، — دېدى جەبە، — ئىبادەتخانىلارنىڭ ئېگىز گۇمبەزلىرى قىپقىزىل تىللا ئالتۇن بىلەن قاپلانغان. بۇ چېدىرلاردىكى ئالتۇنلارنى كۆچۈرۈپ ئالىمىز ـ دە، ئەنە شۇ ساپ ئالتۇندىن چىڭگىزخانىنىڭ بوز ئېتى سەتەردەك يوغان ئات ياساپ، ئۇنىڭ چېدىرى يېنىغا قويىمىز.

— چىڭگىزخانغا ئالتۇن ئاتنى سوۋغا قىلىمىز! — دەپ ۋارقىراشتى موڭغۇللار.

— ئورۇس ئېلىدە خان كۆپ، ئۇلار ئورۇس تىلىدا «كىنەز» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ خانلار — كىنەزلەر باشقا ـ باشقا كۆچمەنلەرنىڭ ئېتلىرىغا ئوخشاش، بىر ـ بىرلىرى بىلەن تالىشىۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى تارمار قىلىش ئانچىلا تەس ئەمەس. مانا بۇ كىنەز- لەرنىڭ ھەممىسىنى ھېچكىم بىر يەرگە يىغىپ كۆرمىگەن، ئۇلار- نىڭ بىزنىڭ چىڭگىزخاندەك چىڭگىز خانى يوق.

— بىزنىڭ بۈيۈك چىڭگىزخانىمىزغا ئوخشاش، يولباشچىنى دۇنيانىڭ ھېچبىر يېرىدىن تېپىش مۇمكىن ئەمەس.

— مەن سىلەرگە ئېيتسام، بىز ئورۇس ئېلىگە بىردىنلا

ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ ھەر تەرىپىدىن ئوت قويۇپ، كېيىنكى قولغا ئېلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭغىچە، — جەبە توختاپ قالدى.
— نېمىگىچە؟ — دېيىشتى مىڭبېشىلار.
— يېگانە ۋە ئۇلۇغ قاغانىمىزغا ئەۋەتكەن مەلۇماتىمىزغا جاۋاب كەلگۈچە.
— چىڭگىزخان «مېنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار» دەيدۇ، ئەلۋەتتە كېيىنكى ئاۋۋال ئۆزىنىڭ كىرگۈسى كېلىدۇ، — دېيىشتى موڭغۇللار، — بىز بۇخارا، سەمەرقەند ۋە ئۇرگەنچكە ئوخشاش چوڭ شەھەرلەرنى ئالدۇق، ئەمدى كېيىنكى ئېلىشىمۇ تەس ئەمەس، بىز چاپسانلىق بىلەن كېيىنكى ئېلىشىمىز كېرەك!
ھەممىسى سۆبەتەيگە قارايتتى، ھەييار ۋە ئېھتىياتچان «ئاقساق يىلپىز» نېمە دەيدىكىن، دەپ كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ئۇ يانپاشلاپ ئولتۇراتتى ۋە ئوت چاچراپ تۇرغان كۆزلىرىنى ھەممىگە نۆۋەت بىلەن تىكەتتى.
— ئورۇسلارنى يېڭىش جەبە نويوننىڭ ئويلىغىنىدەك تولىمۇ ئاسان بولمىسا كېرەك، — دېدى گەمەبېك مىڭبېشى.
— ئورۇسلار بىلەن قىپچاقلار كۆپچىلىك، ئۇلار يۈز مىڭچە بار، بىز يىگىرمە مىڭلا. يەنە بىر تۈمەنچە ھەر خىل ساياقلىرىمىزنى ھېسابلىمىساقمۇ بولىدۇ، چېكىنىشكە توغرا كېلىپ قالسا، ئۇلار بىر توپ قۇشقاچتەك بىتچىت بولۇپ تارقاپ كېتىدۇ. ئورۇس ئېلىگە ھۇجۇم قىلىش قورقۇنچلۇق، ئۇلارنىڭ چېرىكلىرىمۇ كۆپ ھەم كۈچلۈك. بىز كېيىنكى بارماسلىقىمىز كېرەك، بىز بۇ يەردىن قايتىپ، چىڭگىزخاننىڭ قۇدرەتلىك قولى ئاستىغا بېرىشىمىز كېرەك!
— يادىڭدىن چىقىپ قالدىمۇ، گەمەبېك باتۇر، — دېدى جەبە، — بىز سېنىڭ بىلەن ۋە باشقا باتۇرلار بىلەن بىللە سەددىچىننىڭ كەينىدىكى چىنلىقلارنىڭ ئاختاما قىلىپ قويغان يەرلىرىگە بېسىپ كىرگىنىمىزدە، ئۇلار ئورۇسلاردىنمۇ كۆپرەك ئىدىغۇ؟
سۆبەتەي ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى سىلكىدى، ھەممىسى ئۇ-

نىڭغا قارىدى .

— ئىش باشلاشتىن ئاۋۋال چىڭگىزخاننىڭ ئادىتىنى ئەسلەش كېرەك . ئەگەر بىزنىڭ ئورنىمىزدا ئۇ بولسا ، نېمە قىلاتتى ، مانا شۇنى ئويلاش زۆرۈر ، — دەيتتى سۇبەتەي سالماقلىق بىلەن ، — ئاۋۋال دۈشمەننى ئالداش كېرەك . ئۇنى غەپلەتكە سېلىش ئۈچۈن ، بېشنى سىلاش كېرەككى ، پۇت - قوللىرىنى تاشلاپ ، سوزۇلۇپ ياتسۇن... ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇنىڭغا تاشلىنىپ كېكىردىكىنى بوغۇپ تاشلاش زۆرۈر !

ھەممە قەددىنى رۇسلاپ بىر - بىرلىرىگە قارىۋالدى ، نېمە قىلىش كېرەكلىكى ئەمدى ھەممىگىمۇ مەلۇم بولۇپ قالدى . ئۇلۇغ قاغاننىڭ قۇدرەتلىك قولى ئاستىغا قايتىش توغرىسىدا ئويلاشنىڭ كېرىكى يوق ! سۇبەتەي سۆزىنى داۋام قىلدى :

— ئورۇسلار كۆپچىلىك ! ئۇلار شۇنچىلىككى ، تۆگىنىڭ ئايىغى ئۈستىدە ئۇخلاپ ياتقان چېكەتكىنى قانداق مىجىسا ، بىزنى شۇنداق مىجىپ تاشلىشى مۇمكىن . لېكىن ، ئورۇسلاردا تەرتىپ يوق ! ئۇلارنىڭ «كىنەزلىرى» بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشقىنى ئۇرۇشقان ، قوشۇنى دالىدا ھەر تەرەپكە تارقىلىپ كەتكەن كۈچلۈك ئۆكۈزلەرگە ئوخشايدۇ... بىراق ، ئورۇسلارنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ جەسى بار ! ئۇنىڭ ئېتى «مىستىسلاف باتۇر !» ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئەنە شۇ مىستىسلاف ناھايىتى كۆپ بولغان ، شۇ ۋاقىتقىچە دۈشمىنىنى يېڭىپلا كەلگەنمىش ، ئەمما ئورۇسلارنىڭ مىستىسلاف ئۇرۇشتا ئالغا كېتىپ ، خەتەرلىك جايغا بارغىنىدا ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرالايدىغان ئۆزلىرىنىڭ سۇبەتەي باتۇرى يوق !

— بىز ئەنە شۇ مىستىسلافنى تۇتۇۋېلىپ ، چىڭگىزخاننىڭ قولىغا تاپشۇرىمىز ! — دەپ ۋارقىراشتى موڭغۇللار .

— كىمكى مىستىسلافنى قولغا چۈشۈرسە ۋە بېشىدىن ئالتۇن قالپىقىنى ئالسا ، — دەپ قوشۇمچە قىلدى سۇبەتەي ، — ئۇنى ئەنە شۇ ئادەمنىڭ ئۆزى چىڭگىزخانغا ئاپىرىپ بېرىدۇ .

كېچەش ئۇزاق داۋام قىلدى . قورۇقچىلار موڭغۇل سەركەردى-لىرىنىڭ قوبۇل قىلغان قارارىدىن خەۋەردار بولۇپ قېلىشمىسۇن ، دەپ ھەممىسى پىچىرلىشىپ سۆزلىشەتتى .

ئەتىسىگە جەبە بىر تۇمەن ئاتلىقلىرى بىلەن كۆنۈپتىش تەرەپ-كە كەتتى ، سۇبەتەي بولسا بىر تۇمەن ئاتلىقلىرى بىلەن ئاتلارنى بېقىپ ، كەسكىن ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش نىيىتىدە ، كەلكە دەرياسى بويىدا قالدى .

## توققۇزىنچى باب

# موڭغۇللار دنېپر بويىدا

باھار ئېيى ئىنتايىن ئىسسىق بولدى. بىر نەچچە كۈن چىققان ئىسسىق شامالدا، ئەمدىلا باش كۆتۈرگەن زىرائەتلەر سولىشىپ پۇرلىشىشكە باشلىدى. قۇياشنىڭ قاتتىق قىزدۇرۇشى خۇددى ھەممىگە غەزەپ بىلەن قارىغۇچى سوبەتەيىنىڭ ئوتكۇر كۆزىگە ئوخشايتتى.

جەبە نويون چېرىكلىرىنى بەشكە بۆلدى. چېرىكلىرىنىڭ بەشتىن بىرى بولغان ئىككى مىڭ ئاتلىق بىلەن دنېپرغا قاراپ ماڭدى، قالغان تۆت بۆلەك ئاتلىق چېرىكنى ئەسىرلەردىن بۇيان ئاياغ ئاستى بولۇپ كەلگەن چوڭ يولغا جايلاشتۇردى.

بىر نەچچە يۈز تاتار چېرىكى دالىنىڭ ھەر تەرىپىگە تارقىلىپ، قەيەردە قىپچاق كۆچمەنلىرىنىڭ مال ـ پادىلىرى كۆرۈنسە، چوڭ يولغا ھەيدەپ كېلەتتى.

جەبە چاڭ باسقان يۈز نۆكەر بىلەن قۇياش نۇرى چۈشۈپ پارقىراپ تۇرغان كەڭ دنېپر دەرياسى بويىغا كەلدى، دەريانىڭ كۆپكۆك يۈزىدە قارىماي سۇرتـۇلگـەن قاپـقارا قېيىقلار ئۈزۈپ يۈرەتتى.

— يەنە، ئورۇس ئەسكەرلىرى! — دېدى تىلماچ. قىرغاقتىكى تۆپىلىكتە تۇمۇر قالپاق كىيگەن، كالتەك ـ نەيزىلەرنى تۇتقان ئورۇس ئەسكەرلىرى تۇراتتى. ئۇلار كۆزلىرىنى قوللىرى بىلەن قۇياشتىن توساپ پايانسىز دالىغا قارىشاتتى، كېلىشۋاتقانلارنىڭ قىپچاق بولماي، باشقا ئىقلىم ئاتلىقلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئـورۇسلار سـۇ بويىغـا چېپىپ كېلىپ، قېيىقلارغا

چۈشتى ـ دە، قىرغاقتىن يىراقلاشتى.
ئۈچلۈق پولات قالپاق كىيگەن، غەزەپلىك ۋە ئىسسىقتىن ناھايىتى قارىيىپ كەتكەن جەبە يار بويىدا ئېتىنى توختىتىپ، قىسىق، يۇمۇلماس كۆزلىرىنى نېرىقى قىرغاقتىكى تۆپىلىكلەرگە تىكىپ تۇردى. ئۇ يەردە نۇرغۇن كىشىلىك قارارگاھ، تەرتىپلىرى كۆتۈرۈلۈپ قويۇلغان قاتار ھارۋىلار كۆرۈنەتتى، تۇرلۇك رەڭدىكى ئاتلار ياۋىداق ئوتلاپ يۈرەتتى. پىيادە ۋە ئاتلىق چېرىكلەر ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈرەتتى، ئۇلارنىڭ قورال ـ جابدۇقلىرى قۇياش نۇرىدا پارقىرايتتى.
قىرغاققا يېقىن يەردە بىر نەچچە قېيىق ئايلىنىپ يۈرەتتى. پالاقچىلار چوڭ دەريانىڭ ئېقىنى بىلەن كۈرىشىپ، كۈچىنىپ قېيىق ھەيدەيتتى. قېيىقلارنىڭ بىرىدىن ۋارقىرىدى:
— ھەي، چاقىرىلمىغان مېھمانلار، بۇ يەرگە نېمە ئىزدەپ كەلدىڭلار؟ قانداق ئىپلاس شامال سىلەرنى ئۇچۇرۇپ كەلدى؟
جەبە بىلەن بىللە يۈرگەن كېچىكچى بۇ سۆزنى ئۇنىڭغا تەرجىمە قىلىپ بەردى.
— بىز سىلەر بىلەن ئەمەس، قىپچاقلار بىلەن ئۇرۇشقىلى كېتىۋاتىمىز! — دېدى كېچىكچىلەردىن بىرى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن، — قىپچاقلار بىزنىڭ خىزمەتچى ۋە يىلقىچىلىرىمىز، دۈچ كەلگىنىنى ئۇرۇۋىڭلار، ئات ـ ھارۋىلىرىنى تارتىۋېلىڭلار. قىپچاقلار بىزگە كۆپ زىيان يەتكۈزدى، سىلەرگىمۇ ئۇلار ئالىلىقاچاندىن بېرى زىيان يەتكۈزۈشۈۋاتىدۇ. سىلەر بىلەن كېلىشىشنى خالايمىز، سىلەر بىلەن ئۇرۇشماقچى ئەمەسمىز.
قېيىقتىكىلەر ۋارقىرىشاتتى:
— ئەلچىلىرىڭلارنى ئەۋەتىڭلار، سۆزلىشىپ كۆرىمىز!
— ئەلچىمىز كىمنىڭ ئالدىغا بارىدۇ؟ چوڭراق باشلىقلىرىڭلار بارمۇ؟
— بۇ يەردە كىنەز كۆپ، ئەلچىلىرىڭ بىلەن پۈتۈشىدۇ.
جەبە نۆكەرلەردىن تۆتىنى تاللاپ، ئۇلارغا كېچىكچىلەردىن بىرىنى تىلماچ تەرىقىسىدە قوشۇپ، ئۇ قاتقا ئۆتۈشكە بۇيرۇدى.

ئۇلار كىيىڭنىڭ باش كىنەزىگە ئۇچراپ، ئورۇسلار قىپچاقلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى تارتىۋېلىپ ئۆزلىرىنى قوغلىسۇن، بۇ يەردە، دالىدا تاتارلار ئۇلارنى تارمار قىلىدۇ، دەپ ئېيتىشلىرى كېرەك ئىدى.

تاللانغان نۆكەرلەر ئىككىلىنىپ، قامچا بىلەن يەلكىلىرىنى تاتىلاپ:

— ئورۇسلار بىلەن سۆزلىشىپ نېمە قىلىمىز؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، ئورۇسشۇېرەيلى، — دېيىشتى.

— مەيلى بولمىسا، — دېدى جەبە، — تىلماچ بىلەن ئۆزۈم بارىمەن.

— ياق! بارما ئۇلارنىڭ ئالدىغا! سېنىڭسىز قوشۇنىمىزنىڭ هالى نېمە بولىدۇ؟ ئانىسى بولمىغان بۆرە باللىرىنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ؟ ئۇ يەرگە بارساڭ، تېرەڭنى شىلىۋالىدۇ. قوي، بارما! بىز بارىمىز، — دەپ ۋارقىراشتى نۆكەرلەر.

تۆت نۆكەر بىلەن كېچىكچى دەريا بويىغا كېلىپ، قىرغاققا يېقىن يەردە ئۆزۈپ يۈرگەن ئورۇسلارنى چاقىرىشتى. قېيىقلاردىن بىرى قىرغاققا يېقىنلىشىپ، موڭغۇل ئەلچىلىرىنى ئالدى.

جەبە قىرغاقتىكى تۆپىلىك ئۈستىدە نېرىقى قىرغاققا ئۇزاق تىكىلىپ تۇردى. ئۇ تەرەپتە تۇمان ئارىسىدىن يىراقلاردا يېيىلىپ تۇرغان ئوتلاقلار، دەرەخلىكلەر ۋە كۆپكۆك كۆللەر كۆرۈنەتتى، شامال يېتىپ كېلىۋاتقان قىسىملارنىڭ ئايىغى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭلارنى ئوينىتاتتى.

كېچىسى جەبە تۆپىلىكتە، گۈلخان يېنىدا جۇۋىسىغا ئورىنىپ ياتاتتى. ئۇ ئورۇسلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن نۆكەرلەرنى كۈتەتتى، بىراق ئۇلار قايتىپ كېلىشمىدى. قىپچاقلار ئۇلارنى ئۆلتۈرگەندى.

دالىنىڭ هەممە يېقىدا يېقىلغان ئوتلار يىراق - يىراقلاردىن پالىلداپ كۆرۈنۈپ تۇردۇ. تۇزلەڭلىكتە نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر هايات بار ئىدى. قانداقتۇر تەشۋىشلەنگەن كىشىلەر ئات چاپتۇراتتى، كېچىسى يىراقتىكى گۈلخانلارنىڭ يال-

قۇنى كۆزگە چېلىقاتتى...

جەبە كېچىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئېغىر خىياللار، كالتە كۆسەي مەنىسىز سۆزلەر ۋە تونۇش كىشىلەرنىڭ چىرايلىرى ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇ بىردەم غەزەپلىنەتتى، بىردەم ئۇگدەيتتى... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە جاھىل چىڭگىزخاننىڭ قارا تۇلكە قۇيرۇقى تاقالغان تۆمۈر قالپىقى، مۇشۇكنىڭ كۆزىدەك يېشىل، يۇمۇلماس كۆزلىرى ۋە بىردەم سۇبەتەينىڭ ئوتتەك كۆزلىرى ياكى ئۆتكۈر، پارقىرىغان قىلىچلار پەيدا بولىدۇ...

ئەمدى ئورۇسلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇلار كۈچلۈك چېرىكلەر، قاچمايدۇ، ئەكسىچە ئۆزلىرى ئۇرۇش ئىزدەشىدۇ. ئۇلارنى يېڭىش قىيىن گەپ! ئەمدى جەبەنىڭ خىتاينى ئېلىپ قازانغان شۆھرەتلىرى بىر تىيىن بولىدىغان كۈنلەر كېلىشى مۇمكىن.

ئۇ شۇ دالىدا يا ئۆلىدۇ، يا ئىسمى قاغاننىڭ ئالتۇن چېدىرىدا، ھەممىنىڭ ئاغزىدا ئورۇس ۋە قىپچاقلارنى يەڭگەن، مىستىسلافنىڭ بېشىدىن ئالتۇن قالپىقىنى ئالغان بۈيۈك سەركەردە سۈپىتىدە يەنە زىكىر قىلىنىدۇ.

ئەتىگەنلىكى نۆكەرلەر جەبەنى ئويغاتتى.

— ئەنە قارا، نېرىقى تەرەپتە نېمىلەر بولۇۋاتىدۇ؟ ئورۇسلار يۇقىرىدىن شۇنچىلىك كۆپ قېيىق ئەكېلىشتىكى، ھازىر ئۇلاردىن كۆۋرۈك ياساۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھارۋىلىرى سۇنىڭ بويىغا يېقىن كېلىپ قالدى، ئۇ يەرگە سان - ساناقسىز ئاتلىق ۋە پىيادە چېرىكلەر توپلاندى[1]. تېزدىن ئۇلار بۇ تەرەپكە ئۆتىدۇ، نېمە قىلىمىز؟

— ئورۇسلارغا توسقۇنلۇق قىلماڭلار! ئۇزاقتىن كۆزىتىپ دالىغا چېكىنىۋېرىڭلار! — دېدى جەبە.

---

① جەنۇبىي رۇسىيە كىنەزلىرى كىيېفتا بولغان كېڭەشتە تاتارلارنى باشقىلارنىڭ يېرىدە قارشى ئېلىشقا قارار قىلىپ، 3 - ئايدا يۈرۈشنى باشلىغان. دنېپر بويىغا كىيېف، چېرنىگولبىنسك، كۇرسك، ترۇبچېۋسك، پوتىۋل، شۇنىڭدەك ۋولىن ۋە گالىتسىيە ئەسكەرلىرى توپلاندى. كېيىنكى ئىككى كىنەزلىكنىڭ ئەسكەرلىرى قارا دېڭىزدىن كېمىلەردە كېلىشتى.

## ئونىنچى باب

# ئورۇسلار ۋە قىپچاقلار دالىغا ماڭدى

*... ئورۇسلار ۋە قىپچاقلاردا تاتارلارنى تارمار قىلىشقا ئىنتىلىش ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار تاتارلار قورقۇپ قېچىشماقتا، كۆچى يەتمەسلىكىنى بىلىپ، بىزنىڭ بىلەن ئورۇشۇشنى خالىماي چېكىنىۋاتىدۇ، دەپ ئويلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنى قاتتىق قوغلايتتى. تاتارلار تىنماي چېكىنەتتى، بۇلار بولسا ئون ئىككى كۈنگىچە قوغلاپ باردى.*

(ئىبنول ئەسىر)

جەبە نويوننىڭ جەرەن ئىتى يالغۇز تۇرغان تۆپىلىك ئۈستىگە ئۆچقاندەك چىقىپ، دالا باتۇرىنىڭ تاش ھەيكىلى ئالدىدا توختىدى. ھەيكەلنىڭ كەڭ ۋە مۇكچەيگەن تۇرقى، ياپىلاق يۈزى، بېلىدىكى كالتە خەنجىرى، ئۈچى نەيزىدەك قالپىقى، ھەتتا قولىدىكى ئاپقۇرى بۇرۇنقى زامانلاردا كۆچمەن ھەيكەلتىراشنىڭ بولقىسىدا پۈتۈن تاشنى ئۈستىلىق بىلەن يونۇپ ئىشلىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى...

ئەسىرلەر ئۆتتى، كۆپ ئاھالىلىك ئەل قۇپقۇرۇق چۆلگە ئايلاندى. تۆپىلىكنىڭ ئۈستىدە مەھكەم ئورنىتىلغان، چوڭقۇر كۆمۈلگەن باتۇرنىڭ ھەيكىلى بولسا ئۆز ئورنىدا قىمىرلىماي تۇراتتى ۋە تومپىيىپ چىققان كۆرمەس كۆزلىرى بىلەن يىراقلارغا، بىر ۋاقىتلاردا ئۆزى ھۇجۇم قىلغان ئەل تەرەپكە قارايتتى.

جەبەمۇ خۇددى شۇ ھەيكەلدەك ئات ئۈستىدە مىدىرلىماي تۇراتتى، قىسىق كۆزلىرى بىلەن يېشىل دالىنىڭ ئەتىگەنلىك تۇمانى

ئىچىدە تېز - تېز قىمىرلاپ كېلىۋاتقان قارا نۇقتىلار تەرىپىگە قارايتتى... تەرلەپ كەتكەن ئات خېلى سوۋۇدى، ئەمدى ئۇ بويىنىنى سوزۇپ، قۇرۇپ قالغان تىكەنلەرنى يېيىشكە ئىنتىلەتتى. تۇياقلىرى بىلەن شورتاڭ يەرنى تېپەتتى. جەبە بولسا بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ زىچ قاتارلىرىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى.

ئالدىدا ئاتلىقلار كەلمەكتە — بەزىلىرى يول بويلاپ كېلىشىۋاتقان، بەزىلىرى دالىغا يېيىلىپ كېتىشكەن، ئاياغلىرى تېگىدىن قارا بولۇتقا ئوخشاش چاڭ كۆتۈرۈلمەكتە، نەيزىلىرى كالتە - كالتە... مانا، چاڭنىڭ ئارىسىدىن هارۋىلار ئۇچۇق كۆرۈندى. ئورۇسلار كۆپ ئولجا ئېلىشقا ئۈمىد قىلىپ تۇرۇشسا كېرەك، ئۇلار هارۋىلارغا قورال - جابدۇق، قازان - تاۋاق ۋە ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى ئارتىۋېلىشقان.

جەبە تىزگىنىنى تارتتى. ئەمدى كېتىش كېرەك، ئورۇسلار تۆپىلىكتە يالغۇز تۇرغان ئاتلىقنى كۆرۈپ قېلىشتى. ئەنە، توپتىن بىر نەچچە ئورۇس ۋە قىپچاق ئاتلىقلىرى ئايرىلدى، ئۇلار جەبە تەرەپكە ئات چاپتۇردى. يەنە بىر توپ ئاتلىقلار ئۇنىڭ يولىنى توساش ئۈچۈن ئىلگىرى قاراپ چېپىشتى. جەبە جەرەن ئېتىنى بىكارلا ناهايىتى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئېتى ئۆز قوشۇنىدىكى ياخشى ئۇچار ئاتلارنىڭ بىرى.

جەبە تۆپىلىكتىن تۆۋەنگە قاراپ چۈشىدىغان چوڭ يولدىن ماڭدى، يولنىڭ بىر چېتىدە چوڭقۇر غار كۆرۈندى. بۇ يەر هازىر بۆرىلەرنىڭ ئۇۋىسى بولۇشى مۇمكىن، ئىلگىرى بىرەر كىشى باتۇرنىڭ ئالتۇن خەزىنىسىنى تېپىش نىيىتىدە كولىغان بولسا كېرەك.

جەبە ئېتىنى ئىتتىكلەتتى. يارلىققا چۈشۈۋېلىشى كېرەك، ئۇ يەردە يۇزبېشى گەمەبېك چېرىكلىرى بىلەن يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. ئوت - چۆپلەرنىڭ ئارىسىغا يېتىۋالغان تاتار ئايغاقچىلىرىنىمۇ، يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئورۇسلارنىمۇ، ئۇلاردىن قېچىپ كېلىۋاتـ

قان جەبىنىمۇ ئۇچۇق كۆرۈپ تۇرۇشاتتى.

لېكىن، ئورۇسلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كېلىشمەكتە... ئۇلارنىڭ ئاتلىرى كۆچلۈك، ئەڭ ياخشى ئاتلىرىنى پاپارلار ئەۋەتكەن. ھەممىدىنمۇ يولنى توساپ چىقىش ئۈچۈن ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقانلار قورقۇنچلۇقراق، بۇرۇلۇشقىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى سول تەرەپ غارلىق، ئوڭ تەرەپتە بولسا ئورۇسلار بار...

قوغلاپ كېتىۋاتقانلار توققۇز كىشى. ئۇلاردىن ئۈچى كەينىدە قېلىشقا باشلىدى، ئالدىدا كېلىۋاتقان ئالتىسىمۇ تارقىلىپ كەتتى، ئۇلار جەبەنى ئورىۋالماقچى.

ئاتنىڭ ئايغى ئاستىدىن بىر توپ كەكلىك ئۇچۇپ، يىراققا بارمايلا يەنە قوندى، ئاتنىڭ تېگىدىن بىر توشقان سەكرەپ چىقىپ، قولاقلىرىنى يوپۇرغىنىچە ئۇدۇل چېپىپ كەتتى. ئات توختىماي چاپاتتى، قورايلار ۋە چاتقاللارنىڭ ئۈستىدىن سەكرەيتتى، جەبە بولسا ئۇنىڭ يالىغا يېتىۋالغانىدى.

دۇشمەن ناھايىتى يېقىنلىشىپ قالدى، جەبە ئۇلارنىڭ تۆمۈر قالپاق ئاستىدىكى قارايغان يۇزلىرىنى ئېنىق كۆرەتتى. ئورۇسلاردىن ئىككىسىنىڭ قولىدا قىزىل قالقىنى بار. بىرى قىزىل يۇزلۇك، قارا كۆزلۈك ياش يىگىت؛ ئىككىنچىسىنىڭ ئاقارغان بۇرۇتلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدۇ؛ ئۈچىنچىسى قارا ئات مىنگەن قىزىل چەكمەن كىيگەن قىپچاق — بۇ ھەممىدىن يېقىن كېلىپ قالغانىدى، ئۇ سالما تاشلاشقا تەييارلىق كۆرمەكتە.

كۆزى ئۆتكۈر جەبەنىڭ ئاتقان ئوقىمۇ خاتا كەتمەيدۇ. جەبە چىڭ تارتىلغان كىرىچىنى تارتقىنىدا، بىر قىپچاق قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئېگەردىن دومىلاپ چۈشتى. ئۈركۈپ كەتكەن قارا ئات ئادەمسىز سەكرەپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۇزۇن يالى شامالدا يەلپۈنەتتى...

ياش ئورۇس يېقىنلاشتى، بىر-ئىككى دەقىقىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئاتلىرى بىر-بىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشى مۇم-

كىن . يىگىت كالتەك نەيزىسىنى جەبەگە ئاتتى ، بىراق نەيزە پولات ساۋۇتتىن سىيرىلىپ ئۆتۈپ كەتتى . جەبە ئاتقان ئىككىنچى ئوق يىگىتنىڭ پارقىراپ تۇرغان ئىككى قارا كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سانجىلدى... ئەلۋىدا ، شەرەپ ! ئەلۋىدا ، پارلاق قۇياش ، يۇرت !

جەبە ئايلىنىپ قارىمىدى ، ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ گەمەبېكنىڭ نۆكەرلىرىنى ئىزدىدى . ئەنە ئۇلار ! ئۇلار بىر توپ بولۇپ ، ياردىن چىقىشتى ۋە ۋاڭ ـ چۇڭلارنى كۆتۈرۈپ تەرتىپسىز يوسۇندا كېلىشىپ ۋاتقان ئورۇسلارغا قارشى چېپىشتى .

ئورۇس ئەسكەرلىرى دەررۇلا توپلىنىشتى ، ئۇلارنىڭ ئۇستى يۇمىلاق ، ئاستى ئۇچلۇق قىزىل قالقانلىرى زەنجىردەك بىر قاتارغا تىزىلدى . ئۇلار چاقلانغان پارقىراق قىلىچلىرىنى قولغا ئېلىپ تاتارلارغا يۈگۈردى .

ئەمما ، گەمەبېك ۋە ئۇنىڭ نۆكەرلىرى جەبەنىڭ پەرمانىنى ياخشى ئۇقۇۋېلىشقان : ئوق يېتىدىغان مۇساپىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن ، ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇرايدۇ ، ئەجەبلەنگەن ئورۇسلار يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ، دۈشمەننى كۈچلۈك ئوققا تۇتۇپلا ، دالىغا قاراپ ئاتنى يۈگۈرتۈپ كېتىشىدۇ .

ئورۇسلار تارقاق ۋارقىراپ ـ جارقىراپ كەينىدىن قوغلاپ كېتىشىدۇ ، بەزى يۈگۈرۈك ئاتلارغا مىنگەن ئورۇسلار كەينىدە قالغانلارغا يېتىشىپمۇ ئالىدۇ . ئۇلارنى چېپىپ تاشلاپ ، قوراللىرىنى ۋە ئۆتۈكلىرىنى تارتىۋېلىشىدۇ ـ دە ، تاتار ئاتلىرىغا مىنىۋېلىشىدۇ .

قورۇقچىلىرى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالغان جەبە تاتارلارنىڭ ئورۇسلار بىلەن بولغان بىرىنچى توقۇنۇشۇشىنى ئۇزاق كۆزەتمەي ، يارنىڭ ئاستىدىكى بۇلاققا چۈشۈپ ئېتىنى سۇغاردى ـ دە ، ھەممە تاتار قوشۇنىغا يەنە يولغا چۈشۈشنى بۇيرۇدى .

گەمەبېكنىڭ ئورۇشتىن قايتىپ كەلگەن چېرىكلىرى : «سەركەردىمىز نەيزە يەپ ئېتى بىلەن بىللە يىقىلغانىدى ، ئورۇس ئاتلىقلىرى ئورنىۋېلىشتى ، بىراق ئۇ ئورۇسلارنىڭ قولىدىن چىقىپ دالا

تەرەپكە قېچىپ كەتتى» دېيىشتى . ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ كەينىدىن نۇرغۇن قىپچاق قوغلاپ كەتكەن .

كېچىسى جەبە كېچىكچىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئورۇس ئەسىرىنى سوراق قىلدى . ئەسىر بۇ ئالدىدا كېلىۋاتقانلار جەسۇر گالىچ كىنەزى مىستىسلاف ئۇداتنىيىنىڭ قول ئاستىدىكى قىسىم بولۇپ، گالىچ ۋە ۋولىن شەھەرلىرىدىن يىغىلغان چېرىكلەر، دېدى . ئۇلار كېمىلەرگە چۈشۈپ دنېپر دەرياسى بىلەن دېڭىز تەرەپكە بېرىشقان، ئۇ يەردىن يەنە دنېپر دەرياسىغا بۇرۇلۇپ، خورتىتسا ئارىلىغا كەلگەن . تاتارلارغا قارشى ھۇجۇم قىلىدىغان كۆچلەرنىڭ ھەممىسى شۇ ئارالغا توپلىنىشى كېرەك ئىكەن .

— كىنەزلەر بىر - بىرلىرى بىلەن چىقىشمايدۇ، — دەيتتى ئەسىر، — قىسىملار تۇرلۇك ۋە ھەر بىر قىسىمنىڭ سەركەردىسى ئۆز ئالدىغا باشقا، ھەممە قىسىملارغا ئومۇمىي قوماندانلىق قىلىدىغان سەركەردە يوق، ھەتتا چېرىكلەر ئۆزلىرى سەركەردە قىلىپ مىستىسلاف ئۇداتنىيىنى سايلاش كېرەك، ئۇ ناھايىتى تەجرىبىلىك، ئۆتكۈر سەركەردە، دېيىشىمۇ، بۇنىڭغا كىيىۋلىق مىستىسلاف رومانوۋىچ قارشى چىقتى . مىستىسلاف رومانوۋىچ بولسا بىرىگە زادىلا بويسۇنغۇسى كەلمەيدۇ، چۈنكى ئۆزىنى ئۇنىڭدىن كۆرە ، يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ئۇلۇغ كىنەز دەپ سانايدۇ . كىنەزلەرنىڭ كېلىشەلمەسلىكى بىچارە چېرىكلەرنىڭ شورى، تاتارلار يېڭىپ قويسا، كىنەزلەرنىڭ ھەممىسى ياخشى ئاتلارغا مىنىپ قېچىپ كېتىۋېرىدۇ، ئاددىي چېرىكلەر قىرىلىپ كېتىدۇ . ئۇرۇشقا چىققان چېرىكلەر ئۆزلىرىنىڭ قوشقا قاتىدىغان ئاتلىرىنى مىنىپ چىقىشقان، بۇ ئاتلار بىلەن ئۇزاققا چاپقىلى بولامدۇ! تاتارلار ھازىر قۇيرۇقىنى تۇتقۇزماي قېچىپ كېتىپ بارىدۇ .

— قىپچاقلار نۇرغۇنمۇ؟ — دەپ سورىدى جەبە .

— قىپچاقلار ناھايىتى نۇرغۇن بولسا كېرەك، — دەپ جاۋاب بەردى ئەسىر . ئۇلارنىڭ قوشۇنى دنېپر دەرياسىنىڭ سول قىرغىقى ئارقىلىق بېرىپ، خورتىتسا ئارىلىدا ئورۇس قىسىملىرى بىلەن

قوشۇلۇشقا ئالدىراشماقتا ئىكەن. ھازىرمۇ قىپچاق قىسىملىرى ئالدىدا، مىستىسلاق ئۇداتنىي بىلەن بىللە كەلمەكتە، ئۇلارغا يارۇن قوماندانلىق قىلىدىكەن.

— ئورۇسلار تاتار چېرىكلىرىگە قانداق باھا بېرىشىدۇ؟ — دەپ سورىدى جەبە.

— ئىلگىرى، تاتار چېرىكلىرى «ساددا» (كۆچمەس)، قىپچاقلاردىنمۇ بەتتەر، دېيىشەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئورۇس كىنەزلىرى قورقماستىن تاتار قارارگاھىنى بېسىپ، ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈرگەن ئولجىلىرىغا ئىگە بولىمىز، دەپ ئالدىرىشىۋاتىدۇ. لېكىن، ئەمدى مېنىڭ پەملىشىمچە، تاتارلار ئورۇشقا ماھىر ۋە مەرگەن ئىكەن.

جەبە يەنە دالىنىڭ ئىچكىرىسىگىرەك كىرىپ قونۇشنى، كېچىسى ئوت ياقماسلىقنى ۋە ئورۇس ئەسىرنى بولسا چېپىۋېتىشنى بۇيرۇدى.

كېچىسى كېچىكچىلەر ۋە تاتار ئايغاقچىلىرى ئورۇسلارنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى يېنىغا ئۆملەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى. ئورۇس ئەسكەرلىرى ئەتراپنى دۈگىلەك ئايلاندۇرۇپ ھارۋىلاردىن قورۇق ياساپ ئوتتۇرىدا يېتىشاتتى. قىپچاقلار ئۇلاردىن باشقا جايدا، گۈلخانلار يېنىدا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشاتتى. ئۇلار ئۆز يېرىمىزگە قايتىپ كېلىۋاتىمىز، تاتارلارنى قوغلىۋېتىمىز، دەپ خۇشال بولۇشاتتى.

ئايغاقچىلار تاتار مىڭبېشى گەمەبېكنىڭ ئورۇسلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى: ئۇ قېچىپ بېرىپ بۆرىنىڭ ئۆۋىسىغا يوشۇرۇنغانىكەن. ئورۇسلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قىپچاقلار قولىغا تاپشۇرۇپتۇ، ئۇلار مىڭبېشىنىڭ پۇت - قولىنى ئارغامچا بىلەن تۆت ئاتقا باغلىشىپتۇ، ھەر تەرەپكە ھەيدەلگەن ئاتلار ئۇنى پارچە - پارچە قىلىۋېتىپتۇ... قىپچاقلارنىڭ سەركەردىسى يارۇن گەمەبېكنىڭ بېشىنى قۇلىقىدىن چولۇۋرنى ئۆتكۈزۈپ ئېگىرىنىڭ قېشىغا باغلاپ ئېلىپ كېتىپتۇ.

## ئون بىرىنچى باب

# تاتارلارنىڭ تۇزىقى

جەبە قوغلاپ كېلىۋاتقان ئورۇس ئەسكەرلىرىنى كۆزدىن يوقاتماي ، تاتار بىلەن بىللە چېكىنەتتى ، بەزىدە تاتارلار ئىلگىرىلەپ كەلگەن قىپچاق چېرىكلىرىگە ھۇجۇم قىلاتتى ، لېكىن چوڭ ئورۇش بولمايتتى .

ئوزاق يول باسقان ئورۇسلار بەزىدە كۈندۈزى توختاپ دەم ئالاتتى ۋە ئاتلىقلار يايلاقتا ئوتلاپ يۈرگەن قىپچاقلارغا قاراشلىق ئۆكۈزلەرنى تۇتۇۋېلىشاتتى ، بۇ جەبەنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ھەيدەپ كېلىنگەن ماللار ئىدى . تاتار پادىچىلىرى ماللارنى ئورۇس ياكى قىپچاق چېرىكلىرى كۆرۈنگۈچە ئوتلىتىپ يۈرۈشەتتى ، دۈشمەنلەر كۆرۈنگەندىن كېيىن ، پادىنى تاشلاپ تاتار چېرىكلىرى تەرەپكە قېچىشاتتى .

جەبە قولىدىن كېلىشىچە ئورۇسلارنىڭ كۈچىنى تارقىتىپ ، ئۇلارنى پەرۋاسىزلىققا سېلىشقا ۋە خەتەرنى ئۇنتۇپ ، دەم ئالغان پەيتلىرىدە سېمىز كالا گۆشى يېدۈرۈشكە ئۇرۇناتتى . ئورۇس قوشۇنلىرى ئالاھىدە قىسىملارغا بۆلۈنۈپ ، بارغانسېرى بىر - بىرىدىن يىراقلىشىپ ، پايانسىز دالا يوللىرىدا چېچىلىپ كېتىۋاتاتتى . ئەمدى كېچىلىرى قونغاندىمۇ ئەتراپلىرىنى نەرسە ياكى ھارۋىلار بىلەن ئانچە توساپ كەتمەيتتى .

يېڭى ئەسىرگە ئېلىنغان ئورۇسلار ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ ئولجا ئالغان ماللىرىدىن ، ئومۇمەن يۈرۈشتىن ناھايىتى خۇشاللىقلىرىنى سۆزلەيتتى . ئۇلار : «ئەمدى قوي تېرىسىدىن جۇۋىلار

كىيىمىز، ئۆكۈز تېرىسىدىن يېڭى ئۆتۈكلەر تىكتۈۋالىمىز»، «قىپ-
نى تاتارلارنىڭ تۈمەن - تۈمەن قوشۇنى؟ تاتارلاردىن كۆرە، قىپ-
چاق ئۆكۈزلىرى كۆپقۇ. بىز شۇ قوغلاشتا لۇكومورىيىگىچە بارساق-
مۇ، تاتار قارارگاھىنى ئۈچرىتالمايمىز» دېيىشىدىكەن.

ئورۇس قىسىملىرىدىن بىرى باشقىلىرىغا قارىغاندا تەرتىپلىك-
رەك بولۇپ يول يۈرەتتى. بۇنىڭدا قوشۇن ئىنتىزامى كۈچلۈك
بولسا كېرەك، ئۇنىڭ چېرىكلىرى دالىغا چېچىلىپ كەتمەستىن،
توپ بولۇپ ئۇيۇشۇپ كېتىۋاتاتتى. كېچىسى قونۇشقاندا چۆرىلىرى-
گە ھارۋىلارنى قورشىۋىلىپ، تاشقىرىغا ئايغاقچىلارنى ئەۋەتىشەت-
تى. بۇ كىيىملىق ئۇلۇغ كىنەز مستىسلاف رومانوۋىچنىڭ پولك-
لىرى ئىدى. كىيىملىقلار باشقىلاردىن ئالاھىدە كېتىپ باراتتى،
يېرىمى پىيادە، يېرىمى ئېغىر يۈك ئارتىدىغان ئاتلارنى مىنگەنىدى-
دى. ئۇلارمۇ بەزىدە توختىشاتتى، دالىدا ئوتلاپ يۈرگەن سېمىز
قىپچاق ماللىرىنى ھەيدەپ كېلىش ئۈچۈن، ئاتلىق چېرىكلەردىن
بىر نەچچىسىنى ئەۋەتىشەتتى، كېيىن مىس قازانلاردا گۆشلۈك
تاماق پىشۇرۇپ يەيتتى، يەپ بولغاندىن كېيىن تاڭ ئاتقۇچە ھۇزۇر
قىلىپ ئۇخلىشاتتى.

تاتارلار ئورۇس ئاتلىرى تاتارلارنىڭ ئېتىدەك ئويناق ۋە چىد-
داملىق ئەمەس، ئورۇسلارنىڭ ئاتقان ئوقى ئۇزاققا بارمايدۇ، لې-
كىن ئۇلار سىپىي ئۇزۇن پالتا بىلەن ئۇرۇشۇشقا ناھايىتى چىدام-
لىق ۋە جەسۇر، دېيىشەتتى.

ھەر قېتىم ئورۇس قىسىملىرى بىلەن توقۇنۇشقاندىن كې-
يىن، تاتارلار يىراق دالىغا قاراپ قېچىشاتتى، تۆپىلىكلەر كەينى-
گە، يارلىقلارغا مۆكۈشۈۋالاتتى.

كۈن ناھايىتى ئىسسىدى، قىزىق قۇياشنىڭ يۈزىنى ياپىدىغان
بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. قىسىملارنىڭ ئايغى ئاستىدىن
چاڭ كۆتۈرۈلۈپ، ئاتلار ۋە ئادەملەرنىڭ دېمىنى قىساتتى، بەزى
ئەترەتلەر يولدىن چىقىپ بوز يەر بىلەن ماڭاتتى. لېكىن، ئۇ

يەردىمۇ ئاياغ ئاستىدىكى قۇرۇپ كەتكەن توپا چاڭلىشىپ قارا
بۇلۇتتەك بولۇپ ، قوشۇننىڭ ئۈستىنى قاپلاپ كېتەتتى . شۇ ئىس-
سىق كۈنلەر ئىچىدە ، ئېرىقلاردىكى سۇمۇ قۇرۇپ كېتىشكە باشلى-
دى ، چېرىكلەر بولسا «نېمىشقا بىزنى بۇ چۆلدە تاتارلارنى قوغلاشقا
ئەۋەتتى ، قولغا كىرگۈزۈلگەن قىپچاق ماللىرىنى ھەيدەپ ئۆيگە
كېتىش ۋاقتىمىز بولمىدىمىكىن؟» دەپ غودۇڭشاتتى .

## ئون ئىككىنچى باب

# سۇبەتەي باتۇر ئۇرۇشقا تەييارلاندى

قېرى سەركەردە ئىككى كۈندىن بۇيان ئاتلىق موڭغۇللارغا ئەپلىك ئۇرۇش مەيدانىنى ئىزدەشكە باشلىدى. تەرلەپ كەتكەن ئاتلار بىلەن چاپارمەنلەر ئۈچ قېتىم چېپىپ كېلىشتى.

جەبە نويون چېكىنمەكتە، ئۇزۇن ساقاللار قىسمى بېسىپ كەلمەكتە، ئۇلارنى «مىستىسلاف باتۇر» ئېلىپ كەلمەكتە، ئۇلار بىلەن بىللە قىپچاقلارنىڭ خانى يارۇنمۇ بار... ئۇ ئېگىرىگە بىزنىڭ مىڭبېشىمىز گەمەبېكنىڭ بېشىنى ئېسىۋالغان.

ئەتىسىگە ئۇرۇش بولىدىغان كۈنى كەچقۇرۇن، سۇبەتەي دۆڭ ئۈستىدىكى كىگىز ئۆيىگە قايتىپ كەلدى، بۇ يەردە موڭغۇللۇق ۋە بەش قويرۇقلۇق تۇغنىڭ يېنىغا پۈتۈن تۇمەندىكى مىڭبېشىلار- نىڭ تۇغى بىلەن ئون نەيزە سانجىپ قويۇلغانىدى. ئەمدى پۈتۈن تۇمەن يىغىلىپ تۇزلەڭلىك ۋاڭ - چۇڭلۇق چوڭ قارارگاھقا ئايلان- غانىدى.

سۇبەتەي كىگىز ئۈستىدە ياتاتتى، ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى سىرقى- رىماقتا ئىدى. ئۇ يىلاندەك تولغىنىپ بىردەم ئۇ يېنىغا، بىردەم بۇ يېنىغا ئاغدۇرۇلاتتى. ئۆيدىكى گۈلخان تۈتەپ ئۆچەي دېگەن، قورۇم بېسىپ كەتكەن ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن ئىس ئاستا - ئاستا چىقىپ كەتمەكتە. ئۆينىڭ كىگىزى كۆتۈرۈلۈپ قويۇلغان بولسى- مۇ، ياغاچ پەنجىرىلەرنىڭ ئارىسىدىن شامال كىرمەيتتى، قورۇق كەلكە تۇزلەڭلىكنى قۇياش ئوتتەك قىزىتىۋەتكەنىدى...

قېرى موڭغۇل سەركەردىسىنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ، ئۇخلاشقا باشلىغان قارارگاھنىڭ تىنچىپ كېتىۋاتقان ۋاڭ - چۇڭغا قۇلاق

سالدى . ئۆينىڭ پەنجىرىلىرىدىن ئۇزاقتا يېنىۋاتقان گۇلخانلار ۋە گۇلخانلار ئەتراپىدا چۆرگىلىشىپ ئولتۇرغان ، يۈزلىرىدىن ئوتنىڭ شولىسى ئەكس ئېتىپ تۇرغان چېرىكلەرنى كۆردى ، ئادەملەرنىڭ سۆزلىشىۋاتقىنى ، ئەيزىلەرنىڭ بىلەيگە سۈركىلىۋاتقىنى ئاڭلاندى . كىمدۇر ناخشا باشلىدى :

ئانا دەريا بويلىرىنى كۆرمەي ئۆلۈپ كېتىمەن ،
ئاقسۆڭەكلەرنىڭ سايىغا ئاپىرىدۇ سېنى بۇ يوللار...

— جىم ، بېشىمىزغا بىر بالا كەلتۈرىسەن ، — دېدى كىمدۇر ئاچچىق بىلەن .

ناخشىچى جىم بولدى . ئاللىقاياقتىن : «توختا ! كىمسەن ؟» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ، سوبەتەي ئارانلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى . ۋاڭ - چۇڭ ۋە ئاتلارنىڭ دۈپۈر - دۈپۈرى ئاڭلاندى...

— تۇقۇچار نويون كەلدى ، كەينىدىن ئۇنىڭ ھەممە ئەترىتى ئون مىڭ ئاتلىق چېرىكى كېلىۋاتىدۇ .

— ماڭا ئۇلارنىڭ نېمە كېرىكى بار ؟

— نويون تۆپىلىككە چىقىۋاتىدۇ ، سەن بىلەن ئۇچراشماقچى ئىمىش .

سوبەتەي يۆتىلىپ ، ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇردى ۋە كىگىز ئۆيدىن چىقتى . قاراڭغۇدا ئۇنىڭ ئالدىدا تۇمۇر قالپاق كىيگەن ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم تۇراتتى .

— خۇدا يار بولسۇن ! مەن ئۆزۈمنىڭ تۇغۇمنى سېنىڭ تۇغۇڭ يېنىغا تىكىشكە ئالتۇن چېدىر تەرىپىدىن كەلدىم .

— ماڭا قارشى چىققانلارغا شۇ چاقىچە سېنىڭسىز يالغۇز ئۆزۈم جاۋاب بېرىپ كېلىۋاتىمەن .

— بۇنى موڭغۇللارنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ ، ھازىر مەن سېنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋېلىشىم كېرەك .

ئىككىلا سەركەردە ئۆيگە كىردى . تۇقۇچار نويون كىگىز

ئۈستىگە، سۈبەتەي يېنىغا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ قولىقىغا چىڭگىز-
خانىنىڭ كۈنپېتىش تەرەپكە كەتكەن موڭغۇل ئەترەتلىرىنى ئىزدەش
توغرىسىدا چىقارغان بۇيرۇقى ۋە ئۇلۇغ قاغانىنىڭ ئالاھىدە چاپارمەن
ئارقىلىق ئەۋەتكەن خېتى توغرىسىدا پىچىرلاپ سۆزلىدى.

سۈبەتەي خېلى ۋاقىتقىچە يۆتىلىپ باش چايقىدى.

ئۇمۇ تۇقۇچار تەرىپىگە ئېڭىشىپ، ئۇنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ
بۇنداق دېدى:

— ئۇلۇغ قاغان خېتىدە نېمە يازغىنىنى بىلمەيمەن، ئۇنىڭغا
ئەمەل قىلىپ بولمايدۇ. بەلكى بىردىنبىر ھۆكۈمرانىمىز بىزگە
بەخت تىلىگەندۇر ياكى كەينىمىزگە چېكىنىشنى بۇيرۇغاندۇر؟
ئەگەر شۇنداق بولسا، مېنىڭ چېرىكلىرىم ئۇرۇش قىلىشتىن باش
تارتىدۇ، ئورۇسلار ئەتىلىككە بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشىدۇ. ئەگەر
مەن ئۇرۇش باشلىنىش ئالدىدا بۇ يەردىن كېتىپ قالسام، ئورۇس-
لارنىڭ كۆڭلىگە نېمە كېلىدۇ؟ ئۇلار ئۇلۇغ چىڭگىزخانىنىڭ قوشۇ-
نى ئورۇسلارنىڭ ساقلىنى كۆرسىلا، ئاتلىرىنىڭ قۇيرۇقىنى خادا
قىلىپ تىكىۋېتىدۇ، دېيىشىدۇ.

سۈبەتەي جىم بولدى ۋە يەنە ئۇزاق يۆتىلىپ كەتتى.

— مەن خەتنى كۆرگىنىم يوق، ئۇ توغرىدا ھېچ نەرسىمۇ
ئاڭلىغىنىم يوق! ھازىر يېتىپ ئۇخلايمەن، سەھەردە خوراز چىللى-
لىغان چاغدا تۇرۇپ ئورۇسلارغا قارشى چىقىمەن. ئەگەر ئۇرۇش
ئىلاھى سۈلدەر، ئوت ئىلاھى گالاي ۋە باشقا ئىلاھلىرىمىز مېنى
ئوقتىن ۋە قىلىچتىن ساقلىسا، سېنىڭ بىلەن ئۇرۇشتىن كېيىن
ئۇچرىشىمىز، سەن شۇ چاغدا قوشۇن ئالدىدا ئۇلۇغ قاغانىنىڭ
خېتىنى ماڭا تاپشۇرىسەن، خوش!

سۈبەتەي كېچىسى گۈلخان چوغىنى ئىككى قېتىم پۈۋلەپ
يالقۇنلىتىپ يەنە ئۇتتۇن قالىدى، ئۇ كۈمۈش زەنجىر بىلەن كىگىز
ئۆيىنىڭ پەنجىرىسىگە ئايغىدىن باغلاپ قويۇلغان ئالتۇن رەڭ خو-
رازدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. خوراز ھۈرپىيىپ، خوجايىنىغا ئىتىد-
بار قىلماي جىم تۇراتتى، دۈگىلەك پارقىراق كۆزلىرىنى ئېچىپ،

يەنە ئاق قاپىقىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇۋالاتتى.
تاڭ پەيتىدە سۆبەتەي ئۇيقۇغا كەتتى. خوراز تۇيۇقسىزلا قانات-لىرىنى قېقىپ چىللىدى، شۇ چاغدا قول ساقلاپ قارا ئۆيگە كىرىپ گۈلخان يېقىشقا باشلىدى، قوشنا قارا ئۆيدىكى ئىككى شامان خورازغا ئوخشاش ۋارقىرىشاتتى.
«خورى - خورى! خورى - سۇ!»
سۆبەتەي ئۇلارغا نېمە بولدىكىنە؟ دەپ ساقلاپقا قارىدى. قېرى ئورۇس خىزمەتكار كىگىز ئۈستىگە شايى داستىخاننى سالدى، ئۇنىڭدا قانداقتۇر تەنتەنە ئەكس ئېتەتتى: ئاقارغان چاچلىرى ئىك-كى ياققا تارىلىپ تاسما بىلەن باغلانغان؛ قاپقارا قورۇق باسقان بوينىغا ئېيىق چىشلىرىدىن ياسالغان مارجان ئېسىلغان... ساقلاپ تاشقىرىغا چىقىپ پىشقان گۆرۈچ بىلەن ئۈششاق توغرالغان قوي گۆشى كۆتۈرۈپ كىردى، غىزانى سۆبەتەينىڭ ئالدىغا سالغان شايى داستىخانغا قويۇپ، يېنىغا قاتلىمىنى قويدى.
— مانا بۇ مۇرچ سېلىنغان ئۈرگەنچ پولۇسى.
— نېمىشقا مارجان ئېسىۋالدىڭ؟ ئورۇس قېرىنداشلىرىمنى كۆرىمەن، دەپ خۇشال بولۇۋاتامسەن؟ — دېدى سۆبۇتەي ۋە ئېگە-شىپ سەسكەنگەندەك گۆرۈچنى پۇراپ كۆردى.
— زەھەر! بۇنى مەرھۇم ئاتاڭغا بەرگىن! — دېدى - دە، سۆبەتەي غىزانى نېرى ئىتتىرىپ قويدى.
— مەن خىزمەتكار، ئىتتىنمۇ خارمەن، — دېدى ساقلاپ ھۆرمەت بىلەن، — لېكىن شۇنچە ياشقا يېتىپ بىرەر كىشىگە يامانلىق قىلغىنىم يوق.
سۆبەتەي گۆلەيدى.
— ئال تاۋاقنى، كەينىمدىن ئېلىپ بارغىن! سۆبەتەي باتۇر ئىبادەت قىلماقچى.
قېرى سەركەردە ئاقساقلىنىپ، قىينىلىپ تاشقىرىغا چىقتى - دە، كىگىز ئۆينىڭ يېنىدا توختىدى. ئۇ كەچقۇرۇنلا قوشۇنغا: «ئەتىگەنلىكى خوراز بىر چىللىغاندىن كېيىن، دۈشمەننىڭ

نېرىقى يېقىدىكى ئوچۇقچىلىقتا سەپ بولۇڭلار» دېگەن بۇيرۇقنى بېرىپ قويغانىدى.

ئاتلىق چېرىكلەر ھەر تەرەپكە مېڭىشاتتى، كانايلار ۋە ناغرىلار چېلىناتتى، ئات چاپتۇرۇپ كېتىشىۋاتقان چېرىكلەرنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى.

كىگىز ئۆينىڭ گۈلخان يېنىدا، كۆرەك جۇۋا كىيگەن، ھەرخىل قوڭغۇراقلار ئېسىۋالغان ئىككى شامان ئولتۇراتتى. بۇلار سەركەردىنى كۆرگەندىن كېيىن، داپلىرىنى چېلىپ، گۈلخاننى ئايلىنىپ ئويۇنغا چۈشۈشكە باشلىدى.

سۇبەتەي كېيىنكى پەرمانلىرىنى بەردى:

— كىگىز ئۆي، گىلەم ۋە كىگىزلەرنى مۇشۇ يەردە قالدۇرۇڭلار! سەن چۇبۇگان (چاقىقان)، يۈك ئارتىلغان ئاتلار بىلەن كېتىسەن. مېنىڭ ئۈچ يىلپىزىمنى، خورىزىمنى ۋە قېرى ساقلاۋنى ئۆزۈڭ بىللە ئېلىپ كەتكىن، ساقلاۋقا كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرغىن. ئۇ بۈگۈن ئورۇس قېرىنداشلىرى تەرەپكە قېچىپ كەتمىسۇن يەنە، ئېتىمنى ئەكېلىڭلار!

قورۇقچىلار ئاتلارنى ئېلىپ كېلىشتى. ئىككىسى نۆۋەت بىلەن مىنىدىغان ۋە ئالتىسى يۈك ئارتىلغان ئاتلار ئىدى، بۇ ئاتلارغا ئېغىر تېرە خالتىلار ئارتىلغانىدى. سۇبەتەي بۇ خالتىلاردا يىغقان ئالتۇننى ئېلىپ ماڭاتتى.

سۇبەتەي تورۇق، يوغلۇق تاي يېنىغا كەلدى - دە، قورۇقچىلارغا ئىشارەت قىلدى. ئىككى كىشى ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىدىن تۇتۇپ، سىلاپ - سىيپاپ، گۈلخاننىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىشتى، پىشۇرۇلغان گۆرۈچنى كۆتۈرۈۋالغان ساقلاۋمۇ شۇ يەردە تۇراتتى. سۇبەتەي ساق سول قولى بىلەن گۆرۈچنى سىقىملاپ ئېلىپ ئوتقا تاشلايتتى ۋە سوزۇپ ناخشا ئېيتاتتى:

ئاڭلا ھەزرەت، قىزىل ئوت گالاي خان!
ئاتاڭ سېنىڭ — ئۇششاق چاقماق تاش،

ئاناڭ سېنىڭ — تاۋلانغان پولات ،
ساڭا ئاتاپ قىلاي قۇربانلىق :
چۆچەك تولۇق تازا — سېرىق ياغ ،
ئاپقۇر تولۇق كۆۋرۈكلەنگەن شاراب ،
تېرە ئاستىنىڭ يېغى — بىر ئۇچ .
سەن بىز ئۈچۈن كەلتۈر بەخت ۋە قۇت ،
ئاتلىرىمىز كۆچتىن تايمىسۇن ،
قوللىرىمىز زەربتىن تالمىسۇن !

ئىككىلا شامان سۇبەتەينىڭ ئېيتقانلىرىنى تەكرارلاپ ، ئاستا داپ چالاتتى . سەركەردە ئىبادەتنى تۈگەتكەندىن كېيىن ، ئىككىلا شامان ساقلابنىڭ قولىدىن تاۋاقنى تارتىۋېلىپ يەرگە ئولتۇرۇشتى - دە ، گۆرۈچنى ئاچ قالغان كىشىلەردەك ئالدىراپ ، شاپىلدىتىپ يېيىشكە باشلىدى .

سۇبەتەي ئىنچىكە پىچىقىنى ئېلىپ ئاتنىڭ يەلكىسىنى تىلدى ، ئات تېپىرلىدى . قاپقارا قان يۇمشاق موي ئۈستىدىن ئېقىپ چۈشتى . سۇبەتەي بولسا ئاتقا مەھكەم يېپىشىپ ، قاننى سۈمۈرۈشكە باشلىدى .

قورۇقچىلار قاتتىق ئۇرۇشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ ئىسسىق قان ئىچىشىنى كۆزىتىپ ، ئۈنچىقماي تەزىم قىلىپ تۇراتتى .

تۆپىلىككە تۆمۈر قالپاق ۋە پولات ساۋۇت كىيگەن چېرىك چىقتى ، ئۇنىڭ ھەممە يېقى ، ھەتتا قېشىغىچە چاڭ ئىدى ، كىم ئىكەنلىكىنى بىلىش تەس ئىدى . سۇبەتەي قان ئىچىشنى توختىتىپ تورۇق ئاتنى قويۇۋەتتى . ئۇنىڭ يۈزى قان يۇقى ئۆتكۈر كۆزلىرى ئوينايتتى .

— كىم سەن باتۇر ؟

چېرىك ئالىقىنىنى ئاتنىڭ تىلىنغان يېرىگە ئۇرۇۋېلىپ ، قان يۇقى قولى بىلەن سۇبەتەينىڭ كىيىمىنى سىلىدى[1] .

---

[1] موڭغۇللار ئادىتى بويىچە ساقلىق ۋە ئۇزاق ئۆمۈر تىلەش ئالامىتى .

— مال باقىۋەندە ئەمەس ، لېكىن ئىگىسى باقى ! ئۈستى لاي بولسىمۇ ، ئىچى ماي ! مەن جەبە نويون مەن !

— ئورۇسلار قېنى ؟

— يېقىن ، ناھايىتى يېقىن ! تېزدىن بۇ يەرگە يېتىپ كېلى- شىدۇ... مېنىڭ چېرىكلىرىم ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ - ئېلىشىپ قېچىشىۋاتىدۇ ، مەن ئۈچ يۈز چېرىك بىلەن مىستىسلافنىڭ ئىزىغا چۈشۈۋالدىم . ئۇ ئۆز قىسمى بىلەن ئالدىدا كەلمەكتە ، مەن ئۇنى تىرىك قولغا چۈشۈرمەكچىمەن .

—ئۆزۈڭ ئۇنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالما يەنە !

سۇبەتەي قۇلا يورغا ئېتىغا مىندى . ئۇنىڭ ئالدىدا ئۈچ موڭ- غۇل چېرىكى قاتار ماڭاتتى ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۈڭگۈزلۈك ۋە بەش قۇيرۇقلۇق تۇغنى كۆتۈرۈۋالغان سۇبەتەي ئاستا تۆپىلىك- تىن تۆۋەنگە يۈز قورۇقچى كۆتۈپ تۇرغان يەرگە چۈشتى . شۇنىڭ- دىن كېيىن ، دالىنىڭ ھەممە يېقىدىن ئاتلىق چېرىكلەر كېلىپ توپلىنىشقا باشلىدى .

# ئون ئۈچىنچى باب

## ئۇرۇش باشلاندى

*... ئورۇسلار ئۇرۇشقا تەييارلىنىپمۇ ئۈلگۈرمىگەنىدى. تاتارلار بىراقلا ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشتى، ئىككى تەرەپمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلىشتى.*

(ئىبنۇل ئەسىر)

ھەممىدىن ئاۋۋال كەلكىنىڭ يارلىق قىرغىقىدا كىنەز مىستىسلاف ئۇداتنىينىڭ گالىچلىق ئاتلىق چېرىكلىرى كۆرۈندى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قىپچاق خانى يارۇننىڭ ئاتلىق چېرىكلىرى چېپىپ كېلىشتى. مىستىسلاف ئۇداتنىي تاتارلار تاشلاپ كەتكەن، قورۇم باسقان كىگىز ئۆيلەرنى كۆردى. كىگىز ئۆيلەرنىڭ تولىسىدا گىلەملەر، كىگىزلەر، قاپ - قاپ دانلار ياتاتتى، گۇلخانلارنىڭ كۆلى تېخى سوۋۇمىغانىدى.

— تاتارلار توشقاندەك قېچىپ كېتىشىپتۇ! — دېيىشەتتى چېرىكلەر، — ئۇلارنى ئەمدى قەيەرگە قوغلاپ بارىمىز؟ شۇ كۈنىنىڭ ئىسسىقىدا قاچانغىچە ئۆلۈم ئىزدەپ يۈرەرمىز؟

كىنەز مىستىسلاف ئۇداتنىي چوڭ چېرىكچىلىك تەجرىبىسىگە ئىگە ئىدى — ئۆمرىنى ئۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزگەنىدى، ئۇنىڭغا ئولجا بولسىلا، كىم ئۈچۈن بولمىسۇن ئۇرۇشۇۋېرىدۇ. تاتارلار تاشلاپ كەتكەن قارارگاھنى كۆرۈپ خۇشال بولمىدى، ئۇنىڭ قولىغا قارارگاھ ئەمەس، تاتارلارنىڭ ئۆزى چۈشكەندە خۇشال بولاتتى. مىستىسلاف دەم ئېلىشقا ئىجازەت بەرگەن بولسىمۇ، چېرىكلىرىگە

ساۋۇتلارنى كىيىپ، دەررۇ ئۇرۇشقا تەييارلىنىشنى بۇيرۇدى، ئايغاقچىلار سۈپىتىدە ئۇۋۇلىنىلىق چېرىكلەر بىلەن ئۆزىنىڭ ياش كۈيئوغلى دانىلو رومانوۋىچنى ئەۋەتتى. سەۋرسىز يارۇنمۇ قىپچاق-لىرى بىلەن ئۆزلىرى ئويلىغاندەك ھارغان ۋە كۈچسىزلەنگەن تاتارلارنى دەررۇ قولغا ئېلىش نىيىتىدە يولغا چۈشتى.

كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، كىنەز دانىلودىن خەۋەرچى كەلدى.

— تاتارلار ناھايىتى يېقىن! شۇ يەردە! دۆڭلۈكتە ئايغاقچىلار كۆرۈنۈۋاتىدۇ، بىزنى كۆرگەندىن كېيىن كۆزدىن غايىب بولۇشى-دۇ، نېمە قىلايلى؟

كىنەز باشقا ئات سورىدى، چېرىكلەر ئېگەرلەنگەن ئۈچ ئاتنى ئېلىپ كېلىشتى. بۇلارنىڭ ئىككىسى يالى قارا قاراگېر، كۈچ-لۈك، كەڭ گەۋدىلىك ۋېنگر ئاتلىرى ئىدى. بۇلارنى چاڭ باسقان-لىقى ئۈچۈن، كۆرۈمسىز كۆرۈنەتتى. ئۈچىنچىسى، قىپچاق خانى قوتان ھەدىيە قىلغان ئۈچىنچى ئات ئېگىز بويلۇق، سېرىق چىپار بوز تۈركمەن ئايغىرى ئىدى. بۇ ئات ناھايىتى شاش بولغىنىدىن «ئاتكاز»[1] دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنى ئىككى قىپچاق ئاتچى ئارانلا يېتىلەپ كەلدى.

مىستىسلاف ئاتكازغا ئىرغىپ مىندى ـ دە، تىزگىنىنى تارت-قان ھالدا دەريا بويىغا چۈشتى، ئۇ چېرىكلەرگە ئاتلارنى سۇغىرى-ۋېلىپ سەپكە تىزىلىشقا بۇيرۇدى. تاتارلار بىرەر يەرگە مۆكۈنۈپ ياتقاندۇ، دېگەن گەپ ۋە پىكىر كىنەزنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيتتى. ئۇ تاتارلار كۈچسىز بولغىنى ئۈچۈن ئۇرۇشتىن قېچىشىۋېتىپتۇ، دەپ ئويلايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تاتارلارغا ئارام بەرمەي ھازىرلا قوغلاشقا ۋە ئۇلارنى تارمار قىلىشقا قارار قىلدى.

ئۇنىڭ بېشىدىكى ئالتۇن نەقىشلىك پولات قالپىقى ۋە ئاستى-دىكى ئاق قۇغا ئوخشاش بويىنى ئېگىلگەن تۈركمەن ئارغىمىقى ئاتقا ياراشقان ھالدا تىك ئولتۇرغان قاتما، ئۇرۇق مىستىسلافنىڭ ھەممە چېرىكلىرى ئالدىدا ھەقىقەتەن باتۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇر-

---

[1] ئاتكاز — قىپچاق تىلىدا «غاز ئات» دېگەن سۆز.

مامدۇ. ئۇ ئۇرۇشنى ۋە ئۇرۇش دەھشىتىنى ياخشى كۆردۇ، دۈشمەننى كۈتمەي، ئىزدەپ يۈرۈپ ھۇجۇم قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ كۆپتىن كۆپ ئۇرۇش ۋە يۈرۈشلەردە تاۋلانغان، ئۇنىڭغا «مىستىسلاف ئۇداتنىي» دەپ نام بېرىلگىنى بىكار ئەمەس…
مىستىسلاف دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقىغا ئۆتتى ۋە ئېتىنى سۇغىرىۋاتقان چېرىكلەرنىڭ يېتىشىپ كېلىشىنى كۈتتى.
— خۇدا ياردەم بەرسۇن بىزگە! — دەپ ۋارقىرىدى مىستىسلاف، — ئىمانسىز تاتارلارنى قىرىپ تاشلايمىز! بۇ زەپەرلىك قەبىلىنى ئايىماڭلار! ئالغا!
چېرىكلەر ئاتقا قامچا ئۇردى - دە، ھازىر قىزغىن ئۇرۇش بولۇشىنى كۈتۈپ، قورال - جابدۇقلىرىنى تەييارلاپ قويۇشتى.
مىستىسلاف ئالدىدىكى دالىدا تاتار ۋە ئورۇس ئاتلىقلىرىنىڭ چاڭ كۆتۈرۈپ چېپىپ يۈرۈشكىنىنى كۆردى. ئۇلار مىستىسلافنىڭ ئون سەككىز ياشلىق كۈيئوغلى كىنەز دانىلو رومانوۋىچنىڭ قول ئاستىدىكى ۋولىنلىق چېرىكلەر ئىدى، ئەنە، ئۇنىڭ ئالتۇن بىلەن تىكىلگەن بايرىقىمۇ كۆرۈندى. چېرىكلەر كىنەز دانىلونى قورشاپ كېتىپ باراتتى، تاتارلار بولسا ھەر تەرەپكە تارقىلىپ، بىردەم ھۇجۇم قىلىپ، بىردەم قېچىپ، يىقىلىپ يەنە تۇرۇپ، ئۆزۈن قىلىچلار بىلەن ئۇرۇشاتتى.
قىپچاقلار يىراقتا ئىدى. مىستىسلاف يارۇن خاننىڭ تۇغىنى كۆتۈرگەن قىپچاقلار چاڭ كۆتۈرۈپ قېچىپ كېتىپ بارغان دۈشمەننى قوغلاپ، تۆپىلىك تەرەپكە كېتىپ بارغىنىنى كۆردى.
مىستىسلاف سولغا بۇرۇلۇپ تۆپىلىكتىن ئۇ تەرەپكە ئۆتۈشكە، ئەگەر تۆپىلىكنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئۇرۇش بولۇۋاتقان بولسا، تاتارلارغا ياندىن ھۇجۇم قىلىپ، يارۇن خاننىڭ قىپچاق چېرىكلىرىگە ياردەم قىلىشقا قارار قىلدى. ئۇ ئۆز ئەترىتىنى تۆپىلىك ئۈستىگە سۈردى ۋە ئېگىزرەك تۆپىلىكنىڭ بىر يېرىگە چىقىپ توختىدى - دە، ئەھۋالنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى.
تۇزلەڭلىكتە سان - ساناقسىز، تېخى ئۇرۇشقا كىرمىگەن

تاتار چېرىكلىرى سەپتە تېزلىپ ۋاقىت پايلاپ تۇراتتى . ئاتلىق چېرىكلەر قىمىر قىلماي ، گەپمۇ قىلماي دەھشەتلىك بىر ۋەزىيەتتە تۇرۇشاتتى . تۇمۇر قالپىقى ، پارقىراق ساۋۇتى ۋە قوللىرىدىكى ئەگمە قىلىچلىرى ناھايىتى ياخشى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . تۇزلەڭلىكتە توپ ـ توپ بولۇپ تۇرغان تاتار چېرىكلىرى يىراقلارغا سوزۇلۇپ كەتكەن... ئۇلار ئۆزى قانچە ؟ يىگىرمە پولك چىقامدىكىن ؟ ياكى كۆپرەك ، ئوتتۇز پولكمۇ ؟ ئەللىك پولكمۇ ؟

تاتار كۆچلىرى مانا شۇ يەردە مۆكۈنۈپ ، ئاخىرقى مۇدھىش ئۇرۇش كۈننى كۈتەتتى ، دنېپر يولىدا بىردەم ھۇجۇم قىلىپ ، بىردەم قېچىپ يۈرگەن ئۇششاق قىسىملار ھىيلىگەر تاتارلارنىڭ ئالداش تۇزىقىلا ئىدى !

ئۆزىنىڭ سادىق چېرىكلىرىنى تۇزاققا ئىلىندۇرسە ، ئۇلارنىڭ بوغىزىنى تاتارلارنىڭ ئۆتكۈر قىلىچلىرىنىڭ تىغىغا تۇتۇپ بەرسە ، قانداق بولىدۇ ؟ ئىلاجى قانچە ، قۇتۇلۇش چارىسى بارمۇ ؟ دالىغا يېيىلىپ كەتكەن غەمسىز ئورۇس قوشۇنلىرىنى يىغىش ئۈچۈن ، قانداق قىلىپ پۇرسەت تاپسا بولىدۇ ؟ «بىزنىڭ ئورۇس ئەسكەرلىرىمىز تاتارلارنىڭكىدىن كۆپرەك ! نېمىشقا ئۇلارمۇ بىر يەرگە توپلىنىپ ، مانا بۇ دۈشمەنگە ئوخشاش دەھشەتلىك بىر كۈچ كەلمەيدىغاندۇ ؟ نېمىشقا ھەر بىر كىنەز ئۆز قوشۇنى بىلەن ئالاھىدە ھاسىل قىلمايدۇ؟ تارقىلىپ كەتكەن ئورۇس قىسىملىرىنى يىغىش ئۈچۈن ، يەنە بىر كۈنلا ۋاقىت بولسا يېتەتتى ! ئەنە شۇ چاغدا تاتارلار بىلەن كۈچ سىنىشىپ كۆرۈشكەن بولاتتى .

پۇرسەت قولدىن بېرىلدى ، ھازىر تاتارلار ئوتتۇز مىڭ چېرىك بىلەن ھۇجۇمنى باشلاپ ، ئۇدۇل كەلگەن ھەرقانداق كۈچنى يەكسان قىلىشىدۇ . مىستىسلاف ئىچىدە : «ئۆلگەننى زاڭلىق قىلمايدۇ» دېدى ـ دە ، بىرىنچى قېتىم ئېتىغا قامچا ئۇردى ، دالا ئېتى ئالدىنقى ئىككى ئايىغىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ چاپچىدى . ئۇ تۆپىلىكتىن تۆۋەنگە ، ئوچۇقچىلىققا قاراپ چېپىپ كەتتى ، دۆڭلۈكلەر ئارىسىدىن ئۇنىڭ ئالدىغا قىپچاق چېرىكلىرى يېيىلىپ چىقتى .

ۋاڭ - چۇڭلار كۆتۈرۈپ، ئاتلىرىنى قامچىلاپ، چېپىپ كېلىۋاتقان قىپچاقلار مىستىسلاۋنىڭ قول ئاستىدىكى گالىچ چېرىكلىرىنىڭ سېپىنى بۇزاتتى، ئۇدۇل كېلىپ قالغىنىنى يىقىتاتتى ۋە تارقاق هالدا ئالغا قاراپ چاپاتتى. ئۇلار بىلەن بىللە مەيدىسىدىن ئېغىر يارىدار بولغان ياش دانىلو رومانوۋىچنىمۇ ئات ئېلىپ قاچتى، ئۇ ئاتنىڭ يالىنى قاتتىق تۇتۇپ ئېگەردە ئاران ئولتۇراتتى.

زىچ بولۇپ سەپلەنگەن تاتار قىسىملىرى جىمجىت، ئاۋاز چىقارماستىن ئوق يەڭلىرىنى قايرىپ، يەلكىلىرىگە باغلىۋالغىنىچە، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ دالىغا چىقىپ كېلىشىۋاتاتتى. بۇ زىچ بولۇپ سەپتە تۇرغان چېرىكلەر توپىنىڭ ۋارقىرىماستىن، ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كەلگە قىرغىنچىغا كېلىشلىرىدە مەلۇم بىر شۇملۇق بار ئىدى. بىرلا مەقسەت ۋە بىرلا ئىرادە بىلەن كېلىۋاتقان مۇدھىش موڭغۇل قوشۇنىنىڭ يۈرۈشىدىكى جىملىقنى ئاتلارنىڭ كىشنىشى، تۇياق ئاۋازى ۋە قوراللارنىڭ تۇيۇقسىزدىن بىر - بىرىگە تەگكەن ئاۋازلىرىلا بۇزاتتى، خالاس.

تاتارلار دەريادىن ئۆتۈپ، بىر يېقىن قىرغاققا چىقىشقاندا سوناي ئاۋازلىرى ئاڭلاندى، ئۇ ئورۇس قارارگاھىغا ۋەھشىيلەرچە ۋارقىرىغان ئاۋاز بىلەن ھۇجۇم باشلىدى. ئۇ يەردە قىپچاق چېرىكلىرىنىڭ تىرىپىرەن بولۇپ قېچىۋاتقانلىقى، يوك ھارۋىلىرىنىڭ ئالدىراش بىر يەرگە دائىرە بولۇپ يىغىلىشىۋاتقانلىقى بايقالدى.

تاتارلار ئاۋۋال ئۆچرىغان ئورۇس قىسىملىرى ئالدىدا ئۆزاق توختىماي، ئىلگىرى چېپىپ، قاتار كېلىۋاتقان ھارۋىلار كارۋىنىغا ھۇجۇم قىلىشتى.

زولوزنىينى بويلاپ كېلىۋاتقان بارلىق ئورۇس قىسىملىرى ئات چاپتۇرۇپ قېچىپ كېلىۋاتقان قىپچاقلارنى ۋە ئۇلار ئارىسىدا كېلىۋاتقان كىنەز مىستىسلاۋ ئۇداتنىينى كۆردى، ئۇ بويىنى چىپار ئات ئۈستىدە قىزىل چەكمىنىنىڭ ئېتەكلىرىنى لەپىلدىتىپ كەلمەكتە ئىدى.

ئورۇسلارنىڭ كۆپى ھارۋىلىرىنى تاشلاپ ئاتقا مىنىپ چېكى-

نىپ دنېپر تەرەپكە كېتىشتى، قالغانلىرى ھارۋىلىرىنى قاتار قى-
لىپ، بېسىپ كېلىۋاتقان تاتار قىسىملىرىنى پالتىلىرى بىلەن
قارشى ئالدى.

تاتار قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى كىيېق كىنەزى مىستىسلاۋ
رومانوۋىچ قارارگاھىنى ئورىۋالدى. ئۇ ئون مىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە
چېرىكلىرى بىلەن كېتىۋاتقاندى، باشقا قىسىملار بىلەن ئالاقە
قىلمايتتى. مىستىسلاۋ ئۇداتنىيىنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىدىن خەۋەر-
سىز ئىدى ۋە: يالغۇز ئۆزۈم، باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز «يامان
شامال ئەكەلگەن چاغانىز خان تاتارلىرى»نى قىرىپ تاشلايمەن،
دەپ ماختىناتتى.

شۇ قارا كۈنىنىڭ چۈش پەيتىدە، كىيېفلىقلار كەلكىنىنىڭ ئې-
گىز قىرغىقىغا قارارگاھ قۇرۇشتى. ئۇلار يېنىدىن تەلۋە قىپچاق
چېرىكلىرى بوراندەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، قارارگاھ ئەتراپىغا
ھارۋىلارنى ئادەتتىكىچە قورۇق قىلىپ قويغانىدى.

كىيېق قوشۇنىدىكى ئون بىر كىنەزنىڭ ھەممىسى:

— ئۆلسەك شۇ يەردە ئۆلىمىز! شۇ يەردە مۇستەھكەم تۇرى-
مىز! — دېيىشتى.

ئۇلار بىر - بىرلىرى بىلەن سۆيۈشۈپ، بىر تامچە قان
قالغۇچە شۇ يەردىن قىمىرلىماسلىققا توختام قىلىشتى.

كىيېفلىقلار ھارۋىلارنى تېخىمۇ زىچلاپ قويۇشۇپ، قىزىل
قالقانلىرىنى توسۇپ، چاقلار ئارىسىغا جايلىشىۋالدى ۋە بېسىپ
كېلىۋاتقان تاتارلارغا ئوق، قىلىچ - نەيزىلەر بىلەن جاۋاب بېرىشكە
باشلىدى.

## ئون تۆتىنچى باب

# «قەھرىلىك ۋە غەزەپلىك ئۇرۇش»

قۇرۇپ كەتكەن كەڭ دالىنى پۈتۈنلەي چاڭ قاپلىۋالغانىدى. ئۇرۇش بولىۋاتقان، ئىگىسى يىقىلىپ قالغان ئاتلار ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرگەن، يارىدارلارنىڭ دەھشەتلىك تۈۋلاشلىرى، بارابان ۋە سۇنايلارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرغان جايلاردا بۇنداق چاڭ تولىمۇ قويۇق ئىدى.

سۇبەتەي باتۇر خىللانغان يۈز نەپەر قورۇقچىلىرى بىلەن دۆڭ-نىڭ ئۈستىدە تۇراتتى. ئۇ: «باتۇرلارنىڭ ئەھۋالى قانداق، يېڭى كېلىۋاتقان ئۇرۇس قوشۇنى كۆرۈنمەمدۇ، خەۋپ - خەتەر يوقمۇ؟» دەپ ئاتلىقلارنى ئەۋەتىپ تۇراتتى. ئۇلار قايتىپ كېلىپ، ھەممە يەردە موڭغۇللار ئۈستۈن چىقىۋاتىدۇ، ئۇرۇسلار دېرىپر تەرەپكە چېكىنىشمەكتە، لېكىن جان تىكىپ ئۇرۇشماقتا. يىقىلىپ قالغانلىرىمۇ، يارىدار بولغانلىرىمۇ ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىشماق-تا، بىرىمۇ شەپقەت تىلەپ، تەسلىم بولغىنى يوق. ئۆلگۈچە كۈرە-شىۋاتىدۇ، دېيىشەتتى.

— بۆرە ئۇرۇقىدىن ئىكەن، — دېدى سۇبەتەي، — بۆرە بولسا بۆرىدەك ئۆلىدۇ.

كىيىق چېرىكلىرى ئۆزلىرىگە ھارۋىلاردىن قورۇق ياساپ، موڭغۇللارنى يېقىن كەلتۈرمەيۋاتقىنىنى ئاڭلاپ، سۇبەتەي بۇ قا-رارگاھقا كەينى - كەينىدىن قىسىملارنى ئەۋەتەتتى ۋە: «ھارۋىلار-نى ئۆرۈۋېتىڭلار! بۇزۇۋېتىڭلار! ئەتراپتىكى دالىغا ئوت قو-يۇڭلار!» دەپ بۇيرۇيتتى.

موڭغۇللار ئورۇسلارنىڭ توساقلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ نەيزىلەر-
نى، يوغان ئوقيالىرى بىلەن ئۇچى قىزىتىلغان ئوقلارنى ئېتىشات-
تى، قومۇش ياندۇرۇپ ئىرغىتىشاتتى، لېكىن ئورۇسلار يېقىن
كەلگەن ئاتلىقلارنى ئوق ياكى تاشلار بىلەن ئۇراتتى، چىدام بىلەن
ئۇرۇشاتتى، نەتىجىدە تاتارلار ئورۇسلارنى يېڭەلمەيتتى.

سۇبەتەينىڭ بۇيرۇقىغا مۇۋاپىق موڭغۇللار بىلەن كەلگەن تۈر-
لۈك قەبىلە كىشىلىرى ئاتتىن چۈشۈپ ئورۇس قارارگاھى تەرەپكە
مېڭىشتى، ئۇلار قىلىچ ۋە نەيزىلەرنى ئوينىتىپ قىيا-چىيا بىلەن
بىر-بىرلىرىگە ياردەم بېرىپ ھارۋىلارغا چىقىۋېلىشتى. ئورۇس-
لار ئۇلارنى سېپى ئۇزۇن پالتا، قىلىچ ۋە توقماقلار بىلەن قارشى
ئېلىشتى. دۈشمەن چېرىكلىرىنىڭ باشلىرى يېرىلغان ھالدا
يىقىلاتتى...

ئۈچىنچى كۈنى سۇبەتەي كېچىكچىلەرنىڭ باشلىقى پلوسكىنە-
نى ئەكەلدۈردى، ئۇ قارىيىپ ئاچلىقتىن ياداپ كەتكەنىدى. ئېگىز
بويلۇق ۋە ئىلگىرى كۈچلۈك بولغان پلوسكىنە ھازىر ئارانلا ماڭات-
تى، ئۇنى ماڭغۇزۇش ئۈچۈن، كەينىدىن ئىككى موڭغۇل پىچاق-
نىڭ ئۇچى بىلەن نىقتاپ كېلەتتى. سۇبەتەي ئۇنىڭغا ئېيتتى:

— بېرىپ ئورۇس قېرىنداشلىرىڭغا ئېيت، قىلىچ ۋە پالتىلى-
رىنى تاشلىسۇن، ئۆيلىرىگە كەتسۇن، بىز ئۇلارغا تەگمەيمىز. شۇ
ئىشنى ئورۇنلىساڭ، سېنى ئازاد قىلىمەن.

پلوسكىنە ئايىغىدىكى كىشەننىڭ ئۇچىنى تۇتۇۋېلىپ ئورۇس
قارارگاھى تەرەپكە كەتتى. ئىككى موڭغۇل پلوسكىنەنىڭ بوينىغا
باغلانغان خام تاسمىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ كەينىدىن كېتىپ باراتتى،
ئۇ ئورۇس ھارۋىلىرىغا بىر نەچچە قەدەم قالغاندا توختىدى. ئو-
رۇسلار ھارۋىلارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، بوينىغا سىرتماق سېلىنغان
ئورۇق كىشىگە ئەجەبلىنىپ قاراشتى. بىر قانچىلىرى ئۇنى تو-
نۇپ: «بۇ بېدىك پلوسكىنەغۇ، كىيىفقا قىپچاق ئاتلىرىنى ھەيدەپ
كېلەتتى، ئۆزى قىپچاق خانلىرىنىڭ تەرجىمانى ئىدى!» دېيىش-
تى. پلوسكىنە ئورۇسلارغا قاراپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

— ماڭا تاتار خانى سۇبەتەي باتۇر سىلەرگە : «ئۇرۇشنى داۋام ئەتتۈرۈش پايدىسىز» دەپ ئېيتىشنى بۇيرۇدى. ئەگەر تەسلىم بولساڭلار سىلەرنى قويۇۋېتىدۇ. لېكىن، بار - يوقۇڭلارنى، كە-يىم - كېچەك، هارۋا ۋە قوراللىڭلارنى تاشلاپ كېتىڭلار. بۇلارنى تاتارلار يولدىن قېلىپ ئاۋارە بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئېلىشىدۇ.

— يالغان ئېيتىسەن، ئالدامچى پىلوسكىنە، يارىماس ئاتلارنى بىزگە سېتىش ئۈچۈن، بازاردا قانداق يالغان سۆزلىگەن بولساڭ، بۇ يەردىمۇ شۇنداق قىلىۋاتىسەن!

— قۇلاق سالماڭلار ئۇنىڭ سۆزىگە! — دەپ ۋارقىراشاتتى قېرى چېركىلەر، — قوراللىرىمىزنىڭ كۈچى بىلەن بۇ يەردىن چىقىپ دنېپر بويىغا يېتىپ ئالغىنىمىز ياخشى، يېرىمىمىز بولسىمۇ، ئۆيلىرىمىزگە يېتىۋالساقمۇ مەيلى، قوراللىرىمىزنى تاشلىساق، هەممىمىز ئۆلۈپ كېتىمىز!

بىراق، پىلوسكىنە راست سۆزلەۋاتقانلىقىغا قەسەم قىلاتتى، بوينىدىكى كرېستىنى چىقىرىپ سۆيەتتى، يىغلايتتى ۋە:

— تاتارلار كەينىمىزدىن پىچاقنى نىقتاپ تۇرۇشسا، قانداق قىلاي، — دەيتتى.

تاتارلار بولسا باشلىرىنى لىڭشىتىپ، باش بارماقلىرىنى كۆر-سىتىپ تەرجىمانىنىڭ توغرا سۆزلەۋاتقانلىقىغا ئىشارەت قىلىشاتتى.

قېرى چېركىلەرنىڭ قارشىلىق قىلىشىغا قارىماي، مىستىس-لاف رومانوۋىچ قورال - جابدۇقلارنى تاتارلارغا تاپشۇرۇشنى بۇيرۇ-دى. شۇنىڭدىن كېيىن، كىيېۋ چېركىلىرى بىر - بىرلىرى بىلەن بېلىگچە ئېگىلىپ خوشلىشىپ، قوراللىرىنى تاشلاپ بىر يەرگە توپلىنىشقا باشلىدى. ئەڭ ئاۋۋال چېركىلەر دەريا بويىغا يۈگۈرۈش-تى، چۈنكى ئۈچ كۈندىن بېرى سۇ ئىچمىگەنىدى. قارارگاھتىن ئاخىرقى چېركىلەر چىقىپ، ئەمدى ۋەتىنىمىزنى كۆرىدىكەنمىز، دەپ خۇشاللىق بىلەن يول بويلاپ مېڭىشقاندا، تاتارلار كەينىدىن قوغلاپ، ئۇلارنى ۋەھشىيلەرچە چېپىشقا باشلىدى.

ئەمدى پايانسىز دالىدا ئۆلۈمدىن باشقا هېچقانداق چارە يوقلۇ-

قى ئايان بولۇپ قالدى. رۇسىيە يىراق، باشقا ھېچ يەردىن ياردەم كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس!

موڭغۇللار كېيىنكى كېنەزى يېنىدىكى ئون بىر كېنەزنى ئايرى-ۋالدى. ئۇلار كېنەزلەرنى سۇبەتەي باتۇرنىڭكىگە زىياپەتكە چاقىر-دى، ئۇلارنى ئاتلىق چېرىكلەر قورشىۋېلىپ، تاتار قارارگاھى تەرەپكە ئېلىپ كەتتى.

سۇبەتەي باتۇر يۈز قورۇقچىسى بىلەن كېيىنكى قارارگاھى يېنىدىن قىرغىننى تاماشا قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى، قورالسىز ئورۇس-لار قولدىن كەلگىنىچە كۆرۈشەتتى، دۈشمەننى بولسا تاش ۋە كېسەكلەر بىلەن ئۇراتتى. ياردار بولغانلىرى تاتارلارغا يېپىشىپ، ئۇلارنى ئاتتىن يۇمىلىتىپ تاشلىشاتتى ۋە قولىدىن ئەگرى قىلىچ-لىرىنى تارتىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى چېپىشاتتى. ئېگىز بويلۇق بىر ئورۇس قارارگاھتىن هارۋىنىڭ شوتىسىنى ئېلىپ كېلىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۇدۇل كېلىپ قالغان ئاتلىقلارنى ئۇرماقچى بولغانىدى، شوتا ئاتنىڭ بېشىغا تەگدى. ئات ئىككى ئايغىنى كۆتۈرۈپ چاپچىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈستىدىكى موڭغۇل بىلەن بىللە يىقىلىپ چۈشتى. ئورۇس يىقىلغاننى تويۇقسىزلا باستى ۋە قىلىچىنى تارتىۋېلىپ چېپىپ تاشلىدى ـ دە، ئاتقا مىنىپ قىلىچ بىلەن ئۇرۇشقا چۈشۈپ كەتتى، ھەممە ياقنى چاڭ قاپلاپ كەتتى...

بىراق كۈچلەر باراۋەر بولمىغانلىقتىن، موڭغۇللار ئۈستۈن چىقاتتى.

سۇبەتەي باتۇر تۆپىلىككە چىقىپ، يولدا كېتىۋاتقان ئاتلىقلار-نى كۆزىتىپ تۇردى، شىمال تەرەپتە ئۈچ توپ ئاتلىق قىسىم چاڭ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقىنىنى ھەممىدىن ئاۋۋال بايقىدى.

— بۇ نېمە! — دەپ سورىدى سۇبەتەي بارمىقى بىلەن شىمال تەرەپنى كۆرسىتىپ.

— تۇقۇچارنىڭ موڭغۇللىرى قايتىپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى قورۇقچىلار، — بۇ قىپچاقلار مال ھەيدەپ كېتىشىۋاتىدۇ.

— ياق، يېڭى قوشۇن كېلىۋاتىدۇ! — دېدى سوبەتەي، — سوناي چالدۇرۇڭلار، چېرىكلەر يىغىلسۇن! تېزلىك بىلەن ھەممە چېرىكلەرنى چاقىرىڭلار! ئۆلۈپ ياتقان ئورۇسلارنىڭ ئايىغىدىن ئۆتۈكىنى يېشىۋېلىش بىلەن ئاۋارە بولۇش يېتەر! يېڭى ئۇرۇش باشلىنىدۇ!

سونايلار چېلىندى، بۇنىڭغا ئۇرۇش بولۇۋاتقان بىر قانچە يەرلەردىكى موڭغۇل سوناپچىلىرىمۇ جاۋاب قايتۇرۇشتى. ئىرىم موڭغۇل ئاتلىقلىرى ئورۇسلار ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان يولدىن چەتلىنىپ، سوبەتەينىڭ توغى ۋە سەركەردىنىڭ ئۆزى ئاتىنىڭ ئۈستىدە ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرغان تۆپىلىككە قاراپ چېپىپ كېتىشتى.

شىمالدىن، دالا تەرەپتىن ئۈچ يەردىن چاڭ بۇلۇتى بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كېلىۋەتتى، كېيىن چاڭ بىردىن كۆتۈرۈلۈپ ئاستا - ئاستا تارقالدى. سوبەتەي شۇ تەرەپكە ئۇنچىقماي قاراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ قورۇقچىلىرى پىچىرلاپ سۆزلەشكە باشلىدى.

— ئۈچ قىسىم كېلىۋاتىدۇ. كىملەر ئۇلار؟ ئەگەر قىپچاقلار بولۇپ چىقمىسا، دېمەك بۇ ئورۇس ئاتلىق چېرىكلىرى بولىدۇ. ئالدىدا قومۇشلۇق بار، ئۇلار ھازىر پاتقاقلىقتىن ئۆتۈپ كېلىۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن چاڭ چىقماي قويدى... قاراڭلار، ھە ئەنە ئۇلار!

دالىدا قومۇشلۇقنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى تاللىقتا بوز ۋە جەرەن ئاتلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئاتلىق چېرىكلەر خۇددى يەردىن چىققاندەك، ھەر تەرەپتىن پەيدا بولۇپ، بارغانسېرى بىر - بىرىگە يېقىنلىشاتتى، تۇزلەڭلىك بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئادەمگە تولدى.

ئۆز سەپلىرىنى تەرتىپكە سېلىۋېلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئاتلىقلار بىرئاز ۋاقىت توختاپ قېلىشتى. چېرىكلەر يېرىم دائىرە شەكلىدە سەپلەندى، ئۈچ ئۈچ بۇرجەكلىك توغ كۆرۈندى. بىرىنىڭ ئوتتۇرىسى زەرلەنگەن، ئۆزى قارا ۋە ئىككىسىنىڭ ئەتراپى قىزىل بايراقلار ئىدى.

يول ئۈستىدە قورالسىز كىيىملىق ئورۇسلارنى قىرىۋاتقان تاتارلار ھەممەياقنى چاڭ بېسىپ كەتكىنى ئۈچۈن، ئۆزاق ۋاقىتقىچە يېڭى چېرىكلەر كېلىۋاتقىنىنى كۆرمەي، ئاستا - ئاستا كۆنۈپېتىشكە — دنېپىر تەرەپكە سىلجىپ قىرغىننى داۋام ئەتتۈردى.

يېڭى چېرىكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىسمى بىردىنلا قىزىل - چۇقانلار بىلەن ئورۇشنىڭ ئەڭ قىزىپ تۇرغان يېرىگە كىرىپ كەتتى.

ئوڭ قاناتتىكىلەر ئايرىلىپ، ئورۇشۇۋاتقانلارنى قورشىۋېلىش ئۈچۈن كۆنۈپېتىشكە قاراپ كەتتى، سول قاناتتىكىلەر بولسا بارغانسېرى ئىتتىكلىشىپ، سۇبەتەي باتۇر تۇرغان تۆپىلىك تەرەپكە مېڭىشتى.

قېرى سەركەردە بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى، كېيىن «ئالغا!» دەپ ۋارقىرىدى - دە، ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ تۆپىلىكتىن چۈشتى ۋە تۇقۇچارنىڭ چېرىكلىرى تۇرغان تەرەپكە يول ئالدى. ئۇ يەردە ھېچكىم قالمىغان — تۇقۇچار ئورۇشقا قاتناشماقتا ئىدى، سۇبەتەي يولنى داۋام قىلدۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى.

لېكىن ئورۇسلار ئۇنىڭ كەينىگە چۈشمىدى. ئۇلار ئاتلىرىنى بۇراپ، دنېپىر تەرەپكە چېكىنىۋاتقان كىيىملىقلارنى قوتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، قىرغىن بولۇۋاتقان تەرەپكە كېتىشتى.

سۇبەتەي توختىدى، چوڭ يولدا ئورۇشۇۋاتقان بارلىق چېرىكلەرگە چاپسانلىق بىلەن كەلكە قىرغىنغا قايتىشنى بۇيرۇپ چاپارمەن - نۆكەرلەرنى ئەۋەتتى.

— ھازىرغىچە غەلىبە بىز تەرەپتە، — دېدى قېرى سەركەردە، — ئورۇس بەرىكەتلىك قەبىلە ئىكەن! دالىدىن يەنە ئورۇس قوشۇنى چىقىپ قېلىپ، ئارقىمىزغا قايتىدىغان يولىمىزنى كېسىپ قويۇشى مۇمكىن، قايتىش كېرەك!

جەبە نويون ئۈچ يۈز چېرىكى بىلەن ئاتلارنى پات - پات يۆتكەپ، توختىماستىن دنېپىر بويىغا يېتىپ باردى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە تىلماچ بولۇپ كېتىپ بارغان كېچىكچى پلوسكىنە ياردار

ئورۇسلاردىن :

— مىستىسلاف ئۇداتنىي قېنى ؟ — دەپ سورىدى .

بەزىلىرى شاش ، قاراگىر ئاتلارنى مىنىپ ، ئوقتەك كېتىۋات-قىنىنى كۆرگەندۇق ، دەپ جاۋاب بېرىشتى .

دنېپىر قىرغىقىدا جەبە ئۇزۇپ كېتىۋاتقان قارا قېيىقنى كۆر-دى ، ئۇنىڭدا مىستىسلافنىڭ قىزىل چەكمىنى كۆرۈنەتتى . كىنەز قېيىقنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ ، ئارقىدىن ئۈزۈپ كېلىۋاتقان ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ كېتىپ باراتتى . كەچكى شەپەق نۇرلىرىدا مىس-تىسلافنىڭ بېشىدىكى ئالتۇن قالپاق پارقىرايتتى ، لېكىن ئۇ كەي-نىدە قالغان «ياۋۇز قىرغاق»قا قارىمايتتى .

جەبە ئەڭ ياخشى ئوقىنى سىلىپ كىرىچنى تارتتى ، ئوق قېيىققا يەتمەي سۇغا چۈشتى . ئۇ ئېتىدىن چۈشتى - دە ، يەرگە يېتىۋېلىپ ، بېشىنى قوللىرى بىلەن سىقىپ غالجىرلىقى تۇتۇپ ، يەردىكى قۇرۇق چۆپلەرنى چايناشقا باشلىدى...

ئۇ ئورنىدىن تۇردى ، ئۇزاقلىشىپ كېتىۋاتقان قېيىقتىكى قىزىل چەكمەنگە يەنە بىر كۆز تاشلىدى - دە ، ئەلىمىنى كىمدىن ئېلىشنى بىلمەي ، ئەمدى كېرەك بولمايدىغان كېچىكچى پلوسكىنە-نى قىلىچى بىلەن چېپىپ ، پارچە - پارچە قىلىۋەتتى .

جەبە جەرەن ئېتىغا مىندى ، قاپقارا چاڭ ئىچىدە ئاخىرقى ئورۇش بولۇۋاتقان نەچچە مىڭ چېرىك ھەرىكەتلىنىۋاتقان يولدىن يىراقلىشىپ ، كەينىگە يول سالدى .

كەلكە يېنىدىكى زولوزنىي يولىدا بولغان ئورۇشتا كۆپلىگەن شانلىق ئورۇس باتۇرلىرى ۋە ئەزىمەت يىگىتلىرى ھالاك بولۇشتى . ئۇلار تاتارلارنىڭ تەسلىم بولغان ئورۇسلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيمىز ، دېگەن گېپىگە ئىشىنىپ ، قىرىلىۋاتقان كىيېفلىق-لارنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ھالاك بولۇشتى . ئورۇسلار بۇ ئورۇشتا قۇربان بولغان روستوفلۇق باتۇر ئالىيوشا پوپوۋىچنى ۋە ئۇنىڭ سادىق قالقانچىلىرى توروپنى ، رەزانلىق باتۇر دوبرىنە زولوتوي پوياسنى ، ئالىيوشانىڭ ياش ياردەمچىسى شانلىق يېكىم ئىۋانوۋىچنى ۋە باشقا سۆزدالىق ، مۇروملۇق ، رەزانلىق ، پرونلۇق ھەمدە باشقا

يۈرەكلىك شىماللىق باتۇرلارنى ھېچقاچان ئۇنتۇمايدۇ[1].

قورالنى تاشلىماي، باتۇرلارچە ئۇرۇشقان ئورۇس چېرىكلىرى دنېپرغا يېتىۋېلىشتى، ئۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغان قېيىقلارغا چۈشۈپ، دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقىغا ئۆتۈشتى.

تاتارلارنىڭ مەككارلىقىنى پەملىمەي قىلىچ ۋە پالتىلىرىنى تاشلىغانلار بولسا، كونا قوشاقلاردا ئېيتىلغانىدەك، بىرىمۇ قالماي قىرىلىپ كېتىشتى:

سېرىق بۆرە پارچىلىدى ئۆزلىرىنى،
قارا قارغا چوقۇماقتا كۆزلىرىنى...

ئۆز كۈچلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ قۇدرەتلىك ئورۇس قوشۇنىنى تەشكىل قىلىشنى خالىمىغان، بىر - بىرلىرىگە دۈشمەن بولغان قىزغانچۇق ۋە پاراسەتسىز كىنەزلىكلەرنىڭ ئەيىبى بىلەن زولوزنىي يولى بۈيۈك غەلىبە ئورنىغا «كۆز يېشى يولى»غا ئايلاندى، ئۇ باتۇر ئورۇس چېرىكلىرىنىڭ ئاپئاق سۆڭەكلىرى بىلەن قاپلاندى ۋە قىپقىزىل قانلىرىغا بويالدى...

---

[1] 1223 - يىلى قىشتا، سۇزدالدا «شانلىق ۋە گۈزەل روستوف شەھىرى»دە تۇرلۇك كىنەزلەرنىڭ خىزمىتىدە بولغان چېرىكلەرنىڭ كېڭىشى بولدى. ھەممە بىر ئېغىزدىن رۇسىيە «چوڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىدى». كىنەزلەر بىر - بىرىگە دۈشمەن، قىپچاقلارنى، لەھلەرنى ۋە باشقا دۈشمەنلەرنى خۇشال قىلىپ، بىزنىڭ كىنەزلىرىمىز ئۆز چېرىكلىرىنى ۋە دېھقانلىرىنى بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشتۇرىدۇ، دېيىشتى.

شۇ كېچىسى چېرىكلەر ئورۇس شەھەرلىرىنىڭ ئانىسى بولغان كىيېۋغا بېرىپ، ئۇ يەردە پەقەت ئۇلۇغ كىيېۋ كىنەزىگىلا خىزمەت قىلىشقا ئەھدە قىلىشتى. كېچىسى كېيىن چېرىكلەر سۇزدالدىن چىقىپ جەنۇبقا — كىيېۋقا كېتىشتى.

يولدا جەنۇبتىكى بارلىق كىيېۋ كىنەزلەر كىنەزى بىلەن بىللە «چاغانىزخان تاتارلىرى»غا قارشى كۆك دېڭىز (ئازوف دېڭىزى) تەرىپىگە كەتكەنلىكىنى، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، ھەممىسى چوڭ يولدىن بۇرۇلۇپ، ئىلگىرى كەتكەن ئورۇس قوشۇنىغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن جەنۇبىي دالىغا يۈرۈپ كەتتى.

كەلمىي يولى بىلەن يۈرگەن شىمال پالۋانلىرى تاتارلار ئورۇسلارنى ئالداپ قورالسىزلاندۇرۇپ قىرىۋاتقان كۈنى زولوزنىي يولىغا يېتىپ كېلىشتى.

شىمال باتۇرلىرى تاتارلار بىلەن ئۇرۇشتا ھالاك بولۇشتى. لېكىن، تارقاق ئورۇس ئەسكەرلىرىگە تەرتىپ ئورنىتىش ۋە تاتار ھۇجۇمىنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن قايتۇرۇپ، دنېپرغا يېتىۋېلىشقا چوڭ ياردەم قىلىشتى.

# ئون بەشىنچى باب

## ئۆلۈكلەر ئۈستىدە تاتارلارنىڭ بەزمىسى

*... قولغا چۈشكەن كىنەزلەرنى بولسا تاختىلارنىڭ ئاستىغا ياتقۇزۇپ، ئۈزلىرى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ غىزالىناتتى، كىنەزلەر شۇ ئەھۋالدا يېتىپ ئۆلۈپ كېتەتتى.*

(تروئىتسكويە يىلنامىسى)

كەلكە قىرغىقىدىكى ئېگىز تۆپىلىككە سۇبەتەي باتۇر ئۇرۇش ئىلاھى سۇلدەرگە تەنتەنىلىك يوسۇندا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن، بارلىق مىڭبېشى ۋە يۈزبېشىلىرىنى چاقىردى.

بۇنى چاچلىرى پاخپايغان، چىرايى تۇرۇلگەن كۆك شامان تەلەپ قىلغانىدى. ئۈچلۈق قالپاق كىيگەن، ئېيىق تېرىسى يېپىنغان، پىچاقلار، قونچاقلار ۋە بالايىۋ بەتتەرلەر ئېسىۋالغان قېرى جادۇگەر دېپىنى چېلىپ، ئوتتۇرىدا ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى. كىيىۋىنىڭ ئۇلۇغ كىنەزى مىستىسلاف رومانوۋىچ ھەمدە ھەممىگە ئىشىنىدىغان ساددا ئۇرۇس كىنەزلىرىدىن ئون بىرى پۇت - قوللىرى باغلاقلىق ئوتتۇرىدا ياتاتتى.

تاتارلار چېرىكلەرگە باشلىرىنى ئىرغاڭلىتىشىپ، تاماقلىرىنى چاكىلدىتىپ قارىشاتتى، لېكىن بۇلارنىڭ ئارىسىدا «كىنەز مىستىسلاف»نىڭ يوقلۇقىغا ئېچىناتتى. ئۇلار داڭ چىقارغان «ئورۇس جەبەسى» نى كۆرۈشنى بەك ئارزۇ قىلىشاتتى.

كۆك شامان دۇئا قىلاتتى، ساقاللىق يۈزىنى داپ بىلەن تو-

سۇپ بىردەم قۇش بولۇپ سايراتتى، بىردەم ئۆكە بولۇپ كاككىلدايتتى، بىردەم ئېيىق بولۇپ ھۆركىرەيتتى ياكى بۆرە بولۇپ ھۇۋلايتتى. دېمەك، ئۇ شۇنداق قىلىپ موڭغۇللارغا يېڭى غەلىبە بېغىشلىغان ئۇرۇش ئىلاھى سۇلدەر بىلەن «سۆزلىشەتتى».

— سۇلدەرنىڭ غەزەپلىك نىدالىرىنى ئاڭلاۋاتامسىلەر؟ — دەپ ۋارقىرايتتى شامان، — سۇلدەرنىڭ يەنە قورسىقى ئېچىپتۇ، يەنە قان تەلەپ قىلىۋاتىدۇ!

تۆپىلىك ئەتراپىدىكى تۈزلەڭگە نەچچە مىڭلىغان تاتار چېرىكلىرى جايلاشقان، ئۇلار گۇلخان يېقىپ تايلارنى سويۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

تاتارلار ئورۇس ھارۋىلىرىدىن چىققان ياغاچ ۋە تاختايلارنى ئەكېلىپ، باغلاقلىق ياتقان كىنەزلەرنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. بۇ تاختايلارنىڭ ئۈستىگە تاتار چېرىكلىرىنىڭ ئۈچ يۈزدەك سەركەردىسى چىقىپ ئولتۇرۇشۇۋالدى. ئۇلار ئاپقۇرلاردا قىمىز ئىچىۋېتىپ، موڭغۇللارنىڭ پۈشتى - پاناھى بولغان ئۇرۇش ئىلاھى سۇلدەرنى ئالقىشلايتتى ۋە يېڭىلمەس «دۇنيانى تىترەتكەن» سېرىق ساقال چىڭگىزخاننى تەبرىكلەيتتى. تاتارلار مەشھۇر ئورۇس كىنەزلىرىنىڭ خۇننى سېتىۋېلىش ئۈچۈن، ئېلىپ كېلىنگەن پۇلنى رەت قىلىشتى. ئۇلار «خۇدا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن» چىڭگىزخاننىڭ قوشۇنىغا قارشى كۈرەشكە جۈرئەت قىلغان بۇ ئەسىرلەرنى ئىلاھى سۇلدەر يولىغا قۇربان قىلىشتى. تاختاي تېگىدىن مىجىلغان كىنەزلەرنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازلىرى، قارغاشلىرى ئاڭلانغاندا، باتۇرلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشەتتى. ئاستا - ئاستا تىنىۋاتقان ئاھ - پىغانلارنى موڭغۇل چېرىكلىرىنىڭ تەنتەنىلىك ناخشىلىرى بېسىپ كېتەتتى:

ئەستە تۇرسۇن
موڭغۇل ئېلى، سەھرالار،
ئالتۇن ئۇنۇن!

كەرۆلەندەك دەريالار .
ئەستە تۇرسۇن —
سانسىز ئاسىي قەبىلە ،
چەيلەپ ئۆتتۇق ،
بولدى تازا رەسۋالار !
ئوت قويدۇق ،
ئاپەت سالدۇق جاھانغا ،
ئۆلۈم چاچتى —
خانزادىلەر ھەر يانغا...
قانغا پاتتى
بىزلەر كەزگەن قىرىق چۆل ،
قورقۇنچاق ئەلنىڭ
قىنى ئاقتى باياۋانغا...

تۇقۇچار نويون زىياپەت ۋاقتىدا ئورنىدىن تۇرۇپ چېرىكلەرنى ئۇۋغا چاقىرىدىغان ئۇشتەك چالدى . تونۇش ئۇشتەكنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەممە جەم بولدى . تۇقۇچار چېرىكلەرگە ۋارقىراپ سۆزلىدى :

— ئۇلۇغ قاغانىمىز چىڭگىزخان ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئەقىللىقىدۇر ! ئۇ يۈز كۈندىن كېيىن كېلىدىغان ، مىڭ يىلدىن كېيىن بولىدىغان ھادىسىنى بىلىدۇ . ئۇ مېنى بىر تۈمەن چېرىك بىلەن يېڭىلمەيدىغان يولۋاسلار — جەبە نويون ، سۇبەتەي باتۇرنى تېپىشقا ئەۋەتتى . قاغان «مېنىڭدىن ئۇلارغا ئەڭ ياخشى تارتۇق — ئۇرۇش كۈنى يېتىپ بارىدىغان قوراللىق ياردەم» دېدى .

— توغرا ، توغرا ! — دەپ ۋارقىراشتى موڭغۇللار .

— بىز ھېچقەيەردە توختىماي ، تۈرلۈك ئەللەردىن ئۆتۈپ كەلدۇق ، بىز ھەممە يەردە يېڭىلمەس موڭغۇل تىغىنىڭ ئىزىنى روشەن كۆردۇق ، «بىز شانلىق باتۇر سۇبەتەي ۋە جەبەلەر قەيەردە ؟» دەپ سورىدۇق . يۈرىكنى ئالدۇرۇپ قويغان يەرلىك

خەلق تىز چۆكۈپ كۈنۈپتىشنى كۆرسىتىشتى ، بىز بۇ يەرگە ئۇ-رۇش باشلىنىش پەيتىدە يېتىپ كەلدۇق ۋە مېنىڭ ئون مىڭ چېرىكىم ئۇرۇشقا كىرىپ كەتتى . سىلەر بىلەن بىللە بولغاندىن كېيىن ، بىز ئۇزۇن ساقال ئورۇسلارنى دەررۇ يېڭىۋەتتۇق...

— شەرەپلەر بولسۇن ساڭا تۇقۇچار ! ۋاقتىدا يېتىپ كەلدىڭ !

تۇقۇچار سۆزىنى داۋام ئەتتى :

— دۇنيانىڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمرانى چىڭگىزخان سىلەرنى ئويلاپ ، مەن ئارقىلىق پەرمايىش ئەۋەتتى . ئۇنىڭ مۇقەددەس خېتىنى ئالا-ھىدە چاپارمەن ئېلىپ كەلدى ، ئۇ خەتنى قىممەتلىك گۆھەردەك ئون مىڭ چېرىك قوغداپ ئامان - ئېسەن ئېلىپ كەلدى . مانا كۆرۈڭلار !

سۇبەتەي باتۇرنىڭ ئالدىغا قالپىقىغا لاچىن پەيلىرى سانجىل-غان ، كىيىمگە قوڭغۇراقلار ئېسىلغان قېرى ، ئايغى مايماق موڭغۇل كەلدى . ئۇ قوينىدىن تېرە خالتىنى چىقاردى ، ئىچىدە تامغا باسقان خەت بار ئىدى . سۇبەتەي قىڭغىر بارماقلىرى بىلەن خەتنىڭ مومدىن بېسىلغان تامغىسىنى يۇلۇۋالدى . مۇسۇلمانچە سەللە ئورىغان قېرى خەتچى ئىچىدە ئوقۇدى - دە ، سۇبەتەينىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى . سۇبۇتەي ئورنىدىن تۇرۇپ ۋارقىرىدى :

— ئۇلۇغ قاغان پەرمايىش قىلىپتۇ ! ھۆرمەت بىلەن تىڭشاڭلار !

ھەممە چېرىكچى بەگلەر تەڭلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ، بۇنى كۆرۈپ قالغان تاتارلارمۇ ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشتى . يەرگە سەج-دە قىلىشتى ، ئۇلاردىن كېيىن قارارگاھتىكى بارلىق چېرىكلەر دۇم چۈشتى . سەركەردىلەر باشلىرىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىراشتى :

— ئۇلۇغ قاغانىمىز بۇيرۇپتۇ ! بىز بويسۇنىمىز !

سۇبەتەي باتۇر سۆزىنى داۋام قىلدۇردى :

— بىردىنبىر ۋە يېگىلمەس قاغانىمىز مۇنۇلارنى يېزىپتۇ : «خەتنى ئالغاندىن كېيىن ، ئاتلىرىڭلارنى كەينىگە بۇراڭلار ،

جاھاننى بېسىۋېلىش ئىشىنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلتايغا[1] كېلىشتى.

تەڭرى كۆكتە، ئۇنىڭ قۇدرىتى بولغان قاغان بولسا يەردە، جۇملە جاھان ۋە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ھۆكۈمرانى.»

سۇبەتەي سەجدە قىلىپ تۇرغان موڭغۇللارنى بىر قېتىم كۆز-دىن كەچۈرۈپ قولىنى كۆتۈردى.

— ئەمدى مەن سۆزلەيمەن! سۆزۈمنى تىڭشاڭلار!

ھەممە ئورنىدىن تۇردى ۋە تىز چۆكۈپ ئولتۇرغىنىچە جىم بولۇشۇپ، «ئاقساق يولۋاس»قا قاراشتى.

— بۈگۈن بىز يەنە كۆڭۈل ئېچىشنى داۋام قىلدۇرىمىز. ئەتىلىككە بولسا، كۈن چىقىشى بىلەن ھەممىمىز كەينىمىزگە — ھۆكۈمرانىمىزنىڭ ئالتۇن چېدىرى تەرەپكە قايتىپ كېتىمىز. كىم سۆرىلىپ ئارقىدا قالسا، رەھىمسىز يوسۇندا ئۆلتۈرۈلىدۇ.

چېرىكلەر خۇشاللىقتىن ۋارقىرىشىۋەتتى، يەنە ئولتۇرۇپ ۋاڭ-چۇڭ ۋە ناخشىلار بىلەن بەزمىنى داۋام قىلدۇردى.

ئەتىسى ئەتىگەن موڭغۇللار قوياشقا چوقۇنۇپ ۋە قىمىزنى ئىچىۋېلىپ ئاتلىرىغا مىنىشتى. ئۇلار ھەددى-ھېسابسىز مال-پادىلىرىنى، شۇنىڭدەك جۈل-جۇل كىيىملىك، ئازابلانغان ئەسىرلەرنى ھەيدەپ مېڭىشتى، بۇلىۋېلىنغان نەرسىلەر ۋە ئېغىر يارىدار بولغان موڭغۇللار جايلاشقان، ئۆكۈز قوشۇلغان ھارۋىلار غىچىلدىشىپ بىردەمنىڭ ئىچىدە ھەممە ياقنى بۇلۇتتەك قاپلىغان چاڭ ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى. موڭغۇل قوشۇنىنىڭ بېشىدا سۇبەتەي باتۇر ماڭدى، ئۇ خالتىدا كىيىۋ كىنەزى مىستىسلاۋ رومانوۋىچنىڭ بېشىنى، ئۇنىڭ ئالتۇن نەقىشلىك پولات قالپىقىنى ۋە بويىنىغا ئاسقان زەنجىرلىك ئالتۇن كرېستىنى ئەكىتىپ باراتتى. سۇبەتەي بۇ قىممەتلىك خالتىسىنى جاھاننى تىترەتكەن، يېڭىلمەس چىڭگىزخاننىڭ ئالتۇن تەختى ئالدىغا قويۇشنى ئويلىغاندا، ئۇنىڭ

---

[1] قۇرۇلتاي — ھۆكۈمەت بېشىدا تۇرغان چوڭ فېئوداللارنىڭ كېڭىشى. ئۇنىڭغا ئەڭ چوڭ سەركەردىلىرىمۇ قاتنىشاتتى، ئادەتتە موڭغۇللار قۇرۇلتايغا كىرگۈزۈلمەيتتى.

كىر ۋە تارتۇق يۈزى ھىجايغاندەك قىيسىيىپ كەتتى .

قوشۇننىڭ كەينىدە ئۆزىنىڭ يۈزچە ئايغاقچىلىرى بىلەن جەبە نويون مەيۈسلەنگەن ھالدا كېتىپ باراتتى . ئۇ ھېچقانداق ئولجا ئېلىپ كېتىۋاتقىنى يوق ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كۆك كەرۋەن ، ئالتۇن ئونون ۋە كەڭ موڭغۇل دالىلىرى توغرىسىدا شامالنىڭ گۈرۈلدە- شىگە ئوخشاش مۇڭلۇق ، ئەلەملىك بىر ناخشا ئېيتىپ ماڭاتتى .

موڭغۇللار شەرقىي - شىمالغا — ئەتىل دەرياسىغا يول ئال- دى . ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ ، يايىق (ئۇرال ) دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى تارمىقى بىلەن خارەزم تۈزلەڭلىكىگە كىردى . دەشتى قىپچاق موڭ- غۇللار ۋە تاتارلارنىڭ دەھشەتلىك قوشۇنىدىن قۇتۇلدى . ئۇلار قانداق تۇيۇقسىزدىن پەيدا بولغان بولۇشسا ، خۇددى شۇنداق يوق بولۇشتى . ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ، ئايرىم قىپچاق قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ۋەيران بولغان يەرلىرىگە قايتىپ كېلىشتى ، قالغانلى- رى ئۇگۇر دالىلىرىغا ۋە دۇناي ئېتىكىگە كۆچۈپ كېتىشتى . شۇنىڭدىن كېيىن ، قىپچاق خانلىرىمۇ ، ئورۇس كىنەزلىرىمۇ ئە- دى تاتارلار زادىلا قايتىپ كېلىشمەيدۇ ، دەپ ئويلاشتى ، كۆڭلىرىنى يەنە كونىدىن قالغان «جېدەل - ماجىرالار» بىلەن ئۆتكۈزۈشنى داۋام قىلىپ ، يېڭى ئورۇشقا تەييارلىق كۆرۈشمىدى . ئۇلار تاتارلا- رنىڭ كۈنپېتىشقا يېڭى ، ئىلگىرىكىدىنمۇ دەھشەتلىكرەك ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ قويغىنىدىن خەۋەرسىز قېلىشتى...

# تۆتىنچى قىسىم

# چىڭگىزخاننىڭ تۇگىشى

## بىرىنچى باب

## چىڭگىزخان ئاتلارنىڭ بېشى قايتۇرۇلسۇن، دەپ پەرمان بەردى

سۇلتان جالالىددىن قاچقاندىن كېيىن چىڭگىزخان سۇلتاننى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن، ھىند ئۆلكىسىگە سىنالغان سەركەردىلەردىن بولغان بالا نويون بىلەن دۇرباي باتۇرنى ئەۋەتتى. ئۇلار كۆپ شەھەرلەرنى ئىزدەپ، ھېچبىر جايدىن سۇلتاننىڭ ئىزىنى تېپىشالمىدى. موڭغۇللار يول بويىچە جالالىددىن خاننىڭ ئىتتىپاقچىلىرى بولغان ئەگرەك ۋە ئەزەم مەلىكلەر ھاكىملىق قىلىدىغان شەھەرلەرنى كۆيدۈرۈپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشتى.

موڭغۇللار ساللارنى ياساپ ئۇلارغا پالاخمانلارنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئېتىشقا دۈگىلەك تاشلارنى بېسىپ، سىند دەرياسىنىڭ ئېقىنىغا قاراپ مېڭىپ، مۇلتان شەھىرىگە يېتىپ كېلىشتى. بۇ يەردە ئۇلار بۇ باي شەھەرنى تاش بورانىغا تۇتتى، شەھەر قورغانىنىڭ مۇستەھكەملىكى، بۇ يەرگە ھىند قوشۇنلىرىنىڭ دائىم كېلىپ قوشۇلۇپ تۇرۇشلىرى ۋە ھاۋانىڭ ھەددىدىن تاشقىرى ئىسسىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، تېرە جۇۋا كىيگەن موڭغۇللار بۇ شەھەرنى

قامال قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، تاغقا — چىڭگىزخاننىڭ يېنىغا قايتىشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىشتى.

بۈيۈك قاغان ئىسسىقتىن قېچىپ، بۇلۇتلار بىلەن قاپلانغان تاغلارنىڭ ئارىسىدىكى يېزىدا ياتاتتى، گويا ئۇرۇش دەخمىزىلىرى تامامەن يادىدىن چىقىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ كەچكى بەزمىلەردە چۆچەكچىلەرنىڭ ئەپسانىلىرىنى، پارسچە ۋە خىتايچە ناخشىلارنى ئېيتقۇچىلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلايتتى. خىتاي پايتەختىدىن بۇ يەرگە ئىككى يىلچە يول بېسىپ، ئەمدىلا يېتىپ كەلگەن ئۇسسۇل-چىلار ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان يىپەك كىيىملەرگە ئورىنىپ، سۆسۈن رەڭ ئافغان گىلەملىرى ئۈستىدە يورغىلاپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار ئۇزۇن يەڭلىرىنى پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇشلارنىڭ كەڭ قاناتلى-رىغا ئوخشاش سىلكىپ، يىلاندەك تولغىنىپ، ئۇياق - بۇ ياققا بۇرۇلۇپ ئۇسسۇل سەنئەتلىرىنى كۆرسىتەتتى.

چىڭگىزخاننىڭ كەنجى ئوغلى قۇلقان بىلەن ئۇنىڭ ياشقىنا ئانىسى قۇلان خاتۇننىڭ تاۋى يوق بولۇپ، ئۇلار يۇمشاق جۇۋا يېپىنىپ يىپەك ياستۇقتا ياتاتتى، بىردەم بەدەنلىرىنىڭ ئاغرىشى-دىن، بىردەم بويۇنلىرىنىڭ قىزىپ كېتىشىدىن زارلىناتتى. چىڭ-گىزخان ھەر كۈنى دېگۈدەك بۇ ئاغرىقلارنى كۆرۈشكە كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىغا قەنت سالاتتى ۋە يانلىرىدا ئولتۇرۇپ، بۇ-گۈن قەيەرلىرى ئاغرىغىنىنى سورۇشتۇرەتتى.

قۇلان خاتۇن پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى ئاغرىغىنىنى ئېيتىپ يىغلايتتى.

— كىمكى بۇنداق شۇم جايدا تۇرسا، تاغدىكى ئەرۋاھلار ئۇنىڭغا ئازاب بېرىدۇ، — دېدى قۇلان خاتۇن، — تاغ ئارىلىقلىرى-دىن تۇمانلارنىڭ قانداق كۆتۈرۈلۈۋاتقىنىنى كۆردۈڭمۇ؟ بۇلار سې-نىڭ چېرىكلىرىڭ ئۆلتۈرگەن نارەسىدىلەرنىڭ ئەرۋاھلىرى. مې-نىڭ بىلەن كىچىككىنە قۇلقان مۇشۇ يەردە ئۆلۈپ قالمىساق بولات-تى. بىز كۆپكۆك كەرۇلەن سۈيىدىلا ساقىيىمىز، بىزنى ئۆزىمىز-نىڭ موغۇل دالىسىغا ئەۋەتىۋەتكىن.

چىڭگىزخاننىڭ ئاچچىقى كەلدى :

— مېنىڭسىز ئۆزۈڭ يالغۇز ھېچ يەرگە كېتەلمەيسەن ، مەن ئەڭ ئاۋۋال دۇنيانىڭ ئىككىنچى يېرىمىنى ئېلىشىم كېرەك .

قۇلان خاتۇن تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتى . چىڭگىزخان ئۇلۇغ مەسلىھەتچىسى ، خىتاي يوللىغ چۇسەيگە ئادەم ئەۋەتتى ، ئۇ يوغان كىتابنى كۆتۈرۈپ دەررۇ يېتىپ كەلدى . قۇلان خاتۇن ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، كىتابنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ گىلەمگە چۆرۈدى ۋە ئۆزى ئۇنىڭ ئۈستىگە يېتىۋالدى .

— ھازىر تەڭرىنىڭ ئىرادىسىنى بىلىمىز ! — دېدى چىڭگىز-خان .

— مېنىڭ ئەھۋالىمنىڭ نېمە بولۇشىنى بىلمەكچى ئەمەسمەن ، — دېدى قۇلان ، — مېنىڭ ئېيتقىنىم بولۇشى كې-رەك . مەن كەرۇلەن دەرياسى بويىغا كېتىشنى خالايمەن ، بىزنىڭ ھەممە چېرىكلىرىمىزمۇ شۇنى خالايدۇ...

چىڭگىزخان قاشلىرىنى تۈرۈپ پۇشۇلدىدى ۋە ئاخىرىدا شۇن-داق دېدى :

— دۇشمەن ئورۇقىدىن ھازىرغىچە مەن يەڭمىگىنىم قالمى-دى ، ئەمدى مەن ئەجەلنىمۇ يەڭمەكچىمەن . ئەگەر سەن ، بىغەم ۋە قەيسەر قۇلان خاتۇن ، مېنىڭ بىلەن بىللە بولساڭ ، ساڭا ھېچ-بىر ئۆلۈم يېقىن كەلمەيدۇ . ئەگەر مېنىڭدىن ئۇزاقلاشساڭ ، زەھەردىن ياكى غايىب ئاتقان ئوقتىن ھالاك بولىسەن ، — ئۇنىڭدىن كېيىن چىڭگىزخان ئەڭ دانا مەسلىھەتچىسى يوللىغ چۇ-سەيگە مۇراجىئەت قىلدى ، — ئەجەلنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئىچىم-لىك تەييارلاشنى بىلىدىغان شامان ، سېھىرگەر ، تېۋىپ ۋە دانىش-مەنلەرنى تاپىمەن ، دەپ ۋەدە قىلغانىدىڭ ، نېمىشقا شۇ چاققىچە مەن ئۇلارنى كۆرمەيۋاتىمەن ؟

— ئۇلارنى تېپىش ئۇچۇن ئىشەنچلىك ئادەملەر ئەۋەتىلگەن ، ئۇلار يېقىن ئارىدا يېتىپ كېلىشى كېرەك . ئەمما ، سەن قوشۇنۇڭ

بىلەن شۇنچىلىك چاپسان مېڭىپ ، شۇنچىلىك ئۇزاپ كېتىۋاتسەن-كى ، ئەمدى بۇ دانىشمەنلەر يېتىشىپ كېلەلمەيدۇ .

چىڭگىزخان قۇلان خاتۇننىڭ بارغانسېرى دەردى كۆچىيىپ ، گۈلدەك چىرايلىق يۈزى سولىشىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردى ، ئۇنىڭ ئوغلى قۇلقانمۇ ئانىسىنىڭ يېنىدا چىرايى ئۆچكەن هالدا قۇرۇق سۆڭەك بولۇپ ياتاتتى . شۇنىڭدىن كېيىن ، چىڭگىزخان تەشۋىشلە-نىشكە باشلاپ ، هېچ نەرسىدىن كۆڭلى ئارام تاپمىدى . ئۇ ئۆلۈم توغرىسىدا كۆپرەك سۆزلەيدىغان ۋە ئۆمۈرنى ئۇزارتىش يولىدا تېۋىپلەردىن كۆپرەك دورا - دەرمانلارنى سۈرۈشتۈرىدىغان بولۇپ قالدى ، كۆپلىرى مۆجىزىلىك ئىچىملىك تەقدىم قىلدى . چىڭگىز-خان بۇ دورىنى ئاۋۋال تېۋىپلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئىچكۈزگەندىن كې-يىن ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈش - ئۆلمەسلىكلىرىنى بىلىش ئۈچۈن ، باش-لىرىنى كېسىپ ئەكېلىشكە بۇيرۇيتتى .

قاغان بالتان قەلئەسى يېنىدا قىلغان ئۇرۇشلىرىدىن كېيىن تېخىمۇ قاتتىق قايغۇ - ئەلەمگە چۆمدى . چۈنكى ، بۇ ئۇرۇشتا چاغاتاينىڭ ئوغلى ، يەنى ئۇنىڭ جانجان نەۋرىسى موغاتوقانغا دۈش-مەن پالاخمانىدىن ئېتىلغان يوغان نەيزە تەگكەندى . مۇسۇلمان ئۆلكىسىنىڭ باش خانى بولىدىغان موغاتوقان تۇيۇقسىز تەگكەن ئوقتىن ئۆلدى .

چىڭگىزخان شۇنىڭغا ئىشەندىكى ، ئۆلۈم قارىغۇ تۆگىنىڭ تې-پىشىگە ئوخشايدىغان نەرسە ، تەگكەن كىشى ئۆلىدۇ ، تەگمىگەن كىشى ئامان قېلىپ قېرىغىچە ئۆمۈر سۈرىدۇ .

چىڭگىزخان نەۋرىسىنىڭ ۋاپاتىدىن شۇنچىلىك غەزەپلەندىكى ، دەرهال بالتان ئېلىنسۇن ، دەپ پەرمان چىقاردى . قوشۇن قورغان-نى بۇزۇپ ، شەهەرگە باستۇرۇپ كىرىپ ، هەممىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى ، چىڭگىزخان چېرىكلەرگە هېچقانداق ئەسىر ئېلىنمىسۇن ، دەپ پەرمان بەردى . بىرمۇ تىرىك جان قالدۇرماسلىق ئۈچۈن ، پۈتۈن شەهەر ۋەيران قىلىندى . بۇ جايغا «مۇڭ تۆپە» دەپ نام قويۇشتى . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ يەردە هېچكىم ياشىمىدى ، يەر-

لىرى چۆلدەرەپ قالدى.
چىڭگىزخان تاغنىڭ تىك يېرىگە قۇرۇلغان سېرىق چېدىرى يېنىدا كەچ كىرگۈچە ئولتۇراتتى، تۆۋەندە ناھايىتى چوڭقۇر، تېگى كۆرۈنمەيدىغان ھاڭ – غارلار تۇراتتى. ئۇ ئۇدۇلىدىكى ئۆتكىلى بولمايدىغان داۋانلارغا ۋە تومان ئىچىدە چالا – پۇچۇق كۆزگە چېلىققان قار باسقان چوققىلارغا كۆز تاشلايتتى، بەزىدە بولسا يول باشلىغۇچىلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلاردىن ھىندىستان ۋە تىبەت ئارقىلىق موڭغۇل دالىلىرىغا بارىدىغان ئەڭ قىسقا يولنى سۈرۈشتۈرەتتى.
ناھايىتى كۆپ ئولجىلارغا كۆمۈلۈپ كەتكەن چېرىكلەرنىڭ قارارگاھىدا يۇرتلىرىغا قايتىش توغرىسىدىلا سۆز بولاتتى، خالاس. ئەمما، ھېچكىم بۇ توغرىدا دەھشەتلىك قاغانغا ئېغىز ئاچالمايتتى، ھېچكىم ئۇنىڭ ئەسلىي مۇددىئاسىنى چۈشەنمەيتتى، ئەتىلىككە قانداق بۇيرۇق بېرىشىنى بىلەلمەيتتى — قوشۇننى كەلگەن يول بىلەن كەينىگە قايتۇرامدۇ ياكى يەنە يۇرۇشكە ئەۋەتەمدىكىن؟ ۋە ياكى ئۇچرىغان يۇرتلارنى كۆيدۈرۈپ، ئادەملەرنى قىرغىن قىلىپ يەنە كۆپ يىللار دۇنيانى كېزىشكە توغرا كېلەمدىكىن؟
ئافغان تاغلىرىدا ئۇزۇن تۇرۇپ قالغانلىق نەتىجىسىدە، قوشۇن ئوتتۇرىسىدا غودۇڭشىشلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى، چۈنكى بۇ يەردە ئاتلارغا يەم – خەشەكلەر يېتىشمەيتتى. شۇ چاغدا قولان خاتۇن يۇرتىغا قايتىش ۋاقتى كەلگەنلىكىگە قاغاننى ئىشەندۈرۈش نىيىتىدە، ئۇلۇغ مەسلىھەتچى خىتايى يوللىغ چۇسەي بىلەن كېلىشىپ، ئاجايىپ بىر ئەپسانە ئويلاپ چىقاردى. چىڭگىزخانغا ئېيتىپ بېرىش ئۈچۈن، يوللىغ چۇسەي بۇ ئەپسانىنى ئىككى جەسۇر نۆكەرگە ئۆگەتتى. بۇ ئىككى موڭغۇل قارارگاھقا بېرىپ، ناھايىتى مۇھىم ۋە ئاجايىپ نېمە سۆزلەپ بېرىمىز، دەپ چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلىشتى. يوللىغ چۇسەي ئۇلارنى چىڭگىزخاننىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كىردى ۋە ئۇلار ئەپسانىنى باشلىدى:
— بىز تاغلاردا تېنەپ يۈرۈپ كېيىككە ئوخشىغان، لېكىن

يېشىل رەڭلىك ، ئات قۇيرۇقلۇق ، بىر مۈڭگۈزلۈك هايۋاننى ئۇچ-
راتتۇق . بۇ هايۋان موڭغۇلچە : «خانلىرىڭلار ئۆز ۋاقتىدا يۇرتىغا
قايتىشى لازىم» دەپ ۋارقىرىدى .

چىڭگىزخان ئەپسانىنى ئاستا ئاڭلاۋېتىپ ، بىر قېشىنى مى-
دىرلىتىپ ، ئالدىدا تىز چۆكۈپ تۇرغان باتۇرلارغا تىكىلىپ قارى-
دى .

— سىلەرگە ئەنە شۇ ئاجايىپ هايۋان كۆرۈنگەن كۈنى قانچى-
لىك قىمىز ئىچىۋىدىڭلار ؟

باتۇرلار قەسەم قىلىپ ، «ئىچمەكچى بولساقمۇ ، بۇ چۆل تاغدا
قىمىز ئۇياقتا تۇرسۇن ، ئۆچكىنىڭ سۈتىنىمۇ تېپىش ئەمرى -
مەهەل» دېيىشتى .

چىڭگىزخان يوللىغ چۇسەيگە قاراپ :

— سەن يەر ، دېڭىز ۋە ئاسماننىڭ هەممە سىرلىرى يېزىلغان
كىتابنى بىلىسەن . شۇنداق هايۋان بارلىقى توغرىسىدا رىۋايەت
بارمۇ ؟

يوللىغ چۇسەي دۇنيادىكى تۇرلۇك هايۋانلار ، بېلىقلار ۋە
قۇشلارنىڭ سۈرەتلىرى سىزىلغان يوغان بىر كىتابنى ئەكېلىپ
ۋاراقلاۋېتىپ دېدى :

— بۇنداق نادىر هايۋاننى «دانا گودۇغان» دېيىشىدۇ ، ئۇ
هەممە خەلقلەرنىڭ تىلىنى بىلىدۇ . ئۇنىڭ ئىككى باتۇرىمىزغا
ئېيتقان سۆزىنىڭ مەنىسى شۇكى ، دۇنيادا هەددىدىن تاشقىرى قان
تۆكۈلمەكتە . تۆت يىلدىن بېرى ، سىزنىڭ بۇيۇك قوشۇنۇڭ كۈنپې-
تىشتىكى ئەللەرنى بېسىۋالماقتا . شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ خۇداۋەندە كە-
رىم ، بۇ توختىماس قىرغىندىن رەنجىپ ، ئۆز ئىرادىسىنى سەن
پادشاهىمىزغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن ، گودۇغان دېگەن هايۋاننى ئەۋەت-
كەن . خۇدانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ ، بۇ ئۆلكىلەرنىڭ خەلقىگە رە-
هىم قىل . بۇ ئىش سەن ئۈچۈن هەددى - هېسابسىز بەخت -
سائادەت كەلتۈرىدۇ . بولمىسا خۇدانىڭ قەهرى كېلىپ ، چاقماق
بىلەن هالاك قىلىدۇ . خىتاي دانىشمەنلىرىنىڭ قەدىمكى كىتابى

بۇنى شۇنداق بايان قىلىدۇ.

يوللىغ چۇسەي ئىبادەت قىلىۋاتقان كاھىنەك تەكەببۇرلۇق ۋە تەنتەنە بىلەن سۆزلەيتتى، چىڭگىزخان بولسا بىر كۆزىنى قىسىپ، مەسلىھەتچىسىگە قاراپ تۇراتتى. كېيىن ئالدىدا تىز چۆكۈپ تۇرغان باتۇرلارغا نەزەر سالدى ۋە ئۇلارنى بىردىن ئالدىغا چاقىرىپ، ئېڭىشىپ تۇرۇپ قۇلاقلىرىغا بىر نىمە دەپ پىچىرلىدى، ئۇلارمۇ پىچىرلاپ جاۋاب قايتۇرۇشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، كۆپ مىننەتدار بولغان قاغان باتۇرلارغا ئىجازەت بەردى ۋە ئۇلارغا تويغىچە قىمىز ئىچكۈزۈلسۇن، دەپ بۇيرۇق قىلدى.

قاغان مەسلىھەتچىسىگە بۇنداق دېدى:

— بۇلار پاراسەتلىك ۋە تاپقۇر باتۇرلار ئىكەن، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش كېرەك. مەن ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىدىن نۆۋەت بىلەن گودۇغان قانداق قەدەم تاشلاپ ئۆتتى، دەپ سورىدىم. بىرى قاتراپ ئۆتتى دەپ، ئىككىنچىسى يورغىلاپ ئۆتتى، دەپ جاۋاب بەردى، ھەتتاكى تامامەن مەست بولغان موڭغۇلمۇ، يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ھايۋاننى كۆرسە، بۇنداق يېڭىلىشمەيدۇ. بۇنىڭدىن مەن بۈگۈن چۈشەندىمكى، قوشۇن ئۇرۇش قىلىشتىن ھېرىپ كېتىپتۇ، چېرىكلەر يۇرتىغا قايتىش ھەلەكچىلىكىگە چۈشۈپ قاپتۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز قاغانى بولغان ماڭا گودۇغان دېگەن ئاجايىپ ھايۋاننى ئەۋەتكەن خۇدانىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىق. ئەمدى، قوشۇننى ئارقىغا قايتۇرىمەن ۋە ئۆز يۇرتۇم — ئۇلۇسۇمغا بارىمەن.

ئەتىسىگە چىڭگىزخاننىڭ قانداق قارارغا كەلگىنىنى بىلگەن بارلىق موڭغۇل چېرىكلىرى خۇشال - خۇراملىق بىلەن ناخشىلار ئېيتىشىپ، سەپەرگە تەييارلىنىشتى.

ئاۋۋال چىڭگىزخان ھىندىستان ۋە تىبەت ئارقىلىق كەتمەكچى بولدى، شۇ مەقسەتتە دېھلى شەھىرىدىكى ھىند شاھى ئەلتۇتمىشقا ئەلچى ئەۋەتتى، ئەمما تاغ يولى قارغا كۆمۈلگەنىدى. شاھ جاۋابنى كېچىكتۈردى ۋە جالالىددىننى باش سەركەردە قىلىپ

قوشۇن توپلىدى .
بۇنىڭ ئۈستىگە ئىسيانچى تاڭغۇتلارنىڭ يەنە قوزغىلاڭ كۆتۈر-
گەنلىكى توغرىسىدا موڭغۇلىستاندىن خەۋەر كەلدى . ئۇلۇغ مەسلى-
ھەتچى يوللىغ چۇسەي يۇلتۇزلارغا قاراپ ھېسابلاپ ۋە شامانلار پال
ئېچىشىپ كۆرۈپ ، قاغاننىڭ ھىندىستان ئارقىلىق مېڭىپ كېتى-
شىنى لايىق تېپىشمىدى .
چىڭگىزخان شۇنىڭدىن كېيىن يەنە شۇ ئاۋۋالقى كەلگەن يىراق
يولى بىلەن قايتىشقا قارار قىلدى ، ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇۋاپىق ئاھالە
داۋان يولىنى قاردىن تازىلاشقا كىرىشتى . شۇنداق قىلىپ ، ئەتىياز
كىرىشى بىلەن موڭغۇل قوشۇنى يولغا چۈشتى .

## ئىككىنچى باب

# چىڭگىزخاننىڭ كەمبەغەل دانىشمەن بىلەن يېزىشقانلىرى

قارا ئەرتىشتە تۇرغان ۋاقىتلاردىلا، چىڭگىزخان ئۆز ساقلىقى ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى توغرىسىدا ئويلاپ، تەجرىبىلىك تېۋىپلارنى ئىزدىدى. ئۇنىڭغا چاڭچۇن ھەقرات دېگەن ئاجايىپ بىر دانىشمەن بارلىقىنى خەۋەر قىلدى، بۇ دانىشمەن پۈتۈن يەر ۋە ئاسماننىڭ سىرىنى ئاچقانىمىش، ھەتتاكى ئۆلۈمنىڭمۇ داۋاسىنى بىلەرئىمىش. ئۇنىڭ توغرىسىدا بۈيۈك مەسلىھەتچى ۋە مۇنەججىم يوللىغ چۇسەي بۇنداق دېگەن:

— چاڭچۇن ھەقرات كامالەتكە يەتكەن ئادەم. تۇرنىغا مىنىپ ئۇچۇپ بۇلۇتلار بىلەن سۆھبەت قىلىدۇ، بىر يۇمىلاپ باشقا مەخلۇققىمۇ ئايلىنىدۇ. ئۇ تەركىدۇنيا بولۇپ، باشقا دانىشمەنلەر بىلەن بىللە تاغلارغا چىقىپ كەتكەن، ئۇ يەرلەردە ئىنسانغا ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە ھاياتبەخش قىلىدىغان بىر گۆھەرنى ئىزدىمەكتە. ئۇ خىيالغا چۆكۈپ بىردەم ئۆلۈكتەك قېتىپ ئولتۇرىدۇ، بەزىدە كەچكىچە دەرەختەك قېتىپ تىك تۇرىدۇ. بىر تۇرۇپ ۋارقىراپ — جارقىراپ سۆزلەيدۇ، بىردەمدە شامالدەك ئۇچىدۇ. ئۇ كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى ئاڭلىغان، ئۇنىڭ ئوقۇمىغان كىتابلىرى قالمىغان.

بۇ ئاجايىپ ئادەمنى ئىزدەپ تاپماق ئۈچۈن، چىڭگىزخان سىنالغان ئەمەلدارى مىڭغان (ليۇ جۇنليۇ) دېگەن خىتاينى ئەۋەتتى، ئۇنىڭغا غەزەپلىك شىرنىڭ سۈرىتى سىزىلغان ئالتۇن تەمتەك

بېرىلدى . ئۇ تەمتەككە : «خۇددى ئۆزىمىز بارغاندەك ئىشنى ئورۇن-
لاش ھوقۇقى بېرىلىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى .

مىڭغانىنىڭ قولىغا چىڭگىزخان نامىدىن دانىشمەن چاڭچۇن
ھەقزاتقا يېزىلغان قىممەتلىك خەت تاپشۇرۇلدى . بۇ خەتنى ساۋات-
سىز بۈيۈك قاغانىنىڭ ئاغزىدىن ئۇنىڭ ئۇلۇغ مەسلىھەتچىسى يول-
لىغ چۇسەي يېزىۋالغانىدى . بۇ خەتتە تۆۋەندىكىلەر يېزىلغان :

«خۇدا خىتاي ئېلىنىڭ ھەددىدىن زىيادە زىبۇزىن-
نەتكە بېرىلگەنلىكى ۋە تەكەببۇرلۇقلىقىدىن غەزەپلەن-
دى . مەن شىمال دالىسىنىڭ ئادىمى بولۇپ ، ئەخلاقسىز
ئىشلارغا مەيلىم يوق . مەن كىشى ئەخلاقىنىڭ ساددا ۋە
ساپ بولۇشىنى ياخشى كۆرىمەن ، زىبۇزىننەتنى رەت
قىلىمەن ۋە مۆتىدىل ئۆمۈر كەچۈرىمەن . مەن ھەر دائىم
ئەڭ ئاددىي كىيىم كىيىپ ، بىر خىل تاماق يەيمەن .
يىلقىچىلار قانداق جۇل - جۇل كىيىم كىيسە ، مەنمۇ
شۇنداق كىيىمەن ، خۇددى كالىغا ئوخشاش بوغۇزمۇ
تالىلمايمەن .

سەككىز يىل ئىچىدە ، مەن چوڭ ئىشلارنى قىلدىم
ۋە يەر يۈزىدىكى ھەممە ئەللەردە ئۆز ھاكىمىيىتىمنى
جارى قىلدىم . ئاتا - بوۋىلىرىمىز ، كۆچمەن ھۇنلار①
جاھاننى ئالغاندىن كېيىنكى زامانلاردىن بېرى ، بۇنداق
پادىشاھلىق دۇنيا يۈزىگە كەلگەن ئەمەس .

مېنىڭ نامىم ئۇلۇغ ، ۋەزىپىلىرىمىمۇ ناھايىتى مۇ-
ھىم . لېكىن ، شۇنداق خەۋپىم باركى ، مېنىڭ ئەلنى
ئىدارە قىلىشىمدا بىر نەرسە كەملىك قىلىدۇ . كېمە
ياسالغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىلەن دەريادىن ئۆزۈپ ئۆتۈش

---

① ھۇنلار — رۇسچە «خۇننۇ ، گۇن» دەپ ئاتىلىدۇ . مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغان جەڭگىۋار بىر خەلق بولۇپ ، كېيىنرەك غەربكە يۈرۈش قىلغان ۋە ٧ ئەسىردە ئاتىلا باشچىلىقىدا ياۋروپاغىچە باستۇرۇپ بارغان .

ئۈچۈن پالاقلارمۇ ياساش لازىم بولغىنىدەك، جاھاننى بويسۇندۇرۇش ۋە ئىدارە قىلىش ئۈچۈنمۇ دانىشمەنلەر ۋە ياردەمچىلەر ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

مەن سېنىڭ ھەقزات ئىكەنلىكىڭنى، ھەقىقەتنى سۆيگۈچى ئىكەنلىكىڭنى ۋە ئەڭ ئالىيجاناب يۇسۇن - قائىدىلەرگە تايىنىپ ئىش قىلىدىغانلىقىڭنى بىلدىم. سەن ناھايىتى كۆپ ئىلىملاردىن خەۋەردار ۋە تەجرىبىلىك ئىكەنسەن، يوسۇن - قائىدىلەرنى ناھايىتى ياخشى ئۆگىنىۋالغانىكەنسەن. سەن كۆپتىن بېرى تاغلارنىڭ غارلىرىدا ئۆزۈڭنى ئالەمنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇپ يېتىپسەن.

مەن نېمە قىلىشىم كېرەك؟ ئارىمىزدا ئېگىز تاغلار، كەڭ ۋادىلار بولغانلىقى سەۋەبلىك، سېنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇممەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزۈمگە يېقىن كىشى بولغان مىڭغاننى ۋە چاققان ئاتلىقلارنى پوچتا ھارۋىسى بىلەن ئەۋەتتىم. سېنىڭدىن ئىلتىماس قىلىمەنكى، ھەقزات ئالىيلىرى، مىڭلارچە چاقىرىم كېلىدىغان يولنى يىراق دېمەستىن، مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا قەدەم تەشرىپ قىلغايسەن.

ئۆزۈن قۇملۇق چۆل سەپىرىنى ئويلىما، مېنىڭ خەلقىمگە رەھىم قىل. ئەگەر كەلمەيدىغان بولساڭ، ئۆمۈرنى ئۆزارتىش چارىسىنى شۇلاردىن ئەۋەت.

ئۇلۇغ تويىنلىقىنىڭ ماھىيىتىنى ئىدراك قىلىپ ۋە ساۋاب ئىشقا خەيرخاھلىق قىلىپ، مېنىڭ ئارزۇيۇمنى رەت قىلماسلىقىڭنى ئىلتىماس قىلىمەن. بىزنىڭ بۇ پەرمانىمىز ساڭا روشەن بولسا كېرەك».

مىڭغان مانا شۇ خەتنى ئېلىپ، چۆل - باياۋان ۋە تاغلار بىلەن بارىدىغان ئۇزۇن سەپەرگە چىقىپ كەتتى. ئۇ قاغاننىڭ ئىرادىسىنى

ئورنىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ، ھەر ئۆتەكدە ئاتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ، ئالدىراش ماڭاتتى . ئاخىرىدا چىن ئىلىگە يېتىپ ، ئىگىز تاغنىڭ غارىدىن ناھايىتى قېرىپ كەتكەن ۋە جۇل - جۇل كىيىملىك دانىشمەننى تاپتى ، بۇ مەشھۇر چاڭچۇن ھەقزات ئىدى . ئۇ چىڭگىز-خاننىڭ خېتىنى ئوقۇپ ، ئۇنىڭ ھوزۇرىغا بېرىشتىن قەتئىي باش تارتتى .

شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ چىڭگىزخانغا جاۋاب يېزىپ مىڭغانغا بەردى . مىڭغان بولسا قاغاننىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ ، يەنە بىر تەرەپتىن چاڭچۇن ھەقزاتنى كۆندۈرۈپ قالارمەن ، دېگەن ئۈمىد بىلەن ئۆزى بۇ يەردە قېلىپ ، خەتنى چاپارمەندىن ئەۋەتتى .

خىتاي دانىشمىنى مانا بۇنداق خەت يازغانىدى :

«تويىنىلىقا ئىنتىلگۈچى ۋە تاغلاردا ئىستىقامەت قىلغۇچى چاڭچۇن ھەقزات يېقىندا يىراقتىن كەلگەن ئالىي پەرمانىنى ئالدى . ھەقىقەتەن دېڭىز بويىدا ئىستىقا-مەت قىلغۇچى خىتاي خەلقى ئۆزىنىڭ تەكەببۇرلۇقى ۋە مەنمەنلىكى نەتىجىسىدە پەم - پاراستىنى يوقاتقان . ھاياتقا دائىر ئىشلاردا پاراسەتسىزلىكىمنى ، تويىنىللىقنى ئۆگىنىشتە ھېچ ئىش قىلمىغانلىقىمنى ، تۈرلۈك يوللار بىلەن ئەمگەك قىلغانلىقىمنى ، ئۆلمىگەن بولسامۇ ، قېرىپ قالغانلىقىمنى ، شۆھرىتىم پۈتۈن ئەللەرگە تار-قالغان بولسىمۇ ، ھەقىقەتتە ئاددىي كىشىلەردىن پەرقىم يوق ئىكەنلىكىمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ ، خىجالەت-لىكتىن ناھايىتى ئازاب چېكىمەن . ئىلمىي غايىبنى كىم بىلەتتى .

ئەڭ ئاۋۋال پەۋقۇلئاددە خەتنى ئالغاندىن كېيىن ، تاغ - تاشلارغا ياكى دېڭىز بويلىرىغا قاچماقچى بولغاند-دىم ، لېكىن ئويلاپ ، سېنىڭ پەرمانىڭغا قارشى تۇرماس-لىقا قارار قىلدىم ۋە يولغا چۈشمەكنى ، تەڭرى مەرد-

لىك ۋە ئەقىل بەرگەن ، قەدىم زامانلاردا ئۆتكەن ھەممە كىشىلەردىن يۈكسەك بولغان ، ئىلىم ـ مەرىپەتلىك خە-تايلار ۋە ياۋايىلارمۇ بويۇن ئەگكەن پادىشاھنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ، قار ـ بورانلار بىلەن كۆرەشمەكنى زۆرۈر تاپتىم .

سەپەردە شامال ۋە چاڭ توختىماستىن كىشىنى ئا-زابلايدۇ ، ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلايدۇ . مەن بولسام قېرىپ قالغانمەن ، دەرمانىم يوق ، چوڭ قىيىنچىلىقلار-غا بەرداش بېرەلمەيمەن ، شۇنىڭ ئۈچۈن ، بۇنداق ئۇزۇن يولنى بېسىپ ھۇزۇرىڭىزغا يېتىپ بارالماسمەن ، دەپ قورقىمەن .

ھەي ، ئۇلۇغ قاغان ، ناۋادا سىزنىڭ ھۇزۇرىڭىزغا يېتىپ بارغان تەقدىردىمۇ ، ئۇرۇش ۋە ئەلگە دائىر ئىش-لارنى قىلىش مېنىڭ قولۇمدىن كېلەتتىمۇ ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئىلتىماس قىلىمەنكى ، ماڭا شەپقەت قىلىپ ئۇرۇپ ئېيتساڭ ، بارايمۇ ، بارمايمۇ ؟ مەن ناھايىتى جۇ-دەپ ، دەرمانسىزلىنىپ قالغانمەن . سىزنىڭ پەرمانىڭىزنى كۈتىمەن .

يىلان يىلى ، ئۈچىنچى ئاي »

چىڭگىزخان خەتنى ئېلىپ كۆپ مىننەتدار بولدى ، چاپارمەنگە ياخشى سوۋغىلارنى بېرىپ ، يەنە خەت يېزىپ جاۋاب قايتۇردى :

«كىمكى مېنىڭ قول ئاستىمغا ئۆتسە ، ئۇ مېنىڭ بىلەن دوست ، كىم مېنىڭدىن ئايرىلسا ، ئۇ ماڭا دۈش-مەن . ۋاقتى كەلگەندە ، چوڭ مۇشەققەتلەر بىلەن ئۇزاق تىنچلىق ئورنىتىش ئۈچۈن ، مەن پۈتۈن قوشۇننى ئىشقا سالىمەن ، پۈتۈن جاھاننىڭ قەلبى ماڭا بويسۇنغاندىن

كېيىنلا ھەرىكەتتىن توختايمەن .

شۇ مەقسەتتە مەن ھەر دائىم يېڭىلمەس قوشۇن بىلەن بىللە ئۇرۇش مەيدانىدا يۈرۈپ ، دەھشەتلىك ئۇلۇغۋارلىق كۆرسىتىمەن ، مەن سېنىڭ يولغا چىقىشىڭ ئاسان ئىكەنلىكىنى ۋە مېنىڭ ئالدىمغا تۇرنا بولۇپ ئۇچۇپ كېلەلىشىڭنى بىلىمەن . يول ئۇزۇن بولغان ھالەتتىمۇ ، سېنى يېقىن ئارىدا كۆرىمەن ، دەپ ئىشىنىمەن . مۇراد ـ مەقسىتىمنى ساڭا بىلدۇرۇش ئۈچۈن خېتىڭغا جاۋاب قايتۇردۇم ، سۆزنى ئۇزارتمايمەن .»

## ئۈچىنچى باب

# ماڭا ئۆلمەسلىكنىڭ داۋاسىنى تاپ

خىتاي دانىشمىنى ئۇلۇغ قاغاندىن ئىككىنچى قېتىم خەت ئالغاندىن كېيىن، يىراق سەپەرگە بېرىشقا رازى بولدى. ئۇ چىڭگىزخانغا خىتايدىن ئەۋەتىلگەن ئاجايىپ ساراي ناخشىچى قىزلىرى ۋە ئۇسسۇلچىلىرى بىلەن بىر كارۋاندا بېرىشقا زادىلا ئۇنىمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بىر مىڭ پىيادە ۋە ئۈچ يۈز ئاتلىقلاردىن تەركىب تاپقان مەخسۇس قوروقچىلار بېرىلدى. چاڭچۈن ھەقزات يىگىرمە شاگىرتىنىمۇ بىللە ئېلىپ ماڭدى. ئۇلاردىن بىرى مۇكەممەل كۈندىلىك دەپتەر تۇتۇپ، ئۆز ئۇستازىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى ۋە شېئىرلىرىنى يېزىپ ماڭدى①.

چاڭچۈن ھەقزات ئالدىرىماستىن ھەممە شەھەردە توختاپ ماڭدى. موڭغۇل دارۇغاچىلىرى (شەھەر باشلىقلىرى) ئۇلارنى دەبدەبە بىلەن كۈتۈۋالاتتى ۋە زىياپەت قىلماقچى بولۇشاتتى. دانىشمەن شويلا ۋە مېۋە بىلەنلا غىزالىنىپ، مېھمان بولۇشقا ئۇنىمايتتى.

چاڭچۈن ھەقزات يول بويى شېئىر يېزىپ ماڭدى. ئۇ موڭغۇل سەھرالىرىدىن ئۆتكىنىدە، ئۆز پىكىرلىرىنى تۆۋەندىكى شېئىرلار بىلەن ئىپادىلىدى:

---

① چاڭچۈن ھەقزاتنىڭ بۇ سەپەر خاتىرىسى «غەربكە سەپەر» نامى بىلەن ھازىرغىچە ساقلانغان.

## 1

قاياقتا قارىساڭ تاغ ـ تاش ،
ئاخىرى يوق پايانىمۇ .
تاغدىن چۈشەر ئېقىنلار ،
شامال توختىماس بىردەمما !

خىيالىمدا كۈيلىنەر ،
يەر يارالغان زاماندىن .
كۆچمەن قەبىلىلەر ،
نېمىشقا ئۆتۈشەر بۇ يەردىن .

ئۇلارنىڭ ئادىتى ئۆزگە ،
ئاجايىپ كىيىملىرى بار .
قەدىمكى ئادەملەردەك ،
هارام تاماق يېيىشەر[1] .

ئۇلار خەتنى بىلىشمەس ،
بالىلاردەك بەك پۇتۇن .
ئۇلار ئۆزىدىن مەمنۇن ،
موللاق بىلەن كېچەر كۈن !

## 2

يول تەپتەكشى چۆلدىن باراتتى ،
مۇشكۇل ئىدى بىر چامدام باسماق .

---

[1] خىتايلار كالىنى مۇقەددەس ھېسابلاپ ، ئۇنىڭ گۆشىنى يېمەيتتى ۋە سۈتىنى ئىچمەيتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، موڭغۇللارنىڭ تامىقى ئۇلارغا باشقىچە تۇيۇلاتتى .

ئەينەكتەك كۆل پارقىرايتتى ،
كۆزنى ئالاتتى شور تۇپراق .

بۇ ئۇزاق دەشت ـ تۆپىلىكلەردە ،
يولۇچى يولۇقمايدۇ تا كەچكىچە .
بۇ يات ئۆلكىدىن سۇۋارى ئۆتەر ،
يىلىغا بىر ، ئىزسىز سايىچە .

تۆپىلىكلەرنى لويىللار باسقان ،
كۆرۈنمەيدۇ يە تاغ ، يە بىر شاخ .
قىشتىكىدەك ياز كۇنلىرىمۇ ،
كۆچمەننىڭ بېشىدا تۇماق .

بۇ يەردە شالى بولماس ، ھەممە خەلق ،
سۈت ئىچىشىپ كۈن ئۆتكۈزۈشىدۇ .
ئۆزى بىلەن شاد كۆچمەنلەر ،
كىگىز ئۆيلەر ئېلىپ يۈرۈشىدۇ .

ئىككى يىل يول باسقان چاڭچۈن ھەقزات جەيھۇن دەرياسىغا يېتىپ كەلدى ، تېرمىزغا يېقىن جايدا دەريانىڭ بۇ قىرغىقىغا ئۆتتى ، بۇ يەردە ئۇنى چىڭگىزخاننىڭ شەخسىي تېۋىپى قارشى ئالدى . دانىشمەن ئۇنىڭغا ئۇزاق سەپەرنىڭ تامام بولۇشىغا بېغىش-لاپ يېزىلغان شېئىرلىرىنى تەقدىم قىلدى ۋە :

— مەن تاغ ياۋايىسى ، ئۇلۇغ قاغاننىڭ قارارگاھىغا مۇھىم بىر سۆز ئېيتماق ئۈچۈنلا كەلدىم . بۇ سۆزلەر ئورۇنلانسا ، ئالەم گۈلىستان بولغۇسى ، — دېدى .

چاڭچۈن ھەقزات بەرگەن شېئىر مانا مۇنداق :

سىنى سەككىزىنچى ئاي ،[1]
ئەزەلدىن ماختار ئىدى .
ئاسماندا بۇلۇت يوق ،
كېچە تىپتىنىچ .
پۈتۈن گۈمبىزى پەلەك ،
كۈمۈش كۈزۈركە ئوخشار .
يۇلتۇز نۇرىدا جەنۇب ،
ئەجدىھالىرى ئوينىشار !
شۇ چاغدا ئېگىز مۇناردىن ،
خۇشاللىق ئاۋاز كېلۇر :
ھەممە ياساقلىرى بايرام
قۇرسۇن ، دەپ تۇرۇپ بۇيرار !
شۇ چاغدا ناخشىچىلار كۈيلەر ،
قۇيۇلار مەي ، ھەممە بەند .
جىمجىت قىرغاقتا ،
يۇرىدۇ ھېرىپ دانىشمەن .
ئۇ قۇدرەتلىك قاغانغا ،
قورقماستىنلا ھۆكۈم قىلدى .
ئەزرائىلنى ئەۋەتىپ ،
جېنىنى ئال ، دەپ
ئەمر قىلدى .

چاڭچۇن ھەقزات ئاھالىلىرى تىرىپىرەن بولۇپ قېچىپ كەت-
كەنلىكىدىن چۆلدەرەپ قالغان ۋە ئىتلارنىڭ ھاۋشىشلىرىلا ئاڭلان-
غان بەلخ شەھىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، تۆت كېچە ، تۆت كۈندۈز
تاغلاردا يول يۈرۈپ ، چىڭگىزخاننىڭ قارارگاھىدىكى تاغنىڭ تىك
يانباغرىغا قۇرۇلغان سېرىق چېدىرغا يېتىپ كەلدى .

[1] 8 ـ ئاي — جۇڭگو كالېندارىغا قارىغاندا 9 ـ ئاي . ئېتىز ئىشلىرى تامام بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن خىتايلار بۇ چاغدا بايرام قىلاتتى .

چاڭچوڭ ھەقزاتنى دەھشەتلىك قاغاننىڭ ھوزۇرىغا خىتاي ۋە موڭغول تىللىرىنى بىلىدىغان سەمەرقەند نائىبى ئاقەي تەيشى باشلاپ كەلدى. ھەممە تويىنلار («تويىنلىق» تەلىماتىنىڭ مۇخلىسلىرى) خىتاي قاغاننىڭ ھوزۇرىغا كەلگەنلىرىدە، ئۇنىڭغا ھېچقاچان تىز چۆكۈپ ۋە يەرنى سۆيۈپ تەزىم قىلمىغانلىقلىرى ئۈچۈن، چاڭچوڭ ھەقزات قاغاننىڭ ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن، ھۆرمەت ئۈچۈن قول قوشتۇرۇپ تەزىملا قىلدى، خالاس.

ئۇلۇغ قاغاننىڭ ئۇدۇلىدا ئايتاپ ۋە شامالدىن قارىيىپ كەتكەن، دوقا ماڭلاي، ئاق چىچى بويىنىغا چۈشكەن قاپقارا ئورۇق بوۋاي تۇراتتى. ئۇ كاناپتىن توقۇلغان كەش ۋە كونا يەكتەك كىيىۋالغانلىقتىن، كەمبەغەل بىر كىشىگە ئوخشايتتى. لېكىن، «جاھان قاغانى»غا دىققەت بىلەن ۋە ھېچبىر ھېيىقماستىن قاراپ تۇراتتى، كېيىن گىلەمگە ئولتۇردى.

قارىغىنا، سېرىق ساقىلىغا ئاق كىرگەن چىڭگىزخان زۇمرەتلەر بىلەن بېزەلگەن يەلكىسىگىچە چۈشۈپ تۇرغان ئۈچ تال تولكە قۇيرۇقى تۇتۇلغان قارا قالپىقىنى كىيىپ، ئالتۇن تەختتە يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ مۈشۈكنىڭكىگە ئوخشىغان يېشىل كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، قېرى ۋە كەمبەغەل دانىشمەنگە ئەستايىدىل تىكىلىپ قارايتتى ۋە شىپا كۈتەتتى. چىڭگىزخاننىڭ كېيىمى مېھماننىڭكىدىن قارا بولۇپ، ئۇنىڭمۇ چاچ - ساقاللىرىغا قېرىلىق قىرووسى چۈشكەنىدى. خىتاي دانىشمىنى تەركىدۇنيا بولۇپ چۆللەرگە چىقىپ كېتىپ، ئادەملەرنى كېسەللىك، جاپا، قېرىلىق ۋە ئۆلۈمدىن خالاس قىلىش سىرلىرىنى ئىزدەپ، پۈتۈن ئۆمرىنى ئىلىم - بىلىم ئۆگىنىشكە بېغىشلىغان ۋە ئىلتىماس قىلغان ھەممە كىشىلەرگە ياردەم بېرىپ كەلگەن. قاغان بولسا ھەممە ۋاقىت زور قوشۇننىڭ يولباشچىسى بولۇپ، باشقا خەلقلەرنى قىرىش ۋە ھالاك قىلىش ئۈچۈن چېرىك ئەۋەتىپ ئۇن مىڭلىغان خەلقلەرنى ئۆلتۈرۈش ھېسابىغا غەلىبىگە ئېرىشىپ كەلگەنىدى. ئەمدى بولسا چىڭگىزخان قېرىپ ئۆمرى تۈگەيلا دەپ قالغاندا، ئۇنىڭ يەنە ياشىرىپ كۈچكە

كېلىش ، يەر يۈزىدە ئەڭ كۈچلۈك بولغان كىشىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇش ، پېيىگە چۈشكەن ئۆلۈم چاڭگىلىدىن ئەبەدىي قۇتۇلۇش ئۈچۈن ، ھالىدىن كەتكەن مانا شۇ دەرۋىش كېرەك بولۇپ قالدى .

ئىككىلا بوۋاي خېلىغىچە جىم بولۇشۇپ قالدى ، كېيىن چىڭگىزخان :

— سەپىرىڭ خەتەرسىز ئۆتتىمۇ؟ توختىغان شەھەرلىرىڭدە ھەممە نەرسەڭ يېتەرلىك بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى .

— باشتا مېنى تۇرلۇك يېمەكلىكلەر بىلەن كەڭرى تەمىنلەپ كەلگەنىدى ، — دېدى چاڭچۈن ھەقزات ، — بىراق كېيىنكى ۋاقىتلاردا ، سېنىڭ قوشۇنۇڭنىڭ ئايىغى يەتكەن جايلاردىن ئۆتكىنىمىزدە ، تېخىچىلا ھەممە جايدا ئۇرۇش ۋە يانغىن ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ ، ئۇ يەرلەردە يېمەك - ئىچمەكلەرنى تېپىش قىيىن بولدى .

— ئەمدى سەن بۇنىڭدىن كېيىن نېمە خالىساڭ ، شۇنى تەييار قىلىمىز . ھەر كۈنى غىزادا مېنىڭ يېنىمغا كەل ، — دېدى چىڭگىزخان .

— ياق ، ماڭا بۇنداق مەرھەمەتنىڭ كېرىكى يوق . تاغ - ياۋايىسى يالغۇزلۇقتا ئۆمۈر سۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ .

خىزمەتكارلار قىمىز ئەكېلىشتى ، دانىشمەن ئىچمىدى . كېيىن قاغان :

— مېنىڭ يېنىمدا خالىغىنىڭچە ئۆمۈر كەچۈرگىن . بىز سېنى مەخسۇس سۆھبەتلەرگە چاقىرىمىز ، ھازىرچە ئىجازەت قىلىمىز ، — دېدى .

چاڭچۈن ھەقزات ئورنىدىن تۇردى - دە ، قوللىرىنى قوشتۇرۇپ ئەدەپ بىلەن چىقىپ كەتتى .

موڭغۇل قوشۇنى تېز ئارىدا ماۋەرائۇننەھر ئارقىلىق شىمالغا قاراپ ماڭدى . چىڭگىزخان يول بويى دانىشمەنگە مەي ، قوغۇن ۋە تۇرلۇك يېمەكلىكلەرنى بېرىپ تۇردى .

قوشۇن جەيھۇن دەرياسىدىن قېيىقلاردا ماھىرلىق بىلەن يا-
سالغان سوزۇلىدىغان كۆۋرۈك ئارقىلىق دەررۇ ئۆتۈپ سەمەرقەند
تەرەپكە كەتتى .
بىر مەنزىلگە بېرىپ توختىغاندا، چىڭگىزخان چاڭچۇن ھەق-
زاتقا خەۋەر ئەۋەتىپ، يېرىم كېچىسى مۇھىم بىر سۆھبەت ئۇ-
چۇن، ئۇنى كۈتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى .
قارارگاھتا ۋاڭ - چۇڭلار بېسىلىپ، پاقىلارنىڭ كوركىراش-
لىرى كۈچەيگەندە، ئاقەي تەيشى چاڭچۇن ھەقزات دانىشمەننى
مىدىر قىلماستىن، تىككىدە تۇرغان تۇرغاۋۇتنىڭ يېنىدىن باشلاپ
ئۆتۈپ، ئۇلۇغ قاغاننىڭ سېرىق چېدىرىغا ئەكەلدى .
ئالتۇن تەختنىڭ ئىككىلا تەرىپىدە ئېگىز كۈمۈش شامدانلاردا
يوغان موم شاملار يېنىپ تۇراتتى، چىڭگىزخان باداشقانىنى قۇ-
رۇپ، ئاق تېرە ياستۇققا يۆلەنگەن پېتى ئولتۇراتتى، قارا تۈلكە
قويرۇقى تۇتۇلغان قالپىقى يۈزىگە سايە چۈشۈرۈپ تۇراتتى . كۆز-
لىرى يولۋاسنىڭكىدەكلا ياناتتى، ئىككى يېنىدا گىلەمدە موڭغۇل
ۋە ختاي تىللىرىنى بىلىدىغان مىرزىلىرى ئولتۇراتتى .
چاڭچۇن ھەقزات تەخت ئالدىدىكى گىلەمگە ئولتۇرۇپ بۇنداق
دېدى :
— مەن تاغ ياۋايىسى كۆپ يىللاردىن بېرى ئاجايىپ ۋە ئالىي-
جاناب نەرسە — «تويىنلىق» تەلىماتىنى تەھسىل قىلماقتىمەن .
مەن ناھايىتى يالغۇز ۋە خىلۋەت جايلاردا بولۇشنى، داللاردا كې-
زىشنى ياكى ئۇ يەرلەردە خىيالغا چۆكۈشنى ياخشى كۆرىمەن . بۇ
يەردە قاغانىمىزنىڭ چېدىرى ئەتراپىدا بولسا، ھېسابسىز چېرىكلەر
ۋە ئۇلارنىڭ ئات - ھارۋىلىرىنىڭ ھەر دائىم بولۇۋاتقان ۋاڭ -
چۇڭلىرىدىن ئارامسىزلىنىمەن . شۇنىڭ ئۈچۈن، يۈرۈشۈڭلاردا يا
ئالدىدا، يا كەينىدە يۈرۈش ئىختىيارىنى ئۆزۈمگە بەرسەڭلار، قان-
داق بولاركىن؟ بۇ نەرسە تاغ ياۋايىسى ئۈچۈن چوڭ مەرھەمەت
بولاتتى .
— سېنىڭ خالىغىنىڭچە بولسۇن، — دېدى قاغان . كېيىن

سورىدى ، — ماڭا ئېيتىپ بەرگىن ، گۆلدۇرماما نېمە؟ سېھىرچى-
لار ۋە شامانلارنىڭ ئۇلۇغ پېشۋالىرى ماڭا گۆلدۇرماما بۇلۇتلارنىڭ
كەينىدىكى خۇدانىڭ ئادەملەردىن دەرغەزەپ بولغان ۋاقتىدىكى پەر-
يادى دەيدۇ ، شۇ توغرىمۇ ؟ ئادەملەر خۇدانىڭ ئالدىغا قۇربانلىققا
بەلگىلىگەن قارا هايۋاندىن باشقا رەڭدىكى هايۋان ئېلىپ كەلگەن
ۋاقىتلىرىدا غەزەپلىنىدىكەن ، راستمۇ ؟

— خۇدا ئادەملەرگە كۆپ ياكى ئاز قۇربان قىلغانلىقلىرى
ئۈچۈن قەهرىنى چاچمايدۇ ، شۇنداقلا ئادەملەرنىڭ قارا قوي ياكى
ئاتلارنى ، سېرىق ، ئالا ياكى بوز ئاتلارنى قۇربان قىلغانلىقلىرى
ئۈچۈنمۇ غەزەپلەنمەيدۇ . شامانلىرىڭلارنىڭ گويا يازدا ئېرىقتا ئا-
دەملەر يۇيۇنسا ، كىر يۇيسا ، كىگىز ئەتسە ياكى ئېشەك مەدىكى
تەرسىمۇ گۇناھ بولىدۇ ، دېگەن خاتا سۆزلىرىنىمۇ ئاڭلاپ قالدىم ،
مانا شۇ ئىشلار ئۈچۈن گويا خۇدا غەزەپلىنىپ ، يەرگە چاقماق
تاشلىغۇدەك . ئادەملەرنىڭ خۇداغا بولغان هۆرمەتسىزلىكى ئەسلا
بۇنىڭدىن بولماستىن ، بەلكى ئادەملەرنىڭ باشقا ناهايىتى كۆپ
گۇناهلارنى قىلىشلىرىدۇر . مەن تاغ ياۋايىسى ، ئادەملەرنىڭ ئۈچ
مىڭ خىل تۈرلۈك گۇناهلىرىنىڭ ئارىسىدا ئەڭ يامىنى —
ئاتا - ئانىنى هۆرمەت قىلماسلىق ئىكەنلىكىنى قەدىمكى كىتابلار-
دىن ئوقۇغانمەن . سېنىڭ تەۋەلىكىڭدە ئۆز ئاتا - ئانىلىرىنى هۆر-
مەت قىلمىغانلىقلىرىنى مەن يول بويى ناهايىتى كۆپ ئۇچراتتىم .
ئۆزلىرى زىياپەتلەردە نازۇنېمەتلەرنى راسا يەيدۇ - دە ، قې-
رى ئاتا - ئانىلىرى ۋە بوۋىلىرىنى ئاچ قويىدۇ . ئىنساپسىز ئوغۇل
ۋە قىزلار ئۆز ئاتا - ئانىلىرىنى هاقارەت قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ،
خۇدا ئادەملەرگە ئۆز قەهرىنى چېچىپ ، گۆلدۇرماما ۋە چاقماقلارنى
ئەۋەتىدۇ . قاغانىم ئۆز خەلقىڭگە ئەقىل ۋە ئىنساپ كىرگۈزۈش
ئۈچۈن غەمخورلۇق قىل .

— دانىشمەنىنىڭ سۆزلىرى توغرا ! — دېدى چىڭگىزخان ۋە
ئاتا - ئانىلارغا هۆرمەت توغرىسىدا مەخسۇس ياساق چىقىرىش
ئۈچۈن ، چاپچۇن ھەقزاتىنىڭ سۆزلىرىنى موڭغۇلچە ، خىتايچە

(قىتانچە ) ۋە تۈركچە يېزىقلىشنى مىرزىلىرىغا ئەمر قىلدى[1] .
ئالتۇن تاۋاقلاردا تۈرلۈك نازۇنېمەتلەر ئېلىپ كېلىنگەندە ، چاڭچۇن ھەقىزات بىر ئوچۇم پىشقان گۈرۈچ بىلەن ئاغىنا كىشىمىش ئېلىپ يېدى ، خالاس . قاغان ئۇنىڭدىن سورىدى :
— ھۆرمەتلىك دانىشمەن ، مەن كۆپتىن بېرى سېنىڭدىن بىر نەرسىنى بىلمەكچىمەن : سېنىڭدە قېرىنى ياشارتىدىغان ، دەرمانسىزغا دەرمان بېرىدىغان دورا يوقمۇ ؟ ھاياتىمنى چوڭ دەريادەك ھېچبىر توختاتمايدىغان قىلىش قولۇڭدىن كەلمەمدۇ ؟ سېنىڭدە ئۆلمەسلىكنىڭ داۋاسىنى قىلىدىغان دورا يوقمۇ ؟
چاڭچۇن ھەقىزات بېشىنى تۆۋەن سالدى ۋە بارماقلىرىنىڭ ئۇچلىرىنى بىر - بىرىگە تەگكۈزدى .
— ھازىرچە سېنىڭدە شۇنداق دورا بولمىسا ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى چىڭگىزخان ، — ئېھتىمال ئۇنى تەييارلاشنى بىلەرسەن ؟ ياكى سەن ئۆلمەسلىككە داۋا تېپىشنىڭ سىرىدىن خەۋەردار بولغان باشقا بىرەر دانىشمەننى ۋە سېھىرچىنى كۆرسىتىپ بېرەرسەن ؟ ئەگەر سەن مېنى ئەبەدىي ياشارتىدىغان دورىنى تەييارلىساڭ ، مەن ساڭا مىسلى يوق ئىنئام - ئېھسانلار بېرىمەن . سېنى چوڭ بىر ئايماققا قوشۇن بېگى ۋە ھاكىم قىلىپ تەينلەيمەن ، ساڭا بىر خالتا ئالتۇن بېرىمەن ، تۆت ئەتراپتىكى ئەللەردىن ئەكېلىنگەن يۈزلەپ ئەڭ چىرايلىق قىزلارنى ھەدىيە قىلىمەن !
چاڭچۇن ھەقىزات بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىم تۇراتتى ، بەزگەك تۇتقاندەك تىترەيتتى . قاغان بولسا بارغانچە قىزىقتۇرىدىغان سۆزلەرنى ئېيتاتتى :
— مەن سېنىڭ تېغىڭغا بۇتخانىدىلا بولىدىغان ئاجايىپ كۆركەم سارايى سالدۇرۇپ بېرىمەن . مانا شۇ ئاجايىپ سارايدا سەن پاك خىيال سۈرىسەن ، ھەتتا ماڭا ياش بولۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق . مەيلى ، مەن ھازىرقى قېرىلىق ۋە مويسىپىتلىك ھالىمدا قالغۇرەي . لېكىن ، مەن ئۆز قولـۇم بىلەن قۇرغـان بۈيۈك موڭغـۇل

---

[1] چىڭگىزخاننىڭ ياسىقىدا شۇنداق ياساق يېزىلغان .

قاغانلىقىنى ئۆزۈنىڭچە ئۆز مۇرەمدە كۆتۈرۈپ يۈرۈشنى خالايمەن...

قاغان ئۈنچىقماستىن چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن دانىشمەننىڭ ھارغىن چىرايىغا قارىدى. دانىشمەن سۇرلۇك قاغانغا كۆز قىرىنى تاشلاپ، مۇكچىيىپ سۆز باشلىدى:

— تاغلارنى، خالىي يەرنى ۋە خىيال سۇرۇشنى ياخشى كۆرگەن ئادەمگە ئالتۇننىڭ نىمە كېرىكى؟ ئۆزۈمنى ئەپلەلمەي يۈرگەندە، پۈتۈن بىر ئايماقنى ئىدارە قىلىش قولۇمدىن كېلەتتىمۇ؟ بارلىق چىرايلىق ئەسىر قىزلارنى ئەدەپ - ئەخلاقلىق يىگىتلەرگە ئەرگە بەرگىن. ماڭا ساراي - پاراي كېرەك ئەمەس، مەن تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بولسىمۇ، خىيال سۈرۈۋېرىمەن... مەن ئەڭ مەشھۇر خىتاي ئالىملىرى يازغان ھېكمەتلىك كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ چىققانمەن، مېنىڭ ئۈچۈن ئارتۇقچە سىر بولىدىغان نەرسە يوق. مەن ساڭا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىشىم مۇمكىن: ئادەمزاتقا قۇۋۋەت كىرگۈزۈش، ئۇنى ئاغرىقتىن داۋالاش ۋە ھاياتنى ساقلاش ئۈچۈن، دورا - دەرمانلار ناھايىتىمۇ كۆپ، ئەمما ئۇنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن داۋا يوق ۋە داۋا بولغانمۇ ئەمەس.

چىڭگىزخان خىيالغا كەتتى ۋە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۇزاق جىم بولدى. سۆزلەرنى كىتاب قىلىپ يېزىۋاتقان مىرزىلارنىڭ قومۇش قەلەملىرىمۇ غىچىرلىماي قالدى، پەقەت يېنىۋاتقان موم شاملارنىڭ چىرسىلداشلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاخىر قاغان ئېيتتى:

— موڭغۇل قېرىلىرى ئارىسىدا «ھەقنى سۆزلىگەن ئەجەلدىن بۇرۇن ئۆلىدۇ» دېگەن ماقال بار. ھەقنى سۆزلىگەن كىشى ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەملەر يالغاننى تاغدەك - تاغدەك دۆۋىلىۋېتىدۇ. سەن بولساڭ، مېنى كۆرمەك ئۈچۈن مىڭ چاقىرىم مەنزىلدىن كەلگەن دانىشمەن بوۋاي. پەقەت سەنلا ھەقىقەتنى — «ئۆلمەسلىكنىڭ داۋاسى يوق!» دېگەن نەرسىنى ئېيتىشتىن قورقمىدىڭ. سەن ئاق كۆڭۈل ۋە راستىنى ئېيتىد-

دىغان ئادەم ئىكەنسەن. تەلىپىڭ بولسا ئېيت، ئورۇنلايمەن.

چاڭچۇن ھەقزات قوللىرىنى قوشتۇرۇپ قاغانغا تەزىم قىلدى:

— مېنىڭ بىرلا تىلىكىم بار. قارلار، تاغلار ۋە سەھرالارنى ئېشىپ، ساڭا شۇنى ئېيتىشقا كەلدىم، دەھشەتلىك ئۇرۇشلارنى توختاتقىن، ھەممە جايدا خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق ئورنات!...

چىڭگىزخاننىڭ قاشلىرى تۈرۈلدى — ئۇ ناھايىتى غەزەپلەندى، دېمى قىسىلىپ ۋارقىراشقا باشلىدى. مىرزىلارنىڭ قومۇش قەلەملىرى قەغەز ئۈستىدە ئىلدام ـ ئىلدام غىچىرلاپ كەتتى.

— ھەممە جايدا تىنچلىق ئورنىتىش ئۈچۈن ئۇرۇشۇش كېرەك! دالىدىكى قېرىلىرىمىز: «شەپقەتسىز دۈشمىنىڭنى يوقاتقىنىڭدىلا، يىراقتىمۇ، يېقىندىمۇ تىنچلىق بولىدۇ» دەپ بىكار تەلىم بەرمىگەن. مەن بولسام تېخى كونا كۆشەندەم تاڭغۇت شاھى بۇرھاننى تېخى بىر ياقلىق قىلغىنىم يوق! دۇنيانىڭ ئىككىنچى يېرىمى تېخى مېنىڭ قول ئاستىمغا كىرمىدى، مەن شۇنىڭغا تاقەت قىلالامدىمەن؟ ۋەھالەنكى، سەن دانىشمەن بولساڭمۇ، تىلىكىڭ توغرا ئەمەس! بۇنداق تەلەپ بىلەن بىزنى ئاۋارە قىلما!

چىڭگىزخان تەختىنىڭ چېتىدىن تۇتۇپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، غەزىپىدىن دىر ـ دىر تىترىگەن ھالدا:

— ساڭا ئىجازەت! — دەپ شۇۋىرلىدى.

چىڭگىزخان بۇ يىل قىشنى سەمەرقەندنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزدى. ئۇ تار، ئادىمى زىچ شەھەرلەرنى ياقتۇرمىغانلىقتىن، موڭغۇل قارارگاھىدا ياشىدى.

ئاۋۋال قاتتىق يامغۇر ياغدى، ھەممە ياق لاي بولۇپ كېتىپ، يۈرۈش قىيىن بولۇپ قالدى. كېيىن پات ـ پاتلا قار يېغىپ تۇردى، شۇنداق سوغۇق بولدىكى، كۆپ ئات ھەم ئۆكۈزلەر سوغۇقتىن ئۈششۈپ، يوللاردا يۇملاپ قېلىۋەردى.

دانىشمەن چاڭچۇن ھەقزات خارەزم شاھىنىڭ شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى ئەتراپى باغ بىلەن قاپلانغان بۇرۇنقى «كۆك ساراي» دېگەن

سارىيىدا ياشىدى ، بوۋاي ئۇ يەردە شېئىرلار يازدى . موڭغۇل چېرىكلىرى پۈتۈن يېزا خەلقىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى ، ماللىرى-نى ، خوتۇن ، بالا ـ چاقىلىرىنى تارتىۋالغانىدى ، ئاچ قالغان يېزا خەلقى توپ ـ توپ بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىشەتتى . چاڭچۇن ھەقزات چىڭگىزخان ئۆزىگە بەرگەن تاماقنى بۆلۈپ بېرەتتى ۋە ئۇلارغا بوتقا پىشۇرۇپ بېرەتتى .

## تۆتىنچى باب

# موڭغۇللار ئەسلىي ئوردىسىغا[1] قايتىشتى

چىڭگىزخان قارارگاھنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىدە قوشۇنغا سەمەرقەندتىن سەيھۇن بويىغا قاراپ يۈرۈشنى بۇيرۇغاندا، ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن شاھ مۇھەممەدنىڭ ئانىسى تۇركەن خاتۇن، شاھنىڭ ئىلگىرىكى ھەرەملىرى ۋە باشقا مەشھۇر ئەسىر ئاياللار موڭغۇللار ئۆتىدىغان يولنىڭ چېتىگە تىزىلدى. چېرىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ بولغۇچە، خارەزىم ئېلىنىڭ ھالاك بولغانلىقى توغرىسىدا ۋارقىراپ ناخشا ئېيتىپ يىغلاپ تۇرۇشتى.

قوي يىلى (1223 ـ يىلى) نىڭ باشلىرىدا، چىڭگىزخاننىڭ قارارگاھى سەيھۇن دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدا ئىدى. بۇ يەرگە چىڭگىزخاننىڭ چاقىرىشى بىلەن، قۇرۇلتايغا قەيسەر ۋە بويسۇنمايدىغان چوڭ ئوغلى جۇچىدىن باشقا، چاغاتاي، ئۆگەتەي ۋە تولۇيلار كەلدى. ئوغۇللىرى، خانلار ۋە ئەڭ چوڭ سەركەردىلىرى بىلەن چىڭگىزخان ئون ئۈچ يىل ئىچىدە تا ئەڭ ئاخىرقى دېڭىزغىچە پۈتۈن كۇنپېتىشتىكى ئەللەرنى بېسىۋېلىش پىلانىنى مۇھاكىمە قىلدى.

چىڭگىزخاننىڭ چېدىرى خەلق تاشلاپ قېچىپ كەتكەن باغلار

---

① ئەسلىي ئوردىسى — موڭغۇللار چىڭگىزخاننىڭ يېقىن تۇغقانلىرى ياشىغان ئونون بىلەن كېرۇلەن دەريالىرى ئېقىنىدىكى موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى.

ئارىسىغا جايلاشقاندى . بۇ يەرگە يېقىندىكى تاغلاردىن پادا بولۇپ
ياۋا چوشقىلار چۈشەتتى ، چىڭگىزخان بولسا ئاتلىق يۈرۈپ نەيزە
ۋە ئوقلىرى بىلەن ئۇلارنى ئوۋ قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى .
بىر كۈنى ، ئۇ ياۋا چوشقىلارنى قوغلاپ كېتىۋاتقىنىدا ئېتى
پۈتلىشىپ كەتتى . قاغان يىقىلدى ، ئات كېتىپ قالدى . يوغان بىر
قاۋان ئالدىدا قىمىر قىلماي ياتقان چىڭگىزخانغا بىرئاز قاراپ
تۇردى - دە ، كېيىن ئاستا مېڭىپ قومۇشلۇققا كىرىپ كەتتى .
باشقا ئوۋچىلار يېتىپ كېلىشتى ۋە ئاتنى تۇتۇپ كېلىشتى . قاغان
ئاتنى توختىتىپ ، چېدىرغا قايتتى . كېيىن ختاي دانىشمىنى
چاڭچۈن ھەقزاتنى چاقىرتىپ كېلىپ ، ئۇنىڭدىن ياۋا چوشقا ئالدىدا
يىقىلغىنىم خۇدانىڭ بۇيرۇقىدىن بولمىدىمىكىن ؟ دەپ سورىدى .
چاڭچۈن ھەقزات مۇنداق دېدى :
— ھەر قايسىمىز جېنىمىزدىن ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەك .
ئۇلۇغ قاغانىمىزنىڭ يېشى خېلىغا بېرىپ قالغان ، ئوۋغا كەمرەك
چىقىشلىرى كېرەك . لايدا ياتقان «پۈتۈن ئالەمنى تىترەتكۈچى»
گە ئېپىلاس قاۋاننىڭ تەگمەسلىكى خۇدانىڭ قوللىغانلىقىدىن
ئىشارەتتۇر .
— ئوۋ قىلماسلىقىم كېرەكمۇ ؟ ياق ، بۇ مەسلىھەتكە كۆنمەي-
مەن ! — دەپ جاۋاب بەردى چىڭگىزخان ، — بىز موڭغۇللار
كىچىكىمىزدىن ئات مىنىپ ئوۋ ئوۋلاشقا ئۆگەنگەن ، ھەتتا بوۋايلا-
رىمۇ بۇ ئادەتتىن ۋاز كېچەلمەيدۇ . لېكىن ، مەسلىھەتىڭنى كۆڭ-
لۈمدە ساقلايمەن .
چىڭگىزخان چاڭچۈن ھەقزاتنى تارتۇقلىماقچى بولۇپ ، سې-
غىن سېيىر بىلەن بىللە خىللانغان يىلقىلارنى ھەيدەپ كېلىشنى
بۇيرۇدى . ئەمما ، دانىشمەن بۇ سوۋغىنى قوبۇل قىلمىدى ۋە ئۆزى-
نىڭ ختاي تاغلىرىغا ئادەتتىكى پوچتا ھارۋىسىدا قايتىپ كەتمەك-
چى بولغانلىقىنى بىلدۈردى .
دانىشمەن قاغان بىلەن خوشلىشىپ ، ئۆزىنىڭ يىگىرمە شا-
گىرتى ۋە قورallıq ئادەملىرى بىلەن يولغا چىقتى . چىڭگىزخاننىڭ

ئىنانچلىرى كوزىلاردا مۇسەللەس ، سېۋەتلەردە ئەڭ ياخشى مېۋى-
لەرنى ئېلىپ چىقىشىپ ، قېرى تېۋىپنى ئۆزىتىپ قويۇشتى ، ئۇ-
نىڭ بىلەن خوشلىشىۋاتقان چاغدا ھەممە يىغلاشتى .
مايمۇن يىلى (1224 ـ يىلى ) چىڭگىزخان قوشۇننى قايتۇ-
رۇپ موڭغۇل دالىلىرىغا ئېلىپ كەتتى .
ناھايىتى كۆپ ئولجىلارغا ئىگە بولغان چىڭگىزخاننىڭ قوشۇنى
خوددى پۈتۈن باشلىق بىر كالىنى يەپ ، قورسىقىنى ئاران سۆرەپ ،
ئۆۋىسىغا كېتىپ بارغان قېرى يولۋاسقا ئوخشايتتى ، ھەر بىر
چېرىك بىر نەچچىدىن ئات ، تۆگە ۋە ئۆكۈزلەرگە مال ئارتىۋالغاندى-
دى . قوشۇننىڭ كەينىدىن قوي پادىلىرى ، مۇسۇلمانلاردىن تارتى-
ۋېلىنغان كىيىم ـ كېچەك ، گىلەم ، يـاراغ ـ جابدۇق ، مىس
قاچا ـ تاۋاق ۋە باشقا نەرسىلەر بېسىلغان هارۋىلار كېتىپ باراتتى .
ئاتلاردا ، تۆگىلەردە ، ھارۋىلاردا موڭغۇل ۋە ھەر خىل قەبىلىلەر-
دىن بولغان خوتۇن ۋە بالىلار كېتىپ بېرىشاتتى ، ئۇلارنىڭ كەينى-
دىن سان ـ ساناقسىز ئاچ ـ يالىڭاچ ، يالاڭ ئاياغ ئەسىرلەر
مېڭىشاتتى .
چوڭ كارۋان ئالدىرىماي ھەرىكەتلىنەتتى ، ئەپلىك ئوتلاقلارغا
كەلگەندە توختايتتى ، شۇنىڭ ئۈچۈن قوشۇن قىش ۋە يازنى يولدا
ئۆتكۈزدى . ئۇلار ئارقىلىرىدا مەركىزىي ئاسىيانىڭ سۇسىز تاشلىق
دالىسىدىن ئۆتكەن يوللارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا چىدالماستىن ئۆل-
گەن ئاتلار ، ئۆكۈزلەر ۋە ئەسىرلەرنىڭ جەسەتلىرىدىن ئۇزۇن ـ
ئۇزۇن ئىز قالدۇرۇپ مېڭىشاتتى .
باھاردا چىڭگىزخان كەرۇلەن دەرياسى بويىدىكى يايلىقىغا
كەلدى ۋە سېرىق چېدىرىنى بوقا ، سوچەگۈگە تىككۈزدى . بۇ يەردە
ھەممە مەشھۇر خانلار ھەم ئۆزىنى كۆرسەتكەن سەركەردىلەرنىڭ
كېڭىشىنى چاقىردى ، شۇ كەمگىچە ھېچبىر دالا ھاياتىدا كۆرۈلمە-
گەن چوڭ زىياپەت بەردى . شۇ زىياپەتتىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن
كېيىن ، چىڭگىزخاننىڭ ياش خوتۇنى قۇلان خاتۇن ۋاپات بولدى ،
ئۇنىڭ ئۇلۇسىگە قاغاننىڭ ئىنىلىرى ئەيىبدار ، دېگەن مىش ـ مىش

سۆزلەر پەيدا بولغانىدى. راستمۇ ـ يالغانمۇ، كىم بىلسۇن.
كېيىنكى توخۇ يىلى (1225 ـ يىلى) دا، چىڭگىزخان ئۆزى-نىڭ تۇغۇلغان يايلوسىدا قالدى ۋە موڭغۇل خەلقىنى «پاراسەت ۋە پاراغەت» كە باشلاپ، «ياساق» («پەرمانلار») ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ۋەسىيەتنامىسىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتالدى[1].

[1] بۇ ۋەسىيەتنامىدىن ناھايىتى ئاز پارچىلارلا ساقلانغان.

## بەشىنچى باب

# چىڭگىزخان ئۇرۇش سەپىرىدە ئۆلۈشنى قارار قىلدى

بويسۇنماس تاڭغۇت پادىشاھلىقىنىڭ يەنە قوزغىلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، چىڭگىزخان تەشۋىشكە چۈشتى. ئۇلۇغ خان ئۇلارنىڭ پادىشاھى بۇرھاننى جازالاش توغرىسىدىكى ئەھدىنى ئۇنتۇمىغانىدى. چىڭگىزخان ئۇرۇش سەپىرىگە تەييارلىق كۆرۈپ، ئوغۇللىرىغا ئادەم ئەۋەتكۈزدى ۋە قوشۇنغا ئۆزى باش بولۇپ بېرىشنى مەلۇم قىلدى.

ئاچچىقى يامان، ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرىدىغان چوڭ ئوغلى جوچىدىن باشقا ئۈچ ئوغلى يېتىپ كەلدى.

ئۆزىنىڭ ئاكىسى جوچى بىلەن ھەر دائىم ئۆچلىشىپ يۈرگەن ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمرانى چاغاتاي، يەنى قاغاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئائىلىۋى ئولتۇرۇش ۋاقتىدا:

— جوچى ئۆزىنىڭ ئەسلىي ئۇلۇسىغا قارىغاندا، قىپچاقلا يۇرتىنى كۆپرەك ياخشى كۆرىدۇ، ئۇ خارەزمدە موڭغۇللارنى بىرەر قىپچاققا قول تەگكۈزۈشكىمۇ يول قويمايدۇ. جوچى ھېچبىر تەپ تارتماستىن، ئۇياتسىزلارچە: «قېرى چىڭگىز ئەقلىدىن ئازدى، ئۇ نۇرغۇنلىغان ئەللەرنى ۋەيران قىلماقتا ۋە كۆپلىگەن خەلقلەرنى ئايىماي ئۆلتۈرمەكتە» دېگەن سۆزلەرنى سۆزلىدى. جوچى ئوۋغا چىققان ۋاقتىدا ئاتىمىزنى ئۆلتۈرۈش بىلەن موڭغۇلنىڭ ئەسلىي ئوردىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇسۇلمانلار بىلەن دوستلۇق ئىتتىپاقى تۈزمەكچى بولدى، — دەپ ئېيتتى.

بۇنى ئاڭلىغان چىڭگىزخان قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۆكسى ئوتچىگىن بىلەن ئىنىلىرىنى «جوچى دەررۇ مېنىڭ ھوزۇرۇمغا كەلسۇن» دېگەن پەرمان بىلەن خارەزمگە ئەۋەتتى. چىڭگىزخان ئوتچىگىننىڭ قولىغا پىچىرلاپ: «ناۋادا جوچى كېلىشكە ئۇنىمىسا، خارەزمدە قالىدىغان بولسا، ھېچبىر ئاياپ ئولتۇرماستىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرگىن!» دېدى.

جوچى ئاتىسىغا جاۋاب مەكتۇپى يېزىپ، ئاغرىق سەۋەبىدىن بارالماي، قىپچاق داللىرىدا قېلىشنى بىلدۈردى. ئەمما، چىڭگىزخانغا ساداقەتلىك كىشىلەر: جوچى خان ئاغرىق ئەمەس، ساپساق، پات - پات ئوۋغا چىقىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلۇغ قاغاننىڭ مەخپىي بۇيرۇقىنى ئورۇنلاش مەقسىتىدە جوچى خان ھوزۇرىدا قالدۇق، دەپ مەكتۇپ يازدى.

چاغاتاي ئۇلۇسىنى ئىدارە قىلماق ئۈچۈن سەمەرقەندكە قايتتى، چىڭگىزخان بولسا ئەزىز پەرزەنتلىرى ئۆگەتەي ۋە تولۇي بىلەن ئىت يىلى (1226 - يىلى)نىڭ بېشىدا تاڭغۇت ئېلىگە قارشى قوشۇن تارتىپ ئونغوندالان قودۇقا يېتىپ كەلدى. ئۇ بۇ يەردە يامان چۈش كۆردى ۋە ئەجىلىم يېقىنلىشىپ قالغانغا ئوخشايدۇ، دەپ سۆزلەشكە باشلىدى. باشقا قوشۇندا بولغان ئوغۇللىرىنى چاقىرتىپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكۈزدى.

ئۆگەتەي بىلەن تولۇي ئەتىسىگە تاڭ ۋاقتىدا يېتىپ كەلدى. بۇلارغا داستىخان تارتىپ، نازۇنېمەتلەردىن يەپ تويغاندىن كېيىن، چىڭگىزخان چېدىردىكى يات ئۇرۇقتىكىلەرگە:

— مەن ئوغۇللىرىم بىلەن مەخپىي كېڭەش قىلىپ، ئىشلىرىمىز توغرىسىدا تەنھا سۆزلىشىۋالماقچىمەن، سىلەرگە ھازىرچە رۇخسەت، — دېدى.

خانلار ۋە يات ئۇرۇقتىكىلەر ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، چىڭگىزخان ئوغۇللىرىنى يېنىغا ئولتۇرغۇزدى. ئاۋۋال ئۇلارغا ئىرىكچىلىك قىلىش ۋە ئەلنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەر بەردى، كېيىن بۇنداق دېدى:

— بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يادىڭلاردا مەھكەم تۇتۇڭلار ، ئوغۇللىرىم ! مەن بۇنى ئەڭ ئاخىرقى سەپىرىم بولىدۇ ، دەپ كۈتمىگەنىدىم . ئوغۇللىرىم ، موڭغۇللارنىڭ ھامىيسى بولغان ئۇرۇش ئىلاھى سۇلدەرنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن ، مەن سىلەر ئۈچۈن شۇنداق پايانسىز ئەللەرنى بېسىۋالدىم ، ئۇنىڭ كىندىكىدىن تۆت ئەتراپىدىكى ئەللەرنىڭ ھەر بىرىگە بىر يىلدا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ . ئەمدى ئەڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتىم مۇنۇ : «دۈشمىنىڭلارنى ھەر دائىم قىرىڭلار ، دوستلىرىڭلارنى ئاسمانغا كۆتۈرۈڭلار » ، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ ، بىر كىشىدەك ھەرىكەت قىلىڭلار . شۇ چاغدىلا ھۇزۇر ـ ھالاۋەت بىلەن ھايات كەچۈرۈپ ئۆز پادشاھلىقىڭلارنىڭ راھىتىنى كۆرىسىلەر . ئىلگىرىكى پەرمانىمغا مۇۋاپىق ، ئۆز ئورنۇمغا ئوغلۇم ئۆگەتەينى قالدۇرىمەن . مېنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۇلۇغ قاغان دەپ ئېلان قىلىنىشى ۋە ئاق كىگىزگە سېلىپ كۆتۈرۈپ ھۆرمەتلىنىشى لازىم . پۈتۈن ئەلگە ۋە موڭغۇل خەلقىگە باش بولۇپ ، دەھشەتلىك ۋە قاتتىق تۇرۇڭلار . مەن ئۆلگەنىمدىن كېيىن «ياساق» لىرىمنى بۇزۇشقا ياكى ئۆزگەرتىشكە ئەسلا يول قويماڭلار . ئىسىت ، بۇ يەردە ئوغۇللىرىم جۇچى بىلەن چاغاتاي يوق . بۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ ئەپسۇسلىنىمەن ! مەن ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇلار مېنىڭ ئىرادەمنى بۇزۇپ ، ئۆزئارا دۈشمەن بولمىسۇن ، ھالاكەتلىك ئىختىلاپ ئۇلارنىڭ پادشاھلىقىدا ياشىمىسۇن ! ۋەھالەنكى ، ھەممە ئۆز ئۆيىدە ئۆلۈشنى خالىسىمۇ ، ئۆزۈمنىڭ سەركەردىلىك نامىمنى ئاخىرىغىچە راۋا تاپقۇزۇش ئۈچۈن ، كېيىنكى ئۇرۇش سەپىرىگە كېتىمەن . سىلەرگە كېتىشكە رۇخسەت .

شۇنىڭدىن كېيىن ، چىڭگىزخان قوشۇنى بىلەن يولغا راۋان بولدى . قاغانىنىڭ يولدا ئۇچرىغان قەبىلىلەر ۋە شەھەرلەرنىڭ ھۆكۈمدارلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇنىڭغا بويسۇندۇغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى . خانلاردىن بىرى بىر پەتنۇس يىرىك مەرۋايىت ئېلىپ چىقىپ : «بىز تەسلىم بولىمىز !» دېدى . ئەمما ،

ئۇلۇغ قاغان ئۆمرى توگەپ قالغىنىنى ھېس قىلىپ، مەرۋايىتقا ئىلتىپات قىلمىدى ۋە دالىدا قوشۇنلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا چېچىپ تاشلاشنى ئەمر قىلدى. چېرىكلەر ئۇنى تېرىۋېلىشتى، مەرۋايىتلار-نىڭ كۆپى توپىنىڭ تېگىدە قالدى، ئادەملەر بۇنى كېيىنرەك ئىزدەپ تاپتى.

تەشۋىش ۋە غەم ئىچىدە قالغان چىڭگىزخان:

— ھازىر ھەر كۈنى كۈنۈم مەرۋايىت تولغان پەتنۇستىنمۇ قىممەت، — دېدى.

شۇ چاغدا تاڭغۇت پادىشاھى چىڭگىزخانغا ئەلچى ئەۋەتتى، چىڭگىزخان ئۇلارنى قوبۇل قىلمىدى. تاڭغۇت ئەلچىلىرى قاغان-نىڭ ئۇلۇغ مەسلىھەتچىسى يوللىغ چۇسەيگە شۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ پادىشاھىمىز ئۇلۇغ قاغانغا قارشى نۇرغۇن قېتىم قوزغىلىپ چىقتى، شۇنىڭدىن كېيىن موڭغۇللار ھەر يىلى بىزنىڭ يۇرتىمىزغا بېسىپ كىرگەنلىرىدە خەلقلەرنى ئۆلتۈرۈپ، شەھەر-لەرنى ۋەيران قىلىشتى، قارشى تۇرۇشتىن پايدا چىقمىدى. بىز چىڭگىزخاننىڭ خىزمىتىگە كەلدۇق. سۇلھى قىلىپ، توختام تۈ-زۈشۈشنى ۋە ئۆزئارا قەسەم قىلىشنى تەكلىپ قىلىمىز.

يوللىغ چۇسەي ئەلچىلەرگە:

— ئۇلۇغ قاغانىمىزنىڭ تاۋى يوق، شىپا تاپقۇچە تاڭغۇت شاھى ساقلاپ تۇرسۇن، — دېدى.

چىڭگىزخاننىڭ ئاغرىقى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىۋەردى، ئۇ ئۆمرى توگەپ قالغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ، شۇنداق دەپ بۇيرۇدى:

— مەن ئۆلگەندە زادى ھېچكىمگە بىلدۇرمەڭلار، يىغلاپ ئاھ ـ زار قىلماڭلار، دۈشمەنلەر خەۋەردار بولۇپ، خۇشال بولۇشـ مىسۇن. تاڭغۇت شاھى ئاھالىلىرى بىلەن سېپىل دەرۋازىسىدىن سوۋغاتلارنى ئېلىپ چىقىشىغا، سىلەر ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىڭلار ۋە قىرىپ تاشلاڭلار!

ئۇلۇغ قاغان توققۇز قەۋەت ئاق كىگىز ئۈستىدە ياتاتتى، بېشىنىڭ تېگىدە ئاشلانغان بۇغا تېرىسى قاپلانغان ياستۇق، ئاياغ

ئاستىغا قارا سۆسەر تېرىسى سېلىنغانىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن ۋە ئورۇقلىغان گەۋدىسى ھەددىدىن تاشقىرى ئېغىرلىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى، دۇنيانى تىترەتكەن بۇ بەدەنگە ئەمدى قىمىرلاش ياكى ئېغىرلىشىپ كەتكەن بېشىنى كۆتۈرۈشمۇ تەس ئىدى.

ئۇ يانپاشلاپ ياتاتتى، ھەر بىر دەم ئالغىنىدا تۇلۇم چاشقاننىڭ چىرىلدىشىدەك ئىنچىكە ئاۋاز ئاڭلىناتتى، تۇلۇم چاشقاننىڭ قەير-دىلىكىنى خېلى ۋاقىتقىچە بىلەلمىدى. ئاخىرىدا، تۇلۇم چاشقانمۇ جىم بولۇپ قالاتتى. بۇ تۇلۇم چاشقان ئۇنىڭ كېسىلى ئىدى.

ئوڭدىسىغا ياتقىنىدا، ئۇنىڭ كۆزى تۈڭلۈككە چۈشتى. يۇقى-رىدا بۇلۇتلار ئاستا ئۈزەتتى، خېلى يۇقىرىدا تۇرنىلار ئۇچۇۋاتقىنى-نى كۆرۈپ قالدى. يىراق - يىراقلاردىن تۇرنىلارنىڭ يىراقلارغا، يېڭى ۋە كۆز كۆرمىگەن تەرەپلەرگە قاراپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

قاغان ئاخىرقى دېڭىزغىچە بارماقچى بولغىنىنى ئەسلىدى. بىراق، ئۇ ھىندىستان چېگرىسىدىلا ئىسسىققا چىداشلىق بېرەلمە-دى، پۈتۈن بەدىنىگە ئىسسىقلىق تاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، قو-شۇنىنى سالقىن موڭغۇل داللىرىغا يولغا سالغانىدى.

ئەمدى كۈچسىزلىنىپ، بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغان چىڭگىز-خان تاڭغۇت ۋادىسىنىڭ سوغۇقلىرىدا، ئەتىگەنلىكى ئاپقۇردىكى سۇ مۇزلاپ قالىدىغان سۈسۈن رەڭ تاغلار ئارىسىدا ھالىدىن كەتتى. ھەر دەقىقىدە چىڭگىزخاننىڭ ھالى ئېغىرلىشىۋەردى، تېۋىپلار يېسە شىپا تېپىپ، ئاتقا مىنىپ داللاردا ئۇزۇن مۇڭگۈزلۈك بۇغىلارنى ياكى سېرىق شاش قۇلانلارنى ئارقىسىدىن قوغلاشقا يار-دەم بېرىدىغان گىياھلار تېپىلمىدى، دەپ مۇغەمبەرلىك قىلىشتى ياكى بۇنى تېپىش قوللىرىدىن كەلمىدى. قۇلان دېمەكچى، راست، گۈزەل ۋە ئۇز سۆزلۈك قۇلان خاتۇن نەدە قالدى؟ ئۇمۇ ئەمدى يوق! شۇنداق ئىكەن، بەس. خىتاي دانىشمىنىنىڭ «ئۆلمەسلىك-نىڭ ئىلاجى يوق!» دەپ ئېيتقىنى راست ئىكەن.

قاغان قورۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى قىمىرلىتىپ پىچىرلىدى:

— كۆپكۆك موڭغۇل دالىلىرىدىكى قانچىلىغان خەلقلەرنى
چاڭگىلىغا يىغقان ۋاقىتتىكىدەك ئازاب چەككەن ئەمەسمەن، ئەنە
شۇ چاغلاردا تولىمۇ قىينالغانىدىم. شۇنداق ئېغىر بولغانكى، ئاتـ
نىڭ ئۇلاڭلىرى سوزۇلۇپ، تۆمۈر ئۈزەڭگىلەر ئۈزۈلۈپ كەتكەنىـ
دى ... ئەمدى تارتىۋاتقان ئازاب ـ ئوقۇبىتىمنىڭ چېكى يوق!
قېرىلىرىمىز «تاشنىڭ تېرىسى بولماس، ئادەم مەڭگۈ ياشىماس»①
دەپ توغرا ئېيتقانىكەن.

چىڭگىزخان ناھايىتى تىنچسىزلىق بىلەن ئۇخلىدى. تۈلۈم
چاشقان بولسا بارغانسېرى قاتتىقراق چىرىلدايتتى، بېقىنى سانـ
جىيتتى، دېمى سىقىلاتتى.

قاغان ئويغانغاندا ئۇنىڭ يېنىدا تىز چۆكۈپ، چىڭگىزخاننىڭ
ئۆزىگە ئوخشاش ئورۇقىنا ۋە قاتما يوللىغ چۇسەي ئولتۇراتتى.
بۇ دانىشمەن كېڭەشچى ئاغرىقتىن زادىلا كۆز ئۈزمەيتتى.

— نېمە ... ياخشىلىق، نېمە ... يامانلىق، — دەپ سورىدى
قاغان.

— بۇخارا تەرەپتىن تىلماچىڭىز مەھمۇد يالۋاچ كەلدى. ئۇ
يەردە ...

قاغان ئاچچىق بىلەن قولىنى سىلكىدى، يوللىغ چۇسەي جىـ
مىپ قالدى.

— مەن سېنىڭدىن ئۆمرىمدە مەن ... نېمە ياخشىلىق ... ، نېمە
يامانلىق قىلدىم؟ ... دەپ سوراۋاتىمەن، — دېدى چىڭگىزخان
پىچىرلاپ.

يوللىغ چۇسەي ئويلىنىپ قالدى. ئۆلۈم ئالدىدا ياتقان كىشىگە
نېمە دەپ جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك؟ بىردەمنىڭ ئىچىدە يۈزلەپ
مەنزىرىلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى ... ئۇ قان ۋە
كۆز ياشلىرىغا بويالغان دەريالار كېسىپ ئۆتكەن ئاسىيانىڭ يېشىل
يايلاقلىرى ۋە تاغلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلدى ... خاراب ھالغا كەلتۈـ
رۈلگەن شەھەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ قورۇم باسقان تاملىرى تېگىدە

---

① «موڭغۇل يىلنامىسى. ئالتۇن تونچى»دىن

قىرىلار، بالىلار، ئاجايىپ يىگىتلەرنىڭ چىپىلىپ تاشلانغان، ئىششىپ كەتكەن جەسەتلىرى دۆۋىلىنىپ ياتقانلىرى، موڭغۇللار تارمار قىلىۋاتقان شەھەرلەردىكى قاتتىق قىيا - چىيالار ھەممە موڭغۇللار ئاھ - ئۇھ قىلىۋاتقان خەلقنى ئورغاندا، ئۇلارنىڭ: «ياساق شۇنداق ئەمر قىلىدى! چىڭگىزخان شۇنداق ئەمر قىلدى!» دېگەن ئۇنتۇلماس ۋارقىراشلىرى يادىغا كەلدى.

ئۆلۈكلەردىن كەلگەن يامان پۇراقلار ئامان قالغان ھەممە كىشىلەرنى خارابىلىكلەردىن قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇلار پاتقاقلىقلاردا، كەپىلەردە ياشىدى، ھەر بىر مىنۇتتا موڭغۇللارنىڭ ۋە ئۇزلىرىنى ئازاب - ئوقۇبەتلىك قۇللۇققا سالىدىغان سىرتماقنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتەتتى... قىزىق بىر مەنزىرە كۆزنى چاقچۇدەك قىلىپ پارقىراپ كەتتى. خاراب سەمەرقەندنىڭ تېمىغا يېقىن جايدا ئۇزۇن ئاياغلىرىنى داردايتىپ يوغان ئورۇق تۆگە ئېغىناپ ياتاتتى، ئۇنىڭ ئالايغان كۆزلىرىدە تېخىچە ھايات ئۇچقۇنلىرى پىلىلداپ تۇراتتى. ئاچلىقتىن كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بىر نەچچە كىشى جەينىكىگىچە قانغا بويالغان قوللىرى بىلەن بىر - بىرلىرىنى تۇرتۇشۇپ، ئۆلتۈرۈلگەن تۆگىنىڭ ئۇچەي - قېرىنلىرىنى يۇلۇۋېلىپ، ئالدىراپ يېيىشمەكتە ئىدى...

«دۇنيانى لەرزىگە سالغان» كىشىمۇ غىڭ قىلماستىن يېتىپتۇ، ئۇ ئۇزۇن قورۇق سۆڭەك پۇتلىرى ۋە قورۇپ قالغان قوللىرى بىلەن مانا شۇ تۆگىگە ئوخشايتتى، ئۇنىڭ يېرىم ئوچۇق كۆزلىرىدىمۇ شۇنداق ئۆلۈم دەھشىتى ئەكس ئېتەتتى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئەتراپىدىمۇ بىر - بىرلىرىنى نوقۇشۇپ، بۈيۈك قانخور مىراسىدىن بىرەر نەرسە يۇلۇۋېلىش مەقسىتىدىكى مىراسچىلار توپلىنىپ قالغانىدى.

— قانداقچە سەن... خاتىرىلىيەلمەي... تۇرسەن؟... سۆزلە!

يوللىغ چۇسەي شىۋىرلاپ سۆزلىدى:

— سەن ئۆز ئۆمرۈڭدە ئۇلۇغ، دۇنيانى لەرزىگە سالغۇچى نۇرغۇن ۋە دەھشەتلىك ئىشلارنى قىلدىڭ، سېنىڭ ئورۇش سەپەر-

لىرىنىڭ، ئىشلىرىنىڭ ۋە سۆزلىرىنىڭ توغرىسىدا كىتاب يازغان كىشىلا، ئۇلارنى ھەققانىي يوسۇندا بىرمۇبىر ئېيتىپ بېرىشى مۇمكىن.

— شۇ نەرسىلەردىن خەۋەردار كىشىلەر چاقىرىلسۇن... بۇيرۇيمەن... ئۇلار مېنىڭ... ئۇرۇش سەپىرىم... ئىشلىرىم... ۋە سۆزلىرىم... توغرىسىدا قىسسىلەرنى يازسۇن...

— ماقۇل، ياخشى بولىدۇ، ئورۇنلايمىز[1].

ئۆينىڭ ئىچى جىمجىتلىققا چۆكتى. گۈلخان بەزىدە تۇتۇشۇپ قالاتتى ياكى يۇقىرىدىن كىرگەن شامال يېنىۋاتقان قورۇق ئوتۇنلارنىڭ كۆپكۆك ئىسىنى بۇرۇقستاتتى.

يەنە پىچىرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى:

— مەن قىلغان ئىشلاردىن... ياخشىسى... قايسى زادى؟

يوللىغ چۇسەي سەكراتتا ياتقان چىڭگىزخاننى بەزلىمەكچى بولدى:

— سىزنىڭ قىلغان ئىشىڭىزدىن ئەڭ ياخشىسى «ياساق» دۇر. مانا شۇ ياساققا ھۆرمەت بىلەن ئەمەل قىلىپ، سىزنىڭ ئەۋلادلىرىڭىز ئالەمنى ئون مىڭ يىل ئىدارە[2] قىلىشىدۇ.

— ھەق! شۇ چاغدا... ھەممە ياقنى... قەبرىستان... جىمجىتلىق باساتتى... ئادەمسىز داللاردا... قويۇق ئوتلار ئۆسۈپ چىقاتتى... قەبرىلەرنىڭ... تۇپىلىرى... ئارىلىرىدا... يالغۇزلا موڭغۇل ئاتلىرى يايراپ ئوتلايتتى...

قاغان بىرئاز جىمىپ، يەنە:

---

① چىڭگىزخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، كۆرگەن - بىلگەنلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئاساسلىنىپ، ئۇنىڭ ھاياتى ۋە يۈرۈشلىرى توغرىسىدا موڭغۇل، خەنزۇ ۋە پارس تىللىرىدا رەسمىي يىلنامە يېزىپ چىقىلغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى چىڭگىزخاننى ۋە موڭغۇللار قىرغىنىنى ماختاشتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەقىقىي ھالنى بۇزۇپ كۆرسىتىدۇ. پەقەت شۇ زاماندىكى ئىران ساراي يىلنامىچىسى رەشىددىن، ئەرەب يىلنامىسى ئىبنول ئەسىر ۋە يەنە بىر نەچچىسىلا ھەقىقەتنى يازغان.

② موڭغۇللار ئۆزلىرى بېسىۋالغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن 141 - يىلدىن كېيىن (1368 - يىلى) ھەيدەلدى ۋە چىڭگىزخان ئۆلۈمى (1227 - يىلى) دىن 153 يىل كېيىن (1380 - يىلدا) كۇلىكوف مەيدانىدا مىجىقلىنىپ تاشلاندى.

— ياۋايى ... ئاتلارمۇ ...— دەپ قوشۇپ قويدى . چېكىلىرى پېتىپ كەتكەن چىڭگىزخان بۇرۇنلىرىنى چوقچايتىپ ، كۆزىنى يۇمغان هالدا ئۇنچىقماي ياتاتتى .

مەهمۇد يالۋاچ ، خىتاي تېۋىپى ۋە كۆك شامان جىمجىتلىق بىلەن چېدىرغا كىرىپ كېلىشتى . ئۇلار قاغاننىڭ ئايىغى ئالدىدا تىز چۆكۈپ ، ئۇنىڭ ئويغىنىپ سۆزلىشىنى كۈتۈپ جىم تۇرۇشتى . قاغان كۆزىنى ئاچقانىدى ، مەهمۇد يالۋاچقا كۆزى چۈشتى .

— ئوغلۇم ... چاغاتاي ... كۈنپېتىشتىكى يەرلەرنى ... قانداق ئىدارە قىلماقتا ؟

قىزىل تون كىيىپ ، ئاق سەللە ئورىۋالغان مەهمۇد يالۋاچ قوللىرىنى قوشتۇرۇپ ، قورسىقىغا قويغىنىچە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى .

— سىزنىڭ شەۋكەتلىك ئوغلىڭىز چاغاتاي خان ، هەممە موڭغۇل پالۋانلىرى ۋە سەيهۇن بىلەن زەراپشان بويلىرىدىكى قول ئاستىدا بولغان هەممە تەۋە خەلقلەر ئىتائەت ۋە ئىبادەت قىلىپ ، خۇدادىن سىزنىڭ ساقلىقىڭىزنى ۋە كۆپ يىللار هۆكۈم سۈرۈشىڭىزنى تىلىمەكتە .

— شىمال خەلقلىرىنىڭ هۆكۈمدارى ... چوڭ ئوغلۇم جۇچى خان ... قانداق ئىدارە قىلماقتا ؟

مەهمۇد يالۋاچ قولى بىلەن يۈزىنى ياپتى . موڭغۇل ئادىتىدە يېقىن كىشىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا سۆز بولسا ، مەرهۇمنىڭ نامىنى ئاتاپ سۆزلىمەيدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇنى باشقا نام بىلەن هۆرمەتلىگۈچى سۆز بىلەن ئاتاش زۆرۈر . شۇڭا ، مەهمۇد يالۋاچ سۆزنى ئۇزاقتىن باشلىدى .

— شىمال خەلقلىرىنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا سىزنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىڭىزنى ئېلىش بىلەن ، ئۇلۇغ چوڭ يۈرۈشكە تەييارلىق كۆرۈشنى بەگلەرگە ئېلان قىلدى .

— ماڭا قارشىمۇ ؟

— ياق ، ئۇلۇغ قاغانىم ! خەنجەرنىڭ بىسى كۈنپېتىشقا —

بۇلغار ، قىپچاق ، ساكسىن ۋە ئورۇسلارغا قارىتىلغانىدى . بىراق ، يورۇش قىلمىدى ، پۈتۈن چېرىكلەر ئۆز جايلىرىغا كېتىشتى . يورۇق كۈندە چاقماق چاقىغاندەك ، ھەممىنىڭ بېشىغا چوڭ بالا كەلدى !

— سەۋەب !

— خان ئائىلىسى ئۈچۈن سەھرادا چوڭ ئوۋ ئۇيۇشتۇرۇلغانىدى . بەش مىڭ نۆكەر قاتار بولۇپ قومۇشلۇقلاردىن ياۋايى چوشقىلار ، بۆرىلەر ۋە بىرنەچچە يولۋاسلارنى ھەيدەپ بېرىشتى . يەنە بەش مىڭ ئاتلىق يىراق دالىلاردىن ماللار ، جەرەنلەر ۋە ياۋايى ئاتلارنى ھەيدەپ كېلىشتى . ئوۋدىن كېيىن ، كەچقۇرۇن گۈلخانلاردا ئوت گۈلدۈرلەپ بەزمە قىزىغان چاغدا ، نۆكەرلەر ئەڭ دەھشەتلىك ئورۇشلاردىن ئامان چىققان ئادەمنى تېپىشالمىدى . ئۇنى كۆپ ئىزدەپ ، ئاخىرى تاپتى . قانداق ئەھۋالدا دەڭ ! بۇ ئادەم دالىدا يالغۇز ياتاتتى . تىرىك ، لېكىن ئۇنىڭدا بىر تامچىمۇ قان دىدارى يوق ئىدى . ھېچ سۆزلىيەلمەيتتى ، پەقەت غەزەپكە تولغان كۆزلىرى بىلەن ئەھۋالنى چۈشەنگەندەك قاراپلا ياتاتتى .

— راستىنلا ئۇ ... ئۆلۈپ قالغاندىمۇ ...

— غەلىبە شەرەپلىرىگە غەرق بولغان ، سىنىڭ ئەڭ قەدىردان ۋە ئەڭ جەسۇر باتۇرۇڭ توگەپ كەتتى ، نامەلۇم ياۋۇزلار ئۇنىڭ يۇلۇننى ئۈزۈۋېتىپتۇ .

چىڭگىزخاننىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتتى ، قولى بىلەن سۆسەر يېپىنچاقنى غىجىملىدى ۋە شىۋىرلىدى :

— ئوتچىگىن ئالدىراپتۇ ... يېتۈك باتۇر ۋە مول تەجرىبىلىك سەركەردىدىن ئايرىلىپتىمىز ... ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ھېچكىم يوق ! ھازىر خارەزمىنىڭ ھۆكۈمدارى كىم ؟

— دانىشمەن ئانىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ياش نەۋرەڭ باتۇ خان ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا . بۇ ئايال نۆكەرنى چاقىرىپ ، ئوغلى بىلەن قورغانغا چىقتى . باتۇ خان ئاتىسىنىڭ جەڭگىۋار تورۇق ئېتىنى مىنىۋالغانىدى ، قىزىپ كەتكەن بالا نۆكەرلىرىگە قاراپ ۋارقىرى-

دى : «ئالەمنىڭ تۆت تەرىپىدە غەلىبە قىلغان باتۇرلار ، تىڭشاڭلار ! قىلىچلىرىڭلار دادىلىشىپ قاپتۇ ! قارا تاشقا بىلىۋېلىڭلار ! مەن سىلەرنى ئۇلۇغ ئەتىل دەرياسىدىن ئېلىپ ئۆتۈپ ، كۆزپېتىش تەرەپكە باشلايمەن . قورقۇنچاق خەلقلەر يېرىگە دەھشەت سېلىپ ئۆتىمىز ، مەن بوۋام چىڭگىزخاننىڭ پادىشاھلىقىنى ئالەمنىڭ ئەڭ نېرىقى چېتىگىچە ئورنىتىمەن . ئاتامنى ھالاك قىلغان ياۋۇزلارنى ئىزدەپ تېپىپ ، تىرىكلىگىچە قازانغا تىقىشقىمۇ قەسەم قىلىمەن !» دېدى .

قارىيىپ ۋە قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتكەن چىڭگىزخان كۆزلىرىنى ئالاق - جالاق قىلىپ ، جەينىكىگە تىرىلىپ ئورنىدىن تۇردى - دە ، دېمى سىقىلىپ ، ئارانلا شۇنداق دېيەلىدى :

— غەلىبە مۇقەررەر بولغاندا ... ھەتتا بويۇنغا تاقاق كىيگۈزۈلگەن[1] بولسىمۇ ... ياشلىق ياخشى ... لېكىن باتۇ تېخى گۆدەك . ئۇ خاتالىشار ... ۋە ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈشىدۇ ! ئەمر قىلىمەنكى ... مېنىڭ ئەڭ ۋاپادار ... تەجرىبىلىك ئاقساق يېلپېزىم ... ئېھتىياتچان سۇبەتەي باتۇر ... باتۇنىڭ يېنىدا دائىم مەسلىھەتچى ... بولۇپ تۇرسۇن . سۇبەتەي باتۇر ئۇنى ئېھتىيات قىلسۇن ۋە ئۇرۇش قىلىشقا ئۆگەتسۇن ... باتۇ مېنىڭ غەلىبىلىرىمنى داۋام ئەتتۈرسۇن ، موڭغۇل قولى پۈتۈن ئالەمگە يەتسۇن .

چىڭگىزخان يانپاشلاپ يىقىلدى . سول كۆزى قىسىلدى ، ئوڭ كۆزى دەھشەت بىلەن چاقناپ ، ئۆلتۈرغانلارغا قارىدى .

ھەممە يەرگە قاراپ جىم بولدى ۋە شۇ چاغدا X ئەسىر شائىرى خۇسراۋنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىنى يادىغا چۈشۈرۈشتى :

زەپەرشۇناس سەركەردە ئالدىدا خامۇش ،
ئاجىز بولۇپ تۆت ئادەم ئولتۇراتتى .
بۇلار تېۋىپ ، دەرۋىش ، شامان ، مۇنەججىم ،

① چىڭگىزخان ياشلىقىدا بويىنىدا ئېغىر تاقاق بىلەن دۈشمەن يايلىقىدا ئۈچ يىل ئەسىر بولۇپ يۈرگەن .

بۇنىڭدا دورا ـ دەرمان ، دۇئايۇ كۇف ـ سۇف .
ھەمدە تەسلىم ۋە دۇربۇن ھەممە بار ئىدى ،
ئەمما ھېچكىم زەررىچە جان بېرەلمىدى .

مانا شۇ جىملىق ئىچىدە چېدىرنىڭ يېنىدا باغلاقلىق تۇرغان ئات كىشنىۋەتتى ، ھەممىسى چۆچۈپ يەنە قاغانغا قاراشتى ، قاغاننىڭ ئوڭ كۆزى نۇرسىزلىنىپ خىرە بولۇپ قالدى .

چىڭگىزخان چوڭ دۇب ياغىچىدىن ئويۇپ ياسىلىپ ، ئىچىگە ئالتۇن قاپلانغان تاۋۇتنى خېلىدىن بېرى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرەتتى . ئوغۇللىرى تاۋۇتنى كېچىسى مەخپىي سېرىق چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكىرىپ قويۇشتى . چىڭگىزخاننى ساۋۇت كىيگۈزۈپ تاۋۇتقا سالدى ، مەيدىسىگە قوۋۇشتۇرۇلغان قوللىرى ئۆتكۈر قىلىچىنىڭ دەستىسىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇراتتى . بېشىدىكى قارا مىس قالپىقىنىڭ چەتلىرى چۆكۈپ كەتكەن قەھرىلىك يۈزىگە سايە بېرىپ تۇراتتى ، تاۋۇتنىڭ ئىككى يېقىغا يا بىلەن ئوق ، پىچاق ، چاقماقتاش ۋە ئالتۇن ئايپۇر قويۇلدى .

قاغاننىڭ پەرمانىغا مۇۋاپىق سەركەردىلەر ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى يوشۇرۇپ ، تاڭغۇتلارنىڭ پايتەختىنى مۇھاسىرە قىلىش ھەرىكىتىنى داۋام قىلدۇردى . كېيىن تاڭغۇتلارنىڭ كاتتا سوۋغىلارنى كۆتۈرۈپ ، يارىشىش ئۈچۈن دەرۋازىدىن چىقىشلىرى بىلەنلا ، موڭغۇللار ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ ، ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىدى . كېيىن شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ ، ئۇنى ۋەيرانلىققا ئايلاندۇرۇۋەتتى .

موڭغۇللار چىڭگىزخاننىڭ تاۋۇتىنى بوز كىگىزگە ئوراپ ، ئون ئىككى ئۆكۈز قوشۇلغان ئىككى چاقلىق ھارۋىغا سېلىپ ئارقىغا قايتىشتى . قاغاننىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى خەلققە ۋاقتىدىن ئىلگىرى ئاشكارا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن ، باتۇرلار ئەسلىي ئوردىسىغا كەلگۈچە ، يول بويى ئۇچرىغان ئادەملەرنىمۇ ، ھايۋانلارنىمۇ ئۆلتۈرۈشتى ۋە ئۇلارغا :

— نېرىقى دۇنياغا راۋان بولۇپ ، مۇقەددەس قاغانىمىزغا جان ـ دىل بىلەن خىزمەت قىلىڭلار ! — دېيىشتى .

مەركىتلەر ، خىتايلار ، قىپچاقلار ، ئىرانلا ،گىرۇزىنلار ، ئەلەنلەر ۋە ئورۇسلارنى يېڭىپ شۆھرەت قازانغان چىڭگىزخان ۋاپاتىغا خەلق ماتەم ئۆتكۈزۈۋاتقان چاغدا ، سەركەردە جەبە نويون بۇنداق دەپ ئېلان قىلدى :

— قاچاندۇر بىر ۋاقىتتا ، «بىزنىڭ پادىشاھلىقىمىزنى قۇرغان كىشى» بۇرھان خالدۇن تېغىدا ئوۋ قىلاتتى ، تاغ يانباغرىدىكى چۆل جايدا ، ئۇ بىر قېرى دەرەخ تېگىدە دەم ئالدى . «ھازىر غايىب بولغان كىشى» گە بۇ جاي ۋە ئۇنىڭدىكى بۇلۇتقا تۇتاش بولۇپ ئۆسكەن ياغاچ دەرىخى يېقىپ قالدى . مەن ئۇنىڭ ئاغزىدىن : «بۇ جاي ياۋايى بۇغىلارنىڭ ئوتلىشى ، مىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئارام تاپىدىغان جايىم بولۇشى ئۈچۈن لايىق ، شۇ دەرەخنى ئۇنتۇماڭلار» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغانمەن .

قاغانىنىڭ سەركەردىلىرى پەرمانىغا مۇۋاپىق ، كۆرسىتىلگەن جايدىن تاغدىكى ناھايىتىمۇ ئېگىز ياغاچ دەرىخى ئۆسكەن جاينى ئىزدەپ تېپىشتى ، چىڭگىزخانىنىڭ جەسىتى سېلىنغان ساندۇق مانا شۇ دەرەخ تېگىگە قويۇلدى .

قەبرىنىڭ ئەتراپىدا ئاستا ـ ئاستا قويۇق ئورمانلىق پەيدا بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئۆتۈش ۋە قەبرىنى تېپىش تەس بولۇپ قالدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بۇ يەرگە قورۇقچى قىلىپ قويۇلغان كونا ئادەملەرمۇ قەبرىنىڭ قەيەردىلىكىنى ئېيتالمايدۇ .

# خاتىمە

## بىرىنچى باب

## بۇ يەردىن موڭغۇللار ئۆتكەن

*قارلىق تاغلار، قارلىق تاغلار،*
*قۇلمەن — كاپىر قولۇمنى باغلا.*
*زەھەر قوشتى ئېشىمغا،*
*قامچا ئۇردى بېشىمغا.*
*ھېچكىم ماڭا قىلماس شەپقەت،*
*تىترەپ قويار تاغلار پەقەت.*

(خىۋەلىك تۇتقۇننىڭ ناخشىسىدىن)

ئۇلۇغ جەيھۇن دەرياسىدىن كۆنچىقىشقا ماڭىدىغان ۋە بىر نەچچە ئەسىرلەر داۋامىدا باي كارۋانلار ئۆتۈپ تۇرغان كەڭ يولدا، موڭغۇللار قىرغىنىدىن كېيىن ھەرىكەت بىردىنلا توختىدى، يول ئۈستىگە سېلىنغان دۇكانلار ۋە كارۋان سارايلار بوشاپ قالدى. دەرۋازا ۋە ئىشىكلىرىنى چېرىكلەر بۇزۇپ تاشلىغان بۇ بىنالار كۆڭۈلسىز تۇراتتى. ئېرىقلارنى تازىلايدىغان ۋە سۇ چىقىرىدىغان ھېچكىم قالمىغانلىقى ئۈچۈن، سۇغىرىلماي قالغان چوڭ - چوڭ باغلار قۇرۇپ كەتتى.

چەت ئەلنىڭ چاپىنىنى كىيگەن، چاڭ يولدا يالغۇز ئۆزى ئات مىنىپ كېتىپ بارغان، قاپىقى سېلىنغان ياش يىگىت بىر قىسمىلا بولۇپ كۆرۈنەتتى. بۇ يولنىڭ ھەممىلا يېرىدە بۆرىلەر ئۇ جايدىن بۇجايغا سۆرىگەن ئادەم سۆڭەكلىرى ياتاتتى. قارا،

ئورۇق ئەرەب ئېتىنىڭ تاقىسىنىڭ ئاۋازى بىر تەكشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، يىگىت بولسا ئاندا ـ ساندا ئىسقىرتىپ قوياتتى.

— قانداق جىمجىت چۆل! يا ئادەم، يا تۆگە، يا ئىت يوق! — دېدى يولۇچى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — ئەتىگەندىن بېرى ئارانلا ئىككى بۆرە بۇ پايانسىز مازارغا ئوخشىغان جىمجىت دالىنىڭ خۇددى خوجايىنىدەك، يولنى كېسىپ ئۆتتى. ئەگەر ئەھۋال شۇنداق داۋام قىلسا، مېنىڭ هارماس ئېتىم ئۆز ئىگىسى بىلەن بىللە پات ئارىدا دەھشەتلىك موڭغۇل قىلىچىنىڭ ئىزى قالغان بۇ ئاقۋاش سۆڭەكلىرىنىڭ يېنىدا يېتىپ قالىدىغۇ.

ئۇدۇلدا ئادەتتىن تاشقىرى بىر قارا نېمە قىمىرلاپ كۆرۈندى، ئات قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ كىشنىدى. ئاتلىق ئۇ نەرسىگە يېقىنراق باردى، بىر نەچچە هۆرپەيگەن بۈركۈت كۆزنى قاماشتۇرىدىغان دەرىجىدە كۈننىڭ نۇرلىرى چۈشۈپ تۇرغان چوڭ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆلۈكنىڭ ئۈستىدە توپلانغانىدى.

ئاتلىق ئىسقىرتتى، بۈركۈتلەر ئېغىر قاناتلىرىنى ئاستا قېقىپ ئۇچۇشتى ۋە شۇ يەرگە يېقىن بولغان بىر دۆڭگە قوندى. يېقىنلا ئۆتكەن هارۋا ئىزلىرى ئارىسىدا، خۇددى تومۇرلىرى قاتتىق تارتىشقاندەك، بىر قىسىملا ئەهۋالدا، يىرتىق تۇركمەن كېيمىنى كىيگەن بىر قىز ياتاتتى. بۈركۈتلەر ئۇنىڭ تېخىچە گۈزەللىكىنى يوقاتمىغان يۈزىنى چوقۇلاپ تاشلىغانىدى.

— بۇمۇ موڭغۇللارنىڭ ئىشى! ئۇ بالىلارنى تۇتۇشىدۇ، كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلغانلىرىدىن كېيىن تاشلاپ كېتىشىدۇ. ئاتنى قامچىلىدى، ئات چېپىپ كەتتى. يولنىڭ بۇرۇلۇشىدا ئۇ بىر توپ موڭغۇللارغا يېتىشۋالدى. ئېگىز چاقلىرى غىچىلداپ ئىككى هارۋىغا بولغان جابدۇقلار يۈكلەنگەن هارۋىلار ئاستا ـ ئاستا ئالدىغا ماڭماقتا، هەر قايسى هارۋىدا يۈك ئۈستىدە تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن ئەركەكچە مالىخاي ۋە قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا كىيگەن موڭغۇل ئايىلى ئولتۇراتتى، هارۋىغا قوشۇلۇپ چاڭ ـ توپىغا كۆمۈلۈپ پەرۋاسىزلىق بىلەن يول بېسىۋاتقان ئۆكۈزلەرنى هەيدەپ كېتىپ باراتتى.

ھارۋىنىڭ كەينىدە قولى كەينىگە باغلانغان، قىينالغان يېرىم
يالىڭاچ ئۈچ ئەركەك ئەسىر ۋە ماغدۇرسىزلىقتىن تايتاڭلاپ كېتى-
ۋاتقان بىر ئايال بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن يوغان ۋە يۇڭلىرى
ھۇرپەيگەن ئىت تىلىنى ئېسىلدۇرۇپ ھاسىراپ يۈگۈرەيتتى. ئىك-
كى تال كىچىككىنە چاچلىرى قۇلاقلىرى ئۈستىدىن چىقىپ تۇرغان
يەتتە ياشلىق موڭغۇل بالىسى خۇددى ئاستا مېڭىۋاتقان كالىلارنى
چاپسانلىتىشقا ئالدىرىغان پادىچىغا ئوخشاش، ئەسىرلەرنى ھەيدەپ
كېتىپ باراتتى.

— ئۇراگىش، ئۇراگىش مۇئۇ (ئالغا، ئالغا ئەسكىلەر)، —
دەپ بالا ۋارقىرىدى ۋە ھەرقايسىسىنى نۆۋەتمۇنۆۋەت چاققانلىق
بىلەن ئۇراتتى. ئۇ چوڭ ئادەمدىن يېشىۋېلىپ كىيگەن پاختىلىق
چاپاننىڭ ئېتەكلىرىنى تۇرۇۋالغان، ئايىغىغا كىيگەن كەڭ ئۆتۈك-
نىڭ چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، تىزىنىڭ تېگىدىن يىپ بىلەن
مەھكەم باغلاپ قويغانىدى. بالا ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئىشنىڭ جىد-
دىيلىكىنى چۈشەنگەندەك، ھارۋىغا ئۇزۇن ئارغامچا بىلەن باغلانغ-
نى ئۈچۈنلا، نائىلاج قەدەم تاشلاپ بېرىۋاتقان خوتۇننى قىيىن-
قىستاق بىلەن ھەيدەيتتى. سېرىق كۆڭلىكىنىڭ يىرتىقىدىن ئۇنىڭ
سۆڭەكلىرى چىققان، گۆشلىرى قان ئۇيۇشقان، تىتىلىپ كەتكەن
دۈمبىسىدىن ئوچۇقلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. خوتۇن يالۋۇراتتى:

— مېنى قويۇۋېتىڭلار! مەن يەنە قايتىپ كېلىمەن! ئۇ يەردە
مېنىڭ قىزىم خەدىچە قالغان، مەن ئۇنى ئۆزۈم ئېلىپ كېلى-
مەن، — دېدى ۋە شۇ چاغدا بىر قېرى موڭغۇل بوز ئاتتا پۇرقۇر-
غان چاڭ ئارىسىدىن چىقىپ، ئۇنىڭغا:

— ساڭا يەنە قانداق قىز كېرەك؟ — دەپ ۋارقىرىدى، —
ئۆزى ئارانلا مېڭىۋاتىدۇيۇ، يەنە باشقا بىر قىرچاڭغۇنى ئېلىپ
كېلىمەن، دەپ ماختىنىدا!

ئۇ خوتۇننى قامچا بىلەن ئۇردى، خوتۇن ئالدىغا سەكرەپ
كەتتى ۋە يىقىلدى، باغلانغان ئارغامچا تارتىلىپ خوتۇننى سۆرەپ
ئېلىپ كەتتى. ھارۋا ئۈستىدىكى موڭغۇل خوتۇن ۋارقىرىدى:

— ھەي قېرى ئىت، نېمە ئانچىلا ئاچ كۆز سەن! ئاقساق

قوي بولسا كۆتۈرۈۋالارئىدىم ، قويدىن ھەر ھالدا گۆش ۋە تېرە چىقىدۇ ، بۇ ھايۋاندىن بىزگە نېمە پايدا ؟ ئۇنىڭ قىزى ئۆلۈپ بولدى ، مانا ئەمدى ئۆزىمۇ يىقىلدى . ئۆز يۇرتىمىز ، كەرۋەنىنىڭ بويىغا يېتىشىمىزغا تېخى يىراق ! خوتۇننى تاشلاپ ماڭ ! — دېدى .

— ئۆلمەيدۇ ! جېنى چىڭ ! — دېدى قېرى بوغۇلۇپ ، — بۇ ئۆلۈك ۋە بۇ ئۈچ ئەزىمەت بىزنىڭ يۇرتقا يېتىدۇ ، باشقىلار ئۆيلىرىگە يىگىرمىلەپ خىزمەتكار ھەيدەپ بارغاندا ، بىز تۆتىنى ئېلىپ بارالمايمىزمۇ ؟ ھاي ، ھايۋانلار ، چاپسانراق مېڭىڭلار ! ئۇ-راڭگىش ، ئۇراڭگىش !

موڭغۇل يەردە سۆرىلىپ بېرىۋاتقان خوتۇننى قامچا بىلەن ئۇردى ، ئارغامچا ئۈزۈلۈپ ، ئەسىر خوتۇن يولدا چۈشۈپ قالدى ، ھارۋىلار يولنى داۋام قىلدى . قېرى بوز ئېتىنى توختىتىپ ، تىلىنى تامشىدى ۋە ئاتتا كېلىۋاتقان كىشىدىن سورىدى :

— تىرىك قالامدىكىن ياكى ئۆلەمدىكىن ؟ خوتۇننى مېنىڭدىن سېتىۋالساڭ ، ئەرزەن ساتىمەن ، ئىككىلا ئالتۇن دىنار بەرسەڭ بولدى .

— كەچكىچىمۇ تىرىك قالمايدۇ ! ئىككى چاقا دەرخەم بېرى-مەن .

— مەيلى بەرگىن ! راستىنمۇ تىرىك قالمايدىغانغا ئوخشايدۇ ! ئۆلۈپ قالسا شۇ چاقىمۇ قولۇمغا تەگمەيدۇ .

موڭغۇل ئاتلىقتىن ئالغان ئىككى مىس چاقىنى قون-چىغا تىقتى - دە ، ئېتىنى يورغىلىتىپ ھارۋىسىغا يېتىۋېلىشقا ئالدىرىدى .

ئاتلىق باشقا تەرەپكە بۇرۇلدى ، كەينىگە قارىماي ، قاقاس دالىدىن ئات چاپتۇرۇپ كەتتى .

ئۇنىڭ ئالدىدا ئاپئاق خاراب بولغان جايلار ، ئۆرۈلۈپ كەتكەن كونا تاملار ۋە بىرقانچە ھەيۋەتلىك راۋاقلار گەۋدىلىنىپ تۇراتتى ، ئۇلاردىكى رەڭگارەڭ ئەرەبچە يېزىقلار ھېلىمۇ ساقلىنىپ قالغان-دى . ئىمارەتلەرنى سالغان ئۇستىلار كۆپ سەنئەت ۋە پىكىر سەرپ قىلغان ، چوڭ - چوڭ تۆت بۇرجەك خىشلاردىن ھەشەمەتلىك

سارايلار ، ھەيۋەتلىك مەدرىسىلەر ۋە مۇنارلار سالغان مىمارچىلار تېخىمۇ كۆپرەك ئەمگەك قىلىشقان ، موڭغۇللار شۇلارنىڭ ھەممە-سىنى قورۇم باسقان ۋەيرانىلىقلارغا ئايلاندۇردى .

— بىر باغ قۇرۇق بىدە بىلەن بىر نەچچە نان بولسا ئىدى ،— دەپ ئاتلىق پىچىرلىدى ، — بىز يەنە بىر كۈن يۈرۈپ ، يېشىل تاغقا يەتكەن بولاتتۇق . ئۇ يەردە ئادەممۇ ، گۈلخان يېنىدا بولىدىغان دوستلارچە سۆھبەتمۇ تېپىلاتتى .

ۋەيرانىلىققا يېقىنلاشتى . ئەنە ، شۇ ھەيۋەتلىك گۈمبەزنىڭ ئېغىر دەرۋازىسى ئۈچۈق تۇرۇپتۇ ، ئىشىكلەرگە يوغان قالپاقلىق مىخلار قېقىلىپ تۆمۈر قاپلانغان .

«تونۇش دەرۋازىلار ! بىر ۋاقىتلاردا بۇ يەردىن دەرۋىش ھاجى رەھىم ، دېھقان قۇربان قىزىقچى ۋە ياش بالا توغان ئۆتكەن . توغان ھازىر چوڭ بولۇپ قالدى ، ماھىر ئەسكەرگە ئايلاندى ، لېكىن ئىلگىرى شۇنچىلىك گۈللىگەن ئاۋات شەھەر بولغان بۇ ئاجايىپ بۇخارادا ئەمدى پاناھسىز يولۇچى ئۆزىگە يا نان ، يا ماكان تاپالمىسچۇ .»

قاپقارا دەرۋازىلار تېگىدە ئات تاقىسىنىڭ ئاۋازى جاراڭلىدى . ئۇدۇلىدا سېرىق تۇلكە كۆرۈنۈپ قالدى ، ئۇ ئەخلەت دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدىن لىپپىدە چىقىپلا غايىب بولدى .

ئات ھەرىكەتسىز ، جىمجىت شەھەر ۋەيرانىلىرى ئارىسىدىن ئاستا - ئاستا ماڭدى . مانا چوڭ مەركىزىي مەيدان ، ئىلگىرى شاۋقۇنلۇق خەلق يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ مەيداننى ھەشەمەت-لىك بىنالار ئوراپ تۇراتتى ، ھازىر مەيدان ئەخلەت بىلەن تولغان ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاتنىڭ سۆڭەكلىرى ئاقىرىپ ياتىدۇ . كۆپكۆك ئاسماندا قاناتلىرىنى يېيىپ قارا سارلار ئاستا ئۇچماقتا ئىدى .

ئات مەسچىتنىڭ تاش پەلەمپىيى ئالدىدا توختاش بىلەن پۇش-قۇرۇپ ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتتى ۋە كەينىگە داجىدى . ئالدىدا ، تار سۇپىنىڭ تۆپىسىدە ۋاراقلىرى ئۈچۈن يوغان بىر قۇرئان تۇرىدۇ ، ئۇنىڭ يامغۇردا قېتىپ پۇكلىنىپ كەتكەن ۋاراقلىرىنى شامال يەلپۈتۈپ تۇراتتى .

«موڭغۇللارنىڭ قاپقى سېلىق، قىزغۇچ ساقاللىق ھۆكۈمدا-
رى چىڭگىزخان قولغا ئايغىرغا مىنىپ، شۇ خىش پەلەمپەيلەردىن
چىقىپ مەسچىتكە كىرگەنىدى، بۇ يەردە ئۇ ياپىلاق يۈز چېرىكلە-
رىنى قورسىقى يېرىلغۇچە تويغۇزۇشنى بۇخارا قېرىلىرىغا بۇيرۇغا-
نىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەيدانغا گۈلخانلار يېقىلىپ، پۈتۈن-
پۈتۈن قويلار كاۋاپ قىلىنغانىدى، ياپىلاق تاش خىشلاردا گۈلخانلا-
رىنىڭ ئىزلىرى ھېلىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.»

توغان ئاتتىن چۈشۈپ، چاپىنىنى يەرگە سالدى ۋە قېتىپ
كەتكەن نېنىنى سۇندۇردى. ئېتىنىڭ يۈگىنىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ
چۇلۋۇرىدىن تۇتقان پېتى پەلەمپەيگە زوڭزىيىپ ئولتۇردى.

خىش، تاش دۆۋىلىرىنىڭ كەينىدە نېمىدۇر قىمىرلىدى ۋە
ماغدۇرسىزلانغان ئورۇق بىر خوتۇننىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى. ئۇ
يىرتىق كۆڭلەككە ئورالغان ھالدا قولىنى ئۇزاتتى، ئۇنىڭ يېنىپ
ۋە تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلىرى ناندىن ئۈزۈلمەيتتى.

توغان ئۇنىڭغا بىر پارچە قاتتىق نان بەردى. خوتۇن ناننى
سالماقلىق بىلەن قولىنى سوزۇپ ئالدى ۋە نېرى بېرىپ تىز
چۆكتى-دە، قاتتىق ناننى قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىگە تەگكۈزدى.
لېكىن، بىردىنلا قولىنى تۆۋەنگە چۈشۈردى ۋە ناننى پارچىلاپ،
ياپىلاق تاش خىشنىڭ ئۈستىدە ئوخشاش پارچىلاشقا باشلىدى،
كېيىن قولىدىكى نان پارچىلىرىنى يالاپ ۋارقىرىدى:

— ھەي، قوزىچاقلىرىم، بۇياققا كېلىڭلار! قورقماڭلار! بۇ
ئادەم ئۆز ئادىمىمىز، شەپقەتلىك كىشى!

تاش خىشلارنىڭ ئارىلىرىدىن ئاۋۋال بىر، كېيىن ئۈچ، چاچ-
لىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن بالىلارنىڭ باشلىرى كۆرۈندى. بالىلار
بىر-بىرلىرىنى تۇتۇشۇپ، ۋەيرانلىقلارنىڭ ئارىسىدىن ئاستا-
ئاستا مېڭىپ خوتۇن تەرەپكە كەلدى. ئاپتاپتا كۆيگەن يالىڭاچ
بالىلار ناھايىتى ياداپ كەتكەن، قورساقلىرى دومبىيىپ، ئىششىپ
كەتكەنىدى. ئارىلىقتىن يەنە ئىككى بالا كۆرۈندى، ئۇلار ئورۇنلە-
رىدىن تۇرۇشقا ئۇرۇنۇپمۇ كۆرۈشمىدى، ئىششىپ كەتكەن قور-
ساقلىرىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇشقانىدى.

خوتۇن قاتتىق نانغا قول ئۇزارتقان باللارنىڭ قولىغا ئۇردى ،
نۆۋەت بىلەن نان ئۇۋاقلىرىنى باللارنىڭ ئېغىزلىرىغا سېلىۋې-
تىپ ، شۇنداق دېدى :

— ئۇلار... قوي تېرىسىگە ئورالغان ياۋۇز ئادەملەر... بېسىپ
كېلىشتى... كىچىككىنە ئاتلىرىغا مىنىپ ، ھەممە ياقنى كەزدى ۋە
كۆزلىرىگە كۆرۈنگەنلىكى نەرسىنى بۇلاپ تالىدى... ئۇلار مېنىڭ
ئېرىمنى ئۆلتۈردى . ئۇ ئۆز ئائىلىسىنى قوغدىماقچى بولغانىدى...
ئۇلار ھەممە بالىلىرىمنى ئېلىپ كەتتى ، ئۇلارنىڭ تىرىك ياكى
ئۆلۈكلىرىنى بىلمەيمەن ! ئاتلىقلار مېنى ئارغامچىغا باغلاپ سۆ-
رەشتى ، مېنى دېدەك قىلىپ تۇتتى ۋە ھەممىسى ھاقارەتلەشتى .
بىر كۈنى كېچىسى ، مەن يوشۇرۇنۇپ قېچىپ ، بۇ يەرگە — بۇ
ۋەيران قىلىنغان يەرگە يېتىپ كەلدىم... بۇ يەردىن ئۆيۈمنى تاپال-
مىدىم ، پەقەت ئەخلەت دۆۋىلىرىنىلا كۆردۈم . كۈندۈزى بۇ يەردە
كەسلەنچۈكلەر يۈرىدۇ ، كېچىلىرى چىلبۆرىلەر ھۇۋلايدۇ ۋە پايلاي-
دۇ... شەھەرگە يېقىن جايدا ، مەن موڭغۇللار تاشلاپ كەتكەن بۇ
باللارغا يولۇقتۇم . بىز بىللە ئوزۇق ئىزدىدۇق ، ياۋا پىياز يىلتى-
زىنى قېزىپ يېدۇق... ئەمدى بۇ باللار مېنىڭكى بولۇپ قېلىش-
تى . بىز بىللە ئۆلىمىز ، ياكى بىللە تىرىك قالىمىز...

توغان خوتۇنغا قالغان - قاتقان نېنىنىمۇ بەردى - دە ، ئېتى-
نىڭ چۇلۋۇرىنى يېتىلەپ قەلئەدىن چىقىپ كەتتى .

توغان بارغانسېرى سەمەرقەندكە يېقىنلاشماقتا ئىدى . ئۇ يولدا
كارۋان ئۇچراتمىدى ، ئۇ يەر - بۇ يەردە ئېتىزلىقلاردا يېزىلىقلار
كۆرۈندى . ئىككى قېتىم موڭغۇل ئاتلىقلىرى چېپىپ ئۆتۈپ كې-
تىشكەنىدى ، بۇلارنى كۆرگەندە ئىشلەۋاتقان يېزىلىقلار ئورۇلغان
چۆپتەك يەرگە يېتىۋېلىشتى ۋە ئۆمىلەپ ئېرىقلارغا مۆكۈنۈشتى .
موڭغۇللارنى ئۇزاتقان چاڭ بۇلۇتلىرى تارقىلىپ بېسىلغاندىن كې-
يىن ، ئۇلاردىن قورقۇپ قاچقان يېزىلىقلار يەنە ئېتىزلىقلاردا پەيدا
بولۇپ ، يەرلىرىنى ھەيدەشنى داۋام قىلدۇرۇشتى .

## ئىككىنچى باب

# ئاۋات سەمەرقەند قېنى

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، توغان جىمجىت بىر تۆپىلىكتە توختىدى. بۇ تۆپىلىك زاراتگاھلىقنى ئايلانغانىدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا دەريانىڭ كۆپكۆك ۋادىسى گەۋدىلەندى. بۇ يەردە يېقىندىلا شۆھرىتى ھەممە يەرگە تارقالغان سەمەرقەندنىڭ بۇزۇلغان ۋەيرانىلىقلىرى ياتاتتى، تۈز ئۆگزىلىك زىچ سېلىنغان ئۆيلەردە ھايات يوق. ماۋەرائۇننەھرنىڭ بىر ۋاقىتلاردا ئون مىڭلاپ ماھىر مېمارچىلار ئەمگەك قىلغان سابىق پايتەختىدە ھېچقانداق ھەرىكەتتىن ئەسەر كۆرۈنمەيتتى.

بۇزۇلغان ۋە يامغۇردا ئېزىلگەن سېپىل شەھەرنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى ئوراپ تۇراتتى. بۇ يەردە كېيىنكى خارەزم شاھ مۇھەممەد ياساتقان ئېگىز مەسچىتنىڭ قورۇم باسقان، بۇزۇلغان ۋەيرانىسى ۋە ئىككى ئامان قالغان يۇمىلاق مۇنارى تۇراتتى.

توكۈر دىۋانە توغانغا يېقىن كېلىپ ئورۇق قولىنى ئۇزاتتى.

— مۇرۇۋۋەتلىك بەگ يىگىت، كەمبەغەل بىچارىگە خەير قىل! ئۇرۇشلاردا دۈشمەن ئوقىنى سېنىڭ باتۇر قەلبىڭدىن يىراق قىلسۇن!

— قېنى شەھەر؟ قېنى سۇلتان ۋە شاھلارنىڭ ئاۋات پايتەختى؟ قېنى سۆلەتلىك سودىگەرلەر ۋە خىلمۇخىل رەستىلەر؟ قېنى دۇكانلاردىكى بولقىلارنىڭ سادالىرى؟

بۇ سۆزلەرنى توغان دىۋانىگە قارىغاندا كۆپرەك ئۆزىگە قارىتىپ ئېيتتى.

— ئەمدى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يوق، — دېدى دىۋا-

نە ، — چۈنكى ، بۇ يەردىن موڭغۇللار ئۆتكەن ! ئۇلار بىرەر نەرسە قالدۇرارمىدى ؟ سەن شەھەرنىڭ قەيەرگە كەتكىنىنى سوراۋاتاما- سەن ؟ رەھىمسىز موڭغۇللار ئادەملەرنىڭ بىر قىسمىنى قىرىۋەت- تى ، بىر قىسمىنى ئۆزلىرى بىلەن يىراق دالىغا ئېلىپ كەتتى ، قالغان - قۇتقان ئاھالە تاغلارغا قېچىپ كەتتى . بۇلارنىڭ كۆپى ھالاك بولۇپ تۈگىگەندۇر...

— قاچانلارغىچە تەمتىرەپ يۈرەر ؟

— شەھەردىن چەتتە ، دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ئادەملەر ئەمدى ئانچە - مۇنچە يىغىلىشماقتا ، ئۆزلىرىگە شاخ ۋە لايدىن كەپىلەر ياسىماقتا . لېكىن ، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى دۇپۇلدەپ تۇرى- دۇ . موڭغۇللار يەنە قايتىپ كېلىپ ، خالىغان كىشىلىرىنى باغلاپ ، ئېلىپ كېتىشلىرى مۇمكىن . ساخاۋىتىڭ ئۈچۈن ئاللا ساڭا يار بولسۇن !

— بۇ مۇنارلاردىن يىراق يۈر ، ئۇلار زىندان ! موڭغۇل خانلى- رى بوش شەھەرلەرگە زىندانلارنىمۇ سېلىشتى . ئۇ يەردە موڭغۇل جاللاتلىرى تۇرىدۇ ، ئۇلار تۆمۈر چوماقلار بىلەن مەھبۇسلارنىڭ باشلىرىنى تۇرتۇپ تۇرىدۇ . ئۇلارنىڭ بۇنى قانداق قىلىشلىرىنى مەن ساڭا ئېيتىپ بېرەي !

توغان ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي ، تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى . توغان بوش شەھەرنىڭ بۇزۇلۇپ ۋەيران بولغان يەرلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ ، سېپىلگە يېقىن كەلدى . بۇ يەردە كۆڭۈلسىز ۋە جىمجىت ئىككى كونا مۇنار چوقچىيىپ تۇراتتى . سولانغانلارنىڭ قېرىن- داش - ئۇرۇقلىرى تام تۈۋىدە مەيۈسلۈك بىلەن ئولتۇرۇشاتتى .

— قەيەرگە كېلىۋاتىسەن ؟ كەت ! — دەپ ۋارقىرىدى قارا- ۋۇل .

— نازارەتچىدە ئىشىم بار ، — دېدى توغان .

— سولانغۇڭ كەلدىمۇ ؟

— بەلكىم ئاكام سولاقتا ياتىدىغاندۇر .

— سولاقتا باسقۇنچىلار ئاز ئەمەس ، لېكىن ئۇلار بۇ يەردە

ئۇزاق ياتمايدۇ . ئۇلارنى ئۇرا يېنىدىكى مەيدانغا ئاپىرىپ ، مېڭىسىد-
گە مىخ قاقىدۇ . ئاكاڭنى ئەنە شۇ ئورۇندىن ئىزدە ، ئېھتىمال
ئۆلۈكىنى تاپارسەن . ئۇنىڭ ئېتى نېمە ئىدى ؟

— ئۇ دەرۋىش ئىدى ، كىتاب يازاتتى ، ئېتى ھاجى رەھىم
باغدادى .

— ئۇزۇن چاچلىق تەنتەك دەرۋىشمۇ ؟ ئۇ تېخى تىرىك ! بىز
ئۇنى «دىۋانە» دەيمىز ، ئۇ ئۇزاق مۇددەتكە سولانغان...

— «ئۆمۈرۋايەت »لىكمۇ ؟

— ئەزمىلىك قىلىپ ساڭا ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى ئېيتىپ
قويدۇم... ئېتىڭنى باغلاپ ھويلىغا كىرگىن . زىندان بېگى سوراي-
سەن . ئۇنىڭ ئۆيى شۇ يەردە ، ئىشىكنىڭ يېنىغا كوزا ئېسىپ
قويۇلغان . شۇ كوزىغا كەم بولغاندا ئالتە دەرخەم سېلىشنى ئۇنتۇ-
ما ، شۇ چاغدىلا سۆزۈڭگە قۇلاق سالىدۇ...

توغان ئېتىنى باغلاپ ، ئىچكىرىگە كىردى . پاختىلىق قىزىل
تون ۋە كۆك كەش كىيگەن زىندان بېگى پېشايۋاندا تۇرغانىكەن .
يېرىم يالىڭاچ ، ئورۇقىنا ئاشپەز ئايىغىدىكى تۆمۈر كىشەننى
شاراقلىتىپ ، كاۋاپقا گۆش تەييارلىماقتا ئىدى . ئۇ قومۇش تاياق
بىلەن ئاشپەزنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ :

— مۇرچىتىن يەنە سال ! ئېرىنمە ! مانا شۇنداق ! ئانارنىڭ
سۈيىدىن قوي !— دېدى .

توغاننىڭ ئىشىك يېنىغا ئېسىپ قويۇلغان كوزىچاقتا كۆزى
چۈشتى ۋە ئۇنىڭغا ئون دەرخەم چاقا پۇل سالدى ، زىندان بېگى
توغانغا دومسىيىپ قارىدى .

— مەن سۇبەتەي باتۇرنىڭ قىسمىدا خىزمەت قىلغان مۇسۇل-
مان ئەسكەرمەن . ئۇنىڭ رۇخسىتى بىلەن بىر تۇغقان قېرىندىشىم-
نى ئىزدەپ يۈرۈپتىمەن ، مانا مېنىڭ تەمتىكىم !— توغان يىپقا
ئۆتكۈزۈلگەن ، خەت يېزىلغان ۋە قۇش رەسىمى سىزىلغان تەمتەكنى
يېنىدىن چىقىرىپ بەردى .

زىندان بېگى تەمتەكنى ئايلاندۇرۇپ كۆردى ـ دە ، توغانغا

قايتۇرۇپ بەردى.

— خوش، بۇ ئىپلاسلار ئۆيىگە قەدەم بېسىشقا سىنى نېمە مەجبۇر قىلدى؟

— مەن قېرىنىدىشىم، دەرۋىش ھاجى رەھىم ئەل باغدادىنى ئىزدەپ يۈرمەن. بۇ يەردە شۇ كىشى يوقمۇ؟

— ئۇنىڭغا ئاللانىڭ لەنىتى ياغسۇن، سېنىڭ بىلەن بىزنى ئۇنىڭغا تونۇش بولۇشتىن خۇدانىڭ ئۆزى ساقلىسۇن!

— ئۇ نېمە سەۋەبتىن سولانغان؟ مەن ئۇنى راستچىل، تەقۋادار ئادەم دەپ بىلەتتىم.

— تەقۋادار ئىمىش! ئۇ مۇقەددەس كىتابلارنى كۆزگە ئىلمىدىنى، باشباشتاقلىقى ۋە سۆزىدە ئاللا تائالانىڭ نامىنى ھېچقاچان زىكىر قىلمىغىنى ئۈچۈن، شەيخۇلئىسلام ۋە مۆتىۋەر ئىماملارنىڭ تەلىپى بىلەن سولانغان. ئۇنىڭ ئۆمرى ئاخىرىغا يېقىنلىشىپ، ھالاكەت ۋاقتى كەلدى! جەھەننەم ئۇنىڭ ماكانى بولىدۇ، دوزاخ ئوتىدا كۆيىدۇ!

توغان ئويلاپ تۇرۇپ دېدى:

— ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېغىر گۇناھ ئارتىلغان، لېكىن ھەر ھالدا ئۇنىڭ تەقدىرىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ماڭا ئىجازەت بېرەرسەن؟

— بىكارغا ئاۋارە بولما! ئۇ ئېلىمىزنىڭ قۇدرەتلىك ھۆكۈمدارى چاغاتاي خاننىڭ ئۇلۇغ ۋەزىرى مەھمۇد يالۋاچنىڭ ئەمرى بىلەن ھاياتىنى ئامان ساقلاپ قالدى. ئەگەر بۇ دەرۋىش يەتتە ئىقلىمنى تىترەتكەن چىڭگىزخاننىڭ ھاياتى ۋە سەپەرلىرى ھەققىدە بىر ئەسەر يازمىسا، ئۇ تۈرمىدە چىرىپ كېتىدۇ.

— ھاجى رەھىم ئۆز ئەسىرىنى يېزىپ تۈگەتسە، ئاندىن بوشىتامدۇ؟

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن ـ ھە؟ ناۋادا ئۇ ئۆز گۇناھلىرىغا تەۋۋا قىلغان تەقدىردىمۇ، چوڭ مەيداندا خەلق توپى ئالدىدا ئۇنىڭ تىل ۋە قوللىرىنى كېسىش ئۈچۈنلا زىنداندىن ئېلىپ چىقىدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن، «دىۋانە» ئىككى يىلدىن بېرى كىتاب يازماق-

تا، ئۆزىنىڭ ھالاكەت ۋاقتىنى ئۇزۇنغا سوزۇش ئۈچۈن، يەنە ئوتتۇز يىل يازىدۇ.

توغان سۆز باشلىدى:

— ھاجى رەھىم مېنىڭ خەيرخاھىم بولغىنى، مېنى ئەرەبچە ئوقۇش ۋە يېزىشقا ئۆگەتكىنى، ئاچلىقتىن ئۆلەر ھالەتكە يەتكىنىمدە، تاماقلاندۇرغىنى ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ بىردىنبىر يالغۇز ئالتۇن دىنارىمنى قۇربان قىلىشقا تەييارمەن، — توغان تىللانى كۆرسەتتى، — سەن ئۇلۇغ ئەرباب، ھالاكەتكە مەھكۇم بولغان كىشىگە مەرھەمەت كۆرسىتىپ، ھاجى رەھىمنى كۆرۈش ئۈچۈن، ماڭا رۇخسەت قىلغىن.

— ماڭا ئالتۇن دىنارنى بېرىپ، نېرىقى ئىشىكتىن ئىچكىرىگە كىرگىن. ئۇ يەردە سەن ئۆزۈڭنىڭ ئەقلىدىن ئازغان «دىۋانەڭ» بىلەن قانچە خالىساڭ، شۇنچە دەردلىشەلەيسەن.

توغان ئالتۇن تەڭگىنى ئۇنىڭ خېنىلىك ئالىقىنىغا سالدى ۋە تاش دەرۋازىدىن ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

## ئۈچىنچى باب

# تۆمۈر قەپەس

تار ھويلىنىڭ تۆرىدىكى تامدا تۆمۈر پەنجىرىلىك تۆت بۇرجەكلىك كاتەك قارىيىپ كۆرۈندى. ئۇنىڭدا لاتا ـ پىتىلەر ئارىسىدا قاپقارا بىر نىمە مىدىرلايتتى.

قەپەس يېنىدا، ئادەتتە تېجىمەللىك قىلىپ يۇرىدىغان لۆلا خوتۇنلار يېپىنىدىغان يوغان قارا رومالغا پۈركەلگەن ئىنچىكە گەۋدە تامغا يۆلىنىپ تۇراتتى.

توغان ئاستا ئۇنىڭغا يېقىن باردى، خوتۇن قايرىلىپ قارىدى. تونۇش قىياپەت ئۇنى ھەيران قالدۇردى: ئەنە شۇ بۇغداي ئۆڭلۈك ئالتۇن يۈز، ئەنە شۇ ئۆتكۈر قوي كۆزلەر... پەقەت ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىكى پەرۋاسىزلىقىلا يوقالغانىدى. خوتۇن بىردەم قاتتىق تىكىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈزىنى چەتكە بۇرىدى، شۈبھەسىزكى، بۇ بەنت زەنكىجەنىڭ ئۆزى ئىدى!

توغان قەپەسكە يېقىنراق كېلىپ قارىدى. سولانغان كىشى ئۇنىڭ ئىچىدە مۈكچىيىپ ئارانلا ئولتۇرۇشى مۇمكىن ئىدى. قاراڭغۇلۇقتا چۇۋۇلۇپ پاخپايغان قارا چاچ ۋە تىكىلىپ تۇرغان ئىككى كۆز كۆرۈندى. ھاجى رەھىم ناھايىتى ياداپ كەتكەن رەڭگى قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتكەنلىكىگە قارىماستىن توغان ئۇنى تونۇدى. دەرۋىش كېلىپ قەپەسنىڭ تۆمۈر پەنجىرىگە ئۆزىنى قويدى.

— ئۇكام، ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ كەلدىڭ، — دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋاز بىلەن، — توغان ماڭا يېقىنراق كەلگىن، ئاخىرقى ئارزۇيۇمنى ئاڭلا، ياۋۇز ئىماملار مېنى قەپەستە چىرىتمەكچى ياكى

خەلقنى قورقۇتۇش ئۈچۈن قولاقلىرىمنى كەسمەكچى، تېنىمنى تىلىپ پارچە-پارچە قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. لېكىن، ئۇلار توغرا پىكرىنى يوق قىلالاتىدۇ ۋە مېنىڭ يالقۇنلۇق نەپرىتىمنى بوغالاتتىمۇ؟ مەن ھازىر ئۇلار خالىغان نەرسىنى يېزىپ تۈگەتتىم، بىراق ئۇلار ئوقۇسا، يازغانلىرىمنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ گۈلخانىغا تاشلايدۇ. چۈنكى، مەن ئۇلارغا ئوخشاش قىزىل ساقاللىق چىڭگىزنى ئاسمانلارغا كۆتۈرۈپ ماختىمىدىم، خارەزمدىكى تاتار ئىستېلاچىلىرىغا، قىز-جۇۋانلار ۋە ياش بالىلارنىڭ قاتىللىرىغا ئاتاپ شېرىن مەدھىيىلەر توقۇمىدىم، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ھەقىقەتلەرنى يېزىشقا جۈرئەت قىلدىم. مەن قولۇمدىن كەلگەن ھەممە ئىشنى قىلدىم، ئەمدى ئاخىرقى ئايرىلىش كۈنۈم كەلدى، مېنى سالار دەرياسى بويىدىكى قېرى چىنارنىڭ تۈۋىگە كۆمۈڭلار. مېنىڭ ئۇستازىم ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ناھايىتى ئۇلۇغ دانىشمەن ئىدى، ئۇ پاراسەتسىز جاھىل ئىماملارنىڭ زۇلمى ئاستىدا زىنداندا، چىرىگەن پاخال ئۈستىدە جان بەردى. ئۇ پۈتۈن دۇنيانىڭ سىرىنى بىلەتتى، لېكىن يالغۇزلا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش يولىنى بىلمەيتتى!

توغان ئاستا سۆز باشلىدى:

— يادىڭدىمۇ، بىز ئىككىمىز ئارغامچا بىلەن باغلانغان ۋە بېشىمىز ئۈستىدە دەھشەتلىك «قارا ئاتلىق» قارا خەنجەرنىڭ قىلىچى ئوينىغان ۋاقتىدا، ماڭا نېمىلەرنى ئۆگەتكەنىدىڭ؟ ئۇ ۋاقىتتا: «قايغۇرۇشقا ئالدىرىما، تۈن ئۇزۇن ۋە تېخى تۈگىگىنى يوق!» دېگەن سەن ئەمەسمىدىڭ؟ ئەمدى مەن ئۇ سۆزلەرنى ساڭا قارىتىپ ئېيتىمەن: «قايغۇرما، ھەتتا تۈن تېخى باشلانغىنى يوق.»

ھاجى رەھىم خۇددى يېڭىۋاشتىن قۇۋۋەت كىرگەندەك، دەررۇ ئورنىدىن تۇردى. توغان ئاستا پىچىرلاپ داۋام قىلدى:

— جېنىم ئاكا، سۆزۈمنى تىڭشا ۋە ئېيتقىنىمنى قىل. مەن ساڭا ئۈچ قارا يومىلاق بېرىمەن، سەن شۇنى يۇتىسەن. يۇتقىنىڭدىن كېيىن، ئۆلۈكتەك قېتىپ قالىسەن، ھېچقانداق ئاغرىق ۋە ئەلەمنى سەزمەيسەن، چۈش كۆرىسەن. چۈشۈڭدە تاغ ئېشىپ،

شارقىراپ ئاققان سالقىن سۇلار ۋە خۇش پۇراق گۈللەر ۋادىسىغا ئۇچۇپ بارسەن... ئۇ ۋادىدا ، قاردەك ئاپئاق يىلقىلار ئوتلاپ يۈرۈشىدۇ ، ئالتۇن قۇشلار چىرايلىق ئاۋازلىرى بىلەن سايرىشىدۇ . سەن ئۇ يەردە ، ئون ئالتە يېشىڭدا ئۆزۈڭ ئاشىق بولغان قىزنى يەنە ئۇچرىتىسەن...

— كېيىن ئويغىنىپ ، ئۆزۈمنى يەنە شۇ تۆمۈر قەپەستە كۆرۈمەنمۇ ؟ ئۇنداق چۈش ماڭا كېرەك ئەمەس !

— توختا ، سۆزۈمنىڭ داۋامىنى تىڭشا ! سەن ۋادىنىڭ تاتلىق خىيالى بىلەن ياشاپ ، ئۇ يەردە ھەممە تەشۋىشلەرنى ئۇنتۇپ ، لەززەتلىنىۋاتقان ۋاقتىڭدا ، مەن زىندان بېگىگە سېنىڭ ئۆلگىنىڭنى — جەسىتىڭنى دەپنە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرىمەن . شۇنىڭدىن كېيىن قاراۋۇللار قەپەسنى ئاچىدۇ ، سېنى سۆرەپ ئاپىرىپ ئۆلۈكلەر گودىكىغا تاشلايدۇ . بۇ ساڭا قانچە ئازاب بولسىمۇ ، تاقەت قىلغىن ، ۋارقىرىما ۋە يىغلىما ! بولمىسا سېنىڭ بېشىڭغا تۆمۈر چوماق بىلەن ئۇرۇپ مىجىقىڭنى چىقىرىدۇ . سەن گوداڭدا ئۆلۈكلەر ئارىسىدا ياتقان چېغىڭدا ، يېرىم كېچىدە ئايىغىڭنى غاجىلاش ئۈچۈن چېلبۆرىلەر كېلىدىغان پەيتتە ، مەن ئۈچ ئەسكەر بىلەن ھازىر بولىمەن . بىز سېنى چاپانغا ئوراپ چاپسانلىق بىلەن شەھەردىن چەتكە — خالىي جايغا ئېلىپ بارىمىز . بۇ يەردە ساڭا جان كىرىدۇ ، مەن سېنى ئاتقا مىندۈرۈپ ، كۈنپېيىشقا ياكى كۈنچىقىشقا ئەۋەتىمەن . ئۇ يەردە سەن يېڭى ھايات باشلايسەن .

— ھە ، توغرا ئېيتتىڭ ، تېخى تۇن توگىمىدى ! مەن بوز ئاتلار ماكانىغا بېرىشقا تەييارمەن ! شىپالىق يۇمىلاقلىرىڭنى چاپسان بەرگىن !— دەپ ھاجى رەھىم بۈركۈتنىڭ چاڭگىلىدەك قاتتىق ۋە قارا قولىنى سوزدى .

توغان گۈللۈك خالتا ئىچىدىن ئۈچ قارا يۇمىلاق ئالدى - دە ، ھاجى رەھىمگە ئۇزاتتى ، ئۇ ئىككىلىنىپ ئولتۇرماستىنلا بۇ يۇمىلاقلارنى يۇتۇۋەتتى ، ئۇ ئاللىنېمىلەرنى دەپ پىچىرلاشقا باشلىدى . ئاۋازى بارغانسېرى پەسەيدى ۋە نېمە دېگىنىنى چۈشىنەلمەي قال-

دى. ئاخىر چايقىلىپ بىرىپ يىنىچە يىقىلدى.
قەپەس يىنىغا نەيزە تۇتقان قاراۋۇل كەلدى.
— مىنىڭ باشلىقىم تەقىپ قىلىنغان جىنايەتچى يىنىدا بۇنىڭ-
دىن ئارتۇق تۇرماسلىقىڭىنى بۇيرۇدى!
— سولانغان شەخس ئەمدى سىنىڭ قەھرى قاتتىق باشلىقىڭ-
نىڭ مەرھەمىتىگە موھتاج ئەمەس، ۋاپات بولدى!
قاراۋۇل بۇنىڭغا ئىشەنمەستىن، نەيزىسىنى قەپەسنىڭ ئىچىگە
تىقىپ، يەردە سوزۇلۇپ ياتقان دەرۋىشكە سانجىپ كۆردى.
— ۋارقىرىمايۋاتىدۇ! مىدىرلىمايۋاتىدۇ! راستىنلا ئۆلگەن
ئوخشايدۇ! ئەمدى تەنتەك «دىۋانە»نىڭ جەسىتىنى گوداڭغا تاشلاي-
دۇ. ئەگەر سەن ئۇنى دەپنە قىلىشنى خالىساڭ، چاپسانراق ھەرى-
كەت قىل. بۇگۈن كىچىسىلا ئىلىپ كەت، ئەتىگىچە ئىتلار ۋە
چىلبۆرىلەر مەرھۇمنىڭ جەسىتىنى شۇنچىلىك غاجاپ تاشلايدۇكى،
سۆڭەكلىرىنىمۇ يىغىپ ئالالمايسەن!
— ھىممىتىڭ ئۇچۇن رەھمەت! ھەممىمىزمۇ بىر كۇن
ئۆلىمىز!

# تۆتىنچى باب

## كىتابنىڭ ئاخىرقى بېتى

*تىرىشقاق ۋە چىدامىلىق ئادەم باشلىغان ئىشنىڭ ئوبدان ئاقىۋىتىنى كۆرىدۇ .*

(ھاجى رەھىم)

توغان بىلەن بەنت زەنكىجە ۋەيران بولغان شەھەرنىڭ جىمجىت كوچىلىرىدا قاتار مېڭىپ كېتىپ باراتتى . توغان ئاتنى يېتىلىۋالغانىدى ، تاشلاندۇق بىنالارنىڭ تورۇس ۋە تاملىرىدا ئاتنىڭ تاقىلىق تۇيىقىدىن چىققان تاقۇر - تۇقۇرنىڭ ئەكس ساداسى جاراڭلىدى . ئىككىسىنىڭ خىياللىرىنى ئاۋات ئۆزگەنچتە ، سۇ تاشقىنى ۋاقتىدا ھالاك بولغان قېرى مىرزا يۇسۇپنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزگەن ياشلىق يىللىرى ئورىۋالدى .

— شۇ ئۇزاق سەرگەردانلىق يىللىرىمدا ، مەن دائىم سېنى ئويلاپ يۈردۇم ، بەنت زەنكىجە !

— مانا يەنە سېنىڭ بالىلىق چاغلىرىڭدىكى دوستۇڭ ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ ، مەنمۇ چاقماقلارنى كۆردۈم ، بىزنىڭ يۇرتىمىزنى تىترەتكەن گۈلدۈرمامىنىڭ سادالىرىنى مەنمۇ ئاڭلىدىم . لېكىن ، قاتتىق بوران چىقىپ قۇدرەتلىك دۇب ۋە چىنار دەرەخلىرى ئۆرۈلۈپ كەتكەن يەرلەردە ، بەزىدە كىچىككىنە چاشقان ساق قالغاندەك ، مانا مەنمۇ ساقلىنىپ قالدىم !

— بۇ مۇدھىش يىللاردا بېشىڭدىن نېمىلەرنى كەچۈرگىنىڭنى ماڭا ئېيتىپ بەرگىن !

— بېشىمدىن كەچۈرگەنلىرىمنى مەن ئېيتاي ، سەن تىڭشا .

موڭغۇللار بۇخارادا مېنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ زالىم پادىشاھ-
لىرىغا خارەزمىنىڭ ھالاكىتى توغرىسىدا مەيۈس قوشاق ئېيتىپ
بېرىشكە مەجبۇر قىلغانلىرىدا، شاھ مېنى ماختىدى ۋە سەپەردە
بىللە يۈرىدىغان قوشاقچى خىتاي خوتۇنلىرى قاتارىغا قوشۇپ قو-
يۇشقا بۇيرۇدى. مەن ئادەملەرنى قىرغۇچى بۇ قانخور يۈرگەن
جايلارنىڭ ھەممىسىدە قوشاقچىلار بىلەن بىللە بولدۇم. بىر كۈن
چىڭگىزخان كۆز ئاغرىقىغا يولۇققىنىدىن شىكايەت قىلىشقا باشلى-
دى، ئۇنىڭ كۆزىگە ئاي ئىككى، دالىدا يۈرگەن بىر جەرەن ئۈچ
بولۇپ كۆرۈنىدىكەن. ئۇ ماڭا جىن تەگدى، دەپ ئويلاپتۇ. موڭ-
غۇل شامانلىرى ئەپسۇن ئوقۇدى، لېكىن چىڭگىزخانغا پايدىسى
بولمىدى. تېۋىپلار ئۇنىڭغا قول تەگكۈزۈش ۋە مۇدھىش كۆزلىرىگە
قاراشقا پېتىنالمىدى. بىر كۈنى چىڭگىزخان ھۇزۇرىغا كەلگەن
زىن زىبان ناملىق قېرى ئەرەب «قەدداھى»[1] «دۇنيانى تىترەتكۈ-
چى» شەخسنى داۋالاشقا جۈرئەت قىلدى، ئۇ چىڭگىزخانغا ھەقىقە-
تەنمۇ تېز ياردەم بەردى. قەھرى قاتتىق پادىشاھ ئۇنىڭدىن رازى
بولدى ۋە «خالىغىنىڭنى سورا» دېدى. قېرى تېۋىپ مال - دۇنيا
سورىماي، بارمىقى بىلەن خوتۇنلار توپىدىكى بىر ناخشىچىنى ئىشا-
رەت قىلىپ كۆرسەتتى، بۇ ناخشىچى مەن ئىدىم! چىڭگىزخان
تېۋىپكە بېرىشكە ئەمر قىلدى، قېرى مېنى ئېنىرېدۇنغا[2] سولاپ
قويدى. بۇ يەردە مەن ياش ئۆسمۈر يىگىتنىڭ قارا بۇدۇر چاچلىرى
ۋە يۈزىدىكى مېڭى توغرىسىدا ناخشا ئېيتتىم، تېۋىپ ناخشامنى
ئاڭلاپ قېلىپ، مېنى دەررە بىلەن دۇمبالىدى. مەن دەھشەتلىك
ئۇرۇش توغرىسىدا كۈيلىدىم، قېرى مېنى يەنە ئۇردى. شۇنىڭدىن
كېيىن، مەن ئۇنىڭ قولىدىن قاچتىم. مېنى بىز نەپرەتلىنىدىغان
ئاتەشپەرەست قەبىلىلەردىن بىر لۈلا خوتۇن چېدىرىغا يوشۇرۇپ
قويدى، مەن شۇلارغا ئوخشاش قارا يېپىنچا ئارتىپ يۈردۈم، ھېچ-
كىم مېنى قېرىغا تۇتۇپ بەرمىدى. لېكىن، قېرى قەدداھ زىن

① قەدداھ — ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «كۆز دوختۇرى، ئوكۇلىست» دېمەكتۇر.
② ئېندېرۇن — ئۆينىڭ خوتۇنلار تۇرىدىغان تەرىپى.

زىبان بېرىپ مېنى تۇغرامدا مۇدھىش چىڭگىزخانغا شىكايەت قىلدى ۋە چېرىكلىرىنىڭ مېنى تېپىپ بېرىشلىرىنى يالۋۇرۇپ سورىدى . موڭغۇل ھۆكۈمدارى «مېنىڭ تارتۇقۇمنى سەن قانداق قولدىن چىقاردىڭ !» دەپ شۇنداق غەزەپلەندىكى ، ئەتراپىدا ئولتۇرغان ئادەملەر يەرگە يىقىلىشىپ ، قوللىرى بىلەن يۈزلىرىنى يېپىۋالدى . چىڭگىزخان : «نېمىشقا سەن ئۆز خوتۇنۇڭنى ئۆزۈڭگە بويسۇندۇرالمىدىڭ ؟ خوتۇنىغا سۆزىنى ئۆتكۈزەلمىگەن ئەركەك مېنىڭ تەۋەيىمدە ياشىيالمايدۇ ! ئۇنى ئاچىقىڭلار !» دېدى . بىچارە قېرى تېۋىپنى جاللاتلار مەھكەم تۇتتى ، شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ئەقىللىق ، چاچلىرى ئاقارغان بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىشتى ، «قانداق دەھشەتلىك خاتىمە»[1] . شۇنىڭدىن بېرى ، مەن لولىلار ئارىسىدا ياشىدىم ، ھاجى رەھىمنىڭ قەپەسكە چۈشكىنىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا نان ، ياڭاق ۋە ئۈزۈم ئەكېلىپ تۇردۇم ، ئۇنىڭ كىتاب يېزىشىغا ياردەم بەردىم .

— ئۆزۈڭ قوغلاندى بولۇپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭغا ياردەم بەردىڭمۇ ؟

— ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم زىندانغا بېرىپ ئۇنىڭغا تاماق كىرگۈزۈپ تۇردۇم . ئۇنىڭدىن تاشقىرى ، ھاجى رەھىمگە نان بەلەن بىللە بىرنەچچە ۋاراق ئاق قەغەز بېرىپ تۇراتتىم ، ئۇ بولسا شۇ ئۈچ كۈندە يازغان خاتىرىسىنى ماڭا ئوغرىلىقچە چىقىرىپ تۇردى . بۇلارنى چېدىرىمدا ئاققا كۆچۈرۈپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ھاجى رەھىمگە قايتۇرىمەن . ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكۈزۈپ ، يەنە موڭغۇللارنىڭ خارەزىمگە قىلغان باسقۇنچىلىقى توغرىسىدىكى قىسسىنىڭ يېڭى سەھىپىلىرىنى ئېلىپ تۇردۇم . شۇنداق قىلىپ ، ھاجى رەھىمنىڭ قەپەستە يازغان كىتابىنىڭ مېنىڭ قولۇمدا كۆچۈرۈلگەن ئىككىنچى نۇسخىسى توپلىنىۋەردى . مېنى يېزىشقا ئۆگەتكەن مىرزا يۈسۈپكە خۇدا رەھمەت قىلسۇن !

— سەن ئۇلۇغ ئىش قىلىپسەن ، — دېدى توغان ، — ناۋادا جاھىل ئىماملار ھاجى رەھىم يازغان كىتابنى كۆيدۈرۈۋەتسە ،

---

① ئادەتتە ئەرەب چۆچەكلىرىدە ئۇچرايدىغان ، قۇرئاندىن ئېلىنغان ئىبارە .

بىزدە ئۇنىڭ ئىككىنچى نۇسخىسى ساقلىنىپ قالدۇ ! نەۋرە - چەۋرىلىرىمىز چىڭگىزخاننىڭ ياۋۇزلۇقلىرى توغرىسىدىكى ھاجى رەھىم قىسسىسىنى ئوقۇيدۇ .

ئۇلار چاپسان ئاقىدىغان ، سۈيى لاتقا دەريانىڭ بويىغا كېلىشـ- تى ، بۇ يەردە لولىلارنىڭ قورۇم باسقان چېدىرلىرى تۇراتتى .

بەنت زەنجىكە قېرى چىنار تېگىدىكى بىر پارچە گىلەمگە بىر توپ قەغەز قويىدى ، سەمەرقەند ۋەيرانىلىرى ئۈستىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئاي قوغلاندى جاھانكەچتە دەرۋىشنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىنغان سېرىق بەتلەرنى يورۇتتى .

بەنت زەنجىكە گىلەمگە زوڭزايدى ۋە قەغەزلەرنى ۋاراقلاۋېتىپ دېدى :

— قاتتىق سوغۇقلاردا قەپەسكە سولاپ قويۇلغان ھاجى رەھىم ناھايىتىمۇ زەئىپلەشتى ، لېكىن ئوتلۇق پىكىرلىرى خۇددى يۈزىنى قىزدۇرۇپ تۇرغاندەك ، قىلچىلىكمۇ ئۆمىدسىزلەنمىدى .

ئۇ ئارانلا يازىدىغان بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى . بۇ قۇرلار- نىڭ تىترەپ يېزىلغىنىنى ، ھەرپلەرنىڭ قىڭغىر - قىيسىقلىقىنى كۆرۈۋاتسەڭمۇ ! ھاجى رەھىم ئاخىرقى بەتتە نېمىلەرنى يازغىنىنى ئاڭلا .

بەنت زەنجىكە ئەرەبچە بىر - بىرىگە مىنگەشتۈرۈپ يېزىلغان بەتنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى :

«... ھالسىزلانغان قەلىمىم رەھىمسىز موڭغۇللارنىڭ گۈل- لەنگەن ۋەتىنىمىزگە قىلغان ھۇجۇمى توغرىسىدىكى قىسسىنىڭ ئاخىرقى قۇرلىرىنى يېزىپ تۈگەتتى... بۇ كىتابنىڭ ئېچىنىشلىق مۇئەللىپى تىنچ قەبىلىلەرنى ۋەھشىيانە يوسۇندا خاراب قىلغان يىرتقۇچ چىڭگىزخانغا قارشى پىداكارانە كۆرەشكە جۈرئەت قىلمى- غان خارەزمنىڭ قورقۇنچاق ئادەملىرى توغرىسىدا يەنە كۆپ سۆز- لەر ئېيتىشنى خالايتتى...

... ئەگەر ھەممە خارەزملىكلەر غەزەپ قىلىچىنى قەتئىي يو- سۇندا ، بىر دىللىق بىلەن كۆتۈرگەن ، ئۆزلىرىنى ئايىماي ، ۋەتەن

دۈشمەنلىرى ئۈستىگە شىددەت بىلەن تاشلانغان بولسا، تەكەببۇر موڭغۇللار ۋە ئۇلارنىڭ قىزىل ساقاللىق پادىشاھى خارەزمدە يېرىم يىلمۇ تۇرالماي، ئۆزىنىڭ ئۇزاق چۆل - باياۋانلىرىغا پۇتۇنلەي قېچىپ كەتكەن بولاتتى...

— موڭغۇللار ئۆزلىرىنىڭ ئەگمە قىلىچلىرىنىڭ كۈچىدىن كۆرە، تولاراق خارەزملىكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىشمەسلىك، بوشاڭلىق ۋە قورقۇنچاقلىق بولغانلىقى سەۋەبىدىن غەلىبە قىلىشتى... جەسۇر جالالىددىن غەيرەتلىك بىر توپ يىگىتلەر بىلەن موڭغۇل باسقۇنچىلىرىنى تارمار قىلدى...

... لېكىن مۇزلاپ كېتىپ بارغان قوللىرىمدىن قەلەم چۈشۈپ كېتىپ باردۇ... جاھانكەچتە دەرۋىشنىڭ قوۋۋىتى كەتمەكتە. ئىنتىقام سائەتلىرى يېقىنلىشىپ، كۆنلەر چاپسان ئۆتۈۋاتماقتا. مەن شائىرنىڭ[1] شېئىرىدىن بىرنەچچە قۇرنى كەلتۈرەلەيمەن، خالاس:

گويا باھاردىكى يامغۇر
ۋە كۈزدىكى شاماللاردەك،
ياشلىقىم يوق — بولدى راۋان!
بۇ ھاياتتا مەن قالدىم،
لېكىن ئالدىرىتىدۇ.
تۆگىلەرگە ئارتىپتۇ يۈك،
يولغا چۈشمەكچى كارۋان.

ماڭا تونۇش بولمىغان كىتاب ئوقۇغۇچۇم بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، شۇنىلا ئېيتىمەن: «شۇ تەكەببۇر ئىماملار ۋە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ غادايغان ئۆلىمالار مېنى ئىمانسىزلىقتا ئەيىبلىشىدۇ! ئۇلار پەمسىز، يىراقنى كۆرمەيدىغان كىشىلەر! مېنىڭدەك ئىمانسىزلىق ئاسان ۋە قۇرۇق ئىش ئەمەس.»[2] مېنىڭ ئىمانىمدىن كۈچلۈك ۋە

---

① خوسرىۋانى (X ئەسىر)
② ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا (IX ئەسىر).

ئۇتلۇق ئىمان يوق ، بۇ ئىمان كىشەنلەنگەن مۇتەپەككۇرنىڭ زېھنى پەس جاللات ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشىغا ، مەزلۇم ئەمگەكچىنىڭ يىرتقۇچ زالىم ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشىغا ، بىلىمنىڭ ساختىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشىغا ئىشىنىشتىن ئىبارەتتۇر ! مەن بىلە-مەنكى ، ياخشى كۈنلەر مۇقەررەر كېلىدۇ . بۇ ۋاقىتتا ھەقىقەتەن ئادەمگە غەمخورلۇق قىلىش ۋە ئازادلىق بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنى ئۇمۇ-مىي سائادەتكە ۋە يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقىدۇ ! بۇ كۈنلەر كېلىدۇ ، ئەلۋەتتە كېلىدۇ !»

بەنت زەنگىجە ئۈچ تال كۈمۈش ئۈزۈك سېلىنغان قارامتۇل نازۇك بارماقلىرىنى لېۋىگە قويۇپ ، قايرىلما قاشلىرىنى تۈرگەن ھالدا ئويغا كەتتى . ئۇنىڭدىن كېيىن قەغەزلەرنى ئاۋايلاپ قاتلىدى - دە ، ئالا - بۇلا رەڭ لاتىغا يۆگەپ قويدى . ئۇ چاقناپ تۇرغان قارا كۆزلىرىنى توغانىغا تىكىپ پىچىرلىدى :

— مەن ھازىر لولىلار قەبىلىسىدىن ئۈچ جەسۇر يىگىتنى چاقىرىپ كېلىمەن ، سىلەر ھاجى رەھىمنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆلۈكلەر گودىڭغا بارىسىلەر . تۈن ئۇزۇن ، تاڭ ئېتىشقا خېلى بار ! بىز ئۇنى قۇتۇلدۇرىمىز !

بۇ كىتاب سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تاشكەنت «شەرق ھەقىقىتى» نەشرى-
ياتىنىڭ 1958 - يىلىدىكى ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئاساسەن نەشر قىلىندى.

本书根据前苏联塔什干《东方真理》出版社一九五八年维文版本改写出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەركىن شېرىپ
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مەخسۇت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى

# چىڭگىزخان

ئاپتورى: ۋ. گ. يان (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى)

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىنبەن باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 16.375 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 - يىلى 3 - ئاي 2 - نەشرى
2006 - يىلى 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—3000
ISBN 7—228—09906—0
باھاسى: (ئاددىي مۇقاۋىلىق) 30.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى

# ۋ. گ. ياننىڭ موڭغۇل ئىستېلاسىغا دائىر ئۈچ تارىخىي رومانى



- چىڭگىزخان
- باتۇخان
- «ئاخىرقى دېڭىز» غا يۈرۈش

ISBN 7-228-09906-0
9 787228 099061
ISBN 7-228-09906-0
(民文)　定价:30.00 元